

# تەۋەككۈلچىلەر

ئىمام ھەسەن توختى سۈرلۈك



www.iptihar.net

ئېلكىتاب ياسىغۇچى: uduntori

## مۇقەددىمە

ھايات رەڭدارلىققا تولغان بولىدۇ، شۇ رەڭدارلىق ئىچىدە بەزى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى قوبۇل قىلىشىڭىزمۇ تەس بولىدۇ. قوبۇل قىلالاي دىسىڭىزمۇ تەپەككۇر چىگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ چۈشى ياكى خىيالىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تىڭىرقاپ قالىسىز............سىزگە ئوخشاش مەنمۇ كۆز ئالدىمدا يۈز بىرىۋاتقان ۋەقەنىڭ ئۆزۈمنىڭ چۈشۈم ياكى ئەمەلىيەتتە يۈز بىرىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلالماي خىيالغا چۆككەن ئىدىم.

ـ : قەھرىمان، نىمىش قىلىۋاتىسەن؟ تىز بول ئالماس گۆھەرنىڭ ئىز ئورنىنى تېپىپ جايىغا سال!............سېلىمكامنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئىسىمگە كىلىپ ئەتراپقا قارىدىم. يۇمۇلاق شەكىلدە سىلىنغان بۇ كەڭ ئۆينىڭ ئالتە ئىشىكى بار بولۇپ ھەممە ئىشىكتىن دىگۈدەك ھەرخىل ئىسكىلىت ئالۋاستى، چىرىپ كەتكەن جەسەتلەر بىز تەرەپكە يەنى مىنى نۇقتا قىلغان ئاساستا يوپۇرۇلۇپ كىلىۋاتاتتى، يېنىمدىكى ئالتە ھەمرايىم بولسا بەدەنلىرى قانغا مىلەنگەن ھالدا ئالۋاستىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقاچ پۈتۈن ئۈمۈدىنى ماڭا ئاتىغان ھالدا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. مەن دەررۇ ئىسىمگە كىلىپ تاشساندۇقنى ئىچىشقا كىرىشتىم، ئالدىمدىكى بۇ چوڭ ساندۇق قېلىن تاشتىن ئويۇپ ياسالغان تاش ساندۇق بولۇپ بىر كىچىك تۆۋرۈك ياسىلىپ ئۈستىگە «T» شەكىلدە قويۇلغان ئىدى. جىنىمىزنى تىكىپ ئالۋاستىلارنىڭ ئۈۋىسىغا كىرىپ بۇيەرنى ئىزدىشىمىزگە ھەقىقەتەن ئەرزىيتتى چۈنكى ھايات قىلىشىمىز مۇشۇ ساندۇققا باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى. ساندۇقنىڭ ئىغىزىغا خەنجىرىمنى كۆچەپ سانجىپ قايرىدىم نەتىجىدە خەنجەر سۇنۇپ قالدى بىراق تاش ساندۇق ئىچىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن جىددىيچىلىكتە تاش ساندۇقنى يۆتكەشكە كىرىشتىم. شۇ تاپتا ئالۋاستىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزگە يوپۇرۇلۇپ كىلىۋاتاتتى. ھايات مامات قىل ئۈستىدىلا قالغان ئىدى، بۇرادەرلىرىممۇ بۇ تۈگىمەس ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلىپ پۈتۈنلەي ماغدۇرسىزلانغان بولۇپ ھەممە ئۈمۈدى مەندە قالغان ئىدى. ئالۋاستىلار بىلەن ئىلىشىۋاتقاچ پات ـ پات ماڭا قاراپ ۋارقىراپ قوياتتى. مەن ساندۇقنى يۆتكەي دەپ شۇنچە تىرىشقان بولسامۇقىمىرلىتالمىدىم. ساندۇقتىن بىرەر ئىچىلىدىغان يەرنىڭ بار بولۇشىنى ئىستەپ ئەتراپىغا ئالاقىزادىلىك بىلەن قاراشقا باشلىدىم. شۇندا قولۇم ساندۇقنىڭ ئاستىدىكى بىر كامارغا كىرىپ قالدى. ھايات نۇرۇم قايتىدىن چاقناپ كەتتى، چۈنكى ساندۇق ئاستىدىكى كامار دەل ساندۇقنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنىڭ ئورنى ئىدى. مەن نىجاتقا ۋارقىرىدىم

ـ : نىجات، يېنىڭدىكى ئالتۇن ئاچقۇچنى تىز بەر! ئۇ ھالسىزلانغان بەدەنلىرىنى ماڭا قارىتىپ ـ : نىم...نىمە؟ ياق ياق، مەن بۇنى ئىسكىلىت ئالۋاستىدىن تاۋكا ئويناپ ئۇتىۋالغان...ھاياتلا بولسام ئۇنى ھەرگىز بەرمەيمەن!...

ـ : ساراڭمۇ سەن، ھاياتىڭ مۇھىممۇ ياكى ئۇ ئالتۇنمۇ؟ تىز ماڭا بەر ۋاقىت قالمىدى!...نىجات قىيمىغان ھالدا يانچۇقىدىكى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ئاچقۇچنى ماڭا قارىتىپ ئاتتى.

«ئاللاھىم مۇشۇ شۇ بولىسىدى!»...ئىچىمدە شۇنداق تىلەپ ئالتۇن ئاچقۇچنى ساندۇق ئاستىدىكى كامارغا سالدىم. گۈركىرىگەن ئاۋاز بىلەن تەك ساندۇق ئىشىكى خۇددى غارنىڭ ئىغىزى ئېچىلغاندەك نەرە تارتىپ ئېچىلدى. تاش ساندۇقنىڭ ئوتتۇرى ئويۇلغان بولۇپ قولۇمدىكى ئالماس گۆھەر دەل كەلگۈدەك قىلىپ لاھىيلەنگەن ئىدى. گەرچە خەتەر ئۈستىدە بولساقمۇ بۇنداق سىرلىق لاھىيلەرنى ياساپ پۈتتۈرگەن ئۇستىلارغا قايىل بولماي تۇرالمىدىم. قولۇمدىكى ئالماس گۆھەرنى ئىز ئورنىغا سالاي دىيىشىمگە نىجاتنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەك يان تەرىپىمدىن بىر ئىسكىلىت ئالۋاستى ماڭا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھىس قىلىپ بولغان ئىدىم...ۋەھشى ئالۋاستى ئېتىلىپ كىلىپ دەل ئالدىمغا كەلگەندە ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن كەينىگە ئېگىلدىم قىززىق يىرى ئۆزۈمنىڭ بۇنداق دەرىجىدە كەينىگە ئېگىلەلەيدىغانلىقىمنى تۇنجى قېتىم ھىس قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭغىچە تىرىۋالغان قولۇمدىكى ئالماس گۆھەر ساندۇقتىكى ئىز ئورنىغا جىپسىلىنىپلا ناھايىتى كۈچلۈك بىر نۇر تاراتتى، ئۇ نۇرنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن جاھان ئاپئاق ھېچقانداق نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە نۇرلىنىپ كۆزلىرىم چاقىيىپ ئارقىدىنلا مەلۇم زەربىنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن بەدەنلىرىم قاتتىق ئاغرىپ كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئەتراپتا ھەمراھلىرىمنىڭ مىنى تووۋلاشلىرى، قۇلاق يىنىمدىلا مەلۇم بىر مەخلۇقنىڭ خىرىلداپ تۇرغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...............................

تەۋەككۇلچىلەر(1 ـ باب 1 ـ قىسىم)

ـ : قەھرىمان، ئورنۇڭدىن تۇرە ئوغلۇم!كۈن چىققىلى نەۋاق. ھورۇن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك سۆرۈلۈپ ياتماي، تۇرۇپ ماڭا ياردەملەش...مىھمانلار ھىلى كىپ قالسا يۈگۈرۈپ قالىمىز!......ئانامنىڭ توۋلىشى بىلەن خىياللىرىم ئاللا قاياقلارغا چېچىلىپ كەتتى. ـ : ھە مانا ھازىر!......ئۇنىڭغا جاۋاپ بىرىۋىتىپ قوپاي دىدىمىيۇ لىكىن بەدەنلىرىم بىرخىل ھىرىپ كەتكەندەك ماغدۇرسىز ئىدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ بۇيان ئۆرۈلۈپ سۆرەلمىلىك بىلەن قوپۇپ ئانامنىڭ قىشىغا چىقتىم ـ : ۋاي ـ ۋوي!......بى بىرە يەنىڭ زۇڭلىسى كىلەمدىكەنيا؟ ...ھەجەپ قىپ كەتتىڭغۇ مىھمانلار كىپ قالدۇ دەپ...كىملەركەن ئۇ شۇنچە يۈگۈرۈپ ئالدىراش تەييارلىق قىلىپ كەتكۈدەك؟ ئالدىغا پاياندار سىلىپ قولىمىزدا گۈل تۇتۇپ قارشى ئالامدىكەنمىز يا!...........   ئانام نارازىلىق بىلەن قىلغان سۆزۈمگە كۈلۈپ قويىدى ھەمدە بىشىمغا نوقۇپ قويۇپ ـ : سەن شەيتاننىزە!...تاپمايدىغان گىپىڭ يوق جۇمۇ!بىرەر يەرنىڭ زۇڭلىسى كەمەيدۇ ئاۋۇ يىراق يىزىدىكى سىڭلىم تاغاڭ ئۆيدىكىللىرى بىلەن مىھمان بولغىلى كىلىدىكەن. ئۇزۇن بولدى يا بىزلەر بارالمىدۇق، يا ئۇلار بىز تەرەپكە كىلىپ بولالمىدى شۇڭا قايىسى كۈنى ئالاقىلەشكەن بۈگۈن كىلىدىغانلىقىنى بۇ يەردە نەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىدىغانلىقىنى دىۋىدى شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن ئوغلۇم!تۇققانلار دىگەن بارغۇ پات ـ پات كۆرۈشۈپ دىدارلىشىپ تۇرمىسا ئارلىقى يىراقلىشىپ قالىدۇ، مىھىر مۇھاببەت سۇسلايدۇ. شۇڭلاشقا بىزدىن كىيىن

قالساڭمۇ تۇققانلار بىلەن ئىزدىشىپ ئىناق ئۆتكىن ئوغلۇم! ـ: نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن ئانا!سەن شۇنداق ياش ھەم تىمەن تۇرساڭ، نەدىكى ئۆلۈمكەن ئۇ. خۇدا خالىسا ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇپ نەۋرە چەۋرىلىرىڭنىمۇ كۆرىسەن دەيمە!........سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان ئانام بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ ـ : ھەي بالام، شۇنداق دەيدىكەنسەن ئاتاڭ رەھمەتتىمۇ ئۇنچىلىك قېرى ئەمەس ئىدى، ئەجەل بىزدىن ۋاقىتسىز ئىلىپ كەتتىغۇ ئەنە!بۇ ئۆلۈم چوڭلارغىمۇ بار كىچىككىمۇ بار شۇڭا بۇگۈننىڭ ئۆزى غەنىيمەت كۈنلەر شۇڭا قەدرىلىمىسەك بولمايدۇ ئوغلۇم!...   ئانامنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز نەمدەلدى. بۇ ئەھۋالدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىمدە دەررۇ كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ـ : ھە ھە، شۇنىڭ ئۈچۈن باغۇ تۇققانلار كىلىشتىن بۇرۇن پۈتۈن تەييارلىقلارنى تەق قىلىپ سىنى جاپادا قويماي ھەممىنى ئۆزەم قىلىمەن سەن ئاستا چىقىپ ئارام ئالىسەن ھە!ماڭە بولدى مەن قىلاي سەن چىقىپ كەت!...

ئانامنىڭ كۈلۈپ كىتىپ«مەن بولمىسام سەن قىلالمايسەن!»دىگەنلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماستىن ئانامنى ئىتتىرىپ مىھمانخانا ئۆيگە كىرگۈزىۋېتىپ ئاشخانا ئۆيگە قايتا ـ باشتىن يىنىپ كىرىپ تەييارلىق قىلىشقا باشلىدىم. ـ : ۋوي راس، نىمىش قىلار بوغىيدىم؟ ...ئانا!ئانوۋ!...ما قىلىدىغان ئىشلىرىمنى دەپ بىرە نىمىش قىلىتىم راس؟   ئانام بىر ھازا كۈلۈپ كەتكەندىن كىيىن مىنى سىرىتقا نەرسە كىرەك ستىۋېلىشقا بۇيرۇپ ئاشخانىدا يەنە قانداقتۇر تاماقلارنى ئىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ قالدى. مەن شۇ ماڭغانچە بازارغا ئاز قالغان يەرگە كەلگەندە بىر توپ كىشلەرنىڭ نىمىنىڭدۇر ئەتراپىغا يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ مەلۇم قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزۈممۇ بىلمەيلا ئۇ يەرگە باردىم. ـ: ھە مانا، ئىككىسى قىزىل بىرسى قارا!قارىسىنى تاپقانلار ئۇتىدۇ، قىزىلىنى تاپسىڭىز ئۇتتۇرىسىز. ئويان بەك ئاددىي كۆزۈڭلار چاققان بولسىلا ما ئويىاندا ئۇتتامايسىلە جۇما دەپ قويياي!ھە چاققان ئۇتۇپ يانچۇققا سالىدىغان گىرى ھارماي يانچۇقتىن ئالىدىغان ئويۇن ھە كىلىڭلا ئويناپ بىقىڭلا ھە!........

تىلەمچىنىڭ ئالدىدىن ئىلىپلا قىچىپ كەلگەندەك بوپ كەتكەن بىر قاپنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قارتنى شلاپ ئەتراپتىكىلەرنى كاسىلداپ يۇرۇپ قىزىقتۇرىۋاتقان بۇ مەدداھ بىر ئالدامچى بولۇپ ئۆتكەندە خىلى پۇلۇمنى ئالداپ ئۇتىۋالغان ئىدى. خەپ، بۇ قىتىم ئۆچۈمنى بىراقلا ئالمىسام!.............ئۇنىڭغىچە خىلى كۆپ كىشلەر ئويناپ ئوتتۇرۇپمۇ ئۇلگۇرگەن ئىدى. ـ : ھە ھە، يەنە كىم ئويناپ باقىدۇ. ھەي شۇنچىلا ئادەمدىن بىرەر كۆزى چاققانراق ئادەم يوقما؟ ئاددىيلا نەرسىغۇ بۇ ئۇچىلىسىنى ئاۋۋال كۆرسىتىپ قويدۇم ئاندىن ئالماشتۇردۇم شۇ. كۆزىڭىزنى ئۇزمەي قاراپ تۇرسىڭىزلا تاپالايسىز ئەمەسمۇ، دەپ بىرىۋاتسامۇ ئۇتتۇرۇۋەتسەڭلا ئەمدى مەن قاندا قىپ بىرىمە!... ـ : قايتا ئالماشتۇرە، مەن ئەللىك كوي تىكتىم!ھەممە كىشلەر بىردىنلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ خۇددى مارىستىن چۈشكەن تاشقى پىلانت ئادىمىنى كۆرگەندەك ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرىشاتتى. ئالدامچى دەررۇ ـ : ھە ھە، ما ئاداشقا يول بىرىڭلا، قويىڭا ھوي ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋاز!ئوينىسىڭىز پۇل چىقىرىڭ بولمىسا ما يىگىتكە يول بىرىڭ!...ۋوي

ئۇكام سىزنى بىرىيەدە كۆگەندەك قىلىمىنا؟ ـ: پۇللۇرۇم يانچۇقلىرىغا موك ـ موك كىرگەندىكىن تونۇيلىدە، ئۆتكەندە خىلى پۇلۇمنى ئۇتىۋالغان يادىللىرىدا قاماپتىدە! دىدىم سەل كايىپ. بىراق ئالدامچى چىرايىنى ھىچقانداق ئۆزگەرتمەستىن ـ: ھە ھە، يەنە سودا قىلىپ بىرەي دەپ كەپلىدە ئۇكام. كەسلە ئۇلتاسلا تۈزۈك بىر ئويناپلى!ھە مانى كۆلىما مۇشۇنى تاپىسلىرى ئەللىك كويلىرى يۈز كوي بولاپ يانچۇقلىرىغا چىرىدۇ بومىسا مەندە قەپ قاسا بولا! .........دەپلا قارتنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى. كاساپەت!پۇلغا بىر قاراپ ئۇنىڭ قولىدىكى قارتنى كۆرۈپ بولغىچە ئالماشتۇرۈپ بوپتا چىدىماس! ـ: ئاكا خاپا بولماي قايتا ئالماشتۇرامسىز مەن كۆرۈپ بولامايلا......... ـ: چىك ئاي ئۇكام، قىززىق بالىكەنلا مەن قەرتنى ئالماشتۇرىۋاتقاندا قىز چوكانلىنىڭ كاسىسغا قارىماي ما مىنىڭ قولامغا قارىسلا بومىسا پۇل ما يانجۇققا چىركىتىۋرىدۇ!......دىگەچ يانچۇقنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىنىم قىززىپ تۇرغاندا بىر پەشۋا بىلەن جاۋاپ قىلاي دىدىمىۇ يەنە ئەتراپىتىكى كىشىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ چىداپ ئولتۇردۇم. ـ: ھە ئوبدان قارىسلا جىما، بۇدا قايتا ئالماشتۇرسا دىيىشلەگە يوق!...ئۇ شۇنداق دىگەچ قارا قەرتنى كۆرسىتىپ قويدى ئاندىن قارتنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى. بىراق مىنىڭ كۆزۈممۇ بوش ئەمەستە، كۆزلۈرۈم چاقماق كەبى ئۇنىڭ قولىدىكى قارا رەڭلىك قارتنى ئىلغا قىلغان ھالدا قارت بىلەن تەڭ ئالمىشىۋاتاتتى. ئۇ قارتنى قويۇپلا ـ: ھە قاسى شۇ تاپسا!...دىدى. كۆزلۈرۈم ئۇ قارتتىن ئۈزۈلمىگەچكە كاپلا قىلىپ تۇتتۇم. شۇ ھالدا ئۇ ئالدامچى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قولنى قويدى ـ: توختىسلا، مۇشۇ شۇما؟ جەزىم قىلالاملا، ھىلى يىنىۋىلىشقا يوق جۇما ئەمىسە! ـ: ياق يىنىۋالمايمە مۇشۇنى تالىلىدىم دەل مۇشۇ شۇ!ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە ئاۋازىممۇ ئۈنلۈك ھەم جىددىي چىقىۋاتاتتى«ئەللىك كوينى ئۇتىۋالىدىغان بولدۇمدە بۇ ئالدامچىنىڭ، ئەمدى قانداق قىلارسەنكىن قىنى!»ئىچىمدە خۇشال ئىدىم. بىراق قارتنىڭ ئىچىلىشى بىلەن بىشىمدا چاقماق چىقىلىپ كەتتى چۈنكى قولۇمدا تۇرغىنى قارا ئەمەس قىزىل رەڭلىك قارت ئىدى. ـ: بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، مەن ئىنىق مۇشۇنىڭ قارا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن تۇرسام قانداق بولۇپ قىزىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ!ئەمسە قارىسى قېنى؟ ئالدامچى يىنىدىكى قارتنى ئاچقان ئىدى كارولنىڭ چىلىلىكى ماڭا قاپىقىنى تۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. مەن ئىنىق كۆرىۋالغان تۇرسام يەنە كىلىپ ئالماشتۇرۇش جەريانىدىمۇ كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان تۇرسام ئازدۇرۋىتەلەرمۇ؟ يەنە بىر قىتىم ئالدانغىنىمدىن قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. «پوق بار دەپ كەلگەندىكىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز، نىمە دەپ كەگەن بوغىيىتىم بۇ بازارغا غىت قىسىپ ئىشىمنى قىمماي!»توساتتىن ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە نىمىگە كەلگىنىم يادىمغا يىتىپ توشقان كەبى سۇرئەتتە بازارغا كىرىپ ئانام بۇيرىغان نەرسىلەرنى ئىلىپ ئۆيگە ئوقتەك چاپتىم. مەن ئۆيگە كەلگەندە بولسا مىھمانلار كىلىپ بولغان بولۇپ ئانام ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ ئولتۇراتتى ئۇ مىنى كۆرۈپلا كايىدى ـ: ۋاي ئانام!ۋاي سەن ئەمدى كەلدىڭما؟ ئۆينى تاپالاپسەن ياخشى، داۋاملىق ئىشقا بۇيرىسام ئۆزۈڭنىڭ

ئىشى تۆگىگەندە كىلىسەن. بۇ ياقىقا كەل ما سىپلىم تاغاڭلار بىلەن كۆرىشە!مەن سەل ئۇڭايسىزلانغان ھالدا كىلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتىم ھەمدە ئۆزۈمنى ئاقلاپ ـ : ۋاي شۇ بالدۇرلا كىلىتىم قارىسام ساپلا تۇرۇپ قالغان كۆكتات، گۆشلەرنى ماختاپ ساتقىلى تۇرۇپتىكەن چۆرگىلەپ يۈرۈپ يىڭىسىنى ئالىمەن دەپ شۇ..........................

سىپلىم تاغام ماڭا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن ـ : ۋوي بۇ رەھمەتلىك ئاكامنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى قەھرىمانجانكەنغۇ!نىمانداق چوڭ بوپ كەتتى بۇ، قۇرامىغا يىتىپ ھەقىقى بىر كىلىشكەن قەھرىمان بوپ كىتىپتۇ جۇمۇ!يارايسەن ئوغلۇم ھە مەكە ئوتىرە مەيەدە! دىدى.

ـ : رەھمەت، مەن ئا ئانامغا ياردەملىشەي سىلەر ئولتۇرىۋېرىڭلا!

سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئانام ـ : ھەي ئولتۇر دىگەندىكىن ئولتۇرۇپ بىردەم مۇڭدىشە ماندا!ھەي، بۇ بالا ئەركە چوڭ بولغاچ مىجەزى تۈزلا خاپا بولمىسىلا سىپلىماخۇن ئۇكام!سىپلىمكام كۈلۈپ كىتىپ ـ : ھەي ياقەي، ئوغۇل بالا دىگەن مۇشۇنداق تۈز كەسكىن بولغىنى ياخشى. تىخى چوڭ بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ئۆگۈنىدۇ...............دىگەچ بىشىمنى سىلاپ قويىدى.

مىھماندارچىلىقلار بىر قاتار تۈگەپ كەچمۇ بوپ قالدى، سىپلىمكام ئانامنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قارىماي ئايىۋانغا ئورۇن سىلىپ بىرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى ـ : ئۆيۈمدىمۇ ئايىۋاندا يۇلتۇز ساناپ ياتمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، نىمە قىلىمىز شۇنداق ساپ ھاۋا تۇرسا ئۆيگە بىكىنىۋىلىپ!.........سىپلىمكامنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىككىمىزگە ئايىۋانغا ئورۇن سىپ بىرىپ ھامىمام بىلەن ئانام، سىپلىمكامنىڭ قىزلىرى ئۆيگە ئورۇن سىلىپ كىرىپ كەتتى. سىپلىمكام موخۇركىسىنى چەككەچ دادامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى باتۇرلۇقىنى، مەرتلىكىنى شۇڭا مىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش چوڭ بولسۇن دەپ ئىسمىمنى قەھرىمان قويىغانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭدىن كىيىن ئۆزىنىڭ بىشىدىن ئۆتكەن خەتەرلىك سەزگۈزەشتىللىرىنى سۆزلەپ بەردى. نىمىشقىكىن سىپلىمكام سۆزلىگەنسىرى قىزىقىپ ئاڭلاۋاتاتتىم چۈنكى ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئاڭلايدىغان جىنىنىڭ گىپىنى قىلىپ بىرىۋاتاتتى. ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ـ : بولدى كەچ بوپتۇ ماشايىقلارنىڭ قۇلىقى قىززىپ كىچىچە يىنىمىزدا مەشرەپ قىلمىسۇن ئۇخلايلى!...دىدىدە يانغا ئۆرۈلۈپ كۆزىنى يۇمدى. مەن بىر جاۋاپقا ئىرىشىش ئۈچۈن سىپلىمكامنى چاقىردىم ـ : سىپلىمكا، دۇنيادا راسلا جىن ـ ئالۋاستىلار مەۋجۇتمۇ؟

سىلىمكام گاراڭ ئاۋازدا ـ : ھىم، ياق دىسەك شىرىك بولىمىز، شۇڭا مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىشىمىز كىرەك!قالدىسىنى ياراتقۇچى ئۆزى بىلىدۇ، كۆرگەنلەرنىڭ كۆڭلىگە ئايان. بولدى ئارتۇق ئويلىماي ئۇيقۇڭنى ئۇخلا!

ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا شۇنچە زورلىساممۇ ھىچ ئۇيقۇ كىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزۇش بىمەنىلىكتە!شۇڭا كۆزۈمنى مەجبۇر يۇمۇپ ئۇخلاشقا تىرىشتىم، ياخشى چۈشلەرنى كۆرۈشنى تىلەپ كۆزۈمنى يۇمدۇم........

تاڭمۇ ئاتتى، يېڭى ھايات يېڭى كۈن، ساپ ھاۋا ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. مەن ئويغانغاندا بولسا باشقىلار تۇرۇپ بولغان بولۇپ ئانام ئەتتىگەنلىك ناشتىلىقنىمۇ تەييار قىلىپ بولغان ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ــ: ھە ئەركە بەگزادە ئەمدى تۇردۇڭما؟ ماڭە يۈز قولۇڭنى يۇيۇپ بولۇپ داسقانغا كەل، ناشتا قىلىمىز!...دېدى. بىز ناشتا قىلىۋاتقاچ سىڭلىمكامدىن تۈنۈگۈنكى سۆزلەپ بەرگەنلىرى توغۇرلۇق يەنە سورىدىم. سىڭلىمكام يەۋاتقان نېنىنى تەستە يۇتۇپ چايدىن ئوتلىۋېلىپ ــ: سەن يەنە شۇ گەپتىما، ئەگەر قىزىقساڭ بىزنىڭ يېزىغا بار. ئېغىزىڭ ئېچىلىپ قالغۇدەك مەنزىرىلەرنى كۆرسۈتۈپ قويىمەن قانداق بارامسە؟ دەپ سورىدى. مەن سەل ئىككىلىنىپ ئانامغا قارىدىم، ئانامۇ جاۋاپسىز ماڭا قاراپ تۇراتتى. سىڭلىمكام ــ: ئاناڭنىڭ كۆزىگە قارىمىساڭمۇ مەن سىنى يەۋەتمەيمەن، يېزىغا ئاپىرىپ پۇخانىڭدىن چىققۇدەك ئوينىتىپ ئەكىلىپ قويىمەن بۇ يەردە تۇرساڭمۇ ئىشىك يوق زىرىكىپ قالىسەن. قانداق بىرەر ھەپتە ئويناپ كىلەمسەن!...

ــ: مىنىڭغۇ بەك بارغۇم بار بىراق ئانام بىلەن ئىنىم ئۆيدە يالغۇز قورقىدۇ، بارمايمىكى!......

ــ: ۋاھ ۋاھ، راسلا مەسئۇلىيەتچان بىر ئەر بوپسەن جۇمۇ!ساڭا ئامراق بوپ قالدىم ما قىزلىرىمدىن بىرنى بىرەيمىكى ساڭا!ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى بىراق مەن خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بوپ كەتتىم، مەنغۇ مەيلى سىڭلىمكامنىڭ قىزىچۇ تىخى!شۇنداق قىلىپ ئىددىيىۋى خىزمەتلەردىن كىيىن سىڭلىمكامنىڭ ئۆيىدە نەچچە كۈن ساياھەت قىلىپ كىلىدىغان بولدۇم. قائىدە بويىچە مەن يېزىغا بىرىپ ئويناپ كىلىدىغان سىڭلىمكامنىڭ ئايالى ھەم قىزلىرى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرىدىغان سىڭلىمكام مىنى ئەكىلىپ قويغاندا ئايالى باللىرىنى ئىلىپ قايتىدىغان بولۇپ مەسلىھەتلەشتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيدىن خاتىرجەم بولدۇم ھەم سىڭلىمكام قىزىقتۇرغان قەدىمى شەھەر خارابىلىقىغا بارالايدىغىنىمدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم. شۇنداق قىلىپ بىز سىڭلىمكامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدۇق، يول بويى سىڭلىمكامدىن سوئال سوراپ ھاردۇرۇپمۇ قويغان ئىدىم. بۈگۈن كەچكە يېقىن ئاخىرى مەن تەقەززا بولغان ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق، سىڭلىمكامنىڭ ئۆيى يېزىدا بولغان بىلەن ناھايىتى ھەشەم سىلىنغان ئىدى. بۇ ئۆيلەر شەھەردە خىلى ھاللىق سەۋىيەلىك كىشىلەرنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيىدىن قىلىشمايتتى. بۇنىڭدىنلا سىڭلىمكامنىڭ بۇ يېزىدىكى خىلى كۆزگە كۆرۈنگەن كىشى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. سىڭلىمكام كەچ بولغىنىغىمۇ قارىماستىن قازانغا گۆش سالدى. مەن بولسام مەزىلىك گۆشنىڭ تەمىنى تېتىغاچ سىڭلىمكامنىڭ سىرلىق شەھەر خارابىيلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن قىزىقىپ ئاڭلىدىم. ئاڭلىغانسىرى بۇ سىرلىق خارابىيلىققا بىر بېرىپ كىلىش ئارزۇسى قەلبىمنى چىرماپ ئالدى.

ــ: سىڭلىمكا ئەتە شۇ يەرگە بىر بېرىپ كەلسەك بوپتىكەن! سىڭلىمكام ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ ــ: بارساق مەيلى بارايلى بىراق بەك ئىچكىرلەپ كەتمەيسەن سىرتىدىنلا كۆرۈپ كىلىمىز قانداق؟ چوڭلارنىڭ دىيىشىچە ئۇ يەردە ئالۋاستى ئەسكەرلەر بارمىش بىلمەي كىرىپ قالغان

ئىنسانلارغا قەست قىلىدىكەن، بىزلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىمىزدىمۇ كىرىپ كىتىپ چىقمىغانلار ساماندەك ئىدى. نىمىشقا بىلىپ تۇرۇپ يەنە كىرىدۇ دىسەڭ بۇ خارابىيلىقنىڭ مەلۇم يىرىدە بىر ئالماس گۆھەر باركەن ئۇنىڭ قىممىتىنى ھىساپلاش مۇمكىن ئەمەس تاپقانلار بىر كىچىدىلا بىيىپ كىتىدۇ بىراق بۇ بىر چۈش ئەمەلگە ئاشمايدۇ، پەقەت ساراڭلارلا بۇ يەرگە كىلىپ ئۇ گۆھەرنى ئىزدەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆلۈمدىن باشقىسى ئەمەس!........بولدى بەك كەچ بولۇپ كەتتى ئەمدى ئۇخلا قالدىسىنى ئەتە ئۆزۈڭ بارغاندا بىلىسەن!...سىپىلمىكامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپلا قالدىم، ئۇيلىغانسىرى بۇ سىرلىق شەھەر ماڭا تىخىمۇ سىرلىق تۇيۇلۇپ كىتىۋاتاتتى. بۇ سىرلىق ماكان مىنى ئۆزىگە تىخىمۇ جەلىپ قىلىۋالدى. مەن شۇ سىرلىق خىياللار ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا ئۇيقىغا غەرق بولدۇم. ئۇ يەردە بىزنى قانداق سىرلىق ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ داۋامىغا قىزىقسىڭىز ئەتە تاڭ ئىتىشىنى كۈتۈڭ!

تەۋەككۈلچىلەر(1 ـ باب 2 ـ قىسىم)

ـ تۇرە ئورنۇڭدىن مۇشۇ چاققىچە ئۇخلامسەن كىلىپ يىزىنىڭ ئەتتىگەنلىك ناشتىلىقىدىن ھوزۇر ئىلىپ باق!............. سىپىلمىكام شۇنداق دىگەچ يىنىمغىراق داستىخان ھازىرلاۋاتاتتى. مەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋىتىپ قوپۇپ سىپىلمىكام بىلەن ئەھۋاللىشىۋەتكەندىن كىيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ كەلدىم. دەرۋەقە داستىخان ناھايىتى مول بولۇپ زاغرا، نان، تۇخۇم......ئىشقىلىپ ناھايىتى قۇۋۋەتلىك يىمەكلىكلەر بىلەن تولغان ئىدى. تىخى يىڭىلا تەڭشەلگەن ئەتكەن چاينىڭ خۇش ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سىپىلمىكام چاينى قۇيىۋاتقاچ ـ: ھە ئىچە، ئەتتىگەندە باغۇ مۇشۇنداق قۇۋۋەتلىك يىمەكلىكلەرنى يەپ بەرسەڭ كىسەل باسمايدۇ، كۈچلۈك چوڭ بولىسەن. قارا بەدىنىڭگە پەي تارىنىڭ ئۆزىغۇ!...بۇرۇنلاردا بىز زاغرا بىلەن ئېرىق سۈيى ئىچەتتۇق، كىشىللىرىمىز شۇنداق يوغان ھەم كۈچلۈك ئىدى. ھازىرقى باللا توكتىن چىققان چۈجىدەك شۈمشىيىپلا تۇرىدۇ بويى بىزنىڭ ھويلىدىكى كىسىۋەتكەن كۆتەكتەكلا......يا ئۆسكىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كەتمەننىغۇ چېپىش ئەمەس دولىسىغا ئارتىپ قويسىمۇ سىرغىپ چۈپ كىتىدۇ!سىنىڭمۇ زاغرا يىسەڭ گىلىڭغا تۇرۇپ قالامدۇيا بالام؟ ......دىدى كايىغاندەك قىلىپ. ـ: ھە؟ ......ھە ياقەي، ئانام پات ـ پات زاغرا يېقىپ بىرىدىغان شۇڭا ئانچىمۇ يات ئالمايمەن! ـ: ئانچىمۇ يات ئالمايمەن دەپ قوي!......بىلسەڭ باغۇ مۇشۇ زاغرا دىگەندە قۇۋۋەت ناھايىتى مول، سىمىز ئادەم نورمال يەپ بەرسە ئورۇقلاپ مۇسكۇللىرى چىڭىپ خىيمەندەك بوپ كىتىدۇ دىگىنە...ھا ھا ھا! چاقچاقمۇ قىپ قويدۇم ئىشقىلىپ پايدىسى باكى زىيىنى يوق قىنى ئالە گەپكە تۇتماي بولدى. ناشتىلىقىڭنى قىلىۋالساڭ جاڭگالغا ئاپىرىپ توشقان تۇتۇشنى ئۈگۈتۈپ قويىمەن، تەلىيمىز كىلىپ تۇتالاپ قالساق كاۋاپ قىلىپ يەيمىز دىگىنە!... سىپىلمىكامنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ بىردىنلا جان كىردى ـ: راسما؟ ...ھېلىقى تۈنۈگۈن سىز گىپىنى قىلىپ بەرگەن قەدىمى شەھەرگە بارامدۇق؟ ـ قارا ھاياجانلىنىپ كەتكىنىڭنى، ئىشقىلىپ شۇ يەرگە يىقىن......قالغىنىنى بارغاندا كۆرۈپ

قالىسەن. بولە ناشتىلىقنى قىلىپ بولۇپ توشقان تۇتىدىغان ئەسۋاپلارنى تەق قىلىۋېلىپ ماڭىمىز...بالدۇرراق بارمىساق بەك كەچ بولۇپ كېتىدۇ، بۇ يەردىنمۇ ئارىلىقى خېلى بار دىگىنە تىخى!...دىدى كۈلۈپ قويۇپ. مەن شۇ خۇشلۇقتا ناشتىلىقنى تېزلا قىلىپ تەييار بولدۇم. داستىخاننى يىغىشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن سېلىمكام ئۇۋغا كېرەكلىك جابدۇقلارنى ئېلىپ تەق بولدى ئاندىن ماڭا ـ: ئىسىڭدە بولسۇن قەدىمى شەھەر خارابىيلىقىغا يېقىن يۇرمە، غەلىتە نەرسىلەر كۆزۈڭگە چېلىقسا ھەرگىز يېقىن بارما چۈشەندىڭمۇ؟ ...مەنغۇ يېنىڭدا بار شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىيات قىلمىساك بولمايدۇ. سەن ماڭا ئامانەت قىلىنغان شۇڭا سالامەت ئاناڭغا قايتۇرۇپ بېرىش مېنىڭ مەسئۇلىيتىم، بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ئاناڭغا يۈز كېلەلمەيمەن شۇڭا سۆزلىرىمنى قۇلۇقۇڭدا مەھكەم تۇت چۈشەندىڭمۇ؟ ...دىدى كۆيۈنگەن ھالدا. مەن چۈشەنگەنلىكىمنى بىلدۇرۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. سېلىمكام ـ: ياخشى ئۇنداقتا ماڭايلى، بالدۇرراق بېرىپ بالدۇر يېنىپ كەلمىسەك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيەر كېچىدە تېخىمۇ خەتەرلىك!... سېلىمكام شۇنچە خەتەرلىك دىگەنسىرى ئۇ خارابىيلىقا شۇنچە قىزىقىپ قىلىۋاتاتتىم. بىراق سېلىمكامنىڭ دىگىنى توغرا ئىدى ئۇ ئانامغا كاپالەت بېرىپ مېنى بۇ يەرگە ئويناتقىلى ئەكەلگەن شۇڭا سالامەت ئاپىرىپ قويمىسا بولمايتتى، مەنمۇ ھەم بۇ نۇقتىنى ئېنىق بىلەتتىم. شۇڭا سېلىمكامغا گەپ كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىم تەۋەككۈل قىلىش نىيتىمدىن ياندىم ھەمدە ئۇ يەرنى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنىۋېلىش، يەر شەكلىنى ئىگەللىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ سېلىمكام بىلەن قەدىمى شەھەر خارابىيلىقىغا قاراپ يول ئالدىم. سېلىمكام بىلەن چىقىشىمىزغىلا بىرەيلەن(بەلكىم قوشنىسى بولسا كېرەك)ناھايىتى شاش، ئويناقشىپ تۇرىدىغان ئارغىماق ئاتتىن بىرنى مېنگىشىپ يېتىپ كەلدىدە ئاتتىن چۈشۈپ سېلىمكام بىلەن ئۇزاقتىن ئۇزاق ئەھۋاللىشىپ كەتتى. ئاتمۇ كېلىپ سېلىمكام بىلەن خۇددى ئۇزاق يىللىق قەدىناسلاردەك يۈزلىرىنى سۈركەپ كۆرشىۋاتاتتى. سېلىمكام ئاتنىڭ بېشىنى سىلىغاچ ـ: ھە مېنى سېغىندىڭمۇ بايقۇش! قارىماققا ناھايىتى بەلەن تۇرغاندەك قىلىسەن ئۆمەركاڭ بەلەن بېقىپتۇ جۇمۇ سېنى!...دەپ كۈلۈپ قويدى. ھەمدە ـ: ئۆمەراخۇن سىلىنى جاپاغا سېپ قويدۇم، ئېتىمغا بەلەن قاراپ قويغانلىرى ئۈچۈن سىلىگە رەھمەت ئېيتىمەن!......دىدى. ئۆمەركام كۈلۈپ قويۇپ ـ: ھەي ياقەي، شۇنچە يىللىق قوشنا تۇرۇپ بۇنچىلىك ئىشقا ئەسقاتمىساق قانداق بولىدۇ. بەرىبىر ئۆزۈمنىڭ ئۇلاقلىرىمغىمۇ قارايمەن ئەمەسمۇ شۇنىڭ ئارىسىدا بېقىلىپ كېتىدىكەن دىسىلە!... سېلىمكام كۈلۈپ قويۇپ ـ: ھە ماۋۇ مېنىڭ شەھەردىكى رەھمەتلىك ئاكامنىڭ ئوغلى قەھرىمان بولىدۇ، شەھەردە زېرىكىپ قاپتىكەن يېزىدا بىر نەچچە كۈن ئوينىتاي دەپ ئېلىپ كەپتىم بىر ئايلاندۇرۇپ كېلەي دەپ!...... ئۆمەركام مەن بىلەن سالاملىشىۋېتىپ ـ: ھە، شەھەرگە خۇيىمۇ ياراشقان كېلىشكەن بالىكەن بۇ. ئاتىسىنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ تىرىسىنى چاپلاپ قويغاندەك ھى ھى ھى.........شۇنداق قىلىپ نەگە ئاپىرىپ ئايلاندۇراي دەيلا؟ ما بىزنىڭ ئۆيلەر تار كەپ قالامدىكەن سېلىماخۇن؟ ...دىدى خاپا بولغاندەك قىلىپ.

سىلىمكام ـ : يوغسۇ، نىملەرنى دەپ يۈرىدىغانلا ئۆمراخۇن!... تۇنۇگۈن ما بالىغا لەۋز قىلىپ قويايتىكەنمە ئىلىپ بارمىسام بۇنى يامان ئۆگۈتۈپ قويماي دىدىم. ئەركىشى ئىغىزىدىن چىقارغان ئىكەن ئەمەل قىلمىسا بولمايدۇ، بوممىسا خوتۇن كىشىدىن نىمە پەرقى دەيلا!...سىلەرنىڭ ئۆي بىرە يەگە قىچىپ كەتمىگەندىكىن ئەتە كىرەيلى ئۇبدان داستىخان هازىرلاپ قويالا ئەمىسە هە، ها ها ها!......... ـ : ۋاي شۇندا بوممامدىكى، ئاتايىن شەهەردىن كەلسە راسا بىر مىھمان قىلىپ يولغا سامىسام بۇ سەرالىقلارمۇ تايىنلىقكەن دەپ قالا..قانداق دىدىم بالام ها ها ها!......... ئۆمەركامنىڭ سۆزلىرى مىنى خىجىل قىلىپ قويدى. ـ : ياقەي ئۆمەرجىنىكا، بىز شەلىكلەرنىڭمۇ ئاتا بوۋىمىز سەھرالىق......ئۇنداق دىيىشكە هەددىممۇ مىنىڭ، شۇ مەن بەك دەپ تۇرىۋالغاچقا سىلىم دادامۇ مىنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ ئاپىرىپ كىلەي دىگەن شۇڭا............... ئۆمەركام بىشىمنى سىلاپ قويۇپ ـ : ۋاھ مانا!سىلىماخۇن تەلىيىڭلا باكەن جۇما!شەهەرلىك دىمەگلىك بىلەن ئاجايىپ قائىدە ئۇقىدىغان، مىھرى ئىسسىق بالىكەن بۇ. ئى كىچىك قىزىمنى مۇشۇنىڭغا......هە قاندا بولا؟ ...ها ها ها ها ها! ئۆمەركامنىڭ گىپىدىن سىلىمكاممۇ كۈلۈپ كەتتى ـ : هاي هاي، مەن قىزىم بىلەن چاي ئىچكۈزۈپ قويدۇم بۇنى بايا ئاڭلىمىدىڭلامۇ دادا دەپ چاقىرغىنىنى!...........سىلىنىڭ قىزغا مانىڭبى كىچىكى با قىزىڭلا بىلەن يىشىمۇ پەرىقلەنمەيدۇ شۇنى دىيىشلى ئەمىسە!......... ئارىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى بىراق مەن خىجىللىقتىن قىزىرىپ كىتىۋاتاتتىم. ـ : ئوغۇل بالا بولغاندىكىن جانلىق تۇرە ماندا!.........ئا قارا قىز بالىدەك يۈزلىرى قىزىرىپ يەگە قاراپ تۇرغىنىنى بۇنىڭ ها ها ها!...دىدى سىلىمكام. ئۆمەركام ئۇنىڭ گىپىگە قارشىدەك ـ : هاي ئۇندا دىمەيلى، مۇشۇنداقراق يۈزى تۆۋەن بالىنى قاتاغا قوشماق ئاسانمۇ دەيلا. مايەدىكى توپاق گۈيلاغىبى قاراپ باقسىلا بىز خوتۇن ئالامسەن دەپ بولغىچە قىزچاقتىن بىرنى ئۆيگە ئەكىرىپلا پۇشۇلداپ«دادو!مەن ما قىزنى ئالىمەن، ئەپ بەمىسەڭ ئۆيدىن چىكىتىمەن جىما دەپ قوياي!...»دەپ ئاددەمگە قوقاق سالىدۇ تىخى خۇددى بىزنى چوڭ قىپ قويىغاندەك. بالا دىگەن ماندا بومامدۇ دەيمە..ئەمما ئوغال قىلىۋاساڭلا ئوغلاڭلىنىڭ يوقلىقىنى چاندۇمايدىغان بالا بولىدىكەن جۇماۋە سىلىماخۇن، تەلىيىڭلا كەپتۇ!..........دەپ رەددىيە بەردى. سىلىمكاممۇ كۈلۈپ كىتىپ ـ : راس تەلىيىم كەلگەندەك جۇمۇ، بۇنى ئانىسىنىڭ يىنىغا بالدۇرراق ئاپىرىپ مەسلىھەتنى تىزرەك پىشۇرۇۋەتسەم بولامدۇ نىمە؟ ...دىدى. ئۆمەركاممۇ قوللاپ ـ : هە، بالدۇراق پۈتتۈرۈپ قولۇڭلارغا قول پۈتۈڭلارغا پۇت قىممامسىلە، شۇنچە بايلىقلىرىڭلا يات خەقكە كەتكۈچە تۇققىنىڭلارغا مىراس بوپ قالسا خاتىرجەم بولىسىلە ئەمەسمۇ!.........ۋوي راس گەپنى تولا قىلىپ يولدىن قويايتىمە، بىرمۇنچە لاقا ـ لۇقىنى ئىلىۋاپلا نەگە ئاپىرىپ ئايلاندۇراي دەۋاتىلا بۇنى؟ ...دىدى گەپنى يۆتكەپ. سىلىمكام ـ : شۇ تۆۋەن تەرەپكە بىرىپ توشقان ئوۋلاپ كىلەيلىمىكى دەپ ماڭدۇققۇ، بۇمۇ يىزىنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى كۆرۈپ باقسۇن كەشكىچە شەهەردە بىكىنىپ ياشىماي...... ئۆمەركام سەل جىددىيلەشتى ـ : نىمە دەۋاتىلا سىلىماخۇن، خارابىيلىق با يەدىكى

جاڭگالنى دىمەيۋاتقانلا؟ ــ: شۇ يەرنى دەيمە، ئەنسىرمىسىلە بەك ئىچكىرىلەپ كەتمەيمىز جاڭگالدا توشقان ئۇۋلاپلا قايتىپ كىلىمىز بۇمۇ بويىغا يىتىپ قالدى ئازىراق يۈرەك پەيدا بوممىسا قانداق بولىدۇ. كەچكىچە يۈزنى ئەڭلىك ئەتكەن قىزبالىدەك قىزاتىپ يۈمەي ئەركىشىدەك بەردەم چوڭ بولمىسۇنما، قاچانغىچە باللىرىمىزنى قوقۇتۇپ ياشايمىز دەيلا!...... ــ: بۇ دىگەنلىرىغۇ توغرا بىراق ئۇ يەرنى بىلمەيدىغاندەك ياكى باشقا يەر تېپىلمىغاندەك شۇ جاڭگالغا ئاپىرىمەن دىگەنلىرىنى قارىسىلا!... ــ: بولدى بۇنچە ئەزۋەيلەپ كەتمىسىلە قەھرىمان نىمە ئىشلاركى دەپ ھاڭۋىقىپ قالدى. ئەپسانىلەرگە ئىشىنىپلا ئۇ خارابىيلىقنى ئۇنچە سۇرلۇك قىلىۋەتمەيلى ئەمدى، بۇندىن كىيىنمۇ باللىرىمىز قورقۇنچ ئىچىدە ياشاپ ئۆتەپ كەتمىگەي!............. ــ: ياق ئەمدى دىلىم سىغىپ دەپ قويىدۇمغۇ، بوپتۇ قارار قىلغان بولسىلىرى بىرىپ كىلىڭلا ئاللاھ يولۇڭلارنى ئوچۇق قىلسۇن سالامەت كەلگىنى نىسىپ قىلسۇن!... سىپىلمكام سەل نارازى بولۇپ ــ: ھەي ھەي، بىز بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەكلا سۆزلەيلىغۇ؟ بولدى پاراڭلىشىپ تۇرۇپ ۋاقتىمۇ خىلى بىر يەرگە بىرىپ قاپتۇ تىزرەك ماڭمىساق كەچتە بالدۇر يىنىپ كىلەلمەيمىز شۇڭا بىز ماڭىلى سىلى قىپ قاسىلا بولدى. ...دەپ گەپنى ئۈزدى ھەمدە قولىدىكى جابدۇقلارنى ئاتقا ئارتىپ مىنى چىقىشقا ئىشارەت قىلدى. توۋا مۇشۇ چاققىچە ئاتقا مىنىپ باقماپتىكەنمەن يامان ئوسال بولدۇم دىسە!تەيىيا دەسسەيدىغان يەر تۇرسا ئىبسلىپ چىقىمەن دەپ ھاسىراپ كىتىپتىمەن ئاتمۇ يەكلىگەندەك پەقەت جىم تۇرۇپ بەرمەيۋاتاتتى. ئاخىرى سىپىلمكام مىنى تۇتۇپ سەل تۈرتىۋالغاندىن كىيىن ئىگەرنىڭ دەسسىگۈچىنى كۆرستىپ ــ: ماۋۇنى ئاتنىڭ قورسىقىنى باغلايدىغان ھالقا دەپ قالدىڭما؟ سەندەك ئاتقا چىقالمىغانلارنى كۆزدە تۇتۇپ دەسسەپ چىقسۇن دەپ ياساپ قويغان نەرسە!........دىۋىدى خىجىللىقتىن يۈزلىرىم يەنە قىزىرىپ كەتتى. ئىچىمدە«ھىچ بولمىسا ئى باغچىدىكى ئويۇنچۇق ئاتقا مىنىپ بولسىمۇ ئۆگىنىۋالغان بولسامچۇ!»دەپ كەتتىم. سىپىلمكام كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ ــ: ھە بولدى خىجىل بولما شۇ سىنى مۇشۇنداق ئەنئەنىلەرنى ئۆگەنسۇن دەپ ئىلىپ كەلدىم يىزىغا، ئەگەر كۆپرەك تۈرغىلى شارائىت بولغان بولسىغۇ رەھمەتلىك ئاكامدىنمۇ نوچى ئەدەم قىلىۋىتىتىم سىنى!......دەپ قويىدى. ئاندىن ئاتنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ چىقىشنى بۇيرىدى، ئالدىدا خىجىل بولۇپ كەتكەچكىمىكى بۇ قىتىم ئاتقا تىزلا مىنگىشىۋالدىم لىكىن تۇتىدىغان يەر يوق ئىدى شۇنىڭ بىلەن سىپىلمكامغا ــ: سىپىلمكا تۇتقۇچ يوقكەن نەنى تۇتىمەن؟ ...دىدىم بوش ئاۋازدا سىپىلمكام قىستاپ كەتكەن كۈلكىسىنى زورىغا بىسىۋىلىپ ــ: بۇنى شەھەردىكى ماشىنا، موتسىكىلىت كۆرۈپ قالدىڭما رولنى تۇتۇۋىلىپ ئاياققا مايافقا بۇراپ قويىسا ماڭىدىغان، مايغا دەسسىسە ماڭىدىغان تورموز قىلسا توختايدىغان؟ ...بۇنى ۋاغو مانىڭ بىلەن ئىغىزىمىزدا باشقۇرىمىز، «چوھا!»دىسەك ماڭىدۇ«دىررررررر»دىسەك توختايدۇ، ئاندىن يۆلىنىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن يۈگەننى تارتىپ قويىسە يولنى ئۆزى تىپىپ ماڭىدۇ. دىدى يۈگەننى ماڭا تەڭلىگەچ ــ: ئەمما

مانىڭدىن ئەنسىرىمە بۇ يولنى ئۆزى تېپىپ ماڭىدىغىنى يۈگەننى قوياپ بىرىپ ئۇخلاپ قالساڭمۇ ئۆيگە سالامەت ئەكىلىپ توختايدۇ دىگىنە!...ھە ئەمدى ھەممىنى دەپ بەردىم ماڭغۇزۇپ باقە بۇ جانىۋارنى!.................دەپ ئالدى تەرەپنى ئىما قىلدى. مەن ئاتنىڭ تىز چىپىپ كىتىشىدىن ئەنسىرەپ يۈگەننى كەينىگە چىڭ تارتىپ ئاندىن ئاتقا«چوھا!»دەپ بۇيرۇق قىلدىم، بىراق ئات بىر پۇتىدا يەرنى تېپىچەكلەپ ئورنىدىن قىمىرلىماي تۇراتتى. نەچچە قېتىم بۇيرۇق قىلغان بولساممۇ بىشىنى چايقاپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. شۇندا سىلىمكام تىرىكىپ ـ: ھەي ماشىنىنى تورمۇزغا دەسسىۋىلىپ ماي بەرسەڭ ماڭامدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش بومۇ!.....يۈگەننى كەينىگە تارتىۋىلىپ چو دىسەڭ ماڭامتى ئۇ!ئا يۈگىنىنى سەل ئەركىن قويۇپ بەر ئاندىن سەن بۇيرۇق قىلمىساڭمۇ ئۆزى ماڭىدۇ!......دەپ چۈشەندۈردى. مەن سىلىمكامنىڭ دىگىنى بويىچە يۈگەننى قويۇپ بىرىشىم بىلەن تەڭ ئۆزۈمنى ھاۋايى مۇئەللەقتە ئاندىن يەردە كۆردۈم. كاسسام ئىيچىشىپ ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى، نەچچىنى سىيلاپ كەتتىم خۇدى...... تۈيۈقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالماي قالغان ئىدىم. ئەسلى يۈگەننى قويۇپ بەرگەندە ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپلا ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ مەن ئىنىرتسىيە تۈپەيلى ئىگەردىن سىرغىپ چىقىپ يەرگە موللاق ئاتقان ئىكەنمەن. يىنىمدا سىلىمكام بىلەن ئۆمەركام كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكۈدەك كۈلىۋاتاتتى، ئوڭايسىزلىقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ـ: ھەجەپ يامان ئاتكىنا بۇ؟ ...دەپ زورىغا كۈلۈپ قويدۇم بىراق ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقىنى كۈلكە بولماستىن ئاچچىق يىغا ئىدى. ئەگەر راسلا كىچىكرەك ۋاقتىم بولغان بولسا يىغلىۋىتەتتىم! چىپىپ چىكەتكەن ئات سىلىمكامنىڭ بىر ئىسقىرتىشى بىلەن بوراندەك يۈگۈرۈپ يىنىپ كەلدى بۇنىڭغا قاراپ ھايۋانلارنىڭمۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھىس قىلدىم. مەن بۇرۇن باققان ئىتىمۇ شۇنداق ئەقىللىق ئىدى، بىراق ئانام ئىت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ دەپ باققىلى قويماي ئاخىرى بىر ئىتتىۋاز دوستۇمغا بىرىۋەتكەن ئىدىم. بۇ ئاتنى كۆرۈپ ئىتىم يادىمغا كەپ قالدى.... ـ: ھاڭۋىقىپ قاپسەنغۇ؟ قارا قىلغان ئىشىڭنى بىر ئاتنى مىنەلمەي كۆن چۈش قىلدىڭ ئەمدى باردىغان يەرگە بىرىپ كەپ بولغىچە كەچ بولمامدۇ!......يۈرە بولدى ئات مىنىشنى كىيىن ئۈگەن تىزرەك بىرىپ بالدۇر يىنىپ كىلەيلى، بىراق كاسساڭ يەنە ئازار يەيدىغان بولدىدە!.........ئىتتىك ئۆزۈمگە كىلىپ سىلىمكام دىگەندەك ۋاقتىنىڭ چۈشكە ئاز قالغانلىقىنى بىلدىم، بىراق سىلىمكامنىڭ«كاسساڭ يەنە ئازار يەيدىغان بولدىدە!»دىگەن گىپىنى چۈشىنەلمەي قالغان ئىدىم. بىز ئاتقا مىنگىشىپ ماڭايلى دەپ تۇرغىنىمىزدا ئۆمەركام ئۆيگە كىرىپ بىر خۇرجۇن ئىلىپ چىقتى ھەمدە ـ: ھەقىچان تاماق يەپ مىڭلا دىسەم ئۇنىمايسىلە چۈشكىمۇ ئاز قاپتۇ مانى چۈشلۈكۈڭلارغا يەسىلە، يەنە دەيدىغىنىم ئامال بار بالدۇر قايتىپ كىلىڭلا ھەم كۆپرەك دىققەت قىلىڭلا!.................دىگەچ خۇرجۇننى سىلىمكامغا بەردى. سىلىمكام ـ: رەھمەت، ئەنسىرىمىسىلە ئۆمراخۇن بالدۇر يىنىپ كىلىمىز بىز ماڭدۇق

ئەمسە ئاللاھقا ئامانەت كەلگەندە كۆرشەرمىز!...دىدىدە خۇرجۇننى ئاتنىڭ ئالدىغا ئارتىپ يۈگەننى بىر تەۋرىتىپ قويۇۋىدى ئات توپا توزىتىپ دىگۈدەك مەنزىل تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئۆمەركام نىمىلەرنىدۇر ئويلاپ ئۇھ سىنغىنىچە ئىشىك تۈۋىدە قىپ قالدى. مەن بولسام ئاتنىڭ چىپىشىدىن كاسسامنىڭ كۆتۈرۈلۈپ پەسلىگەندە ئاتنىڭ سۆڭگۆچىگە پىتىشىدىن سىلىمكامنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم. كۆزلۈرۈمدىن تاراملاپ ياش ئىقىۋاتاتتى بۈنىڭ يىرىمى ئاغرىق سەۋەبىدىن بولسا يىرىمى ئۆزۈمنىڭ دۆتلىكىگە ئىچىنغىنىمدىن ئىدى. نىمىشقىمۇ سىلىمكامنىڭ ئۆيدىكى كۆرپىنى ئىلىۋالمىغان بولغىيتىم!......شۈنداق قىلىپ ئارزۇ قىلغان جايغا بىرىش ئۈچۈن كاسىلىرىمنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بىرىپ دىگۈدەك مەن تەقەززا بولغان سىرلىق خارابىيلىققا ئۇچقاندەك يول ئالدۇق.

تەۋەككۇلچىلەر(1 ـ باب 3 ـ قىسىم)

كاسامنىڭ ئاغرىقىغا زادى چىدىيالماي سەكرىۋالماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدىم سىلىمكام بۈنى سىزىپ قالدىمۇ ئاتنىڭ سۈرىتىنى ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەتتى. ئاندىن شۇ سۈرئەتتە بىر تۆپىلىككە كىلىپ ـ: ھە كەلدۇق، سەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان يەر ئەنە ئاشۇ!...دەپ ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى. ئۆزۈمنىڭ ئاغرىقى بىلەن بوپ كىتىپ يوللارغىمۇ زەن سالماپتىمەن دىسە!سىلىمكامغا چاندۇرماي كاسسامنى سىلىغاچ خارابىيلىق تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتۈم. دەرۋەقە بۇ خارابىيلىق ناھايىتى ھەيۋەت بولۇپ تۆپىلىكتىن قارىغاندىلا ئاندىن ئايىغىنىڭ نەدە توختايدىغانلىقىنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى. ئەتراپىنى قويۇق يۇلغۇنلۇق باسقان بولۇپ يالغۇز كەلسە ئادەمنى ھەقىقەتەن سۈر باسقۇدەك جاي ئىدى. يەنە كىلىپ مەن خىيالىي تەسۋىر قىلغاندىن دائىرىسى نەچچە ھەسسە چوڭ ھەم جۇغراپىيىلىك يەر شەكلىمۇ ناھايىتى غەيرى ئىدى. خارابىيلىكنىڭ كىرىش ئىغىزى دۆڭلۈكتىن ھاسىل بولغان بولۇپ خۇددى بۇ قەدىمى خارابىيلىقنىڭ سىپىلىدەك ئىگىز ھەم مەزمۇت ئىدى. دۆڭلۈكتىن ئىچىلغان يول بىلەن خىلى ماڭغاندىلا ئاندىن شەھەر خارابىيلىقىنىڭ چوڭ مەيدانىغا كىرگىلى بولاتتى بىراق شەھەر ئىچى يەنى ئوردىسى پۈتۈنلەي ئۈستى يىپىق ھالەتتە ئىدى. مىنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىم بولسا پەقەت خارابىيلىقتىن نەچچە كىلومىتىر يىراقلىقتىكى تۆپىلىكتىن كۆرۈۋاتقان كۆرۈنۈش ئىدى. تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشكەندە يەنە قانداق ھالەتلىرنى ئىنىق بايقىيالايدىغىنىم تىخى ماڭا قاراڭغۇ!............ـ: ھە، ئاغزىڭ ئىچىلىپلا قالدىغۇ؟ دىگىنىمدەك راسلا ھەيۋەتمىكەن! بىلىپ بىلمەي ئىغىزىم ئىچىلىپ قالغان ئىدى. شۈنىمۇ دەۋىلىش كىتەمدۇ...ياخشى شالۋىقىم ئىقىپ قالماپتۇ. مەن ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرىۋىلىپ ـ: ھە.....ھەئە، راسلا قالتىسكەن پەسكە چۈشۈپ كۆرۈپ باقساق بولامدۇ، ھەقىقەتەن بەك قىزىقىپ قالدىم!...دىدىم ھىسياتىمنى يوشۇرالماي. سىلىمكام كۈلۈپ قويۇپ ـ: ئەلۋەتتە بولىدۇ، چۈنكى توشقاننى دەل ئاشۇ يۇلغۇنلۇقتا ئوۋلايدىغان تۇرساق چۈشمىسەك قانداق تۇتىمىز!...بىراق ئۇيەرگە بەك يىقىنلىششقا بولمايدۇ، بىز ئاۋۇ تەرەپتە توزاق قۇرساق كۆپ توشقان تۇتالايمىز!......دىدى

خارابىيلىقنىڭ يىنىدىراق يۇلغۇنلىرى پەس ھەم شالاڭ ئۆسكەن جايىنى كۆرسىتىپ. شۇ تاپتا
ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ كىتىۋاتاتتىم، تۆپىلىكتىن چۈشكىچە خارابىيلىقتىن كۆزۈمنى
ئۈزمەي يەر شەكلىنى مىڭەمگە ئورۇنلاشتۇرىۋالدىم. كىرىش ئىشىكى شىمال تەرەپتە بولۇپ
ئادەتتە كۆن تىكلەشمىسە ئىككى قاسناقتىكى تۆپىلىك قۇياش نۇرىنى توسۇۋىلىپ كۈنمۇ
چۈشمەيتتى. بارا ـ بارا تۆپىلىكتىن چۈشكەنسىرى بۇ دۆڭلۈكلەر ئىگىزلەشكە باشلىدى
دۆڭلۈكتىن چۈشكەن چىغىمدىلا خارابىيلىقنىڭ قورشاۋ تىمىنىڭ ئاز دىگەندىمۇ ئون نەچچە
مىتىر كىلىدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم، دىمەك بۇ قورشاۋ تام دۆڭلۈك ئەمەس بەلكى شەھەرنى
قورشاپ تۇرغان توپا تاغ ئىدى. كۆزۈمگە ئىشەنمەي كەلگەن تۆپىلىككە قارىدىم دەرۋەقە
تۆپىلىكمۇ بىزدىن خىلىلا يىراقتا قالغان ئىدى. سىپلىمكام جابدۇقلارنى ئاتتىن چۈشۈرىۋاتقاچ ـ:
قاراپ تويدۇڭمۇ ئەمدى ماڭا ياردەملىشىپ مانى قۇرۇشۇپ بەر!......دىدى ھەمدە قىسما قاپقاندىن
بىرنى ماڭا ئۇزاتتى ـ: دىققەت قىل جۇمۇ توشقان ئۇۋلايمەن دەپ قولۇڭنى ئۇۋلىۋالما!......بەك
قاتتىق، دىققەت قىلىپ قايرىمىساڭ قولۇڭنى يارىلاندۇرىۋالىسەن، تىخى ئۇچۇپ چىقىپ ئىڭەك
چاقىدىغان ئىشمۇ با دىگىنە...يەنە مايماق ئىڭەك بولۇپ يۈرمىگىن......ھا ھا ھا!......
سىپلىمكامنىڭ دىگىنىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدىم ـ: راسلا بەك چىڭكەنغۇ؟ ...توشقان بۇنىڭغا
دەسسىۋالسا پۇتىنى ئۈشتۈۋىتە!... ـ: ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇدە، لىكىن ئۈشتۈلۈپ كەتسە نىمە
بولماقچى؟ ـ: ئۈشتۈلۈپ كەتسە يىرىم جان بوپ قالامدۇ يا ماڭالمىسا........ياربدار قىلماي
تۇتىدىغان ئامال يوقما؟ ـ: بار، قوغلاپ تۇتساڭ بولىدۇ. لىكىن ئۆزۈڭنى تولكە ياكى بۆرە
چاغلاپ قالما قوغلاپ تۇتىدىغانغا...تىخى ئۇلارمۇ تۇتالىشى ناتايىن، پەقەت پەيىت كۈتۈپ تىز
ھۇجۇم قىلىپ تۇتىدۇ. سەن بىلەن بۆگۈن توشقاننى قوغلاپ تۇتىمىز دىسەك قىرىپ ئۆلەي دەپ
قاغان ياكى زەھەرلىنىپ قالغان توشقان بولسا ئاندىن تۇتالىشىمىز مۇمكىن!......ھامىنى كاۋاپ
بولىدىغان بولغاندىكىن يارىلانسا نىمە بوپتۇ، ئۇنچىۋالا ئەستايىدىل بولۇپ كەتمە!......
سىپلىمكامنىڭ بىپەرۋالىق بىلەن ئىيتقان بۇ سۆزلىرى ماڭا يەنە قايتا سوئال سوراش ئىمكانىيتى
بەرمىدى. شۇڭا ئامالسىز قاپقاننى قۇرۇپ قويۇپ سىپلىمكامنىڭ ھەركىتىگە قاراپ ئولتۇردۇم.
سىپلىمكام ـ: ھە قۇرۇپ بولدۇڭمۇ؟ ئاشەگە قوي، بۇ ئىزلارنى كۆردۇڭمۇ تەجرىبەمگە
ئاساسلانغاندا بۇ يەر ياۋا توشقاننىڭ دائىم ماڭىدىغان يولى ئىكەن، قاپقاننى مۇشۇ يەرگە
قۇرساق ئەڭ ياخشى بولغۇدەك ئۇنىڭدىن كىيىن بىز ئاۋۇ تەرەپكە بارىمىز!...دەپ كەينى تەرەپنى
كۆرسەتتى. ئاندىن ئىككى دانە ئۇزۇن تاياقنى ئىلىپ ئۇچىنى چىگىپ چاسا ھالەتكە كەلتۈردى
ئاندىن بىر ئۇچىنى ماڭا بىرىپ ـ: سەن ئاۋۇ ياقتا تۇرىسەن مەن سىنىڭ يان ئۇدۇلۇڭدا تۇرىمەن،
مەن شەرەت قىلغان ھامان مەن بىلەن تەڭ ئولجىنى قاپقان تەرەپكە ئاستا قوغلايمىز چۈشەندىڭمۇ.
ئۇنىڭ كەينىگە قىچىپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن تايىقىڭنى پەسرەك قىپ ماڭدۇر......ھەي، تور
بولغان بولسىغۇ ئون نەچچىنى گەپ يوق تۇتۇپ كىتەتتۇق شۇ نەرسىنى دائىم ئالمەن دەپ
ئۇنتۇپ قالىمەن ئەمەسمۇ!بولدىلا مەن دىگەندەك بولسۇن چۈشەنگەنسەن بايا دىگەنلىرىمنى؟

مەن بىشمنى لىڭشتتىم. بىز ئۆزىمىزنى سەل دالدىغا ئېلىپ ئۇۋنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق. سىپلىمكامىنىڭ بۇ ياسىغان ئادديىغىنە توشقان ئۇۋلاش ئەسۋابى مىنى قىزىقتۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇ چاسا تاياق مەلۇم دائىرىنى قورشاشىپ تۇرىدىغان بولۇپ توشقان بۇ دائىرىگە كىرىپ قالسىلا بىزنىڭ تاياقنى يۆتكىشىمىز بىلەن تەبئىيلا قاپقان تەرەپكە قاراپ يۈرەتتى يەنە كىلىپ سىلىمكام توشقاننىڭ دائىملىق ماڭىدىغان يولىغا قاپقاننى قۇرۇپ تەييار قىلىپ قويغاچقا دائىرىگە كىردىمۇ تۇتۇلماي قالمايتى. شۇنداق قىلىپ سىپلىمكام ئىككىمىز ئۇۋنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمىزدا ئالاھەزەل يىگىرمە مىنۇتلاردىن كىيىن ئۇياقتىن بۇياققا قۇيۇن تازدەك يۈگۈرىشۋاتقان توشقانلاردىن بىرى دائىرىمىزگە كىرىپ قالدى. سىپلىمكام ماڭا شەرەت قىلىپ تاياقنى ئاستا قاپقان تەرەپكە سۈرۈشكە باشلىدى، مەنمۇ سىپلىمكامغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا تاياقچىنى ئالدىغا سۈردۈم بىز ھەرىكەت قىلغاندىن كىيىن تىزلا بايقاپ قالغان توشقان بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن تەبىيلا قاپقان قۇرۇلغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پات ـ پات توختاپ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە دىققەت قىلىپ قوياتتى. راس دىگەندەك ياۋا توشقان دەل قاپقان قۇرۇلغان يولغا قاراپ ئاستا سىلجىۋاتاتتى، ئۆزۈمچە ھاياجانلىنىپ ئۇۋنى قاپقان تەرەپكە قوغلاۋاتقىنىمدا ئىڭشىپرەك ماڭغاچقىمىكىن دەلدۈگىنىپ كىتىپ قولۇمدىكى تاياقچە ئالدى تەرەپكە تىزلا سۈرۈلۈپ مىڭىپ كەتتى. بۇ ھالدىن قاتتىق چۆچىگەن قاپقانغا چۈشەيلا دەپ قالغان ياۋا توشقان يۆلىنىشىنى تىز سۈرەتتە يۆتكەپ قاپقاننىڭ يىنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى سىپلىمكامىنىڭ چاققانلىق بىلەن ئاتقان بىر دانە داڭگىلىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ قاياققا قىچىشىنى بىلەلمىگەن توشقان ئەسلى يۆلىنىشى بويىچە قىچىپ قاپقانغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ھالەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈز بەرگەن بولۇپ تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. خۇشاللىقتا قاپقان تەرەپكە يۈگۈردۈم، دىگەندەك توشقاننىڭ پۇتى باسماققا قىسىلىپ تىپىرلاپ تۇراتتى. ـ: ۋاھ، راسلا قاپقانغا چۈپ قاپتۇ!......سىپلىمكا ھەقىقەتەن بەك قالتىسكەنسىز بايا تىخى بۇنى قىچىپ كىتىدىغان بولدى دىگەنىدىم ئەمدى بولسا قاپقانغا چۈشۈپ قاپتۇ، بۇنى قانداق قىلدىڭىز؟ ......دىدىم ھاياجاندا. سىپلىمكام ياۋا توشقاننى قاپقاندىن ئاجرىتىۋاتقاچ كۈلۈپ قويۇپ ـ: مەن ئادەتتە ئىچىم پۇشۇپ قالسا ئات بىلەن بۇ تەرەپكە كىلىپ توشقان ئوۋلايمەن، بەك كۆڭۈللۈك بولىدۇ دىگىنە!شۇڭا توشقاننىڭ تۇيۇقسىز ئەھۋاللارغا قارىتا ئىنكاسىنى ئوبدان بىلىمەن. سەن كالامپايلىق قىلىپ ئۇنى قورقۇتىۋەتكەندە مەن تەرەپكە قاچقان ئىدى داڭگال ئىتىش ئارقىلىق قاچقان يۆلىنىشىدىمۇ خەتەر بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدۇم شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنىلا ئەسلى يۆلىنىشى بويىچە قاچتى ئاندىن قاپقانغا چۈشۈپ قالدى. .........دىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن كالامپايلىق قىلغىنىمدىن خىجىل بولۇپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ بۆگۈن غەلىبىلىك ھالدا بىر دانە ياۋا توشقان ئوۋلىۋالغان ئىدۇق. سىپلىمكام توشقاننى ئۇزاق تۇرغۇزمايلا قاپقاندىن ئىلىپ ئۆلتۈردى ئاندىن ئۇنىڭدىن ئاققان قانلارنى دەرھال كۆمۈۋەتتى. مەن سىپلىمكامىنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى

سورىغىنىمدا ئۇ ماشا ـ: بۇ يەردە پات ـ پات بۆرە ۋە تۈلكىلەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ ئۇلار قانغا بەك سەزگۈر شۇڭا بۇنىڭدىن ئاققان قاننى پۇراپ قالسىلا خىلى يىراق يەرلەردىنمۇ تېپىپ كېلەلەيدۇ، ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن كۆمۈۋەتتىم يىقىن ئارىلىقتا بولمىسىلا پۇرىقىنى ئالالمايدۇ.........دەپ چۈشەندۈردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل قورقۇپ قالدىم، بۆرە دېگەن توپ ياشايدىغان تۇرسا راسلا كېپ قالسا بىرەسىنىغۇ بىرەر ئامال بىلەن يوقىتامىز قالغىنى مىنىڭ بۇ ۋىجىك بەدىنىمدىن سۆڭەكمۇ قالدۇرماي يەۋېتە!...مەن سەل جىددىيلىشىپ ئەتراپقا قارىدىم، سىلىمكام كۈلۈپ كېتىپ ئۆزىنىڭ بار تۇرسا قورقمىساممۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مىنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى، ئاندىن توشقاننىڭ بويۇن قىسمىنىڭ ئۈزۈلگەن تىرىسىدىن تۇتۇپ بىرلا تارتىۋىدى خۇددى بىر كىمنىڭ چاپىنىنى سالدۇرغاندەك شۇنداق پاكىز شۇلۇنۇپ چىقىپ كەتتى. بۇنداق ماھارەتنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاچقا سىلىمكامغا تىخىمۇ قايىل بولۇپ كەتتىم. سىلىمكام ھەيران بولغىنىمنى چۈشىنىپ ـ: ھەيران قالدىڭغۇ؟ ئەمەلىيەتتە توشقاننىڭ تىرىسى بەك ئاجىز ھەتتا سەنمۇ بىر تارتىپلا مۇشۇنداق ئالالايسەن بۇ ھەيران بولغۇدەك ئىش ئەمەس!..............دىدىدە ئۇنى ئادالاشقا باشلىدى. ـ: ھە.........ئەمدى بۇنى پاكىز ئىرىغداپ ساڭا جاڭگال كاۋىپى قىلىپ بىرەي ھە!بۇ كىچىككىنە بىر نەرسىگىغۇ تويمايسەن ئەمما بەك كۆپ بوپ كەتسىمۇ لەززىتى بولمايدۇ شۇڭا ئاز بولغىنى ياخشى، ئىشقىلىپ تەمى ئىغىزىڭدا قالىدۇ!كىلە ئەمدى قۇرۇق ئوتۇن يىغىپ بۇنى پىشۇرايلى!...............سىلىمكام شۇنداق دېگەچ ئەتراپتىكى قۇرۇپ قالغان ئۇششاق يۇلغۇن بىخلىرىنى تىرىپ كەلدى ئاندىن بىز ئىلىپ كەلگەن تاياقنى ئۇچلاپ زىخ ھالىتىگە ئەكىلىپ پاكىزلىغان ياۋا توشقاننى سانجىپ تەييار قىلدى ئاندىن ئىلىۋالغان سەرەڭگىسى بىلەن ئوت يىقىپ توشقاننى كاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە بىز ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇردۇق، سىلىمكام بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى ھالەتلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بىر ئازدىن كىيىن توشقان كاۋىپىنىڭ مەزىلىك ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلۇپ ئىشتىھايىم بۆلەكچە ئېچىلىپ كەتتى. سىلىمكام كاۋاپنى ئىلىپ پىچىقى بىلەن بۆلدى ئاندىن مەزىلىك پىشقان بىر بۆلىكىنى ماڭا ئۇزاتتى، قورسۇقۇم ئېچىپ كەتكەچكىمۇ ياكى گۆش مەزىلىك پىشتىمۇ باجى ئادەمگىياھ مۇۋىسى يىگەندەك مەنمۇ بىردەمدىلا سوقۇپ بولدۇم. ھەقىقەتەن بۇنداق مەزىلىك ھەم يۇمشاق پىشقان گۆشنى بۇ ۋاققىچە يەپ باقمىغان ئىكەنمەن. سىلىمكام كۈلۈپ كىتىپ پاچاق گۆشتىن بىرنى يۇلۇپ بەردى بۇ قېتىم شۇنداق تىز يىگۈم بولسىمۇ بىراق سىلىمكامدىن خىجىل بولۇپ ئاستىراق يىدىم. ئىشقىلىپ بۈگۈنكى ئوۋ سەپىرى شۇنداق كۆڭۈللۈك بولغان ئىدى، سىلىمكام قوشنىسى ئۆمەركام بەرگەن خورجۇننى ئاتتىن ئالغاچ ـ: بۇ كىچىككىنە نىمىنىڭ گۆشى چىشنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالىدۇ ياخشى ئۆمەركاك بۇنى سىپ قويۇپتىكەن كىلە ماۋۇنىڭدىن يەيلى!.....ۋاھ ئات گۆشى قىيزىسىكەن، بىلەمسەن بۇ بەك قۇۋۋەت يىمەكلىك يىگەنسىرى يىگۈك كىلىدۇ بۇ ئۆمەركاڭنىزە ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدۇ جۇمۇ!........دېگەچ قارا قىزىل

كەلگەن ئۇچەيدەك ئۇزۇن بىر نىمىنى ئالدى . ـ : نىماندىق نەرسە بۇ ئۇچەيدەكلا؟ ...دەپ سورىۇدۇم مەن ئىختىيارسىزلا. سىلىمكام كۈلۈپ كىتىپ ـ : دىمىسەڭمۇ شۇ ئۇچەيغۇ بۇ، ئاتنىڭ گۆشىنى سوقۇپ ئۇچەيىگە سالىدۇ ئاندىن پىشۇرىدۇ شۇنىڭ بىلەن سەن كۆرگەن ئات گۆشى قېزىسى تەييار بولىدۇ!ئادەتتە ئۇششاقراق قىيما قىلىپ سىلىپ پىشەرسىمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ تۈرى كۆپ!.........دىدى ھەمدە ماڭا ئازراق كىسىپ بەردى. مەن قولۇمدىكى قىزىنى تىتىپ كۆرەي دىدىمىۇ ئاچچىق قىستىغان كىچىك تەرىتىمىنىڭ دەستىدىن قولۇمدىكىنى قويۇپ سىلىمكامغا ـ : ھاجەتكە بىرىپلا كىلەي!..........دىگەن گەپنى ئاران دىيەلىدىم. بىراق ئەتراپىنىڭ ھەممىسى جاڭگاللىق بولغاچ بىرەر ئەپلىكرەك يەرنى تاپالمىدىم ئاخىرى خارابىيلىق تەرەپتىكى قويۇق ئۆسكەن يۇلغۇنلۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ھاجىتىم بەك قىستاپ كەتكەچكە سىلىمكامنىڭ ـ : بەك يىراق كەتمە!......دىگەن گىپىگىمۇ قۇلاق سالماي يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا چۆكتۈم. ئىشنى تۈگىتىپ ئۆزۈمنى ناھايىتى راھەت ھىس قىلىپ كەتكەن ئىدىم، شۇندا مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ياتقان بىر ياۋا توشقانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ مىنى كۆرگەن بولسىمۇ قاچماي قاراپ تۇراتتى، راستىمنى دىسەم بايىقى يىگەن توشقان كاۋىپى ئىغىزىمغا بەك تىتىپ كەتكەچكە ئارتۇقىنى ئويلىمايلا بۇنى تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ يىيىشنى ھەمدە سىلىمكامغا توشقاننى قوغلاپ تۇتقىلىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئۆزۈمنى بىر كۆرسۈتىۋىلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇلغۇندىن بىرتال ئۈشتۈپ ئاستا ئۇزاتقان ئىدىم جايىدىن قىمىرلاپ سەل نىرىراق بىرىپ توختىدى. يەنە ئالدىمغا ماڭسام ئالدىغىراق قاچاتتى ئورنۇمدا تۇرسام يەنە تۈگۈلگەن پىتى قاراپ تۇراتتى، شۇنداق قىلىپ ئۆزۈممۇ بىلمەيلا توشقان بىلەن ھەپىلىشىپ خارابىيلىق تەرەپكە يىقىنلىشىپ قاپتىمەن بىراق بۇنى سەزمىگەن ئىدىم. ئاخىرى ئاچچىقىم يۈزگە چىقىپ بۇنىڭ مىنى ھىلىدىن ئاخماق قىلغىنى ئۈچۈن تۇتۇپلا كاۋاپ قىلىپ يەۋەتمەكنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ بارلىق سۈرئىتىم بىلەن توشقانغا تاشلاندىم. ئەپسۇس توشقانمۇ پۈتۈن سۈرئىتى بىلەن قىچىشقا باشلىدى بايا كۆز ئالدىمدىكى بۇ يۇۋاش جانىۋار بىردەمدىلا يۈگۈرۈش چىمپىيونىغا ئايلانغان ئىدى مەنمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پۈتۈن سۈرئەت بىلەن قوغلاۋاتاتتىم شۇندا ئۇ چاققانلىق بىلەن نەدىن پەيدا بولغان تامكىن كامىرىغا كىرىۋىلىپلا يوقاپ كەتتى. خىلىدىن بىرى قوغلىغاچقا ئۇنى بۇنداقلا قاچۇرىۋەتكۈم كەلمىدى شۇڭا قولۇمدىكى يۇلغۇن تايىقى بىلەن كامارنى كوچىلاشقا باشلىدىم شۇنچە تىركەشكەن بولسامۇ بىراق ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. شۇندىلا ئۇنىڭ كامارنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىن چىقىپ كىتىپ بولغانلىقىنى ھىس قىلىپ نىيىتىمدىن يىنىپ ئەتراپقا قارىدىم بىراق قاراپلا بىشىمدا چاقماق چېقىلىپ كەتكەندەك بولدى چۈنكى مەن بىلىپ بىلمەيلا خارابىيلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغان ئىدىم. مەلۇم بىر يەرلەردە سىلىمكامنىڭ پات ـ پات مىنى ئەنسىز چاقىرىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ئەمما ئەكس سادا يانغاچقا ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىۋاتقانلىقىنى پەرق ئىتەلمىدىم. مەنمۇ جاۋابەن سىلىمكامنى توۋلاشقا باشلىدىم شۇ تاپتا

 www.iptihar.net

كىرىش ئېغىزىدىن ئالىلىبۇرۇن ئازراق بولۇپ يەنە ئازراق ماڭسام شەھەر مەيدانىغا يېتىپ باراتتىم. بۇ جاينىڭ جىمجىت ھەم سۇرلۇكلۇكىدىن توختىلىرىم ئۆرلەپ كەتتى، پۇت ـ قوللىرىمۇ ئاجىز تىترەۋاتاتتى ئۆزۈمگە يەنە قانداق خەتەرلەرنىڭ يۈزلىنىپ تۇرغىنىنى بىلمەيتتىم. قورقۇپ كېتىپ سىلىمكامنى نەچچە رەت تۇۋلىدىم بىراق سىلىمكامنىڭ قايتۇرما ئاۋازى مەندىن بارغانسىرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىۋاتاتتى. مەن پۈتۈن جۈرئىتىمنى يىغىپ ئۆزۈمنىڭ ئاياق ئىزىم بويىچە كەينىمگە ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم دەرۋەقە ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى بۇ كىرىش ئېغىزى ماڭا ئاجايىپ ئۇزۇن بىر مۇساپىدەك بىلىنىۋاتاتتى. شۇنداق يۈگۈرىۋاتقىنىمدا ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان بىر بوغما يىلاننىڭ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ يولنى توسۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ خۇددى لىجىڭ تۇرغان ئەسكەردەك جايىمدا«تاق!»قىدىلا توختۇدۇم. ئۇ زەھەرلىك ھايۋاننىڭ قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم شۇڭا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئۇ ھېچ ئىنكاسسىز ماڭا قاراپ تۇراتتى شۇ پەيتتە چوڭلارنىڭ«يىلاننىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتمىسىلا ئادەمگە چېقىلمايدۇ»دىگەن سۆزى يادىمغا كىلىپ بۇ خەتەرگە يۈزلىنىشنى قارار قىلدىم ھەمدە ئاستا ـ ئاستا يىلان تەرەپكە مېڭىشقا باشلىدىم. گەرچە كىرىش ئېغىزى خېلى كەڭرى بولسىمۇ بىراق بۇ ئۇزۇن جانىۋار يولنىڭ يېرىمىنىلا دىگۈدەك توسىۋالغان ئىدى. كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ھېچ بىر ئۈزمەي دىگۈدەك ئالدىمغا ئاستا قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتىمەن بىراق ھەر ئېھتىماللىق ئۈچۈن قولۇمدىكى يۇلغۇن تايىقىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلسا قوغدىنىش ئۈچۈن تەييار ھالەتتە يىلانغا يېقىنلاشتىم. ئارلىغىمىز پەقەت بەش مېتىرچىلا قالغان ئىدى، مەن ئاستا ـ ئاستا سەل تامغا يۆلىنىپ مېڭىپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم بىراق يۈرۈكۈم ئېغىزىمغا تىقىلىپ خۇددى ئۇ مىنى تۇيۇقسىزلا ئېتىلىپ كىلىپ يالماپلا يۇتۇۋىتىدىغاندەك ھىسياتتا بولۇۋاتاتتىم. شۇنداق دەككە ـ دۈكىدە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ يۈرۈكۈم سەل ئىزىغا چۈشتىدە قايتىدىن جانلىنىپ پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ ھاياتلىق يولۇمغا قاراپ يۈگۈردۈم بىراق ئىشنىڭ ئاخىرى تازا ياخشى بولماي قالدى. بوغما يىلان تېزلا ئىنكاسىمنى كۆرۈپ مىنى قوغلاشقا باشلىدى. توۋا پۇتۇم بار تۇرۇپ ئىشۇ پۇتى يوق ھايۋان ماڭا يىتىشىۋالايلا دەپ قالغان ئىدى، پۇتى بولغان بولسا ئالىلىبۇرۇن بەلەنلا ئوزۇقى بوپ بولاركەنمەن. دەل شۇ ھالقىلىق پەيتتە پالاكەتلىكمىدىن مۈدۈرۈپ كېتىپ بىر موللاق ئېتىپ يىقىلدىم بوغما يىلان بولسا ئېغىزىنى كەڭ ئېچىپ ماڭا ئېتىلىپ كىلىۋاتاتتى. مەن ۋارقىرىغانچە كەينىمگە داجىۋاتاتتىم، ئىشلار بولۇنۇپ ئۆتكەن نەچچە دەقىقىدە ئۆزۈمنىڭ بىخۇدلۇقۇمغا سىلىمكامنىڭ گېپىگە كىرمىگىنىمگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئۆلگۈرگە ئىدىم، ئۆزۈمنى قوغداشقا ئېپ قالغان يۇلغۇن تايىقىمۇ يىقىلغان ۋاقتىمدا قولۇمدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ھازىر بولسا ھىچقانداق قوغدىنىش قۇرالى يوق ھالدا بوغما يىلاننىڭ ئېتىلىپ كىلىپ مىنى يۇتۇۋىتىشىگە قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۆلۈمگە يۈزلەندىم ئۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ بولمىسا

كېرەك ! ..........................

تەۋەككۈلچىلەر!( 1 ـ باب 4 ـ قىسىم)

كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ بىرەر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى تىلەپ كەتتىم. شۇندا ئارىدىن نەچچە سىكۇنت ئۆتۈپ كەتتى بىراق مەندە ئالاھىدە بىرەر ئاغرىق سېزىمى بولماي‌ۋاتاتتى. ئەجەپلىنىپ كۆزۈمنى ئېچىپلا كۆرگىنىم شۇ بولدىكى بوغما يىلان بېشىغا ئۆتكۈر بىر دانە پىچاق سانجىقلىق ھالەتتە ئالدىمدا تولغۇنۇشۇپ تۇراتتى. ئېشىنىڭ باش ئاخىرىنى بىلىپ بولغۇچە كەينىمدىن بىر كىشى مۇرەمدىن كەينىگە ئىتتىرىۋېتىپلا يىلانغا تاشلاندى بۇ دەل سېلىمكام ئىدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن تولغۇنۇشۋاتقان يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەپ تۇرۇپ پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يىلاننىڭ بەدىنىنىڭ ئۈدۈل كەلگەن يېرىگە تىقىشقا باشلىدى، يىلان بولسا ئاچچىق تولغۇنۇپ سېلىمكامغا قارشىلىق قىلماقچى بولۇۋاتاتتى بىراق ئۈزۈلمەي تىقىلىۋاتقان پىچاقنىڭ زەربىسىدە ئىلاجىسىز قالغان ئىدى. سېلىمكام تاكى بوغما يىلان ھەرىكەتتىن توختىغىچە ھۇجۇم قىلىشنى توختاتمىدى. ئالاھەزەل بەش مىنۇتلاردىن كېيىن يىلان ھەرىكەتتىن توختاپ جىم بولدى، شۇ تاپتا بولسا ئۇنىڭ بەدىنى ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتكەن بولۇپ يارا ئېغىزلىرىدىن بىرخىل يېشىل سۇيۇقلۇق ئېقىۋاتاتتى. سېلىمكام ئۇنى تېپىپ بېقىپ جىم بولغاندىن كېيىن ئاندىن ھۇجۇم قىلىشنى توختاتتىدە ماڭا سۇرلۇك قاراپ ـ: مەن ساڭا نېمە دېدىم، مۇشۇ يەرگە يېقىنلاشما دېسەم يەنە بۇيەردە يۈرىسەنغۇ. تۇۋلىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ جاڭگالنى بىر چۆرگىلەپ چىقتىم سېنى بۇ يەرگە كېلىدۇ دەپ ئەسلا ئويلاپ باقماپتىمەن!...ياخشى ئەڭ ئاخىرىدا تۇۋلىغان ئاۋازىڭدىن بۇيەردە خەتەرگە ئۇچرىغىنىڭنى ھېس قىلىپ دەرھال يېتىپ كەلدىم بولمىغان بولسا بۇنىڭ بىرۋاقلىق مەزىلىك تاملىق بولغان بولاتتىڭ!........دەپ كايىغاچ يىلاننى بىرنى تېپىپ قويدى. ـ: ئەگەر ساڭا بىرەر ئىش بولغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ئاناڭغا نېمە دەپ جاۋاپ قىلاتتىم دەپ باقە؟ ......... ـ: كە......كەچۈرۈڭ سېلىمكا!......... مەن شۇ گەپلەرنى ئارانلا دېيەلىدىم، سېلىمكام قېيدىغان ھالدا مېنى ئاتقا مىندۈرۈپ ـ: بولدى بۇيەردىن تېزرەك كېتەيلى كۈن ئولتۇرسىلا تېخىمۇ كۆپ پىشكەلچىلىكلەرگە يولۇقىمىز!...دېگەچ ئاتنىڭ يۈگىنىنى بايىقى ئورنىمىزغا تارتتى، بىز يۈك تاقلارنى ئېلىپ بۇيەردىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتۇق. شۇ تاپتا خىجىلچىلىقتا گەپمۇ قىلالماي ئۇنىسىز كېتىپ باراتتىم سېلىمكامۇ ئۈنسىز ھالدا ئېتىنى ئۆي تەرەپكە بوراندەك چاپتۇرۇپ ماڭدى، نىملا دېگەن بىلەن بۇ ئۈنسىز قەھرىمان مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى مەن جاۋاپ قايتۇرىدىغان كۆڭلەرنىڭمۇ كىلىپ قىلىشنى ناۋادا راسلا كېلىپ قالسا جېنىمنى تىكىپ بولسىمۇ جاۋاپ قايتۇرۇشنى ئويلاپ ئۆلگۈردۇم........... ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ سېلىمكام بايىقى ئىشلار توغۇرلۇق ئېغىز ئاچمىدى، ئەكسىچە ئاتنى سوۋۇتقىلى باغلاپ قويۇپ بوغۇز بىرىۋەتكەندىن كېيىن كەچلىك تاماقىمىزغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى بىراق مەن بولسام خىجىلچىلىقتا گەپمۇ قىلالماي ئولتۇراتتىم شۇ تاپتا بايىقى ئىشلارنى سېلىمكامغا چۈشەندۈرەي دېدىمىيۇ قانداق ئۇسۇلدا

چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمىدىم. سىپلىمكام داسقاننى سىلىپ تائاملارنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن تاماق يىگەچ ماڭا قاراپ ـ: قەھرىمان!..............راسلا ئۇ يەرگە كىرگۈك بارمۇ؟ ......ئۆلۈمدىن، بىرەر پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىدىن قورقمامسەن، بايىقى ھالىتىڭدە تېخى ئۇ يەرگە تەۋەككۈل قىلىپ كىرىشكە لايىق كەلمەيدىغىنىڭنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ ... مەن سىپلىمكامنىڭ سۆزلىرىگە نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنىمۇ بىلمەيتتىم شۇڭا ئۈندىمەستىن يەرگە قاراپ ئولتۇرىۋالدىم. سىپلىمكام يەۋاتقان تائامنى قويۇپ قويۇپ ـ: بىلسەڭ مېنىڭمۇ سەندەك ياش ۋاقتىم بولغان، ساڭا ئوخشاش قىنىم قىززىق بىر ئىشنى ئويلىسام قىلماي قويمايدىغان ئادەم ئىدىم. شۇ سەۋەپتىن ساڭا ئوخشاش تەۋەككۈل قىلىشنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم ھەم قىلىپمۇ باققان. شۇنىڭدىن كېيىن تەۋەككۈل قىلغاندىمۇ مۇھىتقا، شارائىتقا قاراپ قىلىدىغان بولدۇم. بىلسەڭ ئۆزۈڭگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تەۋەككۈل قىلىش بىر ئاخمىقانىلىك...ئەمما ئىشەنچىڭ بولسا تەۋەككۈلچىلىكتىن يانمىغۇلۇق!......دەپ كۈلۈپ قويدى. سىپلىمكامنىڭ سۆزلىرى خۇددى مېنى قوللاۋاتقاندەكلا بىلىنىۋاتاتتى، مېنىڭمۇ يۈزلىرىمگە ئىختىيارسىز كۈلكە يۈگۈردى ـ: سىپلىمكا ئەمەلىيەتتە مەن ئۇ يەرگە بىر توشقاننى قوغلاپ بېرىپ قالغان، لېكىن ئويلىمىغاندا بىلمەيلا ئىچىگە كىرىپ قاپتىمەن ھەم قانداق خەتەرنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەچكە خەتەرنىڭ ئالدىدا ئاجىز كېپ قالدىم!......... سىپلىمكام گېپىمنى قۇۋۋەتلىگەندەك ـ: توغرا دىدىڭ، سېنى قانداق خەتەر كۈتۈپ تۇرغىنىنى بىلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ياخشى قۇراللىنىشىڭ ھەر قانداق خەتەرگە قارشى تۇرالىغۇدەك غەيرىتىڭ بولۇشى كېرەك!......شۇ خەتەرگە يۈزلەنگىنىڭدە ھەرقانداق بىر خەتەرنىڭ مەۋجۇت بولىشىنى يادىڭدىن چىقارماسلىقىڭ كېرەك ھەمدە ھەر قانداق بىر ئېھتىماللىق ئۈچۈن بوشلۇق قويۇپ قويىشىڭ كېرەك!...دىگىنە سېنىڭ ئۇ خارابىيلىققا كىرىپ باققۇڭ بارمۇ؟ ...دەپ كەسكىنلىك بىلەن سورىدى. مەن نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەي تىڭىرقاپ قالدىم چۈنكى ۋۇجۇدۇمدىن ئۇرغۇپ چىققىنى ئۇ يەرگە بىر كىرىپ بىقىش ئىدى بىراق بايىقى ئىشىكىدىن كىرمەي تۇرۇپلا يۈز بەرگەن بىر قاتار خەتەرنى ئويلاپ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن تېخى قانداق خەتەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىغان ئىدىم. يەنە كىلىپ ئۇ يەرگە كىرىپ كەتكەنلەردىن بىرەرسىمۇ ھايات چىقالمىغاچقا تىڭىرقاپ قالدىم. شۇندا ئۆزۈمنىڭ چولتا ئويلاپ قالغىنىمنى ھىس قىلىپ بېشىمنى چايقىدىم. سىپلىمكام بىرەر ئىشنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىققانلىقىدىن خۇشال بولغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ـ: ياخشى، ئەمدى ئادەم قوبۇل قىلالىغۇدەك گەپ قىلدىڭ!...ئۇ يەرگە كىرگەن ھېچكىشى ھايات قالمىدى ھەم ئىچىدە قانداق سىرلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ شۇڭا بۇنداق خەتەرگە سېنى ئوڭچە ئىتتىرىپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايمەن. بىراق بەرگەن جاۋابىڭدىن تازا قانائەت ھىس قىلمىدىم، كۆزلۈرۈڭ ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. سېنىڭ تەۋەككۈل قىلىپ باققۇڭ با بىراق ئۆزۈڭ ئۈچرايدىغان خەتەرلەردىن قورقۇۋاتىسەن بۇ خىياللىرىڭ بىر ـ بىرىگە زىت بوپ قالدى. ياكى قەلبىڭدىكى

ئىشتىياقنى يوقات ياكى قورقۇنۇچنى يەڭ!...شۇندىلا ئەركىنلىكقە چىقىسەن. مەن سىلىمكامنىڭ بۇ دەرىجىدە قالتىس ئىكەنلىكىنى ھىس قىلمىغان ئىكەنمەن، دەرۋەقە ئۇ كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى بىلىپ بولغان ئىدى. بىز شۇ تەرىقىدە تاماقنى يەپ بولۇپ ئايۋانغا تاشلاندۇق. سىلىمكام ماڭا نۇرغۇن تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار بولغان ھېكايىلەرنى ئۆزىنىڭ بىشىدىن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھەر قانداق قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەي ئالدىغا قاراپ ماڭغاندىلا چوقۇم بىر باشقا چىقىدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ يەتتىم. سۆزلىرىمىز خىلى بىر يەرگە بارغان بولۇپ كەچمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. سىلىمكام ئورۇن سىلىپ بولغاندىن كىيىن ئاتنى ئىغىلغا سولىۋىتىپ كىلىپ يېنىمدا ئاسمانغا قاراپ بىر ئۇھسىنىپ قويۇپ ئۇن ـ تىنسىز يېتىۋالدى. سىلىمكام نەچچە كۈننىڭ ياقى كۆندۈرۈپ قويغان ئادىتىم بويىچە سىلىمكامغا جىننىڭ ھىكايىسىنى سۆزلەپ بىرىشنى ئۆتۈندۈم. سىلىمكامۇ«بايا يولۇققانلىرىك يەتمەپتۇدە؟ ...»دەپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلمايلا قوشۇلدى ھەمدە يۇلتۇزلارغا قاراپ تاماشىشا قىلغاچ بۇرۇن بولغان قىسقىغىنە ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەپ بەردى. گەرچە قورقۇپ تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان بولسامۇ بىراق مەن يەنىلا قانائەت ھىس قىلمايۋاتاتتىم ئاخىرى بولالماي سىلىمكامغا جاڭگالدىكى قەدىمى خارابىلىق توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى ياكى شۇ يەردە يولۇققان بىرەر ئىشنى سۆزلەپ بىرىشنى تەلەپ قىلدىم. سىلىمكام كۈلۈپ كىتىپ ـ: يامان يەردىن تۇتىۋالدىڭغۇ مىنى، شۇ يەردىن قاچۇرۇپ باشقىنى سۆزلەپ بەرسەم يەنىلا شۇيەرگە ئىلىپ باردىڭ دىگىنە؟ ...بىراق ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم كىچىچە ئۇخلىماي ئاڭلىشىڭغا توغرا كىلىدۇ ئۇيقۇڭدىن كىچىشنى خالىساڭ سۆزلەپ بىرەي!......دىدى. مەنمۇ قوۋۋەتلەپ ـ: مەيلى مەيلى، سىزنىڭ ھىكايىڭىزنى ئاڭلاش ئۇچۇن ھىلىغۇ بىر كىچىكەن ئون كىچە بولسىمۇ ئۇخلىماي ئاڭلايمەن!...دىدىم. ـ ھا ھا ھا!قارا سىنىڭ ياسالمىلىغىڭنى، بوپتۇ بۈگۈن نۆۋىتى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئەمىسە ساڭا بۇرۇنلاردا شۇ خارابىلىقتا يولۇققان بىر ئىشمنى سۆزلەپ بىرەي ئۇخلاپ قالماي ئاڭلا ھە!......دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. مەن ماقۇللىغىمنى بىلدۈرۈپ بىشىمنى لىڭشىتتىم، شۇندا سىلىمكام يوتقاندىن سەل چىقىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى........ـ: بۇندىن بەش يىل بۇرۇن بۇ ھالىتىمدىن خىلىلا بەردەم ھەم چاققان ئىدىم، مەھەللىدە چىلىشىش ئۆتكۈزۈلۈپ قالسىلا قاتنىشىپ بىرىنچى بولاتتىم. شۇ چاغلاردا نام ـ ئاتاق بىلەن تىلغا ئىلىنىدىغان زامانلار بولغاچقا مىنى تونۇيدىغان ھەممىسى«سىلىم نوچى»دەپ ئاتىشاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللىدە تۆۋەن تەرەپتىكى خارابىلىق توغرۇلۇق غۇلغۇلا قوزغىلىپ كەتتى. دىمىسىمۇ غەيرى ئىشلار پات ـ پات يۈز بىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. تۇرۇپلا بىراۋلار يوقاپ كەتسە بەزىلەرنىڭ پارچىلانغان، يىرىمىدىن كۆپرەك قىسمى يىيىلىپ بولغان جەسەتلىرى تىپىلاتتى. بۇ باشقا يەردە ئەمەس دەل ئاشۇ خارابىلىق ئەتراپىدا يۈز بىرەتتى. دىققەت قىلدىڭمىكى جاڭگالنىڭ يىنى تەرەپتە بىر چوڭ ئۆستەڭ بار كىشىلەر قولايلىق بولغاچقا ئۇ يەردىن خىلى كەڭرى بوز يەر ئاچقان

بىراق تەدرىجىي ھالدا ئۇ يەرلەرنىڭ مېھرىدىن كەچتى چۈنكى ئۇلارغىمۇ جان كېرەكتە!...پات ـ پات يۈز بەرگەن ئىچىنىشلىق ۋەقەلەر مەھەللىمىزدىكىلەرنى چۆچۈتتى قويدى، شۇڭا ئاچقان يەرلەرنى تاشلاپ بىخەتەررەك تۆپىلىكتىن يەر ئاچتى. شۇنداق قىلىپ جەسەدنى تاپقانلىرىنى «بۆرە يەپتۇ!» يوقاپ كەتكەنلىرىنى «ئېزىتقۇ ئېلىپ كېتىپتۇ!» دەپ يۈرىۋەردۇق بىراق بۇ يەپ كېتىش يوقاپ كېتىشلەر بارغانسىرى كۆپ يۈز بىرىشكە باشلىدى. ھەتتا شۇ جەريانىدا بىرلىرى «خارابىلىقتا ناھايىتى كۆپ ئالتۇن باكەن، ئېلىپ كېلەلىگەنلەر بىر كېچىدىلا كاتتا بايلاردىن بولۇپ كېتەلەيدىكەن بىراق خارابىلىقتا ئالۋاستى بار بولۇپ سىزىپلا قالسا ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرىۋېتىدىكەن!...بۇنى مەن ئاخشام قۇتقۇزىۋالغان ئارىپ ساراڭ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز ئېغىزى بىلەن سۆزلەپ بەردى» دېگەن مىش ـ مىش پاراڭلارمۇ تارقىلىپ كەتتى، بىراق ھېچكىمنىڭ شى ئۇنىڭ راس ياكى يالغانلىقىنى بىلمەيتتى. كۈنلەر ئۆتىۋەردى بەزى ئەخمەقلەر بايلىق كويىدا خارابىلىقنىڭ ئەتراپىدىن كېلەلمەيدىغان يەنە بەزىلىرى ئېچىگە كىرىپ كېتىپ چىقمايدىغان ئەھۋاللار يۈز بىرىۋەردى. شۇندا بىر كۈنى مەھەللىمىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەرلىرى ئۆيۈمگە ئىزدەپ كىرىپتۇ ھەمدە بىر بۆلەك قاۋۇل ياشلارنى يىغىپ تۆۋەن تەرەپنى بىر تەكشۈرۈپ كېلىشىمنى، بولسا شۇنچە كىشىنى ھالاك قىلغان نامەلۇم ھايۋاننى تۇتۇپ يوق قىلىپ مەھەللىنى ئازاتلىققا چىقىرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى. مەھەللە ئاقساقاللىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا يۈزۈم چىدىمىدى شۇڭا ماڭا ئىككى كۈن ۋاقىت بېرىشىنى سورۇدۇم ئۇلارمۇ ماقۇل بولۇپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ ئىككى كۈندە نىمىش قىلغىنىمنى بىلەمسەن؟ ......كۈندۈزى پىلان تۈزدۈم كېچىسى بولسا تۆپىلىكتە تۇرۇپ ئوغۇرلۇقچە خارابىلىق ئەتراپىنى كۆزەتتىم قىززىق يېرى بۇ ئىككى كۈن جەريانىدا ھېچقانداق ئالاھىدە بىرەر ئەھۋالنى بايقىمىدىم ئەكسىچە خارابىلىق ئەتراپى شۇنچىلىك جىمىپ كېتەتتى. ئاخىرى ئۈچىنچى كۈنى قاۋۇل كەلگەن توققۇز چېلىشچى يىگىتنى باشلاپ تۆۋەن تەرەپتىكى جاڭگالغا يولغا چىقتىم، ھەممىمىز پۇختا تەييارلىق قىلغان بولۇپ يېنىمىزغا بىردىن ئۆتكۈر خەنجەر ئېلىۋالغان ئىدۇق، ئەلۋەتتە بۇ ياقۇت قويۇلغان پىچىقىمنىمۇ ئېلىۋالغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ تولۇق تەييارلىق بىلەن يىمەكلىرىمىزنىمۇ ئېلىۋېلىپ يولغا چىقتۇق. مەھەللىدىكىلەر بولسا بىزگە ئاق يول تىلەپ سالامەت قايتىپ كېلىشىمىزنى كۈتكەن ھالدا قول پۇلاڭلىتىپ قىپ قېلىشتى. بىز مەھەللىدىن ئايرىلىپ تۆۋەن تەرەپتىكى جاڭگاللىققا قاراپ ماڭدۇق، ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن تاكى خارابىلىقنىڭ ئايىقى تۈگىگەن يەرگىچە ئالا قويماي تەكشۈرۈپ چىقتۇق. بىلەمسەن ئۇ خارابىلىق تەخمىنەن بەش ئالتە كىلومېتىر كېلىدۇ شۇ زامانلاردا قانداق بىر قەبىلە بۇنداق چوڭ كۆلەمدىكى شەھەرنى ياسىغان بوغىيدى. شۇنداق قىلىپ تەكشۈرۈشتە ھېچقانداق مەسىلە بايقالمىدى ئاندا ـ ساندا ياۋا توشقانلارنىڭ ۋىڭىلداپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا بىز بۇ يەردە بىرەر جانىۋارنىمۇ ئۇچرىتالمىغان ئىدۇق. شۇڭا ئامالسىز كەچ بولۇشىنى ساقلاشقا توغرا كەلدى بىراق بەزىلەرگە بۇ گەپ ياقمىغاچقا ساقلاپ ئولتۇرماي ئۇدۇل خارابىلىققا كىرىش

مەسلىھەتىنى بەردى. يېرىمى كەچنى ساقلاشنى يېرىمى بولسا بىۋاستە خارابىلىقتا بۆسۈپ كىرىش تەرەپدارى بولدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەقسىدى خەتەرنى يوق قىلىشلا بولماستىن بەلكى ئاتالمىش غايىبانە بايلىقتىن ئازىراق بولسىمۇ ئېلىپ چىقىۋېلىش ئىدى يەنە كېلىپ يالغۇز ھەرىكەت قىلغىنىدىن ئۇنىبىر پالۋان بىللە كىرگىنى تېخىمۇ قولايلىق ئېلىپ كېلەتتى. شۇنداق تالىشىپ ئاخىرى كەچنى ساقلايدىغانلار خارابىلىقنىڭ ئىغىزىدا تۇرۇپ تۇرىدىغان قالغانلار خارابىلىققا كىرىپ تەكشۈرۈپ (ئاساسىي مەقسەتتە بايلىق ئىزدەپ) چىقىدىغان بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر بۆلۈك كىشى ئايرىلىپ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىچىگە قاراپ يول ئالدى ھەمدە بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بىزنى توۋلاپ ياردەم سورايدىغانلىقىنى ئېيتتىشتى ھەتتا ئۇيلىغانلىرىنىمۇ يوشۇرالماستىن راستىنلا بايلىق تېپىۋېلىپ قالسا بىزلەرنىڭمۇ نىسىۋىمىزنى ئېلىپ چىقىدىغان بولدى. بايىدىن بىرى جاڭگاللىقنىڭ ھەممە يېرىنى دىگۈدەك تەكشۈرگەچكە خىلىلا ۋاقىت ئۆتۈپ بولغان ئىدى، ھازىر بولسا كۈن پېتىشقا نەچچە سائەتلا قالغان ئىدى. ئۇلار بىزدىن ئايرىلىپ ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزەتكەچ خارابىلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يول ئالدى، شۇ مىڭىشتا بۇ كەڭرى كەتكەن خارابىلىقتا ئۇلارنىڭ سايىسى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ بىزمۇ پەرق قىلالمىغان ئاساستا كۆزىمىزدىن غايىپ بولدى، دەل شۇ پەيتتە سۈپسۈزۈك ئاسماننى بىردىنلا قارا بۇلۇت قاپلاپ ئاستا سۈرۈلۈپ خارابىلىقنىڭ ئۈستىگە يىغىلىشقا باشلىدى ۋەھالەنكى بۇ بىزگە ياخشىلىقتىن بىشارەت ئەمەس ئىدى. بىز كىرىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ چىقماق بولدۇقيۇ بىراق بۇ يەر شەكلى مۈرەككەپ بولغان خارابىلىقتا ئازغىشىپ قېلىپ ھەممىمىزنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىمىزدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. قۇياشمۇ ئاستا ئولتۇرۇشۇپ ئەتراپنى قاراڭغۇ قاپلاشقا باشلىدى بىراق كىرىپ كەتكەنلەردىن خەۋەر يوق ئىدى. ئەتىگەندىن بىرى جىمجىتلىققا تولغان بۇ جاڭگاللىق ئەمدى بولسا بىردىنلا قايناپ كېتىپ باراتتى، بىر يەرلەردە بۆرىلەرنىڭ ھوۋلاشلىرى بىر يەرلەردە غەلىتە، ئەزەلدىن ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىر ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنچە قاۋۇل پالۋانلار بولساقمۇ بىراق سەل سۈر بېسىۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ چىققان غەلىتە ئاۋازلارنى ئاڭلىغىنىمىزدا خەنجەرلىرىمىزنى تەڭلىشىپ شۇ تەرەپكە ئاغاتتۇق. شۇ پەيتتە قويۇق يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىن بىر نەرسىنىڭ شۇنداق تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ كەتكىنىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدىم بىراق ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، شۇندا ھەممىمىز سەل جىددىيلىشىپ ئەتراپنى ئەستايىدىل كۆزىتىشكە باشلىدۇق. تۇساتتىن ئارىمىزدىكى بىرسىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن ھەممىمىز چۆچۈپ شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپلا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالدۇق. چۈنكى بىزدىن نەچچە مېتىر يىراقتىلا قاپقارا، كۆرۈنۈشكە سەككىز توققۇز مېتىر كېلىدىغان، تىللىرىنى بىگىزدەك چىقىرىپ كىرگۈزۈپ تۇرغان غايەت زور بىر يىلان يۆگىشىپ تۇراتتى ئۇنىڭ تۈملۈقى مىنىڭ يوتامچىلىك كېلەتتى. ھەممىمىز پاتپاراق بولۇپ كەتتۇق ئۇنداق غايەت زور مەخلۇقنى تۇنجى كۆرگەچكە پالۋانلار شۈمشەيگەن مۈشۈكتەك ئوخشاپ قالغان

ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم... دىمىسىمۇ بۇنداق يوغان مەخلۇقنى تۇنجى قىتىم كۆرۈشۈم ئىدى. بىز قولىمىزدىكى خەنجەرنى ئۇنىڭغا قارىتىپ شىلتىشقا باشلىدۇق بىراق ئۇ پەرۋا قىلمىغان ھالدا پات ـ پات بىزگە ئىتىلىپ قوياتتى خۇددى ۋاقىت ئۆتكۈزىۋاتقاندەك يا بىزنى ئۆتكىلى قويمايتى ياكى بۇيەردىن كەتمەيتتى. دەل شۇ پەيتتە خارابىيلىقنىڭ ئاياقلاشقان تەرىپىدىن مەلۇم نەرسىلەر يۇلغۇنلۇقنى شالدىرلاتقان ھالدا بىر تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كىلىشكە باشلىدى، بىز ئامالسىز خارابىيلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتۇق. بايىدىن بىرى بىزنى توسۇپ تۇرغان غايەت زور يىلانمۇ قىچىشىمىز بىلەن تەڭلا بىزنى قوغلاشقا باشلىدى قىچىپ خىلى ماڭغاندىن كىيىن شەھەر مەيدانىغا يىتىپ كەلدۇق قارىماققا بۇ يەر بۇرۇنقى دەۋىردە بازار قىلىنغان ياكى چوڭ تەنتەربىيە سورۇنى قىلىنغاندەك قىلاتتى. مەيدان خىلىلا چوڭ بولۇپ مەيداندىن يەنە ئۆتكەندە چوڭ بىر شەھەر دەرۋازىسى بار ئىدى، بىراق مەلۇم زەربىلەردە چوڭ ـ چوڭ كامارلار ئىچىلىپ قالغان ئىدى. بىز دەل مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئەتراپىمىزدىن بايىقى يىلاندىن كىچىكرەك كەلگەن بەش يىلان كامار ـ كامارلاردىن چىقىپ بىزنى يۇمۇلاق شەكىلدە قورشاپ ئالدى كەينىمىزگە ياناقچى بولغىنىمىزدا غايەت زور قارا يىلانمۇ يولىمىزنى توسۇپ ئۆلگۈرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ رەڭگى ئادەمنى ۋەھىمە باسقۇدەك قارا بولۇپ كۆرگەنلا ئادەمنىڭ بەدىنى تىكەنلىشەتتى. ئۇلار خۇددى دىيىشىۋالغاندەكلا ئاستا ـ ئاستا بىزنى قورشاپ كىلىۋاتاتتى، يەنە دىلغۇلچىلىقتا قاراپ تۇرساق ئۇلارنىڭ ئوزۇقى بولۇپ كىتىشىمىز ئىنىق ئىدى شۇڭا كەسكىن ھالدا ئۇلارغا قارشى جەڭگە تەييارلاندۇق!.........

تەۋەككۇلچىلەر(1 ـ باب 5 ـ قىسىم)

قورشاۋدا قالغاچقا ھىچياققا قىچىش پۇرسىتىمىز يوق ئىدى شۇڭا خەنجەرلىرىمىزنى قىنىدىن چىقىرىپ جەڭ ھالىتىگە ئۆتتۇق. قاراڭغۇلۇقمۇ بارا ـ بارا ئەتراپنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئىلىۋاتاتتى، يىلانلارمۇ بىزگە يىقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بىز بولساق پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن يىلانلارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى كۈزىتىۋاتاتتۇق، ھازىر بولسا قورشاۋغا ئالغان يىلانلار بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز بەش ئالتە مىتىرچىلا قالغان ئىدى ئۇلار يىقىنلاپ كەلگەنسىرى شۇنچە جىددىيلىككە چۆمگەن ئىدۇق ھەمدە پات ـ پات كىشىلداپ كىلىۋاتقان يىلانلارغا خەنجەرنى شىلتىپ قوياتتۇق. مانا ئەمدى بولسا يىلانلارنىڭ سەۋرى تاقىتى توشتى بولغاي بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ دىگۈدەك تىللىرىنى چىقىرىشىپ كىشىلداپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بىزمۇ ئۇلارغا تەن بەرمەي قىلىچ ئۇرۇپ تۇردۇق بىراق ئۇلارنىڭ چاققانلىقى تۈپەيلى خەنجەرلىرىمىز ھاۋاغا كىتىپ باراتتى. بارغانسىرى يورۇقلۇقنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئىلىۋاتقان قاراڭغۇلۇق بىزگە تىخىمۇ پايدىسىز ئىدى شۇڭا ئەتراپىمدىكىلەرگە ئامال قىلىپ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىشنى ئىيتتىم ئۇلارمۇ خۇددى مۇشۇ گەپنى ساقلاۋاتقاندەك دەرھال قوشۇلدى. بىز ئالدى بىلەن جۇغى سەل كىچىكرەك كەلگەن بوغما يىلاننى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ شۇ يەردىن چىققان بوشلۇق ئارقىلىق بۇ قورشاۋدىن قىچىپ چىقىشنى پىلانلىدۇق بىراق قانداقلا قارىساق ئالدىدا

كۆرگەن چوڭ يىلاندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ئانچە پەرىقلىنىپ كەتمەيتتى. شۇڭا قانداقلا بولسۇن بىرىنى كەسكىن ھالدا مۇقىملاپ شۇنىڭغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش مەقسىدىگە كەلدۇق. شۇندا بىر يىلان ماڭا ئىتىلىپلا كىلىۋىدى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردۇم، ئاغرىق زەربىسىدىن بولسا كىرەك ئۇ يىلان تولغىنىشقا باشلىدى. بىراق باشقا يىلانلار بولسا تىخىمۇ كۈچلۈك كىشىلداپ بىزگە يوپۇرۇلۇپ كىلىشكە باشلىدى بىزمۇ مۇۋاپىق ھالدا قوغدىنىش تەدبىرى قوللىنىشقا باشلىدۇق. خىلى تىركىشىشلەردىن كىيىن تۇيۇقسىز يىنىمدىكى بىرىنى چوڭ بوغما يىلان يۆگىۋالدى شۇنچە تىركەشكەن بولساقمۇ قالغان يىلانلار بىزگە چوڭ يىلانغا ھۇجۇم قىلىش پۇرستى بەرمەيۋاتاتتى. بىز پەقەت ئۇنىڭ ئازاپلىق ۋارقىرىغىنىنىلا ئاڭلاپ تۇرالايتۇق، ئۇ قانچە تىركەشكەنسىرى بوغما يىلان ئۇنى شۇنچە قاتتىق سىقاتتى. ئاز ۋاقىتتىن كىيىن ئۇنىڭ ئىغىزىنى«غەر ـ غەر»قىلىپ چايقىغاندەك ئاۋازلاردا ئىچىنىشلىق قىلغان نالە پەريادىنى ھەمدە نىملەرنىدۇر ياندۇرىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ئىلغا قىلالىدىم. ئەمدى بولسا پەقەتلا تاشلىنىپ ئۆلۈكتەكلا بوپ قالدى، دىمەك يىلان ئۇنى قىسىپ سۆڭەكلىرىنى ئۇگىۋەتكەن ئىدى. يىلان ئۇنى ئاستا ـ ئاستا يۇتماقتا بىز بولساق غەزەپ بىلەن ئۇنى تۇۋلىغاچ ئەتراپىمىزدىكى يىلانلار بىلەن تىركىشىۋاتاتتۇق. ئۇنىڭغىچە چوڭ بوغما يىلان ئۇ سەپدىشىمىزنى چوتلا يۇتۇپ بولدى، مەندە بولسا بۇ يەردىن تىرىك چىقىپ كىتەلمەيدىغاندەكلا بىرخىل سىزىم جۇت ئۇرۇپ تۇراتتى. جان كىكىردەككە كەلگەندە كىممۇ يەنە قاراپ تۇرىدۇ دەيسەن!...شۇنىڭدەك مەنمۇ تەلۋىلىششكە باشلىدىم كاللامدا بولسا مۇشۇ يەردىن ساق چىقىپ كىتىشلا ئىدى، ئۆزۈم يىلانلار بىلەن ئىلىشىۋاتقان بولسامۇ خىيالىمدا ئائىلەم، باللىرىم ئەكس ئىتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۈلۈپ ماڭا قولىنى ئۇزۇتۇشلىرى، قەبرەم بىشىدا قان ـ زار يىغلاپ تۇرۇشلىرى كۆز خىيالىمدىن كىچىشكە باشلىدى. «ياق!......»مەن ساق سالامەت قايتىشىم باللىرىمنى باغرىمغا بىسىشىم كىرەك بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق قانخور مەخلۇقتىنمۇ قورقمايمەن!......ئۆز ئۆزۈمگە خىتاپ قىلىۋاتاتتىم. كۆزلىرىمدە قايتىدىن ئۈمىد نۇرى يالجىدى، تىنىمگە غايىۋى كۈچ قۇدرەت تولغاندەك ھىس قىلدىم قوللىرىم خەنجەرنى تىخىمۇ مۇستەھكەم تۇتۇپ قايتىدىن جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييارلاندى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى ئىزدەۋاتاتتىم، ئۇلارنىڭ دۈمبە تىرىسىنى قىلىن قاسراق قاپلىغان بولۇپ ئادەتتە ھۇجۇم نۇقتىسى قىلىشقا باب كەلمەيتتى شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆرەك قىسمى بىلەن كۆز قىسمىنى ھۇجۇم نىشانى قىلدىم. يىلانلارمۇ بۇنى سىزىۋالغاندەك كۆكرەك قىسمىنى ئالاھىدە قوغداۋاتاتتى، مەنمۇ پەيىت تاپسىلا كۆكرەك قىسمىغا ھۇجۇم قىلاتتىم. شۇنداق قىلىپ بىرەر يىلاننىمۇ ئۆلتۈرەلمەستىنلا بىر سەپدىشىمىزدىن ئايرىلدۇق باشقىلارمۇ بۇ پاجىئەدىن چۆچۈگەن ئىدى. ئۇشتۇمتۇت بىر يىلان يەنە بىر سەپدىشىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ بىشىدىنلا چىشلىۋالدى شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىشى يىلاننىڭ ئىغىزىدا ئىدى. مەن پەيتتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھىس قىلىپ خەنجەرنى تىكلەپ تۇرۇپ يىلاننىڭ كۆكرەك قىسمىغا ئاستى تەرەپتىن قاتتىق سانجىدىم. يىلان

بىر تولغىنىش بىلەنلا كەينىگە قاتتىق سىلكىندى بىراق سەپدىشىمىزنىڭ باشسىز تېنى يەردە قانغا مىلەنگەن ھالدا تىپىرلاپ تۇراتتى. «بۇرادەرلەر ئاستىدىن كۆكرەك قىسمىغا ھۇجۇم قىلىڭلار!»مەن شۇنداق توۋلىغاچ يارىلانغان يىلاننىڭ بىخۇدلىقىدىن پايدىلىنىپ بويۇن قىسمىغا قاتتىق خەنجەر ئۇردۇم. بىشى ئۈزۈلگەن يىلان تېخىچە مىدىراۋاتاتتى بىراق بىزگە ئەمدى زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. يامان بولغىنى تېخى بەش يىلان بىزنى يۆتۈش ئۈچۈن چىشلىرىنى بىلەپ زەردە بىلەن ئېتىلاتتى ھەم قاراڭغۇلۇقمۇ كۆرۈش قۇۋۋىتىمىزگە تەسىر كۆرسۈتۈپ ھۇجۇم قىلىشىمىز ۋە قوغدىنىشىمىزغا زور خەتەرلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئىچىمدە كىرىپ كەتكەن سەپداشلىرىمىزنىڭ مۇشۇ پەيتتە چىقىپ قىلىشىنى تىلەيتتىم بىراق ئۇلاردىن ھېچقانداق سادا يوق ئىدى، ئۇلارنىڭمۇ خەتەرگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ھىس قىلىپ بولدۇم چۈنكى ئىچىگە كىرمەي تۇرۇپ ئۇچرىغان بۇ خەتە مەنچە بولغاندا ئىچىدىكى خەتەرگە ياماقمۇ بولامايتتى. «ئا!......»يېنىمدىلا ۋارقىرىغان بۇ ئاۋاز خىيالىمنى بۆلدى، چۆچۈپ قارىغىنىمدا يېنىمدىكى يەنە بىرسى يىلانغا زەردە بىلەن خەنجەر ئۇرىۋاتاتتى بىراق ئۇنىڭ پۇتى ئاللىبۇرۇن يىلاننىڭ ئىغىزىغا كىرىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭغىچە پاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر يىلاننىڭ قارنى بۆسۈلدى مىنىڭ يېقىن دوستۇم، چېلىششتا بىردىنبىر مەن بىلەن كۈچ ئېلىشالايدىغان ئابلا(قوتاز)بىر يىلاننى جىنىدىن جۇدا قىلغان ئىدى، ئۇ ناھايىتى بەستىلىك بولغاچقا قوتاز دەپ چاقىراتتۇق. ئۇ يىلانلار بىلەن تىركىشىۋەردى مەن يەنە بىر سەپدىشىمىزنى يىلاننىڭ ئىغىزىدىن تارتقاچ ئۇ يىلاننىڭ كۆز قىسمىغا قاتتىق قىلىچ ئۇردۇم، يىلان بىر خىل چىرقىراق ئاۋازدا تولغىشىپلا ئۇنى قويىۋەتتى بىراق قىلىچ ئۇنىڭ كۆزىدە قالغاچقا قورالسىز قالدىم. تارتىپ چىقىرىۋالغان سەپدىشىمنىڭ پۇتىمۇ يىلاننىڭ چىشىنىڭ زەربىسىدە تىتىلىپ كىرەككە كەلمەس بولۇپ قالغان ئىدى. ئابلا يىلانلارنى يىقىن كەلتۈرمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەرنى سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى باشسىز جەسەتنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى تېپىپ قايتىدىن قۇراللاندىم. ئەمدى بولسا ئەتراپ قاپقاراڭغۇ پەقەت يىلاننىڭ كۇشۇلدىغان ئاۋازىنى ۋە بەدىنىنىڭ غۇۋا سايىسىنىلا ئىلغا قىلالىدىم، ئۆزۈمنى شۇنداقلا تاشلاپ ياتاي دىدىمىيۇ بىراق جاندىن ۋاز كەچكۈم كەلمىدى ئەجەلسىز ئۆلۈپ كىتىشىمگە چىداپ تۇرالمىدىم، نەگە شىلتىۋاتىمەن نىمىگە تىگىۋاتىدۇ ئاڭقىرالمايتتىم. توساتتىن بىر نەرسە پۇتۇمنى شۇنداق قاتتىق چىشلىدىكى ئاغرىق پۇتۇمدىن كىرىپ مىڭەمدىن چىقىپ كەتتى. شۇندا پۇتۇمنى چىشلىگەن نەرسىنىڭ بىشىغا توختىماي قىلىچ ئۇردۇم بىراق تاشقا ئۇرىۋاتقاندەك قاڭقىپ كىتەتتى، ئۇنى سىيلىدىم دەرۋەقە بىر يىلان پۇتۇمدىن چىشلىۋالغان ئىدى مەن جان جەھلىم بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە خەنجەر ئۇرىۋەردىم ئاغرىق مىنى ناھايىتى قىيناۋاتاتتى توساتتىن يادىمغا بىلىمدىكى ياقۇت كۆزلۈك پىچاق كەلدىدە چاققانلىق بىلەن ئېلىپ بوغۇزىغا تىقىپ نەرىگىچە قولۇم يەتسە شۇيېرىگىچە تارتتىم. نەتىجىدە ئىغىزى ئاستا ئاستا بوشىدى مەن پۇتۇمنى ئاجرىتىۋالغاندىن كىيىن خەنجەرگە دىيىنىپ تۇرىۋالدىم قاننىڭ ئىسسىقلىقىدىن

پۇتۇمدىن شۇرۇلداپ ئىقىۋاتقانلىقىنى سىزىپ تۇراتتىم ـ: «ئابلا...!» ـ: «مەن با!...ئۆزۈڭ قانداقراق؟ »ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھاياتلىقىنى بىلىپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى ھەمدە ئۆزۈمنىڭمۇ ياخشىلىقىنى ئېيتتىم. ئابلا ۋارقىراق ئاۋازدا ـ: «مەن يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىۋەتتىم ماڭا يىقىن تۇر يىراقلىشىپ كەتسەك ھايات قالمايمىز!»دىدى مەن پۇتۇمنى سۆرىگىنىمچە ئۇنى تېپىپ يۆلىنىۋالدىم بايىقى پۇتى ئىغىر يارىلانغىنى بولسا ھۇشىدىن كەتكەنمىكىن ھىچقانداق سادا چىقمايتتى توۋلاپ باقساممۇ جاۋاپ كەلمىدى. دىمەك ھازىر ھايات قالغاندىن ئىككىمىزلا قالغان ئىدۇق. يىلانلارنىڭ ئەڭ چوڭى بىلەن كۆزى يارىلانغىنى تىخى ئۆلمىگەن ئىدى قاراڭغۇلۇقتا ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. دەل شۇ پەيتتە تۇن قاراڭغۇسى بىردىنلا سۇزۇلۇپ قارا بۇلۇتلار تاراپ ئاينىڭ ئاپئاق شولىسى جاھاننى يورۇتۇشقا باشلىدى. بىز نەرسىلەرنى ئىلغا قىلغىنىمىزدا بولسا قان ئىچىدە باشسىز ياتقان بىر جەسەت يىراقتىراق ئۈزۈلگەن بىر باش، ئۇنىڭ يىنىدا سوزۇلۇپ ياتقان بىشى ئۈزۈلگەن يىلان، يىنىمدا پۇتىنىڭ گۆشى چوتلا شۇلىۋىتىلگەن، قانغا مىلەنگەن ھالدا دۇم يىتىپ قالغان سەپدىشىمىز تۇراتتى. ئەتراپقا يەنە قايتا باشتىن نەزەر سىلىشقا باشلىدىم، قارنى چۇۋۇلغان، بەدىنىدىن توختىماي بىر خىل يىشىل سۇيۇقلۇق چىقىۋاتقان يىلانلار سوزۇلۇپ تۇراتتى. نەزىرىمنى تىخىمۇ يىراققىراق تاشلىغىنىمدا چۆچۈپ كەتتىم، چۈنكى بىزدىن ئون مىتىرچە يىراقتا يىرىم ھەزىم قىلىنغان ھالدىكى پۈتۈن بەدىنى ئېقىپ كەتكەن يەنە بىر سەپدىشىمىزنىڭ جەسىدى تۇراتتى. يىلان ئۇنى تولۇق ھەزىم قىلمايلا قۇسۇپ چىقىرۋەتكەن بولۇپ بۇنىڭدىن يەنە ئۇۋ نىشانى ئىزدەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەن ئابلاغا يۆلىنىپ ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم ئەتراپ بىر قىتىملىق قانلىق چوڭ ئۇرۇش بولغاندەك جەسەتلەر بىلەن تولغان ئىدى بىز ئىچىدىكىلەرنى ساقلاشتىن ئۇمىد ئۈزۈپ قايتماقچى بولدۇق بىراق پۇتى ئىغىر يارىلانغان سەپدىشىمىز تىخى ھۇشسىز ياتاتتى، ئۇنى بۇنداقلا قويۇپ قويۇشقا ۋىجدانىم يول قويمىدى شۇڭا ئابلاغا دەپ ئۇنى يۆدىۋىلىشىنى مەن ئۆزۈم ماڭىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئابلامۇ ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئۇنى يۆدىۋالدى بىز تىخى خەتەردىن قۇتۇلمىغان بولۇپ مەن كۆزىگە خەنجەر ئۇرغان يىلان بىلەن ئەڭ ئالدىدا كۆرگەن چوڭ يىلان تىخى ھايات ئىدى يەنە كىلىپ ئۇلار ئۇن ـ تىنسىز غايىپ بولغان ئىدى. بىز ھارغىنلىق ئىلكىدە ئاستا قەدەملەر بىلەن چىقىش ئىغىزىغا قاراپ يول ئالدۇق ئەلۋەتتە خەتەر تىخى ئۆتۈپ كەتمىگەچكە ھۇشيارلىقىنىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدۇق. ئالاھەزەل خىلى يول مىڭىپ چىقىش ئىغىزىغا نەچچە يۈز مىتىرلا قالغان ئىدى، مىڭىۋاتقاچ ئۆزىچىلا پۇتلىرىم كالۋالىشقا باشلىدى. تۇرۇپلا چۈش كۆرىۋاتقاندەك بولۇپ قالاتتىم تۇرۇپلا پۇتلۇرۇم ئۆزۈمگە بويسۇنماستىن دەلدەڭشىپ كىتەتتىم. ئابلا مەندىن ئەنسىرىگەندەك «سەن قانداراق ماڭالامسەن؟ » دەپ سورىدى، مەن ماڭالايدىغىنىمنى ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدىم بىراق بىر يىقىلىپ بىر قوپۇپ دىگۈدەك كىتىپ باراتتىم ئابلامۇ پات ـ پات يۆلىۋالاتتى. تەلىيىمىزگە بىردىنلا سۇزۇلۇپ جاھاننى كىچە يورۇقىغا چىقارغان ئايدىڭ يولىمىزنى يورۇتۇپ بىرىۋاتاتتى، ئابلا كۆتۈرىۋالغان

سەپەدىشىمىز تىخىچە ھۇشىغا كەلمىگەن بولۇپ زىيادە قانسىراپ كەتكەچكە ئەمدى ئۈنىڭ ھۇشىغا كىلىش كىلەلمەسلىكىنى بىزمۇ بىر نەرسە دىيەلمەيتۈق، بىراق نەپسى تىخى توختىمىغاچقا ئۈنى بۇنداقلا تاشلاپ قويۇش نامەردلىكتىن چىقاتتى. مانا چىقىش ئېغىزىغىمۇ نەچچە ئون مىتىر قالدى ئارىلىق قىسقارغانسىرى ھاياتلىققا شۇنچىلىك ئىشەنچ باغلاۋاتاتتىم گەرچە يارىلانغان بولسامۇ ئۇ مەن ئۈچۈن ھىچ قانچە گەپ ئەمەس ئىدى. پەقەت مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن جەم بولالايدىغىنىمدىن خۇشال ئىدىم. «ئابلا كۆردۈڭمۇ چىقىش ئېغىزىغا كەپتۇق جاڭگالدىن چىقىپ كەتسەكلا ھاياتىمىز ئامان قالىدۇ!»دىدىم مەن ئابلاغا ھاياجانلىنىپ. ئۇمۇ گىپىمنى قوللاپ«كۆردۈم، كۆردۈم!......بىراق جاڭگالدىن چىقىۋالغۇچە سالامەت بولساقلا بولاتتىغۇ!»دەپ قىتىپ قويىدى. دىمىسىمۇ ئەتراپتا بۆرىلەرنىڭ پات ـ پات ھۇۋۇلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ يولنى مەغرىپتىن مەشرىققە ماڭغاندەك شۇنداق تەستە داۋام قىلىپ ئاخىرى خارابىيلىقتىن جاڭگالغا ھايان چىقىۋالدۇق بىراق مەن بارغانسىرى بولالمايۋاتاتتىم، كاللام رۇدىمىتلىنىپ چۈش بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالغان ئىدىم، تۇرۇپلا خىيالىي سىزىم پەيدا بولۇپ يۇلغۇنلار پۈتۈن بەدىنىنى موي قاپلىغان چوڭ گىگانىت مەخلۇقتەك كۆرۈنۈپ كىتەتتى، يەنە بىردەمدە ئىسىمگە كىلەتتىم. يەنە تۇرۇپلا گىگانىت يىلان ماڭا ئىتىلىپ كىلەتتى بۇنداق چاغدا نەچچە قىتىم كەينىمگە داجىپ يىقىلىپ چۈشەتتىم. شۇنداق شىرىن ئۇيقۇم كىلىپ كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كىتەتتى زورىغا يۇماي تۇرىۋالسامۇ مەلۇم بىر كۈچ كۆزلىرىمنى يۇمدۇرىۋىتەتتى. بىر كەمدە ئابلانىڭ مىنى ئەنسىزلىك بىلەن توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، خۇمالاشقان كۆزلىرىمنى ئاران تەستە ئىچىپ ئۈنىڭغا قارىدىم بىراق ئۇ بىر نەرسە بىلەن ئىلىشىۋاتاتتى. بەلكىم خاتا سىزىم تۇپەيلى بولسا كىرەك، مىدىراي دىسەممۇ بەدىنىمدە جان دەيدىغاندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. مەن يەنىلا شۇ چۈش بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا تىڭىرقىغان ھالدا ياتاتتىم كۆزلىرىم يەنە ئۇيقۇغا كىتىپ باراتتى. شۇندا ئابلانىڭ ناھايىتى چىڭ ئاۋازدا مىنى توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ سەل ئىسىمگە كەلگەندەك بولدۇم ئابلا بولسا مەلۇم بىر نەرسىلەر بىلەن ئىلىشقىنىچە ماڭا دەرھال تۆپىلىككە قاراپ مىڭىشىمنى ھىچنىمە بىلەن كارىم بولماسلىقىنى ئىيتىپ ۋارقىراۋاتاتتى، مەن نىمە ئىش بولغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدىم پەقەت بارلىق كۈچۈم بىلەن تۆپىلىك تەرەپكە ئۆمىلەشكە باشلىدىم. قانچىلىك ئىلگىرلىيەلىگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن، ئابلا تەرەپتە نىمە ئىشلار بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. پەقەت ئۆزۈمنىڭ تۆپىلىككە قاراپ مىڭىۋاتقىنىمنىلا غۇۋۋا ھىس قىلالايمەن. شۇ تاپتا نەشە چەككەن بەڭگىدەك خىيالىي سىزىم ئىچىدە ئۆمىلەپ يۈرۈپ قەتئىي بولالماي كۆزلۈرۈم ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلدى!.........سىڭلىمكام بىشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ قاباھەتلىك ۋەقەنى سۆزلەپ بولۇپ بىرنى ئۇھسىنىپ قويىدى. مەن ـ: ئەمىسە كىيىن قانداق بولدى، ئابلاكام بىلەن يەنە بىر سەپەدىشىڭىزچۇ؟ ...دەپ سورىدىم. سىڭلىمكام بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كىيىن ـ: مەھەللە ئاقساقىلى بىزدىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئىكەن، شۇڭا شۇ ئەتراپقا

بىرىپ باقاي دىگەن ئوي بىلەن تۆپىلىككە كەپتۇ ۋە مېنىڭ نىمجان ھالدا ياتقىنىمنى كۆرۈپ دەرھال يېنىمغا كەپتۇ مەندىن قالغانلارنى سورىغان بولسىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاپقا ئېرىشەلمىگەچ دەرھال ئۆيىگە ئېلىپ كىتىپتۇ ھەمدە قالغانلارنى ئىزدەپ بىقىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەسلىدە مەن يىلاننىڭ زەھىرى تۈپەيلى بىھۇشلىنىپ قالغان ئىكەنمەن، زەھەر ياندۇرۇش دورىلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ھاياتىمنى ساقلاپ قاپتۇ. مەن ئويغانغاندا بولسا يۇرت ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىدە ياتاتتىم، ئويغۇنۇپلا ئابلا ۋە قالغانلارنى سورۇدۇم. يۇرت ئاقساقىلى ئېچىنغان ھالدا ـ: ئوغلۇم مەن بارغاندا تۆپىلىكتە سەن يالغۇزلا ھۇشسىز يېتىپتىكەنسەن قالغانلارنى سورىسام جاۋاپ بىرەلمىدىڭ شۇڭا ئەھۋالىڭنى كۆزدە تۇتۇپ دەرھال ياندۇرۇپ كىلىپ قالغانلارنى ئىزدىگىلى ئادەم ئەۋەتكەن. بىراق ئۇلار گۆشلىرى يېيىلىپ پەقەت ئىسكىلىتىلا قالغان جەسەتتىن بىرنى ئاندىن بىر پىچاق بىلەن بىردانە خەنجەرنىلا ئېلىپ كەپتۇ، باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىكەن!......دىدى. مەن ئۆكۈنگەن ھالدا ئۆيەرگە بىرىپ يولۇققان تالاپەتلىرىمىزنىڭ ھەممىنى ئېيتىپ بەردىم ۋە شۇ چاغدا ئابلانىڭمۇ زەخمىسىز ھالدا مەن بىلەن بىرگە جاڭگالغا قېچىپ چىققىنىمىزنى پۈتى ئېغىر يارىلانغان يەنە بىر سەبدىشىمىزنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتتىم. بىراق ئاقساقال جەسەتتىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ بايقالمىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە بۇ ياقۇت كۆزلۈك پىچىغىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. شۇندىلا زەھەرلىنىپ خىيالىي سىزىم پەيدا بولغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدىم، ئابلا شۇ چاغدا نىمە بىلەن ئېلىشىۋاتقان بولغىيدى، يىلان ياكى بۆرە؟ ......نىمە بىلەن ئېلىشىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە مىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا قەرىزدار!........دەپ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلارنى ئاققۇزدى. مەن سىپىلمىكامغا تەسەللىي بەردىم، ئۇ يىشنى سۈرتىۋىتىپ يوتىسىنى ئېچىپ ماڭا كۆرسەتكەچ ـ: كۆردۈڭمۇ مانا بۇ ھېلىقى يىلاننىڭ چىشىنىڭ ئىزى!......دىدى. قارىماققا تۆتتال چىشىنىڭ ئىزى بولۇپ خىلى يوغان ئويمان تاتۇقلار قەپ قالغان ئىدى. ـ: ئەينى چاغدا گۆش تىشىلىپ يىلاننىڭ چىشى ئۆتۈشۈپ كىتىپتىكەن ھازىر گۆش ئۆسۈپ مۇشۇنداقراق بولۇپ تاتۇق قالدى.........دەپ قىتىپ قويدى. سىپىلمىكامىمۇ ھىكايىسىنى ئېيتىپ ھارغان بولۇپ«ئەمدى ئۇخلا ئەتە قوپالمايسەن»دىدىدە يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇيقۇغا كەتتى، مەن بولسام سىپىلمىكامنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتىم. گەرچە ئۇنداق خەتەرلەرگە يولۇقۇپ باقمىغان بولسامىمۇ سىپىلمىكام بىلەن ئابلا ئاكامغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئۇيقۇمىمۇ كەلگەن ئىدى شۇڭا كۆزلىرىمنى ئاستا يۇمۇپ خىيالەن قەدىمى خارابىلىققا يول ئالدىم!.........

تەۋەككۈلچىلەر(1 ـ باب 6 ـ قىسىم)

كۆز ئالدىمدا قەدىمى شەھەر خارابىلىقى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئىمىنىڭ كۆچىدىنكىن ئاستا ـ ئاستا خارابىلىققا قاراپ يول ئالدىم، بىراق كۆز ئالدىمدا نامايان بولغىنى سىپىلمىكام دىگەندەك چوڭ دەرۋازا بولماستىن بەلكى قويۇق كەتكەن ئورمانلىق ئىدى. ئورماننىڭ ئىچىدىن

نىمىلەرنىڭدۇر ئەنسىز ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنچە تەشۋىشلىنىپ قورقۇپ تۇرسامۇ بىراق پۇت قوللىرىمنى باشقۇرالمىغان ھالدا ئۇرمان تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم، خىيالىمدا ئۇرمان ئىچىدە قانداق يىڭىلىق، قانداق خەتەرلەرنىڭ بارلىقىغا قىزىقىپ قالغان ئىدىم. ھەرخىل ئۆسكەن دەرەخلەر كىشىگە خۇددى قوللىرىنى سوزۇپ كىلىۋاتقان بەدبەشىرە مەخلۇقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇرمان ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى كۈزەتكەچ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدىم، توساتتىن بىرتوپ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا پاراڭلاشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. «توۋا، بۇ يەردە ئادەم زاتى يوق دەۋاتاتتى نەدىن كەلگەن كىشىلەردۇ بۇ؟ »قىزىقىپ ئاستا ئاۋاز چىققان تەرەپكە ماڭدىم. بىراق كۆرگىنىم ئادەم بولماستىن تۆت بەشتەك جەسەت ئىدى. ـ: «ھە ھە، چۇشە!...ھىي چىدىماس سەن چۇشمەيسە ئاۋۇ چۇشىدۇ. قانداق دىگەن!........»ئۇلار شۇنداق دىيىشكەچ قارت ئويناۋاتاتتى. ئاردىن بىرسى ـ: ھەي باللا ئۇزۇن بولدى ئادەم كەممىگىلى بىرە قىتىم تويۇپ ئادەم گۆشى يىگەن ۋاقلىرىمنى ئەسلىيەلمەيمەن جۇمۇ!ئوتقا تاۋلاپ، پارچىلاپ، قارنىنى يىرىپ دىگۈدەك يىسە ئادەم ناھايىتى راھەتلىنىپ كىتىدۇ جۇمۇ!.....دىدى يوق لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ. يەنە بىرسى ئۇنىڭ بىشىغا بىرنى قويۇپ ـ: نەدىكى يوق گەپنى قىلمىغىناۋە!...قورساق ئىچىپ تارتىشىپ كىتىۋاتقاندا ئادەم گۆشىنىڭلا گىپىنى قىلىدىغان نىمىكەنسەن، گەپ قىلماي قارتىڭنى ئوينىغىنە!......ـ: دىمىسىمۇ راستىقۇ، ئۇزۇن بولدى بىرەرسى ئىزىپ بىر كەپ باقمىدى. ئالدىدا كەلگەنلەرنى شۇنداق مەززە قىلىپ يەۋاپتىكەنمىز ھە، غەنىيمەت كۈنلەرتىدە ئۇ!...ھەي راس ئالتۇن پالتۇندىن ئازراق ئىلىپ بىرىپ توزاق قۇرۇپ قويساق ئۇلار قىزىقىپ كىلىدۇ شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى تۇتۇپ كىلىپ تازا بىر مەززە قىلىپ يىمەيمىزمۇ؟ ...ماۋۇ سوغۇق سەيگە بەك ئۇستا زاكوسكىللىرى پەچەت دىگىنە، ھى ھى ھى!.....ئۇ شالۋاقلىرىنى ئىقىتىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى. قورسۇقۇم ئىچىپ دىگەن سۆزىگە تاس قالدىم كۈلىۋەتكىلى، چۈنكى ئۇلاردا نە قورساق نە گۆشتىن ئەسەر بولسا نىم دەپ بىرەي!.....قىززىق ئىش!...ئۇلار خۇددى بىزدەكلا سۆزلەيدىكىنا گەپلىرىمۇ شۇنداق راۋان، ئىنىق چۇشىنەلەيدىكەنمەن تىخى!...... ـ: ھىي بىرەر نەرسىنى پۇرىدىڭلارمۇ؟ ........ ئاردىن بىرسىنىڭ تۇيۇقسىز دىگەن گىپىدىن ھەممىسى جىمىقىشتى. ـ: نىمە دەيسەن؟ ... نىمە پۇراق، بىرەسى ئىشتانىغا چىقىرۋەتمىگەندۇ؟ ...... قوپىشە گۇيلا ھەممىڭ كەينىڭنى ئۆرۈش تەكشۈرىمە!...... دىسەم دىمىسەم سىنىڭ ئىشىڭغۇ دەيمە، بۇدا كەلگەندە كۆتۈڭگە قوۋزاق تۇتىۋال جۇمۇ ئادەمنى ھارام قىلماي!........... دىدى جۇغى چوڭراق بىرسى ۋىجىك قورۇلۇپ قالغان بىرىگە. تىخى«ئادەمنى ھارام قىلماي دەيدا، ھا ھا ھا!» بايىقى جەسەت يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى ـ: ياق، ھىي قىسە سەنمۇ بىردەم! ......... ئادەمنىڭ ھىدىنى پۇرىمىدىڭلارما، سىزىمىمگە ئاساسلانغاندا چوقۇم ئادەمنىڭ پۇرىقى!......... بىرسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ـ: بۇرنۇڭغا قۇرت سىيىپ قويمىغاندۇ؟ نەدىكى ئادەمنىڭ گىپىنى دەيسەن، بۇ يەرگە ئادەم كەلمىگىلى نەچچە يىل بولۇپ كەتكەن تۇرسا نەدىكى ئادەمنىڭ پۇرىقىكەن!......... ساراڭ!...........ـ: راست دەۋاتىمەن،

بىلىسىلەغۇ مىنىڭ پۇراق ئايرىش سىزىمىم ھەممىڭلاردىن يۇقۇرى. ئۇ چوقۇم ئادەم بولۇشى مۇمكىن، بىرەرسى ئىزىپ كىلىپ قالغان بولسا بۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟ ... ئالدىنقى جەسەت ئۇنىڭ سۆزىنى پىسەنتىگە ئالمىغان ھالدا ـ: ئالدى بىلەن سىنىڭ كۆزۈڭنى تىڭىپ قويىلى، ئاندىن قويۇپ بەرگەن يىلىمىزنى بىر پەرق قىپ باقە سەن!... كىم قانداق يەل قويۇپ بىرىدۇ!........... بەدىنىڭنىڭ سىسىق پۇرىقىدا بۇنۇڭ پۇتەي بوپ قالغان نىمە ئادەمنىڭ ھىدىنى پۇرىيالامسەن تىخى؟ چىك ئاي، بولدى ئويۇنىنى ھارام قىلدىڭ جۇرىشە ئۆڭكۈرگە كىرىپ بىرە يىلاننى ياكى ئۆمۈچۈكنى تۇتۇپ قورساق باقىلى!...... دىگەچ ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يول ئالدى. يىنىدا تۇرغانلارمۇ «يەنە ئۆمۈچۈك بىلەن يىلان يەمدۇق؟ » دەپ قاقشاپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇ جەسەت ـ: «ئەمىسە چىقىرىندى يەمتىڭ ئۇلارنى يىمەي، مىڭىشە ساراڭ گۇيلا!» دەپ قويۇپ يولىنى داۋام قىلدى. سۆزى ئىلىك ئىلىنمىغاندىن كيىن قايىل بولمىغان جەسەت بىر نەرسىنى پۇراپ ئاستا مەن تەرەپكە كىلىشكە باشلىدى، مەنمۇ چاقىقانلىق بىلەن دەرەخكە يامىشىپلا تىنماي تۇرىۋالدىم. ئۇ دەرەخنىڭ ئاستى تەرىپىگە كىلىپ ئۇيان ـ بۇيانلارنى كۆزىتىۋەتكەندىن كيىن كەينىگە يىنىپ ئالدىدىكىلەرگە ئەگىشىپ ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. مەن سەل ئىككىلىنىپ يەنە بىردەم دەرەخ ئۇستىدە تۇردۇم ئاندىن بىخەتەرلىككە كۆزۈم يەتكەندىن كيىن ئاستا دەرەختىن چۈشۈپ ئۇلار كىرىپ كەتكەن قويۇق ئورمانلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. بۇ ئورمانلىق شۇنداق سۇرلۇك بولۇپ جىمجىت تۇرۇپلا ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ سەت چىرقىراشلىرى، قۇشلارنىڭ ئەنسىز سايراپ پاتپاراق ئۇچۇشلىرى ئادەمنى قورقۇتۇپ جىننى جاڭگالدا قوياتتى. ھەممە ئەتراپقا قورقۇنچ بىلەن قاراپ مىڭىپ ئۆزۈممۇ بىلمەيلا بىر چوڭ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كىلىپ قالدىم، ئىچى تەرەپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشقا ياققا ماڭاي دىدىمىيۇ بۇ ئۆڭكۈردە قانداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بىقىش ئۇچۇن ئاستا ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىغا كەلدىم. بىراق قانداقلا قارىسام بۇ ئۆڭكۈر ماڭا غەلىتىلا تۇيۇلىۋاتاتتى، سىرتتىن چۈشىۋاتقان يورۇقلۇق ئۆڭكۈر ئىچىنى ئازىراق بولسىمۇ يورۇتۇپ تۇرىشى كىرەكتىغۇ قانداقسىگە قاپقاراڭغۇ بولىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۆڭكۈر ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ مىدىراۋاتقانلىقىنى سىزىپ قالدىم قەدىمىمنى پاراتتىن ئۆتۈۋاتقان ئەسكەرلەردەك شاپپىدە توختاتتىم. ياق ياق!مەن خاتا كۆرمىگەن ئىدىم راستىنلا قاراڭغۇلۇق مىدىراپ سىرىت تەرەپكە ئىغىۋاتاتتى، ئاھ خۇدا، نىمە ئىش بۇ!......... كۆرگىنىم قاراڭغۇلۇق بولماستىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىنى بىر ئالغان غايەت زور بىر قارا ئىيىق ئىدى. ئۇ بىرەر نەرسىنىڭ ھىدىنى ئالدىمۇ ئەيتاۋۇر يوغان كىلەڭسىز بەدەنلىرىنى سىرىتقا تارتىۋاتاتتى، يۈرۈكۈم ئىغىپ نىمە قىلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم......... توغرا قىچىش كىرەك!... بىراق نەگە قاچامە، بۇ يەرگە ئەمدى كىرگەن تۇرسام ھىچيەرنى بىلمىسەم تىخى!...... مەن ئۆز ـ ئۆزۈم بىلەن شۇنداق پاراڭلىشىۋاتقاندا قارا ئىيىق ئاللىقاچان ئۆڭكۈردىن چىقىپ شالۋاقلىرىنى ئىقىتقىنىچە ماڭا خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ـ:

«ۋاي ئانامەي، قۇتقۇزۇڭلا!»دىگىنىمچە ئالدى كەينىمگە قارىماستىن بەدەر قاچتىم، ئىيىقمۇ تاپ باستۇرماي قوغلاپ كىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن دەرەخ بىرتال يىڭى ئۇنگەن بىخقا ئوخشاش ناھايىتى ئاجىز ئىدى، ئۇ ئۇسكەن ھەرقانداق دەرەخ قاراسلاپ سۇنۇپ گۈلدۈرلەپ يىقىلاتتى، ئەسلى دەرەخ كەسكىنى سالىدىغان گۈيتىكەن!........... ھازىرقى قىچىشىمدا ئالدىمغا ئەڭ يۇگۈرۈك توشقانلارنى قويۇپ بەرسىمۇ تۇتىۋىلىشىم مۇقەررەر ئىدى، جاننىڭ تاتلىقلىقىدا ئىشقىلىپ بۇ زور مەخلۇققا تۇتۇلۇپ قالمىغىنىمنىڭ ئۆزىبىر مۆجىزە ئىدى، لىكىن ئۇنىڭدىن تىخىچە قۇتۇلالمايۋاتاتتىم. بىز قوغلىشىپ خىلى كەڭ كۆلەمدىكى ئورمانلىقنى ۋايران قىلىپ بولدۇق بىراق يا ئۇ قوغلاشتىن ۋاز كەچمەيتتى يا مەن قىچىشتىن. قىززىق نىمىكەن بۇ مىنى تۇتىۋالسىمۇ بەربىر قۇچقاچ يىگەندەك ھىسىياتتا بولىدۇ نىمە قىلىدۇ دەيمە قوغلاۋىرىپ، ئويلىغانسىرى ئاچچىقىم كىلىپ قىچىۋاتقاچ ئارقامغا پات ـ پات قاراپ ئۇنى تىلللىۋالاتتىم، ئۇمۇ گەپلىرىمنى چۈشەنگەندەك غەزەپلىك ھۆركىرەپ تىخىمۇ جان جەھلى بىلەن قوغلايتتى. شۇنداق تىركىشىپ بىر يەرگە كەلگەندە بىرسى تۇتىۋالغاندەك جايىمدىن قەتئىي مىدىرلىيالمىدىم بىراق پۇتۇم تىخىچە يۇگۈرىۋاتاتتى، ئالاقىزادىلىك بىلەن كەينىمگە قارىغان ئىدىم قارا ئىيىقمۇ شۇنداق غەزەپ بىلەن يۇگۈرىۋاتاتتى بىراق ماڭا يىتەلمىدى. ـ: «تووۋا، نىمە ئىش بۇ؟ پۇتۇم شۇنداق يۇگۈرۈك بىراق ئۆزۈم نىمىشقا جايىمدىن قىمىرلىيالمايمەن، كەلمەيدىغان يەرگە كەپ قالدىممۇ نىمە!...» شۇنداق ئويلاپ ئۆزۈمنى يەرگە ئاتتىم... نىمانچە قاتتىق يەر بۇ، بوشراق ئاتقان بولسام نىم بولار ئىدىم دەيمە!... يەر بەك قاتتىق بولغاچقا پۇتۇن ئەزەيىم چىقىلىپ كەتكەندەك ئاغرىۋاتاتتى، نىمە ئامال دەيسىز... بۇ قانخور مەخلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەدەنلىرىم ئاغرىپ تۇرسىمۇ چىداپ يەردە ئۆمۈلەپ يۈرۈپ ئۇنىڭدىن خىلى يىراقلىشىۋالدىم ئاندىن سەل دىمىمنى ئىلىۋىلىپ بىر تاشقا شۇنداق يۆلىنىۋىشىم بىلەن تەڭ تاشنىڭ ئىچىگە كەينىچە موللاق ئاتقان پىتى كىرىپ كەتتىم، بىراق بۇ ھەممە يىرى پۇتەي تاشنىڭ ئىچىگە قانداق كىرىپ كەتكىنىم ماڭا نامەلۇم. نىمىشقىكىن تاشنىڭ ئىچى شۇنداق سىسىق پۇرايتتى، پۇتۇمنىڭ يەرگە پىتىپ كىتىشىدىن تاشنىڭ ئىچىنى پاتقاقتەك ھىس قىلدىم بىراق نىمە ئامال قارا ئىيىقتىن قۇتۇلىدىغانلا بولسام پاتقاق ئەمەس زەيكەشلىككە كىرىۋىلىشقىمۇ رازى ئىدىم. شۇندا تاشنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قارا ئىيىقنىڭ جاھاننى تىترەتكۈدەك ھۆركىرىگىنىنى ئاڭلاپ يۈرۈكۈم ئىغىزىمغا تىقىلىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازى تاشنىڭ سىرتىدىلا ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ تاشنى ئاچمىمەن دىدى بولغاي ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاشنى جىجايتتى، ئۇسسۇپ باقاتتى، تاشنى قومۇرۇش ئۈچۈنمۇ تىركىشىپ باقتى بىراق قەتئىي مىدىرلىتالمىغاندىن كىيىن ۋاز كەچتى بولغاي ئىغىر خىرىلدىغان ھالدا ئاستا كىتىپ قالدى. ئۇنىڭ يەنە ھىيلە ئىشلىتىپ مەن چىققاندىن كىيىن يوشۇرۇنغان يىرىدىن چىقىپلا مىنى پارچىلاپ يەۋىتىشىدىن قورقۇپ خىلى ئۇزۇنغىچە جىمجىت تۇرىۋالدىم، شۇ تاپتا يۈرۈكۈمنىڭ ئەنسىز سوقۇشى سەل بىسىققاچقا بۇ مۇھىتتا مەنلا ئەمەس باشقىلارنىڭمۇ بارلىقىنى ھىس قىلىپ قالدىم. چۈنكى بىر تىنسام ئۈچ

بولۇپ چىقاتتى، ئەمدى بولسا«بۆرىنىڭ ئىغىزىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلدۇم»دىگەندەك ئىش بولغان ئىدى. بىرمۇنچە كۈچۈمنى سەرپ ئىتىپ ئۇ سەت ئىيىقتىن قۇتۇلسام ئەمدى بۇ نىمە نەرسىدۇ؟ ... شۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە يۈرۈكۈم يەنە سىلىشقا باشلىدى، چوڭقۇر بىر نەپەس ئىلىۋىلىپ نەپسىمنى قىسىپ تۇرىۋالدىم ئەمدى بولسا بايىقى قوش تىنىقمۇ يوق ئىدى «ئۆزۈمنىڭ تىنىقىم بولسا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتتىمىيا؟ » شۇنداق ئويلاپ تۇرىشىمغا قۇلاق تۈۋىمدىلا بىرسى قىقىلىپ كەتتى ـ: «ھۆھھۆ!ھۆھھۆ!......... ، ھىي قايسىڭ سەن ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىشە تۇنجۇقتۇراي دىگەنمىدىڭ مىنى!...» ئايلىنىپ كىتەي دەپ قالغان بولسامۇ بىراق يەنىلا ئۆزۈمنى زورلاپ ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىگە ئۆزۈمنى ئىشەندۈردۈم، چۈنكى باشقا ئامال يوقتە جەسەت دەپ ئويلىۋالسام چوقۇم ئۆلۈپ قىلىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئاۋۋال تاشنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ قويۇشنى ئاندىن كىم ئىكەنلىكىمنى تەبىيلا بىلىپ قالىدىغىنىنى ئىيتتىم ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا ـ: نىملەرنى دەيدىغانسەن، بۇنىڭ قانداق ئىچىلىدىغىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ شۇنىڭغا قارىغاندا مۇساپىر ئوخشىماسەن!... ئۇنىڭ ھەممە ئادەم دىگىنىنى ئاڭلاپ راستىنلا ئادەم زاتى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم ھەمدە ھاياجاندا ـ: ھەئە ئاكا مەن مۇساپىرتىم ئۇقۇشمايلا بۇيەرگە كىلىپ قاپتىمەن تاس قالدىم ئۆلۈپ قالغىلى!... دەپ سۆزلەپ كەتتىم ئۇمۇ جاۋابەن ـ: ھەي يەنە نەچچە قىتىم ئۆلەي دىگەنتىڭ، بۇدا ئەمدى ئۆلمەيسەن قارا ئىيىقنىڭ قارنىغا پارچىلانغان ھالدا كىرىپ كىتسەن!..... ئۇنىڭ گەپلىرى سەل ئوخشمايۋاتاتتى، «قانچە قىتىم ئۆلەتتىڭ دەيدا؟ » شۇندا يەنە قايتا باشتىن يۈرۈكۈم سىلىشقا باشلىدى ـ: ھە...... ھە؟ ...... ئا...ئاكا...... مىنى ئاۋۋال چىقىرىپ قويىسىڭىز...بو...بوپتىكەن!... ـ: ۋاي مانا ماۋۇيەدە ئىشىكى!... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە مەن كەينىچە موللاق ئىتىپ كىرىپ كەتكەن يەرنى شۇنداقلا ئىتتىرىۋىدى ئىچىلىپ سىرىتتىن يۇرۇقلۇق چۈشۈپ كۆزلىرىمنى چاقنىتىۋەتتى مەن كۆزۈمنى ئۇۋۇلىغاچ سىرىتقا ئۆمۈلەپ چىقىپ پۈتۈن يىرىمنىڭ لايغا مىلەنگىنىنى كۆردۈم. «ئەستا ما پىشكەلچىلىكنى، نەدە يۈيامەن ئۆزۈمنى!»دەپ ئويلاپ تۇرسام ئىچىدىكىلەردىن بىرى ـ: ما قولۇمدىن تارتىۋالە چىقالمىدىم!......دىگەچ قولىنى سوزدى. «ئاااااااااااااااااااااااااااا!» ئۆزۈمنى باسالماي ۋارقىراپ تاشلىدىم، چۈنكى ماڭا سوزۇلغىنى چىرىپ كەتكەن بىر قول ئىدى. مەن ۋارقىرىغاندىن كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا قىچىشىمغا كەينىمدىكى دەرەخكە قاتتىق سوقۇلۇپ كۆزلىرىمدىن ئوت چىكەتتى، باشلىرىم پىرقىراپ ھاۋادا ئۈچۈشقا باشلىدىم. «كاساپەت!بايا بۇ دەرەخ يوقتەك قىلاتتىغۇ!»............. قانچىلىك ۋاقىتتىن كىيىن ھوشۇمغا كەلگىنىمنى بىلمەيمەن بىراق ئويغانغاندا بولسا بىر ۋەيرانە ئۆينىڭ ئىچىدە ياتاتتىم، باشلىرىم قاتتىق ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى، ئۆي ئىچى نىمىنىڭ يورۇقلۇقىدىنكىنتاك غۇۋا يوروپ تۇراتتى. يىنىمدا كىملەردۇر مەن توغۇرلۇق مۇنازىرلىشىۋاتاتتى ـ: ھەي بىچارە، خىلى ھىرىپ كىتىپتىكەن تاشنىڭ ئىچىدىن چىقىپلا ئۇخلاپ قالدى دىسە!......يەنە بىرسى ـ: شۇنى دىگىنە، كالىدەك ئۇخلايدىغان نىمكەن بۇ،

بۇنداق ئۇخلىسا ئالتە كۈندىلا ھېلىقى سەت قارا ئىيىققا يەم بولىدۇ بۇ!........ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن مېنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمنى تېخى سەزمىگەنلىكىنى بىلدىم، چۈنكى سىزىپ قالغان بولسا مەن ئۇلارنىڭ ياتىدىغان يېرىدە ئەمەس بەلكى قورسىقىدا ياتقان بولاتتىم. بېشىمنى تۇتۇپ ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەلەتىگە قاراپلا يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىۋەتتىم «ئاااااااااااااااااا!!» ئۇلارنىڭ تەلەتى خۇددى كىرورەندىن تېپىۋېلىنغان مومىيالارغىلا ئوخشايتتى. ئادەم قېقى دەمتۇقما؟ ئىشقىلىپ ئاشتا........ ئۇلار ۋارقىراپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىپ سورىدى ـ: نېمىگە ۋارقىرايسەن هوي! قارا ئىيىقنىڭ بىزنى تېپىۋېلىپ يەۋېتىشىنى خالايدىغان ئوخشىمامسەن؟ ... ئۇلارنىڭ گېپىدىن تېخى مېنى بايقىيالمىغىنى يادىمغا كېلىپ ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋېلىپ كىرىلگەچ ـ: هەي ياقەي، ئەسنەۋاتىمەن!...دېدىم. ئاردىكى بىر جەسەت ـ: قوقۇپ كەتكەن مايمۇندەك چىرايلىرىڭنى پۈرۈشتۈرۈپ ئەسنىمەي قولۇڭدا توسۇۋېلىپ ئەسنىسەڭ بولمامدۇ، ئاۋازىڭ ئىيىقنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسىلا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ كۈنىگە قالىمىز؟ ... ئۇنىڭ گېپىدىن ئەجەپلىنىپ سورىدىم ـ: ئۆمۈچۈك قانداق كۈنگە قاپتىكەن؟ ... ئۇ جاۋاپىنىڭ ئورنىغا قوش مۇشتۇمچىلىك كېلىدىغان، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆرىۋاتقان ناھايىتى يوغان بىر ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتلىرىنى بىر بىرلەپ ئۈزۈپ ئېلىپ مەززە قىلىپ يەپ بولۇپ ـ: مانا مۇشۇنداق كۈنگە!...... دەپ قوشۇپ قويدى. شۇ تاپتا قۇرۇق نەچچىنى يۇتۇپ بولدۇم، ئۆمۈچۈك ئۇنىڭ قولىنى زەردە بىلەن چىشلەۋاتقان بولسىمۇ جەسەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى ئەكسىچە بېشىنى ئۈزۈپلا كاراسلىتىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھەركەتلىرىدىن توختەتلىرىم ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. ـ: هە ئالە قورسىقىڭ ئاچقاندۇ! ...... ئۇ شۇنداق دەپلا يوغان يەنە بىر ئۆمۈچۈكنى كۆزئالدىمغىلا تەڭلىدى. قانداق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن بىراق بىر سەكرىگەن پېتى قېچىپ سىرتتقا چىقىپ بوپتىمەن ئىسىمگە كېلىپ قارىغىنىمدا بولسا بىز تۇرغان جاي چوڭ بىر قەبرىستانلىق بولۇپ بايىدىن بىرى شۇنىڭ ئارىسىدىكى ھەجمى چوڭراق بىر قەبرىدە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىكەنمەن. تىخمۇ قورقۇپ كىتىپ قاچماقچى بولۇپ تۇرىشىمغا قارا ئىيىقنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ھۆركىرىگىنىنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قالدىم شۇندا بىرى چىقىپ كەلدى ـ: هوي سەكرىگۈچ، نىمىش قىلىۋاتىسەن بۇ يەردە باشقىلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ!... يىنىپ كىرە ھېلى باكا ئوزۇققا ئايلىنىسەن!...... قەتئىي كىرگۈم يوق بولسىمۇ قارا ئىيىقتىن قورقۇپ ئامالسىز يەنە قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم، چۈنكى ئۇلار ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلمىگەچكە ۋاقتىنچە بىخەتەر ئىدىم. ئىچىگە كىرگىنىمدە ئۇلار ماڭا ھەيرانلىقتا قاراپ تۇرىشاتتى شۇڭا ـ: ھايات ۋاقتىمدا ئۆمۈچۈكتىن بەك قورقاتتىم، شۇڭا هازىرمۇ ئۇنى كۆرسەم كۆڭلۇم ئېلىشىدۇ!...... دەپ چۈشەندۇردۇم ئۇلارمۇ ئارتۇق سۆزلىمەي بېشىنى لىڭشىتىشتى. ئاردىن بىرى ـ: ئۇسسىغانسەن ئالە يامغۇر سۈيى!... دەپ بىر جاۋۇر سۇنى ماڭا تەڭلىدى. ئۇسساپ كەتكەچكىمىكىن ئارتۇق ئويلىمايلا جاۋۇرنى قولۇمغا ئېلىپ ئىچەي دەپ تۇرۇشۇمغا سۇنىڭ شولىسىدىكى چىرايىنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن يەنە بىرلا سەكرەپ

تورۇسقا بىرنى ئۇسسۇپ چۈشكەن پىتى جايىمغا ئولتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى سۈنىڭ يۈزىدە چاچلىرى پاخپايغان، چىرايلىرى قاپقارا، چىشلىرى چاچ تارايدىغان تارغاقتەك بولۇپ كەتكەن بىر چىراي ماڭا قاراپ تۇراتتى. چۆچۈپ كەتكەن بىرى ۋارقىراپ كەتتىمـ: نىمە يانتاق قىستۇرىۋالغان ئىشەكتەك چىچاڭشىۋىرىسە! سىنى قۇتقۇزىۋالغىنىمىز گۇناھ بولدىمۇ بىزگە، ما مىنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن!... مىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ ـ: كە...كەچۈرۈڭ بىلمەيدىكەنمەن، سىز... سىز قانداق ئۆلگەن؟ ... ـ: ئۇھ!........... يۈرەك كىسىلى بىلەن...... ئۇنىڭ ۋارقىراپ كىتىشى بىكار ئەمەسكەندە، يۈرەك كىسىلى بىلەن ئۆلۈپتۇ بىچارە!...... مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىمـ: ياق ماۋۇ سۇدا بىرنەرسىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. ـ: ساراڭ تاز !...... بارىڭ چۈشمەمدۇ شولىغا، ئۆزۈڭنى دۇنيا گۈزىلى دەپ قالغانمىدىڭ؟ ...... ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شولىدىكىسىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى ھىس قىلدىم، شۇنداق سەتلىشىپ كەتكىنىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى شۇڭا ئاستا چىشلىرىمنى تۇتۇپ باقتىم...... ئاھ خۇدا، راستىنلا مەن ئىكەنمەنغۇ؟ ... ئەسلى دەرەخكە ئۇسسۇپ ئايلىنىپ كەتكەندە چىشلىرىمنىمۇ تۆكۈپ ئۆلگۈرگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ مىنى بايقىيالماسلىقى بىكار ئەمەسكەندە! ئارىدىن بىرى دىققىتىمنى بۇزدى ـ: ئۇخلىغىنە بولدى كەچكىچە چىشىڭنى ساناپ ئولتۇرماي، ئەتە ئۆتكۈر قىلىپ تۆتتال چىش سىپ قويااي بىر نەرسە يىگەندە قىينالمايسەن، يەنە چىشىڭ يوقلىقىدىن مەيۈسلەنمەيسەن!...... ـ: بۇ دىگىنىڭىزگىغۇ رەھمەت بىراق سىز چىشچىما؟ ـ: ئاپ!......... ئۇخلىغىنەۋە سۇ تاپانچىسى جىق گەپ قىلماي! ... يەنە سوئال سورىغۇم بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ تەلەتىدىن قورقۇپ ئاستا بىقىنداپ كىلىپ جەسەتلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياتتىم. نىمە، قورقمىدىڭمۇ دەمسىز؟ ... قورقۇشنىغۇ قورقتۇم لىكىن كاللامدەك كىلىدىغان ئۆمۈچۈك، ئادەمنى تىرىك يۇتىدىغان يىلانلارغا قارىغاندا مىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمنى تىخى سەزمىگەن بۇ جەسەتلەر بىخەتەررەك ئىدى!.........

تەۋەككۈلچىلەر(1 ـ باب 7 ـ قىسىم)

ـ قەھرىمان!...... ھاي قەھرىمان ئوغلۇم، قېنى سەن!......... قەھرىمان!.......... توساتتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كەتتىم، قارىماققا سىڭلىمكامنىڭ ئاۋازىدەك قىلامدۇ نىمە؟ ... تىخىمۇ سىنچىلاپ ئاڭلىغىنىمدا سىڭلىمكامنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم، ئۇ مىنى ئىزدەپ خارابىيلىقتا كەلگەندەك قىلاتتى. ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا بولسا بىر قىرى دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئىدىم، ئىلگىرى قانداق ۋەقەلەر يۈز بەردى ھىچقايسى ئىسىمدە يوق ئىدى. شۇندا ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، قارىماققا ئاۋاز بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. ـ: سىڭلىمكا بۇ سىزمۇ؟ ... مەن بۇ يەردە، مانا مەن سىڭلىمكا!... شۇنداق دىگەچ ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم ئاۋاز، يىقىنلاشقانسىرى ئىنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى. بىردەمدىن كىيىن سىڭلىمكام ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەلدى ھەمدە مەن بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ـ:

ۋاي قەھرىمان بالام نىمانداق ئادەمنى ئەنسىرىتىسەن دەيمە!... بۇ نەس باسقۇر يەرگە كەلمە دىسەم يەنە كەپسەنغۇ يۇرە ئۆيگە قايتىپ كىتەيلى ئۆزۈك يالغۇز يۈرۈپ قورققانسەن، ھەرھالدا ھايات ئىكەنسەن خۇداغا شۈكرى!... دىگەچ بىللە ئىلىپ ماڭدى. مەنمۇ بۇيەرگە قانداق كىلىپ قالغىنىمنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ۋە بۇ خارابىلىقتا يولۇققان ئىسىمدە قالغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردىم، سىلىمكام ماڭا ھىسداشلىق قىلغاچ يول باشلاپ كىتىۋاتاتتى. ۋۇي توغرا ئەمەسقۇ!........ گەپ بىلەن بولۇپ كىتىپ سىلىمكام بىلەن قەيەرگە كىتىۋاتقىنىمنىمۇ ھىس قىلماپتىمەن دىسە!... بىز خارابىلىقتىن چىقىش ئەمەس بەلكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كىتىپ باراتتۇق، ئىسىمگە كىلىپ توختىۋالدىم سىلىمكام توختىۋالغىنىمنى كۆرۈپ ـ: توختاپ قالدىڭغۇ ماڭمامسەن، بۇيەردىن تىزرەك چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ!... دىدى قولۇمدىن تارتقاچ.

ـ: سىلىمكا، بىز چىقىپ كىتەمدۇق كىرىپ كىتەمدۇق؟ ـ: ئەلۋەتتە چىقىپ كىتىمىزدە؟

ـ: ئەمىسە ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئىچكىرلەپ كىرىپ كىتىۋاتىمىزغۇ، بۇ يەردە قانداقمۇ چىقىش ئىغىزى بولسۇن. بولدى مەن ماڭمايمەن ئەڭ ياخشىسى پىشكەلچىلىككە ئۇچقىغىچە بۇيەردىن تىزرەك چىقىپ كىتىلى سىلىمكا!... مەن شۇنداق دىگەچ سىلىمكامنىڭ قولىنى سىرتقا تارتتىم بىراق سىلىمكام جاھىللىق بىلەن يەنىلا ئىچىگە سۆرەۋاتاتتى. ـ: ماڭە دەيمەن، چىقىپ كىتىدىغان يەر مۇشۇ تەرەپتە!... تىز ماڭ دىدىم ھىلى باكا!...... سىلىمكامنىڭ پوزىتسىيسى بىراقلا ئۆزگىتىشكە باشلىدى، بۇنىڭدىن بىنورماللىق ھىس قىلىپ دەرھال قولۇمنى ئاجرىتىشقا ئۇرۇندۇم. سىلىمكام ـ: نىمە، قاچماقچىمۇ سەن؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ئاران دىگەندە بۇيەرگە ئىلىپ كەلگەن ئىكەنمەن ئەمدى سىنى قاچۇرۇپ قويمايمەن قورسۇقۇممۇ ئىچىپ تۇراتتى ھى ھى ھى!......... دىگەچ مىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆڭكۈرگە سۆرەشكە باشلىدى. ئەمدى بولسا سىلىمكامنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈرۈپ بىر مەخلۇقنىڭ ئىسكەتىگە كىرىپ قالدى ئۆزگەرگەندىمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا ئادەم قاراپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جانىنىڭ تاتلىقلىقىدا ئۇنىڭغا بوش كەلمەي تىركىشىۋاتاتتىم بىراق ئۇنىڭ كۈچى مىنىڭدىن ئۈستۈن كىلىپ خىلى يەرگىچە سۆرەپ ئەكىرىپ كىتىپ بولدى. مانا بارغانسىرى قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كىتىۋاتماقتا بىز، ئەجىلىممۇ يىقىنلىشىپلا قالغاندەك تۇيغۇدا بولىۋاتاتتىم بۇ غالجىر مەخلۇقتىن قۇتۇلالىشىم مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ پەقەت بىر مەخلۇقنىڭ مىنى سۆرەپ كىتىۋاتقانلىقىنىلا ھىس قىلالايتىم، شۇنداق سۆرۈلۈپ دىگۈدەك كىتىۋاتقىنىمدا كەڭرەك كەلگەن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر يەرگە كەلگەندە مەخلۇق مىنى زەردە بىلەن تارتىپلا ئىچىگە يۇمۇلىتىۋەتتى. مەن بولسام ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قاراشقا باشلىدىم، ئەتراپنىڭ ھەممە يىرى قۇرۇق ئۇستىخان بىلەن تولغان بولۇپ گاھىلىرى ئادەمنىڭ، گاھىلىرى ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ئىدى. شۇندىلا بايىدىن بىرى مىنى ئالداپ بۇ يەرگە ئەكەلگەن ساختا «سىلىمكام» نىڭ ئادەتتىكى مەخلۇق ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىپ يەتتىم. قاچاي دىدىمىۇ

لېكىن بۇ قاپقاقنى ئۆزگەرتىپ قانداق قىلىپ چىقىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم. مېنى ئەگەرگەن مەخلۇق بولسا ئاللىقانداقتۇر بىر نىمىلەرنى قىلىۋاتاتتى بەلكىم قىچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلگەچكە مەن بىلەن ھازىرچە كارى بولمىغان بولسا كېرەك!... توساتتىن يىنىمدىراق يەردىن ناھايىتى ئاجىز ھەم خۇنۇك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ــ: مېنى قۇتقۇزىۋىلىڭ! ............ چۆچۈپ يىنىمغا قاراپلا ۋارقىراپ دىدىمىۇ بىراق مەخلۇقنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىزىمنى چىڭ ئېتىۋالدىم. مەندىن بىر نەچچە مېتىر يىراقتىكى قاراڭغۇلۇقتا بىرسىنىڭ قانغا بويالغان ھالدا تامغا يۆلۈنۈپ ئولتۇرغىنىنى ئىلغا قىلدىم. مەخلۇق ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى بەلكىم بىر نەرسىنى يەۋاتقان بولسا كېرەك، تۇرۇپ تۇرۇپلا شالاپ ــ شۇلۇپ، قاراس ــ قۇرۇس ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن سەل دىلغۇلچىلىقتا مەخلۇققا قاراپ قويۇپ ئاستاغىنا ئۇكىشىنىڭ تۇۋىگە باردىم، دەرۋەقە ئۇ بىر ئادەم بولۇپ كۆكرىكىدىكى يىرىلغان يەردىن قان ئېقىپ تۇراتتى، ئۇ ماڭا قاراپ ناھايىتى بوش ئاۋازدا بىچارىلىك بىلەن ــ: مېنى قۇت... قۇزىۋىلىڭ!...... دىگەن سۆزنى ئاران دىيەلىدى. ئۇنىڭ ھايات قالالمايدىغانلىقى ماڭا ئايان بولغاچقا يۈرۈكۈم پۇچۇلىنىپ كەتتى، بىراق زورىغا ــ: «ئەنسىرىمەڭ سىزنى چوقۇم قۇتقۇزىۋالىمەن!...» دەپ ئازراق تەسەللىي بىرىپ قويدۇم، ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگەن بىلەن مىنىڭ كۆنۈمىمۇ چاغلىق ئىدى. توساتتىن مەخلۇق خىرىلدىغىنىچە بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى يۈرۈكۈم قاتتىق سىلىپ جىددىيلىشىشلە باشلىدىم. شۇ تاپتا ماڭا ھۇجۇم قىلسا قانداق قوغدىنىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتىم شۇڭا سىيلاپ يۈرۈپ ئەتراپىمدا تۇرغان ئۇستىخانلاردىن بىجىرىمرەك كەلگەنلىرىنى تۇيدۇرماي كەينى تەرىپىمگە يوشۇرىۋالدىم. مەخلۇق كىلىپلا يىنىمدىكى نىمجان بولۇپ قالغان كىشىنىڭ چېچىدىن يۇلۇپلا كۆتۈردى جىنى قىينالغان ئۇ كىشى ئاجىز ئاۋازلىرى بىلەن توختىماي ــ: مېنى قۇتقۇزىۋىلىڭ، مېنى قۇتقۇزىۋىلىڭ!............ دەپ نىدا قىلاتتى. شۇ دەقىقىدە مەخلۇق قولىنى كۆتۈرۈپ بىرلا شىلتىۋىدى ئۇ كىشىنىڭ بىشى مەخلۇقنىڭ قولىدا تىنى بولسا گۈپپىدە يەرگە يىقىلدى. مەخلۇق دەرھال ئۈزۈلگەن باشنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئىقىۋاتقان قاننى ئاچكۆزلەرە ئىچىشكە باشلىدى. جەسەتنىڭ تىنى تىخىچە يىنىك مىدىراۋاتاتتى، كۆز ئالدىمدا يۈز بىرىۋاتقان بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ جىنىم چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى كۆڭلۈمدە «بۇ قانخور مەخلۇق جەسەتنى يەپ بولسىلا نۆۋەت ماڭا كىلىدىكەندە!» دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭغىچە مەخلۇق جەسەتنىڭ قىنىنى ئىچىپمۇ بولغان ئىدى ۋە قانسىراپ رەڭگى تاتارغان باش جەسەتنى يەرگە تاشلىدى. يەرگە چۈشكەن باش جەسەت ماڭا قارىغان ھالەتتە تۇراتتى، يۈرۈكۈمنى تىخىمۇ ئاغدۇرىۋەتكىنى بولسا باش جەسەت خۇنۇك كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە ــ: «مېنى قۇتقۇزىۋىلىڭ، مېنى قۇتقۇزىۋىلىڭ!...» دەۋاتاتتى. ئەمدى قەتئىي چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى مەخلۇقنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ يوغان بەردەم كەلگەن بىر سۆگەكنى ئىلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن نەق چېكىسىگە بىرنى سالدىم، زەردە بىلەن ئۇرۇلغاچقا يۈزىنىڭ يىرىمى

پۇتۇنلەي چۈۋۈلۈپ كەتتى بىراق يىرىم يۇزى شۇنداقلا بۇزۇلۇپ كەتكەن بۇ مەخلۇق تىخىمۇ غەزەپ بىلەن ئاستا ماڭا قاريدى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ ھايات قالمايدىغانلىقىمغا جەزىم قىلدىم. ئۇ شۇنداق سەت قارىغىنىچە خىلى تۇرغاندىن كېيىن شۇنداق سەت كۈلدىكى... ھەتتا بايا تولغىشىپ ياتقان باشسىز جەسەت، باش جەسەت، ئۇستىخان پارچىللىرى ئىشقىلىپ ئۆڭكۈر ئىچىدىكى ھەممە نەرسە قوراشتۇرۇلۇپ ئۆز شەكلىگە كىلىپ مەخلۇق بىلەن تەڭ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلۈشىدىن چىكىلىرىم چاراسلاپ ئاغرىپ خۇددى مىڭەم يېرىلىپلا كېتىدىغاندەك بوپ كەتتىم. شۇ ئاغرىقتا قۇلىقىمنى چىڭ ئېتىۋالغان باركۈچۈم بىلەن ۋارقىراپ ئۆزۈمنى ئۆڭكۈرنىڭ تىمىغا قاتتىق ئۇستۇم. قۇلاق تۈۋىمدە بولسا مەخلۇقنىڭ ــ : «سەن قاچالمايسەن!سىنى ئۆلتۈرىۋىتىمەن، سىنى چوقۇم ئۆلتۈرىۋىتىمەن!ھا ھا ھا ھا!......» دىگەن ئاۋازلار جاراڭلاپ تۇراتتى

ــ : «ياااااااااااااااق!......» ۋارقىراپلا ئويغۇنۇپ كەتتىم. قاتتىق تەرلەپ كەتكىنىمدىن ياتقان كۆرپىلەرمۇ يۇيۇپ ئېلىپلا سىلىپ قويغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئىغىر تىنغاچ ئەتراپىمغا قارىدىم، ھىلىھەم تىخى سىلىمكامنىڭ ئۆيىدىن ھىچ يەرگە بارمىغان بولۇپ ئاخشام سىلىمكام ئىيتىپ بەرگەن ۋەقەنى ئويلاپ يىتىپ مىڭەمگە تەسىر قىلىپ كەتكەچكە شۇنداق قورقۇنۇچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ كەتكەن ئىكەنمەن. ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى بەختەر تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ھەم چوڭقۇر بىرنى تىنىۋالدىم. ھىلىدىن بىرى ھەركىتىمنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا قاراپ تۇرغان سىلىمكام ــ : ھوي قەھرىمانجان ياخشىمۇ ئۆزۈڭ؟ ...... دەپ سورىدى. چالا ئۇيقۇلۇقتا سىلىمكامغا قاراپ چۆچۈپ ۋارقىراپ كەتتىم.

ــ : «ئاااااااااااا!......» چۈنكى سۇپىدا ئات باشلىق بىر مەخلۇق ماڭا قاراپ بىر نىملەرنى كۆشەۋاتاتتى. قورقىنىمدىن كۆزلىرىمنى نەچچە ئۇۋلاپ تامغا نەچچىنى ئۇسسۇپ بولدۇم، يەنە ئۇيقۇم ئىچىلمىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قولۇمنى قاتتىق چىشلىدىم بىراق ھەممە ئاغرىق شۇنچىلىك ئىنىق ئىدى. ــ : ھوي بالىموي كىچىچە جىن ئاتلاپ قويمىغاندۇ سىنى، نىمانداق ئەمەسلا قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىسە!مىنى تونۇمىدىڭما، مەن سىلىمكاڭغۇ!........ سىلىمكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمنى قايتىدىن ئۇۋلىۋىتىپ سىنچىلاپ قارىدىم ئەسلى سىلىمكام سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئىپتىغا يەم بىرىۋاتقان ئىكەن ئەمەسمۇ، مەن ئۇيقۇچىلىقتا قوپۇپ ئاتنى كۆرۈپلا قوقۇپ بۇلۇڭغا قىچىپ بوپتىمەن. ئا ھايۋانىنىڭمۇ كۆزۈمنىڭ تۈيگە كىلىپ كۆشىگىچە نەراق بىرىپ يىسە بولمامدۇ دەيمەن بىرنىمىسىنى قاملاشمىغان!.............. شۇنچە قاباھەتلەرنىڭ چۈشۈم ئىكەنلىكىگە كۆڭلۈمدە ناھايىتى خۇشال بولدۇم، سىلىمكام بىلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كىتىۋىدىم سىلىمكامۇ ھەيرانلا قالدى، بەلكىم ساراڭ بولۇپ قالغىنىمدىن سەل گۇمانلىنىۋاتقان بولسا كىرەك، پات ــ پات «مىنى تونىغانسەن بالام؟ » دەپ قويياتتى. ئاندىن مىنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىمنى، ئۆيدىكىلىرىم..... ئىشقىلىپ خىلى جىق سۇئال سوراپ بولدى. دەسلەپتە جاۋاپ بىرىۋىرىپتىمە بىلمەي كىيىن دەررۇ يادىمدىن

كىچىپ ناھايىتى تىرىكىپ كەتتىم. ئەسلى مىنى ساراڭ بولۇپ قالغانمىدۇ دەپ ئەنسىرەپ سوئال سوراپتىكەن مەن بىلمەي جاۋاپ بىرىۋىرىپتىمەن دىسە، سىپلىمكامىنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كىيىن تىرىكىپ تاس قالدىم راسلا ساراڭ بوپ قالغىلى!... شۇنىڭ بىلەن سىپلىمكامىنىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاخشام كۆرگەن چۈشلىرىمنىڭ ئىسىمدە قالغىنىنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم، شۇندىلا ئەسلى ئەھۋالنى چۈشەنگەن سىپلىمكام قاھقاھلاپ كۈلۈپ كىتىپ ـ: ئەسلى مۇنداق ئىش دىگىنە، ياخشى چۈش ئاللاھ تەرەپتىن يامان چۈش شەيتان تەرەپتىن ھەم بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن بولىدۇ. شۇڭا ياخشى چۈش كۆرسەڭ شۈكرى ئېيت، يامان چۈش كۆرۈپ قالساڭ سول تەرىپىڭگە تۈكۈرىۋەت شەيتان قاچىدۇ!........ دەپ چۈشەندۈردى. مەن سىپلىمكامىنىڭ دىگىنى بويىچە ھاجەتكە چىققاچ سول تەرەپكە قاراپ تازا تۈكۈرىۋالدىم ـ: خىق...خىق تۈفى!........ ئەمدىغۇ كىلەلمەسسەن! كۆڭلۈمدە شەيتانغا تۈكۈرىۋالغىنىمدىن خۇشال ئىدىم، ھويلىغا يىنىپ كىلىپ يۈز قولۇمنى يۇيۇپ سىپلىمكام راسلاپ قويغان داستىخانغا كىلىپ مەزىلىك ئەتكەن چاي بىلەن ھوزۇرلۇنۇپ ناشتا قىلىۋاتاتتىم سىپلىمكامىنىڭ قوشنىسى ئۆمەركام ھاسىراپ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى ـ: سى.......سى.......سىپلىماخو!......ھۇھ ۋايەي!......... سىپلىماخۇن باما ئۆزلىرى؟ ...... ھىرىپ كەتكەنلىكىدىن تىنىقى يىتىشمەي گەپىنمۇ ئاران قىلىۋاتاتتى. سىپلىمكام ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىغا بارغاچ ـ: ھاي ھاي ئۆمىراخۇن نەپەس ئىلىۋىلىپ ئاندىن گەپ قىلىڭلا دەيمە، نىمە ئىش بولدى شۇنچىلا ئالدىراش يۈگۈرۈپ كىرگىدەك؟ ...... دەپ سورىدى ئۆمەركام بىلەن كۆرۈشكەچ. ئۆمەركام ـ: سىلى ساقمۇ سىپلىماخۇن، ئاۋۇ شەھەردىن كەلگەن بالامچۇ، ئىسمى نىمىتا؟ ھە ھە...قەھرىمانجان بالام تىنىچ ئاماندۇ؟ ...... ئۆمەركامىنىڭ باش ئايىقى يوقلا قىلغان سۆزلىرىدىن سىپلىمكام ھەيران قالدى ـ: ھەئە ھەممىمىز تىنچلىق، قانداق گەپ بولسا ھويلىغا كىرسىلە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكەچ دىيىشەرمىز، قىنى!......... سىپلىمكام ئۇنى باشلاپ ئايۋانغا كەلدى مەنمۇ سالاملىشىۋەتكەندىن كىيىن دۇئا قىلىۋىتىپ تىنچ ئامانلىق سوراشتۇق. ئىككىلىمىز ھەيرانلىقتا ئۆمەركامىنىڭ ئىغىزىغا قاراپ ئولتۇراتتۇق ئۇ ئۆزىگە قۇيۇلغان ئەتكەن چايدىن بىر ئوتلىۋىلىپ ـ: مۇنداق گەپ سىپلىماخۇن، تۈنۈگۈن بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھىلىقى تۇراپ باقتى باغۇ؟ ئاشۇ قۇرۇق يۇلغۇن كەسكىلى جاڭگالغا بىرىپتىكەن، كەسكەن يۇلغۇنلىرىنى باغلاپ تەييار قىلىپ بولغۇچە قاراڭغۇ بوپ كىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سەل سۈر بىسىپ تىز ـ تىز چالا بوغۇشلاپلا ئىشەككە ئارتىپ تۆپىلىككە چىقىۋاتقاندا تۇساتتىنلا سومكا ئارتىۋالغان بىرئىگىزرەك، بىر ئورتا بوي ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋۇ نەس باسقان خارابىلىقتا كىرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇنچە توۋلىغان بولسىمۇ ئۇلار كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن ئەكسىچە تىز ـ تىز مىڭىپ خارابىلىقتا كىرىپ كىتىپتۇدەك باراي دەپ بولۇپ قورقۇپ بارالماپتۇ، يا مەيەگە كەلگەندە مەھەللىدىكىلەرگە دىمەپتۇ گالۋاڭ تاز!شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەن ئولتاسام شۇنداق دەپ كىرىپتۇ ئۆيۈمگە. تۈنۈگۈن سىلەر شۇ تەرەپكە

بارىمىز دەۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتىڭلا شۇڭا بەكلا ئەنسىرەپ كەتتىپ شۇزامان يېنىڭلارغا كىرىشىمتى تىخى، ھەرنىمە بولسا ساق سالامەتكەنسىلەر ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم!...... دىگەچ يۈرىكىنى تۇتۇپ قويدى. سىلىمكام ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ ـ: سومكا ئاسقان دەمسىزا؟ ...... ئەمىسە يەنە بىرەر بايلىق ساراڭلىرى باي بولۇشنىڭ دەردىدە جانىنى تىكىپتۇدە، ھەي!...... ئەخمەق بولمىسا بولاتتى بولىدىغان ئىش بوپتۇ ئۇلارغا سالامەتلىك تىلەيلى!.........

دەپ دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى. بۇ ئىشلاردىن ئۇ قەدىمى خارابىلىقتىن زادى چىقىپ كىتىش مۇمكىن بولماسمۇ دىگەن ئوي خىيالىمدىن كەچتى. «خەپ، بىر كۈنلىرى ئۇ يەردىن ساق چىقىپ ھەممە ئادەمنى قايىل قىلماي قويمايمەن!» دەيتتىم ئىچىمدە. مەن ئۇيەرنىڭ بىر سىرى بارلىقىنى شۇ سىرنىڭ تىگىگە يىتەلىسىلا چىقىپ كىتىش مۇمكىنىدەك ھىس قىلاتتىم. ئۇنىڭدىن كىيىن خارابىلىق توغرىسىدا ئارتۇق پاراڭ بولۇنمىدى. ئۆمەركام بىزنى ئۆيىدە راسا بىر مىھمان قىلىۋالغاندىن كىيىن چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى، سىلىمكام يەنە ئۆي مىلىنى ئۆمەركامغا ئامانەت قىلىپ قويۇپ مىنى ئىلىپ ئۆيىمىزگە سەپەر قىلدۇق. گەرچە نەچچە كۈنلۈكلا ساياھەت بولسىمۇ بىراق مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ......

تەۋەككۇلچىلەر(1 ـ باب 8 ـ قىسىم)

نەچچە كۈنلۈك سەپەرنى تۈگىتىپ ئۆيىگىمۇ يىتىپ كەلدۇق، ئۆيدىكىلەرنىمۇ شۇنداق سېغىنغاچقا بىرىپلا ئۇلار بىلەن خىلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ كەتتىم. سىلىمكاملارمۇ تاماقتىن يىنىپ بىز بىلەن خوشلىشىپ يۇرتىغا قاراپ يول ئالدى، يۇرتتا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ ئانامغا ئىيتمىدى، ئانامنى خاتىرجەم قىلغىنىدىن سىلىمكامغا يەنە بىر قىتىم قايىل بولدۇم. ئۇلار كەتكەندىن كىيىن ئۆيدىكىلەر بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ سىلىمكاملارنىڭ يۇرتىدا ناھايىتى خۇشال ئوينىغىنىمنى قويماي سۆزلەپ بەردىم بىراق ھىلىقى قەدىمى خارابىلىق ۋە ئۇيەردە بولغان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىمىدىم چۈنكى ئانامنى خاتىرجەمسىز قىلىشنى خالىمايتتىم. ئۆيدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ بىكار بولغاندىن كىيىن ياتاق ئۆيۈمگە يىنىپ كىرىپ يەنە شۇ قەدىمى خارابىلىق توغرىسىدا خىيالغا چۆكتۈم. باشتىن ئاخىر ئۇ يەرگە بىر كىرىپ بىقىش ئارزۇيۇم بولغاچقا باشقا ئىشنى ئويلاشقىمۇ رايىم يوق، پەقەت ئۇ قەدىمى خارابىلىققا كىرىش ۋە قانداق قىلغاندا سالامەت چىقىش توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدىم. باشقىلارنى بىللە بىرىشقا چاقىراي دىدىمىۇ بىراق كىملەرنى چاقىرىشنى، ئۇنداق خەتەرلىك جايغا ھاياتىنى دوغا تىكىپ مەن بىلەن بىللە بىرىشقا كىملەرنىڭ قوشۇلىدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ... پەقەت ئۇيەرنىڭ ئىسمى ۋە پىشكەلچىلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىسىلا مەندىنمۇ ئون كۈنلۈك جايغا قاچىدىغانلىقىنىلا بىلەتتىم. ئالدىدا بارغاندا كۆرگەنلىرىم ھەم سىلىمكامنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ خارابىلىقنى ئانالىز قىلىشقا باشلىدىم ھەمدە كىتەرلىك ماتىريالالار توغرىسىدا ئىزدىنىشكە باشلىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمى خارابىلىقنىڭ سىرىنى

يەشكەچ ئۇ يەردىن ساق سالامەت چىقىدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىۋىلىش ئۈچۈن ئىدى. كاللامدا «چىقالماي شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن؟» دىگەن ئۇقۇم ئەسلا بولمىغاچقا، چوقۇم سالامەت چىقالايمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم. شۇنداق قىلىپ تەييارلىقلارمۇ بىردىن ئىككىگە كۆپىيىپ خىلى مۇكەممەللەشتى، ئەمدى بولسا ئەتراپىمدىكىلەرنى قايىل قىلىپ بىر كوللىكتىپ تەشكىللەشلا قالغان ئىدى. ئارىلىقتا نەچچە كۈن سەپەر تەييارلىقى قىلىمەن دەپ ئۆتۈپ كەتكەچكە دوسلار بىلەنمۇ كۆرۈشەلمەي قالغان ئىدىم شۇڭا بۇ پۇرسەتتە دوسلارنى يىغىپ ئۇلاردىن خارابىلىققا بىرىشنى خالايدىغانلارنى يىغماقچى بولۇپ بىر سورۇن تۈزدۈم. سورۇن ئادەتتىكىدەك بىلاچەك ... مىھمانغا چاقىرىش بولۇپ ئانامۇ مىھمان كىلىدىكەن دىسە داسقان يۇگەپ بارىدىغانلارنىڭ بىرى بولغاچقا قەۋەتلا خۇشال بولۇپ دوسلىرىمنىڭ كىلىشىنى ئىيتتى، تەييارلىقلار بىر قاتار تۈگەپ دوسلۇرۇممۇ بىر ئىككىدىن بولۇپ كىلىشكە باشلىدى. بىر ئازدىن كىيىن ھەممىسى يىغىلغان بولۇپ ئۆيىمىز خۇددى رىستۇرانلاردەك قىززىپ كەتكەن ئىدى، كۈلكە چاقچاق، ماختاشلار، ئۇزۇندىن كۆرۈشەلمىگەن دوسلار ئارا قىسقا پاراڭلار!......... ئىشقىلىپ بۈگۈن ئۆيىمىزدە ھەممە پاراڭ تىمىسىنى تاپقىلى بولاتتى، تاماقلار تاتىلىپ ئاردىن ناھايىتى گەپدان، قاڭشارلىق، قاپقارا كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇرىدىغان قوش قاپاق، ھەييارلىقتا داڭقى چىققان نىجات تاماقلاردىن يەۋەتقاچ سۆز قىستۇرۇپ قويىدى ـ: ھىممىم، ما تاماقلارنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى دەيمە!... ئانام رەھمىتىمۇ مۇشۇنداق ئوخشىتىپ تاماق قىلىدىغان دائىم سىزنىڭ تامىقىڭىزنى يىسەملا ئانام يادىمغا كىلىدۇ، قولىڭىز بەك تاتلىق جۇمۇ هاما!......... ئانام ـ: ۋۇي ماۋۇ شەيتاننىڭ ماختاخلىرىدىن ئۆرگىلەي، سەنمۇ ئۆزەمنىڭ ئوغلىدەكلا، قاچان كەلسەڭ تاماق ئىتىپ بىرىمەن كەلسەڭ بولىدۇ!...... ـ: ۋاھ ئۇنداق دەپ قالسىڭىز كۈندە كىلىۋىلىپ تاماق يەپ كىتىمەن جۇمۇ!... ـ: مەيلى، تىخى كۆپرەك كەلسەڭ خۇشال بولىمەن!... ئارىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى...... ئاق سىرىق كەلگەن بىزنىڭ «ئۆگىنىش ئۆلگىمىز» غىنى سۆز قىستۇرۇپ قويىدى ـ: ھەي نىجات، كۈندە كىلىڭ دەپ قويسا ئۆيدىكىلىرىڭنى باشلاپ كەلمەي جىما يەنە... ۋەت!...........

نىجات ـ: سەن ئەمەسۋە ئۆيدىكىلەر ئاز كەپ قالدى دەپ جەمەتىنى باشلاپ بارىدىغان... ۋەت!......... ئىككىسى بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەيتتى، بىراق نىجاتنىڭ گەپدانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولغاچقا غىنىنى بىسىپ تۇرىۋالدۇق. نىجات ـ: هاما رەنجىمەڭ جۇمۇ ئۇزۇن بوپتىكەن دوسلار بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ئەسرارلاشمىغىلى، شۇڭا چاقچاقلىشىپ قويدۇق ئەدەپسىز باللاركەن دەپ قالماڭ يەنە!... ئانام نىجاتنىڭ سۆزىگە رەددىيە بىرىپ ـ: ھەي شەيتان نىملەرنى دەپ يۈرىسە!... سەنمۇچۇ مىنىڭ ئالدىمدا ئۆز بالامدەك چوڭ بولغان، نىمە گەپ ئۇ رەنجىمەڭ دىگەن ھەممىڭلار ئۆز بالامدەك تۇرساڭلار!...... ئىلىۋىرىڭلار ھە! مەن ئاشخانىغا، چىقىپ باقاي!.........ئانام ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەندىن كىيىن نىجات كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ مەندىن سورىدى ـ: هوي پىتى قارىم، بۈگۈن ئەجەپ خوشلۇقۇڭ تۇتۇپ بىزنى زىياپەتكە

چاقىرىپ قاپىسەنغۇ، بىرە مەقسىدىڭ يوقتۇ ھە؟ مەن كۈلكەمنى يوشۇرالماي ـ: سەن... ھەي سىنىزە... خۇپسەن گاس بولۇۋىلىپ يەرنىڭ تېگىدە يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىپ تۇرىدىغان نىمىدە سەن!... باشقا مەقسىدىمۇ يوق شۇ ئۈزۈن بوپتىكەن كۆرۈشمىگىلى شۇڭا داستىخان ھازىرلاپ باللارنى بىر يەرگە يىغاي دەپ ئويلىدىمغۇ يامان بوپتىما؟ ...

ـ: بۇ ئىشىڭغۇ ياخشى بوپتۇ بىراق كەينىدىكى ئىشىڭنىڭ ياخشى يامانلىقى تېخى بىزگە نامەلۇم، شۇڭا جىنايىتىڭنى ۋاقتىدا ئىقرار قىلساڭ بولارمىكى!... دىگەچ ئەتراپتىكىلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويىدى. ئۇلارمۇ نىجاتنىڭ گىپىنى قوللىغاندەك ماڭا قاراپ پاقىراپ تۇراتتى. ـ: ھەي ماڭا بۇنداق قارىمىساڭلارچۇ!... دىسەممۇ دەي بىراق بۇ يەردە دىيىش ئەپسىز شۇڭا تاماقنى يەپ بولۇپ سىرتتا دىيىشسەك قانداق؟ ......... نىجات يەنە گەپدانلىق بىلەن ـ: ھوي ئادەمنى مانداق قوقاتمىڭا!...بانكا بۇلاشقا تەكلىپ قىلمايۋاتقانسەن بىزنى؟ ... خىلى ئاڭلىق، ياخشى ئادەمنىڭ بالىۋاقىللىرى جۇمۇ بىز، راسلا ئاندا يىرى بولسا مەن ئاستا قايتاي سەنمۇ دىمىگەن بول مەنمۇ ئاڭلىمىغان بولاي قانداق؟ ...... چىرايىمغا قاراپ بىر ئىشنى سەزگەن غىپنى نىجاتقا كايىدى ـ: ھوي قاچانغىچە كىچىك باللاردەك مىجەزىڭنى ئۆزگەرتمەيسەن!گەپنىڭ بىشى چىقماي تۇرۇپ ئىشتان سالماي جىم تۇرۇپ تۇرە ئاۋۋال قەھرىماننىڭ گەپلىرىنى بىر ئاڭلايلى!......... ھەممىمىز جىمىقىپ تاماقلارنى يىيىشكە باشلىدۇق، ئۇلار گىپىمنىڭ ئايىقىغا قىزىقىپ قالدىمۇ بايا سۆلھى سالا قىلىپ ئولتۇرغانلار ئەمدى بولسا بىر ـ بىرىگە قاراشقىمۇ كۆزى يوق تاماقلارنى تالىشىپ ئولتۇرۇپ يەۋاتاتتى. ئارىدا يەنە ئىغىزى قىچىشقان نىجات ئىخلاس بىلەن ئىغىزىغا لىققىدە توشقۇزۇپ تاماق يەۋاتقان ئۆزى بەستىلىك ئانچىكى ئىشلارغا پەرۋامۇ قىلىپ كەتمەيدىغان رۇسۇلغا چاقچاق ئاتتى ـ: ھوي دىۋە! نىمانداق يەيسەنوي تاماقنى؟ ئاستاراق يە، ھىلى گىلىڭغا كەپلىشىپ قىلىپ ئۆلەپ كەتسەڭ قەھرىماننىڭ مۇھىم گىپىنى ئاڭلىيالماي قالىسەن. يەنە ئاۋۋۇ تاماقنى يەۋرىپ ئىغىرلاپ كەتسەڭ مىيىتىڭنى كۆتۈرەلمەي يىلىمىز چىكەتمىسۇن!......... ئۆي ئىچىدە يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، رۇسۇلمۇ كۈلۈپ قويۇپ بوم ئاۋازلىرى بىلەن ـ: ماڭەۋا، سەندەك تاماق يىمەي ئاۋاق بولاپ قاغاندىن، جىق ـ جىق يەپ كۆتەكتەك تۇرغان ياخشى!..............

ـ: ئۆزۈڭمۇ كۆتەكتەكلا نىمە، قارا ئا بۇرنۇڭغا ياۋا بىخنىنى پۈتىۋەتكەندە قىپ قالغان كۆتىكىدەكلا، بويۇڭغا قارىسا ئۈزۈنىغا يوغانماي توغرىسىغا كەڭرىپ كەتكەن. بۇ تۇرقۇڭ سۆگەتنىڭ كۆتىكىدىن نىمە پەرقى!... ـ: ئۆزەڭچۇ، گۈلدەك بوپ كەتكەن چىرايىڭغا قاراپ باقماپسەندە!ئورۇقلۇقىڭنى نىمە دەي تېخى، بىر ئۇستەلنى جايلاپ كۆتۈرەلمەي بىلىك ئىگىلىپ كەتكىنىنى دەيمە جىماۋە ما باللىغا!............ ـ: جىك چىدىماس نىمىكەنسىناۋە، شۇ گەپنىمۇ باللىنىڭ ئالدىدا دەپ يۈرەمسە باشلانغۇچتىكى ئىشلارغۇ ئۇ، سەنمۇ ئىشتىنىڭغا سىيىپ قويغانتىڭغۇ باشلانغۇچتا كىمنىڭ يوق ئۇنداق ئىشلىرى!...تاۋيەن دىۋە!...... ئۇلارنىڭ قىززىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىمىزنى توختىتالماستىن كۈلۈپ كەتتۇق. ئۇنىڭغىچە ئانام

كىرىپ ـ : ۋوي ، بەك كۈلۈپ كېتىپسىلەرغۇ بايىلىق تېپىۋالمىغانسىلەر؟ ......... دەپ كۈلۈپ قويىدى . نىجات ـ : ياقەي ھاما، ئۇزۇن بوپتىكەن كۆرۈشمىگىلى شۇڭا ھازىرقى ۋاقتىمىز بىلەن بۇرۇنقى ۋاقتىمىزنى سېلىشتۇرۇپ شۇ!.............. ـ : ھە ، گەپ بىلەن بولۇپ ئىشتەيمۇ خىلى ئېچىلىپ قاپتىكەن ھە ، قاراڭلار بىردەمدە يەپ بولغىنىڭلارنى!......يەنە با ئەكىرەي جۇمۇ!... ئانام قۇرۇقدالغان قاچىلارنى ئالاي دېۋىدى نىجات توسۇپ قويىدى ـ : ياق ياق ھاما بولدى قىلىڭ ئەمدى . بىزنى قايتا كەلمەس قىلىۋېتەي دەمسىزا، يەۋرىپ قوساق پارتىلاپ كېتەي دىدى ئەمدى ئاستا سىزگە رەھمەت ئېيتىۋېتىپ سىرتتا تاماق سىڭدۈرىدىغان ئىشىمىز بار!......... ـ : ھە مۇنداق دەڭلا، ئەسلى سىرتقا قېچىپ بولالماي تىزلا يىغىشتۇرۇپسىلەدە بۇ تاماقلارنى؟ ۋۇ شەيتانلا.........سىرتقا چىقىشقا بولىدۇ بىراق قەھرىمان دوستۇڭلا پاتراق يېنىپ كىرمىسە بولمايدۇ جۇمۇ!............... ـ : خاتىرجەم بولىڭە ھاما، بىز ئۇنداق كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان ناچار ئادەملەرنىڭ بالاۋاقىسى ئەمەسقۇ ئوبدان بىلىسىز!......

ـ : سىنىڭ گەپدانلىقىڭغىغۇ ھىچكىشى تەڭ كېلەلمەسمىكىن دەيمەن ، بوپتۇ چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ پاتراق يېنىپ كىرىڭلار. تاماقتا زورلىسامۇ ئۇنىمىدىڭلار دۇئا قىلىڭلار ئەمسە!......... بىز ئۇزاقتىن دۇئا قىلىۋېتىپ ئانامغا رەھمەتلەرنى ئېيتىپ ئاستا سىرتقا قاراپ ماڭدۇق. سىرتقا چىققاندى كېيىن ھەممىسى مىنى ئارىغا ئېلىۋېلىشتى ئاندىن تاقەت قىلالمىغان نىجات ـ : ھە باي غوجام ئەمدىبى دىمەنلا قانداق ياخشى ئىشلار با بىزمۇ ئاڭلاپ قالىلى!......... ـ : باشقا ئىشمۇ يوق ، مەن يېقىندا بىر سىرلىق يەرگە بىرىپ كەلمەكچى شۇڭا سىلەردىن قوشۇلىدىغانلار بولسا سېپىمگە قىتىۋالاي دىگەن .

ـ : ماڭەۋە قادىخان!.........باش ئايىغى يوقلا بىر يەرگە بىرىپ كېلەي دىگەن سىلەردىن بارىدىغانلار بولسا!.........ۋاي قانداق سىرلىق يە دىمەمسە ئوچۇق قىلىپ ، ھېچنىمىنى بىلمەيلا سىنىڭ بىلەن سىرلىق دىگەن يىرىڭگە كىتىپ قايتىپ كېلەلمەي يوقاپ كەتسەك كۆرەڭ كارامەتنى!.........دىدى نىجات تىرىكىپ . مەن يەنە سۆز قاتتىم ـ : ئالدىرىماي تۇرمامسەن ھازىر دەيمەن ، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تاغامنىڭ يۇرتىغا بىرىپ ئويناپ كەلدىمغۇ؟ شۇ يەردە بىر كۆز يەتكۈسىز جاڭگال باركەن ئۇ جاڭگالدا بىر قەدىمى خارابىلىق بولۇپ بەك سىرلىقمىش، ئىشقىلىپ ئاڭلىغىنىمدا ئۇ يەرگە كىرىپ كەتكەنلەر تىخى چىقماپتۇدەك شۇڭا مەن بۇ كۆز قاراشنى بىراقلا چۆرۈپ تاشلاپ شۇ سىرلىق خارابىلىقنىڭ سىرىنى ئاچماقچى، نىمىشقا كىشىلەرنىڭ شۇ يەرگە كىرىپ كەتكەنچە قايتا چىقمايدىغانلىقىنى بىر بىلىپ باقماقچى. يۈرىكى بارلار سېپىمگە قىتىلىمەن دىسە تامامەن قارشى ئالىمەن قانداق؟ ......

ـ : ۋوجو، ۋوجوا!...سىيگىم كەپكەتتى سىيىپ كېلەي!...... خوش ھە باللا مىنى ساقلىماڭلا!...... نىجات شۇنداق دىگىنىچە ئاستا ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى ، ئەلۋەتتە مىنىڭ قوشونىمدا ئۇ بولمىسا بولمايتتى ، قارىماققا ئەستايىدىل ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان بۇ بۇرادىرىم ناھايىتى باتۇر، ئىشنى كىسىپ قىلىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى ، ھەتتا بەزىدە يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى

يەۋالغانمىدۇ دەپمۇ قالاتتىم. شۇڭا ئۇنى قولدىن بىرىپ قويغۇم كەلمەي دەرھاللا ئۇنىڭ يامان يىرىدىن تۇتتۇم ۋە قەستەنگە ئۇ ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ــ: ئاڭلىسام يەنە تىخى ئىچىدە نۇرغۇن ئالتۇن ــ كۈمۈش، ئۈنچە ــ مەرۋايىتلار بارمىش!... ئەگەر راستىنلا ئىچىگە كىرىپ سالامەتلا قايتىپ چىقالىساق بىردەمدىلا كاتتا بايلاردىن بولۇپ كىتىشىمىزدە گەپ يوق. مەن ئۇ يەرنى خىلى كۆزەتتىم ھەتتا ئۇردا ئالدىغىچە باردىم، كۆرگىنىم كىچىككىنە ئاق يەر يىلانلىرى خالاس، ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە بىرەر نەرسىنىمۇ بايقىمىدىم. مەن ئويلايمەن كىرگەنلەرنىڭ چىقالماسلىقىدىكى سەۋەب ئۇلار تەييارلىقنى ياخشى قىلماي‌لا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن بىراق مەن يەر شەكلىنى ئومدان كۆزۈتۈپ ھەممە كىتەرلىك ئالدىنى ئالىدىغان جابدۇق، سايمانلارنى تەق قىلىپ بولدۇم شۇ پەقەت ئۆزۈم يالغۇز بارسام كۆپ ئىشتا كاللا ئىشلىتەلمەسلىكىمدىن ئەنسىرىدىم شۇ، پەقەت بارغۇڭلار بولمىسا تاغام بىلەن بىرىۋىرىمە بولدى. ئەمدى شۇ ئاغىينە بولغاندىكىن يوشۇرماي دەپلا سىلەرگە دىدىمغۇ بۇ گەپنى...... زورلاش يوق!......گىپىمنىڭ بىشىنى ئاڭلاپلا توختاپ قالغان نىجات گىپىم تۈگىشى بىلەنلا ئاستا يىنىپ كىلىپ ئارىمىزغا قىتىلدى. رۇسۇل ــ: ھوي، سىگىنىڭ كەپكەتمىگەنمىتى ماڭە سىيىپ كىرىپ ئۇخلا، نىم با ساڭا بۇ يەردە!......... نىجات ــ: ئىششىڭنى قىلەۋە دىۋە!... سىيگىم قىچىپ كەتتى قانداق؟ ... قاچان سىيسەم نىم كارىڭ سەن يابى مىنىڭ دادامىتىڭ!......... ئىھ ھى ھى ھى! قەھرىمان ئاداش بايا نىم دىگەنتىڭ پەقەت ئاڭلىيالماي قالدىما؟ قايتا بىر دىگىنە، ئالتۇن ــ كۈمۈش دىگەندەك بىر گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىما، خاتا ئاڭلىدىممۇ توغرىمۇ؟ ...... نىجاتنىڭ ھىلىگەرلىك بىلەن ھجىيىپ تۇرۇپ دىگەن سۆزلىرىدىنلا ئۇنىڭ خارابىيلىقتىكى بايلىققا قىزىقىپ قالغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى ئەمدى ئۇ بارمايمەن دىيىشكە باھانە تاپالمايتتى. مەن چىرايىمنى ئۆزگەرتمەستىن ــ: شۇنداق، بىراق سەن بايا ئۆيگە ماڭدىم دەۋاتاتتىڭغۇ بۇنى سوراپ نىمە قىلىسەن؟ ... دىدىم چاندۇرماي. نىجات ــ: چىك ئاي، ئاداش!... ئۇ ماندا بىر چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان گەپلە، تىز دىگىنە راسلا ئاشۇنداق يەر بامىكەن؟ ــ: ھەئە مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلدىم، بىراق بەك خەتەرلىك يەر دىگىنە سىلەرنى ئىلىپ بىرىپ بىرەر ئىش چىقىپ قالسا مەسئۇلىيىتىدىن چىقالمايمەن شۇڭا بۇ گەپنى دىمىگەنلا بولاي، ياخشىسى ئۆزۈم بىرىپ سىرىنى ئىچىپلا كەلگىنىم تۈزۈككەن بولدى بولدى!......... مەن شۇنداق دىگەچ ئارقامغا يىنىۋىدىم باياتىن ئىپادە بىلدۈرمەي قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قولۇمغا ئىسىلىۋىلىشتى ــ: ھاي ئانداق قىلما دەيمە، ئاغىينە دىگەننى پاقپاق تۈگۈپ ئوينىغىلى بولمايدۇ، مۇشۇندا ئىشلاردا ئەسقاتمىز دەيمە، بىزمۇ يىنىڭدا ساڭا ھەمراھ قانداق ئىش بولسا تەڭ كۆرىمىز مانا!.......... ئۇلار بىردەمدىلا ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى، ئىچىمدە بۇ ئىشلارنىڭمۇ بەلەنلا تۈگىگەنلىكىدىن خۇشال ئىدىم. شۇڭا قالغان گەپنى ئەتە راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ ئاندىن دىيىششىنى ئىيتىپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە ماڭدىم. ئۇلار بولسا بۇ سىرلىق سۆزلىرىمگە قىزىقىپ قالدىمۇ غۇدۇرغىنىچە قىپ قالدى. ئەمدى بولسا ئۇلاردىن بارىدىغانلار تىزىملىكىنى ئايرىپ ياخشى

تەييارلىق قىلغۇزۇشلا ئىدى، شۇ تاپتا كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن قايتا باشتىن خارابىيلىقنى تەھلىل قىلىشقا باشلىدىم خىيالىمدا خارابىيلىقنىڭ ئىچىنى تەسۋىرلەيتتىم بىراق تۇرۇپلا خارابىيلىقتا يۈز بەرگەن قانلىق پاجىئەلەر ۋە سىلىمكام يولۇققان خەتەرلىك ئىشلار يادىمدىن كېچىپ ئۆتتۈپ ئۆزۈمنىڭ يۈزەكىيلا قىزىقىشىمنىڭ ئۆتتەك قىزغىنلىقتا بىللە بىرىشقا قوشۇلغان بۇ تەۋەككۇلچى دوسلىرىمغا بىرەر زەرەر يىتىپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كارۋىتىمغا تاشلانغىنىمچە چوڭقۇر ئويلارغا چۆكتۈم!................

تەۋەككۇلچىلەر(1 ـ باب 9 ـ قىسىم)

ئاخشام ئۇخلىماستىن بىر ئىشلارنى ئويلاپ ياتقاچقىمىكىن بۈگۈن بىرخىل ماغدۇرسىز قوپقان ئىدىم، ئاخىرى ئۆلارنى بىكاردىنلا ئوتقا ئىتتەرمەسلىك ئۈچۈن ناشتىلىقىمنى چالا قىلىپلا دىيىشكەن جايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. يولدا ماڭغاچمۇ مۇشۇ ھەقتە ئويلاپ مېڭىۋاتاتتىم. ـ : ھوي پۇل ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ يەرگە قاراپ مېڭىۋاتامسەن؟ ...... نىجاتنىڭ دىگەن سۆزىدىن دىققىتىم چېچىلدى. ئۇ كەينىمدىن كۈلۈپ كېلىۋاتاتتى، بىر قاتار ئەھۋاللىشىۋەتكەندىن كېيىن چىرايىمغا قاراپ بىر نەرسىنى سەزدى بولغاي سورىدى ـ : نىمە بولدۇڭ، تۈنۈگۈن جىق چىقىمدا بولۇپ كەتتىم دەپ كۆڭلۈڭ يېرىم ئوخشىمامدۇ؟ ھا ھا ھا!................ ـ : ياقەي ئۇنداق ئەمەس، سەن قاچان كەلگەنتىڭ؟ ـ : ئۆيىمىز يىراق بولمىغاندىكىن بىللە كىلەيلى دەپ بارسام مېڭىپ بوپسەن يولدا ئۇچرىتارمەن دەپ ماڭغانتىم دىگىنىمدەك يىتىشىۋاپتىمەن مانا!......... ـ : نىجات ئاداش مەن بىر گەپنى سىلەرگە خاتا دەپ قويۇپتىمەن، ئەمەلىيەتتە خارابىيلىقنىڭ ئەسلى ماھىتى مەن دىگەندەك ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس ئۇ يەردە تالاي كىشىلەرنىڭ جەسىدى شاھىد بوپ قالغان بىر جاي، بايلىق ئىزدەپ كىرىپ كەتكەنلەردىن تىخى بىرەرسىمۇ ھايات چىقىپ باقماپتىكەن تۈنۈگۈن ئۆز قىزىقىشىم بويىچىلا سىلەرنى قىزىقتۇرۇپ قويغانتىم ئويلاپ باقسام بۇ بىر ئەخمىقانىلىككەن، مەن ئۆزۈمنىڭ مەنپەتىنى، ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشىنى دەپلا سىلەرنى بۇ ئىشقا سۆرەپ كىرمەكچى بوپتىمەن. مەن... مەن بەك شەخسىيەتچىكەنمەن ئاداش!......... نىجات سۆزلىرىمگە كۈلۈپلا قويدى ئاندىن ـ : ماۋۇ گەپلىرىڭ ئۆزۈڭگە ئوخشىدى، مەن ئۆزىنى ئالداپ ئۆتىدىغان ئەمەس بەلكى ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان قەھرىمانىنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم بۈگۈن كۆردۈم!... بىلسەڭ بايلىق نەچچىنچى ئورۇندىكى نەرسە، پەقەت سىنىڭ غايىلىرىڭلا بىزگە ھەقىقىي كۈچ ئاتا قىلالايدۇ، سەن بىزگە ئۇ گەپلەرنى دىمىگەن بولساڭمۇ بىز سەندىن رەنجىيتتۇق. چۈنكى بىز دوستلا ئەمەس قېرىنداش، يولداش...ئارزۇلىرىمىز بىر، غايىمىز بىر شۇڭا بىزدىن يوشۇرغان ئىشىڭ ئەمەلىيەتتە بىزنى رەنجىتكەن ئىشىڭدۇر!.......دىدى. شۇ تاپتا ھەيران بولىۋاتاتتىم چۈنكى نىجاتنىڭ بۇنداق سەمىمىي ھالدا قىترقىنىپ بىرەرسىگە بۇنداق سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. ـ : نىجات، سەن ئاجايىپ قايىل قىلارلىق، بەك پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بوپ كىتىپسىنا؟ سىنى قايىتىدىن تونۇۋاتىمەن جۇمۇ!.........

ــ: قانداق، ۋەھشى سۆزلەيدىغان بوپ كىتىپتىمەنما؟ ھەممىسى كەسپىي سۆزلەر دىگىنە مۇشۇنداق سۆزلىمىسەك جان باققىلى بولمىدى دەيمە!........ ئۇنىڭ يەنە ھەيىيارلىق بىلەن دىگەن سۆزلىرىدىن كۈلۈپ كەتتىم ــ: تىزرەك ماڭايلى باللا ساقلاپ قىلىپ رەنجىپ كىتىپ قالمىسۇن يەنە!... نىجات ــ: ئەنسىرىمىگىنە ئاداش، رۇسۇل دىۋىلا بولىدىكەن ھەممىسىنى تورىۋىلىپ ماڭدۇرماي تۇرىدۇ بىز بارغىچە!... ئۇنىڭ ھەيىيارلىقىدىن سۆزلىسىلا ھەممىمىز كۈلەتتۇق، ھەم سۆزلىسىمۇ يالغاننى كۆپ قاتماي ئەمەلىي ئىشلارنىلا سۆزلىگەچكە ھەممىمىز ئامراق ئىدۇق. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاچ دىيىشكەن جايغا بارغىنىمىزدا بىر نەچچىسىدىن باشقا ھەممىسى كىلىپ بولغان ئىدى. ھەممىمىز بىر قۇر سالاملىشىۋەتكەندىن كىيىن خالىي جايدىكى بىر چىملىققا ئالدىن ئىلىۋالغان ئەدىيالنى سىلىپلا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتۇق. بىردەم ئۇيەر ــ بۇيەرلەردىن پاراڭ بولۇنۇپ تىما ماڭا يۆتكەلدى. نىجات ــ: قەھرىمان ئاداش ھەممىمىزنى تۇنۇگۇن تەقەززا قىپ قويۇپ قىچىپ كىتىۋىدىڭ، بۈگۈنمۇ يەنە بىزنى گەپكە سەپ قويۇپ ئولتۇرىسەنغۇ يىغىنىڭنى باشلىيە چاققانراق!...... ــ: ئالدىرماي تۇرۇپ تۇرە، كەلمىگەن باللامۇ باكەن شۇلار يىغىلغاندا بىراقلا دىمەيمەنمۇ!... نىجات بىشىنى قاشلىۋىتىپ رۇسۇلغا ــ: ھىي دىۋە قەدىمىڭ يوغانراق بولغاندىكىن ئىككى دەسسەپلا ئاۋۇلانىڭ ئۆيىگە بىرىپ دولاڭغا ئارتىپ يىنىپ كەلمەمسە!... بۇ گەپنى ئاڭلاپ رۇسۇل تىرىكىپ ــ: نىمە مەن بىلەنلا قالسەن ئورۇق ئاۋاق، نان پايدا قىلمايدىغان ياغاق. ساقلاپ تۇرە ھازىر كىلىدۇ مەن بىرىپ تەكلىپ قىلمىسام كەلمەمدىكەن؟ ...دىدى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ. نىجات يەنە ئۇنى تىرىكتۈرۈپ ــ: كۆتەكتەك بويۇڭ بولغاندىكىن بەدبەشىرە تەلەتىڭنى كۆرۈپ بولسىمۇ تىزرەك كىلەمدىكىن دەيمىنا!........... ئاردا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭغىچە قالغانلارمۇ يىتىپ كىلىپ بولدى ئۇلار بىلەن سالاملىشىۋەتكەندىن كىيىن يەنە ئاساسىي نۇقتا مەن بولۇپ قالدىم، ھەممىسى مىنى ئوتتۇرىغا ئىلىۋىلىپ تۈنۈگۈن ئىيتقان ئىشلىرىم توغرىسىدا توختىماي سوئال سورايتتى ــ: ھەي ئۇ يەردە راسلا ئاشۇنداق بىباھا گۆھەرلەر بامىكەن؟ ...... ــ: كىرىپ كەتكەنلەر راستىنلا، ھايات چىقىپ باقماپتىما؟ ...... ــ: سەن باردىم دەۋاتاتتىڭ نىملەرنى كۆردۈڭ، ئالۋاستى بارمىكەن؟ ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرى بىشىمنى ئايلاندۇرىۋەتتى، مەن ئۇلارنىڭ جىمىقىشىغا ئىما قىلىپ ــ: بولدى قىلىڭلا!... مەن ھازىر دەپ بىرىمەن قۇلاق سىلىپ ئاڭلىساڭلارلا بولدى. تۈنۈگۈن سىلەرنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن مۇنداقلا دەپ قويغان ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئۇ يەردە بايلىق بار ياكى يوقلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت ئاڭلىغانلىرىمنىلا دەپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ يەر ھەقىقەتەن ناھايىتى سىرلىق ھەم قورقۇنۇچلۇقكەن ئۆزۈم يالغۇز بارالمىغاچقىلا سىلەرنى قىزىقتۇرۇپ قويغان بىراق ئاخشام ناھايىتى ئەستايىدىل ئويلاندىم، سىلەرنى بۇنداق خەتەرگە ئىتتىرىپ قويغۇم كەلمەي بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن، مەن پەقەت خارابىيلىقنىڭ سىرىنى تىپىپ چىقماقچى قانداقتۇر بايلىق ئىزدىمەكچى ئەمەس!... ئۇنىڭدىن كىيىن ئۇلارغا توشقان ئوۋلىغىلى چىققاندىكى ئىشلارنى، سىپىلمىكامىنىڭ بىشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ھەم ئۇ يەردىكى

سىرلىق قانلىق پاجىئەلەرنى سۆزلەپ بەردىم. ھەممىسى سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بىردەم جىمىقىپ قالدى، مەن ئۇلارنىڭ نىيىتىدىن يانغانلىقىدىن بىر تۇرۇپ كۆڭلۈم يېرىم بولسىمۇ بىراق ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئۇلارغا ئېنىق دەپ كېيىنكى خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغىنىمدىن مەمنۇن ئىدىم. شۇندا نىجات ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى ـ: قەھرىمان ئاداش، بۇ گەپلەرنى دەپ بەرگىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى. دىمىسىمۇ ئەسلى ئەھۋالنى يوشۇرۇپ بىزنى ئاپىرىپ بىرەر ئىش بولغان بولسا سەنمۇ ۋىجدان ئازابى تارتقان بولار ئىدىڭ. بىز دىگەنلىرىڭنى تەپسىلىي ئاڭلىدۇق، ئۇ خارابىلىق ھەقىقەتەن ناھايىتى بىر سىرلىق جاي ئىكەن ھەم خەتەرمۇ خىلىلا كۆپكەن. باللار بەلكىم بارماسلىقنى قارار قىلىپ بولغاندۇ، دىمىسىمۇ ئۇنداق چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۇ يەرگە بىرىشنىڭ قانچىلىك پايدىسى بارلىقىنى مەنمۇ بىلىپ يىتەلمىدىم شۇڭا دوسلاردىن ھەرگىز رەنجىمىسەڭ!......... گەرچە كۆڭلۈم يېرىم بولسىمۇ بىراق ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق ئىدى شۇڭا ئۇلارنى ئاربلاشتۇرىۋالماي نىمە كۆرسەم ئۆزۈم يالغۇز بۇ تەۋەككۈلچىلىكنى قىلىش نىيىتىگە كەلدىم ھەمدە ئەتراپىمدىكىلەرگە ـ: مۇشۇ گەپلىرىمنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بەرگىنىڭلارنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش، بۇ ئىشنى يەنىلا ئۆزۈم بىر قوللۇق باشقا ئېلىپ چىقماقچىمەن، ئەگەر تەلىيىم كىلىپ سىرلىق خارابىلىقنىڭ ھەقىقى سىرىنى يىشىپ سالامەت قايتىپ چىقالىسام يەنە كۆرىشەرمىز تەلىيىم كاج كىلىپ ئىچىدە ئۆلۈپ كىتىپ قالسام روھىمغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويارسىلەر!.........دىدىم بىشىمنى ساڭگىلاتقىنىمچە. ھەممىسى بىشىنى لىڭشىتىپ سۆز قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىنكاسىدىنلا يالتايغانلىقى چىقىپ تۇراتتى ھەتتا نىجاتنىڭ كۆزىگە قارىغىنىمدىمۇ ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ماقۇللىقىنى قوللايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ تەييارلىق قىلغىلى ئۆيگە قاراپ ماڭدىم دوسلىرىم بولسا ماڭا ئۇتتۇق تىلەپ كەينىمدىن قاراپ قىلىشتى. ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە كىتىۋاتقىنىمدىمۇ بىر خىل قىيماسلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن ئىدىم بىراق قەتئىي ئىرادەم بولغاچقا ئۆزۈم يالغۇز بولسىمۇ بۇ سىرنى يىشىش ئويۇمدىن ۋاز كەچمىدىم......مان ئۆيدە نەرسە كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. بىردانە كومپاس، قولچىراق، باتارىيە، خارابىلىقنىڭ تەسۋىرىي سىزما خەرىتىسى، ئۇزۇندىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن دادام رەھمەتلىكنىڭ ئۆتكۈر پىچىقى، ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىۋالغان ئىدىم، بۇ پىچاق بىرگە مىنى قوغدىسا يەنە بىرگە ئاتامنىڭ روھى مەدەت بولغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ باشقىچىلا روھلىنىپ كىتەتتىم. ھەممە نەرسىنى تەييار قىلىپمۇ بولدۇم ئەمدى بولسا ئانامدىن قانداق قىلىپ رۇخسەت ئېلىش بىر مەسىلە ئىدى، شۇڭا ئانامنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر باھانە تاپمىسام بولمايتتى. خىلى ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاخىرى ئانامنىڭ تۆيىگە ئاستا چىقتىم، ئۇ نىمىنىدۇر ياماپ ئولتۇراتتى ـ: ئانا نىمىش قىلىۋاتىسىز؟ .........دىدىم مەن دىققىتىنى ئۆزۈمگە تارتىپ، بىراق ئانام ماڭىمۇ قارىماستىن ئىشىنى قىلغاچ ـ: ھەي!...نىمىش قىلاتتىم ئىنىڭنىڭ ماۋۇ پايپىقى يىرتىلىپ كىتىپتىكەن ياماپ بىرىۋاتىمەن، سىنى تۇنجى پەرزەنت دەپ ئارزۇلاپ چوڭ قىلغان

ئەمدى ئىنىك سىنىك ياماق كىيىملىرىڭنى كىيىپ چوڭ بولىۋاتىدۇ شۇنىڭ قەدرىگىمۇ يەتمەيسەن تېخى!...دەپ قويدى. ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيلا قىلىۋاتاتتىم ـ: ئانا ساڭا بىر گەپ باتتى دىسەم قوشۇلارسەنمۇ بىلمىدىم!... ـ: بىر گەپ دىدىڭما؟ سىنىڭ خىلى گەپلىرىڭ با، ھەممىسىنى ما ۋاققىچە ئاڭلاۋاتىمەن قوشۇلمىغان بىرە ئىشىم باما؟ لىكىن مىنى رەنجىتىدىغان، ئىش تىرىپ بىرىدىغان گىپىڭ بولسا بولدى دىمەيلا قوي!... ـ: ياق ياق، مەن...مەن بىر يەرگە بىرىپ كىلەي دىگەن، بەلكىم تىز بولسا ئۈچ تۆت كۈندە ئاستا بولۇپ قالسا بىرە ئىككى ھەپتىدە قايتىپ كىلەلىشىم مۇمكىن!...... «كىلەلمەسلىكىممۇ مۇمكىن»دىگەن سۆزنى يۇتىۋەتتىم، چۈنكى بۇ ناھايىتى ئازاپلىق بىر سۆز ئىدى. ئانام سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قولىدىكى ئىشنى توختاپ قالدى ـ: نىمە دەيسەن، بىر يەرگە بارىمەن دىدىڭما؟ ...قەيەرگە بارىسەن، تېخى قايسى كۈنى سىلىمكاڭلارنىڭكىگە بىرىپ ئويناپ كەلدىڭ يەنە نەلەرگە بىرىپ بىرە ئىككى ھەپتە يوق بولۇپ كىتىشنى ئويلىشىۋاتىسەن؟ مىنى ئەنسىرەپ ئۆلسۇن دىدىڭمۇيا؟ ...... ـ: ياق ئانا، ئۇنداق ئەمەس سىزنى ئەنسىرىتىش ئويۇم يوق، باشقا يۇرتلارغا بىرىپ كۆزۈمنى ئاچقاچ بىرەر ئىش قىلايمىكى دىگەن شۇ!... ـ: ئۆز يۇرتۇڭدا كۆزۈڭ ئىتىلىپ قاپتىما؟ كۆزلىرىڭ ھىلىھەممۇ ئۇينىڭ كۆزىدەك تۇرسا نەلەرگە بىرىپ يەنە يوغانراق قىلىپ ئىچىپ كەلمەكچى؟ ......بوپتۇ بۇ گىپىڭگىمۇ ماقۇل دەي، بىراق قايسى يۇرتقا بىرىپ نىمىشلارنى قىلىپ كىلىشنى ئويلاۋاتىسەن شۇنىبىر چۈشىنىشلىك قىلىپ دىگىنە ئاندىن قوشۇلاي!...... ـ: بۇ...بۇ، مەن شۇ.........مەن......... تىلىمنى چايناپ نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەيۋاتقاندا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا نىجات پەيدا بولۇپ ـ: نەگە باراتتى ئەلۋەتتە تونۇگۇن يىغىلغان باللار بىلەن يازلىق دالا پائالىيتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بولمامدۇ ھامما!، شۇنداقمۇيا قەھرىمان ئاداش؟ ......قانداق سالامەت تۇرۇپسىزمۇ ئۇسسۇپلا كىرىپ قالدىم ئىشىكمۇ چەكمەي مەيلىمۇ؟ ......دىدى كۈلۈپ قويۇپ. ئۇنىڭ بۇنداق ھالقىلىق چاغدا كىلىپ ئىشنى توغۇرلىۋىتىشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدىم شۇڭا تەمتىرەپ كىتىپ بىشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئانام نىجاتنى كۆرۈپ ـ: ۋۇي شەيتانچاق كەپتىغۇ، ياخشى ئۆزۈڭچۇ بالام...ئىشىكنى ئۆرۈۋەتمىگەن بولساڭلا چەكمەي كىرسەڭ كىرىۋەمەمسەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى!......راس بالام نەگە دىدىڭا؟ دالادا پادا باققىلى دىدىڭما؟ ... ـ: ۋوي ياق ھامما!...، ھا ھا ھا!...نەدە پادا باققىلى بولىدۇ، بىزچۇ يازلىق لاگىرغا قاتنىشىمىز ھەرخىل مۇھىتلار بىلەن ئۇچرىشىمىز، ياشاش قانۇنىيىتىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقىلى بارىمىز ھامما، مۇنداقچە ئىيتقاندا دوسلار ساياھىتى!... ئانام بىشىنى تۇتۇپ قويۇپ ـ: ۋاي ئانام، بىردەم دوسلار يىغىلىشى، بىردەم دوسلار ساياھىتى، بىردەم بىرنىمىسى دەپ ئىشىڭلارمۇ تولىكەن. كىچىك ۋاقتىڭلاردا تالاغا قاچساڭلار بىرلا ۋارقىراپ قويساق ئۆيدە جىملا ئولتۇراتتىڭلا ئەمدى چوڭ بولغاندا يەنە شۇ تالاغا قىچىش...ھازىرقى باللارنىزە پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدۇ!......ھە قاچان مىڭىپ، قاچان قايتىپ كىلىدىكەنسىلە ئەمسە؟ ـ: ھايال قالمايمىز، ئاز بولسا بىرە ھەپتە كۆپ بولسا ئىككى

ئۆچ ھەپتىدە!...... ـ: نىمە بايا قەھرىمان كۆپ بولسا بىرە ھەپتىدە قايتىمىز دەۋاتىتى سەن تۇغدۇرىۋەتتىڭغۇ؟ ......... ـ: ۋاي هاما، يولغىلا نەچچە كۈن كىتىدىغان تۇرسا ھەپتىدە كىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، قەھرىمان يولغا كىتىدىغىنىنى ھىساپلىمىغان ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ قەھرىمان؟ ...... نىجاتنىڭ تۇيۇقسىزلا كىلىپ ئانامنى بۇنچە قايىل قىلىۋىتىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن، خىلى ئۇزۇن ئويلىنىپمۇ ئانامدىن قانداق رۇخسەت ئالامە دەپ ئەندىشىدە چىققان ئىدىم نىجات بىردەمدىلا ئىشنى پۈتتۈرىۋەتتى دىسە!... ـ: ھە؟ ......ھەئە ئاشۇنداق!...........ئىشنى چاندۇرۇپ قويىشىمدىن ئەنسىرەپ نىجاتنىڭ سۆزىنى قۇۋەتلەپ قويدۇم. ئانام بىزگە قاراپ ـ: ئۇنداق بولسا مەن بىر نىمە دىيەلمىدىم بارساڭلار بىرىڭلا بىراق مىنى ئەنسىرىتىشىدىغان بولساڭ ئاياپ قويمايمەن جۇمۇ، راس قاچان ماڭىدىكەنسىلە؟ سىلەر ماڭغىچە ئازراق تەييارلىق قىلىپ نان يىقىپ بىرەي يولدا ئاغرىپ قالماي ماڭىسىلەر!......دىدى كۆيۈنگەن ھالدا. نىجات ماڭا قاراپ قويۇپ ـ: مۇشۇ بالا تەييارلىق پۈتتى ماڭىمىز دىسىلا بىز نەۋاق تەييارلىنىپ بولغىلى!...دىدى كۈلۈپ قويۇپ. ئانام بىزگە داستىخان سىلىۋىدى نىجات يەنە ئىشىمىز بار ئىدى دەپ ئانامنى توسۇپ قويدى ئاندىن مىنى ئىلىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىتىۋاتقاچ شۇنچە ئويلىساممۇ ئۇنىڭ پەقەت ماڭا ياردەم قىلىپ ئانامدىن رۇخسەت ئىلىپ بەرگىنىنىلا قوبۇل قىلالايتىم ئۇلارنىڭ مەن بىلەن مىڭىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. شۇندا نىجات بىر يەرگە كىلىپ توختىدىدە ماڭا بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن ـ: ھە ئەمىسە تاتىنماي چىقىشىپ بىرەملا، تۆرەمنى باشلاپ كەلدىم قايدا گەپ بولسا ئۆزىگە دىيىشسىلە!... ئاڭقىرالماي تۇرغىنىمدا ھەر تەرەپتىن باللار يىغىلىشقا باشلىدى ئاندىن نىجات يەنە ھەييارلىق بىلەن ـ: دا دا دا داڭ!...قايدىغا باللىنىڭ يىغىلىشى؟ ...ئۆز كۆڭلۈڭدىزە خارابىيلىقىنىڭ سىرىنى ئۆزەملا يىشىپ بىر داڭ قازىنىپ كىتەي دىگەنمىدىڭ؟ ئاندا پۇرسەتنى ساڭا بەرمەيمىز، ئەتىگەن ھەممىسى بامايمەن دەۋاتىتى ئەمدى نىمە دەيدىغاندۇ دەپ ھەيران قالدىڭغۇ دەيمە؟ ......بىلسەڭ ئەتىگەن سىنى قەستەنگە ئوينىتىپ قويغانتۇق ئەلۋەتتە ئۇمۇ مىنىڭ پىلانىمىدە ھا ھا ھا!...ھىي بىز شۇنداق يارىماس، قورقۇنچاقما؟ شۇنچە يىل ئەل ـ ئاغىينە بولۇپ بىزنىڭ مىجەزىمىزنى تىخىچە چۈشەنمەيسەن دىگىنە؟ ......بىلسەڭ باغۇ بىز نەگە بارساق بىر جان، بىر تەن ئايرىلساق قەتئىي بولمايدۇ، شۇنىڭدەك قانىتى يوق قۇش ئۇچالمىغىنىغا ئوخشاش بىز بولمىساق سەنمۇ خارابىيلىقىنىڭ سىرىنى يىشەلمەيسەن شۇڭىۋاغو ئۆزەم يالغۇز بارىمەن دىگەن خىيالدىن ۋاز كىچىشىڭ كىرەك، ۋەدە بىرىمەنكى سۇغا كىرسەڭ سۇدا، ئوتقا كىرسەڭ ئوتتا بىز ھەرۋاقىت بىللە!......راس تىخى ئۆيدىن رۇخسەت ئىلىپ كىتەرلىك لازىمەتلىكلەرنىمۇ تەييارلاپ قويغانتۇق قاچان ماڭىدىغان بولدۇق؟ ......... نىجاتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم، بۇ جان جىگەر دوسلىرىمنىڭ شۇنچە خەتەرلەرنى ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ قويساممۇ كەينىگە يانماي مەن بىلەن بىللە بارىدىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم، ھازىرقى خۇشاللىقىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بىرەلمەيتتىم. ئۆزۈممۇ بىلىپ

بىلمەي كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى، نىجات دەرھال كەيپىياتنى ئۆڭشاپ ـ: ھىي خوتۇن كىشىدەك مىشىلدىمىساڭچۇ، چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىۋاتساق لىياڭشەندىكى پالۋانلاردەك تىك، مەزمۇت تۇرە مانداق، قولۇڭغا كەتمەن تۇتقۇزۇپ قويسام بولامتىيا؟ ...... ئاردا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئاردىن غېنى سۆز ئاچتى ـ: قەھرىمان ئاداش گەرچە سىلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئالدىمىزغا ئۇچقىغان يىرتقۇچلار بىلەن تۇتۇشالمىساممۇ ھەرھالدا خىلى كۆپ تىل يىزىقلارنى بىلىمەن دىگىنە شۇڭا خارابىيلىقتىكى قەدىمى يېزىق، تىلى باشقا بىرەر مىللەت ئادەملىرى بىلەن ئۇچقىشىپ قالساق ياخشى رول ئوينىيالايمەن شۇڭا مىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ، راس يىقىندا بىرەر ئوبزور ئىلان قىلاي دىگەنتىم ياخشىراق بىر تىما تاپالمىغان مۇشۇ پۇرسەتتە خارابىيلىق توغرىسىدا يىزىپ بىر داڭ قازىنىپ كەتسەم ئەجەپ ئەمەس قانداق دىدىم؟ .............. ـ شۇ شۇ، بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ، گەرچە كالىلام تازا ئىشلەپ كەتمىسىمۇ پۇت قولۇم خىلى ئىشلەپ قويىدۇ، ئىككى ئۈچ ئادەمنى گەپ يوق يەر چىشلىتەلەيمەن، كۆدۈڭمۇ ما مۇسكۇلنى!.........دىدى رۇسۇل مۇسكۇللىرىنى چىقىرىپ قويۇپ. نىجات ـ: كۆمەمدىغان ۋە دىۋە!مەن بىكادىنلا دىۋە دىمەيمەن سىنى، ئاساسى بولغاچقا شۇڭا دىۋە دەپ ئاتايمەن ئەمەسمۇ. ئايەگە باغانداۋاغو، يىرتقۇچلارغا ئۇچراپ قالساق سىنىلا قويۇپ بىرىمىز بىرە ئىككىنى گەپ يوق تالايسەنغۇ ھە؟ ...... ـ: ھوي ئىت دىمەكچىما مىنى، ھىلى جىما ھە!..... رۇسۇل تىرىكىپ نىجاتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈۋىدى بىز تۇتىۋالدۇق ئۇمۇ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، مەسخىرە قىلىپ كۈلىۋاتقان نىجاتقا قاراپ ھومىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ناھايىتى سۆيۈنگەن ھالدا كۆڭلۈمدىكىنى دىدىم ـ: ھەممىڭلارغا رەھمەت دوسلۇرۇم، ئىشقىلىپ مەن ھازىر بەك خۇشال بولۇپ كىتىۋاتىمەن، ئەگەر بىرىشنى خالىساڭلار تامامەن قوشۇلىمەن چۈنكى بىردىن ئىككى ياخشى، بىرلەشسەكلا يىڭەلمەيدىغان قىيىن ئىش يوق سىلەردەك مۇشۇنداق دوسلۇرۇمنىڭ بولغىنىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىش ھىس قىلىۋاتىمەن رەھمەت سىلەرگە!..... نىجات ـ: ھاي ھاي، ماختاۋەرسەڭ ئۇچۇپ كىتىپ يەنە سىنى يالغۇز قويۇپ قويمايلى. ماختاش، رەھمەتلەر تۇرۇپ تۇرسۇن ئاۋۋال قاچان ماڭىدىغىنىمىزنىبى دىگىنە شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىلى!... ـ: باشقا تەييارلىقلار ئاساسەن تۈگىدى، ئانام نان يىقىپ بىرىمەن دەپ ئۆيدە قالغانتى مۇمكىن بولسا قولچىراق، يەنە ئازراق ئوزۇق تۆلۈك ئىلىۋالساق يەنە باتارىيەنىمۇ كۆپرەك ئىلىۋىلىڭلار بەلكىم ئىچىدە ئۆڭكۈر كۆپ بولۇشى مۇمكىن، يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ شۇڭا تەييارلىقنى ئامال بار پۇختا قىلىلى!..........گەپلىرىمنى ئاڭلىغان نىجات يەنە سورىدى ـ: ھىي ئاداش يىرتقۇچلارنىڭ گىپىنى قىلىۋاتاتتىڭ قورال ياراغ ئىلىۋالامدۇقيا قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپلا كىرىمىزمۇ خارابىيلىققا؟ ... ـ: ۋاي ما ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى، مۇمكىن بولسا ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالايدىغان بىرەر نەرسە بولسىمۇ ئىلىۋىلىڭلا ھەرھالدا......تەييارلىق پۇتسە ئەتە ماڭساق بولامدىكى دەپ ئويلىدىم، ھەم خارابىيلىققا كۈندۈزدە كىرىمىز، كىچىدە خارابىيلىق ئەتراپى

بەك خەتەرلىك دىگەنىدى تاغام!........... ـ: ھە ئاناۋوسا ئەتە ئەتىنگەندە بىكەتتە كۆرشىلى ئەمسە!..... دىدى نىجات. بىز يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ ئاندىن ئۆيلىرىمىزگە ئالدىراش تەييارلىق قىلغىلى مىڭىشتۇق. كەيپىياتىم شۇنداق ياخشى ئىدى، دوسلۇرۇمنىڭ ماڭا مەدەت بولغىنىدىن بۇ سەپىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى كۆڭلۇم سىزىپ تۇراتتى. شۇ كەيپىياتتا نەرسە كىرەكلىرىمنى سومكىغا قاچىلاپ تەق قىلىپ قويدۇم ھەتتا نەچچە قىتىم تەكشۈرۈپ ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىلەرنىڭ بار يوقلىقىغا قاراپ باقتىم، كۆن شۇنچە ئاستا ئۆتمەكتە، ئىچىم تىتىلداپ تىزراق تاڭ ئاتسا سىرلىق خارابىلىققا يول ئىلىشنى ئويلاپ تەقەززا بولۇپ كىتىۋاتاتتىم. شۇنداق ئويلاپ يىتىپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا غەرق بولدۇم!..................................

تەۋەككۇلچىلەر(1 ـ باب 10 ـ قىسىم)

ئەتتىنگەندە ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا شۇنداق روھلۇق بولۇپ كەتكەن ئىدىم، بۈگۈن ناشتىلىق ئالاھىدە بولۇپ ھەرخىل قۇۋۋەت يىمەكلىكلىرى داستىخاننى بىر ئالغان ئىدى. ئانام بولسا تۈنۈگۈن خىلى بىر ۋاقىتقىچە يىقىپ تەييار قىلغان نانلىرنى چىگىپ تەييار قىلىۋاتاتتى ئۇ مىنىڭ چىققىنىمنى كۆرۈپ ـ: ئويغاندىڭمۇ ئوغلۇم، نانلارنى چىگىپ تەييار قىلىپ قويدۇم يولدا يەرسىلەر. ئۆتەڭنىڭ تاماقلىرى قورساقنى ئاغرىتىپ سەپەر ئاغرىقى قىلىپ قويىدۇ شۇڭا يولدا ئاشخانىلارغا بەك كۆپ كىرمەي مۇشۇنىڭ بىلەن قورساق تويغۇزساڭلار بارىدىغان يەرگىمۇ ئاغرىپ قالماي بارىسىلەر...كىلە ئاۋۋال ماۋۇلاردا ناشتىلىق قىلىۋالغىن!..... دۇنيادا پەرزەنتىگە ئەڭ كۆيىدىغان ئاندىن باشقا يەنە بىر كىشى بولمىسا كىرەك، شۇنچە قىينالسىمۇ بالىسى ئۈچۈن باغرىنى يىرىپ بىرەلەيدۇ ھە!ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش كەلدى بىراق ئانامغا چاندۇرماستىن داستىخانغا كىلىپ ناشتا قىلدىم، بۈگۈن ناشتىلىقنى شۇنداق ئەستايىدىل يىدىمكى بۇندىن بۇرۇنقى چالا ـ پۇچۇق ناشتا قىلىپلا سىرىتقا قاراپ مىڭىشلىرىمنى ئويلاپ پۇشايمان قىلدىم ھەم خىجىل بولدۇم. ناشتىلىقنى قىلىپ بولغىنىمدا ئانام نەرسە كىرەكلىرىمنى ئىلىپ چىققاچ «يولدا قىينىلىپ قالىسەن» دەپ ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي يېنىمغا ئازىراق پۇلمۇ سىلىپ قويدى، ئاندىن مەڭزىمگە سۆيۈپ قويۇپ ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىلىۋەتكەندىن كىيىن ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپ ئىشىك ئالدىدا قارام يۈتكىچە قاراپ تۇردى. ئانامغا قاراپ خۇددى ئۇزۇمنى بارسا كەلمەيدىغان يەرگە كىتىۋاتقاندەك، ئانام بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ھىس قىلىپ قالدىم، چۈنكى سىلىمكام بىلەن ماڭغاندىمۇ كۆلۈپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويغان بۈنچىۋالا قىلىپ كەتمىگەن ئىدى. بىراق نىملا دىگەن بىلەن تۈنجى قىتىم ھىساپتا ئۇزۇم يالغۇز ھالدا سەپەرگە چىقىۋاتقاچقا ئانامنىڭ ئەنسىرەپ قىلىشى مۇقەررەر ئىدى شۇڭا ئارتۇقنى ئويلىمىدىم. مەن بارغاندا بولسا تۆت بالا يىغىلغان ئىدى، تۈنجى كۆزۈمگە چىلىققىنى بولسا يەنىلا ھەييار نىجات ئىدى، يەنە بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىمىز كىتاپ خۇمارى غىنى، رۇسۇل دىۋە، ئابلىكىملەر ئىدىنمەن ھەيران بولۇپ ئۇلارنىڭ قىشىغا بىرىپ

كۆرۈشۈۋەتكەندىن كېيىن سورىدىم ـ: باللا ئازغۇ؟ قالغانلار بىرىشنى خالىمامدىكەن؟ ...... نىجات سەل خاپا بولۇپ ـ: بەك قاغانلىنى سوراپ قالىلغو؟ ...بىز بولساقمۇ يىتە تۆتىمىزنىڭ بىرىمىز ئۇنغا تىتىساق جەمئىي قىرىق ئوغال يىغىلغانغا باراۋەر بولا مۇشۇ؟ ...........گەپ قىلەۋە دىۋە سەنمۇ، كۆتەكتەك قاراپ تۇرماي!...... رۇسۇل ـ: ھە شۇ، قالغانلار بولمىسىمۇ بىز بولساق بولا؟ باشقىللىرى قورقۇپ قالغان بولسا كىرەك كەممەپتىغۇ مۇشۇ يەردە كۆرىشىمىز دىگەن بولمىسا!......... بۇ تۆتىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كىلىپ ساقلاپ تۇرغىنىدىن ئۆزۈمنىڭ ھۆرمىتىمنى كۆرىۋالغاندەك بولدۇم. ـ: ئەمىسە بىردەم ساقلاپ باقايلى بەلكىم ئىشى چىقىپ قالغان بولسا يولدا كىلىۋاتامدىكى.........دىدىم مەن يەنە. نىجات ـ: ساقلىمامدىغان، تۆت كۆزىمىزگە يەنە تۆتنى قوشۇپ سەككىز ككزىمىز بىلەن ساقلايمىز دەيمە!......، ئاردا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، بىز پاراڭلاشقاچ ئۇلارنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق... ھەراس مۇشۇ پۇرسەتتە دوسلىرىمنى سىلەرگە يىڭىباشتىن بىر تونۇشتۇرىۋەتەي ھە!...... «نىجات» بىز دوسلارنىڭ قىززىقچىسى، زاكا ئاغىينەم، كەسپى يوق بىراق قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشمۇ يوق مىنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك مەن بىلەن بىر مەھەللىدە، ئوخشاش يىللىقنى ئوخشىمىغان سىنىپلاردا تەڭ پۈتتۈرۈپ ئۇقۇش تاماملىغانلار، خىزمەت قىلىشقا رايىمىز بولمىغاچقا ئۆزىمىز ئىگىلىك تىكلەيمىز دەپ مۇشۇ چاققىچە بىكار يۈرگەن بىكار تەلەتلەر دىسەكمۇ بولىدۇ ھى ھى ھى!... نىجات سەل كەپسىز بولغاچقا چوڭ بولغاندىمۇ ھەييارلىقىنى تاشلىماي مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشقان يەنە ئارىلاپ ئارىلاپ قىمار ئويناپ بىزنىڭ پۇلىمىزنى ئۇتىۋىلىپ ئۆزىمىزگە خەجلەپ بىرىپ يۈرىدىغان خۇيىمۇ بار!«غىپنى»ئۇمۇ بىز بىلەن تەڭ يىللىقتا ئوقۇغان بىراق ئۇنىڭ ئۆگۈنىشى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ مەكتەپتە دائىملا ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىناتتى، ئۇنىڭ ئۆيىمۇ بەلكىم تەقدىرنامە بىلەن توشۇپ كەتكەندۇ، يەنە خىلى كۆپ مىللەتنىڭ تىلى ھەم يىزىقىنى بىلگەچكە مەلۇم بىر شىركەتنىڭ تەلىپى بويىچە تەرجىمھاللىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتاتتى، ھازىرمۇ شۇ يەردىغۇ دەيمە!...ئەمدى «رۇسۇل» دىۋىگە كەلسەك ئۇنىڭ بىلەن تولۇقسىزغا چىققاندا ئاندىن تونۇشقان، ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق بىغەم، مۇئەللىم دەرس ئۆتسە ئۇخلايدىغان پەقەت خۇش ياقمىسا دەرس ۋاقتىدىلا مۇئەللىمنىڭ ئالدىدىن قوپۇپلا چىكىتىدىغانتى، ئۇنىڭ خۇيى تۇتسىلا بىر تەلۋە بولىدىغانلىقىنى ھەممە مۇئەللىملەر بىلگەچكە ئارتۇقچىمۇ گەپ قىلماي دەرسىنى سۆزلەۋىرەتتى. يەنە كىلىپ بىرەر ساۋاقدىشىمۇ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىيالمايتى، پەقەت نىجاتلا ئۇنى تىرىكتۈرۈپ ئوينىيالايتى. چوڭ بولغاندىمۇ بۇ ئىككىسى مانا مۇشۇنداق سوقۇشقاق خورازلاردەك تىركىشىپلا ئۆتەتتى. ئەمدى ماۋۇ«ئابلىكىم»گە كەلسەك بۇ باشلانغۇچنىمۇ مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان، مىجەزى ماڭا ئوخشاش ئىغىر بىسىق بىراق ئالاھىدىلىكى ئىجاتچانلىق روھى بەك ئۈستۈن، مەكتەپتىمۇ مودىل ياساش مۇسابىقىسى بولسا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ياساپ كىلىپ دائىم مۇكاپات ئالاتتى. شۇڭا ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ بولۇپمۇ قىزىقىشى بويىچە بىر شىركەتنىڭ

قۇراشتۇرۇش سېخىدا ئىشلەيدۇ ھا ھا ھا ھا!...قىززىق ھە؟ ... ـ: ۋۇي، بىرسى كېلىۋاتامدۇ نىمە؟ ...راسلا بىرسى كېلىۋاتىدىغۇ!قارىماققا ئۇ ئەنۋەردەك قىلامدۇ نىمە؟ ...... نىجاتنىڭ سۆزى گېپىمنىڭ بىلىگە تەپتا ئەجەپ!......قارىماققا ئەنۋەر شۇنداق ھاسىرىغان ھالدا بىز تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، بىراق ئۇ ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا ئىدى. ئۇنىڭغىچە يېنىمىزغا كېلىپ بولدى ئاندىن بىز بىلەن سالاملىشىۋېتىپ ھاسىراپ تۇرۇپ ـ: ھۇھ ھۇھ ھۇھ!ئەجەپ ھېرىپ كەتتىما...مەن...مەن!...... ـ: ھىي كەينىڭدىن ئىت قوغلىمىغاندىكىن دىمىڭنى ئېلىۋېلىپ سۆزلىگىنە، قېنى سىنىڭ تەييارلىقلىرىڭ؟ قارىسام يېغىنچاقلا تۇرىسەن سومكامغا سىلىۋالايمۇيە؟ ......دىدى نىجات ئۇنى تىرىكتۇرۇپ. ئەنۋەر ـ: يا..ياق، ئەسلى تۈنۈگۈن ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىپ قويغانتىم بىراق ئەتىگە ماڭاي دەپ تۇرسام ئۆيدە بىر ئىش چىقىپتۇ شۇڭا سىلەرگە يالغانچى بولۇپ قالماي دەپ كېلىشمىتى، مەن ھازىر ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدىم بۇرادەرلەر، مۇمكىن بولسا كەينىڭلاردىن ئۇلگۇرۇپ بارسام دەيمەن. ئادرىسىنى دەپ بەرسەڭلار ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپ كەينىڭلاردىن بارسامىكىن!...... نىجات ـ: ئانچىكى بولسا بامايدىغاننىڭ قازىنىنى ئىسسىۋاتىمەن دىگىنە قورقۇنچاق، بوپتۇ بامىساڭ تىخى ياخشى بايلىق ئۈلۈشىدىغاندىن بىرسى ئازلىغۇدەك ئەنسىرمە سىنىڭ ئورنۇڭدا مەن بىر كىشىلىك كۆپرەك ئېلىۋالامە!... ـ: ياق مەن ئۇنداق دىمىدىم!......چىك ئاي، ماياققا ئۆتەپ تۇرە سەن!......قەھرىمان ئاداش گېپىم راس، بەك مۇھىم ئىشىمدىن بىرسى چىقىپ قالدى شۇڭا بۇگۇن ماڭالمايمەن بىراق ئىشىمنى تۈگىتىپ بولسىلا قىشىڭلارغا چوقۇم بارىمەن!...... مەن بىر نەرسە دەي دەپ بولغىچە نىجات قوشۇق سەپ بولدى ـ: ئەمىسە بامىساڭ مەيلى بىراق ئۆيدىكىلىرىمىزگە دەپ قويىدىغان بولساڭ مەن كەگەندە رەنجىمە جۇمۇ!، كىم سوراپ قالسا دالا ساياھىتىگە چىقىپ كەتتى دەپ قوي، ئۆزۈڭلا بىلسەڭ بولدى. ھە راس!...ئەگەر بىرەر ئايغىچە كېلىپ بولالماي قالساق ئادەم باشلاپ بىرىپ بىزنى قۇتقۇزۇپ كەل، سەن زاپاس ئەزا بولساڭمۇ بولغۇدەكقۇ بۇمۇ ياخشى بولغىنى ھەرھالدا ئىز دىرەكسىز يوقاپ كەتكىنىمىزدىن ياخشىراق بولىدىكەن ھى ھى ھى!......... ـ: ئىغىزىڭنى ئۇشتىمىگىنە، چوقۇم غەلبە بىلەن قايتىپ كېلىمىز!...دىدىم مەن ھەم ئەنۋەرگە ـ: ھېچقىسى يوق، ئىشىڭنى قىلىۋەر. نىجاتنىڭ دىگىنىدەك بۇ ئىشنى بىرەرسىگە دىمىگىن ئانامنىڭ مەندىن ئەنسىرەپ قىلىشىنى خالىمايمەن چۈشەندىڭمۇ؟ ......... ئەنۋەر بىشىنى لىڭشىتتى ھەمدە بىز بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بىرىپ قالغان بولۇپ باشقىلارنى ساقلاشتىن ۋاز كېچىپ ئاپتۇبۇسقا چىقىپ چوڭ غايىلەر بىلەن سىرلىق خارابىلىققا قاراپ يول ئالدۇق. ئاپتۇبۇس يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا چىقىپلا خۇددى مىنىڭ تەقەززا بولىۋاتقىنىمنى سىزىۋالغاندەك تىز سۈرئەت بىلەن يۈرۈشكە باشلىدى. يول بويى نىجاتنىڭ قىززىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ تىلىقىپ ـ تىلىقىپ كۈلەتتۇق، سەپىرىمىز شۇنداق كۆڭۈللۈك بولىۋاتاتتى. نىجات ـ: ھىي باللا ماندىق ئولتىرىۋەسەك ئىچىم پۇشۇپ قالىدىكەن بىرەر ئويان ئوينىمايمىزمۇ؟ ... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان غېنى

ئەجەپلىنىپ سورىدى ـ : قانداق ئويان ئويناپمىز ھوي، ئىشقىلىپ بۇرنۇمغا پۇراقلىقلىغۇ سەن ياخشى ئويان تاپمايسەن زادى!...... ـ : ماڭەۋا، سەن نىمىنى بىلەتتىڭ!...قاراڭلار ھە ماندىاق چۆشەندۇرەي ........دىدىدە سومكىسىدىن تىخى يىشىلمىگەن كورتنى ئىلىپ ـ : بىردەم قەرت ئويناپلى، ئۇتتاغانلارنى بىردىن توشقان تەپتى قىلىمىز قانداق؟ ......... ـ : ياق، قەرت ئوينىساقمۇ ئويناپلى بىراق توشقان تەپتىگىنى كۆتە نىرى!.........دىدى رۇسۇل نىجاتقا...... ـ : ھىي دىۋە، ھەممىسى ماقۇل دەۋاتسا سەن نىمە دەيسە، قىنى قوشۇلىدىغانلار قولۇڭلارنىبى كۆتۇرۇڭلا ما دىۋەبى كۆرىۋاسۇن!...... ئابلىكىم باشقا گەپ قىلماي قولىنى كۆتۇردى، غېنى قاراپ تۇرىۋىدى نىجات بىرنى چىمداپلا ئۇنىڭمۇ قولىنى كۆتۇرگۈزىۋەتتى، مەنمۇ ئامالسىز قولۇمنى كۆتۇردۇم نىجات رۇسۇلغا قاراپ ـ : ئىنىق كۆردۇڭمۇ دىۋە، ھەممىسى قولىنى كۆتۇردى ئەمدى يەنە گىپىڭ بامۇ؟ ......دىدى مەغرۇرلۇق بىلەن. رۇسۇل ـ : ئۇلارنى زورلاپ قول كۆتۇرگۈزدۇڭ ھىساپ ئەمەس بۇ!... تىرىككەن نىجات رۇسۇلغا دوق قىلىپ ـ : جىك چىدىماس نىمكەنسەۋا!...دىۋە دىگەنغۇ ئەقلى يوق كىلىدۇ، ھەممىسى قولىنى كۆتۇرەۋاتسا زورلاپ دەيدا!...... نىجاتقا گەپتە تەڭ كىلەلمىگەن رۇسۇلمۇ ئاخىرى ـ : ھە ھە نىمە؟ ... ۋاي بولدى سانىغىنەۋە بىر نىمەڭنى سەندىن قورققان جاننى ماشىنىدىن سىرىتقا ئىتىۋىتىمە، لىكىن قولۇم قانلىقراق، قاتتىق تىگىپ كەتسە مەندىن رەنجىمە جۇما ئاۋاق!......دەپ قويۇپ قوشۇلدى. نىجات كورتنى يەشكەچ ـ : ھە ماۋۇ گىپىڭ بولىدۇ مانا، مەندىن ئەنسىرىمەي ئۆزۈڭدىن ئەنسىرىگىنە سەن ئاۋال!................. دىگىنىچە كورتنى ساناشقا باشلىدى. ـ : ھە سەن چۆشە، توختا ما قاتىرىڭغا با، ئاله مانا!............. ھا ھا ھا، مەكە دىۋە، پىشانەڭدىن ئوت چىقىرىۋەتمىسەم قاراپ تۇر!........... ھەي بولدى ئويىنمايلىچۇ، بەك زىرىكىپ كەتتىم ئويناۋىرىپ.................... رۇسۇلنىڭ پىشانىسىنى خىلىلا قىزارتىۋالغان نىجات ئۆزى ئۇتتۇرۇپ قويغاندا شۇنداق دەپ كورتنى يىغىشتۇرىۋەتتى. قايىل بولمىغان رۇسۇل نىجاتنىڭ قولىنى تۇتىۋىلىپ ـ : مەكەۋە ئاۋاق، ئەمدى يىڭىلدىڭمۇ بىر توشقان تەپتۇرىۋالاي ئاندىن ئويىنمايلى!......... دىگىنىچە ئۇنىڭ پىشانىسىنى پەملەۋاتاتتى. نىجات ئۆزىنى قاچۇرغاچ ـ : ھەي بولدى دىدىمغۇ، نىمدا قىلىدۇ ماۋۇ كىچىك بالىدەك!... ماشىنىدىكى كىشىلەر قاراۋاتىدۇ شۇك ئولتۇرە ئەدەپسىز!......

ـ : كارىم يوق ئەكە پىشانەڭنى، بولمىسا ئوغۇل بالا ئەمەس دەۋىتىمەن سىنى!... نىجات ئاخىرى ئامال يوقلىقىنى بىلىپ پىشانىسىنى تەڭلىگەچ ـ : ھە مانا بىر تەپتۇرىۋاله دىۋە، بويۇڭ بىلەن ئەقلىڭ ئۆسمىسىمۇ كۆڭلۈڭ ئۆسۈپ قالا!......دىۋىدى رۇسۇل يوغان بارماقلىرىدا تازا چىڭ تارتىپ ئەكىلىپ بىرنىلا قويۇپ نىجاتنى يوقلا قىلىۋەتتى. نىجات خىلى بىر ۋاقىتقىچە پىشانىسىنى سىيلاپ ئاپتۇبۇسنىڭ ئالدىغا ئۆچ كەينىگە ئۆچ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ بىزلا ئەمەس ئاپتۇبۇس ئىچىدىكىلەرمۇ كۈلۈپ تىلىقىپ قالغان ئىدى. بىز شۇنداق قىزىقچىلىقتا مىڭىپ يولمۇ ئۆزۈن بىلىنمىدى، ئەتىسى ئەتتىگەندىلا ئاپتۇبۇس يىزىغا

كىلىپ بولدى. بۈگۈن بازار كۈنى بولۇپ ئەتتىگەندىلا بازار ناھايىتى قايناپ كەتكەن ئىدى. بىز بىردەم بازار ئايلانغان بولدۇق، ئاندىن ئۇلارنى ئېلىپ قەدىمى خارابىيلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. خارابىيلىق بىز ئاپتۇبۇستىن چۈشكەن جايدىن خېلىلا يىراق بولغاچقا پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلدى، بىراق نىجات يول بويى ۋاتىلداپ مېڭىپ بىزنى زېرىكتۈرمىدى. ھەش ـ پەش دىگۈچە سېلىمكامنىڭ ئۆيىگىمۇ ئاز قالغان ئىدۇق، سېلىمكام بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن ماڭاي دىدىمىيۇ لىكىن گۇماننى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيىگە كىرمەيلا باشقا يولدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتۇق. يەنە خېلى ماڭغاندىن كىيىن ئاخىرى مەن ئالدىدا بارغان تۆپىلىككە يىتىپ كەلدۇق مەن خارابىيلىقنى كۆرستىپ تۇرۇپ ـ : مەن دىگەن خارابىيلىق ئەنە ئاشۇ شۇ!........دىدىم. ھەممىسى تەڭلا ئۇ تەرەپكە قاراپ ئېغىزنى ئېچىپلا قىلىشتى. نىجات ـ : ئاداش، سەن ئاشەنى دىگەنمىتىڭ؟ قاراشقىلا ئۇ يەرگە كىرىپ كەتسەك چىقالمايدىغاندەكلا تۇيغۇدا بولىۋاتىمىنا...نىمانداق سۇرلۇك جاي ئۇ؟ ............ غېنى ـ : پاھ، دەل مەن تىما قىلىشقا باب كەلگۈدەكلا خارابىيلىقكەن، بىراق ئىچىگە كىرمەي تىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىلا تىما قىلىپ يازسام بولغۇدەك!............. رۇسۇل ـ : قەھرىمان ئاداش، مەن خېلى نەرسىلەردىن قورقمايتىم لىكىن ماۋۇ خارابىيلىقنى كۆرۈپ تىنىم سەل شۈركۈنۈۋاتىدۇ جۇمۇ!......... نىجات يەنە رۇسۇلنى تىرىكتۇرۇشكە باشلىدى ـ : ھەي دىۋە، ئۆيۈڭگە كىلىپمۇ تىنىڭ شۈركىنەمدا؟ مانا قاراپ باقماسەن، سەن دىۋىنىڭ ئۆيىلىغۇ بۇ!...... ـ : ئوتىرە ئاۋاق، ساڭا گەپ يوق!... ـ : ساراڭ دىۋە!... ـ : قورۇق ئاۋاق!... ئۇلارنىڭ جىدىلىنى بىسىقتۇردۇم ـ : بولدى قىلىڭلارچۇ باللا، شۇ مەن باشتا نىمە دىدىم، بۇ يەرنى ناھايىتى يىشىلچىلىق، جەننەتتەك بىر ماكان دەپ تەرىپلەپ بەرمىگەن بولغىيتىم؟ .......... ـ : ئۇنداققۇ دىمىدىڭ، بىراق مانداق قورقۇنۇچلۇقلىقىنى خىيال قىلماپتىكەنمەن. بۇ تۇرقىدا بىرەر يىرتقۇچقا ئۇچرىمىغان تەقدىردىمۇ قوقۇپ بولسىمۇ جىنىمىز چىقىپ قالامىكى!......دىدى نىجات چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. ھىلىدىن بىرى گەپ قىلماي تۇرغان ئابلىكىم سۆز ئاچتى ـ : قورققان بولساڭلار ئەمىسە قايتىپ كىتىڭلار، بىز قەھرىمان بىلەن كىرىپ چىقىلى ياكى ئىچىگە كىرمەي مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرامسىلەريا؟ .................. نىجات ـ : يوۋ پانا!......بىرى مەستىن بىرى مۆرىمەستىن قورق دەپ ماۋۇ مۆرىمەسكە تىل چىققىلى تۇردى ئەمدى. بىز قاچان كىرمەيمىز دىدۇق، شۇ ئازراق قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلغاچقا تۇيغۇلىرىمىزنى دەپ قويدۇققۇ!...سەندەك قورقۇش ھۆجەيرىسى تەرەققىي قىلمىغانلار نىم بىلتىڭاۋە!............. ـ : ئەمىسە نىمگە ساقلاپ تۇرىسىلەر ماڭمامدۇق، بىز تەشنا بولغان خارابىيلىق ئالدىمىزدىلا تۇرمامدۇ ئەنە!......... ـ : ماڭساق ماڭدۇق، كىم قوقۇپتۇ!......يۆرە دىۋە ئالدىمىزدىراق ماڭ!...نىجات شۇنداق دىگەچ رۇسۇلنى ئالدىغىراق ئىتتىرىپ قويدى. شۇ پەيتتە ئۇلارنى توختىتىۋالدىم ـ : ئالدىرىماڭلار بۇرادەرلەر، بىز تىخى ھەقىقىي قورقۇنۇچلۇق يىرىگە بارمىدۇق. ئويلاپ باقماسىلەر سېلىمكام دىگەندەك شۇنداق قاۋۇل بەش ئادەم كىرىپ كىتىپ تىخىچە ئىزدىرىكى يوق يەرگە ئالدىراپلا كىرسەك بۇ

تۇرقىمىز بىلەن دەرۋازىسىنى كۆرمەي تۇرۇپلا بىر تەرەپ بولۇپ كىتەمىزمىكى...سەل كۈزىتىۋىلىپ ئاندىن كىرەيلى بولامدۇ؟ ...... ئاردىن غېنى سۆز ئاچتى ـ: بۇ دىگىنىڭمىغۇ توغرا، دىمىسىمۇ ئالدىراپلا تەۋەككۇل قىلىپ كىرىشكە بولمايدۇ شۇڭا سەن دىگەندەك ئازىراق كۈزىتىپ بىقىپ بىرەر ئىش بولمىسا ئاندىن كىرەيلى، ئەمما قاۋۇل ئادەملەر كىرىپ كىتىپ چىقامىغان تۇرسا...دىگەن گىپىڭگە مەن قارشى!چۈنكى «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يىڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يىڭەر» دىگەن گەپ بار، بەلكىم ئۇلار كۈچىگە ئىشىنىپ كاللىسىنى ئىشلەتمەي ئۆلتۈرۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ ھەر ئىشتا كاللىمىزنى ئىشلىتىپ ئىش قىلغىنىمىز ياخشى دەپ ئويلايمەن!...... ـ: ۋاھ ۋاھ!ما پەيلاسوپىنىڭ دىگىنى راس، مانىڭدەك ئېينىشتېيىن بار يەردە ئۇ ئىشلاردىن غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ قەھرىمانىنىڭ جاسارىتى!...... ھى ھى ھى!.......... دىدى نىجات يەنە ھەيبارلىق بىلەن. ھەممىمىز غېنىنىڭ سۆزىنى قوللاشتۇق، ھەم شۇ بويىچە ئىش قىلىشنى ئۆتتۈپ قالماسلىقنى ئۆزىمىزگە نىشان قىلىۋالدۇق. بىردەم كۈزەتكەندىن كىيىن بىز ئاستا تۆپىلىكتىن چۈشۈپ خارابىلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، يېقىنلاشقانسىرى ھەممىمىزدە بىرخىل ئەنسىزلىك تۇيغۇسى ئەكس ئىتتۇۋاتاتتى، ئۆتىنىڭ ئۇستىگە يۇلغۇنلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىزلا يۇگۈرۈپ چىقىدىغان ياۋا توشقانلارمۇ جىنىمىزنى ئىلىپ جاڭگالدا قوياتتى. نىجاتمۇ خارابىلىققا يېقىنلىشىپ بولغۇچە ئون قىتىم سەكرەپ بولغاندۇ قورقۇنۇچتا. تىخى ئاچچىقى كىلىپ قورقۇتقان توشقانلارنى بىرنىملەرنى دەپ تىللاپ خىلى يەرگىچە قوغلاپ باقاتتى. شۇ تەرىقىدە خارابىلىقنىڭ كىرىش ئىغىزىغىمۇ كىلىپ قالدۇق، ئەتراپ شۈنچىلىك جىمجىت، ھەم شۇنچىلىك سۈرلۈك ئىدى. بىز ئۇيان بۇيان قاراپ دىگۈدەك كىتىۋاتاتتۇق. مانا كىرىش ئىغىزىنىڭ ئالدىغىمۇ كىلىپ بولدۇق، ھەممىمىز دىيىشىۋالغاندەكلا كىرىش ئىغىزىنىڭ ئالدىدا توختاپ بىر ـ بىرىمىزگە قارىدۇق ھەمدە ئۆز ئارا ياخشى تىلەكلەرنى ئېيتىشتۇق ھەمدە ھەممىمىزنىڭ ساق سالامەت مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىشىمىزنى تىلەپ خارابىلىقنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە يول ئالدۇق. نىمىشقىدۇر شۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا ئادەمنىڭ تىنىنى شۈركەندۈرىدىغان بىرخىل سوغۇق شامال ئۇچۇپ يۈرەتتى، يۈزلىرىمىزگە ئۇرۇلغاندا ئىختىيارسىزلا ئەندىكىپ كىتەتتۇق. ـ: بۇنچە ئىسسىقتا نەدىن كەلگەن سوغۇق شامال بۇ باللا؟ ......دىدى نىجات جىمجىتلىقنى بۇزۇپ. رۇسول ـ: شۇنى دىگىنە، يا سىنىڭ تۇققانلىرىڭ كەلگىنىمىزنى سىزىپ يوقلاپ كەلدىمۇ!......... ـ: ئىغىزىڭنى يۇمەۋە دىۋە، كىرە كىرمەيلا ھەرقىسىم گەپ قىلماي!......ئۇلار يوقلاپ كەلسە پىتىڭنى تىرىپ يەيسە رۇسول ساراڭ بولۇپ مەشەدە! بوران ئەپ قاچقان ساراڭ دەپ يوغان نامىڭ قالىدۇ ئاندىن!.......... نىجاتنىڭ گەپلىرىدىن كۈلۈپ كەتتىم، قىززىق ئىش ئۆتىنىڭ قورقۇپ كەتكەن چاغدا ئادەتتىكىدىنمۇ قىززىق گەپ قىلىدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ قالدىم. شۇندا غېنى سەل جىددىي ئاۋازدا ـ: ھەي باللا جىم تۇرۇڭلا، مەندە بىر نەرسە بىزگە يېقىنلىشىپ كىلىۋاتقاندەكلا تۇيغۇ

بولىۋاتىدۇ راسمۇ سىزنىمىمۇ بىلەلمىدىم......... ـ: ۋوي ئەمدى ماۋۇ نىم دەيدىغاندۇ ئادەمنى قورقۇتۇپ، سەن بولساڭمۇ ئىغىزىڭنى يۇمساڭ بولمامدۇ، بولدى مەن چىقىپ كىتىمە!...... نىجات شۇنداق دىگىنىچە كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ۋارقىراپ كەتتى«ۋايجان يىلان!..........يىلان باكەن!...........»

تەۋەككۈلچىلەر(1 ـ باب 11 ـ قىسىم)

نىجاتنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن ھەممىمىز چۆچۈپ كەينىمىزگە قارىدۇق، دەرۋەقە جۇغى ئادەتتىكى يىلاندىن چوڭراق كەلگەن ئىككى يىلان بىزگە قاراپ كىلىۋاتاتتى. بىز نىمە قىلارىمىزنى بىلمەي تۇرغاندا جىددىيلەشكەن نىجات سومكىسىنى يىشىپ نىملەرنىدۇر ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدىن ھەيران بولغان غېنى سورىدى ـ: ھەي نىجات نىمىش قىلىۋاتىسەن، تىز قوپە ئۇلاردىن تىزرەك يىراقلاشمىساق بولمايدۇ!...... بىراق نىجات بىشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن ـ: مۇشەدە باتتىغۇ نەدە قالغاندۇ ئەستا!...دىگىنىچە سومكىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. غېنى يەنە چۈشەنمەي قايتا سورىۋىدى نىجات ئۇنىڭغا ـ: ئۆزىمىزنى قوغدايدىغانغا مۇشەگە بىر نەرسە سىلىۋالغانتىم تاپالمايۋاتىمەن جىددىيلەشتۇرمەي تۇرە ئەدەمنى!...دەپ كايىپ كەتتى. تۇيۇقسىز غېنىنىڭ كاللىسىغا بىر نەرسە كەلدىمۇ ئۇمۇ سومكىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى كۈزىتىپ ئولتۇرۇپ تاقەت قىلالماي سورىدىم ـ: ھەي باللا يىلانلار كىلەيلا دەپ قالدى نىمىش قىلەۋاتىسلەر!...... غېنى سومكىنى ئاختۇرغاچ جاۋاپ بەردى ـ: سۇتنى ئىزدەۋاتىمەن!...... ـ: نىمدەيسە؟ سۇت دىدىڭما؟ ... ـ: ھەئە سۇت، چۈنكى كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۋىتەلىشىمىز مۇمكىن بىراق نۇرغۇن يىلانلارنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىز مۇمكىن شۇڭا ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ ئۇلارغا سۇت بەرسەك بىزگە چىقىلمايدۇ شۇندا سالامەت ھالدا يولىمىزنى داۋاملاشتۇرالايمىز!.....غېنى شۇنداق دىگىنىچە سومكىدىن ئاختۇرۇپ يۇرۇپ بىر خالتىلىق سۇتنى ئالدىدە بىللە ئىلىۋالغان ياپىلاق كورىغا قۇيۇپ يىلاننىڭ ئالدىغا ئاستا قويدى. يىلانلارمۇ بىردەم تۇرۇپ كىتىپ تارتىنماستىن سۇتنى ئىچىشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ غېنىنىڭ ئەقلىگە ھەممىمىز بارىكاللا ئوقۇپ كىتىشتۇق، ئاندىن يىلانلارنىڭ سۇتنى ئىچىپ تۇرغان پۇرستىدىن پايدىلىنىپ ئاستا يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. شۇنداق مىڭىپ چوڭ مەيدانغا بىرىشقا ئازلا قالغاندا قىرىشقاندەك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر يىلاننىڭ سوزۇلۇپ ياتقىنىنى كۆرۈپ نىجات تىرىكىپ سەكرەپ كەتتى ـ: ئاھ خۇدا!... نىمىدىن قورقسام ئالدىمدا شۇ نەرسە پارقىراپلا تۇرىدىغۇ، ما ئۆلىكىنى ساتىدىغان نەدە ساقلاپ تۇرغان بولغىيدى مىنى!... نىمانداق قىرىشقاندەك بىزگىلا ئۇچرايدىغاندۇ بۇ نىملەر!...... ھە ھە، راس غېنى ئاغىينە ئىچىل داستىخىنىڭدىن سۇتتىن بىرنى شاتتىدە ئىلىپ ئاۋۇ پاقىراپ تۇرغان يوبەيچى(يۆگىمە ئۇسۇلچى)گە بىرىۋىتىپ بىزنى يەنە بىر قۇتقازمامسەن؟ بولە چاققان ئاغىينە!...... غېنى سومكىسىنى ئاختۇرغاچ بىر نەرسە ئىسىگە كەلگەندەك نىجاتقا قاراپ ـ: ئاداش راس سۇت پەقەتلا تۈگىدى، ئۆيدىن چىققاندا يولدا ئىچەرمەن دەپ بىر خالتا

ئېلىشۋاپتىكەنمەن قورسۇقۇم ئاغرىمىسۇن دەپ ئېلىپ قويغان سۈتنىڭ بۇنداق ئەس قىتىپ قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن! ...... بىراق ئاۋۇنىڭغا ئەمدى سۈت قالماپتۇ ئاداش رەنجىمە!...... ـ : ۋاي سەن نىم دەيدىغانسەن ئەمدى، ماڭا كەلگەندە رىم دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ قۇرۇپ كەتمىگەندۇ؟ ...قاراپ باققىنە ئى خۇرجۇنۇڭغا يادىڭدا يوق بىرەر خالتا ئارتۇق ئېلىۋالغانسەن!... غېنى سومكىسىنى يەنە ئاختۇرۇپ نىجاتقا ـ : ۋاي مانا راستىنلا تۇگەپتۇ، سۈتنىڭ بۇنداق چاغدا ئەسقىتىپ قىلىشىنى مەن نەدىن بىلەي بولمىسا بىر يەشكىلا ئېلىۋالىدىكەنمەن!...... ـ : ۋاي سىنى!......ئەستاخپۇرۇللا، نىمانداق شەخسىيەتچى نىمە سەن!بىز بەش ئادەم بولغاندىكىن ھىچ بولمىسا ئىككى ئۈچ خالتىنى ئوشۇق ئېلىۋالساڭ بولمامتى دەيمە، قانداقلا قىلىپ بولسۇن ماۋۇنىڭغا بىرەر نەرسە بىرىپ گول قىلە دەيمە قورقۇپ پۇت ـ قوللىرىم تىترەپ كىتىۋاتىدۇ بۇنداق بولىۋەرسەم ئەمدى ماڭالماي قالغۇدەكمەن!...... غېنى ئەمدى تىرىكتى ـ : ماڭىلا دەمسەن، قانداق ئامال قىلىمەن ھىلىمۇ ئىككى يىلاننى ئالداپ يۈرۈپ سالامەت ئۆتىۋالدۇقكۇ سۈت تۈگىسە ئەمدى ئۆزۈمنى سىغىپ بىرەمدىمە، مەندىن يا سۈت چىقمىسا!...... نىجات غېنىغا ئالىيىپ قويۇپ رۇسۇلغا ئۆتتى ـ : دىۋە ئاكا، قوش قاتقان بۇقىدەك قاراپ تۇرماي ما قاپاق كاللاڭنى بىر ئىشلىتە ياكى سومكاڭغا قارىغىنە سەنمۇ يولدا ئىچەرمەن دەپ ئېلىپ چىققان بىرەر خالتا سۈتۈڭ چىقىپ قالا!......ياكى غېنى ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئىككى يىلاننى گول قىلالىغاندىكىن سەنمۇ كۈچۈڭنى ئىشلىتىپ ماۋۇنى كۆتۈرۈپلا بىر تەرەپ قىلىۋىتەمسەنيا؟ ......... رۇسۇل بوم ئاۋازلىرى بىلەن ـ : مەن سۈت ئىچمەيمە خوشۇم يوق، بىراق بىر نەرسە باتى ئەسقاتارمۇ!......دىدىدە سومكىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھەممىمىز رۇسۇلنىڭ سومكىسىدىكى«قۇتقازغۇچى»غا تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇراتتۇق، ئۇ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ بىر بولاقنى ئالدىدە نىجاتقا ـ : مانا!......دەپلا تۇتقۇزۇپ قويدى. كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن نىجاتنىڭ بىردىنلا قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ رۇسۇلغا دوق قىلدى ـ : ھوي دىۋە پىرىم نىمەڭ بۇ؟ ...... ـ : قاراپ بىلمىدىڭما، ئىخلاس فىرىما!......... ـ : ئان!......... ئەستاخپۇرۇللا!... ھىي خۇمدان كاللا، كالامپاي دىۋە!...بۇنىڭ ئىخلاس فىرىمالىقىنى بىلدىم نىمە قىلىدىغانغا ئالدىڭ دەۋاتىمەن!......ياكى بۇنى دەملەپ ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ئاۋۇ يىلاننىڭ كىتىشىنى ساقلاپ تۇراي دىگەنمىدىڭ يا؟ ......... ـ : بىز دەملەپ ئىچمەيمىز ئاۋۇ يىلانغا دەملەپ بەرسەك بۇنى ئىچىپ گول بولىدۇ ئاندىن بىز يەنە خاتىرجەم يولىمىزنى داۋام قىلىمادۇق!............ نىجاتنىڭ يۈزىگە بىردىنلا كۈلكە يۈگۈردى ـ : توغرا!...... بۇنىڭدىمۇ سۈت تەركىبى بولغاندىكىن يىلان ئەلۋەتتە ئامراق بولۇشى مۇمكىن ......... شۇنداق دەپ بولۇپلا بىردىنلا تەرى تۈرۈلدى ـ : ھوي دىۋە مىنى قاپاق كۆرەپ قالدىڭما، ماۋۇ دولامنىڭ ئوتتۇرىدىكى قاپاق ئەمەس كاللا جىمۇ كىمىڭنى ئەخمەق قىلاي دەيسەن، ئۇنىڭغا فىرىما دەملەپ بىرىمىز دەپ نەدىن چاي ئىزدەپ يۈرىمىز؟ جىك ساراڭ دىۋىكەن بۇ...يەنە تىخى چاينى تاپتۇق دىگەن تەقدىردىمۇ سوۋۇتۇپ بىرىمىز دىگىنە!ۋاي سىنىڭ شۇ كاللاڭنى ئېچىپ ۋىنتىسىنى بىر كۆرۈپ باقسام!............

ـ: ھەي بۇيەردە تارتىشىپ ئولتۇرماي بىرەر ئامال تېپىڭلا، گەپ تالاشقانغا ئۇ يىلان كېتىپ قالاتتىمۇ؟ ......دىدى غېنى جىددىي تەلەپپۇزدا، شۇندا كاللامغا بىر ئەقىل كېلىپ قالدى ـ: توختاڭلا!مەن بىر ئامال تاپتىم......نىجات سەن بىرىپ ئاۋۇ ئىككى يىلاننىڭ ئالدىدىكى ئىچىۋاتقان سۈتنى ياندۇرۇپ كەل ئاندىن بۇنىڭغا بىرىپلا ئاستا يولىمىزغا راۋان بولىمىز قانداق؟ ...... نىجات ئەمدى يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى ـ: جىنىم ئاكا مىنى نىمانداق قىينايدىغانسەن، ئۇ ئىككىسىدىن ئاران قۇتۇلغان تۇرسام يەنە ئالدىغا بارامدىم؟ يەنە كېلىپ ئىچىۋاتقان سۈتنى تاتىۋالىدىكەنمەن!...... ئۇلارنىڭ تامىقىنى تارتىۋالسام قاراپ تۇرارما؟ مىنى مۇشەدىلا ئىچىگە كىرەلمەي ئۆلسۇن دەيدىغان ئوخشىمامسەن! ...... دىگەندىن يۈكۈنۈپلا ئولتۇرىۋالدى. مەن يەنە ـ: ئەمىسە قانداق قىلىمىز بۇنىڭدىن باشقا ئامال بولمىسا!...... نىجات ئاچچىقىدا سومكىسىنى ئاختۇرغاچ ـ: كارىم يوق ئەمدى نىمە كۆرسەم كۆرۈپ ئاۋۇنى ئۆلتۈرىۋىتىمە، قەنە ما قۇرال نەدە قالغاندۇ!........ئۇ بىزنىڭ توسىغىنىمىزغىمۇ پەرۋا قىلماستىن سومكىسىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ بىر تاپانچىنى چىقاردى. قارىماققا ئۇ تاپانچا راستەكلا قىلاتتى، ھەممىمىز ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدۇق. مەن ـ: ھەي نەدىن تاپتىڭ بۇ قۇرالنى، قۇرال ساقلاشنىڭ قانۇنغا خىلاپلىقىنى بىلمەمسەن!...... ـ: نەدىن تاپسام ئىشقىلىپ تاپتىم، بۇ ئەينى چاغدا دادام ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن تاپانچا ئىدى ئوغۇرلۇقچە سومكامغا سىلىۋالغان بۈگۈن بۇنىڭ كۈچىنى بىر كۆرۈپ باقاي!...دادام ئوقمۇ با دەۋاتتى بەتلەپ ئاتسىملا بولىدىغان ئىشقۇ شۇ. قۇلىقىڭلانى چىڭ ئىتىڭلار ھە، ئاۋازى بەك يۇقىرى قۇلاقنى پاڭ قىلىپ قويىدۇ بۇ!... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە تاپانچىنى يىلانغا قارىتىپ تۇرۇپ تەپكىگە بارمىقىنى ئالدى، بىز كۆزلىرىمىزنى چىڭ يۇمۇپ قۇلىقىمىزنى ئىتىۋالدۇق. «ئۆلە بىشىڭنى يەيدىغان!...» نىجات شۇنداق دىگىنىچە تەپكىنى باستى...«چىك، چىك!»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزىمىزنى ئىچىپ كۆرگىنىمىز شۇ بولدىكى تاپانچىنىڭ ئۇچىدا ئوت كۆيىۋاتاتتى. بىز تىخىمۇ ھەيرانلىقتا قوللىرىمىزنى چۇشۇرۇپ نىجاتقا يىقىنلاشتۇق. نىجات بولسا قولىدىكى تاپانچىنىڭ ئۇچىدا كۆيىۋاتقان ئوتقا ھەيرانلىقتا قاراپ تۇراتتى. تەپكىنى قويىۋپ بىرىپ يەنە بىسقۇدى تاپانچىنىڭ ئۇچىدا يەنە ئوت كۆيۈشكە باشلىدى، ئەسلىدە بۇ تاپانچا بولماستىن شۇ شەكىلدە ياسالغان چاقماق ئىدى. خۇددى راس تاپانچىدەكلا ياسالغىنىدىن بىزمۇ بەكلا ھەيران قالدۇق. تىرىككەن نىجات ـ: ئاناڭنى!......نەچچە ۋاقىتتىن بىرى تاپانچا دەپ كەلسەم ئەسلى چاقماقكەن ئەمەسمۇ!...ئاھ خۇدا مۇشۇنداقمۇ نەس باسقان بارمۇ ئادەمنى!... ھەممىمىزنىڭ كۈلكىسى قىستاپ كىتىۋاتقان بولسىمۇ لىكىن نىجاتنىڭ رەنجىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ كۈلۈشكە پېتىنالمىدۇق، مەن ئۇنىڭ دولىسىغا قولۇمنى ئىلىپ تەسەللىي بەرگەچ ـ: بوپتۇ ئاداش ھىچقىسى يوق، يەنە باشقا ئامالمۇ چىقىپ قالار تۇرە ئەركەكتەك بول، ھىلىتىن بۇنداق بوشىشىپ كەتسەك بىز كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئويلاشقىمۇ ئەقلىمىز يەتمەيدىغان بۇ سىرلىق خارابىلىقنىڭ سىرىنى قانداق يىشىپ ساق ـ سالامەت چىقالايمىز؟ ئويلاپ باقمامسەن بىز تىخى ئەمدى كىرىش ئىغىزىدا،

خارابىيلىقنىڭ ئىشىكىگە تېخى ئۇلاشقىنىمىز يوق، بىشىدىلا بۇنداق بوشىشىپ كەتسەك بۇ يەرگە كىردۇق دېمەگلىك بىلەنمۇ ساق چىقالىشىمىز ناتايىن!......... نىجات ئۇھسىنغان ھالدا ـ: ئاداش مەن قورقۇنچاق ئەمەس، بىلىممۇ بوشاپ كەتكىنى يوق، پەقەت ئۆمرۈمدە مۇشۇ يىلان دېگەن نىمىدىنلا ئاجايىپ قورقىمەن ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نىمىنى ئالدىمغا ئەكىلىپ قويساڭ ئاغىينە بولاپ كىتىشىم...ئىشىنەمسە؟ ......دىدى قولىنى ماڭا تەڭلەپ، مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتقاچ ـ: بۇ گېپىڭگىغۇ ئىشىنىمەن، لىكىن بۇ يەرگە كىرگەنىكەنمىز ھەرقانداق نەرسىدىن قورقمايدىغان ئادەت يىتىلدۇرىشىمىز كىرەك بولمىسا يىرتقۇچلارغا يەم بولمىغان تەقدىرىمىزدىمۇ يۈرەك كىسلى بىلەن ئۆلۈپ كىتىشىمىز مۇمكىن قورقۇنۇچنىڭ دەردىدە!...شۇڭا ھەرقانداق ئىشتا پاراسەتلىك، قورقماس بولۇپ بىر ـ بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇشىمىز كىرەك!...... ـ: دىگىنىڭ توغرا، ھامىنى مىڭىپ مۇشۇ يەرگە كەپتۇق، ئەمدى ئارقىمىزغا يانساق ئەركەكلىكتىن چىقمايدۇ شۇڭا نىمە كۆرسەك كۆرەپ خارابىيلىقنى بىر قوچۇپ چىقىلى قانداق دىدىم؟ ......دىدى نىجات بىردىنلا روھلىنىپ. ـ: توغرا!..........

ھەممىمىز ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇستىگە، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ قولىمىزنى قويۇپ قايتىدىن ئۆزىمىزگە روھىي كۈچ توپلىدۇق. ئاندىن سومكىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ سوزۇلۇپ يىتىۋالغان يىلان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، بىردىنلا ھېچقايسىمىزدا ئۇ يىلانغا نىسپەتەن قورقۇنچ قالمىغان ئىدى، چۈنكى بىز بىر ـ بىرىمىزگە روھىي تۈۋرۈك بولغان ئىدۇق. شۇنداق قىلىپ يىلانغا بارا ـ بارا يىقىنلاشقىنىمىزدا يىلانمۇ بىلگەندەكلا يۇمۇلاق شەكىلدە يۆگىشىپ بىر تەرەپتىنرەك بىزگە يول ئىچىپ بەردى. بىزمۇ يىلاننى چۆچىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ھەربىر ھەرىكىتىمىزنى ناھايىتى ئاۋايلاپ باساتتۇق ئامال بار يىلانغا بەك يىقىن مىڭىشتىن ساقلانغان ئاساستا بۇ يىلاندىنمۇ سالامەت ئۆتىۋالدۇق. يىلانمۇ بىزنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمىزنى دىققەت بىلەن كۈزەتكەن ھالدا بىزگە قاراپ تۇراتتى، بىز ئۇنىڭدىن تامامەن بىخەتەر ئارىلىقتا ئۆتۈپ بولغاندىن كىيىن نىجات يىلانغا قاراپ ـ: بايىلا مۇشۇنداق قىلغان بولساڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىز تىجىلىپ قالاتتى، بىكاردىنلا بىرمۇنچە ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلدىڭ. ئەسلى سىنى ئۆلتۈرىۋىتەي دىگەن ئىدىم جىنىڭ تۈيۈپ قىلىپ يول بىرىپ قالدىڭدە!.........دەپ پو ئىتىپ قويدى. يىلانمۇ ئۇنىڭ گىپىنى چۈشەنگەندەك ئىغىزىنى يوغان ئىچىپ خىرىس قىلغان ھالدا بىر كىشىلدىۋىدى نىجات قورقۇپ ۋارقىرىغىنىچە بىزدىن نەچچە مىتىر يىراقلىققا قىچىپ بولدى. بىز ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ تىلىقىپ كۈلەتتۇق. ئۇ بولسا تىخىمۇ تىرىكىپ سەكرەپ كىتەتتى. بىز شۇ ھالدا مىڭىپ خارابىيلىقنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيدانغا كەلدۇق، بۇ يەر سىلىمكام تەسۋىرلەپ بەرگىنىدىنمۇ كەڭرى بولۇپ سىلىشتۇرۇشقا دۆلەتلىك ئەڭ چوڭ پۇتپول مەيدانلىرىدەك چوڭلۇقتا ئىدى، بۇ كەڭ مەيداننى يۇلغۇن باسقان بولۇپ ماڭغانلىكى يىرىمىزدە خىلى چوڭ ـ چوڭ ئۇستىخانلار دىگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ كۆرۈنۈش بىزنى سەل چۆچۈتۈپ قويدى، بۇ يەردىكى ئۇستىخان پارچىلىرىنىڭ ئۆزىلا بۇ كەڭ مەيداننىڭ يىرتقۇچلارنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان، كۈشەندىلەرنىڭ بىر ـ

بىرىنى قىرىدىغان جەڭ مەيدانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. كۆپىنچە ھايۋانلار كەچتە ئۇۋغا چىقىدىغان بولغاچقا ھازىر بىزنىڭ بىخەتەر بولىشىمىز كۆپرەك نىسپەتنى ئىگىلەپ تۇراتتى، شۇنداق بولسىمۇ بىز ناھايىتى ھۇشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۈزەتكەچ ئاستا خارابىلىقنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ماڭغاچ كۆڭلۈمدە «ئەينى چاغدا بۇيەر ئوردا بولغانمۇ دەيلى، بىراق بۇ چوڭ مەيداننى زادى نىمىگە ئىشلەتكەن بولغىيتى؟ سېلىمكامغۇ بۇ يەرنى بۇرۇن بازار بولۇشى مۇمكىن دەۋاتاتتى، بىراق بازار دىگەن سىپىل ئىچىدە بولسا توغرا بولاتتىغۇ!......» دەپ ئويلايتتىم. ـ: ھەي باللا نىمانداق كەڭ مەيدانىدۇ بۇ، بۇرۇنلاردا قانداق ئىشقا ئىشلەتكەن بولغىيدى؟ قۇرۇلۇش قىلمىغىنىغا قارىغاندا چوقۇم مۇھىم بىر ئىشقا ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن بولمىسا بۇنچە جاينى بىكاردىن قورشاۋغا ئېلىپ قويۇپلا بولدى قىلماس؟ ......دىدى نىجات ئويلىرىمنى بىلىۋالغاندەكلا. مەنمۇ جاۋابەن ـ: شۇنى دىگىنە، تاغامغۇ بۇيەرنى بۇرۇن بازار بوپتىكەن دەيدۇ. بۇ خارابىلىقتا نەچچە مىڭ يىل بوپ كەتكەچكە ھىچكىم ئىزاھلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت ئىچىگە كىرسەكلا ئاندىن ئەسلى سىرىنى يېشەلىشىمىز مۇمكىن...... دىدىم مەن. ئۇمۇ باشقا ئارتۇق گەپ قىلمىدى، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق، قارىماققا ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەكلا تۇيۇلغۇ بىرىدىغان بۇ چوڭ ئىشىك ئەمەلىيەتتە خېلىلا مەزمۇت ئىدى، چۈنكى نەچچە مىڭ يىل شەھەر خارابىلىقى ئىچىگە كىرىدىغان يولنى يوقىتىۋەتمىگەن ھالدا سىپىل تىمىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىدى، شۇنداق تۇرسا يەنە بىر نەرسە دىيەلەيتۇقمۇ؟ بىز سىپىل دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئۈستىگە قارىغىنىمىزدا ئىغىزلىرىمىز ئىچىلىپلا قالدى، چۈنكى يىراقتىن پاكارلا كۆرۈنىدىغان بۇ سىپىل تېمى كەم دىگەندىمۇ ئون مېتىرچە ئىگىزلىكتە قوپۇرۇلغان ئىدى، سىپىل تىمىنىڭ بەزى جايلىرى مەلۇم زەربىلەر تۈپەيلى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن خىلى مەزمۇت تۇرغان ئىدى، شۇنچە ۋاقىتقىچە گۇمۇرۇلمەي ساقلىنىپ قېلىشىمۇ ئاسەن ئەمەستە!كۆڭلۈمدە بۇنداق بىجىرىم قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئۇستىلارغا قايىل بولدۇم. بىزدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان شۇ ئادەملەر ھازىرقىدەك تەرەققىياتقا ئىگە بولغان بولسا يەنە نىملەرنى ياسىۋتەر بولغىيدى ھە؟ ...... ئىشىكنىڭ تۆۋەن تەرىپى سېلىمكام دىگەندەك ئادەم پاتقىدەك قىلىپ نەچچە تۆشۈك ئىچىلغان بولۇپ بۇنى ئادەمنىڭ ياكى بىرەر نەرسىنىڭ قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تۆشۈكتىن ئىشىكنىڭ قىلىنىلىقىغا قارىدىم، بىر مېتىرغا يېقىن قىلىنلىقتىكى بۇ «گىگانت» ئىشىكتىن نىمە مۇشۇنداق تۆشۈك ئىچىۋىتەلەر؟ ...ھىلىقى سىلىمكام سۆزلەپ بەرگەن گىگانت يىلان يادىمغا كەلدى، بىراق ھەرقانچە بولسا بۇنداق قىلىن ئىشىكتىن تۆشۈك ئىچىۋىتەلمەس، بىرەر ئادەم كىلىپ مەلۇم ئەسۋاپتا تەشكەن تۆشۈكمىدۇيا؟ ۋەياكى ئەينى چاغدا ئۇرۇش بولغان بولسا ياۋلار باستۇرۇپ كىلىپ ئاچقان تۆشۈكمىدۇ؟ بىراق دۈشمەنلەر سىپىلغا ھۇجۇم قىلغان بولسا ئىشىكنى پۈتۈنلەي چۇۋىتىشى مۇمكىنغۇ نەچچىتال تۆشۈك تىشىش ئەقىلگە سىغمايدۇ!...قانداقلا ئويلىسام ئەقلىم

يەتمەيۋاتاتتى بىراق ھەممە سىرنىڭ مۇشۇ خارابىيلىقنىڭ ئىچىگە يۇغۇرۇلغانلىقىنىلا بىلەتتىم......... ـ : ھوي قەھرىمان بايىدىن بىرى ساڭا قاراپ ساقلاپ ئولتادۇق نىمىگە ھاڭۋىقىپ قالدىڭ؟ كىرىشتىن ياڭتىيىپ قىلىۋاتامسەنيا؟ ............... نىجاتنىڭ سۆزى خىيالىمنى بۇزدى، مەن راسلا تۆشۈككە قارىغىنىمچە ھاڭۋىقىپ قالغان ئىدىم. ئۆزۈمنى تىزلا تۈزەشتۈرۈپ ئۇلارغا ـ : دوسلۇرۇم، جان ـ جىگەرلىرىم!...بىز...شەخسەن مەن شۇنچە ۋاقتتىن بىرى ساقلاۋاتقان كۈن ئاخىرى يىتىپ كەلدى، مەيلى ئىچىدە قانداق خەتەرلەرگە يولۇقۇپ كىتەي ئەمدى ئارمىنىم يوق، سىلەردەك قىرىنداشلىرىمنىڭمۇ بۇ خەتەرلىك يولغا مەن بىلەن بىللە ماڭغىنىڭلاردىن ئۆزۈمنى تولىمۇ پەخىرلىك ھىس قىلىۋاتىمەن. بۇ ئىشىڭلار ئۈچۈن مەن سىلەرگە بىر ئۆمۈرلۈك قەرزدار بولدۇم، بۇندىن كىيىن ھەرقانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر جىنىمنى تىكىپ بولسىمۇ سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارنى قوغدايمەن!بىراق ئويلايدىغىنىم ئىچىگە كىرىپ بىرەر خەتەرگە يولۇقساق سىلەرنىڭ مىنىڭ كەينىمدىن كەلگىنىڭلارغا پۇشايمان قىلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن...ھازىرمۇ كىچىكمەيسىلەر كۆڭلۈمنى ئاياۋاتقان بولساڭلار، مەندىن ئەنسىرەپ زورىغا بىللە كىرمەكچى بولغان بولساڭلار ھەرگىز رەنجىمەيمەن قايتىپ كەتسەڭلار تامامەن بولىدۇ، شۇندا دىلغۇلچىلىقتىنمۇ ئازراق قۇتۇلغىدەكمەن!............دىدىم. گەپلىرىمنى ئاڭلىغان نىجاتنىڭ قۇيقا چىچى تىك تۇرۇپ كەتتى ـ : ھوي نىمە دەۋاتىسەن، ئالدىدىلا سەن بىلەن بىللە بارىدىغاننى قارار قىلىپ بولغان بىز!...ئەزەلدىن سەندىن ئايرىلىپ قايتىپ كىتىشنى ئويلاپ باقمىدۇق، ھەرقانداق خەتەر، پىشكەلچىلىكنى كۆرسەك تەڭ كۆرىمىز ئۆلسەكمۇ تەڭ ئۆلىمىز. ماندا گەپ قىلىپ قورسۇقۇمنى پىجۇ قىمما جىمۇ!ما ئەترىتىمىزنى بوش چاغلاپ قاپسەن، شۇنچە خەتەرلىك ئاتالغان بۇ جاڭگالدا مۇشەگچە ھىچقانداق خەتەرگە يولۇقماي كىلىشىمىز بىزنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ، ئىيتىپ باقە قاسىبىر نوچى مۇشەگە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ كىلەلەپتۇ مانا؟ ...ما بىز ئۆلۈپ كىتىشىمىز مۇمكىن دەپ تۇرساڭمۇ ئۆلۈمدىن قوقماي يەنە ئىچىگە كىرىمىز دەۋاتقىنىمىزدىنلا ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق بارلىقىنى بىلدۇرىدۇ، شۇڭا سەن ئارتۇقچە ئويلىماي بۇ ئەترىتىمىزگە بىر ئىسىم قويە!...داغدۇغىلىق قوي جۇمۇ نەدىبىر ئىسىملارنى قويماي!.......... باشقىلارمۇ نىجاتنىڭ سۆزلىرىنى قوللاپ بىشىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن بىرخىل قەتئىيلىك، مەردانىلىك جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى. شۇنچە يىغا تۇتىۋاتقان بولسىمۇ نىجاتنىڭ يەنە تىللىشىدىن قورقۇپ ياشلىرىمنىمۇ ئىچىمگە يۇتىۋىتىپ قايتىدىن مەيدەمنى كۆتۈردۈم ـ : ھازىر مەن بەك خۇشال، ھەم ناھايىتى قەيسەر!...شۇتاپتا ئەڭ خۇشاللىق كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزىۋاتقاندەك ھىس قىلىۋاتىمەن رەھمەت سىلەرگە!...بۇ ئەترىتىمىزگە كۆز تەگمىسۇن، سىرلىق خارابىيلىقنىڭ ھەقىقىي سىرىنى يىشىپ ساق قايتىپ چىقىدىغان غەيرەت ـ شىجائەت يار بولسۇن!........مەن بۇ ئەترىتىمىزنىڭ نامىنى«تەۋەككۈلچىلەر» دەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم، دىمىسىمۇ بىز ئىسما جىسمىغا لايىق بىر تەۋەككۈلچىلەر ئەترىتى. بۇ ئىسىم

بولامدىكەن؟ ......... سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان نىجات ھاياجانلانغان ھالدا ــ: نىمە؟ «تەۋەككۇلچىلەر؟ »......پاھ ــ پاھ، ناھايىتى جايىدا ھەم بەك ھەيۋەت ئىسىم بوپتۇ ئاپىرىن ساڭا!...ئەمىسە شۇنداق بولسۇن بۇ ئىسىمغا ھەممىمىز قوشۇلىمىز!...... ئۇلار چاۋاك چېلىپ كەتتىشتى. بىزنىڭ «تەۋەككۇلچىلەر»ئەترىتى زور جاسارەت ھەم تەۋەككۇلچىلىك روھى بىلەن سېپىل ئىشىكىدىن ئىچىلغان تۆشۈكلەر ئارقىلىق قەدىمىي خارابىلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ يول ئالدۇق!.......................

تەۋەككۇلچىلەر( 2 ــ باب 1 ــ قىسىم)

خارابىلىققا سەپەر شۇنداق قىلىپ خارابىلىقنىڭ ئىچىگىمۇ كىردۇق، بىراق نىمىشقىكىن ئىچىدە بىرخىل سىرلىق شامال چىقىپ تۇراتتى. تىشى بىلەن خارابىلىق ئىچىدە بىردىنلا بۇنداق ئۆزگىرىش بولۇپ كىتىشى سەل ئەجەپلىنەرلىك ئىدى. بىز ئالدىمىزغا قارىغىنىمىزدا بولسا سېپىل ئىشىكىدىن كىرگەندىن باشلاپ ئالدى تەرەپكە ماڭغانسىرى ئىگىزلەپ ماڭغان ئىدى، ئۈستى تەرەپتە راۋاقتا ئوخشاش سىلىنغان بىر سەينا تۇراتتى. خارابىلىق ئىچىنى پۈتۈنلەي يولغۇنلار بىلەن ياۋا ئوت ــ چۆپ قاپلاپ كەتكەن بولۇپ جىمجىتلىقتىن ئۆزىمىزنىڭ تىنىقىنى ئۆزىمىز ئاڭلاپ تۇراتتۇق. يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا قەبرىگە ئوخشاش قىلىپ دۆۋلەپ قويۇلغان گۇمبەز شەكىللىك توپا دۆۋىللىرى بار ئىدى، قارىماققا كولىۋېتىلگەندە چىققان توپا ياكى قەبرە ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن غىنى دەرھال يېنىدا ئىلىۋالغان خاتىرىسىنى چىقىرىپ بىر نىمىلەرنى خاتىرلىۋىلىپ يەنە يېنىغا سىلىپ قويدى. بىز ھەممە يەرنى كۆزەتكەچ ئالغا قاراپ ئىلگىرلەۋاتاتتۇق، مەنمۇ يېنىمغا ئىسىۋالغان پىچاقنى چىڭ تۇتقان ھالدا تۇيۇقسىز خەتەرگە قارىتا تەييارلىق ھالەتتە كىتىۋاتاتتىم. بىز خىلى ماڭغاندىن كىيىن راۋاق شەكىللىك سەيناغا يىتىپ كەلدۇق، ئۇيەردىن قارىغاندا تۆۋەندە تۇرغان ھەممە نەرسىنى ئىنىق كۆرگىلى بولاتتى شۇندىلا بىز بۇ خارابىلىقنىڭ ھەقىقەتەن تاغ قورشاپ تۇرغان بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، سېپىل تىمى تاشتىن قوپۇرۇلغان ئەمەس بەلكى تەبىي تاغلاردىن پايدىلىنىپ قورشالغان تام ئىدى، شۇڭا بۇ خارابىلىق مۇشۇنداق ساق ــ سالامەت قوغدىلىپ تۇرغان ئىدى. ھەيران قالغان نىجات سۆز ئاچتى ــ: ئاداش بۇيە ھەقىقەتەن ئاجايىپ سىرلىقكەن جۇما، مەن سەندىن ئاڭلاپ ئاددىيلا بىر گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن خارابىلىق ئوخشايدۇ دىسەم تاغ قورشاپ تۇرغان بىر شەھەركەن، تىخى ھەممە قۇرۇلۇشلار ئەسلىنى يوقاتماي شۇ پىتى تۇرۇپتۇ، بۇرۇن پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئەمەس بوغىيتى بۇيە؟ ...... ــ: مەنمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ بۇنداق مۇكەممەل ساقلىنىپ قىلىشىدا چوقۇم بىر سىر بار، بولمىسا ئاللىقاچان تۈزلىنىپ كەتمەمدۇ؟ ... غىنى سۆز قاتتى ــ: توغرا دەيسەن، بەلكىم بۇيەرنى قوغداپ تۇرىدىغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن شۇڭا كىرگەن كىشىلەر جىق زەرەر يەتكۈزەلمىگەچكە مۇشۇنداق ھالەتتە ساقلىنىپ قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق ئادەم راسلا بولسا ئۇلارنى تاپساق بەلكىم بۇ خارابىلىقنىڭ سىرىنى يېشەلىشىمىز مۇمكىن!............ نىجات غىنىغا ئالىيىپ ــ:

ماڭەۋا، كىرگەن ئادەم چىقالمايدۇ دەۋاتسا نەدىكى قوغدايدىغان ئادەم بولىدۇ. نەچچە مىڭ ياشقا كىرەلەيدىغان ئادەم يوقتۇ تېخى؟ ئالۋاستى بولسا قانداكى لىكىن!........ نىجات شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا خۇدى خاتا سۆزلەپ قويغاندەك ئالاقىزادىلىك بىلەن بىزگە قارىدى، بىزمۇ ھەم نىجاتقا شۇ ئىپادىدە قاراپ تۇراتتۇق. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن نىجات يەنە ئېغىز ئاچتى ـ: ھەي باللا بۇنداق قاراپ تۇرماڭلا، مەن شۇ مۇنداقلا يادىمغا كەلگەننى دەپ قويدۇم، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ!... ـ: مۇمكىن!......دىدى كەمسۆز ئابلىكىم ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ.
ـ تامامەن مۇمكىن، چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە بۇنداق قەدىمى خارابىلىق ئالۋاستىلارنىڭ ماكانىكەن، ئادەم تۇرمىغاچقا ئۇلار ماكان قىلىۋالغان ئىكەن ھەم جىنىنىڭ بارىچە ماكانىنى قوغدايدىكەن، ئەگەر بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ ماكانىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنسا شۇ ھامان جىنىنى ئېلىپ ئۆلگۈچىنىڭ روھى بىلەن ئۆزىنى تىخمۇ كۈچلەندۈرىدىكەن. شۇڭا ئۇ گېپىڭنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ!... ـ: مەن...مەن...مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئۇ، يابى بىز ئۇلارنىڭ ماكانىنى بۇزغىلى كەلمىسەك...سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن كەلدۇقفۇ شۇ، ئۇلار بىلەن ئاداۋىتىمىز يوق پەقەت بۇ خارابىلىقنىڭ سىرىنى ئاچالىساقلا قايتىپ چىقىپ كېتىمىز ھېچنىمىنى بۇزمايمىز ئەمەسمۇ!...........دىدى نىجات دۇدۇقلىغان ھالدا. غېنى ـ: شۇ شۇ، بىز بۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس بۇ خارابىلىقنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن كەلدۇق، ئۇلارنى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىش قىلمىساقلا بىزگە چىقىلماس!...... ـ: بەلكىم شۇنداق بولار، بىراق بىزنىڭ بۇ خارابىلىققا كىرگىنىمىزنىڭ ئۆزىلا باستۇرۇپ كىرىش بولىدۇ شۇڭا چىقىلمايدۇ دەپ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ......دىدى ئابلىكىم يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ. بۇنى ئاڭلىغان نىجات سەكرەپ كەتتى ـ: نىمە؟ ...ئەمدى خارابىلىققا كىرىمىز دەپ خەلىق ھۆكۈمىتىدىن تامغا باستۇرۇپ، ئالۋاستىلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، كىرىدىغاندا ئىشىكنى چېكىپ كىرسەك بولامتى؟ ...نىمە كىرىپلا ئېغىزىڭنى ئۇشتۇپ يۈرىسە، نەدىبىر يوقىلاڭ گەپلارنى قىلماي تىنىچ ئامانلىقنى تىلىگىنە!گەپ قىلمىغىنىڭ گەپ قىلغىنىڭدىن ياخشىكەن سىنىڭ!... ـ: ئىشقىلىپ ئالدىڭلاردىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، شۇنداق بولغاندا ئىددىيەڭلاردا تەييارلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ!...
ـ: ھىي سەن بىز تەرەپتىمۇ ياكى ئالۋاستىلار تەرەپتىمۇ؟ سەندىن ھىلىتىن گۇمانلىنىپ قىلىۋاتىمەن جۇمۇ، قەھرىمانىنىڭ بىشىنى ئايلاندۇرۇپ بىزنى بۇيەرگە ئالداپ ئەكەلمىگەنسەن ھە؟ ........ بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق، مەن نىجاتقا چۈشەندۈرۈپ ـ: ھەي نەدىبىر گەپلەرنى قىلمىغىنە، ئابلىكىم تىخى سىلەرگە دىگەندە ئاندىن ئاڭلىغان تۇرسا قانداقسىگە كاللامنى ئايلاندۇرۇپ بۇيەرگە ئەكەلسۇن، ئۇمۇ كىرگەن ئادەملەرنىڭ ھىچقانداق ئىزدىرىكى بولماي يوقاپ كەتكىنىنى ئاڭلىغاچقا ئىھتىمالغا شۇنداق دەۋاتىدۇ. سىنىبى كىلىپ بولغۇچە بۇيەردە ئالۋاستىلارغا يەم بولىدۇ دىمىدى، بەلكىم كىرىپ كەتكەن كىشىلەر مەلۇم يەرلەردە ھايات يۈرىۋاتقاندۇ، ئۇچرىشىپمۇ قالامدۇق تېخى. توغرا نۇقتىدىن ئويلىماسەن بىر ئىش دىگەننى!..... نىجات بىشىنى قاشلاپ قويۇپ ـ: شۇنى دەيمە، كىرىپ كەتكەنلەر ھايات بولسىچۇ

راس! ئۇنداقتا قاراپ تۇرماي ئىچكىرىسىگە كىرىپ ئۇلارنى ئىزدەپ باقمايمىزمۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمۈد بار دەپتىكەن!......دىگەچ ئىچى تەرەپكە ماڭدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا يىتىشىپ خارابىيلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق، خىلى ۋاقىت ئۆتكەچكە قاراڭغۇمۇ چۈشەي دەپ قالغان ئىدى، يىراقلاردىن بىرتوپ قارا بۇلۇت خارابىيلىقنىڭ ئۈستىگە كىلىۋاتاتتى شۇڭا ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ بىرەر يەرگە ئورۇنلىشىۋالمىساق بولمايتتى. بىراق بىز بۇيەرگە ئەمدى كىرگەچكە يەرشەكلىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتۇق ھەم قاراڭغۇ چۈشسىلا ئۇۋچىلار ھەرىكەتكە كىلەتتى شۇڭا بىخەتەر جاينى قاراڭغۇ چۈشكىچە تېپىپ بولمىساق خەتەرگە يولۇقاتتۇق. شۇڭا ئۇلارنى توختاتتىم ـ: ئاغىينىلە، قاراڭغۇمۇ چۈشەي دەپ قالدى بۇنداق مىڭىۋەرسەك خەتەرگە يولۇقىمىز، ھەم كىچىدە ھەرىكەتلىنىدىغان يىرتقۇچلار بىزنى ئوزۇق قىلىۋىتىشى مۇمكىن شۇڭا بىز ئاۋۋال بىخەتەررەك جاينى تېپىپ پاناھلانغاچ قورساقنىبى ئەستەرلىۋالايلى ئاندىن ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا قوپۇپ داۋاملىق ھالدا ئىچكىرلەپ تەكشۈرسەكمۇ كىچىكمەيمىز ئەمەسمۇ!... ئۇلار تەكلىپىمنى توغرا تاپتى، شۇنداق قىلىپ بىز خارابىيلىقنىڭ بەك ئىچكىرىسىمۇ ئەمەس تىشىدىكى مەيدانغا بەك يىقىنمۇ ئەمەس بىر يەرنى ئىزدەشكە باشلىدۇق، چۈنكى ھەر ئىككىلى تەرەپ بىز ئۈچۈن خەتەر ئېلىپ كىلەتتى، بۇ كىچىدە تىخى قانداق ئىشلارغا يولۇقىدىغىنىمىزمۇ بىزگە قاراڭغۇ شۇڭا كۆنىۋالغىچە ئالاھىدە ھۇشيار بولمىساق بولمايتتى. بىز سىلىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى راۋاقنىڭ كەينى تەرىپىگىرەك سىلىنغان بىر كەپە شەكىللىك ئۆينى لايىق تاپتۇق. ئۆي ئىچى يىغىنچاقلا بولۇپ ئانچە كۆزگە چېلىقىپمۇ كەتمەيتتى، تۆشۈكلىرىمۇ يوق، بوسوغىسىنى يۆلغۈن قاپلاپ كەتكەن بولغاچقا بىرەر نەرسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولاتتى. شۇڭا ھەممىمىز شۇ ئۆينى لايىق كۆرگەن ئىدۇق. شۇنداق قىلىپ ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى بىز يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلارنى يىغىپ ئەكىرىپ كەچنىڭ تەييارلىشىنى بەلەنلا قىلىۋالدۇق. ئاندىن رۇسۇل سۆز ئاچتى ـ: ئاغىينىلە بۇيەرنىغۇ بەلەنلا تېپىۋالدۇق بىراق قاراڭغۇ چۈشكەنسىرى ئەتە كۈننى كۆرەلمەيدىغاندەكلا ھىس قىلىۋاتىمەن، يەنە كىلىپ بۇيەدىن پەستىلا قەبرىستانلىق باكەن ئۆزۈمچىلا قوقۇپ كىتىۋاتىمەن!......... نىجات ـ: ھوي دىۋە ما ئۇسقىنىڭغا لايىق گەپ قىلە!ھەممىمىزدىن يوغان تۇرۇپ قوقايدىكەنمەن دىسەڭ سەت ئەمەسمۇ!...پەستىكىسى نەدە قەبرىستانلىق بولىدۇ توپا دۆۋىلىرىكەنغۇ شۇ، يەنە كىلىپ قەبرىستانلىق بولغان تەقدىردىمۇ كىچىدە ئەڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسە؟ ...ھۇ كۆزەم سەتى، چار پاقىدەك قاراپ تۇرىشىنى مانىڭ!........ ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق، ئاندىن شاخ ـ شۇمبىلاردىن ئازىراق دۆۋلەپ نىجاتقا دىدىم ـ: ھوي پادىچى، تاپانچاڭنى چىقىرە!......... ـ: چىك ئاي، زاڭلىق قىممىغىنە ئاداش!...تاپانچاڭنى دىمەي چاقمىقىڭنى دىمەمسە ماندا، تۇتە مانا!......... ئارىمىزدا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئوت يىقىپ سەل ئىسسىدۇق، خارابىيلىققا كىرگەندىن باشلاپ چىققان سۆرۈن شامال، كىچىنىڭ سوغۇقلىرىمۇ بىللە قىتىلىپ بىزنى خىلى توڭدۇرغان ئىدى. ئوتنىڭ ئالدىدا قىمارۋازدەك

زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئىسسىنىشۋاتقان نىجات بۇرۇنلىرىنى تارتىپ قويۇپ ـ: ھەجەپ توڭدۇما، ئوت ياقمىغان بولساق توڭغىنىمنى تىخى ھېس قىلماپتىكەنمەن، ئىسسىنغاندا ئاندىن ئۆزەمنىڭ توڭغىنىمنى بىلدىم جۇمۇ!... ـ: قورسۇقۇڭنىڭ توۋىغىنىنى مىجىپ بىقىپ بىلىدىغان تۇساڭ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇدە!......دىدى غېنى نىجاتنى تىرىكتۇرۇپ. نىجات ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ ـ: ھىي باللا قورساق ئىچىۋاتىدۇ بىر نەرسە يەۋالامدۇق؟ يەيدىغاننى مانىڭ ئۇستىگە قويىلى!........دىدىدە سومكىسىدىن بىر سولياۋ داستىخاننى چىقىرىپ يەرگە ئاچتى، ھەممىمىز سومكىنى ئاختۇرۇشقا باشىدۇق. داستىخانغا تۇرلۇك نازۇ نىمەتلەر چىقىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئانام پىشۇرۇپ بەرگەن گۆش، باشقىلارنىڭ ئىلىۋالغان گۆشلىرى بولۇپ داسقان خىلىلا ئاۋاتلاشتى، نىجات گۆشتىن ئاجرىتىپ ئىلىپ يىگەچ ـ: ھەي باللا باياتىن يىلانغا ئۇچقاپ قالغاندا بۇ گۆشلەر يادىمىزغا ھەجەپ كەلمەپتۇ ھە؟ ......دىدى بىشىنى چايقاپ قويۇپ. رۇسۇل ـ: گۆشنى يىلانغا بەسەڭ سەن نىمە يەيتىڭ ئاندىن، قۇرۇق نان گىلىڭدىن ئۆتمەي قالاتتى!... ـ: ئىشىڭنى قىلە دىۋە، سىنىڭ قاپاق كاللاڭنى ئىشلەمدۇ دەپ مۇندالا دەپ قويغان گەپ بۇ!......دىدى نىجات گىپىنى ئۆزگەرتىپ، مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش بەردىم ـ: بايا ئامال تاپتىم دىگەندە مۇشۇ گۆشنى بىرىشنى ئويلىغان ئىدىم، بىراق گۆشنىڭ مىزىلىك ھىدى باشقا يىرتقۇچلارنى باشلاپ كەلمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ گەپنى بۇرىۋەتتىم، شۇڭا باشقا باھانە تاپالماي سىنى سۈتنى ئىلىپ كىلىشكە بۇيرىغان!........ نىجات سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ھالدا ـ: ئەسلى مۇنداق دىگىنە، مەن تىخى ئامال تاپتىم دەپ نەدە بىر بىمەنە گەپنى قىلساڭ نىمانداق قىلىدىغاندۇ دەپ ھەيران قاپتىمەن، سىنىڭ ئويلىغىنىڭمۇ توغرا بوپتىكەن جۇمۇ!راسلا گۆشنى چىقارغان بولساق قۇتۇلماق ئۇياقتا تۇرسۇن يىرتقۇچلارنى باشلاپ كىلىپ ئۆزىمىزنى تۇتۇپ بىرەركەنمىز!........... بىز بىردەم ئۇيەر بۇيەردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق ئۇنىڭغىچە ئەتراپ پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇققا چۈمدى، ھازىر بىزگە يورۇقلۇق بىرىۋاتقىنى مۇشۇ ئالدىمىزدىكى ئوتلا ئىدى، شۇڭا كىچىچە ئوتنى ئۆچۈرمەسلىكنى دىيىشىپ قولچىراقلارنى يىقىپ ئىزدەپ يۈرۈپ كىچىدە قالايدىغانغا خىلى كۆپ ئوتۇن تەييارلىۋالدۇق، ئاندىن ئىككىمىز يىرىم كىچىگىچە قالغان ئۇچىمىز تاڭ ئاتقىچە پوستا تۇرىدىغان بىرەر ئىش بولسا دەرھال ھەممىمىزنى ئويغىتىدىغان بولۇپ كىلىشتۇق. تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىمغا كىلىپ كومپاسنى چىقاردىم، كومپاسنىڭ ئىستىرىلكىسى جەنۇپ تەرەپنى يەنى بىز كىرگەن سىپىل ئىشىكى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇراتتى دىمەك بىز جەنۇپ تەرەپتىن كىردۇق شۇڭا چىقىپ كىتىدىغاندىمۇ جەنۇپنى ئىزدىسەك چىقىدىغان جاينى تاپالايمىز ئەلۋەتتە، ئەتراپىمدىكىلەر بۇنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقۇپ كىتىشتى. دىمىسىمۇ بۇ قېتىم ناھايىتى چوڭ ئىشەنچ بىلەن كىرگەن ئىدىم. شۇنداق قىلىپ ھەممىمىز ئىلىۋالغان ئەدىياللارنى ئىلىپ ئوتقا چۆرىدەپ سالدۇق ئاندىن ئۇيقۇمىز كەلگۈچە ھوشىيارراق ئولتۇرايلى دەپ بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، بىردىنلا ئۇ بۇ تىمىلاردا سۆزلىشىپ كىلىپ تىما جىنىنىڭ پاراڭلىرىغا يۆتكەلدى، ئارىمىزدا ئاساسەن ھەممىمىز بۇنداق پاراڭلارغا

ئامراق بولغاچقا بىلىپ ـ بىلمەيلا بىلگەن ئاڭلىغانلىرىمىزنى بەس ـ بەستە سۆزلەشكە باشلىدۇق. كەچ بولغانسىرى خارابىيلىقنىڭ ئىچى قايناپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ھەرخىل ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، بىزمۇ قىزغىن ھالدا ئۆز پاراڭلىرىمىزنى قىلىشۋەردۇق. بىردەمدىن كېيىن رۇسۇل ئورنىدىن تۇردى ئاندىن باللارغا ـ: باللا ھاجىتىم قىستاپ كەتتى بىرەرسىڭلار بىرگە چىقىڭلارچۇ!..........دەپ ئۆتۈندى. بۇنى پۇرسەت دەپ بىلگەن نىجات ـ: ھوي قوتاز، ئۆيلەپ قويسا بەش بالىنىڭ دادىسى بولغۇدەك بولغاندىمۇ ھاجەتكە چىقالامسەن؟ ئۇيات ھەي ئۇيات!...دىگىنىچە ئۇنى زاڭلىق قىلىشۋالدى. رۇسۇل ـ: شۇ يالغۇز چىقاتتىم جىنىنىڭ گېپىنى قىلىشۋېرىپ سەل قورقۇۋاتىمەن، يەنە كىلىپ بۇيەر بەك قاپقاراڭغۇكەن، يۇلغۇنلار ئادەمگە ھەرنىمە كۆرۈنۈپ تىخىمۇ قوقۇپ كىتىدىكەنمەن!......... ئاخىرى نىجات ئۇنىمىغاچقا غىپنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىشقا قوشۇلدى، ھەمدە بىللە چىقىپ كەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە يىراقراق يەردە ھاجەت قىلىشۋاتاتتى توساتتىن رۇسۇلنىڭ يىنىدا نىجات جىندەكلا پەيدا بولدى، چۆچۈپ كەتكەن رۇسۇل يىرىمىنى يەرگە يىرىمىنى ئىشتانغا چىقىرىپ دىگۇدەك ئۇنىڭغا قارىدى، قاراڭغۇدا چىرايىنى ئىنىق كۆرەلمىگەچكە ئاۋازىدىن تونۇۋالدى. نىجات ـ: نىمىگە ھودۇقىسەن ئاداش، خۇددى جىن كۆرگەندەك!... رۇسۇل ـ: جىمجىتلا كەلسەڭ قورقماتتىم ئەمسە، يۈرۈكۈمنى چىقاردىڭغۇ خۇدى!... ـ: ھا ھا ھا، قورقۇپ ئىشتىنىڭغا سىيۋىتىپسەنغۇ؟ قارا ھۆل بوپ كىتىپتۇ، ھى ھى ھى ھا ھا ھا!...... ـ: نەدە سىيۋىتىمەن، بۇ قاراڭغۇدا كۆرەلىگەندەك گەپ قىلىپ قويىدىكەن تىخى!... ـ: كۆرەتىمەنغۇ مانا، قارا ئىشتىنىڭنى يۆلدەپ بوپسەن، ماڭە كىرىپ ۋاقتىدا قۇرتىۋال!...... رۇسۇل ئىشتىنىنى ئىتىپ نىجاتتىن ـ: سەن كىرمەمسە؟ ...دەپ سورىدى، نىجاتمۇ جاۋابەن ـ: سەن كىرىۋە مەن ھاجەت قىلىۋالاي......دەپ قىپ قالدى. غىپنى رۇسۇلنى توۋلاپ بىللە كەپىگە يىنىپ كىردى بىراق رۇسۇل كىرىپلا ھەيران قالدى ـ: ۋۇي، نىجات سەن بۇيەردە يۈرىسەنغۇ؟ بايا تىخى ئايەدە سىيۋاتمىغانمىتىڭ؟ ........... بايىدىن بىرى بىز بىلەن چاقچاقلىشىپ رۇسۇلنى سۆكۈپ بىرىۋاتقان نىجات رۇسۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيرانلا قالدى ـ: ھەي دىۋە نىم دەپ يۈرىسە؟ نەدە مەن ھاجەتكە چىقىمە، بايىدىن بىرى مۇشەدە ئولتاسام مەن!...... ـ: نىمە؟ ......ئەمسە بايا مىنىڭ يىنىمدا تۇرۇپ ھاجەت قىلىپ قالغىنىچۇ؟ ...... ھەممىمىز تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق ـ: نىم دەيسە؟ ......................... دەل شۇ پەيتتە بوسوغىدا قويۇق ئۆسۈپ قالغان يۇلغۇنلۇقنىڭ تاشقىرى تەرەپتە ھەرخىل شەپىلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى!...............................

خارابىيلىقتا سەپەر(2 ـ باب 2 ـ قىسىم)

سىرتتىن ئاڭلانغان سىرلىق شەپىدىن ھەممىمىز چۆچۈپ كىتىشتۇق. كىرىپلا نىمە پىشكەلچىلىكلەرگە يولۇققىنىمىز بىزگە قاراڭغۇ، بايىدىن دىيىشكەن جىنىنىڭ پاراڭلىرى، رۇسۇل ھاجەتخانىغا چىققاندا ئۇچرىغان ئىشلار، بوسوغىدىلا ئاڭلىنىۋاتقان شەپىلەر جىنىمىزنى

ئىلىپ جاڭگالدا قويدى. شۇندا ھەممىمىز قوغدىنىش قۇراللىرىمىزنى تەقلىشىپ قولچىراقنى يىقىپ ئاستا ـ ئاستا سىرتتقا قاراپ ماڭدۇق. ئىككى قەدەم........بىر قەدەم...............«كىلىشە ئەبلەخلە!سەنلەرگە جىنىمنى تىكىپ قويدۇم!»تۇيۇقسىزلا نىجات شۇنداق دىگىنىچە قولىدا كۆتۈرىۋالغان تاياقنى ئۇلۇك تەتۈر شىلتىپ سىرتتقا ئىتىلدى، بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ئەگىشىپ سىرتتقا تاشلاندۇق. ئەتراپ پۈتۈنلەي تۈن قاراڭغۇسىغا چۆمگەن بولۇپ پەقەت قولچىراق يورۇتۇپ تۇرغان جايلارنىلا كۆرگىلى بولاتتى، بەشىمىز بەس ـ بەستە قولچىراقنى ئەتراپقا يىقىپ كۆزىتىۋاتاتتۇق، بىراق تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قورقۇنۇچلۇق ھۇۋلاپ قويىدىغان مۈشۈك ياپىلاقنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھىچقانداق ئالاھىدە ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، بىز يەنىمۇ خاتىرجەم بولالماي يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىدىن تارتىپ تەپسىلي تەكشۈرۈشكە باشلىدۇق بىراق يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىدا بىزدىن ھۈركۈپ قىچىۋاتقان چاشقانلاردىن باشقا ھىچنىمە كۆرۈنمەيتتى. شۇندىلا بايىدىن بىرى بىزنى چۆچۈتكىنىنىڭ چاشقانلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يۈرىكىمىز سەل ئىزىغا چۈشتى، بىراق بايا رۇسۇل يولۇققان ئىشلار بىزنى يەنىلا سەل ئەنسىز قىلىپ قويىۋۇاتاتتى. ئەتراپنى خىلى ۋاقىتقىچە كۆزىتىپ ئاندىن ئاستا ئۆزىمىز تۇرىۋاتقان ئۆيگە يىنىپ كىردۇق. ئەمدى ئۇيقۇ دىگەندىن ئەسەرمۇ بولمىغاچقا بايا نۆۋەتلىشىپ ئارام ئالىمىز دىيىشكەنلەر ئەمدى بولساق ئوتنىڭ ئالدىدا بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇراتتۇق. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كىيىن نىجات ئىغىز ئاچتى: ـ ھەي رۇسۇل، بايا راسلا سىرتتتا مىنى كۆردۇڭما؟ بەلكىم غىپنى ساڭا چاقچاق قىلىپ قويغاندۇ قايتىدىن ئويلاپ باقە!...... رۇسۇل: ـ قانداقمۇ خاتالىشىپ قالاي، سىرىت بەك قاراڭغۇ بولغاچقا چىرايىنى ئىنىق كۆرەلمىدىم بىراق ئاۋازى دەل سىنىڭ ئاۋازىڭ شۇ، يەنە كىلىپ سىرتتقا چىققاندا غىپنى بىلەن خىلى ئارىلىق تاشلاپ ھاجەت قىلغان تۇرساق ئۇنىڭ مىنى ئوينىتىشى مۇمكىنمۇ شۇنداقمۇ غىپنى؟ ...دىدى غىپنىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ. غىپنىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ بىشىنى لىڭشىتىپ قويدى لىكىن ئارتۇق سۆز قىلمىدى. بىز ئۇ غايىبانە كىشىنىڭ قەيەردىن كەلگىنىنى زادى كىم ئىكەنلىكىنى مۇنازىرلىششكە باشلىدۇق. نىجات: ـ بەلكىم ئۇ مۈشۈ يەرنىڭ سىرىنى بىلىدىغان، ھەم مۈشۈ يەرنى قوغدايدىغان كىشى بولۇشى مۇمكىن. بىزنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق قىلغان نىمە، بولمىسا بىزكۆپ تۇرساق ئۆزىگە زەرەر يىتىشىدىن قورقىدۇدە!...سىلەرچىچۇ؟ ...... رۇسۇل: ـ بۇ دىگىنىڭمىغۇ توغرا، بىراق شۇنچە پالۋانلار چىقالماي قۇربان بولغان بۇ خارابىلىقتا نەدىمۇ قوغدايدىغانغا ئادەم بولسۇن!......ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا بىزنى بوش قويىۋۇتەرما؟ بەلكىم دىيىشكەن گەپلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرامدۇ تىخى!...... : ـ تۆۋە دىگىنە ئاداش نەدىبىر گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەي!......دىدى نىجات ئەتراپقا ئالاقىزادىلىك بىلەن قاراپ ـ ھەي باللا سىرتتقا يەنە بىر چىقىپ باقامدۇق؟ ئۇ راستىنلا سىرتتا بولمىسۇن يەنە، بىزنىڭ دىيىشكەنلىرىمىزنى ئاڭلىۋىلىپ ئادەم باشلاپ كەلسە قانداق قىلىمىز؟ ......... ئۇلار شۇنداق پاراڭلىشىۋاتقاندا مەن بولسام خىيال قىلىشقا بولمايدىغان خىياللارنى قىلىۋاتاتتىم، چۈنكى

www.iptihar.net

سىلىمكام دەپ بەرگەن«خارابىيلىقنىڭ ئىچىدە قوغدىغۇچى ئالۋاستىلار باركەن، بايلىق ئىلىپ چىقىمەن دىگەنلەرنىڭ ھەممىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىۋىتىدىكەن!...»دىگەن سۆزلىرى يادىمدىن كىچىپ ئۆتتى. ئەجىبا رۇسۇلنىڭ كۆرگىنى ئالۋاستىمىدۇ؟ شۇنداق بولغاندا رۇسۇلنى تامامەن ئۆلتۈرىۋىتەلەيتىغۇ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ يەنە ئۇ يەردە قىلىشىنىڭ ئورنى بارمۇ...بىزنىڭ نەدىلىكىمىزنى بىلگەندىكىن ئۇدۇللا كىلىپ ئۆلتۈرىۋىتەلەيتىغۇ؟ ......ئويلىغانسىرى سۇئاللار كۆپىيىپ كىتىۋاتاتتى، كىرىپلا يۈز بەرگەن بۇ ئىش گەرچە كىچىككىنە ھەم بىزگە ھازىرچە خەتەر ئىلىپ كەلمىگەن ئىش بولسىمۇ بىراق ئىچكىرلىگەنسىرى ئىشنىڭ بۇنداق ئادديلىق بىلەنلا تۈگىمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ يەتتىم، بەلكىم مۇشۇ ئارقىلىق بىزنىڭ يولىمىزنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەتكۈزىۋىتىش ئۈچۈن تۈنجى قەدەمدىكى ئاگاھلاندۇرىشى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. ـ: ھەي قەھرىمان، نىمانداق سولۇشۇپ ئولتۇرۇپ كىتىسەن؟ ...بىرەر نەرسە دەپ باقساڭچۇ قاراپ ئولتۇرماي!......نىجاتنىڭ سۆزىدىن ئىسىمگە كىلىپ باللارغا قارىدىم ئۇلارمۇ ماڭا سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى. مەن نىمە دىيەلەيمەن، ئۆزۈممۇ بۇنىڭ يەشىمىسىنى بىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە كەلگەن تۇرسام. ـ: مەن...مەن......بۇ ئىشنى مەنمۇ چۈشىنەلمىدىم، پەقەت ئىچكىرلىگەنسىرى خەتەرگە تىخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىمىزنى بىلىمەن شۇ!جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىنى بولماس دەپتىكەن شۇڭا بۇنچىلىك ئىشلارغا جىددىيلىشىپ كەتمىسەكمۇ بولا؟ ............دىدىم باشقا سۆز تاپالماي. ـ: ھەي بۇرادەر، بۇ سىنىڭ جانانىڭ ئەمەس خارابىيلىق ئىسىڭدە بولسۇن!...مەن بۇنداق يەرلەر توغۇرلۇق كۆپ ئاڭلىغان بۇنداق جايلارغا كىرگەنلەر چوقۇم ھۇشيار بولمىسا جەسىدىنىمۇ كىشىلەر تاپالمايمىش، يەنە كىلىپ بۇنداق يەرلەرگە تۈمەن خىل قاپقانلار قۇرۇلغان بولۇپ ئاشۇنداق بايلىق ئىزدەيدىغان، بىزدەك سىرىنى يىشىتىم دەيدىغانلار ئۈچۈن مەخسۇس قۇرۇلغانمىش سەللا بىخەستىلىك قىلساق جەسىدىمىز بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئابىدىگە ئايلىنىپ قالىدۇ!شۇڭا ھەر قەدەمنى ئويلىشىپراق ماڭساقمىكىن دەيمىنا؟ ...دىدى نىجات، ئۇنىڭ گىپىدىن سەل ئاچچىقىم كەلدى ـ: نىمە؟ سەن بۇيەردىن چىكەتسەك دىمەكچىمۇ؟ ...كىچىككىنە ئىشنى كۆرۈپ يىلىڭ چىقتى دىگىنە، ئەمىسە سەن چىكىنىۋەر بىز داۋاملىق ئىچكىرلەپ مىڭىپ بۇ ئىشنىڭ سىرىنى تاپىقىنىمىز تاپىقان!......... ـ: ھەي ھەي، مەن ئۇنداق دىمىدىم جۇمۇ، پەقەت ھۇشيار بولايلى دەۋاتىمەنغۇ. ئويلاپ باقامسەن كىرە كىرمەي بىراۋلار مىنىڭ سىياقىمدا رۇسۇلنى گەپكە سالپتۇ، بۇنىڭدىن كىيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بىرىدۇ كىم بىلىدۇ دەيسەن، شۇڭا ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ زىيان كىلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالايلى دىدىمغۇ!......... بايىدىن بىزنىڭ گىپىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغان ئابلىكىممۇ سەل ئويچان ھالدا سۆز قىستۇردى ـ: بەلكىم بىز بايا دىيىشكەن جىننىڭ گەپلىرى ئۇنى باشلاپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئاڭلىشىمچە ئۇلارنىڭ گىپىنى قىلساقلا دەررۇ يىنىمىزغا كىلىپ تەڭ ئاڭلارمىش. ئۇنىڭ رۇسۇلغا چىقىلمىغىنىغا قارىغاندا ياخشى نىيەتلىك

جىن ئوخشايدۇ!...... ـ : ماشەۋالەدىبىر ئەپسانىلەرنى سۆزلىمەي، جىن ـ ئالۋاستىلارمۇ ياخشى نىيەتلىك يامان نىيەتلىك دەپ ئايرىلامدا؟ مەنچە ھەممىسىنىڭ نىيىتى بىر، ئادەمگە زىيان يەتكۈزگەندىكىن چوقۇم يامان نىملە!......دىدى نىجات ئابلىكىمنىڭ گىپىنى يىرىپ. ئابلىكىم ـ : ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، بۇرۇنلاردا ئاتا بوۋىللىرىمىزغا ياردەم قىلغان ياخشى نىيەتلىك جىنلارنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئاڭلىغانمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يامان بوپ كىتىشى ناتايىن!...... ئابلىكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نىجات يەنە تىرىكىپ كەتتى ـ : ھوي، سەن زادى بىز تەرەپتە تۇرامسەن ياكى ئالۋاستىلار تەرەپتىمۇ؟ باشتا كىرگەندىلا گىپىڭ سەل بىر قىسما تۇرىتى يەنە مۇشۇنداق سۆزلىگىلى تۇردۇڭ، ئەگەر راسلا بىرە جىن ـ شاياتۇن ئۇچراپ قالسا سىنىلا ئالدىغا چىقىرىپ قويىلى تونۇشۇپ تازا...ئاداش بولىۋالە ئۇنداقتا بىزگىمۇ پايدىسى تىگەمدۇ نىمە؟ ......... نىجاتنىڭ سۆزىدىن ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق. ۋاقىت شۇنداق ئاستا ئۆتمەكتە، بىز يەنىلا شۇ دىلغۇلچىلىقتا يۇلغۇنلارنى شىرىقشىتىپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن چاشقانلاردىن چۆچۈپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئېتىشنى كۈتىۋاتاتتۇق، ئارىدىن خىلى ۋاقىت ئۆتكەچكە بايىقى ئىشلارمۇ ئاستا ـ ئاستا خىيالىمىزدىن چىقىپ كىتىپ ئۇيقۇ باسقىلى تۇردى. بىراق يەنىلا ئەتراپتا قانداق خەتەرلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنى بىزگە قاراڭغۇ، شۇڭا رۇسۇل بىلەن غىپىننى كۆزەتكە قويۇپ بىز بىردەم ئۇخلىۋىلىشنى لايىق تاپتۇق، ئۇلارمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي قوشۇلدى، بولۇپمۇ رۇسۇل بايىقى ئىشقا ئۆزى يولۇققاچقا ئۇيقۇسى قەۋەتلا قاچقان ئىدى. كىچىدىن بىرى ئەنسىزچىلىكتىلا يۈرگەچكە ئۇيقۇممۇ بەكلا كىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا بىشىمنى قويۇشۇم بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بوپتىمەن...................... «قەھرىمان!.........قەھرىمان بالام كۆزۈڭنى ئاچە!تاڭ ئاتقىلى نەۋاق ئۇخلاۋىرەمسەن!.............»ئانامنىڭ توۋلىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، ئاخشام بەك كىيىن ئۇخلىغاچقىمىكى كۆزلىرىمنىمۇ تەستە ئىچىۋاتاتتىم، ئۆزۈم ئويغانغان بىلەن كاللام يەنىلا ئۇيقۇ ھالىتىدە ئىدى. ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ئۇخلاۋاتقىنىمنىمۇ سەزمىگەن ھالدا كونا ئادىتىم بويىچە ئۇياقتىن بۇياققا ئىككى ئۇچنى دومىلاپ يۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ : ھە ئانا، ئەتتىگەندىلا ئويغۇتۇپ يەنە نىمىش بولدى؟ ...بىردەم ئۇخلىغىلى قويساڭچۇ ئادەمنى!......... بىراق ئانامنىڭ ئاۋازى چوتلا يوقاپ كەتتى، نەچچە قىتىم توۋلىغان بولساممۇ جاۋاپ يوق، شۇندىلا كاللام ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئەسلى ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىم دەررۇ يادىمغا كىلىپ يۈرۈكۈم ئىغىزىمغا تىقىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇيقىچىلىقتا ھويلىغا چىقتىم دەپ بىز قونغان ئۆيدىن ئىچى تەرەپكە خىلىلا مىڭىپ بولغان ئىدىم، ئەمدى بولسا كۆز ئالدىمدا ھەرخىل ئۆسكەن قورقۇنۇچلۇق دەرەخلەر تۇراتتى. چۆچۈپ كەينىمگە داجىپ كەتتىم ھەمدە يۈگۈرگەن پېتى قونالغۇغا يىنىپ كىردىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بولۇپ بىرەسىمۇ مىنىڭ ئاللاقىزادىلىك بىلەن يۈگۈرۈپ كىرگىنىمنى سەزمىدى. «ماۋۇلارنى قارا، ئۆزۈم ئويغىنىپ كىتىپ يىنىپ كەلمىگەن بولسام ھىچقايىسى خىيالىدا يوق ئۇخلاكەن بۇلارنىڭ!...يەنە تىخى ماۋۇ ئىككىسىمۇ ئۇخلاپ

كىتىپتا!...»دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. سائەتكە قارىغىنىمدا ئالتىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، شۇندا بىردەم ئولتۇرۇپ سەل يۆرۈكۈم ئىزىغا چۈشۈۋالغاندىن كىيىن ئۇلارنى ئويغاتتىم. ئۇلارمۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۆرۈپ تەسلىكتە ئويغاندى، ھەمدە ماڭا قاراپ كۈلۈپ تىلىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ نىمىشقا بۇنداق كۈلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ئۆزۈمگە قارىدىم......نىم...نىمە؟ كىيىملىرىم پۈتۈنلەي توپىغا مىلىنىپ كىتىپتىغۇ!...ئەسلىدە ئورنۇمدا يىتىپ دومۇلىدىم دەپ ئۆيقۇچىلىقتا توپىدا دومۇلاپ قوپقانكەنمەن. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى نىملەرگە ئوخشىتىۋەتەرمەن ھە!.........ئۇلار تىخىچە تىزلىرىغا ئۇرۇپ كۈلۈشاتاتتى، ئاچچىقىم كىلىپ ـ: ھە، بەك تاماشىدا بولۇپ بىرىۋاتامدا ھەرقايسىلىرىگە؟ بايا نىمىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى بىلەمسىلەر، ماۋۇ ئىككىسى بىزنى قوغداۋاتىدۇ دەپ خاتىرجەم ئۇخلاپتىمەن، تاس قاپتۇ ئىزىتقۇ مىنى ئادەم ئاياق باسمايدىغان يەرلەرگە ئىلىپ كەتكىلى!......تىزلا ئىسىمگە كىلىپ ئەتراپقا قارىسام ئەمەسلا بىر قورقۇنۇچلۇق يەرلەردە يۆرىمەن شۇنىڭ بىلەن دەررۇ يىنىپ كىلىۋالدىم، بولمىسا مىنى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكىڭلار مۇمكىنتى جىمۇ!...... ھىلىتىن كۈلۈۋاتقانلار سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئىغىزلىرى ئىچىلىپلا قالدى. نىجات ـ: نىم...نىم دەيسە؟ ...ئىزىتقۇ دىدىڭما؟ .........مەن چۈشەنمىدىم تۈزۈكرەك سۆزلىگىنە باش ئايىقى يوقلا پاراڭ قىلماي، نىمە ئىش بولدى زادى؟ ...... مەن ئۇلارغا بايا ئويغانغاندا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم، ئۇلار ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ھەيران قىلىشتى. بايىدىن بىرى سۆزۈمنى تەپسىلىي ئاڭلاۋاتقان نىجات رۇسۇلغا كايىدى ـ: ھوي دىۋە!...مۇشىنچىلىك ئىشىنىمۇ ياخشى قىلالمامسەن ھە؟ كىچىدىن بىرى شۇنچە ئىشلارغا يولۇقۇپمۇ قانداق ئۇيقۇڭ كەلگەندۇ سىنىڭ، دىۋە دەپ راسلا دىۋە بوپ قالدىڭمۇ يا سەن!......ھەي بىز سىنى بار دەپ خاتىرجەم ئۇخلاۋىرسەك، سەنمۇ ئۇخلاۋەسەڭ ئەگەر بىرەر ئاڭۋاستى كىلىپ كىلىشكەن تۇرقۇمنى كۆرۈپ ئامراق بوپ قىلىپ ئىلىپ كەتسە مەن يوق بۇ سەپەردە قانداق سالامەت قايتىپ چىقالايسىلەر دەيمە؟ ......ئەگەر تۈنۈگۈن يولۇققان ھىلىقى چوڭ يىلانلار مۇشۇ يەردىمۇ بولسا ئاستاغىنا كىرىپ ھەممىمىزنى يەپلاۋەتسە ئۇ چاغدا قانداق قىلاتتىڭ؟ ...خەپ بۇدا سەن دىۋىگە ئىشىنىپ كۆرەتكە قويۇپ قويغىچە ئۇخلاپ قالغىنىڭدا سىرىتقا ئاچىقىپ يىرتقۇچلارغا يەم قىلىپ بەرمىسەم، كالىلاڭ ئىشلىمىگەن بىلەن بەش ئالتە يىرتقۇچنى تويغۇزىدىغان كالىدەك بەستىڭ بار ئەمەسمۇ تويۇپ قىلىپ بىز ئامان قالارمىز!...... نىجاتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ رۇسۇل تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ ـ: ئۇنداقمۇ دەپ كەتمىگىنە، مەن يا قەستەن قىلمىسام. ئاخشام غىپنى بىلەن خىلى ۋاقىتقىچە پاراڭلىشىپ ئۇخلىماي ئولتۇرغان لىكىن قاچانلاردىن ئۇخلاپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەپتىمەن شۇ!......غىپنى سەنمۇ گەپ قىلمامسەن قاراپ تۇرماي؟ .........دىدى ئۆزىنى ئاقلىغاچ غىپنىغا. غىپنىمۇ بىشىنى لىڭشىتىپ ـ: شۇنداق، بىز خىلى ۋاقىتقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان قانداق بولۇپ ئۇخلاپ قالغىنىمىزنىمۇ سەزمەپتۇق!......دەپ رۇسۇلنىڭ سۆزىنى قوللاپ قويدى. نىجات ـ: ۋاي بولدى قىلىشە، كۆتۈڭنى سۈغا چىلاپ قويسىمۇ سەزمەي ئۇخلايدىغان نىملەكەنسە!...ياخشى

كىچىدىن بىرەر خەتەرگە يولۇقماپتۇق شۈكرى ھەرھالدا!................ بىز بىردەم تاپا قىلىشقاندىن كېيىن ناشرىلىقلىرىمىزنى قىلىشۇلىپ خارابىيىلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يول ئالدۇق. بىز خارابىيىلىقتا يەنە قانداق ئىشلارغا يولۇقىدىغانلىقىمىزغا قىزىقىسىڭىز نەزىرىڭىز كېيىنكى قىسىملاردا بولسۇن!...

خارابىيىلىقتا سەپەر(2 ـ باب3 ـ قىسىم)

ئىچكىرىسىگە كىرگەنسىرى بىزنى سەل سۈر بېسىشقا باشىدى، ئەتراپ شۇنچىلىك مۇدھىشلىق بولۇپ قارىماققا بىزدىن باشقا ھاياتلىق يوقتەك قىلاتتى. دەسلەپتە نەگە بىرىشنى بىلەلمىگەچكە ئۆزىمىزگە سىرلىقراق تۇيۇلغان بىرەر خانىقاسىغا كىرىپ بېقىشنى توغرا تاپتۇق. ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۆزى چوڭراق كەلگەن، شۇنچە كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ نەققاشلىرى تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەن بىر ئۆيگە كىردۇق. ئۆي ئىچى شۇنچىلىك ۋەيرانە بولۇپ ھەممە جايىنى دىگۈدەك ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. بەلكىم بۇ شۇ زاماندىكى بىرەر ئەمەلدارنىڭ ئىش بىجىرىش ئۆرنى بولسا كېرەك، ئىشىكتىن كىرىپ ئۇدۇلدا ئۈستەل، تامدا غۇۋا پەرق قىلغىلى بولىدىغان ئەجدىرھانىڭ سۈرىتى ئويۇقلۇق ئىدى. غېنى كىلىپ تامنى سۈرتىۋىتىپ رەسىمنى تەكشۈرۈپ باققاندىن كېيىن ـ: بەلكىم بۇ شۇ زاماندىكى بىر پادىشاھلىقنىڭ سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن بولسا بىز تېخىمۇ ئىچكىرلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ باقايلى!......دىدى. بىزمۇ قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق، ئاندىن ئۆي ئىچىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدۇق. بۇيەرنىڭ تارىخىغا بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەچكە بىز پايدىلانغۇدەك بىرەر نەرسىمۇ قالمىغاندەك قىلاتتى، شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ پاتراقشىپ يۈرگەن چاشقانلار بىلەن ئاندا ـ ساندا ئۇچقاپ قالىدىغان چايانلاردىن باشقا بىرەر ئالاھىدىرەك نەرسىنى بايقىمىدۇق. ئۈمۈدسىزلىنىپ چىقىپ كىتەيلى دەپ تۇرغاندا ئابلىكىم ئىغىز ئىچىپ قالدى ـ: ھەي قاراڭلا بۇ نىمە؟ ...... ھەممىمىز تەڭلا ئابلىكىم تەرەپكە تاشلاندۇق، بىرىپ كۆرگىنىمىز بولسا سىسىپ داتلىشىپ كەتكەن بىر دانە قىلىچ ئىدى، بۇ قىلىچ قارىماققا تىلشۇنىزورلاردا بىز دائىم ئۇچقىتىپ تۇرىدىغان پادىشاھلىق دەۋرىدىكى جاللاتلارنىڭ ياكى سانغۇنلارنىڭ ئىشلىتىدىغان قىلىچلىرىغا ئوخشاپمۇ قالاتتى. ـ: نەدىن تاپتىڭ بۇنى؟ ......غېنى ھەيران بولۇپ سورىدى. ئابلىكىم ـ: كەينىمگە ياناي دەپ تۇرسام توپا ئارىسىدىن پۇتۇمغا ئىلىنىپ قالدى، ئىلىپ قارىسام مۇشۇ نەرسىكەن!.........دىدى بويۇننى قىسىپ قويۇپ. غېنى خىلى ۋاقىت ئۇك ـ تەتۈرىنى ئۆرۈپ قاراپ بىقىپ ـ: بەلكىم بۇ قۇرال شۇ زامانىنىڭ مەدەنىيەت شاھىدى بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق نەرسىلەردىن يەنە تاپالامدۇق يوق بىلمەيمىز شۇڭا مۇشۇنى بولسىمۇ ئىلىپ چىقىپ كىتەرمىز يا!...بۇمۇ بىر مەدەنىي يادىكارلىق ئەمەسمۇ!......دىدىدە ئۇنى بىر رەختكە يۆگەپ سومكىسىغا سىلىپ قويۇپ ـ: ماڭايلى تېخى ئالدىمىزدا كۆز يەتكۈسىز ئىمارەتلەر بار ئىكەن شۇلارنىمۇ قويماي تەكشۈرۈپ چىقايلى، بەلكىم ئىچكىرلىگەنسىرى بۇ خارابىيىلىقنىڭ سىرىنى شۇنچە چوڭقۇر چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن!........... بىز ئۇيەردىن ئايرىلىپ يەنە ئالدىمىزغا قاراپ مىڭىشۇەردۇق، بىزگە

سىرلىقراق بىلىنگەن ھەممە ئۆيلەر كۆزىمىزدىن قىچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى. بىراق بەزى ئۆيلەر زەنجىرسىمان بولۇپ بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە، ھەتتا ئالدىدا كىرىپ بولغان ئۆيلىرىمىزگىمۇ تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى. بەزىللىرى ئادەمگە بىر خىل ۋەھىمىلىك تۇيۇلسا بەزىللىرى قەدىمى زامانلاردا پاشاۋاتقاندەك ھىس قىلدۇراتتى. شۇنداق ئايلىنىپ چۆشمۇ بولۇپ قالدى، بىزمۇ كۆزىمىزگە ئالاھىدە كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى سومكىمىزغا سىلىۋىلىپ كىتىۋەردۇق. ـ: باللا بىردەم ئارام ئالمايمىزمۇ، بەك ھېرىپ كەتتىم مەن!...دىدى رۇسۇل قەدەملىرىنى توختىتىپ. ئۇنىڭ گىپى بىلەن بىزمۇ توختىدۇق، دىمىسىمۇ ئەتتىگەن بىر ئايلانغانچە ھازىر كۈن تىكلىشىپ كەتكەن ئىدى. ـ: بولىدۇ ئەمىسە يىنىپ چىقىپ بىردەم ئارام ئالايلى!...دىدىم مەن. ھەممىمىز يىنىپ چىقىپ سۇپىدەك بىر جايدا قورساقنى ئەستەرلىگەچ بىردەم ئارام ئىلىپ ئولتۇردۇق، توساتتىن ئەتراپقا قاراپ ھەيران قالدىم. چۈنكى بىز ئەتتىگەندىن بىرى شۇنچە مىڭىپمۇ ئىككى يۈز مىترچە بۇ دائىرىدىن چىقىپ كىتەلمىگەن ئىدۇق. ئەتتىگەندە تۈنجى بولۇپ كىرگەن ئۆيمۇ بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىلا تۇراتتى. ـ: باللا بىز ئىزىپ قالدۇقمۇيا؟ ...ئەتتىگەندىن بىرى كەلگەن جايىمىزدىن يىراقلاپ كىتەلمەپتۇقغۇ؟ ...دىدىم ئۇلارغا. نىجات ئەتراپقا بىر قارىۋىتىپ ـ: كۆزۈك تورلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، نەدە ئەتتىگەنكى جاي بولىدۇ شۇنچە يول ماڭغان تۇرساق بۇ ۋاقتا خارابىيلىقنىڭ ئوتتىرىسىغىمۇ كىلىپ بولغاندۇق!......دىدى كۈلۈپ قويۇپ. بىراق مەن خاتالاشمىغان ئىدىم، ئەتتىگەن كىرگەن ئاشۇ ئۆيىنىڭ نەققاشلىرى ماڭا تونۇش ئىدى. راس بۇنداق نەققاشلىق ئۆيلەر كۆپمۇيا!...بىلەلمەي ئاخىرى بىرىپ باقماقچى بولدۇم. ـ: نە ماڭدوق!......دىدى نىجات قەشقەر پەدىسىدە سوزۇپقىنە، مەنمۇ جاۋابەن ـ: ئى سىيىپ چىرەي!......دەپ نەققاشلىق ئۆي تەرەپنى كۆرسەتتىم. نىجات ـ: توختىسلا، بۇگەن ساھىپخان سىيىسە بومايدا، سىيدىغان ئىش بولسا مانا بىز سىيىمىز!...دىگىنىچە يىنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. قالغانلار پارىڭىمىزغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى، مەن نىجاتقا خاتالاشمىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىمۇ زورلاپ بىللە ئىلىپ بىرىپ نەققاشلىق ئۆيگە كىردۇق، دەرۋەقە بۇ ھىلىقى ئەتتىگەن بىز كىرگەن ئۆز شۇ ئىدى. نىجاتمۇ ھەيرانلىقتا قاراپلا قالدى ـ: ئاداش، مەن تىخى ئەتتىگەننىڭزى خىلى يولنى تاماملاپ ئالتۇن ـ پالتۇن بار جايغا ئاز قالدۇقمىكى دىسەم بىر ئىزىمىزدا ئايلىنىۋىرىپتۇقيا؟ ...ئىزىتقۇنىڭ كەينىدىن مىڭىپ كەتمىگەندۇق ھە، بىر ئىزىمىزدا چۆرگىلىتىۋەمىگەندۇ بىزنى؟ ................ ـ: ياقەي، بەلكىم ئۆزىمىزمۇ ئۇقۇشماي تەتۈر يۆلىنىشتە مىڭىۋەرگەن ئوخشايمىز. باشقىچە ئويلارنى قىلماي يۈرە بۇدا سەگەكرەك ماڭلى!........ نىجاتقا شۇنداق دىگەچ قالغانلارنىڭ قىشىغا يىنىپ كەلدۇق. غىپنى ـ: ھە قانداق بولدى؟ ...... نىجات غىپنىغا ئۇمۇدسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ـ: ئەتتىگەن بىز بارغان ئۆي شۇكەن ئاشۇ.....ئەتتىگەننىڭزى بىر ئىزدىن چىقماي مىڭىۋىرىپتۇق قوش قاتقان كالىدەك!... غىپنى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ ـ: بەلكىم كىيىنكى ئۆيلەرنى ئىزدىگەندە بىر ـ بىرىگە تۇتاش

بولغاچقا ئۇقۇشماي يەنە كەينىمىزگە يېنىپ كەلگەن بولۇشىمىز مۇمكىن، بىراق ھېچقىسى يوق بۇدا كومپاسقا قاراپ ماڭساقمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ. شىمالغا قاراپ ماڭساق دەل خارابىيلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرەلەيمىز، ئۇ يەردە يەنە قانداق يىڭىلىقلار كۈتۈپ تۇرغاندۇ بىزنى تېخى!..............دېدى قولىدىكى ناننى بىر چىشلىۋېلىپ. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا تاپتۇق، دېمىسىمۇ ئەتتىگەندىن بېرى ئۆزىمىز بىلگەنچە يۈرۈپ يىرىم كۈن بىكارغا ماڭغان ئىدۇق. ھەممىمىز خىلى ئارام تېپىپ قالغاندەك بولۇپ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرىۋېتىپ سومكىمىزنى كۆتۈرگىنىمىزچە يەنىمۇ ئىچكىرلەپ يول ئالدۇق. راس گەپنى قىلساق مەنلا ئەمەس يېنىمدىكى ھەممىسى دۈمبىسىدىكى سومكىدىن بەكلا زېرىككەن ئىدى، بىراق ھاياتلىقىمىز مۇشۇ سومكىلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا قويۇپ قويۇشقا بولمايتتى، شۇڭا ئېغىر كەلسىمۇ ۋايىسماي سەپىرىمىزدە ھەمراھ قىلىپ يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. خېلى يۈرگەندىن كېيىن ئۆيلەر بارا ـ بارا شالاڭلاپ دەرەخزارلىق باشلاندى، دەرەخزارلىق بولۇپمۇ خېلى چوڭ كۆلەملىك دەرەخزارلىق ئىدى. دەرەخلەردىن جىگدە دەرىخىدىن باشلاپ تېرەك، ئاندا ـ ساندا توغراق دەرىخى، يەنە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ ئارىلاش ئىدى. ھەيران قالغان نىجات ئەجەپلىنىپ سورىدى ـ: قىززىق ئىش، بۇيەر شەھەر ئوردىسىغا تەۋە يەرمۇ ياكى ئورمان بەلۋىغىمۇ؟ سۇمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بۇ قاقاسلىقتا نەدىن كەلگەن دەرەخزارلىق بۇ؟ ........... ھەممىمىز مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتۇق بىراق ھېچقايسىمىز بۇنىڭ قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچىسىنى بىلەلمىدۇق. ـ: بۇ يەرگە ئۇزاق زامانلار بولۇپ كەتتى، نەچچە قىش نەچچە يازنى بېشىدىن ئۆتكۈزگىنىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن. بەلكىم قار يامغۇردا سۇغۇرۇلۇپ مۇشۇنداق بۈك باراقسان تۇرغاندۇ، بۇنىڭغا كۆڭۈل بىلمەي ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلسەك ياخشىمىكى نىملا بولسۇن يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك!........بۇ ئىشنىڭ ئىنىق چۈشەنچىسىنى بىلمىگەچكە شۇنداق دەپلا گەپنى تۈگەتتىم، باشقىلارمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماي ماڭا ئەگەشتى. لېكىن نېمىشقىكىن بۇ دەرەخزارلىق بىرخىل قورقۇنۇچلۇق ئىدى، ھەرخىل شەكىلدە ئۆسكەن يوغان توغراقلارنىڭ ئوتتۇرى كاۋاك بولۇپ ئادەمگە ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان ۋەھشى مەخلۇقتەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۆزىمىزنىڭ دەردى بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە گەپ قىلغۇدەك ئېغىزىمىزمۇ يوق دەرەخزارلىقتا ئېھتىيات بىلەن كىتىپ باراتتۇق ئارىدىن رۇسۇل جىمجىتلىقنى بۇزدى ـ: قەھرىمان ئاداش، مەن سەل قورقۇۋاتىمەن!...ئاڭلىشىمچە توغراق بار يەردە جىنلار بەك كۆپ بولارمىش، تاساددىبى ئالدىمىزغا ئۇچراپ قالسا ئىشتىنىمىزغا سىيىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ چىچىپ سىلىشىم مۇمكىن!......... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نىجات ـ: ھەي پوق تەڭلىسى دىۋە، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۈرمەي تۈزۈك گەپ قىلە!...يوغونلام بىر ئادەممۇ سەندەك گەپ قىلامدۇ ھە؟ ...جىن كۆرۈپ باقمىغان بولساڭ ئەمدى كۆرىسەن، تېخى ئىلىشىپمۇ باقىسەن. بۇ يەگىبى شۇنى دەپ كەلمەي بىزگە غىجەك چىپ بەرگىلى كەلگەنمىدىڭ چىچقاق گۈي!..............دېدى رۇسۇلنى بىقىنداپ قويۇپ. ئىككىسىنىڭ گىپىدىن كۈلۈپ

كەتتۇق، بىردەمدىلا كەيپىيات يۆتكىلىپ جىمجىتلىق بىراقلا بازاردەك قايناپ كەتتى. بىرسىمىز ئۇنى دىسەك بىرسىمىز بۇنى دەپ ئۆز ـ ئارا گەپ بەرمەيتۇق، توساتتىن گىپىمىزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرغان ئابلىكىم كۈلكىدىن توختاپلا بىزنى جىمىقتۇردى ـ: توختاڭلا، مەن بىر ئاۋاز ئاڭلىغاندەك قىلدىمغۇ؟ ...... ھەممىمىز پاراڭدىن توختاپ ئەتراپقا قۇلاق سالدۇق، بىراق ھېچقايسىمىزغا ئالاھىدىرەك بىرەر ئاۋاز ئاڭلانمىدى. شۇندا نىجات ـ: ھەي ئاخشام ياتقاندا قۇلىقۇڭغا چىرقىرىماچ كىرىۋالمىغاندۇ؟ نەدە ئاۋاز بولىدۇ، يا بىرەر چاشقاننىڭ كىتىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغانسەن!...ئادەمنى ساراسىمىگە سىلىپ زوڭتۇك كەلگەندەك قىلىۋىتىدىكەنسە!......دىدى كايىپ. ئابلىكىم بىزنى يەنە جىمىقتۇرۇپ بايا شەپە ئاڭلىغان تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتى، بىزمۇ ئىختىيارسىز ئۇ قارىغان تەرەپكە قارىدۇق. دەرۋەقە بىزدىن ئون مېترچە دەرەخنىڭ كەينىدىرەك بىر سايە ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ قويۇپ سەل ھودۇقۇپ قالدۇق، گەرچە بۇ يەرگە ئادەم زاتىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ بۇ يەرگە كىرگەندىن كىيىن بىرەر ھايات ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈمىز كەلمىگەن ئىدى. ھەم بىزدىن نەچچە مېتىر يىراقلىقتىلا تۇرغان ئۇ مەۋھۇم نەرسىنىڭ ئادەم ياكى باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئىدۇق. ئۇنى خىلى كۆزەتكەندىن كىيىن ئاخىرى يېنىغا بىرىپ قاراپ بىقىش ئۈچۈن ناھايىتى ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭغا بارا ـ بارا يېقىنلاشتۇق. دەرۋەقە ئۇ ئادەم بولۇپ بىزگە كەينىنى قىلىۋالغان ھالەتتە بىر ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى، بىزدىكى قورقۇنچ سەل پەسىيىپ ئورنىنى خۇشاللىق ئىگىلىدى. چۈنكى ئۇ ئادەم بىلەن پاراڭلىشالىساقلا بۇ سۇرلۇك خارابىلىقنىڭ سىرىنى بىلەلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. بىز شۇنچە يېقىنلىشىپ كەلگەن بولساقمۇ ئۇ ئادەم بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى سەزمىدى بولغاي ئۆز ئىشى بىلەن مەشخۇل ئىدى، ئارىمىز ئۈچ تۆت مېترلا بولۇپ تۇيۇقسىزلا كىلىپ ئۇنى قورقۇتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭغا سالام قىلدىم ـ: ياخشىمۇسىز تاغا!.......... ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا ئۇ كىشى كەينىگە قارىۋىدى يۈرىكىم ئىغىپ كەينىمگە نەچچە قەدەم داجىپ كەتتىم. چۈنكى ئالدىمدا چىرايلىرى پۈرلىشىپ كەتكەن، چاچلىرى ئۆسۈك، قوللىرى خۇددى ئىسكىلىتشاھنىڭكىدەك بىرتىرە بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بىر چىراي نامايان بولدى. ئىتتىك يېنىمدىكىلەرگە قارىغىنىمدا ئۇلارنىڭمۇ سەل ھودۇققانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئالدىمدىكى ئۇ ئادەم بولسا بىزگە ھاڭۋاققىنىچە قاراپ تۇراتتى، شۇندا ئۇنىڭ راسلا ئادەم ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يەتتىم، چۈنكى ئالۋاستى ياكى جەسەت بولغان بولسا ئاللىبۇرۇن بىزگە ئىتىلىپ كەلگەن بولاتتى. مەن ئۆزۈمنى سەل بىسىۋىلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم ـ: ياخشىمۇسىز، سىز كىم بولىسىز؟ ... ـ: ................. سىز...كىم...بولىسىز؟ مەن...قەھرىمان!قەھا!...رىمان!...سىزگە...بۇيەردە...تۇرىۋاتقىلى...ئۇزۇن...بولدىمۇ؟ ...... ................ چۈشەنمەي قالمىسۇن دەپ شۇنچە ئاستا سوزۇپ تۇرۇپ ھەرىكەتلىرىم بىلەن سۆزلىگەن بولساممۇ بىراق ئۇ يەنىلا بىزگە قارىغىنىچە ھاڭۋىقىپ تۇراتتى. ئارىدىن نىجات

چىقتى ـ : ئۆتەپ تۇرە ئاداش، بۇلارغاۋاغۇ مەن گەپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇستا!ماڭا قاراپ تۇر ھە
مانداق دەيسەن!............ئۇ قوللىرىدا ھەرىكەتنى ئىشلەپ تۇرۇپ ـ : ھوي، بىز ئا يەدىن
كەلدۇق، ئا يەدىن...تالادىن!......سىز مەيەدە...ماۋۇ سىز تۇرىۋاتقان يە!...بىز سىزنىڭ مەيەگە
كەلدۇق ھە، كەلدۇق!..........سىز.................. ـ : ھەي سەن نىم دەۋاتىسەن؟ سىنىڭ
دىگەن گېپىڭنى بىزمۇ چۈشىنەلمەيۋاتساق بۇ ئادەم چۈشىنەمدۇ؟ ئۆتەپ تۇرە ماياققا!......دىدى
غېنى نىجاتنى كەينىگە تارتىپ. نىجات ـ : سەن نىمىنى بىلەتتىڭەۋا!...بۇ ئادەم ئۇيغۇر تىلىنى
چۈشەنمەيدىغان بوپ قالسا ھەرىكەتىمدىن بولسىمۇ چۈشىنىدۇ، ئەپتىدىن قارىغاندا بۇيەردە
خىلى ئۇزۇن ياشىغاندەك قىلىدۇ شۇڭا سۆزلەشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك شۇڭا ھەركەت
بىلەن چۈشەندۈرمىسەڭ چۈشەنمەيدۇ دەيمە!... ـ : ئەگەر ئۇ باشقا مىللەتتىن ياكى باشقا
دۆلەتتىن بولۇپ قالسىچۇ؟ يەنە سىنىڭ شۇنداق ئالاجوقا سۆزلىرىڭنى چۈشىنەرما؟ ......
ئىككىسى تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقاندا ھىلىقى نامەلۇم كىشى ھىجىيىپ قويدى. غېنى ئۇنىڭغا
قاراپ ـ : قاراڭلا ئەنە ئۇ ئىنىقلا گېپىمىزنى چۈشەنمىگەن گەپ!...بولمىسا سۆزلەشنى ئۇنتۇپ
قالىدىغانمۇ ئىش بولامدۇ!...... ـ : ئۇنداقتا!......دىدى نىجات بىشىنى بىر قاشلىۋىتىپ:ھەراس،
سەن نەچچە خىل تىل بىزىقنى تىتىۋىتىسەنغۇ، ئاشۇ بىلىدىغان تىللىرىڭدا بىر سۆزلەپ باقە
مۇنۇ كىرورەن گۈزىلىنىڭ ئەرەنچىسى چۈشىنىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!...بولە تىز!........
ھەممىمىزنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن غېنى قوشۇلدى ھەمدە گىلىنى قىرقىپ قويۇپ ـ : نىن خاۋ،
نىشى نالى لەيدى رىن؟ ۋودى شوخا تىك دوك بودوك؟ ......... ئۇ كىشى يەنە قاراپ تۇراتتى، ئۇ
يەنە ـ : كونىشىۋا كومباۋا، ئورى يوكى ئايناشتىۋاكورا!......نىيۇشتى
نانىيارو؟ .............. ـ : ................................... ـ :
ھېللوۋ!...ئايەمىس قەھرىمان ستۇدىيو، كەنيۇھىلپىنى!...ئەندىيۇ؟ ...... ئۇنىڭ دىگەن
سۆزىگە ئۇ كىشى ئەمەس بىزمۇ ھەيرانلىقتا ئىغىزىمىزنى ئىچىپلا قالغان ئىدۇق. ئۇنىڭ
نىملەرنى دەۋاتقىنى بىزگىمۇ قاراڭغۇ، پەقەت ھەرخىل دۆلەت تىللىرىدا سۆزلەۋاتقىنىنىلا
بىلىمىز خالاس!ئۇ كىشىنىڭ يەنە قاراپلا تۇرغىنىنى كۆرگەن غېنى تىرىكتى ـ : ھوي
قادىكا!...ۋومىنشى قەشقەردىن لەيدى بالاڭزىلار، مايەگە يوۋشىر لەيدى. ياردەم قىلىسىڭىز
بوپتىكەن ۋومىنغا!................ھېيىيىيىيىيي!ما ئەددەم قايلاپلام تۇردىغۇ قارانچۇقتەك،
قاندا تىلدا سۆزلىسەم چۈشىنە؟ ......ھەراس!......دىدىدە يەنە باشلىدى ـ : لايلوك پاتياۋ،
لىيۇساڭزىك سامليويلاۋ!......لىيۇۋلايساڭيا؟ ..............بۇنىمۇ چۈشەنمەمدۇ نىمە؟ ...تۇپ
تۇرۇڭلا يەنە بىر تىلدا سۆزلەپ باقاي ھە!...... سىن قايجىردىن ، ئوسى جىرگە قايدىن
كېلدىك؟ .............. شۇنچە سۆزلىگەن بولسىمۇ ئۇ كىشى يەنىلا ھىجىيىپ قاراپ تۇراتتى.
ـ : ئۇھ!ساراڭمۇ نىمە بۇ، شۇنچە سۆزلىسەممۇ قاراپلا تۇرىدا؟ ...دىدى غېنى تىرىكىپ. نىجات ـ :
ئەسلى ئۇ ئەمەس سەن ساراڭدەك قىلىسەن، نىمە دىدىڭ ھەي بايا ئۇنىڭغا؟ سىنىڭ ئىغىزىڭغا
قاراپ ئولتۇرۇپ مەنمۇ ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاس قالدىم، ئادەم چۈشەنمەيتقان بىرملەرنى

دەيسەنغۇي ئۈنىڭغا!........... ـ : ۋاي سەن قارا قورساق نىمىنى بىلەتتىڭ، مەن باغۇ دۆلەت، مىللەت تىللىرىدا سۆزلىدىم ئۈنىڭغا!بىراق ھېچقايسىنى چۈشەنمەيدىكەن، بىرەر ئېغىز گەپ قىلغان بولسىغۇ قايسى تىلدا سۆزلەيدىغىنىنى بىلەتتىم شۇ سۆزلىگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ!...........دىدى غېنى چىچىنى سىلاپ قويۇپ. دىگەندەك ھىلىدىن بىرى ئۇ كىشى بىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي ھەجىيىپ قاراپ تۇرغاندىن باشقا بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىغان ئىدى. تۇساتتىن ئۇ كىشى كەينىدىرەك يەردىكى قانقۇشلانغا بىر يىلاننى ئالدىدە زەردە بىلەن چىشلەپ بىرلوقما گۆشنى ئۈزۈۋىلىپ چاينىغاچ سەت ھەجىيىپ تۇرۇپ ـ : گۆش...ھى ھى...گۆش!...ئادەم گۆشى مىزلىك...ھى ھى ھى...ئادەم كەپتۇ، بۇ يەرگە يەنە ئادەم كەپتۇ!......مىزلىك ئادەم گۆشى ھى ھى ھى!...........دىگىنىچە بىزگە قوللىرىنى سوزۇپ كىلىشكە باشلىدى. بايىدىن بىرى ئۈنىڭ ھەركىتىگە ئانچە دىققەت قىلمىغاچقا ئۈنىڭ جەسەت ئېكەنلىكىنى بىلمەي قالغان ئىكەنمىز، ئۈنىڭ قولىنى سوزۇپ كىلىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز ئالاقىزادە بولۇپ قېچىشقا باشلىدۇق. قورقۇنچىتا قاياققا قاچقىنىمىز نامەلۇم، پەقەت جان ئامان قالسىلا شۇ كۇپايە. بىز قېچىۋاتقاچ ئۈنىڭ شۇنداق قاتتىق، ھەم ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تېز قېچىشقا باشلىدۇق. بەلكىم قورقۇنۇچلۇق ئىشلار ئەمدى باشلانغان بولسا كېرەك!...... (دۆلەت تىللىرى ۋە شىۋىلەرنىڭ تەلەپپۇزى توغرا ئەمەس، پەقەت كۈلكە ئۈچۈنلا ئېلىندى!)

خارابىلىقتا سەپەر(2 ـ باب 4 ـ قىسىم)

قورقۇنچتا خىلى يەرگە قېچىپ بولدۇق، بۇ ۋاقتا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان بولساقمۇ بىرىنچىنى ئالاتتۇقتە!...يۈگۈرۈشتىن توختىغاندا بولسا ئۆپكىلىرىمىز خولدۇرلاپ، دىمىمىز سىقىلىپ كەتكەن ئىدى. بىز دىلغۇلچىلىقتا كەينىمىزگە قاراپ قويۇپ شۇ يەرگىلا ئۆزىمىزنى تاشلىدۇق. ـ : ئا...ئاداش، بۇ يەردە يىرتقۇچلارلا بار دەپ ئولتۇرساق جەسەتلەرمۇ يۈرىدىغۇ يەنە كىلىپ تىرىك جەسەتكەن!........بىزگە تېخى ئىش بارمۇ نىمە!......دىدى نىجات ھاسىراپ تۇرۇپ. ئۈنىڭ سۆزىگە دەماللىق نىمە دىيىشىمنى بىلەلمىدىم، مەنمۇ پەقەت يىرتقۇچلار تەرەپتىنلا ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇرىشىمىز مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم بىراق ئۆزۈممۇ ئويلىمىغان بىر ئىشقا دۇچ كەلگىنىمىزدىن مەنمۇ سەل چۆچۈپ قالدىم. ـ : بىز بايا ھودۇقۇپ كىتىپ خاتا كۆرۈۋالغان بولۇشىمىز مۇمكىن، بەلكىم ئۇ ئادەمدۇ بولمىسا بىزنىڭ ھىدىمىزنى پۇراپ بىرسى ئۇن بولۇپ كىلىپ بولار ئىدى. ئارتۇقچە ئويلىۋالمايلى بولدى!........دىدىم ئۇلارنى بەزلەپ. نىجات ـ : شۇنداق دىگىنىڭ بىلەن كۆرمىدىڭمۇ ئۈنىڭ بەدبەشىرە تەلەتىنى، راسلا كىرورەن گۈزىلىنىڭ ئەرەنچىسىكەن ئۇۋا!...تېخى يىلاندىن بىرنى تۇتىۋىلىپ مەززە قىلىپ يەۋاتىدا...يامىنى جەسەتلا بولسا مەيلىتى گۆشخور جەسەتكەن ئەمەسمۇ ئاداش، شۇ تاپتا ئۈنىڭغا ئۇچقاپلا قالساق يەنە نىم بولۇپ كىتىدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايۋاتىمەن!............. غېنى بىر نەرسىنى ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ سۆز ئاچتى ـ : بايا شۇنچە كۆپ

تىلدا سۆزلىسەمۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھەجىيىپ قاراپ تۇراتتى كىيىنلا بىزگە ئوخشاش ئۈيغۇرچە سۆزلەۋاتىدا؟ ...قارىغاندا ئۇمۇ ئۈيغۇردەك قىلامدۇ نىمە، ھەرقانچە بولسىمۇ مىنىڭ قۇلۇقۇم خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندۇ ھە؟ ـ : شۇنداق، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈيغۇرچە بىرنىمىلەرنى دىگىنىنى ئاڭلىدىم بىراق قورقۇپ كەتكەچكە نىمە دىگىنىگە ئانچە زەن سىپ كەتمەپتىمەن، بىراق نىملا بولسۇن ئۇ كىشى بىز ئۈچۈن بىر خەتەر، ئۇنىڭغا يەنە يولۇقۇپ قالساق ئۆلىمىزمىكى ئەمدى!........دىدى رۇسۇل دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ. نىجات تىرىكىپ ـ : ماڭە دىۋە، يىسىمۇ بىزدەك ئورۇق پەيتارىلارنى يىمەيدۇ ئەك ئاۋال سەندەك دىۋە پىرىمنى تۇنجى بولۇپ يەيدۇ، قورسىقىنى ھەپتە تويغۇزۇشقا يىتىسەن بۇ ئەپتىڭدە!......... گەرچە بىر ـ بىرىمىزگە گەپ بەرمەي سۆزلەۋاتقان بولساقمۇ بايىدىن بىرى يۈز بەرگەن ئىش بىزنى خېلىلا چۆچىتىپ قويغان ئىدى. سەل ئۆزۈمگە كىلىۋىلىپ ئەتراپقا قارىدىم، بايا جىددىيچىلىكتە قۇتۇلۇشنىلا ئويلاپ قاياققا قاچقىنىمىزگىمۇ دىققەت قىلمىغان ئىدۇق. ئەتراپنى پەرق قىلالماي يېنىمدىن كومپاسنى چىقىرىپ ئورنىمىزنى بىلمەكچى بولدۇم، ئەجەپلىنەرلىك يىرى كومپاس توختىماي ئايلىنىۋاتاتتى. ـ : ئاداش، بىز قايسى يۆلىنىشكە مىڭىپتۇق؟ ...دەپ سورىدى نىجات. بىراق نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشمنى بىلمەيتتىم ـ : بىز ھازىر جەنۇپ تەرەپتىكەنمىز...ياق شەرقتە...ياق شىمال تەرەپ...ياق ياق غەرپ!.................. ـ : ۋۇي نىم دەيدۇ ماۋۇ؟ ...ساراڭ قىلاي دەمسەن بىزنى، ئەكىلە ئۆزۈم قاراپ باقاي!......نىجات شۇنداق دەپ قولۇمدىكى كومپاسنى ئىلىۋىلىپ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە قىتىپلا قالدى. ئاندىن ـ : ۋوي ۋوي، ۋوي ۋوي ۋوي!.........ما نىم بولدى بۇنىڭغا ئەمدى، نىمانداق تۇرسىناي ئىبرايىمجاندەك پىرقىراۋىرىدۇ بۇ؟ ...كومپاس بۇزۇلدىمۇ ياكى بىز چۆرگىلەۋاتامدۇق؟ ......دىگىنىچە ئەتراپقا قارىدى. غىنى ـ : ئەكىلە مەن كۆرۈپ باقاي!......ۋاي تۇتە بولدى كۆزلىرىم بۇنىڭ بىلەن تەڭ پىرقىراپ كەتتى بىشىمنى قايدۇرۇپ!.......دەپ رۇسۇلغا تۇتقۇزۇپ قويدى. رۇسۇل ـ : ھو ھا ھا ھا ھا!...قىززىق نىمىكەنغۇ بۇ، ئابلىكىم تۇتە سەنمۇ ئويناپ باقە!...دىگىنىچە ئابلىكىمگە تۇتقۇزۇپ قويدى. ئابلىكىم ئادەتتە ئىپى كەلمىسە گەپمۇ قىلمايدىغان مۆك بولۇپ ھەقىقى ئادەم قورقسىلا بولىدىغان ئادەم ئىدى. چۈنكى ئانام دەيدىغان«بىرى مەستىن بىرى مۆرىمەستىن قوق» دەپ. شۇنىڭدەك بۇ ئاغىينەممۇ قاپىقىنى تۈرۈپلا ئادەمنى سۈر باسقۇزىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كومپاسقا قاراپلا چىرايى بىرخىل ئۆزگىرىپ كەتتى. قارىماققا چىرايىدىن بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك قىلاتتى. شۇڭا ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن سورىدىم ـ : بۇ قانداق ئىش؟ ......چىرايىڭ ئۆزگىرىپ كەتتىغۇ؟ ... ئابلىكىم كومپاسنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ـ : بۇ نەرسە ھازىرچە بىزگە كىرەك بولمايدۇ چۈنكى بۇ يەردە ماگىنىت مەيدانى مەۋجۇتكەن، ماگىنىت مەيدانىدىن چىقىپ كەتمىسەك بۇنىڭ شۇنداق ئايلىنىپ تۇرغىنى تۇرغان. ئەمدىكى مەسىلە بىز زادى قاياق تەرەپكە ماڭىمىز، قانداق ماڭغاندا خەۋپتىن ئامان ھالدا يولىمىزنى داۋام قىلالايمىز دىگەن مەسىلە. بۇنىڭغا ئەمدى كۆپچىلىك باش قاتۇرايلى!......دىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ئەتراپقا

قارىدۇق، ئەتراپىمىزدا ئۆڭكۈرسىمان ياسالغان ئۆيلەر، ئادەم يالغۇز تۇرۇپ قالسا قورققۇسى كەلگۈدەك ئۆزگۈرۈپ كەتكەن خارابىلىق تۇراتتى. بۇ تۇرقىدا قەيەرگە بېرىشنى ھەممىمىز بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان ئىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇمۇ چۈشۈۋاتقان ئىدى. يەنە نەچچە سائەتتىن كېيىنلا قاراڭغۇلۇق باسسا بىزنىڭ يول يۈرۈشىمىز ھەم ئۆزىمىزنى قوغدىغۇدەك بىخەتەررەك يەرنى تاپمىقىمىزمۇ تەسكە توختايتى، شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئاۋۋال ئۆزىمىزگە بىخەتەر جاي تېپىۋېلىشنى پىلانلىدۇق. بىراق شۇنچە قارىغان بولساقمۇ ئۆزىمىزگە بىخەتەررەك تۇيۇلغان بىرەر ئۆيمۇ تاپالمىدۇق، ھەممە ئۆيلەر ئۆڭكۈرسىمان بولۇپ ئىچىگە كىرگەنسىرى ئىچكىرلەپ كىتەتتى بۇنداق ئەھۋالدا تېخىمۇ ئىچكىرلەپ مېڭىشقا بولمايتتى چۈنكى بىز بۇيەرنى تېخى پىششىق بىلىپ كەتمەيمىز، قانداق خەتەرلەرنىڭ بارلىقىمۇ بىزگە قاراڭغۇ، شۇڭا ئالدىراپ بۇ تور باغلاپ كەتكەن ئۆڭكۈرسىمان ئۆيلەردە تۈنەش بىز ئۈچۈن خەتەرلىك ئىدى. كۈنمۇ ئولتۇردى، ئەتراپ يەنە قاراڭغۇلىششقا باشلىدى. بىز تېخىمۇ تېزلىكتە بىخەتەر قونالغۇ ئىزدەۋاتاتتۇق ئاردا ئابلىكىم بىزنى تۈۋلىدى ـ: ھەي مايەرگە كېلىڭلا تېزرەك!........... بىز ئۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدۇق، ـ: قاراڭلار، بۇ يەر قانداق بولا؟ ئاۋۋال ماۋۇ تاشنى يۆتكەيلى ئاندىن ئىچىگە قاراپ باقايلى!......ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئېغىزى كىچىكرەك، ئادەتتىكى ئۆڭكۈر ئۆيلىرىدىن پەسرەك كەلگەن بىر يەرنى كۆرسەتتى. بۇيەرنىڭ ئېغىزىدا بىردانە قۇرام تاش قاپلاقلىق بولۇپ قارىماققا ئادەمنىڭ كۆزىگە بەك چېلىقىپ كەتمەيتتى. قورام تاشمۇ ئۆيىنىڭ ئېغىزىغا لىقلا چۈشكەن ئىدى. بىراق ئابلىكىم قانداق بايقاپ قالدىكىنە!رۇسۇل بىلەن نىجات ئىنجىقلاپ يۈرۈپ تاشنى يۆتكىدى، بىز قولچىراقلىرىمىزنى يېقىپ ئىچىگە ئاستا كىردۇق، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى يەر يۈزىدىن پەسرەك ھەم گۆرسىمان قىلىپ لاھىيلەنگەن بولۇپ تارچۇقلا ئىدى. ئىچىدە تېخى قۇرۇپ كەتمىگەن مىۋە شۆپۈكلىرى، چالا يېيىلىپ تاشلانغان نىمىلەرنىڭدۇر گۆشلىرى تۇراتتى. بىز بۇ ھالنى كۆرۈپ سەل قورقۇپ قالدۇق، چۈنكى بۇ جاي بايىقى جەسەتنىڭ تۇرار جايى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمىغان شارائىتتىمۇ باشقا بىرەر يىرتقۇچنىڭ ياكى باشقا بىر جەسەتلەرنىڭ ئۇۋىسى بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا بۇ ئادەمسىز خارابىلىقتا بىزدىن باشقا يەنە كىملەر بولىدۇ، يەنە كىلىپ نورمال بىر ئادەم گۆشنى بۇنداق خام ھالدا يىمەيدۇ. بۇ چوقۇم بىرەر گۆشخور مەخلۇقنىڭ تۇرار جايى بولىشى مۇمكىن ئىدى. بىز ئۇ يەردە مۇلاھىزە قىلىپ تۇرغىچە قاراڭغۇمۇ چۈشۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەك كىچە جانلىقلىرىمۇ ئويغۇنۇشقا باشلىدى. بايا جىمجىت تۇرغان بۇ خارابىلىقنى ئەمدى بولسا ئاستا ـ ئاستا ھەرخىل ئاۋازلار قاپلاشقا باشلىدى. بىر نەرسىلەرنىڭ ئاۋازى ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق چىقسا، بەزىللىرىنىڭ شۇنداق سۈرلۈك، يەنە تۇرۇپلا چىققان سىرلىق شامال ئادەمنىڭ بەدىنىدىن توخەت ئۆرلىتەتتى. شۇندا ئابلىكىم ـ: قارىغاندا بىزگە مۇشۇ يەرگە كىرىۋالماقتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلىدۇ، ئەتراپنى خەتەر قاپلاشقا باشلىدى بۈگۈن مۇشۇ يەردە تۈنەيلى!......دېگىنىچە ئۆڭكۈرگە كىرىشكە تەمشەلدى، رۇسۇل ئۇنى تۇتىۋېلىپ ـ: ئا...ئاداش، بۇيەر ماڭا سەل

خەتەرلىك بىلىنىۋاتىدۇ باشقا جايغا بارمايلىمۇ!...دىگىنىچە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتىۋالدى. غېنىمۇ رۇسۇلنىڭ گىپىنى قوللاپ ـ: توغرا، بۇ ھالەتتە ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ يىمى قىلىپ بەرگەندەكلا بۇ يەرگە ئۆزىمىز كىرىپ بۇ جاينىڭ ئىگىسىنىڭ بىزنى ئاۋۇ گۆشلەردەك يەۋېتىشىنى خالامسەن؟ ...ئىشقىلىپ مەن ماندا ئەخمىقانىلىكنى ھەرگىز قىلمايمەن كىرسەڭلار ئۆزەڭلار كىرىڭلار!...... ـ: ئەمىسە بۇ ۋاق بولغاندا قەيەردىن پاناھلىنىدىغان بىخەتەررەك يەر تاپالايمىز، قاراڭغۇمۇ چۈشۈشكە باشلىدى ئەمدى تەبىيلا كۆرۈش قۇۋۋىتىمىزگە تەسىر يىتىدۇ بۇنداق ئەھۋالدا سىرىتتا لاغايلاپ يۈرسەك ھايات قىلىشىمىز مۇمكىنمۇ، بىرلا ئامال...مۇشۇ يەرگە كىرىۋالماقتىن باشقا ئامال يوق قالغىنى ئۆزەڭلارنىڭ ئىشى!......دىدى ئابلىكىم يەنە قەتئىيلىك بىلەن. ھەممىسى ماڭا قاراپ تۇراتتى، نىجات ـ: ئاداش قانداق قىلىمىز؟ ئابلىكىمنىڭ دىگىنىنىڭمۇ خاتاسى يوق ھازىر بۇيەرگە كىرىۋالمىساق سىرىتتا چوقۇم خەۋپكە ئۇچرايمىز، ئەگەر سىنىڭ باشقىچە پىكرىڭ بولسا ئاڭلايمىز!...سەن نىمە دىسەڭ شۇ!... ـ: ھەي ھەي، مەن باشلاپ كەلگەنگىلا يولباشچى مەن بولۇپ قالامدىم...مەنمۇ ئەمدى كىرىۋاتسام بۇيەرگە!مىنىڭچە بولغاندا بۇيەرنىڭ ئىگىسىمۇ ھىلىغىچە يىنىپ كىلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ تىخى قانداق نەرسىلىكىنىمۇ بىلمەيمىز. تاشتا ئۆڭكۈر ئىغىزىنى توسۇپ پاناھلىنالىغىنىدىن قارىغاندا مەنچە ئادەتتىكى بىرەر ھايۋاندەك قىلمايدۇ، شۇڭا يەنىلا باشقا بىرەر يەرنى تاپساق بولارمىكىن...بەك قاراڭغۇمۇ ئەمەسقۇ تىخى، پەقەت ئامال بولمىغاندا دەرەخنىڭ ئۈستىدە قونارمىز!.........بۇ گەپنى دەپ بولۇپ ئىختىيارسىزلا ئەتراپقا قارىدىم، بىراق ئەتراپتا ئادەم بويىدىن ئىگىزرەك بىرەر تۈپ دەرەخنى ئىلغا قىلالمىدىم. باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئەتراپتىن ئۆزىگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بىرىدىغان بىرەر تۈپ دەرەخنى ئىزدەۋاتاتتى. نىجات ـ: ئاداش، بۇ ئەتراپتا چاشقانمۇ يامىشىپ چىقىپ كەتكۈدەك پاكار دەرەخلەرلا باركەن بىزگە دالدا بولارمۇ؟ يەنە كىلىپ بۇ دەرەخلەر جىنلارنىڭ ئۆيى بولسىچۇ كىچىچە بىزنى ساراڭ قىپ قويمىسۇن يەنە!......ما گىپىڭنى قايتۇرىۋال!... دىمىسىمۇ مەنمۇ بۇ گىپىمدىن يىنىۋالغان ئىدىم. ـ: بولدى بۇ يەردە تالاش ـ تارتىش قىلىپ تۇرىۋەرسەك بارغانسىرى قاراڭغۇ چۈشۈپ كىتىۋاتىدۇ شۇڭا ئابلىكىمنىڭ دىگىنىدەك قىلماي باشقا ئامال يوقتەك قىلىدۇ!...دىدىم مەن ئۇلارغا قاراپ. غېنى سۆزۈمدىن چۆچۈپ ـ: نىمە؟ .....مۇشۇ يولۋاس ئۇۋۇسىغا كىرىمىزما، بۇ قاراپ تۇرۇپلا ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولماي نىمە، سەن بولساڭمۇ تۈزۈك گەپ قىلە قەھرىمان!............ ـ: ھەي قورقىۋاتامسەن، بىز بەش جىمۇ ئىسىڭدە بولسۇن!...بىرەر تال يىرتقۇچقا تەڭ كىلەلمىسەك نىمە دەپ كەلدۇق بۇ يەرگە؟ ئوغال بالىدەك بولە تولا نازۇكلاشماي!......دىدى نىجات غېنىغا. ـ: پەقەت بولمىسا بۇ قۇرام تاشتا ئۆڭكۈر ئىغىزىنى توسۇپ قويىمىز ئۇ كىرىمەن دەپمۇ كىرەلمەيدۇ، سىرىتتا قانداق بولسا نىمە كارىمىز، مۇھىمى بىزنىڭ ئامانلىقىمىز!................ بىز تارتىشىپ ئولتۇرۇپ قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ بولدى، خارابىيلىق ئىچىدىن يەنە ھەرخىل قورقۇنۇچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بىراق تىخىچە بىر

قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتۇق. دەل شۇ پەيتتە يىراقتىن بىر قارا گەۋدىنىڭ بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا كۆرۈپ قالدىم ـ: ھەي قاراڭلا ئاۋۇ تەرەپتىن بىر نەرسە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتامدۇ قانداق؟ ......... ئۇلارمۇ تەڭلا مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. نىجات ـ: ۋۇي راس كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ ھايۋانمۇ ياكى ئادەممۇ؟ ......ئوھ بايىقى جەسەت بوپ قالمىسۇن يەنە!...... ئۇنىڭ سۆزى بىزنى قايتىدىن ساراسىمىگە سېلى قويىدى. ئۇ شۇنداق دىگىنىچە قولچىراقنى ئېلىپ ياقاي دىۋىدى ئابلىكىم ئۇنى توسىۋالدى ـ: توختا!.........قولچىراقنى ياقساڭ بولمايدۇ، ئۇ بىزنى ئاسانلا بايقاپ قالىدۇ...تېز ئۆڭكۈرگە كىرىڭلار، تېز!...............ئابلىكىم شۇنداق دىگىنىچە بىزنى ئىچىگە ئىتتەردى، ئالدىمىزدىكى خەتەرنى كۆرۈپ تۇرغاچقا بىزگە بۇ يەرگە كىرىۋالماقتىن باشقىمۇ ئامال قالمىغان ئىدى. شۇڭا ھەممىمىز ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ قۇرام تاشنى تەسلىكتە يۆتكەپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئىتىۋالدۇق. مەن ئۇلارغا ئاستا پىچىرلىدىم ـ: ھىچقايسىڭلار گەپ قىلماڭلار، قولچىراقنىمۇ ياقماڭلار!......... ھەممىمىز جىمجىت تۇرىۋالدۇق. ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن بىر ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاڭلاشقا ئاياق ئاۋازى بىز تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.
ـ: ئاداش، بىز ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىۋالمىغاندۇق ھە؟ ......دىدى نىجات بوش ئاۋازدا...ئابلىكىم ـ: ئۇۋۇۋۇۋۇۋۇۋۇۋۇششش!............جىم تۇرۇڭلار!...... بىز جىمجىت تۇرۇپ سىرتتىكى ئاياق تىۋىشىنى تىڭشاشقا باشلىدۇق، ئاياق ئاۋازى بارغانسىرى يىقىنلىشىپ قورام تاشنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى، دىمەك ئۇ ئىنىقلا مۇشۇ جاينىڭ ئىگىسى ئىدى. ھازىر يۈرەك سوقۇشىمىزنى ئىنىق ئاڭلاپ تۇراتتۇق، مەۋھۇم نەرسە كىلىپ قورام تاشنى مىدىرلىتىشقا باشلىدى، بىراق بىزمۇ ئىچى تەرەپتىن قورام تاشنى چىڭ تۇتىۋالغان ئىدۇق. ئۇ خىلى ھەپىلەشكەندىن كىيىن بىردىنلا جىمىپ قالدى. مەن ناھايىتى بوش ئاۋازدا يېنىمدىكىلەرگە ـ: ھەممىڭلار يېنىڭلاردىكى قوغدىنىش قۇراللىرىنى تەق قىلىڭلار، ئەگەر كۈچىمىز يەتمەي قۇرام تاشنى يۆتكىۋېتىپ قالسا ئىلىشماي ئامالىمىز يوق!................. ئۇلار ماقۇللىقىنى بىلدۈرۈشتى، مەنمۇ بىر قولۇمدا قورام تاشنى چىڭ تۇتىۋالغاچ يەنە بىر قولۇمدا يېنىمدىكى ئۆتكۈر پىچاقنىڭ سىپىنى تۇتقان ھالدا كىيىنكى ئىشلارغا تەييارلىق ھالەتتە تۇردۇم. «قاراس ـ قۇرۇس»ئاۋازلاردىن كىيىن ھىلىقى ئاياق تىۋىشى يەنە پەيدا بولدى، ئۇ بۇ قېتىم بىرەر دەرەخنىڭ شىخىنى سۇندۇرۇپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئاندىن قورام تاشنىڭ قىسلىچىغا سىلىپ كۈچەپ ئىتتىرىشكە باشلىدى، بىزمۇ كۈچىمىزنىڭ يىتىشىچە قۇرام تاشنى چىڭ تۇتىۋالدۇق. دەل شۇ پەيتتە بىزگە يىقىنلا يەردە ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز تۇرۇپ بىرەر ھايۋاننىڭ ئاۋازىدەك تۇيۇلسا، تۇرۇپلا كىنولاردىكى مەخلۇقلارنىڭ ئاۋازىدەك ۋەھىمىلىك ئاڭلىناتتى. ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ سىرتتىكى مەۋھۇم نەرسىمۇ بىز بىلەن كۈچ ئىلىشىشتىن توختاپ شىپىرلىغان پىتى بۇ يەردىن ئايرىلدى. دىمەك ئۇنىڭمۇ كۈشەندىسى بۇ يەرگە يىتىپ كەلگەن ئىدى. بىزنىڭ قورقۇنچىمىز بايىقىدىن ئىككى ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى،

چۈنكى بۆيەرنىڭ ئىگىسى ئۆز جايىدىن ۋاز كېچىپ قاچقىنىغا قارىغاندا ھۆركىرىگىنى ئادەتتىكى ھايۋان ئەمەستەك قىلاتتى. ئاۋاز يىقىنلاشقانسىرى بىز ھەتتا نەپەس ئېلىشتىنمۇ توختىتۇالدۇق، ئۇنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىمۇ بىزگە قاراڭغۇ پەقەت ئۇمۇ ئۆڭكۈر ئىغىزىدا توختاپ بىردەم تۇرغاندىن كىيىن ئاستا ـ ئاستا خىرىلدىغىنىچە بىزدىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئەمدى بولسا ھەممىمىز چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كىيىن سەل پەسكويىغا چۈشتۇق، ئاندىن بىردەم سىرىتنى تىڭشىۋەتكەندىن كىيىن خاتىرجەم بولۇپ قولچىراقنىڭ يورۇقىنى توسۇپ غۇۋاراق يورۇتۇپ بىر ـ بىرىمىزگە قارىدۇق. ـ: ھا ھا ھا ھا ھا!..........بۇگۈن ئاجايىپ ئىشلارغا يولۇقتۇق دىسە!...ئۆمرۇمدە ئىسىمدىن چىقمىغۇدەك..........دىدى نىجات كۈلۈپ كىتىپ. غىپىنىمۇ قورقۇنچتا تىترەپ تۇرۇپ ـ: شۇ.....شۇنى دىگىنە!...جىنىم چىقىپ قالامدىكىن دىدىم خۇدى، ئۆمرۇمدە ئانداق قورقۇنۇچلۇق ئاۋازنى تۇنجى قىتىم ئاڭلىشىم، ھەي نىمىدۇ ئۇ سىلەرچە؟ .......... ـ: نىمە بولىتى، ماۋۇ دىۋە پىرىمنىڭ تۇققىنىدۇ ھەقچان!...راس بايا مۇشۇنى چىقىرىپ قويغان بولساق سۆزلىشىپ باقاكەن ھە!......دىدى نىجات ھەييارلىق بىلەن. رۇسۇل ـ: ھوي ئادەمنى قوقاتمىساڭچۇ، قورقۇپ جىنىم چىقىپ قالاي دەۋاتسا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باقامدىم؟ ساراڭ ئەمەس مەن!... ـ: ئەمدى سەن تۇققىنى بولغاندىكىن تىلىنى چۈشىنەمدىكى دەيمىنا!...... ـ: ھىلى باكا!..............
شۇنداق پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا توساتتىن سىرىتتا ھىلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، بىراق بۇ ئاۋازغا يەنە باشقا بىر ئاۋازمۇ قوشۇلغان ئىدى. بىز يەنە تىزلىك بىلەن قورام تاشنى چىڭ تۇتىۋىلىپ سىرىتتىكى ئاۋازلارنى تەپسىلىي تىڭشاشقا باشلىدۇق. مەلۇم نەرسە بىردەم قورقۇنۇچلۇق ئاۋازدا نەرە تارتسا يەنە بىردەم باشقا بىر ئاۋاز جاھاننى تىترىتەتتى. يەنە كىلىپ ئۇ ئاۋاز ئادەمنىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشاپ تۇراتتى. بىردەملىك ئۇيپۇر ـ توپۇردىن كىيىن بىرسىنىڭ ئىچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى كىيىن مەخلۇقنىڭ نەرە تارتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپلا جاھاننى يەنە جىمجىتلىق قاپلىدى. بىز تەشۋىش ئىچىدە جىممىدە تۇرۇپ سىرىتتىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سىلىۋاتاتتۇق، ئارىدىن خىلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ قايتا بىرەر ئالاھىدىرەك ئاۋاز ئاڭلانمىدى. بىردەم تۇرغاندىن كىيىن نىجات جىمجىتلىقنى بۇزدى ـ: ئاغىينىلە، سىرىت جىمىپ قالدىغۇ؟ يەنە نىمە ئىشلار يۈز بەردىكىنە؟ .......... ـ: بەلكىم سىرىتتا ئۆز ـ ئارا چوڭ بىر جەڭ بولغاندەك.....ئىككىلىسى ئىغىر يارىلاندىمۇ قانداق بۇنى بىلەلمىدىم!......دىدىم جاۋابەن. بىز يەنە بىردەم كۈزەتكەندىن كىيىن سىرىتقا چىقىپ قاراپ باقماقچى بولدۇق بىراق سىرىتنىڭ بىخەتەر ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمىگەچكە ئىككىلىنىپ قالدۇق. ـ: مەن بايا سىرىتتا بىر ئادەمنىڭ ئىچىنىشلىق ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم، بىرەرسى بىزگە ئوخشاش بۇيەرگە كىلىپ بىرەر يىرتقۇچقا ئۇچراپ قالغان بولمىسۇن يەنە!......دىدى غىپنى. ئابلىكىم ئۇنىڭ گىپىنى قۇۋۋەتلەپ ـ: توغرا، مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلدىم...ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا ئۇنى قۇتقۇزىۋىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار، ئۇنى تويىمىزغا قوشۇۋالارمىز ياكى!.......... بىز يەنىلا بۇ

توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قىلىۋاتاتتۇق، ئەگەر ئۇ ئادەم بولماي قالسا بىزگە خەتەر يەتمەمدۇ. بىراق نىمىلا بولسۇن چىقىپ قاراپ بىقىشىمىز كېرەك ئىدى، شۇڭا زور غەيرەت بىلەن قولچىراق، قوغدىنىش قۇراللىرىمىزنى تەقلەپ قورام تاشنى يۆتكىدۇق. ئەتراپ مۇدھىش قاراڭغۇچىلىقىغا قاپلانغان بولۇپ قولچىراق بولمىغان شارائىتتا ھېچنىمىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. بىز دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قولچىراقنى يېقىپ قۇراللىرىمىزنى چىڭ تۇتقان ھالدا ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزەتكەچ ئاستا بايا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلىدۇق!......................

خارابىيلىقىقا سەپەر(2 ـ باب5 ـ قىسىم)

بىز ھۇشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزەتكەچ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ماڭدۇق. بىزدىن يىگىرمە مېتىرچە ئارىلىقتا نىمىلەردۇر خىرىلداپ ياتاتتى، بىز ئىككىلىنىپقىنە ئۇ تەرەپكە كەلدۇق. نىمىشقىكىن قولچىراقمۇ ھازىرلا قىلى كۆيۈپ كىتىدىغاندەك بىر يېنىپ بىر ئۆچۈپ قالاتتى. شۇنداق خۇنۇك يورۇقتا نىمىلەرگىدۇر پۈتلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇ يەرگە كەلدۇق، بىراق كۆرگىنىمىز شۇ بولدىكى مەلۇم بىر كىشى قولىدا قانغا مىلەنگەن بىر خەنجەرنى تۇتقان ھالدا دۈملا يىتىپ قالغان ئىدى، ھەتتا دول قىسمىدىن قان سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىراق ئادەم دىسە ئادەمگە ھايۋان دىسە ھايۋانغا ئوخشىمايدىغان، بۆرىسىمان بىر مەخلۇق خىرىلداپ ياتاتتى، ئۇنىڭ مېڭە قىسمىدىن تۆشۈك تېشىلىپ قالغان بولۇپ جىرىلداپ قان ئىقىۋاتاتتى، ھەممىمىز بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتۇق. مەخلۇقنىڭ تىخى جىنى چىقمىغان بولۇپ قوپۇشقا ئۇرىناتتى بىراق ماغدۇرسىزلىقتىن قوپالماي خىرىلداپ قالغان ئىدى. بۇ بىزگە ناتونۇش بولغان ئادەممۇ ناھايىتى ئاجىز تىنىپ ياتاتتى. ئىككىلىسى بىز ئۈچۈن تىخىچە خەتەرلىك باسقۇچىدا بولغاچقا دەماللىققا يىقىن كىلەلمىدۇق. نىجات ـ: ئاداش ماۋۇ مەخلۇقنىغۇ تەلەتىدىنلا ياخشى نىمە ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ بىراق دۈم يىتىپ قالغىنى ئادەممۇ مەخلۇقمۇ بىلەلمىدىما؟ بىرىپ ئاستا ئۆرۈپ باقامدۇق قانداق؟ ......... ـ: بارماڭلار، يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋىلىپ يىنىغا بارغاندا خەنجەرنى بىزنىڭمۇ مىڭىمىزگە قاداپ قويىسچۇ ئاندىن؟ ...ئىشقىلىپ مەن بارمايمەن!...............دىدى غېنى جىدىيلىشىپ. دىمىسىمۇ بۇ قاراڭغۇلۇقتا بىر ئادەمنىڭ بۇ يەردە يۈرىشى غەلىتىلا ئىدى، توساتتىن ئۆمەركام سىلىمكامنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ دىگەن ھىلىقى سۆزلىرى يادىمغا كەلدى. ـ: راس مەن يىزىغا كىلىپ قايتىدىغان كۈنۈم ئۆمەركام ئىككى ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ كەتكىنىنى دىگەنىدى، شۇلاردىن بىرى بوپ قالمىسۇن يەنە!............ ئۇلار سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. نىجات ـ: نىمە؟ سەن يىزىدىن يىنىپ كەلگىلى تىخى ھەپتە بولدىغۇ، ھەپتىدە بۇ ئادەم مۇشۇنچىلا چاچلىرى ئۆسۈپ جۇل ـ جۇل، ۋەيرانە بوپ كەتكەندىمۇ؟ ...... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم، دىمىسىمۇ يەردە ياتقان بۇ نامەلۇم كىشىنىڭ ئۇستى بىشى ناھايىتى ۋەيرانە ئىدى. شۇڭا ئىككىلىنىپقىنە بىرىپ ئۇ كىشىنى ئاستا ئۆرۈدۈم، بىراق ئۆرۈشىم

بىلەنلا ھەممىسى ۋارقىراپ كەتتى. ـ : ۋاي!...........بۇ بۇ، ھىلىقى گۆشخور شۇغۇ!........... دەرۋەقە بۇ دەرەخزارلىقتا بىزگە ئۇچىقىغان، يىلاننى خاملا يەۋەتكەن ھىلىقى گۆشخور ئادەم شۇ ئىدى.ـ : مانا دىمىدىممۇ، بۇ ئىنىقلا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قەست قىلغانلىق!...بولۇشلار بۇ يەردىن چاپسان كىتەيلى!......دىدى غېنى ئەندىكىپ. بىراق مەنچە بولغاندا بۇ ئادەمنى بۇنداقلا تاشلاپ قويۇشقا بولمايتتى. مەن سەل ئويلىنىۋىلىپ ـ : توختاڭلار، بۇ جەسەت ئەمەس بەلكى ئادەمكەن!... ـ : نىم دەيسەن، ئادەمكەن؟ ......... ـ : شۇنداق ئادەمكەن...قارىمامسىلە ئۇنىڭغا، جەسەتتىن قان چىقامدۇ يەنە كىلىپ نەچچە مىڭ يىللىق بوپ كەتكەن جەسەت بۇنداق تۇرامدۇ. ئەقەللىيسى ئۇ ئۆلمەسلىك ئۇچۇن بۇ ۋەھشى مەخلۇق بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپتۇ شۇنىڭدىنلا ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ!...ئۇ بۇيەردە تەن بەرمەي ياشاۋاتقان بىردىنبىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن شۇڭا بۇيەرنىڭ سىرىنى ئېچىشىمىزغا چوڭ ياردىمى بولىشى مۇمكىن، شۇڭا ھازىر ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كەتسەك بىزمۇ نەچچە كۈن ياشىيالايمىز بۇنىسىمۇ نامەلۇم. ئاۋۇ مەخلۇقنى كۆرگەنسىلەر؟ بۇنىڭدىن يەنە نەچچىسى بار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز شۇڭا بۇ ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قالساق كيىنكى ئىشلىرىمىزدا چوقۇم پايدىسى بولىدۇ ماڭا ئىشىنىڭلار!........... يىنىمدىكىلەر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كيىن نىجات ـ : ئاۋۇ مەخلۇقتىنمۇ قان چىقتىغۇ ئەنە!...بىراق ئاداش سەن قانداق ئويلىغان بولساڭ شۇنداق بولسۇن، بەرىبىر بۇ ھالىتىدە بىزگە چىقىلالىشىمۇ ناتايىن...بوپتۇ قۇتقۇزۇپ قالىلى!... نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غېنى ـ : سىلەر يەنىلا بۇنى قۇتقۇزىۋالماقچىما؟ ئۇنداقتا مىنىڭمۇ باشقا پىكرىم يوق، بىراق قارارىمىزنىڭ توغرا بولىشىنى تىلەيمەن ئىشقىلىپ!............ شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشىنى قۇتقۇزىۋىلىشنى قارار قىلدۇق، بىز ئۇ كىشنى يۆلەپ ماڭايلى دەپ تۇرىشىمىزغا يەنە نىملەرنىڭدۇر قورقۇنۇچلۇق ھوۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ـ : قارىغاندا يەنە خەتەر باردەك قىلىدۇ، دوسلار تىزرەك جايىمىزغا كىرىۋالىلى بولمىسا پىشكەلچىلىككە يولۇقمايلى يەنە!......مەن شۇنداق دىگەچ قەدىمىمنى تىزلەتتىم، قالغانلارمۇ ماڭا ئەگەشتى. شۇندا نىجات توختاپ ياردار كىشىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئۆتكۈر خەنجىرىنى ئېلىپ تىخىچە جان تالىشىۋاتقان مەخلۇقنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇردى. قاتتىق بىر ھۆركىرەش بىلەن مەخلۇق پۈتۈنلەي جىمىقىپ قالدى. ـ : نىجات تىزرەك بول!......ـ : ھە مانا!......نىجات خەنجەرنى ئويناتقاچ بىز تەرەپكە يۈگۈرۈپ يىنىپ كەلدى. بىز بايىقى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىۋىلىپ قورام تاش بىلەن ئىغىزىنى چىڭ ئېتىۋەتتۇق، بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونماي ئامال يوقتەك قىلاتتى......... بىز ئۇ كىشىنى ياتقۇزۇپ كۆيىنىكىنى قايرىدۇق، ئۇنىڭ دول قىسمى ئىغىر يارىلانغان بولۇپ مەخلۇق چىشلەپ گۆشىنى يىرتىۋەتكەن ئىدى. بايىدىن بىرى قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە ئۇ كىشى تىخىچە ھۇشسىز ياتاتتى شۇڭا بىرىنچى بولۇپ قاننى توختىتىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇڭا سومكىدىن داستىخاننى چىقىرىپ بىر پارچە يىرتىۋالدىمدە قاتلاپ يارا ئىغىزىنى بىسىپ تۇرۇپ ـ : مانى بىرىسىڭلار بىسىپ تۇرۇڭلار، مەن قان

توختىتىدىغان يەنە باشقا ئامالالارنى قىلاي!......دەپ ئەتراپىمغا قارىدىم. رۇسۇل ـ: ۋاي ئاداش ماڭا قارىما، مۇشۇ قاندىن بەك قورقىمەن كۆرسەملا قۇسقۇم كىلىدۇ.....ھۆ!........... نىجاتنىڭ ئاچچىقى كىلىپ رۇسۇلنى بىر تېپىك بىلەنلا يىقىتىۋىتىپ ـ: ھۇ!........ئاغزىمغا بىر گەپ كەگەن!...ھەي دىۋە شۇنداق يوغان ئۇستىخىنىڭ بىلەن قاندىن قورقىمەن دىگىچە ئاناڭنىڭ ياغلىغىنى ئارتىۋېلىپ ئەر ئىزدەپ باقماسمە!.........دىدى زەردە بىلەن، رۇسۇلمۇ ئاچچىقى بىلەن ـ: ھىلى بىرنى قويسام ئۆزۈڭنى تاپالمايسەن، مەن بىلەن تولا ھەپىلەشمە قەھرىمانىنىڭ يۈزىنى قىلمىسام نەچچە قېتىم تايىغىڭنى يەپ بولاتتىڭ!...مەن قورقىمەن دەپ بولىۋالىدىغان ئىش ئەمەسكەن، تۇغۇلىشىمدىن قاندىن قورقىمە شۇ!..... نىجات ـ: مىنى ئۈرىمەن دىگىچە، مەھەللىدىكى قادى ئاۋاقىنبى يىقىتىپ بىقىپ ئاندىن گەپ قىلە سەن. پۇھا!...دەپ قويسىمۇ ئۇچۇپ كىتىدىغان ئاشۇ ئاۋاق تىللاپ كەتسىمۇ بۇقىدەك قاراپ تۇرغان سەن بويىيىدىك قوقانچاق دىۋە!...... ـ: ھەي ئاشۇ ئاۋاقنى بىر ئۇرسام ئۆلۈپ قالسا تۆلەيمەن دەپ نەدە يۈگۈرۈپ يۈرىمە، ئۇرسامۇ مۇشتۇمنى كۆتۈرەلەيدىغانىراق بىرسىنى ئۇرمامدىمەن مانداق!......... ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئىچىمنى پۇشۇرىۋەتتى شۇڭا قەشقەچىلا دىدىم ـ: قايلاشسىلا غوجىلۇرۇم، مەن ئىككىلىرىنى دىرامىا ئويناپ بەسۇن دىمىدىم ئاتا ـ ئانىللىرىمۇ پەپىلەپ ئاززۇلاپ چوڭ قىلغىنىنى بىلمە لىكىن مايەگىبى كىلىشىپ بەگەن بوسلىلىرى، خاپۇلاشمىسىلا ئىشقا سەپ قويىدىغان بولدۇم!......... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىشىغا«پاق!»قىدە بىرنى قويۇپ ـ: ئاداش قەتئىي خاپۇما، مەن ما دىۋە بىلەن بوپ كىتىپ يادىمدا يوقلا!، ھى ھى ھى...سىسىق گەپلىرىڭنى قاچان ھەزىم قىلىپ بولامە ئەمدى!...... ئۇنىڭغىچە بىشىمىزدا قولچىراقنى يورۇتۇپ تۇرغان ئابلىكىم يارا ئىغىزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ـ: بۇنداق تۇتۇپ تۇرىۋەرسەك پايدىسى يوق، بىرەرسىڭلاردا قان توختىتىدىغان دورا بارمۇ؟ ياكى ئۇن دىگەندەك نەرسە بولسىمۇ بولىدۇ!...... ھەممىز سومكىمىزنى ئالدىراپ تىنەپ ئاختۇرۇشقا باشىدۇق، بىراق ھىچ قان توختىتىدىغان نەرسە تاپالماي بىر ـ بىرىمىزگە قارىدۇق، بىراق ھىچقايسىمىزدا ئۇنداق نەرسىلەر يوق ئىدى. ـ: ھىچقايسىمىزدا ئۇنداق نەرسە يوقكەن ئاداش!...دىدىم مەن مەيۈس ھالدا. ئابلىكىم ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ ـ: بىر قېتىم قۇشنىڭ چاڭگىسىنى ئالىمەن دەپ دەرەختىن يىقىلىپ كەتكەندە، بىر شاخقا قولۇم ئىلىنىپ قىلىپ يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا دادام قاننى توختىتىش ئۈچۈن قولۇمغا سېغىز توپىنى ئۇۋاپ دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چىپىپ قويۇپ ۋاقىتلىق قاننى توختاتقان ئىدى، ئاندىن دوختۇرغا بارغىنىمىزدا سېغىز يارا ئىغىزىنى قاتۇرۇپ قان ئاللىقاچان توختاپ قالغان ئىدى. ئاندىن دوختۇر سىغىز توپىنى ئىلىۋىتىپ تىكىپلا قويغان ئىدى، بىراق بۇ ئامالنىڭ بۇ ئىشقا ئەسقاتىدىغان ياكى قاتمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن!......... ـ: ئۇنداقتا نىمىگە قاراپ تۇرىمىز، شۇنداق قىلمايمىزمۇ ئەمىسە!...تىزدىن سىغىز توپا بىلەن دەرەخ يوپۇرمىقى تېپىپ يارا ئىغىزىغا چاپايلى!.....دىدىم بىردىنلا روھلىنىپ. ئابلىكىم سەل تۇرىۋېلىپ ـ: بىراق سىغىز

توپا بىلەن دەرەخ يوپۇرمىقىنى بۇنچە كەچتە قەيەردىن تاپىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرىت شۇنچە خەتەرلىك تۇرسا!......دىگەچ ياردار كىشىگە قاراپ قويدى. ئىختىيارسىز يارا ئىغىزىغا قارىدىم، ياردىن ھىلىھەممۇ قان چىقىپ بىسىۋالغان لاتىنىمۇ قانغا مىلەپ بولغان ئىدى. ئاخىرى كەسكىن قارار چىقاردىم ـ : ئۇنداقتا بىز سىرىتقا چىقىپ ئابلىكىم دىگەن نەرسىلەرنى تىپىپ كىرەيلى!...بۇ يەردە رۇسۇل ياكى غىپنى قىلىڭلار قالغانلار سىرىتتىن ئابلىكىم دىگەن نەرسىلەرنى تىپىپ كىرەيلى!........ سۆزۈمنى ئاڭلىغان رۇسۇل تۇرۇپ كىتىپ ـ : بولمايدۇ، مەن بۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالسام ئاۋادا ھوشىغا كىلىپ قالسا مىنى ئۆلتۈرۈپ يەۋەتىسچۇ؟ ...ئىشقىلىپ بۇ گۆشخور بىلەن تۇرمايمەن!...دىگەچ مەن تەرەپكە ئۆتتۈۋالدى. غىپنىمۇ ـ : شۇنداق، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز تۇرۇش بەك خەتەرلىك شۇڭا مەنمۇ قالمايمىكى!......... ـ : ئەمىسە ھەر ئىككىلىرىڭلار قېلىڭلار بىز سىرىتتىن ۋاقىتلىق قان توختىدىغان نەرسىلەرنى تىپىپ كىرەيلى!.........دىدىم مەن. ئۇلار يەنە ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئىغىزىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ بىراق چىرايىدىن ناقايىللىقى چىقىپ تۇراتتى. ـ : نىمە؟ ...يەنە بولمامدا؟ ......... ـ : ئاداش ئويلاپ باقە، رۇسۇل قاندىن قورقىدىغان تۇرسا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالسام بىخەتەر بولالايمەنمۇ؟ يامىنى كەلسە مىنى تاشلاپ قويۇپلا قىچىپ كەتىسچۇ ئاندىن؟ .........دىدى غىپنى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىجاتنىڭ قۇيقا چىچى تىك تۇرۇپ كەتتى ـ : ۋاي ۋاي ۋاي، ئاناڭ بىلەن داداڭ بىكاغا باققان نىملەكەنلە ئىككىلىڭ...يارىماس پوق تاغارلىرى!......ئەسلى بىزگە ياردەم قىلغىلى ئەمەس ئادەم سانىمىزنى كۆپەيتىش ئۈچۈنلا كەلگەن نىملەكەنسە پوقىقا ئەسقاتماسلا!...مىڭىشە بولدى قەھرىمان بىلەن سىرىتقا چىقىپ دىگەن نەرسىلەرنى تىپىپ كىرىش بۇ يەردە مەن تۇراي!...... ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ رۇسۇل جىددىيلەشتى ـ : بولمىسا مەن بىلەن قەھرىمان ياكى ئابلىكىم قالسۇن، قالغىنىڭلار تىپىپ كىرەمسىلە؟ ...... ـ : ھىي دىۋە، سىرىتقا چىقساڭ بايىقىدەك مەخلۇقنىڭ تالىۋىتىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق دەۋاتىسەنغۇ ھە؟ ...بۇ سەپىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى يول باشچىنى سەن ئەپ قالساڭ مەن ئىسقىرىتقاچ چىقىپ تىپىپ كىرەمدىمىنا ئۇ نەرسىلەرنى ساراڭ دىۋە!.........دىدى نىجات. شۇ تاپتا بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزدىن بۇ كىشىنىڭ جىنى مۇھىم ئىدى. شۇڭا ـ : بولدى بولدى، گەپ سىتىپ ئۆلتۈرساق بۇ ئادەم قانسىراپ كىتىدۇ شۇڭا تىزرەك ماڭايلى!...نىجات سەن رۇسۇل، غىپنى ئىككىسى بىلەن مۇشۇيەردە تۇرۇپ تۇر، ئابلىكىم ئىككىمىز چىقىپ تىپىپ كىرەيلى، گەپ تامام!.........دەپلا گەپنى ئۈزدۈم. سۆزۈمنى ئاڭلىغان نىجات قايىل بولماي ـ : ھىي ئادىشوي، مابى قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئەمەس چىقىپ كىرەي دەپلا ماڭىدىغان!...بايا سىرىتتىكى مەخلۇقنى كۆرمىدىڭما؟ ئىككىڭلارلا يالغۇز چىقساڭلا بەك خەتەرلىك شۇڭا ما ئىككى نان قىپى نىم بولسا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، مەنمۇ سىلەر بىلەن چىقىپ كىرەي، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىۋىلىپ نىمىدىن قورقاتتى بۇلار!............... ـ : نىجاتنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق، ھازىرقى خەتەرلىق ۋاقىتتا ئادەم كۆپرەك بولغىنى ياخشى شۇڭا نىجاتنىمۇ بىللە

ئىلىنىۋالايلى!...دېدى ئابلىكىممۇ نىجاتنىڭ سۆزىنى قۇۋەتلەپ. ـ: ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئىككىڭلار تۇرۇپ تۇرۇڭلار!...بۇ نىمجان ھالىتى بىلەن سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلىشى مۇمكىن ئەمەس، بىزمۇ تېزلا يانىمىز!.........مەن شۇنداق دېگەچ بىقىنىمدىكى پىچاق بىلەن قولچىراقنى قولۇمغا ئالدىم، ئابلىكىم ياردار كىشىنىڭ خەنجىرى بىلەن قولچىراقتىن بىرنى ئالدى. ئابلىكىم بولسا قولچىراقنىلا ئىلىنىۋالغانىدى. مەن ئەجەپلىنىپ سورىدىم ـ: نىمىشقا قۇرال ئىلىنىۋالمايسەن، سىرىت شۇنچە خەتەرلىك تۇرسا؟ ئالە مىنىڭ پىچىقىمنى سەن ئىشلەت!...... نىجات كۈلۈپ قويۇپ قولۇمنى ئىتتەرگەچ ـ: يېنىمدا سىلەردەك قابىل ئوۋچىلار بار تۇرسا مىنىڭ قۇرال ئىلىنىۋىلىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ......... ئۇنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزى نىجات ئىككىمىزنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى. بىز تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈۋىلىپ قورام تاشنى يۆتكىدۇقتە چىقىپ قۇرام تاشنى يەنە ئۆڭكۈر ئېغىزىغا توسىۋەتكەندىن كىيىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپنى كۈزەتكەچ سىغىز توپا بىلەن دەرەخ يوپۇرمىقى تاپقىلى ماڭدۇق، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ ئادەمنى بىرخىل ۋەھىمە باساتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىن يەنە ھەرخىل قورقۇنۇچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز يېنىك بىر تىنىۋىلىپ ئۆڭكۈر ئۆدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتۇق!...........

خارابىلىقتا سەپەر(2 ـ باب6 ـ قىسىم)

ئۈچىمىز كىتىۋاتقاچ ھەممە جايغا تەپسىلىي قارايتتۇق، ھەممىمىزدە ئورتاق بىر تۇيغۇ بولىۋاتاتتى يەنى ئەتراپىمىزدا بىر نەرسىلەر باردەك ھىس قىلىۋاتاتتۇق بىراق شۇنچە قارىغان بولساقمۇ ئاللاھىدىرەك بىرەر نەرسە كۆزىمىزگە چېلىقمىدى، پەقەت پات ـ پات تىنىغىمىز ئارىسىدىن ئېغىر تىنىلغان تىنىقلار ئارىلىشىپ قالاتتى. نىجات بوش ئاۋازدا ـ: ئاداش، مەن يېنىمىزدا بىر نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىۋاتىمەن لېكىن شۇنچە قارىسامۇ ھېچنىمە كۆرۈنمەيدىيا؟ ئامال بار تاپىدىغان نەرسىمىزنى تىزرەك تېپىپ قايتمىساق خەتەرلىكتەك قىلىپ تۇرىدۇ!........دېگەچ يەنە ئەتراپنى كۈزىتىشكە باشلىدى. مەن ـ: توغرا دەيسەن، مەندىمۇ شۇنداق تۇيغۇ بولىۋاتىدۇ!...ئەسلى بۇ چاغدا چىقمىساق بولاتتى لېكىن ھېلىقى نامەلۇم كىشى زادى كىمۇ بۇ يەرگە نىمە ئىش ئۈچۈن كەلگەن، قانداق بولۇپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالدى دېگەنلەرنى ئىنىق بىلمىسەك بولمايدۇ، شۇڭا قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر ئۇ كىشىنى قۇتقۇزىۋالمىساق بۇ سىر مەڭگۈ سىر پېتى قىلىشى مۇمكىن!...بەلكىم ئۇ بىزگە ياردەم قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن نىجات......شۇڭا تىزرەك كىرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىشىمىز كىرەك!......... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بىز شۇ ھالدا مىڭىپ ئۆڭكۈر ئۆيدىن خىلى ئۇزاپ كەتكەن ئىدۇق ـ: ھەي باللا مىڭىۋىرىپ ھىلى كەلگەن يېرىمىزنى تاپالماي قالمايلى يەنە، مۇمكىن بولسا مۇشۇ ئەتراپتىن ئىزدەپ تېپىپ ئاستا كىتىۋالايمىزمۇ!...ماڭا بىرەر ئىش يۈز بىرىدىغاندەكلا تۇيۇلىۋاتىدۇ؟ ...دېدىم مەن ئەتراپقا قارىغاچ ئۇلارمۇ سۆزۈمنى ماقۇللاپ مىڭىشتىن توختىدى. ئەتراپ پەقەت بىزنىڭ

قولچىرىقىمىزنىڭ نۇرىدىلا يورۇپ تۇراتتى، ئەگەر قولچىراق ئۆچۈپ قالسا چوقۇم بىزنى پىشكەلچىلىك باساتتى. شۇڭا ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىر قولچىراقنى ئۆچۈرىۋېتىپ ئىككى قولچىراق بىلەن ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. نىجات ئەتراپقا قارىغاچ ئابلىكىمگە ــ: ئاداش، سىنىڭچە بۇ يەردىن سەن دىگەن سىغىز توپىنى تاپقىلى بولارمۇ؟ دەرەخ يوپۇرمىقىغۇ ئەنە ماڭدامدا بىر تۇرۇپتۇ، سىغىز توپا دىگەن ئاساسلىقى دەريا ئۆستەڭلەردىن تېپىلىدىغان نەرسە بۇ يەردە ئۆستەڭ تۆگۈل بىرەر ئېرىقمۇ تاپقىلى بولمىسا قانداق قىلىمىز؟ ........... ــ: مەنمۇ بىلمىدىم...دىدى ئابلىكىم بىزگە قاراپ. ــ: بەلكىم مۇشۇ ئەتراپتىن تېپىلىپ قالار، ئىزدىنىپ باقايلى!........ بىز ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە يورۇقلۇقنى يەرگە قارىتىپ مىڭىپ سىغىز توپا ئىزدەشكە باشلىدۇق، بىراق خېلى ئۇزۇن ئىزدىگەن بولساقمۇ قارا توپىدىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىدى. شۇتاپتا ئىس يادىم ھىلىقى كىشىدە قالغان ئىدى«ئۇ ئادەم ھوشىغا كەلگەنمىدۇ، ياكى قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ...»شۇنداق ئويلىغانسىرى جىددىيلىشىپ ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھىس قىلىپ كىتەتتىم. ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى ناچارلانغان بولسا بولىدىكى ياخشىلىنىش بىزگە باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى. رۇسۇل بىلەن غېنى قورقۇپ ئولتۇرۇپ نىمە كۈنلەرنى كۆرىۋاتىدۇ تىخى!...... ــ: ئاداش بۇياققا كىلە، ماۋۇ سەن دىگەن نەرسە شۇمۇ!......نىجاتنىڭ سۆزى بىلەن ئىسىمگە كەلدىم، ئۇ بىزدىن سەل نىرىدا بىر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆينىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قاچانلاردىن بىزدىن ئايرىلىپ ئۇ يەرگە بارغىنىنىمۇ بىلمەپتىمەن دىسە!...ئابلىكىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ تۇۋىگە باردۇق. نىجات ــ: قاراڭلار ماۋۇ تام سېغىز لايدىن قوپۇرۇلغاندەك قىلىدۇ، قىرىپ سىلاپ باقسام شۇنداق سىلىق ھەم يۇمشاق تۇرىدۇ مۇشۇ بوپ قالمىسۇن يەنە!........ ئابلىكىم ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بۇ پۇچۇق تامنى قىرىپ ئېلىپ سىلاپ بىقىپ ــ: شۇنداقكەن، سىغىز توپىكەن!.....بايىدىن بىرى مۇشۇ ئىش ھەجەپ كاللىمىزغا كەلمەپتا؟ بەلكىم بىز كەلگەن يەردىمۇ بۇنداق سىغىز توپىلىق قۇرۇلۇشلار كۆپ بولغىيدى. كاللىمىزنى بالدۇرراق ئىشلەتكەن بولساق بۇيەرگە كىلمىز دەپ ئاۋارىمۇ بولماسكەنمىز!.....دىدى ئەپسۇسلىنىپ. دىمىسىمۇ سىغىز توپىنى قۇرۇپ كەتكەن ئېرىق ئۆستەڭلەردىنلا تاپقىلى بولىدۇ دىگەن ئوي كاللىمىزغا سىڭىپ كەتكەچكە بۇ ئىش يادىمىزغا كەلمەي ئۇشۇق يول يۈرىۋالغان ئىدۇق، يەنە كىلىپ شۇنداق خەتەرلىك ۋاقىتتا.....نىجات تامنى قىرىۋاتقاچ بىزگە ــ: بولۇڭلار توپىنى ئالىدىغان نەرسە بىرىڭلار، ئېلىپلا ئاستا جايىمىزغا قايتىلى!...دىۋىدى شۇندىلا ئۆزىمىزنىڭ توپىنى ئالىدىغان نەرسە ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىزنى بىلدۇق. مەن ــ: نىم دەيسە؟ بايا ئالدىراشچىلىقتا بۇنى ئويلىماپتىمەن، بولمىسا قولۇمغىلا قىرىپ بىرە كۆتۈرۈپلا ماڭايلى!......دىگەچ چاڭگىلىمنى ئاچتىم. نىجات ماڭا قاراپ قويۇپ ــ: ماڭغىنەۋاي بولدى، تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كىيىن دەپ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمىزنى نىمە دەي!......دىگەچ قىرىپ چىقارغان سىغىز توپىلارنى يانچۇقىغا سالغىلى تۇردى ــ: ياخشى يانچۇقۇم بوپ قاپتىكەن، ئەمدى يابچۇققا بىر نەرسە سالساملا سىغىز بولۇپ چىقىدىكەندە ھە! ھى ھى ھى !........ ئۇنىڭ

كۆلكىسى بىلەن تەڭ بىزمۇ كۈلۈپ كەتتۇق. سىغىز توپىدىن خىلى كۆپ قىرىپ يانچۇقنى توشقۇزىۋالغاندىن كېيىن دەرھال كەلگەن جايىمىزغا قاراپ يۈگۈردۇق. كېتىۋاتقاچ نىجات ــ: ھەي توختاڭلا!...نىملا بولسۇن ھامىنى كەپتۇق، دەرەخ يوپۇرمىقىمۇ لازىمغۇ؟ ئاۋۇ دەرەختىن ۋاچچىدە بىر شاخنى سۇندۇرۇپلا ئېلىۋالمايمىزمۇ؟ ...دېگەچ بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى نەچچە تۈپ دەرەخنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭمۇ لازىم ئىكەنلىكى يادىمغا كەلدى ــ: بولىدۇ تېزرەك كەلگىن ئەمىسە!.....مەن شۇنداق دەپ بولغۇچە ئۇ ئاللىقاچان دەرەخ تەرەپكە كېتىپ بولغان ئىدى. ــ: قارا بۇنىڭ چاققانلىقىنى!...دېدىم ئابلىكىمگە، ئابلىكىممۇ كۈلۈپ قويدى. بىردەم تۇرغان بولساقمۇ نىجات ھېچ كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن سەل ئەنسىرەپ نىجاتنى توۋلىدىم بىراق نىجاتتىن جاۋاپ يوق ئىدى. سەل نورمالسىز ھېس قىلىپ نىجات تەرەپكە ماڭغاچ يەنە ئۈنلۈكرەك ئاۋازدا توۋلاشقا باشلىدىم. تۇساتتىن نىجات تەرەپتىن بىر ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ دەل نىجاتنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئابلىكىم بىلەن ئىككىمىز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئوقتەك يۈگۈردۇق. لېكىن بۇ يەردە نىجات كۆرۈنمەيتتى ــ: قانداق ئىش بۇ، نىجات بايا مۇشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەتكىنىنى ئېنىق كۆرگەن تۇرسام نىمىشقا يوق بولىدۇ!...چوقۇم بىر خەتەرگە يولۇقتى، نىمىشقىمۇ بىللە كەلمىگەندىمەن!.........شۇ تاپتىكى پۇشايمىنىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايتتى. بىز نىجاتنى توۋلىغاچ شۇ ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدۇق، ئۇنى تاپالمىغانسىرى يۈرۈكۈم ئېچىشىپ كۆزلىرىم ياشقا تولدى. كۆڭلۈمدە«نىمىشقىمۇ بۇ نەس باسقۇر جاينى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن بولغىيتتىم!»دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىپلەيتتىم. بىراق قانداق ئەيىپلىگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ ھازىر بولسا نىجاتنى تېپىش ئەڭ مۇھىم!...ئابلىكىم ئىككىمىز كانىيىمىز يىرتىلغىچە توۋلاپ نىجاتنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. «قەھرىمان!...ئابلىكىم!...مەن بۇيەردە تېز كېلىڭلار!...»كەينى تەرەپتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىلا ئاڭلىنىۋاتاتتى ــ: نىجات!...ئۇ نىجاتكەن، ئۇنىڭ بىزنى توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم، ئابلىكىم تېز بول بۇ نىجاتنىڭ ئاۋازى!......مەن شۇنداق دېگەندىن ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئوقتەك يۈگۈردۈم، ئابلىكىممۇ تاپ باستۇرماي يېتىشىپ كېلىۋاتاتتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىمدا ئالدىمىزدا چىراقنىڭ نۇرى كۆرۈندى. مەن چىراقنى شۇتەرەپكە يورۇتقاچ نىشاننى شۇياققا يۆتكىدىم. بىز بارغاندا نىجات قولچىراقنى بىز تەرەپكە تۇتقان، يەنە بىر قولىدا چىرىپ ئىسكەتىمۇ قالمىغان بىر باشسىز جەسەتكە خەنجىرىنى سانجىغان ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان قانغا قاراپ چۆچۈپ كەتتىم ــ: نى...نىجات، قولۇڭدىن قان چىقىپتىغۇ؟ بۇ جەسەتنى نەدىن بايقىدىڭ، تېخى بىشىمۇ يوقكەنغۇ؟ .........ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ ــ: شۇنداق ئازىراق يارىلاندىم، بۇنىڭ بىشى ئەنە!...دەپ نىرىراقتىكى بىر باشنى كۆرسەتكەچ ــ: قالغىنىنى قايتىپ بىرىپ ئاندىن دەپ بىرەي، بۇيەر ناھايىتى خەتەرلىككەن!.....دېدى. يەنە سوئال سوراي دېگەن ئىدىم بىراق ئۇنىڭ تىترەپ

تۇرغان بەدىنى، ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايى ماڭا ھەممىنى دەپ بەرگەندەك بولدى. مەن ئارتۇقمۇ سۆز قىلماي ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى جاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى، نىمە سەۋەپتىنكىن چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەن ئىدى. مەن قايتىدىن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ چىراقنىڭ يورۇقىدا يەردىكى جەسەتكە قاراپ تىنىم شۈركىنىپ كەتتى ۋە دەرھاللا ئالدىمغا قارىۋالدىم. تۈن قاراڭغۇلىقىدا يولنى پەرق قىلماق ناھايىتى تەس بولۇۋاتاتتى، شۇ تۇرقىدا جايىمىزغا بىرىۋېلىشمۇ بىر مەسىلە ئىدى. يەنە كىلىپ نىمىشقىكىن بايىقى جەسەتنى كۆرۈپ قورقۇنچۇم نەچچە ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى، مەنغۇ جەسەتنىلا كۆرۈپتىمەن نىجاتنىڭ يەنە نىملەرنى كۆرگىنى بىزگە قاراڭغۇ، پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. شۇ تاپتا ئادەتتە ناھايىتى كۆپ گەپ قىلىدىغان نىجاتنىڭ ئەمدى بولسا پەقەت چوڭقۇر تىنىشلىرىنىلا ئاڭلىيالايتىم. شۇنداق كىتىۋېتىپ توساتتىن ئالدىمىزدا ئىككى يول پەيدا بوپ قالدى، بايا شۇنچە قارىسامۇ بىرلا يول باردەك قىلاتتى قانداق بولۇپ يىرىلىپ كىتىدۇ؟ ...... ـ: ھەي باللا، ئىزىپ قالدۇقمۇ نىمە؟ بايا ھىچ ئىككىگە ئايرىلغان يول كۆرمەيۋاتاتتىم ئەمدى بۇ يول ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتىغۇ؟ ...دىدىم مەن. ئابلىكىممۇ ئەتراپقا قاراپ پەرق قىلالمىدى، شۇندا بايىدىن جىملىشىپ كەتكەن نىجات ئاستا كىلىپ تامنى سىلاپ باققاندىن كىيىن ـ: مۇشۇ يول شۇ، مەن بايا كەلگىچە ئىزىپ قالماسلىق ئۈچۈن خەنجەر بىلەن تامنى جىجاپ ماڭغان، تامدىكى خەنجەر ئىزى مەن جىجىغان يەرشۇ!......دىدى. بىزمۇ قاراپ باققاندىن كىيىن راسلا يىڭىدىن جىجىلغان ئىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ نىجاتنىڭ ئەقلىگە قايىل بولدۇم. بىز شۇ يۆلىنىشتە كىتىۋاتقىچە نىجات ـ: ئاداش، جايىمىزغا قايتقىچە ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىدا ماڭاي بولامدۇ؟ ...دىگەچ ئابلىكىم ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا سۆڭدەلدى. بۇرۇندىن شۇنداق جىگەرلىك بۇ دوستۇمنىڭ نىمىشقا بۇنداق دەيدىغانلىقىنى تىخى تولۇق چۈشىنىپ بولمىغان بولسامۇ لىكىن ئۇ ئادەتتىكىدەك ئىشقا يولۇقمىغان ئىدى، ھەتتا بۇنىڭغا قولىدىن چىققان قان گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى. مەن ـ: بولىدۇ، ئوتتۇرىمىزدا ماڭغىن سىنى قوغداپ ماڭىمىز ئەنسىرىمە!...قولۇڭ قانداقراق؟ ...... ئۇ قولىغا قارىۋىتىپ ـ: چوڭ ئىش يوق ئازراق يارىلاندى خالاس!......دەپ قويدى، ئۇنىڭ قولى ئازراق تىلىنىپ كەتكەن بولۇپ پىچاقنىڭ ئىزىغا ئوخشاپمۇ قالاتتى. ـ: بايىقى سىغىز توپىدىن چىپىۋال پايدىسى بولىدۇ!...دىدى ئابلىكىم. نىجات ئۇنىڭ سۆزى بويىچە يانچۇقىدىن سىغىز توپىدىن ئىلىۋاتقاچ ـ: كاساپەت، بايا يىرىمى يەرگە تۆكۈلۈپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!......دىگىنىچە ئاچچىقلاپ كەتتى. مەن:ھىچقىسى يوق، سەنلا ھايات بولساڭ يەنە تاپىمىز ئەنسىرىمە!..........دەپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم. بىز شۇ تەرىقىدە مىڭىپ ئاخىرى جايىمىزغا يىتىپ كەلدۇق. مەن ھاياجاندىن سۆزلەپ كەتتىم ـ ئۇھ!...ئاخىرى يىتىپ كەلدۇق، ئىشقىلىپ بۇدا قەيەرگىلا بارمايلى بەلگە سىپ قويۇپ بارساق بولىدىكەن جۇمۇ، تۈنجى قىتىم بۇ خارابىيلىقتا ئىزىپ قالماي كىلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كىتىۋاتىمەن!......... ئىككىسى كۈلۈپ قويدى، بىز ئۆڭكۈرسىمان ئۆينىڭ ئالدىغا كىلىپ قورام تاشتىن پەرق قىلىۋالدۇق

ئاندىن كىلىپ تاشنى يۆتكەيلى دەپ تۇرغاندا توساتتىن قولچىراقنىڭ يورۇقىدا قورام تاشتىكى قانالارنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم ئىغىزىمغا تىقىلىپ قالدى. ـ: رۇسۇل، غېنى!...سىلەر بارمۇ!........جىددىيلىشىپ ئىچىگە توۋلىدىم. بىردەمدىن كىيىن ئىچىدىن ناھايىتى بوش ئاۋازدا ـ: بىز با، قەھرىمانىمۇ سەن ئاداش؟ كەلدىڭلارما، ئەجەپ ياخشى بولدى!.........دىگەن يىغا ئارىلاش ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز دەرھال تاشنى يۆتكەپ ئىچىگە كىردۇق، ياردار كىشى جايىدا ياتقان بولۇپ رۇسۇل بىلەن غېنى تاشنىڭ قىشىقدا ئىدى. كىرىشىمىز بىلەنلا ئىككىسى بىزنى قۇچاقلاپ كەتتى، غېنى يىغلىغان پېتى ـ: ئاداش، ئەمدى سىلەرنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق دەپتىمەن، خۇدايىم يەنە بىر قىتىم ئۇچقاشتۇردى بىزنى!...ھەرنىمە بولسا ھاياتكەنسىلەر، بىزتىخى ئاللىقاچان!.........ھۇ ھۇ ھۇ!.........ئۇنىڭ چۈشىنىكسىز سۆزلىرىدىن يەنە بىر قىتىم ھاڭۋىقىپ قالدىم. ـ: نىملەرنى دەۋاتىسىلەر، بىز سىلەردىن ئەنسىرەپ كىتىپتۇق تىخى!...نىمە ئىش بولدى، نىمانداق كىچىك باللاردەك يىغلاپ ئولتۇرىسىلەر؟ ...... ـ: بىز...بىز شۇ......ئىككىلىسىنىڭ ئىغىزى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى، ھەممىمىزنىڭ ھالى ئۆزىمىز بىلەن بولغاچقا ئەجەپلىنىپ تۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمىدۇق. ـ: توختاڭلار ئاۋۋال بۇ كىشىنى قۇتقۇزىلى ئاندىن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلاي!......دىدىم مەن ئۇلارغا. غېنى ـ: ياق ياق، ئاۋۋال ئۆڭكۈر ئىغىزىنى ئىتىۋىتەيلى ئاندىن بىرگەپ بولسۇن!......دىگەچ قورام تاشنى يۆتكەشكە ئۇرۇندى، بىز بىرلىكتە قورام تاشنى يۆتكەپ ئۆڭكۈر ئىغىزىنى چىڭ ئىتىۋەتكەندىن كىيىن نىجاتنىڭ يانچۇقىدىكى سىغىزلارنى ئالدۇق، بىراق دەرەخ يوپۇرمىقىنى يەنە ئۇنتۇپ قالغان ئىدۇق. ـ: ئاپلا يەنە دەرەخ يوپۇرمىقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇق ئەمەسمۇ!......دىدىم ئەپسۇسلىنىپ، نىجات ئاستا يەنە بىر يانچۇقىدىن پومىلىشىپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرمىقىنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلىدى. شۇ تاپتا بۇ دوستۇم كۆزۈمگە خۇددى پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كىتىۋاتاتتى، مەن تىزدىن ئۇنىڭ قولىدىكى يوپۇرماقلارنى ئىلىپ ئەزگەندىن كىيىن يەنە بىر پارچە لاتا كىسىپ چىقىرىپ سىغىز بىلەن يوپۇرماقنى ئارىلاشتۇرۇپ لاتىغا قويۇپ تەييارلىۋالغاندىن كىيىن يارىلانغان كىشىنىڭ مۈرىسىدىكى لاتىنى تارتتىم، بىراق لاتا پۈتۈنلەي قان بولۇپ كەتكەچكە يارا ئىغىزىغا چاپلىشىپ قالغان ئىدى. بۇنداق قويۇپ قويساق كىيىن يارا يۇقۇملىنىپ سېسىپ كىتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئاۋايلاپ يۇرۇپ بىر ئاماللارنى قىلىپ يارا ئىغىزىغا چاپلىشىپ قالغان لاتىنى تارتىۋەتتىم. بىراق لاتىنى تارتىشىم بىلەنلا يەنە قان ئىقىشقا باشلىدى شۇنداتىزلا ئالدىن تەييار قىلىۋالغان يەرلىك دورىنى يارا ئىغىزىغا لاتا بىلەنلا چىچىپ تىڭىپ قويدۇم، ئەمدى بولسا مەسىلە بۇ نەرسىلەرنىڭ راسلا رولى بارمۇ يوق شۇنىڭدا قالغان ئىدى. يارىنى تىڭىپ بولۇپ ئۇ كىشىگە ئازىراق ئۇسسۇزلۇق بەرگەندىن كىيىن يىنىمىزدىراق ياتقۇزۇپ قويدۇم، شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ كىشى تىخىچە ھوشىغا كەلمەيۋاتاتتى، بەلكىم قان بەك كۆپ چىقىپ كەتكەن بولسا كىرەك. بىز سەل ئارىمىزنى ئىلىۋالغاندىن كىيىن ئۇلار بىلەن بىللە كەچلىك غىزالانغاچ سورىدىم ـ: نىجات ئاداش بايا

نىمىش بولغىنىنى ئەمدىغۇ سۆزلەپ بىرەرسەن؟ ......دىدىم ئۇنىڭغا قاراپ. ھەممىمىز ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇراتتۇق، ئۇ بىردەم تۇرۇپ كىتىپ مىنرال سۇدىن تازا بىر ئىچىپ سەگەكلىشىۋالغاندىن كىيىن بايا بولغان ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى!................ ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك تەھرىرلەپ تۇردۇم!...

خارابىيلىقتا سەپەر(2 ـ باب7 ـ قىسىم)

نىجات ـ : سىلەردىن ئايرىلىپ يۆگۈرۈپ بىرىپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كىلىپ قارىسام يوپۇرماق دەيدىغاندىن ئەسەر يوق قۇرۇپ كىتىپتۇ. «بايا قارىسام بۇك باراقساندەك كۆرۈنىۋاتاتتى بىرەر تال يوپۇرماقمۇ يوققۇ بۇنىڭدا؟ ...ياكى خاتا كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ يا؟ .........»دەپ ئويلاپ يەنە بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدىم. ئۇنىڭدىمۇ بايا ساڭا بەرگىنىمدەك ئاز ـ تولا يەرلىرىدىلا باركەن، ئالاي دەپ تۇرۇشۇمغا سەن توۋلىدىڭ شۇڭا ئالدىراپلا قولۇمغا چىققىنىنى ئىلىپ يانچۇقۇمغا تىقتىم، توساتتىن دەرەخ شىخىغا ئوخشاش قۇرۇپ كەتكەن بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم قانداقلا قارىسام باشقىچىلا كۆرۈنىۋاتاتتى. ئىككىلىنىپ تۇرغىنىمدا سەن يەنە ئەنسىز توۋلىدىڭ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر تەرەپكە ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا بىر نەرسە قولۇمدىنلا تارتىپ قاراڭغۇلۇققا ئەكىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ قانداق نەرسىلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم. لىكىن ئۇنىڭ قولۇمغا تىرنىقىنى پاتۇرىۋالغانلىقىنىلا ھىس قىلالايتتىم، ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ ۋارقىراپ تاشلىدىم قارشىلىق قىلاي دىسەممۇ تۈيۈقسىزلا يۈز بەرگەچكە ئامالسىز قالغان ئىدىم. ئاخىرى غەيرەتكە كىلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قاتتىق سىلكىندىم، ئۆزۈمنى تارتىشىپ بىلەنلا ئۇنىڭ تىرنىقى قولۇمدىن ئاجراپ كەتتى. ئاغرىقنىڭ دەستىدىن مىڭەم چاراسلاپ ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى، مەن قىچىشقا ئۇرۇنۇپ كەينىمگە ئۆرۈلگىنىمدە ئۇ يەنە يىپپىشىپ كىلىپلا پۈتۈمدىن تۇتىۋالدى ھەمدە نەلەرگىدۇ سۆرەپ مىڭىشقا باشلىدى. مەن كۈچەپ يەردە قولۇمغا چىققانلىكى نەرسىنى تۇتىۋىلىشقا ئۇرۇنغان بولساممۇ غايىپ بىر كۈچ مىنىڭ ئۇنداق قىلىشىمنى توسىۋاتقاندەك ھەربىر قىتىم بىرەر نەرسىنى تۇتىۋالغىنىمدا قاتتىق سىلكىپلا قولۇم ئاجراپ كىتەتتى. ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ كىم تەرىپىدىن ئىلىپ كىتىلىۋاتقىنىمنى بىلىش ئۈچۈن بىقىنىمدىكى قولچىراقنى ئىلىپ ئاياق تەرىپىمگە يورۇتتۇم. قولچىراقنىڭ يورۇقىدا كۆرگىنىم شۇ بولدىكى مىنى سۆرەپ كىتىۋاتقىنى بايا سىلەر كۆرگەن چىرايىنى پەقەتلا پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئاشۇ چىرىپ كەتكەن جەسەت ئىكەن، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ھوشۇمدىن كەتكىلى تاسلا قالدىم. ئەمدى بولسا بارلىق كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتىم، تىپىرلاشلىرىم كارغا كەلدىمۇ ياكى باشقا بىرەر سەۋەپتىنمۇ ئۇ پۈتۈمنى قويىۋىتىپ بىشىنى تۇتقان پىتى ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق چىرقىراپ كەتتى. مەن بۇنى پۇرسەت بىلىپ خەنجەرنى ئىلىپلا ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردۇم، ئۇ زەربىدىن يەنە چىرقىراۋاتاتتى مەن يەنە ئۇنىڭ بويۇنىغا قىلىچ ئۇردۇم، ئۇنىڭ بىشى ئۈزۈلۈپ تىنى يەرگە يىقىلدى، بىراق بىشى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ تىنى ھەرىكەتتىن توختىمىدى شۇنىڭ بىلەن تىخىمۇ قورقۇپ كىتىپ

كەينى ـ كەينىدىن قىلىچ تىقتىم، شۇ ئەسنادا سىنىڭ قاتتىق تۇۋلىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قالدىم........ئىشقىلىپ ئۆزۈمنىڭ ھايات قالغىنىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، مەن ھىلىغىچە بۇ يەردە ئالۋاستى يوق پەقەت يىرتقۇچلارلا بار دەپ بىلەتتىم بىراق بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئىمىشقا بۇ خارابىيلىقتىن ھېچقانداق ئادەمنىڭ تىرىك چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتىم. ...ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپ ماڭا خۇددى كىچىك باللاردەك تەلمۈرۈپ قاراپ ـ: ئاداش سىنىڭچە بۇ يەردىن ھايات چىقىپ كېتەلەرمىزمۇ؟ ........دەپ سورىدى، مەن ئىمىمۇ دىيەلەيمەن ـ: ئىملەرنى ئويلاپ كەتتىڭ، خۇدا خالىسا چوقۇم ھايات چىقىپ كېتىمىز يەنە كېلىپ بۇيەردىكى ھەممىمىز دىگىنە!.....ئۇنداق قالايمىقان ئويلارنى قىلما، قارا ئەنە بايىقى جەسەت ئالۋاستىنى ئۆلتۈرىۋىتىپسەنغۇ؟ بۇنىڭدىنلا چوقۇم ھايات چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىمىز چىقىپ تۇرىدىغۇ!..........دىدىم ئۇنىڭغا تەسەللىي بولسۇن ئۈچۈن، بىراق ئۆزۈممۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالغان ئىدىم. ياخشى يىرى ھەممىمىز تىخى ساق ـ سالامەت، پەقەت ئىجاتنىڭ ئازىراق يارىلانغىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا. مەن ئىجاتنىڭ قولىنى تىڭشۋاتقاچ رۇسۇل بىلەن غىپىندىن ـ: ھە تەۋەككۇلچىلەر ئەترىتىنىڭ سابىق ئەزالىرى، ئەمدى ئىككىلىرى دەپ بىقىشسىلا بايا زادى ئىمە ئىش يۈز بەردى؟ ...قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چاچرىغان قان قانداق ئىش، بۇ يەرگە كىملەر كەلدى ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلار يۈز بەردى ئىنىق دەڭلارچۇ، تىڭىرقاپلا قالدۇق!.........دەپ سورىدىم. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىۋىتىپ بىردەم يەرگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى ئاندىن رۇسۇل غىپىنغا ـ: سەن دىگىنە مەن قوقۇپ كىتىپ ھازىرغىچە ئىسىمگە كىلەلمەيۋاتىمەن، بايا يۈز بەرگەن ئىشنى يەنە قايتا ئىسىمگە ئالسام ئەمدى ئايلىنىپ قىلىشىم مۇمكىن!...... ـ: سەن دىسەڭ بولمامدۇ، مەنمۇ قورقۇنچتا ئاران تۇرسام...قورقۇپ كىتىپ جىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن يەنىلا سەن دىگىنە!......... ئۇلارنىڭ تالاش تارتىشى ئىجاتنى تىرىكتۇرۇپ قويدىمۇ ئاچچىقلىنىپ كەتتى ـ: دىمىسەڭ دىيىشمىگىنە، ھىلىمۇ ئۈچرىغان ئىشىمىز ئازمۇ؟ مەن يولۇققان ئىشقا ئىككىڭ يولۇقۇپ قالساڭ گەپ سۆزسىزلا يەم بولىشاكەنسەن!...قورام تاشنىڭ ئىچىدە بىخەتەر ئولتۇرۇپمۇ قورقۇپ كەتتىم دىگىنىنى قارا بۇلارنىڭ!...... شۇندا غىپىنى سۆز ئاچتى ـ: بى...بىز...سىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزئارا !بى...بىردەم پاراڭلىشىپ...ئولتۇرغان!...... ـ: كىكەچتەك گەپ قىلماي ئۆزۈڭنى توختىتىپ دىمەمسە زادى ئىمىش بولدى؟ ......دىدى ئىجات يەنە تىرىكىپ. ـ: بىز سىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئادەمگە قارىغاچ بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىدۇق، سەل قورقۇنچ بىسىۋىلىپ قولچىراقنى ياندۇرۇپ قويدۇق. تۇيۇقسىز سىرتتا بىرسىنىڭ گۈلدۈرلەپ يۆگۈرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىرەر خەتەر يەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇق. دۈپۈرلىگەن ئاۋاز بىردەم ئۇياقتىن بىردەم بۇياقتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى، ئەھۋالدىن قارىغاندا بىرسى بۇيەردە يۆگۈرۈپ يۈرىۋاتقان بولسا كېرەك!...ئۇنى سىلەردىن بىرىڭلارمىكى

دەپمۇ ئويلىدۇق بىراق سىلەر بولغان بولساڭلار يۈگۈرۈپ يۈرمەي دەرھال يېنىپ كىرگەن بولاتتىڭلار شۇڭا دەككە ـ دۈككىدە بىرىپ قورام تاشنى چىڭ تۇتىۋالدۇق. بىردەمدىن كېيىن بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، چىقىپ باقايلى دېگەن بولساقمۇ بايىقى ئۆلگەن مەخلۇقنىڭ ئىشى يادىمىزغا يىتىپ چىقىشقا پېتىنالمىدۇق، شۇ ئەسنادا يەنە باشقا ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىرنەرسىلەر خۇددى ئۇرانگوتاندەك چىرقىراپ ئەتراپنى بىشىغا كەيدى، بىراق ئۇلارنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. شۇ ئەسنادا بىرسى قورام تاشقا قاتتىق ئۇسسۇدى ئاندىن ـ: «مىنى قۇتقۇزۇڭلار، مىنى قۇتقۇزىۋىلىڭلار!......ياق ئۇنداق قىلماڭلار!...مىنى.................»ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىچىنىشلىق ۋارقىراپ كەتتى، بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قورام تاشنى تىخىمۇ چىڭ تۇتىۋالدۇق، بىر ۋاقىتتا ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى يوقاپ ئورنىنى غاراچ ـ غۇرۇچ قىلغان ئاۋازلار بىسىپ كەتتى. ھەتتا سۆڭەكلەرنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازىنىمۇ ئىنىق ئاڭلاپ تۇردۇق، بىراق چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق شۇڭا قولچىراقنىڭ يورۇقىنى ئۆچۈرىۋىتىپ جىمجىت تۇرىۋالدۇق، بىردەمدىن كېيىن مەلۇم نەرسىلەر بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ سوقۇشقىنىچە ئاستا ـ ئاستا بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتتى. بىز خىلى ۋاقىت قورام تاشنى چىڭ تۇتقىنىمىزچە جىمجىت تۇرىۋالدۇق بىردەمدىن كېيىن يەنە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئاندىن دەل بىز تەرەپكە كىلىپ بىرنىمىلەرنى دىيىشىپ قورام تاشنى يۆتكەشكە ئۇرۇندى، بۇ چاغدا جىنىم چىقىپ كىتەيلا دەپ قالغان ئىدى. دەل شۇ پەيىتتە قورام تاش يۆتكىلىپ سىلەر كىرىپ كەلدىڭلار!...بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى ئىپادىلەپ بىرەلمەيمەن، ئىشقىلىپ سىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بولغان ئەھۋاللار مۇشۇ!...ئۇنىڭدىن كېيىن نىجاتنىڭ دىگەنلىرى مىنى تىخىمۇ بەك قورقۇنۇچقا سىپ قويدى!................ غېنى شۇنداق دېگىنىچە تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم ـ: مىنى قۇتقۇزىۋىلىڭلار، دەپ ئۇيغۇرچە سۆزلىدىما؟ ... ـ: ھەئە، ئۇيغۇرچە سۆزلىدى!......... ـ: ئۇنداقتا بۇيەردە بىزلا ئەمەس خىلى كۆپ ئادەم بارمۇ قانداق؟ ...بايىقى قۇرام تاشنىڭ ئۈستىدىكى چاچراندى قانلار ۋە سىنىڭ دىگىنىڭ بويىچە بولغاندا ئۇ ئادەم ئالىقاچان ئالۋاستىلارنىڭ يىمىكى بولۇپ بوپتۇدە!......ئۇ كىم بولغىيتى ئەمدى، راس ھىلىقى مەن يىزىدىن يېنىپ كىلەشمىدە كىرىپ كەتكەن ئىككىسىنىڭ بىرىمىدۇيا؟ شۇنداق بولغاندا ئىككىسى مەلۇم سەۋەپلەردىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن تىپىشالمىغاندىن كېيىن ئوخشىمىغان جايدا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر نۇقتىدىن ئويلىغاندا ئىككى ئادەمنىڭ بىرى تىخىچە ھايات بولۇشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ!...ئۇنداقتا بىز ھازىر مۇشۇ يەردە تۈنەپ ئەتە تاڭ ئاتقاندا ئەتراپنى ئىزدەپ باقساق ھايات قالغانلار بولسا بىرلىشىپ بۇ يەردىن چىقىپ كەتسەك قانداق بولا؟ ......سۆزۈمنى ئاڭلىغان غېنى ناقايىل ھالدا ـ: ئاداش ئەتە باشقا ھايات قالغانلارنى ئىزدەپ ئەمەس، تاڭ ئاتسىلا مەن بۇ نەس باسقۇر جايدىن چىقىپ كىتىمەن!...ئالدىدا تىخى يىلان بىلەن چايان، بۆرە تۈلكىلەرلا بار دەپ ئويلىغان ئىدىم بىراق بۇ يەر جەسەتلەرنىڭ ماكانىكەن

ئەمەسمۇ!...شۇڭا تىخى ماۋاققىچە بىرەر ئادەم ھايات چىقىپ كىتەلمەپتىكەن......كىم بىلىدۇ ئەتىگىچە ھايات قاقالامدۇق يوق!.........دىگەنچە تۇگۇلۇپ ئولتۇرىۋالدى. بىر ھىساپتا ئۇنىڭ دىگىنىمۇ خاتا ئەمەس ئىدى، مەنمۇ تۇنجى قىتىم غىپىنىدەك ئويلىغان بىراق بۇجايغا كىرگەندىن باشلاپ ئۇ ئويۇمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغان بۇگۈن تىخىمۇ ھىس قىلىپ يەتكەن ئىدىم. ئابلىكىم ياردار كىشىنىڭ مۇرىسىنى تىڭشۇاتقاچ دىدى ـ : قاراڭلار بۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە، قارىماققا نۇرغۇن خەتەرلەرنى بىشىدىن ئۆتكۈرگەندەك قىلىدۇ!...بەدىنىنىڭ ھەممە يىرى يارا بىلەن تولۇپ كىتىپتۇ!...ئۇ شۇنداق دىگەچ ئۇ ئادەمنىڭ يىڭىنى قايرىپ بىلىكىگە قارىدى ـ : ئەھۋالدىن قارىغاندا بايىقىدەك مەخلۇقتىن ئۆلتۈرگەن سانى ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ، قاراڭلار جىنى چىڭلىقىغا مۇشۇنداق بوپ كىتىپمۇ يەنىلا ھايات ياشاۋىتىپتۇ!......... بىز ئابلىكىمنىڭ كۆرسەتكەن يىرىگە قاراپلا ھەيران قالدۇق، بۇ كىشىنىڭ قولىنىڭ بىغىشىدىن تارتىپ بىلىكىگىچە تىلىنغان چوڭ ـ چوڭ تارتۇقلار بار ئىدى. ـ : توۋا، شۇنداق ئىشلارنى بىشىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ يەنە بۇ يەردە ياشاشنى تاللىغىنى نىمىسى؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇشۇ يەرگە قارايدىغان مۇئەككەلمۇ بۇ قانداق؟ ......دىدى غىپىنى ھەيران قىلىپ. نىجات ـ : ماڭغىنەھوي ئوقۇغاندەك گەپ قىلە!...تىرىك ئادەم مۇئەككەل بولمايدۇ، بەلكىم بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ يەردە ياشاشنى تاللىشىدا مەلۇم بىر سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن:بۇ ئادەم مۇشۇنداق تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ ئادەم بۇرۇنقى زامانلاردىكى ياۋايى ئادەم، بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ شىرىكى!......ياق ياق، ما ئاخىرىدىكىسى ھىساپ ئەمەس!...ئىشقىلىپ بۇ ئادەم نورمال ئەمەس ئۆتكەندە كۆرمىدىڭلارمۇ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى، بىر يىلاننى تىرىكلا يەۋەتتى يەنە تىخى بىزنى قوغلىغان...ئىشقىلىپ ھەزەر ئەيلىمىسەكمۇ بولمايدۇ جۇمۇ!......... مەن ئۇ كىشىگە قارىغانسىرى بىر تونۇش كىشى چىقىپ قالىدىغاندەكلا تۇيغۇدا بولۇپ كەتتىم، كۆڭلۈمدە ئەتە ھوشىغا كەلسە بىر سوراپ بىقىشنى ئويلاپ ئۇنىڭ تىزرەك ئىسىگە كىلىشىنى تىلىدىم. ـ : باللا سىرىتتا غەيرى ئاۋازلار ئاڭلىنىۋاتىدۇ، ماڭلام ئاڭلىنىۋاتامدۇ ياكى سىلەرگىمۇ ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟ .........دىدى نىجات سىرتتنى كۆرسەتكەچ. ـ : سەنلا ئاڭلىمايۋاتىسەن ھەممىمىز ئاڭلاۋاتىمىز، بىراق ئاڭلىساقمۇ نىمە پايدىسى يا ئۇلار بىلەن چىقىپ كۈچ ئىلىشالمىساق. شۇڭا ئولتۇرغىنىمىز ياخشى مۇشۇ يەردە!............ غىپىنىڭ جاۋابىدىن تىرىككەن نىجات ـ : كالىلاڭنىڭ سۈيى بامۇ قانداق؟ مەن نەدە ساڭا چىقىپ كۈچ ئىلىشىپ باقايلى دىدىم، سىرىتتىكى ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كىيىن ھۇششارراق ئولتۇرايلى دىگەن مەقسەتتە دەۋاتىمەن!...، ھىي قارا ئەپتىڭگە، نەرىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان چىراي سىنىڭ!......... ـ : مەكتەپ دىگەننى چىراي ئوقۇمايدۇ، كاللا ئوقۇيدۇ!......دىدى غىپىنى ياندۇرۇپلا.. نىجات ـ : شۇ ھەئە، قاپاق كاللاڭنى ئوقۇتىمەن دەپ شۇ مۇئەللىم خانىملارنىڭ ئىسراپ بولغان ۋاقتىغا ئىچىنىمەن!............ۋۇ دۆت!... ـ : ئۆرەك دۆت!... ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنى كۆرۈپ ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بايىدىن بىرىقى قورقۇنۇچلار سەل

بىسىققاندىن كېيىن داستىخانلارنى سىلىپ كىچىلىك تاماقىمىزنىمۇ يەپ ئۇلگۇردۇق. ــ: باللا، بۈگۈن بەك كۆپ غەيرى ھەم قورقۇنۇچلۇق ئىشلارغا يولۇقتۇق، شۇڭا ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ئۇخلىماي ئولتۇرمىساق ۋاقتى كەلسە ماۋۇ ئۆڭكۈرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، غەپلەتتە يېتىپلا ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئۆلگىنىمىزنىمۇ بىلەلمەي قالمايلى يەنە!......دىدىم مەن، ئانام يىقىپ بەرگەن ناننى يىگەچ. ھەم شۇتاپتا ئائىلەمدىكىلەرنىمۇ شۇنداق سىغىنىپ كەتكەن ئىدىم......نىجات چايناۋاتقان ناننى كۈچەپ يۇتۇۋېتىپ ــ: ھىم ھىم، قەھرىمانىنىڭ دىگىنى توغرا!...بىز بۈيەرنى بىخەتەر دەپ بۇخاراغا كىتىپ ئاندىن ئالۋاستىلار ياكى يوغان مەخلۇقلار بىزنى تىپىۋىلىپ باشقا يەرگە يولغا سىپ قويمىسۇن يەنە!.........دىگىنىچە بىگىز بارمىقىنى گىلىدىن قورسىقىغا سيىرىپ يۇتۇۋەتكەنىنىڭ ئىپادىسىنى قىلىپ قويدى. باشقىلارمۇ بايىدىن بىرى ئۆز كۆزى بىلەن بىرمۇنچە ئىشلارنى كۆرگەچكە گىپىمنى قۇۋۋەتلىدى. غېنى ــ: شۇنداق بولماي ئەلۋەتتە!......بايىدىن قورقۇپ جىنىم چىقايلا دەپ قالغان تۇرسا قانداق ئۇيقۇ كىلىدۇ ئاداش، بۈگۈن كۆزۈمنى يۇمدۇرۇپ قويساڭلارمۇ مۇمكىن ئەمەس ئۇخلىيالمايمەن!...........
رۇسۇل ــ: مەنغۇ ئۇخلاش ئەمەس، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپمۇ بىرخىل قورقۇپ تۇرىمەن كىچىچە مايمۇندەك ئولتۇرىمەندە ئەمدى!.........  ــ: يا، مايمۇندەك ئەمەس دىۋىدەك ئولتۇرىسە، تورۇسقا قاراپقىنە!............دىدى نىجات چىرايىنى ھەزىلكەشتەك قىلىپ. ئۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز كۈلۈپ كىتىشتۇق، ئۆز ـ ئارا قىززىق چاقچاقلارنى قىلىشىپ قورقۇنچىمىزمۇ خىلىلا بىسىپ قالدى. ئۇلار بىلەن چاقچاقلاشقاچ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بۇ جان جىگەر دوسلىرىمغا مەسلىگىم كىلىپ قاراپ تۇرۇپ كىتەتتىم، گەرچە قورقۇنچتا ئۇنداق ـ بۇنداق دەپ قويغان بىلەن لىكىن ھىچقايسى ماڭا مەن ئەڭ قورقىدىغان، ھەم ئازاپلىنىدىغان«بۇ يەرگە سەن ئەكەلگەن!.....سىنىڭ كاساپىتىڭ!......»دىگەنەدەك سۆزلەرنى قىلمىغىنىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كىتەتتىم. ئۇلارمۇ سىزىپ قالغاندەكلا شۇ تەرەپكىرەك گەپ قىلسامىلا گىپىمنى پۇتلاپ گەپنى باشقا ياققا يۆتكىۋىتەتتى. بىز بۈگۈن كەچنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدۇق، شۇنچە كۆپ پاراڭلارنى قىلغان بولساقمۇ لىكىن ھىچ تاڭ ئاتاي دىمەيتتى. نىجات تىرىكىپ نەچچىنى سەكرەپ، سۆزلەپ دىگۈدەك بىزنى كۈلدۈرۈپ ئۇچەيلىرىمىزنى تارتىشتۇرىۋەتتى. بىز شۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئىتىشىنى كۈتتۇق!...............................  ــ: ھەي باللا، تۇرۇڭلار تۇرۇڭلار!......تىز تۇرۇڭلار دەيمەن، ھىلىقى كىشى يوقاپ كەتتى، قورام تاشمۇ غۇۋا ئوچۇق تۇردۇ!.................ئابلىكىمنىڭ سۆزىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، ــ: نىمە؟ ...تۇرۇڭلار چاپسان تۇرۇڭلار!...ئابلىكىم باللاغا قارا ساقمىكىن!.........مەن شۇنداق دىگەچ ئۇيقۇچىلىقتا دەلدەڭشىپ يۈرۈپ ئۆڭكۈر ئىغىزغا كەلدىم، دەرۋەقە قورام تاش ئازىراق يۆتكەلگەن بولۇپ ئادەم پاتقۇدەك يوچۇق تۇراتتى. ئۆزۈمنىڭ قاچانلاردىن ئۇخلاپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن، ماڭا ئوخشاشلا باشقىلارمۇ ئۇخلاپ قالغان چىغى!...  ــ: نىمىش بولدى؟ ئادەمنى ئۇخىغلى قويماي!......  ئاخشام«ئەمدى ئۇيقۇ كىلەمدۇ، قورقۇپ ئاران

ئولتاسام»دىگەن رۇسۇل ئەمدى بولسا ئۇيقۇنىڭ كويىدا ئىدى. تۇۋلاپ يۈرۈپ ھەممىسىنى ئويغاتتىم ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغىنىغا ھەيران بولۇپ تۇراتتى. ئۇلارغۇ ھەممىسى ساق ـ سالامەتكەن يامان يېرى ئاخشامقى يارىلانغان كىشى يوق تۇراتتى، ئۇنىڭ قەيەرگە قانداق ۋاقىتتا چىقىپ كەتكىنىمۇ بىزگە نامەلۇم، ئاخشامدىن بىرى ھوشسىز ياتقان بىر كىشى قانداقسىگە شۇ ئېغىر يارىلانغان ھالىتىدە چىقىپ كىتەلىگەندۇ؟ ......ئويلىغانسىرى ئەقلىم يەتمەيتتى. ـ: ھەي باللا ئاخشامقى ئادەم چىقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ، نەگە كەتكىنىنى بىلمىدىم بىراق ئۇ ھالىتىدە يىراققا ماڭالمايدۇ. يەنە بىرەر پىشكەلچىلىككە يولۇقمىسۇن تىزدىن ئىزدەپ تاپايلى بولۇڭلار چاپسان!..............دىدىم ئۇلارغا، نىجاتمۇ ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى ئاران ئىچىپ ماقۇللىقىنى بىلدۈرۈپ مىڭىشقا تەمشىلىۋىدى سورىدىم ـ: نە ماڭدىڭ؟ ...... ـ: ھىلىقى كىشىنى ئىزدىگىلىغۇ!........... ـ: ئانداۋوسا مايانقا مىڭىپ بىرەمسەن ئىشىك مايانتا!........ شۇندا نىجات كۆزلىرىنى قايتىدىن ئىچىپ ـ: ۋوي خاتا بوپقاپتۇ!.....دىگىنىچە مەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ھەممىمىز قاھقاھلاپ كۈلگىنىمىزچە سىرتتا چىقىپ قورام تاشنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىغا توسۇۋىتىپ ھىلىقى يارىدار كىشىنى ئىزدەپ ماڭدۇق!.....................

خارابىيلىققا سەپەر(2 ـ باب8 ـ 9 ـ قىسىم)

بىز سىرتتا چىقىپ ھىلىقى يارىدار كىشىنى ئىزدىگەچ ئىختىيارسىزلا ئاخشامقى غەلىتە مەخلۇق ئۆلگەن جايغا كەلدۇق، ئەجەبلىنەرلىكى ئۇ مەخلۇنىڭ جەسىدى توكۇل توكۇلگەن قانلارمۇ يوق ئىدى. بىز ھەيرانلىقتا ئۇياق بۇياقلارنى ئىزدەپ باققان بولساقمۇ ھېچنىمە كۆرۈنمىدى. نىجات ھەيران بولۇپ ـ: ھەي باللا، ئاخشامقى جاي مۇشۇمۇيا بىز خاتا كىلىپ قالدۇقمۇ؟ ............... ـ: مۇشۇ جاي شۇ، ئاخشام يولۇققان نەرسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ئۇنداق نەرسىلەر بار يەردە ئۇنىڭ جەسىدى تۇراتتىمۇ؟ .........دىدى ئابلىكىم چۈشەندۈرۈپ. بىز ئەتراپقا گۇمان نەزىرىدە قارىغاچ يارىدار كىشىنى ئىزدەشكە كىرىشتۇق. مەن ـ: يارىلانغان ئادەم شۇنچە تىزلا بىزدىن يىراقلاپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ بىزنى كۆزىتىۋاتقاندەكلا، مۇشۇ ئەتراپتا باردەك ھىس قىلىۋاتىمەن!........دىدىم ئەتراپقا قارىغاچ. باشقىلارمۇ ئەتراپقا قاراپ تۇراتتى، نىجات ـ: قىززىق ئىش، كۈندۈزدە ھىچ نەرسە ئۇچرىتالمايمىز كەچ بولغاندا ھەممە نەرسە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ دىسە!...ياكى كۈندۈزدە ئۇلارنى كۆرەلمەمدۇقيا؟ ...... ـ: توغرا دەيسەن، بەلكىم ئۇلار يورۇقلۇقتىن قورقىشى مۇمكىن شۇڭا كۈندۈزدە ئاساسەن ھەرىكەت قىلمايدىغان ئوخشايدۇ!...شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ھىلىقى كىشىنى تىپىۋالساق بىزنىڭ پاناھلىنىشىمىزغا ھەم بۇيەردىن تىزرەك كىتىشىزگە ياردىمى بولارمىكىن مەنچە!...... ئابلىكىمنىڭ بۇ سۆزى ئورۇنلۇق ئىدى، شۇڭا بۇگۈن كەچ چۈشۈپ كەتكىچە ئۇ كىشىنى نەدىن بولمىسۇن تىپىشىمىز كىرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ كىشىنى توۋلىغاچ ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. يوللاردا ئۆسۈپ قالغان يۇلغۇن، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر يول مىڭىشىمىزغا ھەم كۆرۈش سىزىمىمىزگە تەسىر كۆرسەتتى.

نىجات تىرىكىپ ـ: ھېلىقى كىشى خەنجىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ دىسە، شۇ تاپتا بىرەر ھايۋانغا ئۇچقاپ قالساق سوكال پىچاق بىلەن پۇت قولىمىزدىن باشقا قوغدانغۇدەك بىرەر نەرسىمىزمۇ يوق مانا!...ئۇ قىرىمۇ يارىلانغاندىكىن غىت قىسىپ ساقايغىچە ياتماي چىقىپ كەتكىنى نىمىسى دەيمە!...ياۋايى ئادەم دىگەنغۇ زادى شۇنداق كىلىدۇ، ياخشى بىزنى ئۆلتۈرۈپ مەزىلىك يىمىكى قىلىۋەتمەپتۇ خۇداغا شۈكرى!...... ـ: ھەي ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، ئۇ ئادەم دەماللىققا بىزنى تونۇمىغاندىكىن ئۆزىگە خەۋپ يىتەرمىكى دەپ ئويلاپ قالغان نىمە، بولمىسا بىز ئۇخلاپ قالغاندا تۇيدۇرماي چىقىپ كىتەتتىمۇ!...يەنە كىلىپ ھىچنىمىمىزگە چىقىلماپتۇ، مەنچە بولسا ئۇ يامان ئادەم ئەمەس جۇمۇ!...... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئويلانغاچ يولىنى داۋام قىلدى. بىز خىلى ماڭغاندىن كىيىن تۇيۇقسىز كومپاس يادىمغا كىلىپ قالدىدە ئىتتىك ئېلىپ قارىدىم، دەرۋەقە كومپاس ئۇۋشىلىپ قالغان ئىدى. ـ: ھەي قاراڭلار كومپاس ئۇۋشىلىپتۇ!...ئۇلار قولۇمدىكى كومپاسقا قاراشتى ـ: قاراپ باقە، بىزنىڭ يۆلىنىشىمىز قاياقتىكەن!...... مەن كومپاسقا قارىغاندىن كىيىن ـ: شەرق تەرەپكە مىڭىپتۇق!...دىدىم. بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ئابلىكىم ـ: نىمە، شەرققە؟ ...... ـ: ھەئە شەرىققە قاراپ مىڭىپتۇق مانا!...، ـ: ئۇنداق ئەمەستۇ، بىز خارابىلىققا كىرگەندە يىلانسىمان بۇ خارابىلىق جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان ھالدا تۇرسا قانداقسىگە شۇنچە يولنى بىسىپ بولساقمۇ يەنە شەرىقتە بولىمىز؟ ...راسلا شەرىققە ماڭغان بولساق بۇچاققا سىپىل تىمىغا يىتىپ بولمايمىزمۇ؟ .........كومپاس يەنە بۇزۇلمىغاندۇ؟ ......دىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن مەنمۇ ھەيران قالدىم ـ: ھەي توختاڭلار، بىز كىرگەندە ھەقىقەتەن جەنۇپتىن كىرگەن بىراق ئابلىكىم دىگەندەك شەرىق تەرەپكە خىلى مىڭىپ بولدۇق دىمەك كومپاس يەنىلا ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقانمىدۇ؟ ......ياكى بولمىسا شىمال تەرەپنى بويلاپ مىڭىپ باقامدۇقيا؟ ......... سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ھەممىسى تىڭىرقاپ قىلىشتى، بىرسىمىز ئۇنى بىرسىمىز بۇنى دەپ يۈرگەن بولساقمۇ بىراق ھىچقايسىمىز قايسى يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق، شۇڭا تەۋەككۈلسىگىلا كومپاسنىڭ يۆلىنىشى بويىچە شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ماڭغاچ توختىماي ھېلىقى كىشىنى چاقىراتتۇق، بىراق ئۇ كىشىنى تىپىش ئەمەس قارىسىنىمۇ ئۇچقىتالمىدۇق. خىلى مۇساپىنى تۆگەتكەچكە ھىرىپ ھالىمىزمۇ قالمىغان ئىدى، شۇڭا بىردەم ئارام ئالغاچ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدۇق. نىجات ـ: باللا بىز كۆرگەندە نەچچە كىلومىتىرلا كەلگۈدەك قىلىشۋاتاتتى، ئۈچ كۈن بولدى ھىچ ئايىقىغا يىتىپ بولالمايمىزيا؟ يولدىن ئىزىقىپ بىر جايىمىزنى ئايلىنىۋەرمىگەندىمىز ھە!...يادىڭلاردا بارمۇ تۈنجى كۈنىمۇ بىر دائىرىنى يىرىم كۈن مىڭىپتىكەنمىز، شۇنىڭغا ئوخشاش نەچچە كۈندىن بىرى مەلۇم بىر دائىرىنى چۆرگىلەۋاتقاندەكلا ھىس قىلىپ قالدىما؟ ...... نىجاتنىڭ سۆزىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايتتى، دىمىسىمۇ بۇ يەرگە كىرگەندىن باشلاپ ھەممە نەرسە نورمال ئەمەس ئىدى. قاقاس جاڭگالدىكى بۇ قەدىمى خارابىلىقتا ئۆسۈپ كەتكەن ياۋا ئوت ـ چۆپ، بۆك باراقسان دەرەخلەر،

ئاخشامدىن بېرى ئۇچقىغان قورقۇنۇچلۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر سىر ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇپ يىلتىزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇنچە ئاددىي ئەمەستەك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىلىقى كىشىنى تاپساق خارابىلىق توغرىسىدا ئازىراق بولسىمۇ چۈشەنچە بولغان بولاتتى. بىراق ئەتتىگەندىن بېرى شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇ كىشىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق، كۆڭلۈمدە ئۇ كىشىنى ئاددەمگە ئۆزگىرىۋالغان بىرەر ئالۋاستىمىكىن دەپمۇ ئويلاپ باقتىم، ئۇنىڭ بىزگە تۇنجى قېتىم ئۇچرىغىنىدا ھەقىقەتەن شۇنداق ھىسياتتا بولغان ئىدىم، بىراق تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلار ھەم ئۇنىڭ يارىلىنىشىدىن ئالۋاستى دىگەن كۆز قارىشىم بىلەن قارمۇ ـ قارشى چىقىپ قالدى. تېخى بىز شۇنچە قاتتىق ئۇخلاپ كەتكىنىمىزدىمۇ بىزگە سەزدۈرمەي چىقىپ كېتىپتۇ لىكىن ھېچقايسىمىزغا چېقىلماپتۇ، بۇنىڭدىن يەنىلا ئاددەم ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشقا بولىدۇ. بىراق ھېچ ئەقلىم يەتمەيدىغىنى ئۇكىشى زادى كىم، قەيەردىن كەلگەن، بۇ يەرگە زادى قانداق بولۇپ ماكانلىشىپ قالدى نىمىشقا شۇنچە خەتەرلەرنى بىشىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپمۇ بۇ يەردىن ئايرىلماي ياشايدۇ؟ ...دىگەن بىر قاتار مەسىلىلەر ئىدى. ئويلىغانسىرى بۇ سىرلىق ئاددەمنىڭ ئادەتتىكى ئاددەم ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىپ يەتتىم. ـ: بەك خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭغۇ؟ بىرەر ئىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ .........نىجاتنىڭ سۆزىدىن خىياللىرىم بۇزۇلدى. ـ: ياقەي، ئولتۇرۇپ بىردەم خىيال سۇرۇپ قاپتىمەن!...ئەقلىم يەتمەيدىغىنى ئۇ كىشى شۇنچە خەتەرلىك بولغان بۇ خارابىلىقتا ياشاپ كىلىۋىتىپتۇ، ئۇنىڭ ئاددەم ياكى باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. پەقەت ئۇنى خارابىلىقتىكى ناھايىتى قىممەتلىك بولغان بايلىقلارنى ئىزدەش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ياشاۋاتامدىكى دەپ ئويلاۋاتىمەن، سىنىڭچىچۇ؟ ........... نىجات بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ ـ: بىر نىمە دەپ بولمايدۇ، بۇيەردىكى بايلىقلار ھەقىقەتەن ئاددەمنى جەلىپ قىلىدۇ بىراق ھېچكىم تېخى ئۇ بايلىقلارنىڭ قەيەردىلىكىنى، قانداق بايلىقلار ئىكەنلىكىنى، تېپىش جەريانىدا قانداق خەتەرلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شەخسەن مەن شۇنداق!...ئۇ كىشىمۇ بەلكىم بايلىق ئىزدەش جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا بۇيەرگە ئۆزلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن بولمىسا بۇ نەس باسقۇر جايدا كىمنىڭ ئارتۇق تۇرغۇسى كىلىدۇ دەيسەن!............. ـ: سىنىڭچە بۇيەر سەل غەلىتىمۇ قانداق؟ مەن بۇ يەرگە كىرگەندىن بېرى سىرتى بىلەن پەقەتلا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر دۇنياغا كىلىپ قالغاندەك ھىس قىلىپ قالدىم، پۈتۈن شەئىيلەر ماڭا يىڭىلىق تۇيۇلىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز بۇيەردىن ساقلا چىقىپ كىتەلىسەك مەن بۇ ھەقتە چوقۇم ھىكايىدىن بىرنى يازىمەن!......... نىجات دولۇمغا ئۇرۇپ قويۇپ ـ: نىملەرنى دەيدىغانسەن، چوقۇم ساق ـ سالامەت چىقىپ كىتىمىز!...مەسىلەن ھازىرمۇ كەينىمىزگە يىنىپلا چىقىش ئىغىزىغا بىرىۋالساق بۇ يەردىن چىقىپ كىتىش تەس ئەمەس، لىكىن ھىكايەڭ چولىيا بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خارابىلىقنىڭ ھەممە سىرىنى يىشىپ بولغاندىن كىيىن ئاندىن يازساڭ ھەقىقەتەن ئوقۇغۇچىلىكى بار بىر مەزمۇن بولمامدۇ، ھازىر يازساڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيلەر، يۇلغۇن ئۆسۈپ كەتكەن يول، ئاخشام كۆرگەن جەسەت

ئالۋاستى، غەلىتە مەخلۇق، ھىلىقى يارىلانغان كىشى، ئاندىن بىزنىڭ ئۈچ كۈننىڭزى بىر جايىنى ئايلىنىۋەرگىنىمىزنى يازامسەن؟ ...ئۇنداق يازساڭ خەق ئىشەنمەيلا قالماستىن ساراڭ دېيىشى مۇمكىن شۇڭا خارابىيلىقنىڭ سىرىنى تەلتۆكۈس يېشىپ بولۇپ ئاندىن تەپسىلىي يازساڭ باشقىلار ئىشەنمىگەن تەقدىردىمۇ خاتىرە بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ!.......... ـ: ئۇغۇ شۇ!...ئىشقىلىپ نەچچە كۈندىن بىرى قايمۇقۇپلا قالدىم. ھەراس قولۇڭ قانداقراق، خىلى ساقىيىپ قالدىمۇ؟ ...... ـ: ھەئە، تىرنىقى سەل چوڭقۇرراق پىتىپ كىتىپتۇ شۇ، چوڭ مەسىلە يوق مىكروپلىنىپ قىلىشىدىن ساقلانسامىلا تىزلا ئوڭشىلىپ كىتىدۇ ئەنسىرىمە!...... يەنە بىر نەرسىلەرنى دىمەكچى ئىدىم ئارىدا غىپنى گەپنى بۇزدى ـ: ھەي ما ئىككىڭلار كۇسۇلدىشىپ نىمە دېيىشىۋاتىسىلەر بىزنى ئايرىپ قويۇپ!......ياكى مەخپىي پىلاندىن بىرەنى تۈزىۋاتامايدىغانسىلەر ھە؟ ....... نىجات ـ: ھە، ئاخشاملىقىقا يەنە بىرەر مەخلۇق ئۇچقاپ قالسا سىنى تاشلاپ بىرىپ قۇتۇلۇشنى ئويلاۋاتىمىز!...... ـ: يوۋ، دۈشمەن دىگەن يىراقتىن كەلمەيدۇ بىقىنىمىزدىلا بار ھە!...خۇش بولاسە شۇنداق قىلساڭ!...... ـ: ۋۇي، خۇش بومماي ئۇنى!...سىنى يەۋلىپ بىلىملىك بوپ كىتىپ قالسا دۇنيا كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرمامدۇق!...ۋەت!........نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم ـ: ھەي سىنزە!........مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ چاقچاق قىلىشقا رايىڭ بارامدۇ دەيمەن!...ئاخشام كۆرگەنلىرىمىز ئازىراقمۇ تەسىر قىلماپتۇدە ساڭا!...... ـ: يوغسۇ ئاداش، ئاخشام شۇنداق بەك تەسىر قىلىپ كەتكەن ئىدى. ئەتتىگەن قوپۇپلا تەسىرىنى يوقۇتۇپتۇ ھى ھى ھى ھى!...بەربىر بۇ ئىشقا دۇچ كىلىپ بولدۇق دىگىنە ئەمدى شۇنىڭغا يۈزلەنمەي ئامال قانچە، سەن قورقۇپ بەرگەنسىرى قورقۇتىدۇ بۇ گۈيلا!...شۇڭاۋاغو ئۇلاردىن قوققىچە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلىشىمىز كىرەك، شۇنىڭدا ھايات قىلىش نىسپىتىمىز ئاشىدۇ دەيمە!.......... ئۇنىڭ سۆزلىرىدىنلا قانچىلىك قەيسەر، يۈرەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. گەرچە ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ گەپ قىلىدىغان خۇيى بولسىمۇ بىز ئۇنداق ھىس قىلمايتتۇق ئەكسىچە ئۇ بىزنىڭ كۈلكە، رىغبەت دورىمىز بولۇپ كىلىۋاتاتتى. ـ: ئارامىنىمۇ ئىلىپ بولدۇق، ئەمدى داۋاملىق ئىزدەشنى باشلىساق بولارما؟ ... دىدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ سومكىنى ئاسقاچ، ئۇلارمۇ قوشۇلۇپ نەرسىللىرىنى يىغىشتۇرۇپ مىڭىشقا تەييارلىق قىلدى. ـ: ھامىنى بۇ مۇساپىنى بىسىپتۇق، شۇڭا باشقا تەرەپكە يول ئۆزگەرتمەي مۇشۇ يول بويىچە ماڭايلى، كىيىن ئىزىپ قالغۇدەك بوپ قالساق باشتىكى جايىمىزنى تىپىش ئاسان بولىدۇ، قانداق دىدىم؟ ...... ـ: توغرا دىدىڭ قەھرىمان، مەنچە بولغاندىمۇ بۇ سىرلىق جايدا مۇرەككەپ مىڭىشتىن ساقلىنىشىمىز كىرەك، ئەگەر راسلا ئىزىپ قالساق بۇدا خەق راسلاپ قويغان ئۆڭكۈر ئۇچقاۋەرمەسلىكى مۇمكىن. يەنە كىلىپ كەچ بولۇپ كەتسە ئۇچرايدىغان خەتىرىمىزمۇ كۆپىيىپ كىتىدۇ، يەنە تىخى ئاخشامقىدەك مەخلۇقلار بىلەن جەسەتلەرمۇ بار!......... غىپنىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئورۇنلۇق ئىدى، كەچ بولۇپ كەتسىلا ئۇ كىشنى تاپالمايلا قالماستىن بەلكى ئۆزىمىزگىمۇ ئاۋارىچىلىك

تىپىۋالاتتۇق، تىخى بىزنى كۆزلەپ چىشىنى بىلەپ، شالۋىقىنى ئىقتىپ تۈرغان جەسەت، مەخلۇقلاردىن قانچىسى بارلىقىمۇ بىزگە نامەلۇم. شۇڭا ۋاقىتنى چىك تۇتۇپ ئۇ كىشىنى تاپىدىغان ئەگەر تاپالماي قالساق قاراڭغۇ چۈشكىچە تىزدىن ھىلىقى ئۆڭكۈر ئۆيگە يىنىپ كىلىدىغان بولۇپ مەسلىھەتلەشتۇق. بىز يەنىلا شۇ ئاۋازىمىزنى قويۇپ بىرىپ ئۇ كىشىنى توۋلاپ ماڭاتتۇق، بىراق ئەتراپتىن ئاۋازىمىزنىڭ ئەكىس ساداسى بىلەن ھۇۋقۇشلارنىڭ يىرگىنچلىك ھۇۋلاشلىرىدىن باشقا بىرەر ئالاھىدە ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. بۈگۈن بىر كۈن ھىچ ئىش بىلەن كارىمىز يوق ئۇ كىشىنى ئىزدەپ يۈردۈق بىراق كۈنىمىز بىكارغا ئۆتۈپ كەتكەندەكلا ئىسراپ بولۇپ كەتتى، بەش ئادەمنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ چىققان تۈرسا ئۇ كىشىنىڭ ئاڭلىماي قىلىشىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بەلكىم بىزنى خەتەرلىك دەپ ئۆزىنى ئاشكارلىماي بىزدىن قىچىۋاتقان بولسا كىرەك دەپ ئويلىدىم. شۇڭا ئىزدەشتىن ۋاز كىچىپ ـ: باللا بولدى قىلايلى، ئۇ كىشىنى تاپالايدىغان بولساق بۇچاقىقا تىپىپ بولاتتۇق ئەمدى تىپىلمايدۇ، پەقەت تاساددىبي پۈرسەتتە ئۇچقاپ قالسا قانداق بولاركى!...ھازىر ۋاقىتمۇ بىريەرگە بىرىپ قاپتۇ، شۇڭا تىزدىن كەينىمىزگە يىنىپ ئۆڭكۈر ئۆيگە بىرىۋالمىساق قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسىلا يولنى پەرق قىلالمىغاندىن سىرت يەنە جىنىمىزغىمۇ خەۋپ يىتىشى مۇمكىن!........ ئۇلار تۇرۇپ كەتتى ئاندىن ـ: ئەتتىگەندىن بىرى ئىزدىگىنىمىز نۆل بولدىما؟ ھىچ بولمىسا تاپقاندىن كىيىن بىللە قايتمايمىزمۇ، ئۇ كىشى تىخى تولۇق ساقايمىغان تۇرسا!........دىدى نىجات ئىككىلىنىپ. شۇندا ئابلىكىم ـ: قەھرىماننىڭ دىگىنى توغرا، بالدۇرراق قايتمىساق ئۆزىمىزگە ئىش تىپىۋالىمىز!...يەنە كىلىپ قولىمىزدا ئۆزىمىزنى قوغدىغۇدەكمۇ بىر نەرسە يوق، بۇنداق شارائىتتا كۆشەندىلەر بىلەن تۇتىشىپ قالساق ئىنىقلا يەم بولىمىز شۇڭا بالدۇرراق قايتايلى ، بەلكىم كەچكىچە ئۇ كىشى ئۆزى يىنىپ كەپ قالار. بەربىر ئۆڭكۈر ئۆي ئۇ كىشىنىڭ تۇرار جايى ئەمەسمۇ!............ ئابلىكىمنىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ خاتا ئەمەس ئىدى، شۇڭا بىز قايتىشنى توغرا تىپىپ كەينىمىزگە ياندۇق. قايتىۋاتقىچىمۇ ئۇ كىشىنى توۋلاپ مىڭىشنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق. بىز گەرچە شۇنچىلىك تىز ماڭغاندەك قىلساقمۇ لىكىن تىخىچە مەنزىلىمىزگە يىتىپ كىلەلمىگەن ئىدۇق. ھىرىپ كەتكەن نىجات يەنە گەپ باشلىدى ـ: باللا بىز ئەتتىگەن كەلگەن يولدا قايتىۋاتامدۇقيا؟ نىمانداق كىلىپ بولالمايمىز، ياكى ئىزىپ باشقا تەرەپكە كىتىۋاتامدۇقيا؟ ........... مەن ئەتراپقا قارىغاچ كومپاسنى چىقاردىم، ـ: خاتا ئەمەس، بايا شامالغا ماڭغان ھازىر جەنۇپنى بويلاپ يىنىپ كىلىۋاتىمىزغۇ شۇ!......مەن شۇنداق دەپ بولۇپلا جىددىيلىشىپ كەتتىم ـ: توختاڭلار!...بايا شەرق تەرەپكە خىلى مىڭىپ بولغاندىن كىيىن ئاندىن شىمالنى بويلاپ ماڭغان ئۇنداق بولغاندا بىز جايىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتۇقمۇ قانداق؟ ......... ھەممىسى تەڭلا ـ «نىمە؟ .........»دەۋەتتى. بىز دۆتلۈكىمىزدىن رەنجىشىپ كەتتۇق، ھازىر تۇرالغۇمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولساق كەينىمىزگە يىنىپ يەنە غەرپ تەرەپكە ئاندىن يەنە شىمالغا قاراپ مىڭىشقا توغرا كىلەتتى، ھازىرقى ئىزىپ قالغان ھالىتىمىزدە ئۇنداق

مىڭشۇەرسەك تىخىمۇ ئىزىپ قىلىشىمىز مۇمكىن ئىدى، يەنە كىلىپ بارغانسىرى قاراڭغۇ چۇشۇشكە باشلىغان ئىدى. ھەممىمىز دىلغۇلچىلىقتا قالدۇق، بىراق نىملا بولمىسۇن كەچ كىرگۇچە ئۆزىمىزگە بىخەتەررەك بىر جاي تىپىۋالمىساق بولمايتتى. بىز يەنە كومپاسنىڭ يۆلىنىشى بويىچە قەدىمىمىزنى تىزلەشتۇرۇپ يولىمىزنى داۋام قىلدۇق، قاراڭغۇ چۇشىشكە ئەگىشىپ خارابىيلىق ئىچىدە بارا ـ بارا ھەرخىل ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، دىمەك كىچە جانلىقلىرى ئويغىنىشقا باشلىغان ئىدى. بىز تىخىمۇ جىددىيلىشىپ سۇرئىتىمىزنى تىخىمۇ تىزلىتىشكە باشلىدۇق. شۇندا ئابلىكىم ئىغىز ئاچتى ـ: باللا، بۇنداق مىڭشۇەرسەك ئۆڭكۈرنى تاپالمايلا قالماستىن نۇرغۇن خەتەرلەرگە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن، شۇڭا جىددىيلەشمەي ئەتراپتىن بىخەتەررەك ئۆيدىن بىرنى تىپىپ شۇ يەردە بىر كىچە پاناھلىنىپ تۇرۇپ ئاندىن قالدى ئىشنى كۇندۇزدە قىلمايمىزمۇ؟ ........... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يەنە بىر ئەقىلگە كەلدۇق، شۇنداق ھازىر كاللىمىزدا ھىلىقى ئۆڭكۈرنى تىپىشنىلا ئويلىۋىلىپ باشقىسى ئىسىمىزگە كەلمىگەن ئىدى. ئابلىكىمنىڭ سۆزى بويىچە ئۇ ئۆڭكۈرنى تىپىشتىن باشقا بىخەتەررەك پاناھ جاينى ئىزدەشنى توغرا تاپتۇق. ئەتراپ بارغانسىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى، قاراڭغۇ چۇشكەنسىرى ئەتراپىمىزدا بىر نەرسىلەر يولغۇنلار ئارىسىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۇپ بىزنى قورقۇنچقا سىلىپ قويىدى. ھەربىر شەپە ئاڭلانغاندا ھودۇقۇپ شۇ تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ كىتەتتۇق. شۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە تولىسى تاملىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن بىر قەدەر بىخەتەررەك ھىس قىلغان بىر ئۆينى تاپتۇق، بۇ ئۆي گەرچە كونىراپ توپا بىسىپ كەتكەن بولسىمۇ دەماللىقتا ياغاچ ئىشىكى خىلى مەزمۇت ئىدى، ئىشقىلىپ سىرتتىقا قارىغاندا بىر قەدەر بىخەتەر ئىدى. بىز ئۆيگە كىرىپ ئىچى تەرەپتىن تاقىۋىتىپ ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدۇق، خىلى كەڭرى بۇ ئۆي سۇپۇرۇلىق قىلىپ سىلىنغان بولۇپ چوڭ دادامالارنىڭ بۇرۇنقى زاماندىكى خام كىسەك ئۆيلىرىنى ئەسلىتىپ قويىدى، يەنە تىخى تۇڭلۇكمۇ چىقىرىلغان بولۇپ بەك كەچ بولۇپ كەتمىگەچكە غۇۋا يورۇق چۇشۇپ تۇراتتى. ـ: سىلەرچە بۇ ئۆي بىخەتەرمىدۇ؟ ......دىدى غىنى ئۆي ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۇگۇرتىۋىتىپ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نىجات قاپىقىنى تۇرۇپ ـ: بۇ سىنىڭ مىھمانخاناڭ ئەمەس خاتىرجەم ئۇخلايدىغان، ئىشقىلىپ سىرتتىن بىخەتەررەك كەچتە ئۇخلىماي ھۇششارراق ئولتۇرساق بولىدىغۇ!...بولمىسا يەنە نەدىن بۇنداقراق ئۆينى تاپىمىز دەپ يۇگۇرۇپ يۇرىمىز، قاراڭغۇ تولۇق چۇشۇپ بولسا بۇمۇ يوق، ئۇمۇ يوق بولۇپ ئولتۇرمايلى يەنە، مەنچە بولسا بۇ يەرمۇ خىلى بوپ قالغۇدەك!...........دىدى سومكىسىنى سۇپۇرىغا قويىغاچ. دىمىسىمۇ مۇشۇ ئۆينى تاپقىنىمىزمۇ چوڭ ئىش ئىدى. بولمىسا كەچ بولۇپ كەتسىلا ئىشىمىز چاتاق بولاتتى. بىز ئىلىۋالغان ئەدىياللىرىمىزنى سىلىپ سەل ئارام ئىلىۋالدۇق. ئاردىن رۇسۇل ئىغىز ئاچتى ـ: كەچتە توڭلاپ قالمايلى يەنە، سىرتتىن ئازىراق ئوتۇن ئەكىرىۋالامدۇق؟ ......... ـ: يوۋ، باشقا ئىشقا كاللاڭ ئىشلىمىگەن بىلەن ئۆزۈڭنى كۆتىدىغان ئىش بولسا ئىينىشتىيىندىنمۇ ئەقىللىق بولۇپ كىتىسەن ھە!......ماڭە بوپتۇ

قاراڭغۇ پۇتۇنلەي چۈشۈپ كەتكىچە ئازىراق ئوتتۇن راسلىۋالىلى!...دېدى نىجات ئۈنلۈك بىشىغا نوقۇپ ـ: تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بىز چىقىپ ئازىراق ئوتۇن ئەكىرىۋالىلى!......... بىز ئۇلاردىن خاتىرجەم بولالماي ھەممىمىز بىرگە چىقتۇق، سىرتتا خىلىلا قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ بۇ ھالەتتە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايتتى شۇڭا تېزدىن ھەرىكەتكە كىلىپ خىلى كۆپ ئوتۇن راسلىۋالدۇق، نىجات بىردانە يوغانراق كالتەكنى تېپىۋىلىپ خۇشال بولۇپ كەتتى ـ: ۋاھ، قاراڭلا ماۋۇ ئوتۇنغا!...تەڭ كىچىدە سىلىپ قويساق خىلى ۋاقىتقىچە كۆيىدۇ بۇ!.....ئۇ شۇنداق دىگىنىچە يەنە ئوتۇن تىرىشكە باشلىدى. قالغانلىرىمىزمۇ خىلى كۆپ ئوتۇن تىرىۋالدۇق بىراق قىززىقچىلىقتا ئۆزىمىزمۇ تۇيمايلا ھىلىقى ئۆيدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كەتكەن ئىدۇق. ـ: ھەي باللا چاپسان كىتەيلى، ئاۋۇ ئۆيدىن يىراقلاپ كىتىپتۇق ھىلى بىكار بىرەر ئىش چىقسا قىچىپ كىرىۋىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيمىز!.........غېنى شۇنداق دىگەچ تىرىۋالغان ئوتۇنلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. باشقىلارمۇ تىزلا كەينىگە يىنىپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ـ: قەھرىمان بولە تىز، ھىلى بىرەر ئىش چىقمىسۇن يەنە!.......... ـ: ھە مانا ھازىر!........نىجاتنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بىرىۋىتىپ كەينىمگە ياناي دەپ تۇرغاندا توساتتىن يۇلغۇن ئارىسىدىكى بىر قۇرۇق ئوتۇنغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ئىچىمدە:«ماۋۇنىمۇ ئىلىۋالايچۇ، كىچىدە ئىسسىقراق ئولتۇرامىز»دەپ ئويلاپ ئوتۇننى شۇنداق كۆتۈرۈپلا ۋارقىراپ كەتتىم«ئاااااااااااااااااااااا!»چۈنكى ئوتۇننى كۆتۈرگىنىمدە بىر جەسەت ئوتۇن بىلەن بىللە چىقىپ كىلىۋاتاتتى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئوتۇن دەل جەسەتنىڭ قۇرۇپ تاراقشىپ كەتكەن قولى ئىدى. مەن قورقۇپ كىتىپ جەسەتنىڭ قولىنى سىلكىۋىتىپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا قاچتىم بىراق جەسەتمۇ كەينىمدىن تاپ باستۇرماي قوغلاپ كىلىۋاتاتتى. «قۇتقۇزۇڭلار!...»مەن ئىختىيارسىز ھالدا توۋلاپ كەتتىم، شۇ پەيتتە نىجاتنىڭ ئاتقان كالتىكى مەندىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەسەتكە تىگىپلا تىك موللاق چۈشۈرىۋەتتى. مەن ئۈنلۈك بىخۇدلىغىدىن پايدىلىنىپ ھەمراھلىرىمنىڭ تۈيىگە قىچىپ كىلىۋالدىم ھەمدە تىزلىكتە ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشىكنى چىڭ تاقىۋالدۇق. شۇ تاپتا ھەممىمىز قورقۇنچ ئىسكەنجىسىدە قالغان ئىدۇق، ئۇ قانداقسىگە بىزنى شۇنچە تىز بايقاپ قالغاندۇ؟ ياكى ھەممە يەر مۇشۇنداق ئالۋاستىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ...ئازلا ۋاقىتتىن كىيىن نىملەردۇر ئىشىككە قاتتىق ئۇسسۇشكە باشلىدى، بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئىشىكنى مەھكەم تورىۋالدۇق بىراق قاتتىق ئۇسكەچكە بەشىمىز تىرىۋىلىپ تۇرۇپمۇ كەينىمىزگە داجىپ كىتىۋاتاتتۇق، دىمەك ھازىر بايىقى بىر جەسەتلا ئەمەس ئۈنىڭغا ئوخشاش جەسەتتىن نەچچىسى ئولىشىپ بولغان ئىدى. ئۇلار يەنە بىردەملا شۇنداق ئۇسسىگىلى تۇرسا ئىشىك ئىچىلىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ قومۇرۇلۇپ كىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار قورقۇنۇچلۇق ئاۋازلاردا ۋارقىراپ ئىشىكنى بار كۈچى بىلەن تاتىلايتتى ئۇسسەتتى. مەن جىددىي تەلەپپۇزدا نىجاتقا دىدىم ـ: نىجات تىزدىن سومكىدىكى قولچىراقلار بىلەن قۇراللارنى تەقلە، پەقەت ئامال بولمىغاندا ئۇلار بىلەن ئىلىشماي ئامال يوق چاپسان بول!...............

نىجات بىرىپ سومكىلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى، بىز ئىشىكنى تىرەپ تۇرۇپ بولالماي«باشقا كەلگەننى كۆرەيلى!»دەپ تۇرىشىمىزغا ئۇيسۇش بارغانسىرى ئاجىزلىشىپ كەتتى شۇ تۇرقىدا ئىشىكنى تورىمىساقمۇ سىرىتتىكى زەربىگە بىمالال بەرداشلىق بىرەلەيتتى. ــ: قىززىق ئىش، ئۇلار ئۇيسۇشتىن توختاپ قالدىغۇ؟ ئەجىبا ئىشىكنى ئاچالماي كىتىپ قالغانمىدۇ؟ ...... نىجاتنىڭ دىگىنىدەك ئەمدى بولسا ئەتراپ جىمجىت بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ خاتىرجەم بولالماي پۈتۈن زىھنىمىز بىلەن ئەتراپتىكى ئاۋازلارنى تىڭشاشقا باشلىدۇق. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كىيىن تورۇس تەرەپ گۈلدۈرلەشكە باشلىدى، ھەممىمىز تورۇسقا قاراپ ھەيرانلىقتا تۇراتتۇق. ئەمدى بولسا ئۇلار ئۈستى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغانمۇ قانداق؟ ......ھەر بىر ئاياق تىۋىشى ئاڭلانغاندا ئۈستى تەرەپتىن ئازراقتىن توپا چۈشەتتى ئاۋاز ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىپ تۆڭلۈك تەرەپكە كىلىشكە باشلىدى شۇندىلا ھەممىمىز ئۇلارنىڭ تۆڭلۈكتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغىنىنى بىلىپ يەتتۇق. ـ تىز نەرسە كىرەكلەرنى يىغىشتۇرۇڭلار!...... مىنىڭ ۋارقىرىشىم بىلەن تەڭ ھەممىمىز سومكا تەرەپكە تاشلاندۇق، دەل شۇ پەيتتە تۆڭلۈكتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر جەسەت توپىلارنى توزۇتقىنىچە ئۆي ئىچىگە«پوك!»كىدە چۈشتى. ھەممىمىز جىددىيلىشىپ قولچىراقنى ئۇنىڭغا قاراتتۇق. ئۇنىڭ چىرايىنى تەسۋىرلەپ بىرىشكە تىلمۇ ئاجىزلىق قىلاتتى، يىرىم چىرىگەن جەسەت بەدەنلىرى تىتىلىپ كەتكەن ھالدا كۆزىنى توسۇۋالغىنىچە قاتتىق چىرقىراۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە ئۈستى تەرەپتە يەنە دۈپۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىز تىزدىن سومكىلىرىمىزنى ئىسىپ ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردۈق ئۆي ئىچىدىكى جەسەت ئالۋاستىمۇ بىزگە ئېتىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ سوزۇپ كىلىۋاتقان قولىدىن تىرناقلىرى خۇددى بۈركۈتنىڭكىدەك بۆرتۈپ چىققان بولۇپ ئىنتايىن ئۆتكۈر ھەم مەزمۇت كۆرۈنەتتى. ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى ھىس قىلىپ يىنىمدىكى پىچاقنى ئالدىمدە ئېتىلىپ كىلىۋاتقان جەسەتكە كۈچەپ شىلتىدىم. ئۆتكۈر پىچاق ئۇنىڭ بىر قولىنى ئۈزۈپ ئالدى، شۇندا جەسەت ناھايىتى سەت چىرقىرىغىنىچە يەنە بىزگە تاشلاندى. ئۇنىڭغىچە تۆڭلۈكتىن يەنە ئوخشىمىغان شەكىلدىكى جەسەتلەردىن ئىككى ئۈچى گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كەلدى. مەن ئۇ جەسەتكە توغۇرلاپ يەنە بىر پىچاق ئۇردۇم، بۇ قېتىم ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بويلاپ تىلىپ ئىككىگە بۆلىۋەتتى. گەرچە پىچاقنى ئۆزۈم ئۇرغان بولسامۇ قورقۇنچتا ئىشتانغا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. دىمىسىمۇ بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم جەسەتلەرنىڭ يۈگۈرۈپ، ئادەمگە ئېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشۈم ئىدى. ــ: تىز چىقىڭلار!.........نىجات شۇنداق ۋارقىرىغىنىچە ئىشىكنى چوڭ ئىچىۋەتتى. ھەممىمىز تۆڭلۈكتىن كىيىن چۈشكەن جەسەتلەر كىلىپ بولغىچە سىرىتقا ئۆزىمىزنى ئاتتۇق. ــ: كۆپچىلىك قانداقلا ئىش بولسۇن بىر ـ بىرىڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار!.........دەپ ۋارقىرىدىم. بىز ئۆز ـ ئارا نازارەت قىلغان ئاساستا قىچىشقا باشلىدۇق لىكىن قايسى تەرەپكە قاچقىنىمىزنى بىلمەيتتۇق، پەقەت قولچىراق يورۇتۇپ بىرىۋاتقان تەرەپكە ماڭغىنىمىز راس!...قورقۇنچنىڭ

دەستىدىن ھارغىنىمىزنىمۇ سەزمەستىن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قېچىۋاتاتتۇق، نىجات كەينىگە قولچىراق تۇتۇپ قېچىۋاتقاچ ـ: باللا ئۇلاردىن خىلى يىراقلاپ كەتكەندەك قىلىمىز، ئەمدى سەل بىخەتەر بولغاندىن كېيىن ئازراق ئارام ئېلىۋالساق بولاتتى. ھەممە كۈچىمىزنى خورىتىۋېتىپ ھېلى قاچالماي ئۇلارغا يەم بولۇپ بەرمەيلى يەنە!.........دېگەچ قەدىمىنى سەل ئاستىلاتتى. ـ نىمە دەيسەن؟ ...ئۇلار ھازىرلا يېتىشىۋالىدۇ، مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئارام ئېلىشنىڭ گېپىنى قىلامسەن!......دېدى بار كۈچى بىلەن يۈگىرەۋاتقان غېنى. ـ: ئۇلار بىزنى تۇتىۋالسا قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەمسەن، تۈگلۈكتىن ئۆيگە كىرىشكە كاللىسى ئىشلىگەن يەردە تۇتىۋالسا قانداق يېپىشكىمۇ كاللىسى بەك ئىشلەيدۇ مىنىڭچە!......ئۇ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. بىز خائىنشىمىز بويىچە يەنە خىلى قاچتۇق ئاندىن ماغدۇرىمىز قالماي سۇرئىتىمىزنى بارغانسىرى ئاستىلىتىشقا باشلىدۇق. نىجات توختاپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ـ: ھۇۋ ۋايەي!...مەكتەپتە يۈگۈرۈش چېمپىيونى ئىدىم، ئەمدى كىچىككىنە يۈگۈرۈپ قويغانغا ئۆپكەم خولدۇرلاپ كەتتىغۇ!......دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ. بىزمۇ ھەم ھېرىپ ھالىمىز قالمىغان ئىدى، شۇڭا ئەتراپنى جايىمىزدىلا ئولتۇرۇپ قالدۇق، ىراق ئەتراپنى كۆزىتىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدۇق. ـ: باللا!...دېدى رۇسۇل ـ: مەن بۈگۈن تەلىيىم كېلىپ ھاياتلا قالسام ئەتە تاڭ ئاتقاندا چوقۇم بۇيەردىن چىقىپ كېتىمەن!...بولدى بۇنداق ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان خارابىيلىقنىڭ سىرىنى ئاچىمەن دېگۈچە بىرىپ ناۋايخانا ئاچاي، بۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرسام ھاياتىم شۇنچە قىسقىراپ كەتكۈدەك، مەن تېخى تويمۇ قىلمىدىم بويتاق كېتىپ قالماي يەنە!...... ـ: ماڭەۋا دېۋە، ئۇنداقتا بىز نەۋرىلىك بولاپ بوپتۇقتە؟ ...دەۋاتقان گېپىنى، بىزمۇ بويتاققۇ تېخى!يارىماس قورقۇنچاق، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ۋايساپ ئىشتان سىلىپ بولغان بامۇ؟ .........دېدى نىجات كايىپ. رۇسۇل يەنە كايىدى ـ: شۇنداق مەن قورقۇنچاق، سەن بەك باتۇر!...ئۇنداقتا بىرىپ بايىقى ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىپ يېڭىپ باقامسەن نوچىكەنسەن. يارىماس بولمىساڭ نىمىشقا بىز بىلەن بىللە قاچىسەن؟ ساڭىمۇ جان لازىم بولغاچقا قاچقانسەن شۇ!.........تېخى مىنى يارىما، قورقۇنچاق دەيدا!... ـ: ئان!.........ئۇلار نەچچە تۇرسا ئۆزۈم يالغۇز كۈچ ئېلىشالامدىمەن، تۈنۈگۈن بىرنى ئۆلتۈرگىنىم يادىڭدىدۇ؟ ئاشۇمۇ شۇ مەنتىم ىراق كۆپ بولسا كۈچۈم يېتەتتىمۇ!... ـ: ئۇلار ئەسلىدىنلا ئۆلگەن نەرسىلەر تۇرسا يەنە ئۆلەمتى، ھەقچان بىردەملىك جىم بولۇپ قالغاندۇ شۇ!.....سەن كەتكەندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ بۈگۈن باشقىلارنى باشلاپ كەلدىمۇ كىم بىلىدۇ؟ ......... ئۇلار شۇنداق تاكاللىشىۋاتقاندا ئابلىكىم گەپنى توختاتتى ـ: گەپ قىلماي تۇرۇڭلار!......... ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەك ھەممىمىز جىمجىت بولدۇق. ـ: ئاڭلىدىڭلارمۇ بىر شەپە يېنىمىزدىلا ئاڭلىنىۋاتىدۇ!......... ئابلىكىمنىڭ سۆزى بىزنى قايتىدىن ساراسىمىگە سىلىۋەتتى، ھەممىمىز قولچىراقنى ئەتراپقا يورۇتۇشقا باشلىدۇق. دەل شۇ پەيىتتە رۇسۇلنىڭ ناھايىتى زەئىپ تووۋلىغان ئاۋازى بىلەن تەك ھەممىمىز ئۇ تەرەپكە قارىدۇق.

بىزدىن بەش مېتىرچىلا يىراقلىقتىكى بىر يۇلغۇننىڭ ئارىسىدىن قىپقىزىل پارقىراپ تۇرغان ئىككى كۆز بىزگە تىكىلىپ تۇراتتى. ــ: قاچايلى!............ بىز كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپلا قاچتۇق، بىراق رۇسۇل قول چىرىقىنى تۇتقىنىچە ئۇ تەرەپكە ھاڭۋىقىپ قالغان ئىدى. شۇندا يۇلغۇن ئارىسىدىن تۇنۇگۈنكى مەخلۇقتا ئوخشاش بۆرىسىمان مەخلۇقتىن بىرى ئاستا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىغىزلىرىدىن شۆلگەي ئېقىپ تۇرغان بولۇپ كۆرۈنۈپ قالغان چىشلىرى ئۆتكۈرلىكىدىن قاراپ قويىسىمۇ يارىلىنىپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. بارماقلىرىنىڭ تىرناقلىرى ھەر ـ بىر قەدەم باسقاندا يەرنى قومۇرۇپ چىقاتتى. بوي بەستى ئىگىز كەلگەن بۇ يۇڭلۇق مەخلۇق قەدىمنى ئىتتىكلەتمەستىن بىرخىل قەدەمدە رۇسۇل تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. بىز رۇسۇلغا ۋارقىرىدۇق ــ: رۇسۇل تېز قاچ!...... بىراق ئۇ گىپنوزلانغان ئادەمدەك مەخلۇققا قاراپلا تۇراتتى. نەچچە مېتىر قالغاندا مەخلۇق بىردىنلا رۇسۇلغا ئېتىلدى. «رۇسۇل ل ل ل ل ل !...»بىزنىڭ تۇۋلىغان ئاۋازىمىز ئەتراپنى زىل ـ زىلىگە سىلىۋەتتى. شۇنداق تۇۋلىغىنىمىزچە رۇسۇل تەرەپكە تاشلاندۇق بىراق كېچىككەن ئىدۇق. رۇسۇل جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى بىراق ئۇنىڭ ئالدىدا قانغا مىلەنگەن مەخلۇقنىڭ بېش تېلىنى چىشلەپ قالغان ھالەتتە تۇراتتى. قانداق مۆجىزە يۈز بەرگىنىنى بىلمەيمىز بىراق رۇسۇل ھاڭۋاققىنىچە مىدىرلىماي تۇراتتى. ھەممىمىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدۇق ــ: رۇسۇل سەن ساقمۇ، بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟ ......... ــ: يا..........ياق!............ ئۇ ئاران سۆزلەۋاتاتتى، ئۇنىڭغا زەخىم يەتمىگىنىدىن خۇشال بولۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ كەتتىم. قانداق ئىشلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇپ تۇرغىنىمىزدا قان تېمىپ تۇرغان خەنجىرنى دولىسىغا ئىلىۋالغان ھېلىقى يارىدار كىشى قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى رىۋايەتتىكى قەھرىمانلاردەك شۇنچىلىك ھەيۋەت ھەم سۈرلۈك ئىدى. ئۇ كىشى ئارتۇق سۆزلىمەي ــ: بۇ يەر بەك خەتەرلىك چاپسان مەن بىلەن مېڭىڭلار!...... دىگىنىچە بىزگە يول باشلاپ ماڭدى، بىزمۇ ئارتۇق ئويلاشماي ئۇ كىشىنىڭ ئارقىدىن مېڭىپ قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇدۇق!............

خارابىيلىقتا سەپەر(2 ـ باب10 ـ قىسىم)

بىز ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتاتتۇق، گەرچە ئۇ رۇسۇلنى قۇتقۇزىۋالغان بولسىمۇ دەماللىقتا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايتتى شۇڭا ھوشيارلىقنى يوقاتمىغان ھالدا ئەتراپنى كۈزەتكەن يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. رۇسۇل بايا بەك قورقۇپ كەتكەچكىمىكى تېخىچە رەڭگى جايىغا چۈشمىگەن ئىدى. ــ: چاتاق يوقتۇ؟ ......دېدىم مەن رۇسۇلغا، ئۇ گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ جاۋاپ قايتۇردى. بۇ تۈن قاراڭغۇسىدا بىزگە پەقەت قولچىراقلا يورۇقلۇقنى ھەقىقىي ھىس قىلدۇرالايتتى، بىزنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقىنىمىز نامەلۇم پەقەت ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن مەلۇم جايغا كېتىۋاتقىنىمىزنىلا بىلەتتۇق. كۆڭلۈمدە ئۇ كىشىنىڭ مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇقتىمۇ ئېزىپ قالماي يول يۈرۈشلىرى ھەم بىزنى تېپىۋالغىنىغا ھەيران بولاتتىم. ئويلىغانسىرى ئۇ كىشىنى بىزدەك بورمال بىر ئادەمدەك ھىس قىلالمىدىم،

توساتتىن خىيالىمدىن شۇم بىر خىيال كېچىپ ئۆتتى. ـ: توختاڭ، بىزنى قەيەرگە ئېلىپ ماڭدىڭىز؟ ......... ئۇ كىشى جاۋاپ بەرمىدى. ـ: مەن سىزدىن گەپ سوراۋاتىمەن، بىزنى قەيەرگە ئېلىپ ماڭدىڭىز؟ ئەگەر دەپ بەرمىسىڭىز سىزنىڭ كەينىڭىزدىن مېڭىپ ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنى خالىمايمەن!............مەن شۇنداق دېگەچ بىقىنىمدىكى پىچاقنى تۇتۇپ تەييارلىق ھالەتكە ئۆتتۇم. شۇندا ئۇ كىشى ھەرىكىتىمگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ـ: سىلەرنى بىخەتەر بولغان جايغا ئېلىپ بارىمەن ئەنسىرىمەڭلار!.........دېگەچ يولىنى داۋام قىلدى. ـ: ئۇنداقتا بىز پاناھلانغان ھېلىقى ئۆڭكۈرگىما؟ ... ـ: ياق، ئۇ يەر ھازىر ئىنتايىن خەتەرلىك!ئۇلار ئۇ جاينى بىلىپ بولدى ئەمدى بارساق ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق!.............. ئۇ كىشىنىڭ«ئۇلار»دېگەن سۆزى بايىقى جەسەتلەرمۇ ياكى ھېلىقى بۆرىسىمان مەخلۇقمۇ بىلەلمىدىم، بەلكىم ھەر ئىككىسىگە قارىتىلغان بولسا كېرەك. ـ: ئۇنداقتا بىز ھازىر قەيەرگە ماڭدۇق؟ ... ـ: ئىنىم، گەپنى ئاز قىلىپ كەينىمدىن ماڭساڭلا بولدى...سىنىڭ ئاۋازىڭ ئۇلارنى يەنە چاقىرىپ كېلىشى مۇمكىن، قالدىسىنى شۇ جايغا بارغاندا بىلىسەن!......راس، تونۇگۈن مىنى قۇتقۇزىۋالغىنىڭلارغا رەھمەت، بۈگۈن شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ سىلەرنى قۇتقۇزىۋالماقچى بەلكىم بۇيەردىن چىقىپ كېتىش سىلەر بىلەن تامامىلانسا كېرەك...ماڭا شۇنداق بىشارەت بولىۋاتىدۇ!......... ئۇ كىشىنىڭ بۇنداق چۈشىنىكسىز گەپلىرى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى. بىراق مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋاقىتتا بۇ كىشىگە تايانمايمۇ ئامال يوقتە، تەۋەككۈل قىلىپ باقمىساق ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راس ياكى يالغانلىقىنى قانداق بىلىمىز...ئۈن ـ تىنسىز ئۇ كىشىنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتۇق تۇيۇقسىز ئۇ كىشى مېڭىشتىن توختاپ ھەممىمىزنى جىم تۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. بىزمۇ ئارتۇق سۆزلىمەيلا ئۇنىڭ ئىشارىتى بويىچە جايىمىزدا قىمىرلىماي تۇردۇق. ئۇ كىشى يان ئۇدۇل تەرەپكىرەك تىككىلىپ قاراپ تۇراتتى، مەن ئۇ كىشى قارىغان يەرگە قارىدىم بىراق ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. قىززىق ئىش ئۇ نېمىشقا ئۇ تەرەپكە شۇنچە قارايدۇ؟ ...ئىختىيارسىز ئۇ ئادەمدىن سورىدىم ـ: نېمىگە قاراۋاتىسىز؟ ........... ـ: ئاۋۇ يەردە ئالۋاستىلار بىزنى يوشۇرۇن كۈزىتىۋاتىدۇ!...... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ جان پەيمانىمىز چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، بىراق ئۇ قىلچە ھودۇقماستىن ئۇ تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. ئاندىن دەرھاللا ـ: بىز يۆلىنىشنى ئۆزگەرتەيلى، مەندىن نۇرغۇن گەپ سورىماقچى بولىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىمەن لېكىن ئاۋۋال بۇلاردىن قۇتۇلىۋالىلى ئاندىن ئولتۇرۇپ ھەممىنى قويماي سۆزلەپ بېرىمەن. شۇڭا ھازىر تېزدىن مەن بىلەن مېڭىڭلار!............ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يۆلىنىشنى يان تەرەپكە ئۆزگەرتتى. بىز باشتا نورمال، كېيىن سەل تېز، ئۇنىڭدىن كېيىن بار كۈچىمىز بىلەن يۈگۈرۈشكە باشلىدۇق، بىراق بۇ بىر قىتىملىق مۈكۈشمەك ئويۇنى ئىدى. بىز خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇ كىشى بىزنى بىر دالدىغا ئەكىلىپلا ئولتۇرغۇزىۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قولچىراقتىن تارتىپ ئۆچۈرۈپ جىمجىت تۇرىۋالدۇق. ھازىر بولسا ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدىم، پەقەت يېنىمدىكىلەر بىلەن

بىللە سۆھدىشىپ ئولتۇرغىنىمنىلا ھىس قىلىپ تۇرالايتىم. ئالاھەزەل بىر ـ ئىككى مىنۇتلاردىن كېيىن ھىلىقى كىشى بوش ئاۋازدا ـ: ئۇلار كەلدى، ئەمدىدىن باشلاپ ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماڭلار!........دېدى، بىزمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىمىر قىلماي ئولتۇردۇق، قىستىلىشىپ كەتكەچكە ئىسسىپ كەتتىممۇ ياكى قورقۇنچتىنمۇ پۇتۇن ئەزايىم چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتتى. ئىچىمدە ئۇلارنىڭ بىزنى بايقىماي تېزرەك كېتىشىنى تىلەيتتىم. بىراق ئەھۋال مەن تىلىگەندەك بولمىدى، ئەتراپىمىزدا خىرىلدىغان ئاۋازلا كۆپىيىشكە باشلىدى يەنە كېلىپ بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىلا ئاڭلىنىۋاتاتتى. مەن ھىلىقى كىشىنى تولۇق دېدىمۇ يەنە پىتىنالماي جىمجىت تۇرىۋالدىم، قالغانلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا جىمجىت تۇرىۋالغان ئىدى. ئەمدى بولسا ئۇ كىشىنى تولۇلماي ئامال قالمىدى، چۈنكى ئاۋاز بىزگە يېقىنلىشىپ ئەتراپىمىزنى قورشاپ بولغان ئىدى. مەن ئىشىنىڭ سەل نورمالسىزلىقىنى ھىس قىلىپ يېنىمدىكىلەرگە ئۈنلۈك ۋارقىرىدىم ـ: دەرھال قولچىراقلارنى يېقىپ جەڭ ھالىتىگە ئۆتۈڭلار!.............. بىز قولچىراقلارنى يورۇتۇپلا بۇتتەك قېتىپ قالدۇق. دەرۋەقە خىرىلداپ تۇرغانلىرى ئالۋاستىلار بولۇپ بىزنى تاپالماي ئەتراپنى چۆرگىلەپ كەينىگە يېنىۋاتقان ئىكەن دەل شۇ پەيىتتە مەن تەخىر قىلالماي ئىشنى بۇزۇپ قويۇپتىمەن، ئەمدى بولسا ئۇلار بىزنى تولۇق ھالدا تېپىۋالغان ئىدى. ھىلىقى كىشىمۇ بىرنىمە دېمىدى. چاتاق يېرى بىزنىڭ قولىمىزدا قولچىراقتىن باشقا مەندە پىچاق، قالغانلاردا توقماق ھەتتا ھېچنىمە يوق!.....شۇ ھالىتىمىزدە ئۇلار بىلەن ئېلىشماق بولۇپ چاچراپ قوپقان ئىدۇق. بىراق قوپۇپ بولۇپلا ئۆزۈمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغىنىمدىن پۇشايمان قىلىپ كەتتىم، ئادەتتىنغۇ خىلى ئېغىر بىسىق ئىدىم بىراق بۇ قېتىم سەل سەزگۈرلىگىم ئىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئىشقىلىپ بۇنداق ئىشقا يولۇققاندا كىم سەزگۈرلەشمەيدۇ دەيسىز!...ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك ھازىر ئۆلگۈسى كېلىپ مۇشۇكنىڭ قۇيرىقىنى چىشلىگەن چاشقانغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدۇق. جەسەتلەر بولسا قولچىراقنىڭ يورۇقىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاچ ھۆركىرىگىنىچە بىز تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى، ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق ئىدى. بىز دۈمبىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە چاپلىغىنىمىزچە يۇمۇلاق شەكىلدە سەپ ھاسىل قىلدۇق، ئىنخى ئۆز ـ ئارا رازىلىق ئېلىشىپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدۇق. توساتتىن بىر ئىش ئەقلىمدىن كېچىپ ئۆتتى، توغرا شۇنداق قىلىش كېرەك!مەن دەرھال ئۇلارغا دېدىم ـ: كۆپچىلىك، قولچىراقنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە تۇتۇڭلار!........... بىز قولچىراقنى جەسەتلەرنىڭ كۆزىگە تەڭلىدۇق، دەرۋەقە ئۈنۈمى بولۇپ ئۇلار كۆزىگە يورۇق چۈشۈشى بىلەن تەڭ چىرقىراپ كەينىگە داجىيىتتى، يورۇقلۇق ئۆزۈلگەن ھامان يەنە ئېتىلاتتى. ئۇلار بىلەن تىركەشكەچ ھىلىقى كىشىنى تولۇلدىم، بايا ئالدىراشچىلىقتا كىمنىڭ بار كىمنىڭ يوقلىقىغىمۇ دىققەت قىلماپتىمەن. ئەمدى بولسا ئۇ كىشى ئارىمىزدىن ئىزدىرەكسىزلا غايىپ بولغان ئىدى. ئەمدى بولسا ئۆزۈمنىڭ بايىقى ئويۇمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم، دىمەك ئۇ ئادەم قەستەن ياخشى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئاقىۋەتتە

يەنىلا ئالۋاستىلارغا تۇتۇپ بەرگىنىدىن ئاچچىقىم كېلىپ ئۇ ئادەمنى نەچچىنى تىلىلىۋەتتىم(ئەلۋەتتە ئىچىمدە). ـ : دىققەت قىلىڭلار، ھايات ئۇچۇن قورقۇنچنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويۇپ ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشايلى!......... مەن شۇنداق دېگىنىمچە پىچىقىمنى كۆتۈرۈپ ئالۋاستىلارغا ئېتىلدىم، بىراق كىتىۋاتقىچە ئۆزۈمنىڭلا ئالۋاستىلار تەرەپكە يۈگۈرىۋاتقانلىقىمنى سىزىپ قېلىپ يۈرىكىم قاتتىق ئېغىپ كەتتىدە دەرھال توختاپ كەينىمگە قېچىپ كەلدىم ـ : تەك ھۇجۇم قىلىمىز دەۋاتسام ھەممىڭلار جىم تۇرىۋاپسىلەرغۇ؟ ...... نىجات سۆزۈمگە جاۋابەن ـ : ھەي، سىنىڭ قولۇڭدىغۇ پىچاق بار، بىراق بىزنىڭ قولىمىزدا نىمە بار؟ ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۆتكۈر تىرناقلىرىغا بىزنىڭ بۇ ئاچقۇچتەك قوللىرىمىز دالدا بولارما سىنىڭچە؟ ......... ـ : ئۇنداقتا ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرامدۇق؟ ھىلىقى كىشى بىزنى بۇيەرگە باشلاپ كېلىپ ئالۋاستىلارغا تۇتۇپ بىرىپ قېچىپ كەتتى، ئەمدى ئۆزىمىزگە تايانماي ئامال يوق!... ـ : نىمە؟ ئالۋاستىلارغا تاشلاپ قويۇپ؟ ......دېدى نىجاتنىڭ چىرايى ئۆزگۈرۈپ ـ : ئۇ ئەبلەخ بايا قۇلىقىمغا مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھوجۇم قىلاي سىلەر مۇشۇ جايدا قىمىرلىماي تۇرۇپ تۇرۇڭلار دىگەنتىغۇ؟ راسلا جىم تۇرغان بولساق بەلكىم بۇلارمۇ كىتىپ قالاتتىكەن، لىكىن ئاۋۇ ئەبلەخنىڭ قىلغىنى پەقەتلا توغرا بولماپتۇ جۇمۇ!............ ـ: ھەي قاراڭلار!......ئاۋۇ ھىلىقى!................غېرىبنىڭ ئۇزۇك، چۇشىنىكسىز سۆزلىرىدىن ئەجەپلىنىپ ئالدىمىزغا قارىدۇق...قارىدۇقيۇ ئېغىزىمىز يەنە بىر قېتىم ئېچىلىپ قالدى، چۈنكى بايىدىن بىزگە خىرىس قىلىپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان جەسەت ئالۋاستىلار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچىغان ئىدى. بىرلىرىنىڭ بىشى يوق، بىرلىرى ئىككىگە بۆلۈنگەن، بىرلىرى.................ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ بايىقى ھەيۋىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يىنىدا بولسا ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھىلىقى كىشى جەسەتلەرنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ كۈچەپ قىلىچ ئۇرىۋاتاتتى. ئالتە يەتتە جەسەتتىن بىراقلا تۆتى يەر چىشلىدى، قالغىنى بىزدىن ۋاز كىچىپ ھىلىقى كىشىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن تەييارلاندى، ئەمدى بولسا قالغان جەسەتلەر ئۇ كىشىگە خىرىس قىلىۋاتاتتى. جەسەتلەرنىڭمۇ ھەرىكىتى ئادەتتىكىدىن خىلى چاققان بولۇپ ئەگەر بەدىنىنىڭ بىر يېرىگە ئىلىنىشۋالسىلا ئۇ ئادەمنى گەپ يوق سۆرەپ ئەكىرىپ كىتەلەيتتى. ئۇ كىشى قىلىچ ئۇرغاندا جەسەتنىڭ تىرناقلىرى بىلەن سۈركىشىپ ئوت ـ چىقىن ھاسىل بوپ كىتەتتى. شۇ پەيىتتە بىزمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتۇق، قانداقلا بولسۇن ئۇ كىشىنى خاتا ئەيىپلەپ قالغاندەل ھىس قىلىپ قالدىم. بەشىمىز بىرلىكتە بىرىپ قالغان جەسەتلەر بىلەن تەك ئېلىشىپ بەردۇق. ئارىمىزدا رۇسۇل بىلەن غېرىبنى يىراقتىن بىزگە چاۋاك چېلىپ مەدەت بەرگەندىن باشقا ئابلىكىم، نىجات، مەن ئۇ كىشى بىلەن بىرلىشىپ ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق. ئەمدى بولسا قورقۇنچىنىڭ ئورنىنى باتۇر بىر يۈرەك ئىگىلىگەن ئىدى، تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە جىنىم چىقىپ قالاي دىگەن ئىدى بىراق بۇ قېتىم خۇددى ئۇلاردىن ئالالمىغان كونا ئۆچۈم

باردىكىدەك ناھايىتى يۇرەكلىك ھالدا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ يىڭىۋالدۇق. ئۆزەمچە ناھايىتى پەخىرلىنىش ھىس قىلاتتىم. ـ: ئۇھ، ئاخىرى ئۇلارنى تەل تۆكۇس يوقىتىۋەتتۇق ھە!.....دىدىم پەخىرلەنگەن ھالدا، بىراق ھىلىقى كىشى ناقايىل ھالدا ـ: سەن شۇنداق ھىس قىلامسەن؟ ........... ـ: شۇنداق، مانا ھەممىسىنى يوقىتىۋەتتۇققۇ!... ئۇ كىشى كۇلۇپ قويۇپ ـ: بىز ئەمدى تىخى تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقىدىن بىر سىقىم قۇمنى ئالالىدۇق!...............مىنىڭكىنىمۇ قاتقاندا!......دەپ قىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى دەماللىققا چۈشىنەلمىگەن بولسامۇ لىكىن سۆز تۇراقىغا قارىغاندا ھازىر خۇش بولىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ـ: كەچۇرۇڭ ئاكا، بايا سىزنى خاتا چۈشىنىۋىلىپ بىكاردىن ئەيىپلەپتىمەن!.....دىدىم يەرگە قارىۋالغاچ، ئۇ كىشى ـ: ھىچقىسى يوق، ئەگەر سەن بايا ئىشنى بۇزمىغان بولساڭ ھەممىمىز ھايات قالمايتتۇق، بايا ئۇلار سىلەرنى سىزەلمەي ئەكسىچە مىنى سىزىپ قىلىپ مەن تەرەپكە كىلىۋاتقان شۇ پەيىتتە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چىچىۋەتتىڭلار، شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىر يولىلا خىلى كۆپىنى يوقىتىۋەتتىم، بولمىسا بۇگۈنكىدەك يارىلانمىغان ھالەتتە ئۇلارنى يىڭەلىگەن ئەمەسمەن!.....شۇڭا ساڭا يەنە بىر قىتىم رەخمەت ئىيتماقچى!...... ئۇ كىشى شۇنداق دىگىنىچە ئۆتكۈر خەنجىرىنى ئۇدۇل مەن تەرەپكە قارىتىپ ناھايىتى كۈچەپ ئاتتى. «ئاااااااااااااااااااااا!...»مەن شۇنداق دىگىنىمچە جايىمدا قىتىپلا تۇرۇپ قالدىم، ھەتتا باشقىلارمۇ ئۇنى توسۇۋىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئىغىزى ئىچىلغان ھالدا تۇرۇپ قىلىشقان ئىدى. مەن ئۇ كىشىنىڭ چىرايىغا قارىغىنىمدا پەقەت كۈلۈپ تۇرغان چىراي ئىپادىسىنىلا ئىلغا قىلالىدىم. قالغانلار بولسا ماڭا قاراپ ھاڭۋاقىنىچە تۇرىشاتتى، بىردەملىك سۈكۈتتىن كىيىن ئۆزۈمدە ھىچقانداق ئاغرىق ھىس قىلمىدىم بىراق كەينىمدىن خىرقىراپ تۇرغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇپ كىتىپ دەرھال كەينىمگە قارىدىم. دەرۋەقە ئارقامدا مىڭىسىدىنلا خەنجەر سانچىقلىق ھالدا بىر جەسەت خىرىلداپ تۇراتتى. ئۇ كىشى كىلىپلا خەنجەرنى تارتىپ ئىلىپ يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپلا بىشىنى تىنىدىن جۇدا قىلدى. ـ: قانداق، رەخمەت ئىيتىشىم ساڭا يارىدىمۇ؟ ........ مەن گەپ قىلالماستىن بىشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم، يامان يىرى ھىلى ئىشتان قۇرتىدىغان ئىش چىقتىدە مانا!...... ئۇ كىشى ئەمدى بىخەتەر بولغانلىقىمىزنى ئىيتىپ يەنە بىر يەرلەرگە يول باشلاپ ئىلىپ ماڭدى. ئۆزىمىزمۇ بىلەلمىگەن ھالدا ئۇ كىشىگە ئەگىشىپ خىلى يول ماڭغاندىن كىيىن بىر يەرگە كىلىپ توختىدۇق. بۇ كىچىك خارابىيلىق قارىماققا ھازىرقى دەۋىردىكى داچا ئۆيلەردەك سىلىنغان بولۇپ بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىڭ يىرىمىغا ئۈستى قەۋىتىنى قوندۇرغاندەك ئاجايىپ ئۆزگىچە بىر خىل كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغىچە ھىلىقى كىشى سۆز ئاچتى ـ: كەلدۇق!...مۇشۇ يەر شۇ!...... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە بىر يەرگە قولىنى سىلىپ بىر قانداق قىلىۋىدى بۇ يەرنىڭ چوڭ تاش ئىشىكى كۈنجۈت غارىنىڭكىدەك نەرە تارتىپ ئىچىلدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى كىنو ئىشلەۋاتقاندەكلا ھىس قىلىۋاتاتتىم، چۈنكى مەن بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى پەقەت

كىنولاردىلا كۆرگەن ھەم بۇنداق يەرلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتىم. بىز ئۇ كىشىنىڭ يول باشلىشىدا ئىچىگە كىردۇق، ئىچىنىڭ مەلۇم دائىرىدە بىردىن مەشئەل بار بولۇپ بۇ كىچىك خارابىلىقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. سەل ماڭغاندىن كېيىن يولنىڭ ئوتتۇرىدا يوغان قىلىپ بىر مەخلۇقنا ئوخشايدىغان شەكىلدىكى تاش ھەيكەل بارئىدى. ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن پەشتاق بار بولۇپ ئۈستى تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان ئىدى. بىز يەنىلا شۇ كىشىنىڭ يول باشلىشىدا نۇرغۇن ئۆيلەردىن ئۆتۈپ ئارىلاپ، چۆرگىلەپ يۈرۈپ يەنە پەسكە قاراپ چۈشتۇق بىراق بۇ يەردە چىقىش ئېغىزى يوق بولۇپ پەقەت بىر ئىشىكلا بار ئىدى. بىز ئىشىكتىن كىرگىنىمىزدە بولسا ھۇجرىغا ئوخشايدىغان بۇ ئۆيدە يەيدىغان نەرسىلەر، ھەرخىل قۇراللار، كىملەرنىڭدۇر خۇددى بىزنىڭكىدەك ساياھەتكە چىقىدىغاندا ئېلىۋالىدىغان يۈك ـ تاق سومكىللىرى تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ ئېغىزىمىزنى ئىچىپ تۇرۇپلا قالدۇق. ئۇ كىشى بىزنىڭ ھەيران قالغىنىمىزنى كۆرۈپ ـ:
مانا بۇ مېنىڭ ئەڭ بىخەتەر تۇرالغۇم، بايا بىز باشقا يۆلىنىشكە ماڭمىغان بولساق كەينىمىزدىن كەلگەنلەر بۇ جايدا تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسىلا بۇيەرنىمۇ ۋەيران قىلىپ ھەممىزنى ئىچىنىشلىق ئۆلتۈرۋېتەتتى، شۇڭا قەستەن خاتا يولغا مېڭىپ ئۇلارنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن سىلەرنى ئېلىپ كىردىم. بۇلار بۇ نەس باسقۇر شەھەرگە كىرىپ جىنىدىن جۇدا بولغانلارنىڭ نەرسىللىرى. ئارىسىدا تېپىۋالغانلىرىمۇ بار، قۇتقۇزۇۋشقا ئۈلگۈرەلمەي جىنىدىن ئايرىلغانلىرىنىڭمۇ بار، ئىشقىلىپ تېپىۋالغىنى بولسۇن ياكى ئۆلگىنىنىڭكى بولسۇن بەربىر ئۇلارغا ئىشلىمەيدۇ شۇڭا ھەممىسىنى يىغىپ مۇشۇ جايغا ئەكىلىپ قويدۇم، مەن ئادەتتە بۇ جايغا بەك ئاز كېلىمەن بىراق بۈگۈن سىلەرنى بۇيەرگە ئەكەلمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ قالدىم. چۈنكى بۇ جايغا كىرىپ ئۇزاقراق ياشىيالىغان ھەم ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلىپ غەلبە قىلالىغانلاردىن پەقەت سىلەر بار!شۇڭا سىلەر كىرگەندىن باشلاپ ئىزچىل مەن سىلەرنىڭ كەينىڭلاردا!......... ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتۇق، بىز ھېچنېمىنى بايقىيالماي پىرقىراپ يۈرگەندە بۇ كىشى بىزنىڭ كەينىمىزدە يۈرۈپتىكەندە!................
ـ: سىز، سىز.....زادى كىم؟ ...... ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا كۈلۈپ قويۇپ ـ: مەن مۇشۇ جاينىڭ ئەڭ ئۇزۇن ياشىيالىغان روكورتچىسى، ئۆلمەي ھازىرغىچە ياشاپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر ئادەم بولۇشۇم مۇمكىن، ھازىر سىلەرمۇ قىتىلدىڭلار بىراق سىلەر تېخى يېڭى، ماڭا بۇ جايدا ياشىغىلى قانچىلىك بولدى بىلەمسىلەر؟ ... بىز بېشىمىزنى چايقىدۇق، شۇندا ئۇ كىشى ـ: توختاپ تۇرۇڭلار ھە!...ئاۋۋال ئوت ياقاي ئاندىن غىزا يەپ ئىسسىنغاچ سىلەرگە ھەممىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي!......ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سۇۋالما ئوچاقتا ئوتۇن سېلىپ ئوت يېقىشقا باشلىدى، ھەم قولىدىكى بىردانە چاقماقنى كۆرسەتكەچ ـ: بۇنى مەن ئۆتكەندە تېپىۋالغاندىن باشلاپ ئوتۇننى ئوتۇنغا سۈركەپ ئوت يېقىشتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇم، ھازىر مۇشۇنىڭ بىلەنلا بىردەمدە ئوت ياقالايمەن، سەرەڭگىمۇ بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىكەن دەيمە.....ياخشى نەرسىكەن بۇ!.....دېگەچ ئوتنى يېقىپ بولۇپ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى ئاندىن ـ: سىلەرگە دېسەم،

مەن بۇ جايدا ياشاۋاتقىلى تۇغرىلا ھېساپلاۋاتقان بولسام بەش يىل بولدى، بۇ بەش يىل جەريانىدا شۇنچە كۆپ كىشىلەر كىردى بىراق ھېچقايىسىسى ھايات قالمىدى. ھەتتا تولۇق قۇراللىنىپ كىرگەنلەرمۇ بار، بىراق ئۇلارمۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئۆتكۈچ تىرنىقى ئاستىدا يەنچىلىپ كەتتى، بۆرىلەر يەپ كەتتى......ئىشقىلىپ بۇ جاينىڭ ھەممە يېرى خەتەرگە تولغان، ھېچقانداق ئادەم بۇ خەتەردىن مۇستەسنا ئەمەس!......... ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران بولۇپ بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. ـ: ئۇنداقتا سىز نېمىشقا بۇنداق نەس باسقۇر جايدىن چىقىپ كەتمەي شۇنچە يىل ياشايسىز؟ ...دېدىم ئۇ كىشىگە. ئۇ كىشى خۇددى مۇشۇ سوئالنى سورىشىمنى ساقلاپ تۇرغاندەك يىغلاپ كەتتى ـ: سىلەرچە مۇشۇ نەس باسقۇر يەردە ياشىغۇم بارمۇ مېنىڭ!...ئەلۋەتتە چىقىپ كەتكۈم بار بىراق چىقىدىغان يېرىنى تاپالمايۋاتىمەن، مۇشۇ جايدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بەش يىل تىرىشتىم، ھاياتىمنى بىر ئامالىلارنى قىلىپ ساقلاپ قالدىم، بىراق بەش يىل ئىزدەپمۇ چىقىش ئىشىكىنى زادىلا تاپالمىدىم، ھازىر بولسا بايىقىدەك قاپقاراڭغۇ كېچىدە ماڭساممۇ ھەرقانداق يەرنى بىمالال تېپىپ بارالايدىغان ھالەتكە يەتتىم بىراق تېخىچە چىقىش ئىشىكىنى تاپالمايۋاتىمەن، ھەم تاپالمايمىز!چۈنكى بۇ جايغا كىرىش بار چىقىش يوق، شۇڭا ھەرقانداق ئادەم كىرىپ كەتتىمۇ مەڭگۈ چىقالمايدۇ!........... ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرۈكۈم ئېغىزىمغا تىقىلىپ قالدى. ـ: نېمە، چىقالمايمىز دەمسىز؟ ......بىراق بىز بىلىمىز چىقىش ئىشىكىنى بىز بىلىمىز، قاراڭ بىزدە كومپاس بار، جەنۇپقا قاراپ ماڭساقلا بۇ جاينىڭ چىقىش ئىشىكىنى تاپالايمىز!......... شۇندا ئۇ كىشى بىر ساندۇقتىن ئىزدەپ يۈرۈپ كومپاستىن نەچچىنى ئېلىپ ئالدىمىزغا قويدى ـ: مۇشۇنى دەمسىلەر؟ مەن مۇشۇ بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىگە نەچچە كۈن مېڭىپ باقتىم، لېكىن چىقىش ئىشىكىنى تاپالمىدىم. بۇ بىر سېھىرلەنگەن خارابىلىق بايا دېدىمغۇ كىرىش بار چىقىش يوق. بىز پەقەت شۇ سېھىرنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلىسەكلا ئاندىن بۇيەردىن چىقىپ كېتەلىشىمىز مۇمكىن!...بولمىسا مەڭگۈ چىقالمايمىز!...... ـ: بۇ بۇ......بىز كىرگەندە نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدىغان خارابىلىققۇ بۇ!......سىز نەچچە كۈن ماڭدىم دەمسىز؟ ئۇ كىشى گېپىمگە جاۋابەن ـ: شۇنداق، سىرتتىن قارىغاندا كىچىككىنە كۆرۈنىدۇ، بىراق ئىچى بىز ئويلىمىغان دەرىجىدە كەڭ ھەم سىرلىق، ئىشەنمىسەڭلار ئەتە كۈندۈزدە بىر يۈلىنىشنى بەلگىلەپ مېڭىپ بېقىڭلار نەچچە كۈندە ئايىقىغا چىقالايسىلەركىن!........... بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانسىرى ھەممىمىز قايمۇقۇپ قالدۇق، ئەجىبا بۇ جايدىن چىقىپ كېتىش راسلا مۇمكىن بولماسمۇ؟ ئۇنداقتا بىزنىڭ ئائىلىدىكىلىرىمىز؟ ...........ئاخىرىنى ئويلاشقا چىدىمىدىم، ئاچچىق ئىككى تامچە يىغا مەڭزىمدىن ساقىپ چۈشتى ـ: كەچۈرۈڭلار دوسلىرىم، سىلەرنى مەن قەسلىدىم...مەن جاۋاپكار، ھەممە ئىشقا مەن جاۋاپكار!...بۇ جايغا ئەسلىدىنلا كەلمىسەك بوپتىكەن ھەممىنى قىلغان مەن!................ ئۇلار نە يىغلىشىنى نە كۈلىشىنى بىلمەي قاراپ ئولتۇراتتى، پەقەت ماڭا ئانچە ـ مۇنچە تەسەللىي بېرىپ قويدى خالاس، لېكىن كۆڭلىدە

بۇ يەردىن زادى كىتەلەيدىغان كىتەلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالغان ئىدى. بىزنى يەنە بىر قېتىم چوڭ بىر ۋەھىمە ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى، چۈنكى بىز ئۈنىسىنى ئويلىماستىنلا بۇيەرگە قەدەم باسقان ئىكەنمىز ھەتتا ھازىر مۇشۇ سۆزنى ئاڭلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يەردىن چىقىپ كىتەلمەيدىغىنىمىزنى خىيالمۇ قىلىپ قويمىغان ئىدۇق. بىزنىڭ ئىنكاسىمىزنى كۆرگەن ھېلىقى كىشى بىزگە تەسەللىي بەردى ـ: كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار، بىز پەقەت بۇ جاينىڭ سىرىنى يېشەلىسەكلا ئاندىن بۇ جايدىن چىقىپ كىتەلەيمىز شۇڭا ھەمكارلىششىمىز كىرەك!........... شۇندا بۇ كىشىنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش بۇ جاينىڭ سىرىنى يېششىكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يەتتۇق. ئۇ كىشى ئالدىمىزغا يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكىلىپ ـ: بۇنىڭدىن يەڭلار تەييار يىمەكلىك، بۇنداق نەرسىلەر خىلى يىغىلىپ قاپتىكەن كۈنلىرىمنى مۇشۇنداق يىمەكلىكلەر بىلەن ساقلاپ كىلىۋاتىمەن!......دىگەچ يېيىشكە باشلىدى، بىزمۇ تەڭ يېيىشكە باشلىدۇق. شۇندا ئۇ غىزا يەۋاتقاچ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى، بىز بولساق قىتىرقىنىپ ئاڭلاشقا باشلىدۇق بولۇپمۇ مەن. قىززىق ئىش تۈنجى كۆرگىنىمدە جەسەتتەكلا تاتىراڭغۇ ھەم قورۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بۇ كىشى ئەمدى بولسا كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان پالۋان بىر كىشى بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلاۋاتاتتى. بىز تائامىلارنى مەززە قىلىپ يىگەچ بۇ كىشىنىڭ كەچۈرمىشىگە قۇلاق سالدۇق!...............

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب1 ـ قىسىم)

ياربىدار كىشى ئوتنى كوچىلاپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى ـ: مىنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ خارابىيلىقنىڭ يۇقىرىسىدا ئىدى. كۈنلىرىمىز شۇنداق ئاسايىشلىق ئۆتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ جاڭگالدا دائىم ئادەم يوقاپ كىتىش، ۋەھشى ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بىرىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئۇ ۋەھشى ھايۋاننى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئون پالۋان بۇ جاڭگالغا كەلگەن. بىراق ئويلىمىغاندا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر خەتەرگە دۇچ كەلدۇق!........... ئۇنىڭ سۆزى ماڭا ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى ـ: نىم دەيسىز؟ ...ئون پالۋان دىدىڭىزما؟ ...ئۇلارنىڭ ئىچىدە«سېلىم»ئىسىملىك بىرەيلەنمۇ بارمىدى؟ ........... ئۇ كىشى ماڭا قاراپ ھەيرانلىقتا ـ: سەن قانداق بىلىسەن؟ ئەجىبا ئۇ!........... ـ: شۇنداق سېلىم نوچى دىگەن كىشى مىنىڭ تاغام بولىدۇ ھازىرمۇ ھايات، دىمەك ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەن ھىكايىسى راسكەندە!...ئۇنىڭ بىلەن يېقىندا مۇشۇ جاڭگالغا كىلىپ توشقان ئوۋلىغان ئىدۇق، بۇ يەردىن قايتىپ كەتكەندىن كىيىن سىلەرنىڭ يولۇققان پاجىئەلىك كەچۈرمىشىڭلانى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، ئەجىبا سىز بايىلىق ئىزدەپ كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ بىرىكەنسىزدە؟ ......... ئۇ كىشى بىشىنى چايقاپ ـ: ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە جەڭ قىلغانلارنى سۆزلەپ بەرمىگەنمۇ؟ .........دەپ سورىدى. مەن ـ: سۆزلەپقۇ بەرگەن، بىراق بىرسىنىڭلا ئىسمىنى دەپ بەرگەن، تاغامنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ قۇتۇلۇپ چىققان ۋاقىتتا

ئۇنىڭ جان جىگەر بىر دوستى ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھاياتىدىن ئايرىلغان ئىكەن، تاغام ئۇ دوستىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدىغاندەك قىلىدۇ، ھەر دائىم«ئۇنىڭ جىنىغا مەن زامىن بولدۇم، ئۇ مىنى قۇتقۇزىمەن دەپ ھاياتىدىن ئايرىلدى!»دەيدۇ. ...شۇ سۆزلەرنى دەۋىتىپ ئىختىيارسىز بىر ئىش ئىسىمگە كىلىپ قالدى ـ : نىم...نىمە؟ ...سىز سىز...ھىلىقى ئابلا پالۋان!؟ ..........بۇ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!............... ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى ـ : شۇنداق، مەن دەل ئاشۇ ئابلا پالۋان. سىلىمنىڭ چىلىشتىكى بىردىنبىر رىقابەتچىسى ئابلا قوتاز مەنشۇ!............... ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم، سىلىمكام گىپىنى قىلىپ بەرگەن ھەم مەندە كۈچلۈك ھۆرمەت قوزغىغان قەھرىمان كىشى دەل ئالدىمدا تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىمدىغىنىمچە خىلى ئۇزاققىچە ئۇ كىشىگە ھاڭۋىقىپ قاراپلا قالدىم. ـ : سىلىمكام سىزنى ئۆلۈپ كەتتى دىگەن ئىدى. ئەتىسى ئادەم ئىۋەتكەندە بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنىلا تېپىپ كەپتىكەن لىكىن سىزنىڭ جەسىدىڭىزنى تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىزنى ھىلىقى يىلانلار يۇتىۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتۇ، ھەم ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سىز كەلمىگەندىن كيىن ئۆزىنىڭ خىيالىنىڭ توغرىلىقىنى ھىس قىلىپ سىزنى ياد ئىتىپ ياشاپ كەپتۇ. مەنمۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بەك ئىچىنغان ھەم سىزنى بىر كۆرۈۋالغان بولسامچۇ...دىگەن ئويدا يۈرەتتىم مانا بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىڭىزغا لايىق پالۋان كىشىكەنسىز.....ئۇنداق بولغاندا ئەينى چاغدا زادى نىمە ئىشلار يۈز بەرگەن ئىدى؟ ...............دەپ سورىدىم، شۇ تاپتا ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كىتىپ باراتتىم. ئابلاكام بىزگە قارىۋىتىپ ـ : باشتىن سۆزلەي دىسەم سىلىمكاڭدىن ئاڭلاپ بوپسەن، ئەمىسە مەن شۇ كۈنى سىلىمدىن ئايرىلغان ۋاقتتىن باشلاپ سۆزلەپ بىرەي!.........ئابلاكام سۇدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ـ : ئۇ كۈنى مەن ئىغىر يارىلانغان يەنە بىر سەپدىشىمىزنى كۆتۈرىۋالغان ئىدىم، سىلىم بولسا پۈتىنى سۆرەپ دىگۈدەك كىتىۋاتاتتۇق. جاڭگالغا چىققاندا توساتتىن گىگانىت يىلان غايىپتىن كەلگەندەكلا پەيدا بولۇپ ماڭا ئىتىلدى، شۇ پەيىتتە كۆتۈرىۋالغان سەپدىشىمنى دەررۇ ئۈنىڭدىن قاچۇرۇپ يەرگە قويۇپ ئۇ يىلان بىلەن ئىلىشتىم. ئۇ چاغدا سىلىم پەقەتلا بولالمىغان ئىدى، ھەتتا قوپقۇدەكمۇ مادارى قالماپتىكەن. مەن يىلان بىلەن قارشىلاشقاچ ئۇنى نەچچە قىتىم توۋلىدىم بىراق ئۇ يەنىلا بىھۇش بولۇپ قالغان ئىدى، قايتا ـ قايتا توۋلىغاندىنكيىن ئۇ ئازراق ئىسىگە كەلدى. مەن ئۇنىڭ بولسىمۇ ھايات قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بارلىق كۈچى بىلەن يۇقۇرىدىكى مەھەللىگە قاراپ مىڭىشنى ئىيتتىم ئۇمۇ گىپىمنى چۈشەنگەندەك بار كۈچى بىلەن يۇقۇرى تەرەپكە ئۆمىلەپ مىڭىشقا باشلىدى، ئىغىر يارىلانغان سەپدىشىمىزدىن ئەمدى ئۈمىد يوق بولغاچقا پۈتۈن كۈچۈمنى سىلىمنى قوغداشقا قاراتتىم. يىلان پات ـ پات سىلىم تەرەپكە ئىتىلىپ قوياتتى مەن بولسام بار كۈچۈم بىلەن ئۇنى قوغداش ئۈچۈن يىلاننى ئۇنىڭغا يىقىن كەلتۈرمىدىم. شۇنداق تىرىكىشىپ يۈرۈپ سىلىم بىزدىن خىلى يىراقلاشقاندىن كيىن ئاندىن

خاتىرجەم بولدۇم، كۆڭلۈمدە ھايات قىلىشتىن ئۈمۈد ئۇزگەن ئىدىم. خىلىدىن ئۇلار بىلەن تىركەشكەچكە كۈچۈمۇ بارغانسىرى خوراشقا باشلىدىم، ھالسىرىدىم......قارشىلىق قىلماي يىلانغا ئۆزۈمنى تاشلاپ بىرەي دەپ ئويلىغان بولسامۇ بىراق ھاياتلىققا قىيالمىدىم. شۇڭا تىركىشەلىگەن جايغىچە مەدەت قىلىش نىيىتىدە يىلان بىلەن داۋاملىق قارشىلاشتىم، ئەمدى بولسا يىلان پۈتۈنلەي ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى، چۈنكى ئەمدى تولۇق ھالدا ھالسىرىغان ئىدىم. شۇ پەيتتە يىراقلاردىن بۆرىنىڭ ئەنسىز ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئىچىمدە يىلان بىلەن تىركىشىپ بولالمايۋاتقاندا ئۇ جانىۋارنىڭمۇ ئۆلگۈرۈپ كەلگىنىگە كۈلگۈم كەلدى. ئەمدى راستىنلا ئۆلەرمەنمۇ، بۇ ھايۋانلار مېنى نىمىلەرنى قىلىۋېتەر!...دىگەنلەرنى ئويلىدىم. گىگانىت يىلان مېنى پۈتۈن يۇتۇش ئۈچۈن ئۈستى تەرەپتىن زەردە بىلەن چوقۇيتتى مەن بولسام قىلىچ بىلەن ئۆنۈملۈك ھالدا قوغدىنىۋالاتتىم، بىراق بۇ ھالەت ئۇزۇنغا بارمىدى. يىلان زەردە بىلەن ھۇجۇم قىلىپ قولۇمدىكى خەنجەرنى چۈشۈرىۋەتتى، ئەمدى بولسا قايتىدىن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ زەردە بىلەن ماڭا تاشلاندى، ھازىر بولسا ھايات ـ مامات قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قالغان ئىدى. شۇندا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان يىلان ئاچچىق تولغۇنۇشۇپ غەيرىئاۋازدا چىرقىراپ كەتتى. ئەسلى ھىلىقى سەبدىشىمىز ھوشىغا كەلگەن بولۇپ يىلان ماڭا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا قۇيرۇق قىسمىغا خەنجەر تىقىۋەتكەن ئىكەن. ئۆزىچىلا بىر كۈچ ۋۇجۇدۇمنى چىرماپ ئالدى، يىلاننىڭ تولغىنىشىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن خەنجىرىمنى تېپىپ ئېلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يىلاننىڭ قارنىغا قىلىچ ئۇردۇم، ئۆتكۈر خەنجەر يىلاننىڭ قارنىنى بۆسۈپ ئىچ باغرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. گىگانىت يىلان بولسا ئاچچىق تولغاشقىنىچە يەرگە يىقىلىپ جىنىدىن جۇدا بولدى. مەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلىدىم، ئۇنىڭ پۈتى ئۇزۈلۈپ كەتكەچكە خىلىلا قانسىراپ كەتكەن ئىدى. ئۇنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدىم يىقىنلا ئەتراپتا نۇرغۇن بۆرىلەرنىڭ قاۋىغان پىتى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى سىزىپ قالدىم، ئۇنى مەنلا ئەمەس سەپدىشىمۇ سەزگەن ئىدى. ئۇ ئاران قالغان بارلىق كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ ماڭا مۇنۇلارنى ئېيتتى ـ : ئەۋارە بولماڭ، مەن ئەمدى ھايات قالسامۇ بەربىر ئۆلگەننىڭ ئورنىدا ياشايمەن!...ئەمدى پۈتۈنلەي كىرەكسىز بولۇپ بولدۇم، يەنە تۇرىۋەرسىڭىز ئۇلار سىزنى ھايات قويمايدۇ شۇڭا خارابىيلىققا قاراپ قىچىڭ، ھىچ بولمىسا ئۇيەردە بەش پالۋان بار بىرلەشسەڭلار يەنە ھايات قىلىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ، يۇقۇرىغا قاراپ قاچىسىڭىز ئۇلارنىڭ ئالدىغىلا چىقىپ قالىسىز شۇڭا دەرھال قىچىڭ ۋاقىت قالمىدى تېز قىچىڭ!..........ئۇ شۇلارنى دىگەچ مېنى ئىتتىرىۋەتتى، مەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم. شۇندا ئۇ بىر سۆزنى ماڭا ئامانەت قىلدى ـ : بۇيەردىن قۇتۇلۇپ مەھەللىمىزگە بارغاندا ئاتا ـ ئانامدىن ماڭا ۋاكالىتەن ئەپۇ سوراپ قويۇڭ، مەن ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمەن، ئايالىمغا ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇڭ، مۇشۇ چاققىچە بۇ سۆزنى ئېغىزىمدىن بىر قېتىممۇ چىقىرىپ باقمىغان ئىكەنمەن، مەن ئۇلارغا ئۇ ئالەمدە تۇرۇپ مەدەت

www.iptihar.net

تىلەيمەن، سىزگىمۇ ھەم!............. ئۇ ماڭا ناھايىتى چوڭ ئامانەتتىن بىرنى تاپشۇرغان ئىدى، شۇڭا ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ئۈچۈن ئاۋۋال خارابىيلىقتا قېچىپ قالغانلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئاندىن بىرلىكتە يېنىپ چىقماقچى بولدۇم، دىمىسىمۇ مەھەللە تەرەپكە ماڭسام دەل بۆرىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالاتتىم، ھەم بۇ ھالىتىمدە ئۇلار بىلەن كۈچمۇ ئىلىشالمايتتىم، شۇڭا ئۇ سەبدىشىمنى شۇ جايدىلا قويۇپ خارابىيلىقتا قاراپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قاچتىم. قىچىۋاتقاچ پات ـ پات كەينىمگە قاراپ قوياتتىم، ھىلىھەممۇ ئۇ سەبدىشىمنىڭ تەلمۈرۈشتە قارىغان چىرايى كۆز ئالدىمدا ئىدى، بىراق ھىچقانداق ئامال يوق ئىدى. كۆزلىرىمدىن ياش تاراملاپ ئاقاتتى، مەن خىلى ئۇزىغاندىن كىيىن بۆرىلەرنىڭ غىڭشىشلىرى ئازدىن كىيىن سەبدىشىمنىڭ ئىچىنىشلىق نالىسىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئاۋازغا ھەرقانداق ئادەم چىداپ تۇرالمايتتى، قەدىمىمنى ئاستىلىتىپ نىمە كۆرسەم كۆرۈپ كەينىمگە يانماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈنلەي ئۆچتى، دىمەك ئۇ ئۆلۈپ بولغان ئىدى. ئەمدى ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ بارسامۇ ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى شۇڭا ھايات قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق ھالدا ئالدىمغا قاراپ يۈگۈردۈم. يەنە بايىقى قانغا مىلەنگە مەيدان، يىيىلىپ ياتقان جەسەتلەر كۆز ئالدىمدا تۇراتتى. مەن ئۇلاردىن ئۆتۈپ خارابىيلىقنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ تۆشۈكىدىن خارابىيلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. ......مىنىڭ ئەڭ خاتا قىلغان ئىشىم دەل مۇشۇ ئىدى، بىراق مەن بۇيەرگە كىرگەندە چىقىپ كىتەلمەيدىغىنىمنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. كۆڭلۈمدە پەقەت قالغان سەپداشلىرىمنى تىپىۋالساملا ئۇلار بىلەم بىللە چىقىپ كىتىشنىلا ئويلىغان ئىكەنمەن، بىراق ئىش مەن ئويلىغاندەك بولماي قالدى. بۇيەرگە كىرىشىم بىلەنلا ناھايىتى سوغۇق بىر شامال بەدىنىمدىن توخەت ئۆرلىتىۋەتتى. مەن ئىككىلىنىپقىنە ئىچى تەرەپكە ماڭدىم بەلكىم ئىچىنىڭ تەسىۋرىنى مەن دەپ بەرمىسەممۇ كىرگەن ۋاقىتڭلاردا كۆرگەن بوغىيتڭلار، مەنمۇ دەل شۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەن ئىدىم. شۇتاپتا باشقىنى ئەمەس پەقەت بۇ ئايدىڭنىڭ جۈت قاراڭغۇلۇقتا چۆممەسلىكىنىلا ئۈمۈد قىلاتتىم، چۈنكى ماڭا يول باشلاپ بىرىۋاتقىنى ھەم ئەتراپنى كۆرەلىشىمگە سەۋەپ بولىۋاتقىنى دەل مۇشۇ ئايدىڭ كىچە ئىدى، ئەتراپ قاراڭغۇلۇقتا چۆكسىلا ھىچياققا مىڭىش ئىمكانىيىتىم قالمايتتى، شۇڭا مۇشۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بۆگۈنچە بولسىمۇ پاناھلانغىدەك بىر جاي ئىزدىدىم لىكىن قانداقلا قارىسام ئۆيلەرنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولغاچقا يوشۇرۇن خەۋپلەرنىڭ بار يوقلىقىنى بىلەلمەي ئامالسىز بىخەتەررەك دەرەخ ياكى ئوچۇقچۇلۇق جاينى تىپىش ئۈچۈن ئىچكىرىلەپ مىڭىشقا باشلىدىم. خەنجىرىم تۇيۇقسىز ھۇجۇملارغا ھەرۋاقىت تەييار ھالەتتە قولۇمدا چىڭ سىقىمداقلىق تۇراتتى، ئەتراپتا ھەربىر قىتىم شەپە ئاڭلانسا دەرھاللا شۇ تەرەپكە تەڭلەيتتىم. شۇنداق تەشۋىش ئىچىدە يۈرۈپ ئىگىزرەك كەلگەن بىر دەرەخنى پاناھلىنىش ئوبىكتى قىلىپ بىكىتتىم، ئەتراپنى بىر قۇر تەكشۈرىۋەتكەندىن كىيىن دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ئاچماقراق كەلگەن بىر جايغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كىيىن چوڭ بىر نەپەس ئىلىۋالدىم.

شۇ تاپتا بايىدىن يۈز بەرگەن شۇنچە كۆپ ئىشلارغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، شۇتاپتا بۇلارنىڭ بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى تىلەيتتىم بىراق بۇ چۈش ئەمەس بەلكى ئەمەلىيەت ئىدى. مەن دەرەخ ئاچمىقىغا يۆلەنگىنىمچە خىيالغا چۆكتۈم، ئەمدى بۇ ھالەتكە كەلگەندە مەندە قورقۇش دىگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. قانداق قورقۇنۇچلۇق ئىشلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزمىدىم دەيسىلەر، ھەتتا ئۆلۈمنىڭ ئىغىزىدىنمۇ قۇتۇلۇپ ئامان قالغان تۇرسام ئەمدى قورقۇش نە ھاجەت......پەقەت ئۆتمۈشلىرىمدىكى خۇشال كۈنلىرىمنىڭ كانتىنىسى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتاتتى. بايىدىن يىلانلار توپى بىلەن ئېلىشىپ ناھايىتى چارچاپ كەتكەچكىمىكىن ئۆزۈممۇ بىلمەيلا كۆزلىرىم ئۇيقۇغا ئىلىنىشىپ قاپتۇ، بىردەمدىن كىيىن بىرسىنىڭ يىراقتىن مىنى چاقىرغان ئاۋازىنى غۇۋا ئاڭلىدىم بىراق كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ قىلىۋاتاتتى، ھەرقانچە قىلسامۇ كۆزۈمنى ئاچالمىدىم. شۇندا ئاۋاز تىخىمۇ يىقىنلاپ كىلىشكە باشلىدى!...........................

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3-باب2-قىسىم)

ئاۋازنىڭ تىخىمۇ يىقىنلاپ كىلىشى بىلەن تەك ئۆزۈمنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقىنىمنى ھىس قىلدىم. كۆزلىرىم ئىلىشىپ كىتىۋاتقان بولسىمۇ غەيرەتكە كىلىپ كۆزلىرىمنى چالا ئىچىپ ئەتراپقا قارىدىم، بىراق ئەتراپتا ھىچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇندا ئۇيقۇم ئىچىلىپ كەتتى، چۈنكى ھىچكىم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىرىنىڭ مىنى توۋلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىشتە!...مەن يەنە ئەنسىزلىككە چۆكتۈم، بۇ كىمنىڭ ئاۋازىدۇ؟ ئەجەپ ئاۋاز يىقىنلا يەردە ئاڭلىنىۋاتىدۇ لىكىن ئەتراپتا ھىچنىمە كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ........شۇنداق خىيال قىلىپ تۇرغىنىمدا دەرەخنىڭ ئاستىدىلا بىرسىنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ جىنىم چىقىپ كىتەيلا دەپ قالدى. ئۇ كىشىنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغىنىنى ئىنىق كۆرگەن بولسامۇ بىراق چىرايىغا بىرنەرسە تارتىۋالغاندەك يۈز قىسمى قاپقاراڭغۇ ئىدى. مەن دەرەختىكە تىخىمۇ چىڭ چاپلاشتىم، ھەمدە ئىچىمدە ئۇنىڭ تىزرەك كىتىشىنى تىلەيتتىم. تۇيۇقسىز چوڭلارنىڭ«قەدىمكى دەل-دەرەخلەر جىنلارنىڭ ماكانىدۇر، شۇڭا كىچىدە دەرەخزارلىقلاردا، ئورمانلاردا يالغۇز يۈرمە!»دەپ نەسىھەت قىلىشلىرى يادىمدىن كىچىپ ئۆتتى. ئەجىبا ئۇ دادام دەپ بىرىدىغان ھىلىقى جىن دىگىنى شۇمىدۇ، مەن تۇرغان بۇ دەرەخمۇ ئۇنىڭ ئۆيىمىدۇ؟ ......دىگەنلەرنى ئويلاپ تىخىمۇ قورقۇنچقا چۈشۈپ قالدىم. ئەگەر ئۇ راسلا جىنلار قەۋمىدىن بولسا مىنى ساق قويامدۇ يوق بۇنى بىلمەيتتىم. شۇتاپتا«بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلۇپتۇ...»دىگەندەك نەقلا چۈشۈپ قالغان ئىدىم. ئاران دىگەندە جاننى ساقلاپ قالغىنىمدا يەنە بۇنداق خەتەرگە ئۇچرىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن، نىمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا ئۇ يوچۇن كىشى سۆز ئاچتى-: ھەي ئىنسان بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ ......ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ناھايىتى سۈرلۈك بولۇپ ئاڭلاۋاتقىچە بەدەنلىرىم تىترەپ دەرەختىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم. مەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ-: مە...مەن......ئۆ......ئۆيۈم يۇقۇرى تەرەپتە، يىلان قو...قوغلاپ كىتىپ مۇشۇ جايغا

پاناھلانغىلى كەلگەن...شۇنداق، پاناھلانغىلى كەلگەن... ھىلىھەممۇ تىترەشتىن توختىمىغان ئىدىم. ئۇ كىشى يەنە ـ: ئۇنداقتا ساڭا مىنىڭ ئۆيۈمدىن باشقا پاناھلانغىدەك جاي چىقمىدىما؟ ... ـ: نىم.....نىمە!......مە...مەن!........ئەمدى بولسا ئۇنىڭ راستىنلا جىنلار قەۋمىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ تىللىرىم كالۋالاشتى. نىمە قىلارىمنى بىلمەيتتىم، قىرىشقاندەك مەنمۇ كىلىپلا ئۇنىڭ ئۇۋۇسىغا كىلىپ قالغىنىمنى دىسە!قورقۇنچتا بىلىدىغان ئايەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.....تۇيۇقسىز قۇلاق تۇۋۇمدىلا قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ـ: تېز چۈشۈپ كەت!............. ـ: «ئاااااااااااا، ۋايجان!......»................. ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ھۇشسىز ياتقىنىمنى بىلمەيمەن بىراق ئويغانغىنىمدا تاڭ سۈزۈلگەن بولۇپ دەرەخنىڭ يىنىدا ياتقان ئىدىم، بەدىنىم ھىلىھەم قاتتىق يىقىلىپ كەتكەننىڭ دەستىدىن ئاغرىپ تۇراتتى. مەن پۇت ـ قوللىرىمنى سەل تۈزۈۋىلىپ قوپۇپ دەرھاللا ئەتراپقا قارىدىم، شۇنچە ئۇمۇدلىنىپ بۇلارنىڭ بىر چۈشۈم بولۇپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلغان بولسامۇ لىكىن بۇ ئەمەلىيەت ئىدى. مەن ھەقىقەتەن خارابىيلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىدىم، ئىچكىرىسىدە بولغاندىمۇ تۈنۈگۈن مەن كىرگەن كىرىش ئىغىزى ئەمەس باشقا بىر جايدا ئىدىم. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتىم ھەمدە ئاخشامقى ئىشلارنى يادىمغا ئالدىم. ـ: قانداق ئىش بۇ...ئاخشام ئالدىمغا ئازىراقلا ماڭغاندەك قىلىۋىدىم بىراق قانداقسىگە بۇنچىۋالا ئىچكىرىلەپ كەتكەندىمەن؟ ......لىكىن ئاخشام ئۈستىگە چىقىۋالغان دەرەخ دەل مۇشۇ شۇ...تىخى بۇ دەرەختىنمۇ يىراقلاپ كەتمەپتىمەن بولمىسا!......دەپ ئۆز ئۆزۈمگە سۆزلەيتتىم. بىراق دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىققىنىم يادىمدا، قانداق بولۇپ دەرەخنىڭ ئاستىدا يىتىپ قالغىنىم نامەلۇم. شۇڭا بەدەنلىرىمنىڭ ئاغرىپ تۇرىشىدىن دەرەختە يىتىپ ئۇخلاپ قىلىپ چۈشۈپ كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. مەن بەدەنلىرىمنىڭ ئاغرىپ تۇرىشىغا قارىماي مەستەك دەلدۈگىنىپ يۈرۈپ ئاخشام كىرگەن جايىمنى ئىزدەشكە باشلىدىم، مەقسىتىم پەقەت ئۆيگە قايتىپ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن دىدارلىشىۋالغاچ بولغان ئەھۋاللارنى يۇرتتىكىلەرگە سۆزلەپ بىرىش ئىدى. يەنە كىلىپ سىلىمنىڭ ھايات قالغان ياكى بۆرىلەرگە يەم بولغىنىمۇ ماڭا قاراڭغۇ، پەقەت ئۆيگە قايتالىسىلا ئاندىن قالغان ئىشلارنى بىلەلەيتىم. مەن ئادەتتە كۈنگە قاراپلا يۆلىنىشنى بىلەلەيمەن، شۇڭا كۈننىڭ چىقىش ئولتۇرىشى بويىچە يۆلىنىشنى توغۇرلاپ كەلگەن جايىمغا قاراپ ماڭدىم. بۇ چاغدىكى باسقان مۇساپەمنى ھىس قىلالىساڭلار ئىدى ماڭا ھەقىقەتەن ئىچىڭلار ئاغرىغان بولاتتى. مەن كۈن سۈزۈلگەندىن باشلاپ ماڭغىلى تۇرغان بىراق كۈن ئولتۇراي دىگۈچە ئارىلىقتا يول يۈرگەن بولسامۇ بۇ خارابىيلىقنىڭ ئاخىرىغا يىتەلمىدىم، ماڭغانسىرى يول ئۇزىراپ كىتەتتى، ئاخىرى مەنمۇ سىلەردەك ئىزىپ قىلىپ بىر جايىمنى چۆرگىلەۋەرگەن ئوخشايمەن دىگەن ئويغا كىلىپ قالدىم بىراق ھەر ـ بىر ماڭغان يېرىمدىكى يول، ئىمارەتلەرمۇ بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ماڭغانسىرى ئۇسسۇزلۇق ھەم ئاچلىق مىنى ھالسىرىتىشقا باشلىدى. ئويلىغانسىرى مۇشۇ جايدا ئۆلۈپ كىتىدىغاندەك

ھېس قىلىشقا باشلىدىم، ئۆلۈدىغىنىمنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمچە تەن بەرگۈم كەلمەيتى. شۇڭا ئۆزۈمنى ئالدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەتراپتىن يېگىلى بولىدىغان بىرەر نەرسە ئىزدەپ ماڭدىم بىراق قانداقلا قارىسام بۇ جايدا قەدىمكى خام كىسەك خارابىلىق بىلەن قۇيۇق ئۆسۈپ كەتكەن يۇلغۇنلاردىن باشقا ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى. شۇنىدىمۇ ئۇمۇدۈمنى ئۈزمەي داۋاملىق ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم، خېلى ۋاقىت ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمدا بىر دەرەخزارلىق كۆرۈندى، ئىچىمدە«نەدىن كەلگەن دەرەخزارلىقتۇ بۇ!...»دەپ ئويلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. بىرىپلا كۆرگىنىم شۇ بولدىكى خېلى كەڭ كۆلەمدىكى بۇ دەرەخزارلىقتا ھەرخىل دەرەخلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. تاكى قۇملۇقتا ئۆسىدىغان توغراقتىن تارتىپ تىرەك، مېۋىلىك دەرەخ.....ئىشقىلىپ دەرەخلەرنىڭ تۈرى كۆپ ئىدى. بۇنچە كۆپ دەرەخلەرنىڭ يەنە كېلىپ ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئۆسىدىغان بۇ دەرەخلەرنىڭ بىر جايدىلا شۇنداق باراقسان ئۆسۈشى مېنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. لېكىن ھازىر بۇلارنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بەلكىم بۇ خارابىلىق گۈللەنگەن دەۋرلەردە شۇنداق ئۆستۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. ئارىلاپ يۈرۈپ بىلمىدىكى پوتامغا(ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىلىگە چىگىۋالىدىغان لاتا بەلباغ، ھازىرقى يانچۇقلارنىڭ رولىنى ئۆتەيتتى. ئۇلار شۇنى چىگىۋالغاچقا ناھايىتى ھەيۋەت ھەم باتۇر كۆرۈنەتتى) ئالما، جىگدە، نەشپۈت دىگەندەك مېۋىلەردىن خېلى كۆپ ئۈزۈۋالدىم، كۆڭلۈمدە مۇشۇ مېۋىلەر بىلەن ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىپ بۇ يەردىن تىزرەك چىقىپ كېتىشنى ئويلايتتىم. گەرچە شۇنچە كۆپ مېڭىپ ھېرىپ كەتكەن بولساممۇ، ئۆيۈمگە قايتىش ئۈچۈن تىرىكشەتتىم. شۇنداق قىلىپ مېۋىلەردىن يەپ ئۇسسۇزلۇقۇمنى ھەم ئاچلىقىمنى بېسىقتۇرغاچ يولۇمنى داۋام قىلدىم، بىراق بارغانسىرى قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاۋاتاتتى. كۈننىڭ ئولتۇرىشىغا ئەگىشىپ بۇ جايدا ھەرخىل ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئەتىتىگەندىن بىرى ھېچقانداق شەپە يوق بۇ خارابىلىقنىڭ كېچە بولۇشى بىلەن بۇنداق جانلىنىپ كېتىشى مېنى سەل ئويغا سېلىپ قويدى. مەن جاڭگالدا تولا يۈرگەچكە كۈندۈزى پات ـ پات ئوتۇن تىرىپ كېلەتتىم، شۇ چاغلاردا كۈندۈزدە جىمجىتلىقتا چۆككەن جاڭگاللىق كېچە بولۇشى بىلەن ھەرخىل ئاۋازلار بىلەن تولاتتى، شۇندا خەتەرنىڭ باشلانغىنىنى بىلىپ ئىشنى توختىتىپ يېنىپ كېلەتتىم بىراق قانداق خەتەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، ئەمدى بولسا خارابىلىقنىڭ ئىچىدە خەتەرنىڭ باشلانغىنىنى ھېس قىلدىم. بۇنداق قارىغۇلارچە مېڭىۋەرسەم بۇگۈندىن ئۆتەلىشىم ناتايىن ئىدى شۇڭا تولۇق قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغىچە پاناھلانغىدەك بىرەر يەرنى تېپىپ تۈنەپ تاڭ سۈزۈلگەندە ئاندىن يولۇمنى داۋاملاشتۇرمىسام بولمايتتى...مەن يولۇمنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ ئەتراپتىن بۈگۈن كىچىدىن ئۆتىۋالغۇدەك بىرەر پاناھ جاي ئىزدەشكە باشلىدىم. تىزدىن تېپىۋالمىسام قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسىلا كۆرۈش قۇۋۋىتىمگە تەسىر يېتىپ پاناھ جاي تېپىش ئەمەس ئۆزۈمنىمۇ قوغدىيالماسلىقىم ئېنىق ئىدى. ئەتراپنىڭ ھەممە يىرى ئىمارەت بولسىمۇ بۇ ئىمارەتلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ ئۆڭكۈرلەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى، ئىشىكلىرىمۇ يوق بۇ ئۆيلەر مېنى

قۇتقۇزۇش ئەمەس قاراپ تۇرۇپلا يىرتقۇچلارغا ئۆزۈمنى تۇتۇپ بەرگەنگە ئوخشاش بولاتتى. نەگىلا بارسام كۆز ئالدىمدا شۇ ئىشىك تۆشۈكلىرى يوق ئۆڭكۈرسىمان ئۆيلەر تۇراتتى، ئۈنىڭ ئۈستىگە كۈن ئولتۇرۇپ بارغانسىرى قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، ئەمدى بولسا باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال قالمىغان ئىدى. ئامالسىز ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم ھەم بىخەتەرلىكىم ئۈچۈن يېنىمدىكى خەنجىرىمنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئەتراپىنى كۆزەتكەچ يوشۇرۇن، تۇيۇقسىز يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان خەۋپىلەرگە دىققەت قىلىپ كېتىۋاتاتتىم. ئەتراپتا پات ـ پات يۇلغۇنلارنى شىلدىرلىتىپ ئۆششاق جانىۋارلارنىڭ ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ھازىرچە خېلى بىخەتەر ئىدى. شۇنداق نىشانسىز ئايلىنىپ يۈرۈپ كەچمۇ بولدى ئەمدى بولسا نەرسىلەر قاراڭغۇلۇقتا كۆزۈمگە ھەرخىل شەكىلدە كۆرۈنۈپ مېنى گاڭگىرىتىپ قويىۋاتاتتى، ھەرخىل شەكىلدىدە كۆرۈنىۋاتقان بۇ جىسىملارنىڭ قايسىنىڭ دەرەخ، قايسىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيلەر، قايسىنىڭ ئابىدە قىلىپ تىكلەنگەن ھەيكەللەر ۋەياكى ئەتراپتىن ئوزۇقلۇق ئىزدەۋاتقان يىرتقۇچلار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنداق دىلغۇلچىلىقتا كېتىۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز يېقىن ئەتراپتىن ناھايىتى جاراڭلىق ھەم سۇرلۇك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز بۆرىنىڭ ھوۋلىشىغىمۇ ئوخشاپراق كېتەتتى. قىززىق يېرى ئۇنىڭ ھوۋلىشى بىلەن تەڭ ھەرخىل ئاۋازلار جىمىقىپ قالدى. شۇندا يۈرىكۈم ئەنسىز سوقۇپ ماڭا بىر خەتەردىن بىشارەت بەردى، يەنە كېلىپ ئادەتتىكىچە خەتەردەك قىلمايتتى. مەن دەرھال بىر قويۇق يۇلغۇنلۇقنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇندۇم، گەرچە يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسى بىخەتەر بولمىسىمۇ يىرتقۇچلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ۋاقىتلىق يوشۇرۇنۇشقا ئەس قاتاتتى. شۇنداق قىلىپ يۇلغۇننىڭ ئارىسىغا كىرىپ قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتىم، دېگەندەك ئەتراپىمدا تىۋىش ئاڭلاندى ئاڭلانغاندىمۇ يالغۇز ئەمەس بەلكى ئۈچ تۆت جانلىقنىڭ تىۋىشى ئىدى. كۆڭلۈمدە«راسىرىنلا توپلىشىپ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان بۆرىلەركەندە، ئۇلار مېنى سىزىپ قالسا نىمە قىلىۋېتەر!»دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدىم. توساتتىن يان تەرەپتىكى يولدىن گۈلدۈرلىگىنىچە ھاسىراپ دىگۈدەك تۆت ـ بەشچە قارا سايە يۈگۈرۈپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تەققى تۇرقى ئادەملەرگە ئوخشاپمۇ قالاتتى، ئۇلارنى كۆرۈپ چىقاي دېدىمىيۇ بىراق قاراڭغۇدا خاتا كۆرۈپ قىلىپ ئۆزۈمنى خەتەرگە ئىتتىرىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئىككىلىنىپ تۇرغىنىمدا بايىقى سايىلەر كەلگەن تەرەپتىن يەنە نىملەردۇر خىرىس قىلغىنىچە ئالدىدىكىلەر ماڭغان تەرەپكە ئوقتەك يۈگۈرۈپ كىتىپ قالدى. مەن تىخىمۇ دىلغۇلچىلىقتا قىرمىرلىماي ئولتۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتاتتىم، قولۇم بولسا يەنىلا شۇ خەنجىرىمنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئىدى، ئەمدى بولسا ئەتراپ بىردىنلا جىمىقىپ ناھايىتى سۇرلۇك بىر مۇھىت ھاسىل بولدى. شۇ تاپتا چىقىشنى ياكى مۇشۇ يەردە بىكىنىپ ئولتۇرۇشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم، چىقسام يەنە قانداق خەتەرلەرنىڭ مېنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيمەن، چىقمىسام بۇ يەردە كېچىچە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرسام يىرىم كېچىلەردە

چوقۇم بىرەر يىرتقۇچلار تەرىپىدىن سىزىلىپ قىلىپ خەتەرگە يولۇقىشىم مۇمكىن. ......ئويلىغانسىرى گاڭگىراپ قالدىم شۇڭا كەسكىن قارار چىقىرىپ ئەتراپنى راۋۇرۇش بىر كۆزىتىۋەتكەندىن كىيىن دەرھال بۇ جايدىن ئايرىلىشنى توغرا تېپىپ ئەتراپنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدىم. بىراق بەك قاراڭغۇ بولغاچقا پەقەت سايىسىدىنلا ھەركەتچان ياكى ھەركەتسىز جىسىم ئىكەنلىكىنى يەكۈنلىگىلى بولاتتى، شۇڭا ھەر بىر نەرسىگە ئىنچىكىلىك بىلەن بىردەمدىن قاراپ تۇردۇم، ئاندىن ھەممىسىنىڭ ئەتراپتىكى يۇلغۇن، دەرەخلەر ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يوشۇرۇنغان يېرىمدىن ئاستا چىقتىم.

دەرۋەقە ئەتراپ تېپتىنچ بولۇپ بايىقى مەخلۇق، قارا سايىلەرنىڭ شەپىسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. شۇندا سەل خاتىرجەم بولۇپ يولۇمنى داۋام قىلاي دەپ تۇرۇشىمغا ئۇدۇلىمدىلا بىر نەرسىنىڭ ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، خاتالىشىپ قالدىممىكىن دەپ كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يوغان ئېچىپ قايتا قارىدىم، دەرۋەقە ئادەم سىياقىتىكى بىر نەرسە يۇلغۇننىڭ يېنىدىلا ماڭا قاراپ تۇراتتى، دىمەك ئۇ مەن يوشۇرۇنغاندىن باشلاپ ياكى بىردەمدىن كىيىن مىنى بايقاپ قىلىپ ئۈركۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قىمىرلىماي مىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىكەن، ئەمدى بولسا مەن يۇلغۇنلۇقتىن چىقىشىمغىلا ئۇمۇ مەن بىلەن تەڭ ھەرىكەتكە كەلدى.

جىددىيلىشىپ ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈپ خەنجىرىمنى سۇغارغان بولساممۇ لىكىن ئۇنى«ئادەم بولۇپ قالمىسۇن يەنە!»دەپ ئويلاپ ئاستا ئۇ تەرەپكە سىلجىدىم ـ: كىمسەن!...ئۇيەردە نىمىش قىلىسەن ئادەم بولساڭ گەپ قىل!...... بىراق ئۇنىڭدىن ئىنجا چىقمىدى، يەنە بىر قېتىم سورىدىم بىراق ئوخشاشلا جاۋاپ كەلمىگەندىن كىيىن سەل نورمالسىز ھىس قىلىپ خەنجىرىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدىم، بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ يېنىغىلا كىلىپ قالغان بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم ئىغىزىمغا تىقىلىپلا قالدى. چۈنكى كۆز ئالدىمدا چىرىپ يۇلغۇنلار بىلەن بىر شەكىلدىلا بوپ كەتكەن، ئىغىز، كۆز، بۇرۇنلىرىنىڭ ئورنىدا تۆشۈكلا قالغان بىر ئادەمنىڭ جەسىدى تۇراتتى. ـ: بابا تىخى ئۇنىڭ مىدىرلىغىنىنى ئىنىق كۆرگەن ئىدىمغۇ...ئەجىبا ئۇ!............ شۇنداق دەپ تۇرۇشۇمغا ئالدىمدىكى جەسەت قورقۇنۇچلۇق ھۆركىرىگىنىچە ماڭا تاشلاندى. ......... ـ: «ئاااااااااااااااااااااااااااا!.........»

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب3 ـ قىسىم)

مەن ۋارقىرىغىنىمچە قاچماقچى بولدۇم، قىلىچمۇ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. دەماللىققا بۇنداق ھالەت مىنى بەكلا چۆچۈتىۋەتكەن ئىدى شۇڭا ئىنكاسىم قىچىشقا تىز كەلگەن ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئىنكاسى مەندىنمۇ تىز كىلىپ مۈرەمگە ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى پاتۇرۇپلا تۇتۇۋالدى، ئاغرىقنىڭ دەستىدىن قاتتىق ۋارقىراپ كەتتىم ھەم بۇ تۈيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشقا ئەقلىم يەتمەيلا قالدى. خىيالىمدا پەقەت«قانداق بولۇپ ئۆلگەن جەسەت ھەرىكەت قىلالايدۇ؟ »دىگەنلەرنىلا ئويلايتتىم، ئويلىغانسىرى يۈرۈكۈم قىپىدىن چىقىپ كىتىدىغاندەك بولۇپ كىتىۋاتاتتى. شۇندا ئىسىمگە كىلىپ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسۈتۈش ئۈچۈن مۈرەمنىڭ

ئاغرىقىغا قارىماي ئۈنىڭغا مۇش ئاتتىم، بىراق زەردە بىلەن تەككەن مۇشلىرىم ئۈنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى، ئەمدى بولسا ئۈنىڭ سىھىرلەنگەن ئالۋاستى ئىكەنلىكىگە ھەققىي ئىشەندىم. ئۇ توختىماي مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى لېكىن مەنمۇ ھايات قىلىش ئۈچۈن ئالۋاستى بىلەن تىركىشەتتىم، بىراق قانداقلا قىلسام ئۈنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى مۇرەمدىن ئاجرىتالمىدىم. ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن خەنجىرىمنى پۇتۇمدا ئىلىپلا كۆتۈرۈپ چاققانلىق بىلەن تۇتىۋالدىمدە جەسەت ئالۋاستىنىڭ مۇرەمگە پاتۇرىۋالغان قولىغا شىلتىدىم...ئالۋاستى قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق چىرقىراپ كەتتى لېكىن ئۈنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىق ئۇزۇلگەن قولى ھېلىھەممۇ مۇرەمگە پاتۇرۇقلۇق ئىدى. مەن ئالۋاستىنىڭ بىخۇدلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۈنىڭغا يەنە بىر قېتىم قىلىچ ئۇردۇم، ئەمدى بولسا جەسەت ھەرىكەتتىن توختاپ، ئىككى پارچە بولغان ھالدا ئالدىمدا ياتاتتى. مەن تەسلىكتە مۇرەمگە پاتۇرۇلۇپ قالغان جەسەتنىڭ قولىنى يۇلۇپ ئىلىپ تاشلىۋىتىپ بار كۈچۈم بىلەن قاچتىم، قىچىۋاتقاچ نىمىلەرنىڭدۇر چىرقىرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. يەنە كېلىپ ئۇ ئاۋازلار ئەتراپىمدىلا ئاڭلىنىۋاتاتتى. مەن جىددىيلىشىپ تىخىمۇ تېز قىچىشقا باشلىدىم، قىچىۋاتقاچ تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە قاتتىق سوقۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتۇم. «ۋايجان!......»دىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر سايە مەن بىلەن تەڭ يەرگە يىقىلدى. ھودۇقۇپ كېتىپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ قاچاي دىيىشىمگە ئۇ كىشى ــ: مەندىن يىراق تۇر، يىقىن كەلمە!.........دىگىنىچە يەرنى تىپىچەكلەشكە باشلىدى. مەن دەرھال توختاپ ــ: كىم سەن، ئادەممۇ ياكى ئالۋاستىمۇ؟ ......... دەپ سورۇدۇم، ئۇ كىشى بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىپ ــ: مەن ئادەم، مەن ئادەم!.................دىگىنىچە ئاستا ئورنىدىن تۇردى. شۇ تاپتا ئۈنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. «بىرەر جەسەت مېنى ئازدۇرۇپ يەم قىلىشنى ئويلاۋاتقان بولمىسۇن يەنە!...»دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە...ھەمدە ئۈنىڭدىن سورىدىم ــ: ئۇندا قاتا ئىسمىڭ نىمە، قەيەردىن كەلدىڭ؟ ...... ــ: ئىسمىم سەمەت، تونۇغۇن بەشەيلەن بۇ جايغا كىرگەن ئىزىپ قىلىپ تىخىچە چىقىپ كىتەلمەيۋاتىمىز...مېنى قۇتقۇزىۋىلىڭ ئاكا!.............ئۈنىڭ ئاۋازىدىن ھەم ئىسمىدىن تونۇغۇن بىز بىلەن كېلىپ خارابىيلىقتا بايلىق ئىزدەش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەنلەر يادىمغا كەلدى ــ: ۋوي، سەمەتمۇ سەن!......مەن ئابلا......ئابلا قوتاز، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ ...... ــ: ئابلاكاممۇ سىز، تونۇدۇم تونۇدۇم!......... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ مەن تەرەپكە كەلدى، دىگەندەك ئۈنىڭ چىرايىنى غۇۋا كۆردۈم. ئۇ راستىنلا بىز بىلەن بىللە كەلگەن سەمەت ئىدى. مەن ــ: قالغانلار قېنى، قانداق بولۇپ بۇيەردە تەمتىلەپ يۈرىسەن؟ .............. ئۇ يىغلاپ كىتىۋاتاتتى ــ: ھۇ ھۇ ھۇ...باشقىلار......باشقىلارنى بىلمەيمەن، ئارىمىزدىن روزىنى بىر غايەت زور ھايۋان تۇتىۋۇلىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىۋەتتى، بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۈنى قۇتقۇزالمىدۇق......دەپ كەلسەم گەپ بەك جىق!................. ئۇ يىغلىغاچ شۇنداق دەۋاتاتتى، مەن ئۈنى بەزلەپ ــ: بولدى

يىغلىما، ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قالسا ئۇلار بىزنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن شۇڭا بىز ئاۋال بىخەتەر جايدىن بىرنى تېپىپ شۇ يەردە پاناھلىنايلى ئاندىن قالغان گەپلەرنى ماڭا سۆزلەپ بەر بولامدۇ؟ ...... ـ: ماقۇل ئاكا، ماقۇل............... ـ: يۇرە ئاۋۋال ھاياتىمىزنى ساقلاپ قىلىشىمىز كېرەك!......... مەن شۇنداق دېگەچ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدىم. بىراق شۇ تاپتا قەيەرگە ماڭغىنىم، نەدىن بىخەتەر جاي تاپالىشىم ماڭا قاراڭغۇ پەقەت بىرەر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى تىلەيتتىم، مۇرەمنىڭ ئاغرىقىمۇ مېنى قىيناۋاتاتتى. بىز شۇ يوسۇندا خېلى يۈگۈردۇق، قېچىۋاتقىچە كەينىمدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىپ پات ـ پات كەينىمگە قاراپ قوياتتىم. بىراق نىمە پايدىسى...ھەممە نەرسە ئالۋاستىدەك كۆرۈنۈپ، قوللىرىنى سوزغان ھالدا بىزگە ئەگىشىۋالغاندەك ھېس قىلىپ تېخىمۇ قورقۇپ كېتەتتىم. شۇنداق قېچىپ توساتتىن بىزدىن خېلى يىراق بولغان جايدا بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپ قالدىم ھەمدە سەمەتتىن ـ: توختا، ئاۋۇ جايدا يورۇقلۇق كۆرۈنىۋاتامدۇ مەن شۇنداق ھېس قىلدىممۇ؟ .........دەپ سورىدىم، ئۇمۇ توختاپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ـ: ياق خاتا ئەمەس ئۇ ئېلىدەك قىلامدۇ نىمە؟ ... ـ: نىمە، ئېلىنى دەمسەن؟ بۇنى قانداق بىلدىڭ؟ ...... ـ: ھەئە ئېلى شۇكەن، ئۇ بۇ جايغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا قولچىراقتىن بىرنى ئېلىۋاپتىكەن بىز ئېچىگە كىرىپ ئىزىپ قالغاندا كەچ بولۇپ كەتتى شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولچىرىقىنىڭ يورۇقىدا ئىزدەپ يۈرۈپ بىر ئۆيدە پاناھانغان لېكىن يېرىم كېچە بولغاندا بىر بۆرىگە ئوخشايدىغان لېكىن ناھايىتى يوغان كۆزلىرى قىپقىزىل بىر مەخلۇق تېپىۋېلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن روزىنى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرىۋەتتى. بىز ئۇنىڭ روزىنى تالاۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىققان لېكىن قېچىۋاتقۇچە بۆلۈنۈپ كەتتۇق. شۇڭا ئەتتىگەندىن بېرى ئۇلارنى ئىزدەۋاتاتتىم...ئۇ چوقۇم ئېلى!............. ـ: ئۇنداقتا يۇرە ئۇنىڭ بىلەن دەرھال تېپىشىۋالايلى!............ بىز يورۇقلۇق چىققان تەرەپكە يۈگۈردۇق، يورۇقلۇق بىردەم يەرگە بىردەم ئاسمانغا چۈشەتتى ھەم يۆتكىلىشى ئىنتايىن تېز ئىدى، بىز يورۇقلۇقنى قوغلاپ يۈگۈردۇق...يورۇقلۇق يېقىنلاشقانسېرى بىرسىنىڭ تىترەك ئاۋازدا تووۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، دېمەك ئۇ باشقىلار بىلەن تېپىشالماي قورقۇنچتا بىزنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىدى. مانا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقىمۇ ئاز قالدۇق بىز بىرتەرەپتىن تووۋلىغاچ ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىشقا باشلىدۇق. دەرۋەقە ئۇ كۆز ئالدىمىزدىلا ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ شۇ تووۋلىغىنىچە بىزنىڭ«مانا بىز، تېز بۇيەرگە كەل!...»دېيىشلىرىمىزگىمۇ پەرۋا قىلماستىن يۈگۈرگىنىچە بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ـ: ھوي، ئۇ ساراڭ بوپ قالدىمۇ نىمە، بىز مايەدە دەپ تووۋلاۋاتساقمۇ ئۆتۈپ كەتتىغۇ بۇ؟ ..............مەن شۇنداق دېگىنىمچە تىرىكىپ كەتتىم. سەمەت ـ: بەلكىم ئۇ تېز يۈگۈرىۋاتقاچقا ھەم ئارلىقىمىز بەك يېقىن بولمىغاچقا بىزنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا بەك قورقۇپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا كىمنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرىدۇ دەيسىز!...... سەمەتنىڭ دېگىنىمۇ بىر

ھېساپتا توغرا ئىدى، ئىپلى يۈگۈرۈپ كەلگەندە ئارىلىقىمىز يەتتە سەككىز مېتىرچە بار ئىدى، ھەم ئۇ ناھايىتى تېز يۈگۈرىۋاتقاچقا دەماللىق بىزنى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىز تىڭىرقاپ تۇرغاندا نىمىلەرنىڭدۇر گۈلدۈرلەپ كىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىمدە دەرھال سەمەتنى تارتىپلا يۇلغۇننىڭ ئارىسىغا مۆكتۇم. دەرۋەقە ھېلىقى بۆرىگە ئوخشايدىغان قىزىل كۆز مەخلۇقتىن بىرسى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئىپلى قاچقان تەرەپكە كەتتى. ئەمدى بولسا ئىپلىنىڭ نىمە ئۈچۈن بىزگە قاراپمۇ قويماستىن جىنىنىڭ بارىچە قېچىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم ـ: سەمەت تېز بول، ئىپلىغا يېتىشىۋالايلى ئۇنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك!........ مەن شۇنداق دىگىنىمچە سەمەتنى ئىلىپ ئىپلى قاچقان تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم، بىزنىڭ ئۇنى تاپالىشىمىزغا قولچىرىقىنىڭ يورۇقى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل ئىدى. شۇڭا نۇرنى يوقۇتۇپ قويمىغان ئاساستا ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدۇق. نۇرمۇ بارغانسىرى يىراقلاۋاتاتتى، بىزمۇ بارلىق كۈچىمىز بىلەن كەينىدىن يۈگۈرگەچ ئۇنى توۋلايتتۇق. توساتتىن ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ نۇر غايىپ بولدى، دىمەك مەخلۇق ئۇنىڭغا يېتىشىۋىلىپ تۇتىۋالغاندەك قىلاتتى، مەن بىر سەپەدىشىمىزدىن بولسىمۇ ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن نۇر يوقاپ كەتكەن جاينى ئىلغا قىلىۋىلىپ شۇ يۆلىنىشكە قاراپ يۈگۈردۈم. ھاسىراپ دىگۈدەك كەلگىنىمدە بولسا قولچىراق يەرگە چۈشۈپ كەتكەن يىنىدىراق كىملەردۇر ئىلىشىۋاتاتتى. مەن يۈگۈرۈپ بىرىپ قولچىراقنى ئىلىپ ئۇلارغا تۇتۇپلا تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى ئىپلى بەدىنىدىن سۆڭەككە ئوخشاش قاتتىق شاخچىلار ئۆسۈپ قالغان، ئىغىزلىرىدىن شۆلگەي ئىقىتىپ تۇرغان، چىشلىرىنىڭ ئۆتكۈرىكىدىن چىشلەپلا قالسا شۇ جاينى يۇلۇپ ئالغۇدەك ئەلپازدىكى قىزىل كۆزلۈك بىر مەخلۇقنىڭ ئاستىدا تىپىرلاپ ياتاتتى. ئىپلى ئىككى پۇتى بىلەن مەخلۇقنىڭ مەيدىسىگە چىڭ تىرىۋالغان بولۇپ مەخلۇق ئۇنى چىشلەشكە ئۇرىناتتى، شۇندا خەنجىرىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ مەخلۇققا تىقىتىم بىراق قىلىچىم ئۇنىڭغا ئۆتمىدى، مەن نەچچە رەت خەنجەر ئۇرغان بولسامۇ ئۇنىڭ قاتتىق مۇداپىيە قېپىنى يارالمىدى. ئەمدى بولسا ئىپلى بىلەن تىركىشىۋاتقان مەخلۇق بىردىنلا ماڭا تاشلىنىپ ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن مەيدەمدىن ئىتتىرىپلا يەرگە بىسىۋالدى، بەلكىم بۇ مەخلۇقنىڭ بويسۇندۇرۇش تاكتىكىسى مۇشۇنداق بولسا كىرەك. قوتازدەك كۈچۈممۇ بۇ مەخلۇقنىڭ ئالدىدا كارغا كەلمەي قالدى، شۇنچە تىركىشىپمۇ ئۇنىڭ تىگىدىن قوپالمىدىم مەخلۇق بولسا كانىيىمنى چەنلەپ ھۇجۇم قىلاتتى ئەگەر ئۇنىڭغا پۇرسەت بىرىپ قويسىملا جاندىن جۇدا بولاتتىم. ئىپلى بولسا ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن يېتىپ قالغان سەمەت بولسا تېخىچە كىلىپ بولالمىغان ئىدى، ئاخىرى ئۆزۈمگە تايانمىسام ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى ھىس قىلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ يوغان ئىغىزىنى ژىرىپلا تۇتىۋالدىم. بۇ قانداق ئىسمىگە كەلگەن دىسەڭلار مەن جاڭگالدا ئوتتۇز تەرگىچە ھەم كىچىلەردە ئىتىزغا سۇ ئاچقىچە داۋاملىق لالما ئىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتىم. ئۇلار داۋاملىق ماڭا ھۇجۇم قىلغاندا ئاستى ـ ئۈستى قوۋزىنى ئىككى تەرەپكە ژىرىپ تۇتىۋالسام ئۇلار

ماڭا ئاسانلىقچە ھۇجۇم قىلالمايتتى. بىر قېتىم تېخى بىر لالما ئىتنىڭ ئىغىزىنى شۇنداق تۇتۇۋېلىپ ئاستى ـ ئۈستىگە قارشى ھالدا كۈچەپ تارتىپ ئىغىزىنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىغان ئىدىم. كېيىن بىرسىدىن ئىتلارنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنىڭ بىشى ئىكەنلىكىنى قاتتىقراق بىسىمغا ئۇچرىسىلا شۇ ھامان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ مەخسۇس، ناھايىتى تورى بار ھەم ئەپلىك كەلگەن بىر كالتەكنى ياسىۋېلىپ شۇ بويىچە نۇرغۇن لالما ئىتلارنى ئۆلتۈرگەن ئىدىم. ئەمدى گەپكە كەلسەك بۇ مەخلۇق بولغاندىكىن بۇ ئامالمۇ چوقۇم ئەس قىتىپ قىلىشى مۇمكىن، بىراق ئەڭ ئاۋال مەن بۇنىڭ ئاستىدىن قوپۇۋېلىشىم كىرەك ئىدى. شۇڭا بار كۈچۈم بىلەن ئىغىزىنى ژىرىشقا باشلىدىم، دەرۋەقە ئازراق ئۈنۈمى بولۇپ مەخلۇق كەينىگە قاتتىق سىلكىنىپ ئىغىزىنى قولۇمدىن ئاجرىتىۋالدى مەنمۇ ئۇنىڭ ئاستىدىن دەرھاللا قوپۇۋالدىم ھەمدە خەنجىرىمنى قايتا باشتىن قولۇمغا ئىلىپ مەخلۇققا قارىتا جەڭ ھالىتىگە ئۆتتۇم. مەخلۇقمۇ ئۆزىنى تۈزىۋالغاندىن كېيىن ماڭا قايتا باشتىن ھۇجۇم قىلدى، بۇ قېتىم مەن چاققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرغاچ قىلىچ ئۇرىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ بەدىنىگە قىلىچ ئۆتمىگەندىن كېيىن باشقا يىرىنى نىشانلاشقا باشلىدىم، ئۇ ماڭا ئىتىلغاندا ئۆزۈمنى قاچۇرغاچ ئۇنىڭ مەن «ئاجىز يىرى»دەپ ئويلىغان ھەر بىر ئەزاسىغا ھۇجۇم قىلدىم، دەرۋەقە ئۇنىڭ پۇتىغا قىلىچ ئۇرغىنىمدا ئۈنۈمى بولۇپ بىر پۇتى ئۈزۈلۈپ چۈشتى. مەخلۇق بولسا تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ماڭا جان ـ جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. ئىتىلىپ كەلگەن مەخلۇقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرىۋاتقىچە ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى مەيدەمنى تىلىۋەتتى، شۇ تاپتا بەدەنلىرىم قانغا مىلەنگەن ئىدى. ھەم قان چىقىۋەرگەچكە ھالسىزلىنىشقا باشلىدىم، شۇندا ئۇ مەخلۇق بىلەن ئۇزۇن تىركەشسەم ئۆزۈمگە پايدىسىزلىقىنى ھىس قىلىپ ئۇنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىغا بار كۈچۈم بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدىم، بۇ پەيتتە سەمەتمۇ يىتىپ كەلدى بىراق بولۇنىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ قىتىپلا قالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ـ: سەمەت تىز بول ماڭا ياردەملەش، ئۇنىڭ پۇتىغا ھۇجۇم قىل!..........دەپ ۋارقىرىغاچ مەخلۇققا ئىتىلدىم، سەمەتمۇ دىگىنىم بويىچە قىلىچىنى چىقىرىپ مەخلۇقنىڭ پۇتىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مەخلۇق بولسا بىزگە خىرىس قىلىپ ئىتىلىپ چىكىندۈرۈشكە تىرىشاتتى، بىراق مەن چىكىنسەكلا ئۇنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتىۋالىدىغانلىقىنى سىزىپ ئۇنىڭغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلدىم. مەخلۇق پۇتىغا ھۇجۇم قىلىشقا تىرىشىۋاتقان سەمەتكە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، سەمەت بولسا قارشىلىق قىلالماي كەينىگە چىكىنىۋاتاتتى. مەن مەخلۇقنىڭ سەمەتكە ھۇجۇم قىلىۋاتقان پۇرسىتىدە ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردۇم بىراق ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆرۈلۈپ مەن ئۇرغان خەنجەرنى چىشلەپلا تۇتىۋېلىپ كەينىگە قاتتىق سىلكىدى. زەربىدىن قولۇمدىكى خەنجەر مەخلۇقنىڭ ئىغىزىدا قىلىپ قۇرۇق قول قالدىم. مەخلۇق بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىغىزىدىكى خەنجەرنى يەرگە چۆرۈۋىتىپ ماڭا ئىتىلىپ كەلدى، شۇ تاپتا ھاياتىم قىل ئۈستىدىلا قالغان ئىدى، مەخلۇق مىنى تۇتۇۋېلىۋالسا قىيما ـ چىيما قىلىۋىتىشى ئىنىق ئىدى. شۇ پەيتتە سەمەتكە ۋارقىرىدىم ـ: سەمەت قولۇڭدىكى

خەنجەرنى تىز ئېتىپ بەر!............. بۇ قاراڭغۇدا خەنجەرنى تۇتالىسام ھايات قالىمەن ئەگەر تۇتالماي قالسام ئىنىقلا ئۆلىمەن، شۇڭا خەنجەرنى چوقۇم تۇتىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. سەمەتنىڭ خەنجىرىنى ئېتىپ بېرىشى بىلەن تەڭ مەخلۇقمۇ ئېتىلىپ كەلدى. سەزگۈم بويىچە چاققانلىق بىلەن خەنجەرنى تۇتىۋېلىپ ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ مەخلۇقنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ مېڭىسىگە كۈچەپ قىلىچ ئۇردۇم. مەخلۇق بىسىمنىڭ تۆپەيلى ئۆزىنى توختىتالماي مۇدۇرۈپ كېلىپ خەنجەرنىڭ سېپىگە كەلگەندە ئاندىن قاتتىق ھۆركىرىگىنىچە توختىدى، بىراق تىخى جىنى چىقمىغان بولۇپ يەردە خىرىلداپ ياتاتتى. مەن خەنجەرنى مەخلۇقنىڭ مېڭىسىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ قولچىراقنى تېپىپ ئۇنىڭغا يورۇتتۇم، شۇ تاپتا مەخلۇق ھىلىھەم خىرىس قىلغان ھالدا سۇنايلىپ ياتاتتى شۇندا ئۇنىڭ بويۇنىغا قىلىچ ئۇرۇشۇم بىلەن تەڭ بېشى ئۈزۈلۈپ دومىلاپ كەتتى. ئەمدى بولسا ئۇ ھەرىكەتتىن پۈتۈنلەي توختىغان ئىدى، مەن ئېلىنىڭ تۆپىگە باردىم ئۇنىڭ بويۇن قىسمى ئازىراق يىرتىلغان بولۇپ قان ئېقىۋاتاتتى. ـ : سەمەت ئۇنى تىز يۆلەيلى، بىخەتەر جايغا ئاپىرىپ قاننى توختاتمىساق ئۇنىڭغا خەتەر يېتىشى مۇمكىن!............ ـ : بولىدۇ ئاكا!........ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە مەن بىلەن بىللە ئېلىنى يۆلىدى، بىز ئۇنى يۈدىگىنىمىزچە قولچىراقنىڭ يورۇقىدا بىخەتەر جايغا ئورۇنلىشىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتۇق!.................................

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب4 ـ قىسىم)

ھازىر بولسا باشتىكىگە قارىغاندا خىلى ياخشى ئىدى، چۈنكى قولىمىزدا قولچىراق بولغاچقا يوللارنى ئېنىق پەرق قىلىپ ماڭالايتتۇق، بۇنداق بولغاندا ھەم ئالۋاستىلارنىڭ بىزگە يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىشىدىنمۇ ساقلىنالايتتۇق. بىز خىلى ئىزدىگەندىن كېيىن سىلەر پاناھلىنىۋالغاچ مىنى قۇتقۇزىۋالغان ھىلىقى ئۆڭكۈرنى بايقىدۇق، دەسلەپتە بىز ئۇنىڭ ئىچىدە قانداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەي سەل گۇمانسىراپ قالغان شۇڭا قولچىراقنى يورۇتۇپ خەنجەرلىرىمىزنى تەقلەپ ئاستا ئىچىگە كىردۇق لىكىن خۇشاللىنارلىق يېرى بۇ جايدا ئۇششاق يىلانلاردىن باشقا ھىچقانداق نەرسە بايقالمىدى. ئالدىدا كۆرگەن ئالۋاستىلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يىلانلار نىمىتى دەيسىلەر، ئۇلارنى ئۆڭكۈردىن قوغلاپ چىقىرىۋىتىپ مۇشۇ يەردە پاناھلانماقچى بولدۇق بىراق ئىشىك بولمىغاچقا بۇ جاي يەنىلا خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئەتراپىدىكى تاشلاردا ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىنى ئەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا توساتتىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىنى توسۇشقا ئىشلەتكەن ھىلىقى يوغان قورام تاشقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئاندىن سەمەت بىلەن خىلى ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئۇ قورام تاشنى يۆتكەپ ئەكىلىپ ئۈستىگە يۆلغۇنلاردىن ئازراق ئارتىپ ئاندىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىنى ئەتتۇق. سىرتتىن قارىغاندا بۇ جايدا ئۆڭكۈر بارلىقى ئانچە چېلىقىپ كەتمەيتتى شۇنداق تۇرۇپ سىلەر قانداق تېپىۋالدىڭلاركىن!...دىدى ئابلاكام.
ـ : ئاندىن ئىچىگە كىرىپ پاناھلانغاچ ئۆزۈم ۋە ئېلىنىڭ يارىسىنى تېڭىشقا باشلىدىم، يارىمىزنى تېڭىپ بولۇپ ماغدۇرغا كېلىۋېلىش ئۈچۈن بەلۋېغىمنى يېشىپ ئىچىدىكى مېۋىلەرگە

قاراپ ئىچىم ئاچچىق بولدى. چۈنكى تەڭدىن تولىسى چۈشۈپ قاپتۇ ھەم بايا مەخلۇق بىلەن ئېلىشقاندا كۆپىنچىللىرى يەنجىلىپ كىتىپتۇ. نىملا بولسۇن مۇشۇلارنىڭ قالغىنىمۇ چوڭ ئىش ئىدى، ئاردىن سەمەت مىۋىلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى ـ : ۋۇي، ئاكا بۇ مىۋىلەرنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟ ...... ـ : ھە، مەن بۇيەردىن چىقىپ كىتىدىغان يەرنى ئىزدىگەچ كىتىۋاتقىنىمدا ئالدىمغا بىر دەرەخزارلىق ئۇچقىدى، كۆلىمى خىلى چوڭكەن...شۇنىڭ بىلەن قارىسام توغراقمۇ تۇرىدۇ ئۇ يەردە، تىرەكمۇ تۇرىدۇ، سۆگەتمۇ تۇرىدۇ، مىۋىلىك دەرەختىن ئالما، ئامۇت يەنە تىخى جىگدە دەرىخىمۇ باركەن مانا ئاچ قالماي دەپ ئۈزىۋالغان ئىدىم راسلا ئەس قاتتى!......... ئۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ـ : چاقچاق قىلمىڭە ئاكا، بىز ئىككى كۈندىن بىرى بۇ يەرنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ بىزگە ئۇچقىمىدىغۇ بۇ مىۋىلىك دەرەخلەر؟ .........
ـ : ئۇنى بىلمىدىم بىراق مەنمۇ شۇ كۈنى كەچتە بۇ جايغا قىچىپ كىلىۋالغان ئۈنىڭدىن كىيىن ئايلىنىۋاتىمەن، ئايلىنىۋاتىمەن ھىچ ئايىقىغا چىقىپ بولالمىدىم!.........كۈندە نەچچە قىتىم كۆرىدىغان بۇ خارابىلىق قارىماققا نەچچە كىلومىتىرلا كىلىدىغاندەك تۇيۇلىۋاتاتتى بىراق ئىچىگە كىرىپ قالغاندىن بىرى بىر كۈن توختىماي يول مىڭىپمۇ ئاخىرىغا چىقالمىدىم. تىخى قورقۇنۇچلۇق ئالۋاستىلارنى، مەخلۇقلارنى كۆردۈم يەنە تىخى ئىلىشىپمۇ باقتىم. ھەيتاڭ بۇ جاي سىھىرلىۋىتىلگەن قەلئەنىڭ ئۆزىلا ئىكەن!......... كايىشىمنى سەمەتمۇ قوللاپ قويىدى ـ : توغرا دەيسىز ئاكا، بۇ جاي ھەقىقەتەن بەند قىلىۋىتىلگەن قەلئە ئوخشايدۇ، بىزمۇ بۇ جايغا كىرگەندىن باشلاپ توختىماي مىڭىۋاتىمىز لىكىن بۇ جايدىن چىقىپ كىتىش تۈگۈل بىر بۇرادىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، ئىپلىنىغۇ تاپتۇق لىكىن قالغانلار نىمە كۈننى كۆرۈۋاتقاندۇ شۇ تاپتا!......دىدى مەيۈسلەنگەن ھالدا ھەمدە ـ : راس سىز بىلەن قەپ قالغان سىپىلمىكاملارچۇ؟ ئۇلارغا نىمىش بولدى؟ ...... مەن ئۈھىسىنغان ھالدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم، ئۇمۇ كەچۈرمىشلىرىمىزنى ئاڭلاپ ئىچىندى. ـ: بوپتۇ ئاكا كۆڭلىڭىزنى يىرىم قىلماڭ، ھىچ بولمىغاندا سىز ھايات قاپسىز سىپىلمىكامىمۇ ھاياتتۇر ئىنشائاللاھ!...ئەمدى بىز بىرلىشىپ بۇ قورقۇنۇچلۇق جايدىن بىللە چىقىپ كىتەيلى!...... ئۇنىڭ سۆزى ماڭا خىلى تەسەللىي بولدى ـ : راس، سىلەر شۇ كىرىپ كەتكەنچە شۇنچە ساقلىساقمۇ يىنىپ چىقمىدىڭلار، زادى نىمىش بولدى؟ ......... ئۇ ئىچىنغان ھالدا ـ : ھەي!.........دەپ كەلسەم گەپ جىق!.........بىز سىلەردىن ئايرىلىپ بۇ جايغا كىرگىنىمىزگە ناھايىتى پۇشايمىنىمىز بار، بايلىقنىڭ كەينىگە كىرىپ چوڭ خاتالىق سادىر قىپتۇق!......بىز كىرىشتە سىلەرگە يولۇققان ئۇنداق يىلانلارمۇ ئۇچرىمىغان، بىز كىرىپ بايلىقلارنى ئىلىپلا يىنىپ چىقىشنى ئويلىغان بىراق ئىش ئويلىغىنىمىزدەك بولماي قالدى. شۇنچە ئىزدىگەن بولساقمۇ ھىچنىمىنى ئۇچرىتالمىدۇق، شۇڭا ئاتايىن كىرگەندىكىن بىرەر نەرسە بولسىمۇ ئىلىپ چىقىپ كىتىش ئۈچۈن داۋاملىق چۆرگىلەپ يۈردۇق ئويلىمىغان يەردىن كەچ بولۇشقا باشلىغاندا چىقىپ كىتىش ئۈچۈن كەينىمىزگە يانغىنىمىزدا باشتا كىرگەن جايىنى تاپالمىدۇق. شۇ ئىزدىگەنچە چىقىپ

كىتىدىغان يەرنى تاپالماي قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى ھەم ئەتراپتا ھەرخىل ئاۋازلار ياڭراشقا باشلىدى، بىز ئامالسىز بىرەر جاينى تېپىپ بۇ كېچىدىن بىخەتەر ئۆتۈش ئۈچۈن ئەتراپتىن ئىزدەپ بىر خارابى ئۆينى تاپقان شۇ جايدا ۋاقىتلىق پاناھلىنىپ ئەتە ئەتىگەندە چىقىپ كېتىشنى ئويلىدۇق. ئۇ جايغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن بىردەم ئىچىدىكى بايلىقلار توغرىسىدا ئاندىن سىلەر تەرەپنىڭ قانداق ئىشلارغا يولۇققانلىقىڭلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، بۇ جايدا كىچە ناھايىتى قاباھەتلىك، قورقۇنۇچلۇق بولىدىكەن قولىمىزدا قولچىراقتىن بىرسى بولمىغان بولسا ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتەركەنمىز!......ئۇ سەل تۇرىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ــ: ئاندىن سىرتتا ئازراق شەپە ئاڭلانغاندەك بولدى، بىز سەل ئەنسىرەپ بىرلىكتە چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتىپ باقتۇق بىراق ھېچقانداق ئەھۋالنى بايقىمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا مۈگدەشكە باشلىدۇق، ئەسلى بۇنداق جايدا ھېچ بولمىسا ئىككىمىز بولسىمۇ كۆزەتتە تۇرغىنىمىز ياخشى ئىدى بىراق ھەممىمىزنىڭ ئۇيقۇسى قىستاپ كۆزەت قىلىش خۇش ياقماي ئۇخلاپ قاپتۇق. يېرىم كېچە بولغاندا بىرسىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسام ئۆي ئىچىدە بىرسىنىڭ ئىچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى يەنە نىمىنىڭدۇر بىر نەرسىنى قاراسلىتىپ چىشلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ھەممىمىز پاتپاراق بولۇپ دەرھال قولچىراقنى ئۇ تەرەپكە يورۇتتۇق. دەرۋەقە بايا بىز ئۆلتۈرگەن بۆرىسىمان مەخلۇق روزىنىڭ پۇتىدىنلا چىشلەپ تۇتىۋالغان ئىدى، روزى بولسا ئىچىنىشلىق ۋارقىراۋاتاتتى. بىز تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشقا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدۇق، شۇندا ھەممىمىز قىلىچىمىزنى چىقىرىپ مەخلۇققا قاتتىق قىلىچ ئۇرۇشقا باشلىدۇق بىراق شۇنچە ئۆتكۈر قىلىچلار ئۇ مەخلۇققا ھېچ ئۆتمەيتتى. ئۇنىڭغىچە مەخلۇق روزىنىڭ بويۇنىدىن چىشلەپلا ئۈزۈۋەتتى، ئەمدى روزى ئۆلگەچكە ھەم ئۇنىڭغا قىلىچ ئۆتمىگەچكە ئامالسىز ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىشقا باشلىدۇق، قېچىۋاتقىچە ھودۇقۇپ كەتكەچكىمىكى ھەممىمىز ئۆزىمىز بىلگەن تەرەپكە قېچىشقا باشلاپتۇق شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلار بىلەن ئايرىلىپ باشقا تەرەپكە قېچىپتىمەن، خېلى بىر يەرگە بىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن باشقىلار بىلەن بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىمنى ھىس قىلدىم. ئۇ چاغدا تېخىمۇ قورقۇشقا باشلىدىم، چۈنكى ئەتراپىمدىن ھەرخىل قورقۇنۇچلۇق ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ ھاياتتىن ئۈمۈدىمنى ئۈزگەن ئىدىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىمنىمۇ بىلمەيتتىم شۇڭا گاڭگىراپ يۈرۈپ ئەتراپتىن سەپداشىرىمنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن چۆرگىلەپ يۈرگەچ ئۇلارنى توۋلىدىم بىراق ھېچقايسىسىدىن خەۋەر بولمىدى ئامالسىز يولۇمنى يالغۇز داۋاملاشتۇردۇم. كىچە بەك قاراڭغۇ بولغاچقا ھەممە نەرسە ماڭا قاراپ تۇرغاندەكلا تۇيۇلۇپ ئۆزۈمچە قورقۇپ كېتەتتىم، شۇنداق كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر قارا سايىنىڭ ناھايىتى تىزلىكتە يۈلغۇننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم. دەسلەپتە مەن بىلەن بىللە قاچقانلارنىڭ بىرى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم بىراق ئۇلاردىن بىرى بولغان بولسا مىنى كۆرەتتى

ياكى تووۋلاپ ماڭغان بولاتتى شۇڭا سەل ھۇشيار بولدۇم. ئاستا ئۇ كىرىپ كەتكەن يۆلغۇننىڭ يېنىغا كېلىپ كۆزەتتىم بىراق قاراڭغۇ بولغاچقا ھېچنىمىنى پەرق ئېتەلمەي يەنىمۇ يېقىنلاپ كېلىشىمگە بىر نەرسە خىرىلداپلا مەن تەرەپكە تاشلاندى. تۇيۇقسىزلا بولغاچقا قورقۇپ ۋارقىراپ كەتتىم، قاچاي دەپ كەينىمگە ئۆرۈلۈشىمگە بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. مۇشۇنداق چاغدىمۇ پالاكەتلىك قىلامدىمەن دەيمە، بەلكىم بۇ پىشانەمگە پۈتۈلگەندۇ.....ئۇنىڭ نىمىلىكىنى بىلمىسەممۇ لېكىن ياخشى نەرسە ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى، مەن يەرنى تېپىپ كەينىمگە داجىشقا باشلىدىم........... ئۇنىڭ سۆزىگە ئارىلىشىپ قويدۇم ـ: مەن بىلەن سوقۇشۇپ كەتكەندە«ماڭا چىقىلما» دەپ تىپچەكلەپ كەتكىنىڭدەكما؟ ............ سەمەت كۈلۈپ كېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ـ: ھەئە شۇ، سىزمۇ توساتتىنلا ئۇسسۇۋەتكەن تۇرسىڭىز مىنى قورقماتتىم......شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە پۇتۇمغا ئېسىلىۋالدى مەنمۇ بوش كەلمەي يەنە بىر پۇتۇم بىلەن ئۇنى كۈچەپ بىرنى تېپىشىپ بىلەن تەك خىلى يەرگە موللاق ئېتىپ كەتتى، مەن شۇ پۇرسەتتە دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپلا قېچىپ كەتتىم. ئۇ نەرسە بولسا مىنى قاچۇرۇپ قويغىنىدىنمۇ ياكى تېپكىنىڭ زەربىسىدىنمۇ قاتتىق ھۆركىرەپ كەتتى. مەن قېچىپ خىلى جايغا بېرىۋالغاندىن كېيىن سۈرىتىمنى ئاستىلىتىپ سەل هاردۇق ئېلىۋالدىم بىراق قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەيتتىم. راستىمنى دىسەم بۇ جايغا كىرگىنىمگە ئۇنىمىڭ پۇشايمان قىلىپ كەتتىم، بايىلىق دىگەن ئادەمنى ھەر جايغا باشلايدىكەن جىمۇ، بىكارغا كېلىپ قالدىغان بايلىققا بۇنداق جاننى سېلىپ بىرىپ دىلغۇلچىلىقتا تايقىچە يەر تىرىپ ھالالدىن تاپقان مىڭ ياخشىكەن، بىر پوق يەپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ!..........ھالىمدىن كەتكەن بوساممۇ جان دىگەن تاتلىق نىمىكەن ئۇمۇد ئۈزگۈم كەلمىدى، شۇڭا قىلىچىمنى چىڭ تۇتۇپ يەنە ئەتراپنى چۆرگىلەشكە باشلىدىم. بىر ۋاقىتتا ئۇستى ـ ئۇستىلەپ سىلىنغان ئېگىز بىر قەلئەگە كېلىپ قاپتىمەن دەماللىققا ئېچىنىڭ بىخەتەر ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم، ئاخىرى سىرىتتا يىرتقۇچ مەخلۇقلارغا يەم بولغىچە بىر كىرىپ باقماقچى بولدۇم، ئەگەر مەخلۇققا ئۇچراپ قالسام جىنىم يەتكەن يەرگىچە ئېلىشارمەن بولمىسا پاناھلىنىپ تۇرارمەن دىگەن ئوي بىلەن قەلئەنىڭ ئىچىگە كىردىم. نەلەرگە كىرىپ كەتكىنىمنىمۇ بىلمەيمەن ئېشقىلىپ ھۇشيارلىق بىلەن ئالدىمغا قاراپ مىڭىۋەردىم، بىر كەمدە بىر تارچۇق ئۆيگە كىرىپ قاپتىمەن كۆڭلۈمدە ئۆي كىچىك بولغاندىكىن دەماللىققا بىرەر نەرسە كىرسە ئاسان سىزەلەيدىكەنمەن دەپ ئويلاپ بىر بۇلۇڭدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇم، شۇ تاپتا ئۇيقۇ دىگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، يەنە بايىقىدەك بىرەر مەخلۇقنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ناھايىتى ھۇشيارلىق بىلەن قىلىچىمنى تۇتقان ھالدا ئولتۇردۇم. قوققانغا قوش كۆرۈنەر دىگەندەك ھەرخىل ئاۋازلار جىنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قوياتتى، گەرچە ئاۋاز يىراقتىن ئاڭلانسىمۇ يەنىلا ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويمىدىم. شۇنداق ئولتۇرۇپ يامان تەستە تاڭ ئاتقۇزدۇم، يەنە سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ سىرىتقا چىققىنىمدا

قاراڭغۇلۇقتا ئۆزلىشىپ قالغان كۆزلىرىم قامىشىپ كەتتى، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئەتراپقا قارىدىم...بۇ جاي ماڭا ناتونۇشلا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ قەيەرگە كېلىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيتتىم ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچلىقمۇ بىر تەرەپتىن قىينايتتى، شۇنداق قىلىپ ئۆلارنى ئىزدەپ بۇ جاينى قىزىرۋەتتىم بىراق ھېچقايسىسىنى تاپالمىدىم. شۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈپ كەچمۇ بولدى تۈنۈگۈن پاناھلانغان جاينى ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم ئامالسىز باشقا جاينى ئىزدەپ كېتىۋاتقىنىمدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، شۇچاغدا مەخلۇقلاردىن ئۈركۈپ قېچىپ يۈرۈپ ئويلىمىغاندا سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئىشقىلىپ سىزنى خۇدا ئۇچراشتۇردى، مانا قاراڭ سىز بىلەن تېپىشىپلا ئېلىنىمۇ تېپىۋالدۇق مانا!............ ئۇ سۆزلىگەچ خۇشاللىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغىچە ئېلى ئويغاندى. مەن ـ: ھە ئويغاندىڭمۇ؟ ياراڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ ......دەپ سورىدىم، ئېلى ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ـ: بىز ھازىر نەدە، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ ............دىگەچ ئورنىدىن تۇرماقچى بولىۋىدى يارىسى ئاغرىپ كېتىپ قوپالماي قالدى. مەن ئۇنى جايىغا ياتقۇزغاچ ـ: ئەنسىرىمە سەن ھازىر بىخەتەر جايدا، مىنى تونۇدۇڭمۇ مەن يۇقۇرى مەھەللىدىكى ئابلا...سىلەر بىلەن بىللە كەلگەن ئابلا!............ ئۇ بىشىنى سەل كۆتۈرۈپ ماڭا سىنچىلاپ قاراپ ـ: ۋۇي، ئابلاكامۇ سىز؟ ......قانداق بولۇپ بۇ جايغا كېلىپ قالدىڭىز، بىزنى قانداق تاپتىڭىز؟ ......دەپ سورىدى. مەن كۈلۈپ قويۇپ بولغان ئىشلارنى قىسقىچىلا سۆزلەپ بەردىم، ئېلى دىگەنلىرىمنى ئاڭلاپ ئۆكۈنۈپ كەتتى ئاندىن ـ: ئەسلى تۈنۈگۈن سىلەر بىلەن بىللە تۇرساق بوپتىكەن، بەڭباشلىق قىلىپ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ بۇ جايدا كۆرمىگەننى كۆرۈپ كەتتۇق، ھەقچان سەمەت سۆزلەپ بەردىغۇ دەيمە؟ ...روزىنى بىر مەخلۇق ئۆلتۈرۈپ قويدى بىز قىچىۋاتقىچە بۆلۈنۈپ كەتتۇق ئاردا بەك قورقۇنۇچلۇق ئىشلار يۈز بەردى!............ ـ: ھەئە، بايا سەمەت ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى...ھەممىسىدىن خەۋەردار بولدۇم، بايا مەخلۇق سىنى قوغلاۋېتىپتىكەن بىز كەينىڭدىن قوغلاپ بارغان، ساڭا يېتىشىپ بولغۇچە مەخلۇق سىنى يارىلاندۇرۇپتۇ!.........دىدىم مەن. ئېلى ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ ـ: شۇنداق مىنى بىر مەخلۇق قوغلىغان مەن ھېچنىمىگە قارىماي قاچتىم ئارقىدىن بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتتىم شۇ چاغدا مەخلۇق ماڭا ئېتىلىپ كىلىپ مەيدەمدىنلا چىشلەپ تۇتىۋالدى، ئاندىن بىر ئاغرىق مىڭەمدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى ۋارقىرىغىنىمنىلا بىلمەن قالغىنى ئىسىمدە يوق......بۇ چاقتا ئۆلۈپ بولدۇم دەپ ئويلىغان ئىدىم. راس ئۇ مەخلۇق قانداق بولدى؟ ............. ـ: ئۇنى مەن ئۆلتۈرىۋەتتىم!......ئۆلدى...... ـ: نىمە؟ بىز شۇنچە قىلىپمۇ قىلىچ ئۆتكۈزەلمىگەن ئۇ مەخلۇققا سىز قامداق تاقابىل تۇردىڭىز!........ئېلىنىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى، مەن كۈلۈپ قويۇپ ـ: بىلگىنىڭكى ھەرقانداق ۋەھشى ھايۋاننىڭ بىر ئاجىز تەرىپى بولىدۇ، ئەگەر سەن ئۇنى بايقىيالىساڭلا ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كىلەلەيسەن!......ئۇ مەخلۇقنىڭ ئاجىزلىقى بويۇن قىسمى بىلەن باش قىسمىكەن...بۇدا يەنە ئۇچقىتىپ قالساڭ بىشىغا ھۇجۇم قىل بولامدۇ؟ ......... ئېلى بىشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ

يىتىۋالدى، مەن ئۇنىڭغا مۆلدىن بەرگەچ ـ: راس، سىلەر بۆلۈنۈپ كىتىپتىكەنسىلەر بۇ جەرياندا قانداق خەتەرگە يولۇقتۇڭ، بىز چىرىقىڭنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ ساڭا يىقىنلا كىپ قالغان، تۇۋلىساقمۇ ئىنكاسسىزلا قىچىپ كىتىۋىتىپتىكەنسەن كەينىڭدىنلا ھىلىقى مەخلۇق قوغلاپ كىتىپ قالدى، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ كەينىڭدىنلا سىنى قوغلاپ ماڭغان ئىدۇق!..........دەپ سورىدىم، ئۇ مۆنى قولۇمدىن ئىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى ئاندىن ـ: بۇ گەپنى دىسەم ئىشەنمەسلىكىڭلار مۇمكىن، مىنى قۇتقۇزىۋالغىنىڭىزغا رەھمەت......ئۇنداقتا مەن بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كىيىنكى ئىشلارنى سۆزلەپ بىرەي!................ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە مۆنى يىگەچ ئۆزىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەندىكى كەچۈرمىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى............

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب5 ـ قىسىم)

ئېلى ـ: بىز ئۇخلاپ قالغاندا تۇيۇقسىز بىر مەخلۇق بىزگە ھۇجۇم قىپتۇ، بىز سىزىپ ئويغانغاندا بولسا ئاللىقاچان روزى ئۇنىڭ تاللاش ئوبىكتى بولۇپ بولغان ئىكەن. شۇنچە قارشىلىق كۆرسەتسەكمۇ پايدىسى بولماي ئاخىرى قىچىشنى لايىق تاپتۇق، بۇ چاغدا روزىمۇ جان ئۈزۈپ بولغان ئىدى. بىز قاچقاندا بەك قورقۇپ كەتتىممۇ«قالغانلارمۇ ماڭا ئەگىشىپ قىچىۋاتىدىغۇ!» دىگەن ئويدا كەينىمگىمۇ قارىماستىن قىچىۋىرىپتىمەن، بىر چاغدا ھىرىپ كىتىپ بىردەم توختىدىمدە ئەتراپىمغا قارىدىم، بىراق يىنىمدا ھىچكىم يوق ئىدى. تۇيۇقسىزلا مىنى تىخىمۇ قورقۇنچ قاپلىۋالدى، چۈنكى ئۇلار مەن بىلەن بىرگە بولغاندىكىن ھىچ بولمىسا ھازىرچە يەنىلا بىخەتەر دەپ ئويلىغان ئىدىم، بىراق يىنىمدا ئادەم يوقلىقىنى كۆرۈپ بايىقى قورقۇنچۇم بىرھەسسە ئىشىپ كەتتى. نىمە قىلارىمنى بىلمەي ئەنسىزچىلىكتە ئۇلارنى تۇۋلاپ باقتىم، بەكراق ۋارقىراپ باقاي دىدىميۇ لىكىن ھىلىقى مەخلۇقنى چىللاپ كىلىشتىن قورقۇپ تۇۋلاشقا پېتىنالمىدىم. ئەمدى بولسا يولۇمنى ئۆزۈم يالغۇز مىڭىشتىن باشقا ئامال قالمىغان ئىدى. تەلىيىمنىڭ كاجلىقىغا، ھىچ بولمىسا ئۇلارنىڭ كەينىمدىن كىلىۋاتقان ياكى باشقا تەرەپكە ماڭغىنىغا دىققەت قىلمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. ئەمدى پۇشايمان قىلسامۇ نىمە پايدىسى دەيسىز، بەربىر بۇ ھەقىقەتتىن قىچىپ قۇتۇلالمايمەندە!......شۇنداق قىلىپ ماڭا قولچىرىقىم بىلەن خەنجىرىملا ھەمراھ بولۇپ بۇ قاباھەتلىك كىچىدە، يەنە كىلىپ قاق يىرىم كىچىدە بۇ خەتەرلىك جاينى ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىشقا باشلىدىم. كۆڭلۈمدە ئۇلارنىڭ ئايلىنىپ كىلىپ يەنە مەن بىلەن تىپىششىنى ئۈمۈد قىلاتتىم، بىراق ئىش مەن ئۈمۈد قىلغاندەك بولماي قالدى. ئەتراپىمدا نىملەرنىڭدۇر چىرقىرىغان، ھۆركىرىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپلا تۇراتتى. مەن سەل قورقۇپ ئەتراپنى كۈزىتىشكە باشلىدىم، بىراق ماڭا يىقىن ئەتراپتا بىرەر خەتەرنىڭ بارلىقىنى سەزمىدىم. ياخشىمۇ قولچىراق ئىلىۋالغان ئىكەنمەن، بولمىسا بۇ تۈن قاراڭغۇسىدا يولنى قانداق پەرق قىلار بولغىيتىم. مەن شۇنداق تەمتىلەپ يۈرۈپ ئايلىنىشقا باشلىدىم، ھەممە جاي ماڭا ناتونۇشلا ئىدى. تۇساتتىن قولچىراقنىڭ يورۇقىدىن بىر نەرسە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ

نىملىكىنى كۆرەلمەي يۈرۈكۈم تىخىمۇ ئىغىشقا باشلىدى ـ: كى...كىم؟ ........ئۇ يەردىكى قايىسىڭلار!...... ئەتراپتىن ھىچقانداق سادا كەلمىگەندىن كىيىن بىر خەتەرنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىپ يەتتىمدە ئاستاغىنە خەنجىرىمنى ئىلىپ ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن يۇلغۇنلۇق تەرەپكە ماڭدىم. قولچىراقنىڭ يورۇقى يۇلغۇنلۇقتا چۈشۈگلۈك ئىدى، مەن بولسام پۈتۈن دىققىتىم بىلەن يۇلغۇننىڭ كەينىگە مۈككەن نەرسىنى كۈزەتكەچ يۇلغۇننى ئاستا قايرىدىم. قىززىق ئىش، ھازىرلا بۇنىڭ ئارقىسىغا بىر نەرسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئىدىمغۇ، ئەجىبا خاتا كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ ياكى ئۇ قىچىپ كىتىپ بولغاندىمۇيا!......شۇ ئويدا تۇرغىنىمدا مەن تۇتۇپ قايرىغان يۇلغۇن ھەرىكەت قىلىپ قولۇممۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تارتىلىپ كەتتى. مەن چۆچۈپ قولچىراقنى قولۇمغا يورۇتۇپ قورقۇپ كەتتىم، چۈنكى مەن يۇلغۇن بىلەن قىتىپ بىر ئىسكىلىت قولنى تەڭ قايرىغان ئىكەنمەن. چۆچۈپ ئىسكىلىت قولنى سىلكىۋىتىپ كەينىمگە داجىدىم، بىراق ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. يۇلغۇننىڭ ئارىسىدىن رەڭگى مۈشۈ يۇلغۇنلارنىڭ رەڭگى بىلەن بىرلىشىپ ئادەم دەماللىققا پەرق ئىتەلمەيدىغان ھالەتتىكى ئىسكىلىتتىن بىرسى چىقىپ كەلدى. قولچىراقنى ئۇنىڭغا يورۇتقان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ تەسۋىرىنى تولۇق كۆرۈپ بولغان ئىدىم. ئىسكىلىتنىڭ قولى، پۇتى، باش قىسمى پۈتۈنلەي سۆڭەك ھالەتتە بولۇپ قورساق قىسمى ئازراق سىسىغان ئىدى. ئۆمرۈمدە بۇنداق كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ھەيران قالدىم، دىمىسىمۇ بۇ ئىسكىلىتنىڭ باش، قول ـ پۇتلىرىدىكى گۆشلەر پۈتۈنلەي تۈگەپ سۆڭىكىلا قالغىنى بىلەن قورساق قىسمىنىڭ قالغان ئەزايى بىلەن تەڭ سۆڭەككە ئايلانماي تىخى چىرىش باسقۇچىدا تۇرغانلىقى مىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى، يەنە كىلىپ ئۇ ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. زىيادە قورقۇپ كەتكەچكىمۇ ياكى ھەيرانلىقتىنمۇ ئۇنىڭغا قولچىراقنى تەڭلىگەن پىتى خىلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم. ئۇ بولسا قولچىراقنىڭ يورۇقىدىن قىچىپ باش قىسمىنى توسىغىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىزدەيتتى. شۇنداق ھاڭۋىقىپ تۇرغىنىمدا ئۇ بىر يۇلغۇننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا غايىپ بولدى، مەن دەرھال قولچىراقنى تەڭلىگىنىمچە يۇلغۇننىڭ ئارقىسىغا قارىدىم بىراق ھىچ نەرسە يوق ئىدى. مەن ئەنسىرەشكە باشلىدىم، قاراپ تۇرۇپ ئۇنى كۆز ئالدىمدىلا يوقۇتۇپ قويدۇم ئەمدى ئۇنىڭ ماڭا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. ئەمدى بۇ جايدا ئۇزۇن تۇرۇش مەن ئۈچۈن خەتەر ئىلىپ كىلەتتى، شۇڭا ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا قاچاي دىيىشىمگە ھىلىقى ئىسكىلىت ئالدىمدىلا پەيدا بولۇپ ماڭا ئىتىلدى. ئىش تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە ئۆزۈمنى قوغداشقا ئۈلگۈرەلمەي قولۇمدىكى قولچىراق بىلەن خەنجەر تەڭلا يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىمۇ كۆزۈمنىڭ ئالدىدىلا يۈرەتتى. ئەگەر كۈچ جەھەتتە سەللا ئاجىز كەلسەم ئۇنىڭ بىگىزدەك تىرناقلىرى كۆزۈمدىن كىرىپ كەينى مىڭەمدىن چىقىپ كىتىشى ئىنىق ئىدى. بىراق پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالغان ئىدىم، ئۇ بىردىنلا ئىغىزىنى چوڭ ئىچىپ ھۆركىرەشكە باشلىدى، شۇتاپتا ئىچىلغان ئىغىزىغا بىشىم ئوڭچىلا كىرىپ كىتىدىغاندەك

قىلاتتى. بۇنداق تۇرىۋەرسەم ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ قولىنى قايرىدىم. «قارس!»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بىر قولىنىڭ سۆڭىكى سۇنۇپ قولۇمدا قالدى، ئەمدى بولسا ئىسكىلىت تىخىمۇ قاتتىق ھۆركىرەپ كەينىمگە داجىدى، مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال يەردىكى قولچىراق بىلەن خەنجەرنى ئالدىمدە ئۇنىڭ نەرى ئۇدۇل كەلسە شۇ يەرگە چاپتىم. ئىسكىلىت ئالۋاستىنىڭ بەدىنى پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ ئىچىنىشلىق چىرقىراپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇ نالىسىنىڭ يەنە باشقا نەرسىلەرنى چاقىرىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال بۇ يەردىن ئايرىلدىم. خىلى ماڭغاندىن كېيىن سەل بىخەتەر بولغىنىمغا كۆزۈم يېتىپ بىخەتەررەك جايدىن بىرنى تېپىپ پاناھلىنىش ئۈچۈن ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدىم. يۇلغۇننىڭ ئارىسىغا مۆكۈنەي دېسەم ئۇ جاي مەن ئەمەس بايىقىدەك ئىسكىلىتلار مۆكۈنۈشكە كۆنگەن يەر بولغاچقا بىخەتەر ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۆيدىن بىرەرنى تېپىپ پاناھلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن بىخەتەررەكىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. شۇنداق ئىزدەپ يۈرۈپ ئىچكىرىسىدىرەك جايلاشقان بىر خارابى ئۆيگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، قارىماققا ئىشىكلىرى يوق بولسىمۇ پاناھلانغىلى خېلى بولىدىغاندەك تۇراتتى. مەن ئاستا ئۇ ئۆي تەرەپكە باردىم، دېگەندەك بۇ ئۆينىڭ ئىچى خېلى كەڭ بولۇپ يەنە نەچچە ئېغىز ئۆيگە تۇتاشقان ئىدى. كۆڭلۈمدە سەل مۇرەككەپرەك جايغا مۆكۈنىۋالسام ئۇلار مېنى تاپالمايدىغۇ دەپ ئويلاپ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدىم، بىراق ئىچكىرىكى ئۆيدە بىر ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن سەل تەشۋىشلىنىپ ئۇ تەرەپكە يېقىنراق باردىم، دەرۋەقە ئۆينىڭ ئىچى تەرىپىدىن شالاپ ـ شۇلۇپ ئاۋازلار، بىر نەرسىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا خىرىس قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قىلىپ ئىختىيارسىزلا قولچىراقنى تەڭلەپ سالدىم. ـ: «ئاااااااااااااااااااااا!..........» كۆز ئالدىمدا قارنى يېرىلىپ ئىچ باغرى يېيىلىپ بولغان، گۆشلىرى، تېل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ناھايىتى بەدبەشىرە ئۈچ ئادەمنىڭ، ياق ئۇلارنى چىرىپ بولغان جەسەت دېسەك توغرا بولىدۇ. شۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىدا قالغان، ئاخشام قىچىۋاتقىچە بىز بىلەن بۆلۈنۈپ كەتكەن سەپدىشىمىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. جەسەتلەر بولسا جەمئىي ئۈچ بولۇپ بىر ـ بىرىدىن تالىشىپ دېگۈدەك يەۋاتاتتى، بۇ ھالەتنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن ۋارقىرىغىنىمدا ئادەم گۆشىنى مەززە قىلىپ يەۋاتقان جەسەتلەر ھەرىكىتىنى توختىتىپ دىققىتىنى ماڭا قاراتتى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن ئۆز ـ ئارا ـ: «ھوي، يەنە بىر تەييار يېمەكلىك كەلدى!...»دېيىشىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا بۇ ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم، ئۇلار كەينىمدىن قوغلاپ چىقتىمۇ يوق بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، بىراق ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپ جەسەتلەرنىڭ تامىقى بولۇپ كەتكەن سەپدىشىمىز مېنى قايتىدىن ئويغاتقاندەك بولدى. بايا ئىسكىلىت ئالۋاستىغا ئۇچراپ ئىشەنگۈم كەلمىگەن ئىدى، ئەمدى بولسا بايىقىدەك گىرىلىك قىلىپ ھاڭۋىقىپ تۇرساق ئالۋاستىلارغا يەم بولۇشىمىزنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ھازىر بولسا قەيەرگە بېرىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم، چۈنكى مەن بىخەتەر دەپ ئويلىغان

جايىنىڭ بۇنداق خەتەرلىك ئىكەنلىكى ماڭا بۇ خارابىيلىقتا بىخەتەر جايىنىڭ يوقلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا نىشانسىز ھالدا ئايلىنىشقا باشلىدىم، كۆڭلۈمدە پەقەت ئەتىگە ئۆلىشىۋالسامىلا قالغانلار بىلەن تېپىشىپ ھەر يەردىن بولسۇن بۇ نەس باسقۇر جايدىن چىقىپ كېتىشنى پىلانلىدىم، بىراق ئويلىغىنىمدەك ئۇلارنى تېپىپ بۇ جايدىن چىقىپ كېتەلەمدىم يوق بىلمەيتتىم. شۇنداق قىلىپ ھەربىر شەپە چىقسا، ئۆزۈمچىدىن قاچقان توشقاندەك قىچىپلا يۈردۈم. قانداقلا بولسۇن بۇگۈن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ ھايات قېلىشنىلا ئويلايتتىم. ھېلىقى جەسەتلەرمۇ سەپدىشىمىزنى يەپ قورسىقى تويغان بولسا كېرەك ماڭا قايتا ئۇچرىمىدى، تىركىشىپ يۈرۈپ ئىشقىلىپ تاڭمۇ ئاتتى، شۇ تاپتا ئۇيقۇمۇ بىراقلا قېچىپ كەتكەن ئىدى. تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ بۇيەر قايتىدىن جىمجىتلىققا چۆمدى، مەن شۇ خۇشاللىقتا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سەمەتلەرنى توۋلاشقا باشلىدىم، ئۆزۈمنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىمنى بىلمىگەچكە ئاخشام بۆلۈنۈپ كەتكەن جايىمنى تېپىشمۇ تەسكە توختىدى. شۇنچە ئىزدىگەن بولسامۇ ھېچقايسىسىنى تاپالمىدىم، ئاخىرى ئامالسىز ئۆزۈم يالغۇز بۇ جايدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بىز كىرگەن چوڭ ئىشىكنى ئىزدەشكە باشلىدىم، بىراق بىر كۈن يول يۈرۈپمۇ كىرگەن جاينى تاپالمىدىم. شۇنداق قىلىپ بىر تەرەپتىن ھالسىرىسام يەنە بىر تەرەپتىن كۈنمۇ ئولتۇرۇشقا باشلىدى، ئۆزۈمچە بۇ خارابىيلىقتا چوڭ بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم، بىراق قانداق سىرنىڭ بارلىقى ھەممىمىز ئۈچۈن قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا يەنە ئاخشامقىدەك ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۈندۈزدىرەك ياخشىراق بىر جايغا ئورۇنلىشىۋېلىپ تاساددىبى پۇرسەتتە قالغانلار بىلەن ئۇچرىشالىسام بار مەسلىھەت ئىش قىلارمەن دېگەن ئويدا يەنە بىخەتەر تۇرالغۇدىن بىرنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدىم، قانداقلا بولسۇن بىز بۇ جايدىلا بولىدىكەنمىز پاناھلىنىدىغان بىر جاي بولمىسا زادى بولمايتتى. ئىزدەپ يۈرۈپ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ سىلىنغان بىر تۇرالغۇغا كۆزۈم چۈشتى، ئىچى بىخەتەرمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ خەنجىرىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ ئاستا ئىچىگە كىردىم، گەرچە سىرت تىخى يورۇق بولسىمۇ لېكىن ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قىسمى قاپقاراڭغۇ ئىدى، مەن قولچىراقنى يورۇتۇپ ئىچىگە كىردىم...كىرگەنسىرى بۇ ئۆيلەر ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتاتتى، مەنمۇ ئۆينىڭ يۆلىنىشى بويىچە ئىچكىرلەۋەردىم، بەلكىم ئىچكىرلىگەنسىرى مەن ئويلىغان بىخەتەر جاينى تاپالىشىم مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئارتۇقنى ئويلىماي مېڭىۋەردىم. بىراق ئىشلار مەن ئويلىغاندەك چىقمىدى، ئەكسىچە ئىچكىرلىگەنسىرى يەردە چېچىلىپ ياتقان ھەرخىل جانلىقلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ خاتا ھالدا كىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەمدى پۈتۈنلەي ئۈمىدۈم ئۈزۈلۈپ«بىخەتەر جاي تېپىش»دېگەن ئۈقۇمنى كاللامدىن چىقىرىۋەتتىم، بىشىمغا نىمە كەلسە ئەمدى شۇنى كۆرمەي ئامال يوقتەك قىلاتتى. بۇنداق خەتەرلىك جايلاردا پاناھلانغاندىن يۆلغۇن باسقان بۇ كەڭ كەتكەن خارابىيلىقتا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ياخشىراق ئىكەن، ھېچ بولمىسا بىرەر نەرسىگە يولۇقۇپ قالساقمۇ سىرتتا قېچىش

پۈرسىتى بولىدىكەن بىراق ئۆيىنىڭ ئىچىدە خەتەرگە يولۇقساق تۆت تامدىن ھالقىپ ئۆتەلمەي ھىلىقى سەپدىشىمىزدەك ئىچىنىشلىق ھالدا يەم بولىدىغان گەپكەن. شۇڭا ئارىلاپ يۈرۈپ بەك كەچ بولۇپ كىتىپ قالسا دەرەختە پاناھلىنىشنى لايىق تاپتىم، ھىچ بولمىسا جەسەتلەر، مەخلۇقلار دەرەخقە يامىشالماس!........شۇنداق ئوي بىلەن داۋاملىق ھالدا سەپداشلىرىمنى توۋلىغاچ، چىقىپ كىتىدىغان ئىشىكنى ئىزدەشكە باشلىدىم. مانا ئەمدى بولسا كۈن كەچمۇ بولۇشقا باشلىدى، سەپداشلىرىمنىمۇ تاپالمىدىم، يەنە كىلىپ كىچە بولۇشىغا ئەگىشىپ جىمجىتلىق باسقان بۇ خارابىيلىقنى ھەرخىل ئاۋازلار قاپلاشقا باشلىدى. مەن يەنە خەتەرنىڭ باشلانغىنىنى ھىس قىلىپ ئەندىشىگە چۈشتۈم، شۇنداقتىمۇ نىمە كۆرسەم كۆرەي دەپ بار ئاۋازىم بىلەن سەمەتلەرنى توۋلاشقا باشلىدىم، بىراق جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىشىغا ئەگىشىپ ئەتراپىمدا نىملەرنىڭدۇر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرگىنىنى ھىس قىلالايتىم. خەتەر يىنىمدىلا ئەگىپ يۈرگەچكە دەماللىققا نىمە قىلىش كىرەكلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. بىراق بىر نۇقتا ئىنىقكى ئۇلار مەندە قولچىراق بولغاچقىلا يورۇقلۇقتىن قىچىپ ماڭا يىقىن كىلەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى، مەن بۇ ئەۋزەللىكىمدىن پايدىلىنىپ خىلى يەرگىچە بىخەتەر يۈرۈۋالدىم ئەمما بۇ ئۇزاققا بارمىدى، توساتتىن ھەمراھلىرىمنى توۋلىغاچ كىتىۋاتقىنىمدا مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان يۈلغۇنلۇقنىڭ ئارىسىدا قىپقىزىل پارقىراپ تۇرغان نۇرنى كۆرۈپ قالدىم. مەن دەماللىققا ئۇنىڭ قەيەردىن تارالغان نۇر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قولچىراقنى شۇ تەرەپكە يورۇتقىنىمدا نۇرنىڭ كەينىدىكى قارا گەۋدىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئۇ بىر يەردىن تارالغان نۇر بولماستىن بەلكى روزىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن يوغان مەخلۇق ئىدى، مىنىڭ يىقىنراق كىلىشىمنى كۈتۈپ ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇرغان ئىكەن. مەن سىزىپ قىلىپ دەرھال كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا قاچتىم، ئۇمۇ كەينىمدىن تاپ باستۇرماي قوغلاشقا باشلىدى. قەيەرگە قىچىشنى بىلمىگەچكە ئالدىمغا كەلگەن جايغا قىچىشقا باشلىدىم، ئۇنىڭغا تۇتۇلۇپ قالساملا روزىغا ئوخشاش ئىچىنىشلىق ئۆلۈپ كىتىشىمنى ئويلاپ بارلىق كۈچۈم بىلەن قاچتىم، ئويلىمىغان يەردىن دەپ بەرگىنىمدەك بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كىتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم ئاندىن مەخلۇق مەيدەمدىن قاتتىق چىشلىشى بىلەن تەڭ ھوشۇمدىن كەتكەنچە ئەمدى ئويغىنىپتىمەن، سىز بولمىغان بولسىڭىز نىمە ئىشلار يۈز بىرەركىن تاڭ!............. ئىلى شۇنداق دىگىنىچە چوڭقۇر بىر نەپەس ئىلىۋالدى، مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بىرىپ ـ : ھىچقىسى يوق، ئەمدى يالغۇز قالمايسەن!شۇنداق بولغاندا ئاراڭلاردىن ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا سەن بىلەن سەمەت ھايات قاپسىلەر بەلكىم يەنە بىرسىمۇ ھاياتتۇ، بىز تاڭ ئاتقاندا ئۇنى ئىزدىگەچ بۇ جايدىن چىقىپ كىتىدىغان جاينى ئىزدەيلى بولامدۇ؟ ......ھازىرچە بۇ جاي بىخەتەررەك، نەچچە كۈندىن بىرى تۈزۈكمۇ ئۇخلىيالماي چارچاپمۇ كەتكەنسىلەر شۇڭا ياخشى ئارام ئىلىپ ئەتە تاڭ ئىتىشى بىلەن تەڭ ھەركەتلىنەيلى، بۇ جايغا كىرىپ نىمە كۈننى كۆرمىدۇق دەيسىلەر شۇڭا قەيسەر بولمىساق ھايات قالالمايمىز...بولدى ئارام ئىلىڭلار، ئاندىن ئەتە ئەتتىگەندە ئىشىمىزنى

باشلايلى!...... دىدىم، دىگەندەك ئۇلارمۇ ماقۇللىقىنى بىلدۇرۇپ يىتىپلا قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولدى، قارىماققا ھەقىقەتەن چارچاپ كەتكەن ئىدى. مىنىڭ بولسا ھىچ ئۇيقۇم كەلمەيتتى، تۇرۇپلا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئائىلەمنى، يارەنلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇيلىغانسىرى يىغا تۇتاتتى، لىكىن ياش ئاققۇزغىچە قان ئاققۇز دىگەندەك، ئەجىلىم توشقىچە جەڭ قىلىپ ئالۋاستىلاردىن كۆپەرەك ئۆلتۈرۈپ كىيىن ئۇقۇشماي كىرىپ قالغانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى، خەتىرىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىشنى ئويلىدىم. شۇنداق ئويلاپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈممۇ سەزمەيلا ئاستا ـ ئاستا كۆزلىرىم يۇمۇلۇشقا باشلىدى!................

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب6 ـ قىسىم)

ـ ئابلاكا!...ئابلاكا كۆزىڭىزنى ئىچىڭ، تاڭ ئىتىپ كىتىپتۇ!... سەمەتنىڭ توۋلىشى بىلەن ئۇيقۇمدىن ئويغىنىپ كەتتىم، دىگەندەك كۈن سۇزۇلۇپ بولغان ئىدى. ئورنۇمدىن تۇراي دىدىمىۇ نىمىشقىكىن ماغدۇرۇم يوق ھەم ئاخشام يارىلانغان جاي ئاغرىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئاماللار بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ـ: يارىڭىز قانداقراق، ئاغرىۋاتامدۇ؟ ... ـ: يا...ياق...ئانچە ئاغرىمىدى، لىكىن پەقەتلا ماغدۇرۇم يوق تۇرىدۇ، ئېلى قانداقراق؟ سەمەت ئېلىنى نوقۇپ بىقىپ ـ: قارىماققا يارىسى خىلى ياخشىلانغاندەك تۇرىدۇ لىكىن قوپماي ياتىدىغۇ تاڭ!.........سەمەت شۇنداق دىگىنىچە ئېلىنى ئويغاتتى، ئېلىمۇ كۆزلىرىنى ئاچالمىغان ھالدا ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدىسىدىكى تىڭىقلىق يارىسىنى ئاستا مۇجۇپ بىقىپ ـ: تۈنۈگۈن جىددىيچىلىكتە ئانچە بىلىنمىگەن ئىدى، بۈگۈن ئەجەپ ئاغرىپ كىتىۋاتىدا!.......دەپ ۋايساپ قويىدى. بىز بۇ غارسىمان ئۆينىڭ ئىغىزىدىكى تاشنى يۆتكەپ ئىلىۋىتىپ سىرىتقا چىقتۇق. ئەتراپ يەنىلا شۇنداق جىمجىت مۇدھىشلىق ئىدى، بىرەر جانلىقنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ـ: توۋا، ئاخشام شۇنچە كۆپ جەسەت ئالۋاستى ھەم مەخلۇقلار بىلەن ئىلىشىۋاتاتتۇق، كىچىدىن بىرىمۇ ھەرخىل ئاۋازلار بۇ جاينى بىر ئالغان ئىدى، ئەمدى بولسا ھەممە جاي شۇنداق تىمتاسلىقتا چۆكۈپ كىتىپتا؟ ......دىدى سەمەت ھەيران بولۇپ. مەن جاۋابەن ـ: ئۇلار يورۇقلۇقتىن قورقىدىكەن، بولمىسا بىز بۇ چاققا ھايات قالالاتتۇقمۇ!شۇڭا كۈندۈز بىز ئۈچۈن بىخەتەر، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ بۇ جايغا كىرگەن ئىغىزنى تىپىشىمىز كىرەك، بولمىسا يەنە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن كۈشەندىلىرىمىز ئاۋۇپ كىتىدۇ. ـ: ئەمىسە ئۇلار كۈندۈزدە قەيەرگە كىتىدىغاندۇ؟ سەمەتنىڭ سوئالى كاللامنى يورۇتقاندەك بولدى، توغرا ئۇلار كۈندۈزدە قەيەرگە كىتىدىغاندۇ؟ نەچچە كۈندىن بىرى خارابى ئۆيلەرگىمۇ كىرىپ چىقتىم لىكىن ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدىم، دىمەك ئۇلارنىڭ چوقۇم كۈندۈزدە يوشۇرۇنىدىغان بىر ئۇۋىسى بار، يەنە كىلىپ ھىچقانداق يورۇقلۇق بولمىغان شۇلارنىڭ ياشاش ئادىتىگە ماس كىلىدىغان بىر چوڭ ئۇۋىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇ خىياللارنى قىلىپ بىر ئىشقا ئەقلىم يەتمەي قالدى. ئاخشامقى جەسەتلەر بىلەن مەخلۇقلار زادى قەيەردىن كەلگەن، ئۆلۈكلەر قانداق بولۇپ ئادەمگە ھۇجۇم قىلىدۇ يەنە كىلىپ

بۇ جايىنىڭ مەخلۇقلىرىمۇ شۇنچە يوغان ھەم ۋەھشىيكەن. ئۇلارنى قانداق قىلغاندا يوقاتقىلى بولىدۇ، نىمىشقا كۆرۈنۈشتە نەچچە كىلومىتىر كېلىدىغان بۇ خارابىيلىقنى ئۈچ كۈن توختىماي ئايلانسامۇ چىكىگە يېتەلمەيمىز......ئويلىغانسىرى بۇ خارابىيلىقتا بىر سىرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى شۇ سىرنى يېشەلمىسەك بۇ جايدىن مەڭگۈ چىقىپ كىتەلمەيدىغانلىقىمىزنى ھىس قىلدىم. ـ: ئابلاكا خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ ... ئىلىنىڭ سۆزى بىلەن ئىسىمگە كەلدىم ـ: ھە، ھىچنىمە......مەن ئويلايمەن بىز بۇنداق نىشانسىز ھالدا چىقىش ئىغىزىنى ئىزدەۋەرسەك بەلكىم تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن، ماڭا بۇ خارابىيلىقتا بىر سىر يوشۇرۇنغاندەك تۇيغۇ بولىۋاتىدۇ. بىز ئاۋۋال چىقىش ئىغىزىنى ئىزدەشتىن ۋاز كىچىپ بۇ جايىنىڭ ھەقىقى سىرىنى يىشىپ چىقساق بولارمىكىن دەيمەن!...شۇنداق بولغاندا ئاندىن قۇتۇلالىشىمىز مۇمكىن. ـ: نىم دەيسىز، سىر؟ .........قانداق سىردۇ، بىزغۇ ھىچ ئۇنداق ھىس قىلمىدۇق. پەقەت ئادەم يەيدىغان ۋەھشى ئالۋاستىلار بىلەن كۆزلىرىدىن قىزىل نۇر تارىلىدىغان يىرتقۇچ مەخلۇقلارنىلا كۆردۇق!...... ـ: ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قەيەردىن قانداق بولۇپ كەلگىنى سىر ئەمەسما؟ ئۆلۈكنىڭ ھەرىكەت قىلىپ ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈپ يىيىشلىرى سىر ئەمەسما؟ ...ياكى ئۆلۈك ئادەملەرنىڭ بىزگە ئوخشاش چىپىپ يۈرۈشلىرى ئادەتتىكى ئىش ھىساپلىنامدۇ؟ سەمەت بىلەن ئىلى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ: ئەجىبا!............... ـ: شۇنداق، ئۇلارنى كونترول قىلىۋاتقان بىر سېھىرلىك نەرسە بولۇشى مۇمكىن، ئۇ نەرسە جەسەتلەر ھەم مەخلۇقلارنىڭ بىزگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشىغا ھەم بۇ جايىنىڭ سېھىرلىنىۋىتىلىشىگە ئاساسلىق سەۋەپ بولغان نەرسە بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇ قانداق نەرسە، قەيەردە ساقلاقلىق بۇنىسى نامەلۇم. پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ ئالۋاستىلار تەرىپىدىن قاتتىق قوغدىلىدىغانلىقى ئىھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، چۈنكى سېھىر يوقالسا ئالۋاستىلارمۇ ھەم شۇ ھامان يوقىلىدۇ، ئۇلار بۇنداق بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ پۈتۈن جەھلى بىلەن ئۇ نەرسىنى قوغدىشى ئىنىق!... ـ: ئۇنداقتا بىزمۇ سېھىرلەنگەن دائىرىگە كىرىپ قاپتۇقتە؟ ...دىدى سەمەت ھەيرانلىق بىلەن. ـ: ئىھتىمال...بەلكىم ئۇ جەسەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭگۈشتىرىگە خەۋىپ يىتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ جايدىكى بارلىق جانلىقلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ ھۇجۇم ئوبىكتى، مۇنداقچە قىلىپ ئىيتقاندا بىز ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلگۈچىلەر ھىساپلىنىمىز. ئىلى سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئىرىكتى ـ: قۇرۇق گەپ!...ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتسا، تىخى بىز ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغان بولامدۇق، بىزيا ئۇلارغا چىقىلمىساق!...... ـ: ئۆپكەڭنى باس، ئىيتە ئۇلار بىزنىڭ شەھىرىمىزگە ھۇجۇم قىلدىمۇ ياكى بىز ئۇلارنىڭ دائىرىسىگە بۆسۈپ كىردۇقمۇ؟ ـ: ئەلۋەتتە بىز كىردۇق، لىكىن ئۇلارغا چىقىلمىساق نىمىشقا بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ!...... ـ: مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە، بىز ئاڭلىق ھالدا ئۆي پىكىر قىلالايمىز بىراق ئۇلار مەلۇم بىر كۈچنىڭ قوماندانلىقىغا ھەم باشقۇرىشىغا بويسۇنىدۇ، ئۇلاردا ئاڭ ـ پىكىر دەيدىغان نەرسە يوق پەقەت باشقۇرۇش بويىچە ئىش

قىلىدۇ. بەلكىم ئۇلار بىزلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى ئاشۇرىشى مۇمكىن... ـ : ۋۇي، سىز ئەجەپ ھەممىنى بىلىدىغاندەكلا سۆزلەپ كەتتىڭىزغۇ ئابلاكا، ئەجىبا راستىنلا شۇنداقمىدۇ؟ ...... سەمەتمۇ ئېلىنىڭ سۆزىنى قوللىغاندەك ماڭا ئەجەپلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ـ : بىلمەيمەن، بۇ پەقەت مىنىڭ ئويۇم. راسلا شۇنداق دەپ كەسكىن ئېيتالمايمەن لىكىن شۇنداق بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن، ئويلاپ باقمامسىلەر بۇ جايغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى بايلىق تاماسىدا كىرگەنلەر، بەلكىم بىلىپ بىلمەي بىرەر نەرسىگە چېقىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن شۇ سەۋەپتىن جەسەتلەر ئويغىنىپ كىتىپ هازىرقىدەك ئەھۋال يۈز بەرگەن......بۇنداق ئىش ئەپسانىلەردە كۆپ دىيىلىدىغۇ!... ـ : بىراق بۇ ئەپسانە ئەمەستە، بىز راستىنلا بۇ جايغا كىرىپ ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق ئىشلارغا يولۇقتۇق. ئۇنداق بولغاندا بىزمۇ ئەپسانىلەردىكى چۆچەكلەرگە ئايلىنىپ كىتەرمىزمۇ؟ ......... ـ : ئۇنداق بولمايدۇ ئەنسىرىمە، بىز چوقۇم بۇ يەردىن ھايات چىقىپ كىتىمىز!...ئەمدى قۇرۇق خىياللارنى قويۇپ ئۆزىمىزگە نىشان بەلگىلەيلى، ئاۋۋال بۇ سىرنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىنىقلىشىمىز كىرەك ئاندىن ئامال قىلىپ بۇ جايدىن چىقىپ كىتەيلى. شۇڭا كۆندۈزنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ئەتراپنى تىخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرەيلى بەلكىم مۇھىم نەرسىلەرنى تىپىۋىلىشىمىز مۇمكىن. راس ماڭغان يولۇڭلارغا بەلگە قويۇپ مىڭلار، كىيىن بىرەر ئەھۋالغا يولۇقساق توغرا تىپىپ كىلەلىشىمىزگە پايدىسى بولىدۇ................ شۇنداق قىلىپ بىز كۆندۈزنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ بۇ نەچچە مىڭ يىللىق خارابىلىقتا زادى قانداق سىرنىڭ بارلىقىنى ئىنىقلاش ئۈچۈن ئاتلاندۇق، ھەمدە ماڭغان ھەربىر يولىمىزغا بەلگە سىلىپ ماڭدۇق. مەن تۈنجى قىتىم ئۇچراتقان ھەم ھاياتىمنى ساقلاپ قىلىشقا تۈرتكە بولغان ھىلىقى دەرەخزارلىقنى يادىمغا ئالدىم ـ : توختاڭلار، بىز بۇنداق ماڭغىلى تۇرساق بەلكىم ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇق قىيناپ قويۇشى مۇمكىن. ئاۋۋال ھىلىقى دەرەخزارلىققا بىرىپ مىۋىلەردىن ئازىراق ئىلىۋالايلى ئاندىن ئوزۇق ھەم ئۇسسۇلۇق يىتەرلىك بولغاندا ئاندىن ماڭساق ناۋادا ئىزىپ قالساقمۇ ھاياتىمىزغا خەۋپ يەتمەس!...... ـ : بۇ جايدا ئىزىقىپ بىر بارغان جاينى ئىككىنچى قىتىم تاپالمايۋاتساق سىزنىڭ ئۇ دەرەخزارلىقنى تاپالىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟ ......دىدى ئېلى ھەيران بولۇپ. مەن جاۋابەن ـ : شۇنداق، بۇ جاي ھەقىقەتەن مۈرەككەپ يەر شەكلىگە ئىگە ئىكەن. لىكىن مەن دەرەخزارلىققا بارغاندا كۈننىڭ چىقىش ئولتۇرۇش ئەھۋالىنى ئوبدان كۈزەتكەن، ئۇ چاغدا كۈن چىقىۋاتقان ئىدى شۇڭا كۈن چىقىش تەرەپكە ماڭساق دەرەخزارلىقنى چوقۇم تاپالايمىز يۈرۈڭلار!........... ـ : ۋاھ، چوڭنىڭ چوڭىقى بادە!...سىزگە قايىل بولدۇم جۇمۇ ئابلاكا......دىدى سەمەت كۈلۈپ قويۇپ. بىز شۇ تەرىقىدە كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، دەرۋەقە يىگىرمە مىنۇتچە ماڭغاندىن كىيىن ئالدىمىزدا قويۇق دەرەخزارلىق كۆرۈندى. ـ : قاراڭلار!...ھىلىقى دەرەخزارلىقكەن، راسلا تىپىپ كەپتۇق. ئابلاكا سىزگە بەك قايىل بولدۇم جۇمۇ ھەقىقەتەن يول باشلىغۇچى بولۇشقا مۇناسىپكەنسىز، مۇشۇنداق سىرلىق جايدىن بۇ

دەرەخزارلىقنى تېپىپ كىلەلىگەندىكىن. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى ھايات چىقىپ كىتەلەيمەم دەپ يۈزدە ـ يۈز ئىيتالايمەن...چۈنكى سىز بار ئەمەسمۇ!........... سەمەت ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ راستىنلا توغرا ھۆكۈم چىقىرالىغىنىمدىن خۇشال بولدۇم، دىمىسىمۇ بۇ جاينى تاپقىنىمدىن مەنمۇ ھەيران ئىدىم، قارىغاندا كۈننىڭ ئولتۇرۇش چىقىش يۆلىنىشى بويىچە بىكتىتۋالسام ئاسانغا توختامدۇ نىمە؟ ...... شۇنداق قىلىپ مۇۋلەردىن خىلى كۆپلەپ ئىلىۋىلىپ يەنە يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. بىزنىڭ يولىمىز ئەمدى بۇرۇن كىرگەن ئىغىزنى تېپىش ئەمەس بەلكى بۇ جاينى بەند قىلىپ قويغان سىرلىق جاينى تېپىپ شۇ ئارقىلىق ئازەدلىققا ئىرىشىش ئىدۇق، چۈنكى بىر غايىپ كۈچ بۇ ئالۋاستىلارنى كونترول قىلىپ تۇرمىغان بولسا بۇنداق ئىشەنگۈسىز ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەن بولاتتى، ئۇيلىسىمۇ جەسەتلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشى يەنە كىلىپ ئىنسانلارنى قىرىشى ھىچكىم قوبۇل قىلالمايدىغان ئىش ئىدى. شۇڭا مەن بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم سېھىرلەش ۋاستىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئۇيلايتىم. مەن كۈننىڭ چىقىش ئولتۇرۇش ھالىتىگە ئاساسەن بۇ جاينىڭ ئايىقى توختىغان يىرىنى شىمال تەرەپتە دەپ پەرەز قىلدىم ـ: ئىنىلار، ئەمىسە مۇساپە ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىم...قانچىلىك بەدەل كىتىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆز يۆلىنىشىمىز بويىچە ياناماي مىڭىپ بۇ خارابىيلىقنىڭ ئايىقىغا يىتىشىمىز كېرەك، بەلكىم ئاخىرلاشقان يىرى دەل بىز ئىزدىمەكچى بولغان جاي شۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مۇۋلەردىن كۆپرەك ئىلىۋىلىڭلار، ئەگەر يۈرۈش جەريانىدا كەچ بولۇپ كىتىپ قالسا شۇ ئەتراپتىكى بىخەتەر جايدا پاناھلىنىپ ئاندىن داۋاملىق يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، قالغىنىنى مۇھىت ئۆزى بەلگىلەيدۇ بىز پەقەت پۈتۈن كۈچىمىزنى چىقارساقلا كۇپايە!......... ـ چۈشەندۇق!...مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن ئەمدى سىزدىن ھەرگىز ئايرىلىپ كەتمەيمىز، ھەر قانداق خەتەرگە يولۇقساقمۇ ئۆز ـ ئارا ھەمدەمدە بولىمىز ئەنسىرىمەڭ ئابلاكا بىز ئۆلگىچە سىز تەرەپ!........... ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم، ھەم كۈچ ـ قۇۋۋىتىم قايتىدىن ئۇرغۇپ تاشتى. بىز شۇ ھالدا خىلى كۆپ يول يۈردۇق، ئەلۋەتتە ماڭغان يولىمىزغا بەلگە سىلىپ قويۇشنى ئۇنۇتمىغان ئىدۇق. خىلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كىيىن يىشىلچىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى، ئەمدى بولسا ئالدىمىزدا توپىغا بىر تۇتاش بولۇپ كەتكەن قەدىمى ئۆيلەر، توپا دۆڭلۈكلىرى، قاقشال بولۇپ كەتكەن توغراقتىن باشقا ھىچنىمە كۆرۈنمەيتتى. ھاۋا شۇنچىلىك ئىسسىق بولۇپ قۇياش خۇددى بىشىمىزدىلا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بىر تەرەپتىن چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمسەك بىر تەرەپتىن ئۇسساپ قاغجىراپ كىتەتتۇق، كۆزلىرىمىز قۇياش نۇرىدا چاقىيىپ يولنىمۇ ئىگىز پەس دەسسەپ يۈرۈپ داۋام قىلىۋاتاتتۇق. زىيادە ئىسسىق بولغاچقىمىكى مۇرەمنىڭ، ھەم كۆرىكىمنىڭ يارا ئىغىزى ھەربىر قىتىم تەر تەپچىگەندە ۋىژىلداپ ئىچىشىپ كىتەتتى. قارىماققا ئاغرىق ئازابىدا قالغان مەنلا ئەمەس ئىدىم، ئىلىمۇ مەيدىسىدىكى يارا ئىغىزىنى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تۇتۇپ قوياتتى. تۇساتتىن كاللامغا بىر ئەقىل كىلىپ قالدىدە ئۇلارنى توختاتتىم ـ: توختاپ تۇرۇڭلار، بۇ چىدىغۇسىز ئىسسىقتا ئىلى بىلەن ئىككىمىزنىڭ يارىسى

تىخىمۇ كېڭىيىپ كېتىدۇ شۇڭا بىرەر ئامالىنى قىلاي!........... ـ: ئامال دەمسىز؟ ...دىدى ئېلى ھەيران بولۇپ ـ: قانداق ئامال قىلاي دەيسىز، مېنىڭغۇ شۇ تۇرقىدا ئىيچىشىپ پەقەتلا ماڭغىلى قويمايۋاتىدۇ. دىمىسىمۇ نىمانداق ئىسسىق جاي بۇ، مۇشۇ تۇرقىدا يەنە ئازراقلا ماڭسام يىقىلىپ قالغۇدەك قىلىمەن. ئامال بولۇپ قالسا يارىمىزغا داۋا قىلىڭە ئاكا!........... مەن ئېلىنىڭ يارىسىدىكى تىڭىقنى ئېلىۋېتىپ تازا ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان توپىلىقتىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يارىسىغا چىڭ باستىم. ـ: «ئاااا!.....ۋايجان، نى.....نىمىش قىلىۋاتىسىز ئابلاكا!......»قىززىققا چىدىمىغان ئېلى ۋارقىراپ كەتتى. مەن ـ: جىم تۇر، يارا ئىغىزى سۇلىشىپ كەتسىلا ساقايمىقى تەس بولىدۇ، بۇ قىززىق توپا يارا ئىغىزىدىكى ھۆللۈكنى ئالسا يەنە بىر تەرەپتىن قىززىق تەپتى يارا ئىغىزىدىكى مىكروپلارنى ئۆلتۈرۈش ھەم تىز قاتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق بولغاندا تەرلىگەندە يارىنىڭ ئىيچىشىپ ئاغرىشىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ! ...... ئېلى چىرايىنى بىردەم پۈرۈشتۈرۈپ تۇرغاندىن كىيىن ئەركىن بولۇپ قالدى ئاندىن ـ: ۋۇي، راسلا ئاغرىقى يوقاپ كەتتىغۇ!...مانا ھازىر بەك خۇش يىقىۋاتىدۇ، راسلا قالتىس مۆجىزىكەن بۇنى قانداق ئويلاپ تاپتىڭىز ئابلاكا؟ ...... ـ: ھا ھا، قارا سىنى!...قانداق ئەمدى خۇش ياقتىمۇ؟ ...بىردەم ئاغرىغاندىن كىيىن ئۆزلىشىپ قالىسەن ھەم ئۇنۇمى ناھايىتى يۇقىرى. بۇ ئىش ئەزەلدىن ئاتىللىرىمىز قوللىنىپ كەلگەن يەرلىك ئۇسۇل، بىزنىڭ يىزنىڭ توپىللىرىنىڭ شىپالىق رولىنى سىلەر تىخى بىلمەيسىلەر، ھەر قانداق كەڭرىشكە باشلىغان جاراھەتكە، كۆيۈككە مۇشۇنداق سىغىز توپىدىن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىپ چىپىپ بىرىدىغان بولساڭ ئۆزاق ئۆتمەيلا كارامىتىنى كۆرىسەن. شۇڭا يىزاڭنىڭ توپىسىنى قەدىرلە جۇمۇ!........ ئېلى بىلەن سەمەت سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئېلىنىڭ يارىسىغا تازا قىززىغان توپىدىن ئىككى قىتىم چىپىپ، ئاندىن يارىسىنى تىڭىپ قويدۇم. ئۆزۈمنىڭ يارىسىنىمۇ شۇ ئۇسۇلدا قىلىپ تىڭىۋالدىم، ئەمدى بولسا خىلى ئارام بەرگەندەك قىلاتتى. بىز مىۋىلەردىن بىر ـ ئىككىدىن يەپ ئۇسسۇزلىقىمىزنى قاندۇرىۋالغاندىن كىيىن داۋاملىق ھالدا يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ماڭغانسىرى بۇ كەڭ توپىلىق تىخىمۇ ئاۋۇپ كىتىپ باراتتى، كۈن چىقىۋاتقاندا ماڭغان ئىدۇق ھازىر بولسا كۈن ئۆرۈلۈپ بولغان ئىدى بىراق شۇنچە ماڭساقمۇ بۇ كەڭ كەتكەن توپىلىقتىن چىقىپ بولالمايۋاتاتتۇق. ئاپتاپتىن دالدىلىنىدىغان ھىچقانداق سايە جاي بولمىغاچقا قىقىرچىلىقتا بارا ـ بارا ھالسىزلىنىشقا باشلىدۇق، كۈننىڭ ئىسسىق تەپتى تىرىلىرىمىزنى كۆيدۈرەتتى...... ـ: مەن پەقەت چىدىمىدىم، شۇنچە يول ماڭساقمۇ بۇ توپىلىقتىن چىقىپ كىتەلمىدۇق، قارىغاندا ئىزىتقۇغا ئۇچراپ قالغان ئوخشايمىز. ئەمدى مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كىتەمدۇق نىمە؟ ......دىدى سەمەت ھاسىراپ تۇرۇپ. ئېلى ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بىرىپ ـ: يوق گەپنى قىلمىغىنە، ئابلاكام بىلەن ئىككىمىز ئىغىر يارىلانغان تۇرۇپ غەيرەتلىك بولۇۋاتساق سەن ھىچقانداق يارىلانمىغان بەردەم ئادەم شۇنداق گەپ قىلىشقا نۇمۇس قىلمىدىڭمۇ؟ ......ئۆلۈپ كىتەمدۇق دىگەن نىمە گەپ ئۇ، بايا نىمە دىيىشكەن غەيرەتلىك

بولساقلا بۇنداق توپىلىقتىن ئەمەس تەكلىماكاندىنمۇ بۆسۈپ ئۆتۈپ كىتىمىز جۇمۇ، قۇرۇق گەپنى قويۇپ تىز ماڭ!........... سەمەت ئېلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باشقا گەپ قىلماستىن سۆرىلىپ دىگۈدەك مىڭىشقا باشلىدى، مەن بولسام يىراقلارنى كۆزىتىۋاتاتتىم. ئۆزۈمنىڭ توغرا كۆرگىنىمنى ياكى خاتا كۆرگىنىمنى بىلەلمەي ئېلىدىن سورىدىم ـ: ئېلى، ئاۋۇ تەرەپكە قارىغىنە يىشىلچىلىق كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ ياكى خاتا كۆرۈپ قالدىممىيا؟ ........... ئېلى بىشىنى سەل سوزۇپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ـ: ياق خاتا ئەمەس راسلا يىشىلچىلىق باركەن، دىمەك يەنە بىر تەرەپتىكى خارابىلىق شەھرىگە باراليدىغاندەك قىلىمىز!.....دىدى خۇشا بولۇپ، بىراق مەن قانداقلا ئويلىسام بىر قىسمىلا تۇراتتى، قانداقسىگە بىر خارابىلىقنىڭ ئىچىدە شەھەر خارابىيسىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان بۇنداق كۆز يەتكۈسىز توپىلىق بولىدۇ، يەنە كىلىپ نەچچە كىلومىتىر كىلىدىغان خارابىلىقتا!......ئويلىغانسىرى ئەقلىم يەتمەيۋاتاتتى. بەلكىم بۇ توپىلىق شەھەرنىڭ پاسىلى بولسا كىرەك، ھەم شەھەرنى بەرپا قىلغاندا يۆتكىۋىتەلمىگەچكە ھەم قۇرۇلۇش قىلىشقا ئەپسىز بولغاچقا بەلكىم مۇشۇنداق قويۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. مەيلى قانداقلا بولسۇن يەنە بىر ناتونۇش شەھەر بۆلۈمچىسىگە بىرىپ قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بىرىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كەلدى. ـ: تىز بولۇڭلار، تىزرەك ئۇ جايغا بىرىۋالايلى!.........مەن شۇنداق دىگەچ ئۇلارنى ئېلىپ يىشىلچىلىق كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ مىڭىشقا باشلىدىم!...........

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب7 ـ قىسىم)

ئالاھەزەل ئون مىنۇتچە ماڭغاندىن كىيىن دىگەندەك يىشىللىق قاپلىغان يەنە بىر بۆلۈم شەھەر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. بۇ تەرەپ بىز كەلگەن تەرەپكە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بولۇپ ھەممە قەلئەلەر تاشتىن قوپۇرۇلغان ئىدى. بىز يەنە بىر قىتىم ھەيرانلىقتا ھەممە يەرگە نەزەر سالدۇق. ئەتراپنى پۈتۈنلەي تىكەنگۈل بىلەن يىشىل چىم قاپلاپ كەتكەن ئىدى، ئوتتۇرىدا تاشتىن ياسالغان يول بولۇپ ئىچكىرى تەرەپكە سوزۇلۇپ قارىماققا ئەگرى ـ بۈگرى بىغىرلاپ كىتىۋاتقان يىلانغا ئوخشاپمۇ قالاتتى. بىز ئەتراپنى كۈزەتكەچ ئىچكىرىلەپ كىردۇق، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئەنسىز سايراپ قويىدىغان قۇشلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا بۇ جايمۇ بىز كەلگەن توپا خارابىلىقتىن كۆپ پەرقى يوق ئىدى. ـ: ئابلاكا، بۇ جاي نىمانداق سۇرلۇك!......... دىدى سەمەت ئەتراپقا تەشۋىشلىك قاراپ. ئېلىمۇ سەمەتنىڭ سۆزىنى قوللاپ قويدى ـ: شۇنى دىگىنە، جىمجىتلىق ئەسلىدىنلا خەتەرنىڭ بىشارىتى...ئۇ جايدىن بۇياقتا كىلىپ يەنە قانداق خەتەرلەرگە يولۇقارمىزكىن. لىكىنغۇ بۇ جاينىڭ ھەممە يىرى تاش ئۆڭكۈر، تاش قەلئەكەن، ھىچ بولمىسا يوشۇرۇنىۋالساقمۇ خىلى بىخەتەر بولىدىغاندەك!.........قاراڭلار تىخى ئۆڭكۈرلەرمۇ بار ئىكەن، قارىغاندا تاغدىن تەبىي شەكىللىنىپ قالغان ئۆڭكۈرلەر بولسا كىرەك.........راس ئابلاكا بىز قەيەرگە بارىمىز؟ ...... ئېلىنىڭ سۆزىگە مەنمۇ نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشىمنى بىلمەيتتىم، مەنمۇ بۇ جايغا تىخى يىڭىلا كەلگەن تۇرسام، شۇڭا ئاددىيلا جاۋاپ

بەردىم ــ : مەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن بىز مەلۇم بىر سېھرىي كۈچنى ئىزدەپ كەلدۇق شۇ ئارقىلىق بۇ جايدىن چىقىپ كېتەلىشىمىز مۇمكىن. ئاۋۋال يەنە ئېچكىرلەپ باقايلى نىملا دىگەن بىلەن هازىر تېخى كەچ بولمىدى شۇڭا ئالۋاستىلار سىرتتقا چىقالمايدۇ، شۇ پۇرسەتتە بۇ جاينىڭ يەر شەكلىنى ئىنىق بىلىۋالايلى ئاندىن كەچ چۈشەرگە يېقىن بىخەتەررەك پاناھ جايدىن بىرنى تېپىۋىلىپ شۇ جايدا پاناھلىنىپ تۇرايلى، قالغىنىنى كىيىن بىر نىمە دەرمىز!......... ئۇلارمۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇ ھالدا كىتىۋاتقىنىمىزدا سول قاسناقتىكى تىكەنلىكنىڭ ئارىسىدىن بىر نەرسىنىڭ يىنىمىزدىن ناھايىتى تىز ئۆتۈپ كىتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم ــ : قاراڭلار ئاۋۇ نىمە!......... ئىككىسىمۇ مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە چاققانلىق بىلەن قاراپلا تۇرۇپ قالدى ــ : قايسى؟ ......بىز ھىچنىمە كۆرمىدۇققۇ؟ ... مەن سەل گۇمانلىنىپ ئۇ كىرىپ كەتكەن قويۇق تىكەنلىك ئالدىغا كەلدىم، مەن بايا مۈشۈككە ئوخشايدىغانراق بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالغان ئىدىم، ھەم كۆڭلۈمدە ئالۋاستى ئەمەس بەلكى بۇ جايدا ھايات جانلىقنىڭ بارلىقىغا ھەيران ئىدىم. يىنىمدىن خەنجىرىمنى سۇغۇرۇپ ئىلىپ تىكەنلىك ئارىسىغا تىقىشىمغا ئۇ ھايۋان ئۇركۈپلا باشقا تەرەپكە قىچىشقا باشلىدى. ــ : چىك ئاي ئابلاكا!......توشقانكەنغۇ شۇ!...ئادەمنى شۇنداقمۇ قورقۇتقان بارمۇ، مەن تېخى بىرەر جەسەتنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئىشتانغا چىقىرىشقا تەييارلىق قىپ بولۇپتىمەن!.........دىدى سەمەت كايىپ. ئېلى ــ : ھىي، داۋاملىق ئىشتانغا چىقىرىشقا ئاران تۇرىدىكەنسەن. ھىلىمۇ بىرەر يىرىڭ يارىلانماي ساق ــ سالامەت يۈرىۋاتقىنىڭ، مەندەك ئىغىرراق يارىلانغان بولساڭ بۇ چاققا ئۆلۈپ بولاركەنسەن!......بۈنىڭغا ئابلاكامنىڭ بىرەر ئويلىغان ئىشى بولغاچقا شۇڭا دىگەندۇ، ئاۋال ئاڭلاپ باقمامدۇق!...دىگەچ ماڭا قاراپ قويدى. مەن ــ : توغرا، مەن بۇ جايدا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قىلىۋاتىمەن. ئەجىبا بۇ جايدا ھاياتلىققا خەۋپ يەتكۈزىدىغان مەخلۇقلار، جەسەت ئالۋاستىلار يوقمىدۇ؟ ............ ئۇلارمۇ ماڭا قاراپ جىم بولۇپ قىلىشتى، ئاندىن ئېلى ــ : بەلكىم بۇ جاڭۋار مۇشۇنداق قىچىپ يۈرۈپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا مۇشۇنداق قورقۇنۇچلۇق خارابىلىقتا ئۇ ئالۋاستىلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىنمۇ. بۇ پەقەت يۈزەكى كۆرۈنۈشتۇ ئابلاكا!...ئاۋۋال بۈگۈن كېچىنى ساقلايلى، كېچە كىرىشى بىلەن يەنە قانداق ئىشلار بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ئۇنىسى تېخى بىزگە نامەلۇم، ئەگەر راسلا كېچىچە بىرەر ئەھۋال كۆرۈلمىسە ئاندىن تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كىرسەك بولىدىغۇ. قالغان ئىشلارنى شۇ چاغدا ئەھۋالغا قاراپ قىلمايمىزمۇ!، ......... ئېلىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق ئىدى، دىمىسىمۇ بىر بىردانە توشقانغا قاراپلا ھەممىسىنى بىلىش قىيىن، ئۇلار يەنە كىلىپ كەچتە ئوۋ قىلىدىغانلار كۈندۈزدە يوروۇقلۇقتا چىقالمايدۇ. شۇڭا مەنچىمۇ ئېلىنىڭ دىگىنى بويىچە قىلىش كېرەك ئىدى. ــ : ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، كەچ كىرگۈچە ئارىلىقتا ياخشىراق جايدىن بىرنى تېپىپ پاناھلىنىپ تۇرايلى ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرارمىز. ئۇنداقتا ئاۋۇ توشقاننى ئوۋلىۋالامدۇق كەچتە كاۋاپ قىلىپ يەرمىز!......دىدىم

مەن. ئۇلارمۇ خۇشال بولىيپ كىتىشتى ـ: بولسا شۇنداق قىلىلى، مۇۋە دەماللىققا دالدا بولغان بىلەن يەنىلا مۇۋدە. يەنە كىلىپ يەۋەرسە ئادەمنىڭ تولا ھاجىتى قىستاپ!........دىدى سەمەت. بۇنى ئاڭلىغان ئىبلى ئۇلاپلا ـ: ھە، شۇڭا كىچىككىنە ئىش بولۇپ بولغىچە ئىشتانغا چىقىرىدىغانغا ئارانلا تۇرىمەن دىگىنە!...... ـ: قويغىنەۋاي سىنى!...ئالدىڭدا بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلغىلى بولمايدىغۇ زادى!........دىدى سەمەت تىرىكىپ، ھەممىمىز كۈلۈپ كىتىشتۇق ـ: بولدى بۇ جايدا قاراپ تۇرىۋەرمەي ئاۋۋال ياخشىراق بىر جاي تاپايلى ئاندىن بىرەر توشقاننى ئولجا ئىلىپ ئاستا كاپىمىزغا كىرىۋالايمىزمۇ؟ ......دىدىم مەن. شۇنداق قىلىپ يىقىن ئەتراپتىكى تاش ئۆڭكۈرلەرگە، قەلئەلەرگە قاراپ ماڭدۇق. بىر نەچچىسىنى كۆرگەن بولساقمۇ تازا قاملاشمايدىغاندەك كۆرۈندى، چۈنكى ئىچىنى پۈتۈنلەي ناھايىتى چوڭ ـ چوڭ تور قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ئادەم ئۇ تورغا قاراپلا تورنى توقۇغان ئۆمۈچۈكنىڭ قايسى دەرىجىدە يوغان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى، ھەتتا تورغا ئىلىنىپ قالغان نىمىلەرنىڭدۇر قۇرۇپ چىرىپ كەتكەن جەسەت سۆڭەكلىرى خەتەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ جايدا جەسەتلەر يوق دىگەندىمۇ ئادەمنىڭ قىنىنى شورايدىغان گىگانت ئۆمۈچۈك، چوڭ ئورمان يىلانلىرىنىڭ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايتتى. ھەم ئىبلى ئىككىمىز يارىلانغاچقا دەماللىققا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ بولمىقىمىز تەس ئىدى. ـ: بۆرىدىن قىچىپ يولۋاسقا تۇتۇلدۇقمۇ نىمە، نىمانداق قورقۇنۇچلۇق جاي بۇ...ياخشى بىزدە قولچىراق باركەن بولمىسا ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئىلىنىپ قىلىپ چاتاق چىقاكەن!.............دىدى ئىبلى. سەمەتمۇ ـ: شۇنى دىمەمسەن، ئۇ جايدىن ئاران قۇتۇلۇپ مايەردە قانداق ئىشلارغا يولۇقىمىز دىگىنە تىخى!.........دىدى ئەتراپقا قاراپ قويۇپ. مەن ئۇندىمەستىن ئەتراپنى كۈزىتەتتىم ھەم تەھلىل قىلاتتىم، يىراقلارغا قارىغىنىمدا خىلى ئىگىز سىلىنغان بىر چوڭ قەلئە كۆرۈندى. ـ: قاراڭلار ئاۋۇ قەلئەگە، بىز ئۇ جاينىڭ ئىچىگە كىرىپ باقايلى، بەلكىم شۇ جايدىن بىرەر جاۋاپقا ئىرىشەلىشىمىز مۇمكىن!...دىدىم مەن ئۇلارغا. سۆزۈمنى ئاڭلىغان سەمەتنىڭ چىرايى ئۆزگەردى ـ: نى...نىمە!...يەنە ماڭامدۇق؟ ......قارىماققا ئۇ جاي يىراقتەك قىلامدۇ نىمە، ھەم ئەقلىمدىن ئۆتمەيۋاتقىنى يۇقىرى مەھەللىدىن قارىغاندا بۇنداق جايلار باردە قىلمىغانتى ئىچىگە كىرگەندە بولسا ئاتام كۆمگەن يەرلەر تۇرىدۇ، شۇڭا ئويلىشىۋراق ئاندىن ماڭساق بولارمىكى. ھىلى ئىزىتقۇغا ئەگىشىپ مىڭىپ ھاياتىمىزنى جەسەتلەرگە ئىچىنىشلىق تۇتۇپ بەرمەيلى!......... ـ: مەيلى قانداقلا بولسۇن بىز بۇ جايغا تەييارلىق بىلەن كەلگەن، شۇڭا ئۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بىرىشىگە ئەجەپلىنىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. سىلەرگىمۇ ئايانغۇ كىرگەندىن باشلاپ بۇ سىرىتتىن كىچىككىنە كۆرۈنىدىغان خارابىلىقتىن چىقىپ كىتەلمەيۋاتىمىز. مەن كىرىشتىن بۇرۇن ئىككى سائەتتىلا پۈتۈن ئايلىنىپ بولىدىكەنمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمدى بولسا تۆت كۈن بوپ قالدى تىخىچە چىقىپ كىتىدىغان جاينى تاپالماي يۈرمەمدىمەن مانا!......شۇڭا ئويلايمەن بۇ جاي شۇنداق سىھىرلىۋىتىلگەن گەپ، بىز توغرا

ماڭساقمۇ سىھىر تۇپەيلى يول شۇنچىلىك ئۇزىراپ كىتىۋاتىدۇ، بۇ ئۆزلۈكتىن ئەمەس!........
ـ : ئىشقىلىپ بۇنداق بولىۋەرسە ھايات قىلىشتىن ئۈمۈدۈممۇ قالمىدى مىنىڭ، بەلكىم پەسىل بۇ ھالەتتىلا تۇرىۋەرمەس ھەقىچان، ھازىرغۇ ياز بوپتۇ...قىش كەلسە قانداق قىلىمىز، ئوزۇقنى نەدىن تاپىمىز قەيەردە تۈنەيمىز، قىشنىڭ نەشتەردەك سانجىلىدىغان جۇت سوغۇقىدىن قانداق پاناھلىنىمىز!........ ئېلى شۇلارنى دەۋاتقاندا گەپنى تارتىۋالدىم ـ : ھوي، سىنىڭ دىمەكچى بولغىنىڭ بۇ جايدا قىشقىچە تۇرىمىز دىمەكچىما؟ .....نىملەرنى ئويلاپ كەتتىڭ ساقام، ئەگەر مۇشۇ جايدىن سىھىرنىڭ ئىشى توغۇرلۇق بىرەر نەرسىگە ئىرىشىپ قالساقلا نەچچە كۈنگىچە بۇ جايدىن چىقىپ كىتىپ بولىمىز، ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ........دىدىم ئۇنىڭغا تەسەللىي بىرىپ. ئېلى، سەمەت ئىككىلىسى بىر نەرسىنى ئويلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ـ : بولدى، ئارتۇق ئويلىماي تىز مىڭلار!.....مەندە ئاشۇ قەلئەدە بىر ئىش باردەكلا سىزىم بولىۋاتىدۇ. ئەگەر راسلا شۇنداق بولسا تىزرەك بۇ جايدىن چىقىپ كىتىۋاللى........دىگەچ ئۇلارنى ئىلىپ ماڭدىم، ئۇلارمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي كەينىمدىن مىڭىشقا باشلىدى. بىز شۇ يوسۇندا ئازراق ماڭغاندىن كىيىن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاقىر جايدا قەبرىلەر شالاڭ ياسالغان بىر كىچىك قەبرىستانلىقنى كۆردۇق، قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ گۈمبەزلىرى يىرىلىپ تۆشۈك ئىچىلىپ قالغان ئىدى. ـ : توۋا، بۇ جايدىكى قەبرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە قاتۇرۇش قائىدىسىگە ئوخشاش ياسالغانكىنا!......ئەجىبا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان شەھەرلىرى بولغىيمىتى بۇ جاي. قاراڭلار ئىنىقلا بىزنىڭ قەبرە قاتۇرۇش ئۇسۇلىمىزغۇ بۇ گۈمبەزسىمان قەبرىلەر!........دىدى سەمەت قولىدا ئۇ تەرەپنى كۆرسىتىپ. ئېلى دەرھاللا ـ : ھەي قەبرىگە قولۇڭنى تەڭلىمە يامان بولىدۇ، كىچىك ۋاقتىمدا مەنمۇ قەبرىگە قولۇمنى تەڭلەپ گەپ قىلغان ئىدىم شۇ چاغدا بوۋام ماڭا«ئوغلۇم، قولۇڭنى قەبرىگە تەڭلەپ گەپ قىلما!...قەبرە ئەھلىگە ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، ھەم سىنىڭ شۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن سىنىڭمۇ بۇ جايغا تىزرەك كىلىشىڭنى تىلەيدۇ...يەنى ئۆلىمىڭنى تىلەيدۇ!»دەپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنداق قىلىپ باقمىدىم. سەنمۇ بۇندىن كىيىن ئۇنداق قىلما!......دىدى. سەمەت ـ : ۋاي ئادەمنى قورقۇتمىغىنە، مەن پەقەت سىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قولۇمنى تەڭلىگەن. بۇنداق بولارنى بىلسەم ئۇنداق قىلامتىم، ئەمدى بىلدىم ئۇنداق قىلمايمەن!......دىدى جىددىيلىشىپ، ئاندىن قولىنى كەينىگە تۇتىۋىلىپ ـ : ئۇ جايغا بىرىپ باقامدۇق ئەمىسە، ئىچىدە بىز ئىزدەۋاتقان بىرەر نەردە بوپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!........دىدى بىشىدا ئىشارەت قىلىپ. ئۇنىڭ دىگىنىنىڭمۇ خاتاسى يوق ئىدى، بۇ شالاڭ قەبرىلەر كىملەرنىڭ، قانداق بولۇپ بۇ جايدا قويۇلغان بۇمۇ بىر سىر ئىدى. بەلكىم سەمەتنىڭ دىگىنىدەك قەبرىنىڭ ئىچىگە مىيىت بىلەن بىللە قويۇلغان ئالاھىدە بىرەر نەرسە بار بولۇپ قالسا شۇنى يىپ ئۇچى قىلغان ئاساستا بۇ جايدىن بالدۇرراق چىقىپ كىتەلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. ھەم ئاساسلىقى بۇ جاينىڭ سىھىرلەنگەندىن كىيىنكى چىقىش ئىغىزىنىڭ

ياكى ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ خەرتىسىنى تېپىش ئەڭ مۇھىم ئىدى. شۇڭا بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ قويۇپ ئاستا قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. قەبرىلەرگە ئاز قالغاندا توساتتىن مەن دەسسىگەن جاي ئۆلتۈرۈشۈپلا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا ۋارقىرىغان پېتى يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتىم. ......... ـ: ئابلاكا!.........ئابلاكا بامۇ سىز؟ ......قانداقراق......ئابلاكا!......... قۇلقۇمنىڭ تۈۋىدە بىر يەرلەردە غۇۋا ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ئاۋازنىڭ قەيەردىن چىقىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەيتتىم، كۆزلىرىمنى تەسلىكتە ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. يېنىمدىلا كىيمى بىلەنلا دەپنە قىلىنغان لېكىن ئانچە بەك چىرىپ كەتمىگەن بىر جەسەت بار بولۇپ، يىلانلار تۆشۈك كۆزلىرىدىن كىرىپ ئىغىزىدىن چىقىپ يۆرىشەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ مىنى بىرخىل قورقۇنچ چىرمىۋالدى. ئۈنىڭغىچە ئۈستىدىن يەنە ئاۋاز ئاڭلاندى ـ: ئابلاكا!......سىز ياخشىمۇ، ئاڭلىغان بولسىڭىز جاۋاپ بىرىڭ!...... ـ: ھە...........مەن...خىلى ياخشى......ماڭا قولچىراقنى تاشلاپ بىرە!...... دىدىم ئۈنىڭغا. يورۇق چۈشۈپ تۇرغان بۇ جەسەتنى كۆرەلىگەن بولسامۇ بىراق ئەتراپتا يەنە باشقا جەسەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ھىس قىلىپ قالغان ئىدىم. بىشىم سەل ئاغرىپ تۇراتتى، ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇپ چۈشۈپ كەتكىنىمنىمۇ بىلەلمەيلا قالغان ئىدىم. ـ: ئەمسە تاشلىدىم يىراقراق تۇرۇپ تۇرۇڭ ھە!......... ـ: ھە تاشلاۋە!.........مەن شۇنداق دىگەچ كەينىمگە قەدەم ئىلىشىم بىلەن تەڭ بىر نەرسىگە دەسسەپ سالدىم. ئۈنىڭغىچە قولچىراقمۇ چۈشتى، مەن دەرھال بىرىپ قولچىراقنى ئالدىمدە ئەتراپقا يورۇتتۇم. دىگەندەك بۇ يۇمۇلاق كەڭ قىلىپ سىلىنغان بىر قەبرە بولۇپ، بايىقىدەك جەسەتتىن يەنە بەشى بار ئىدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا كىيمى بىلەن دەپنە قىلىنغان بولۇپ، يۈز قىسمى سەل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاننى ھىساپقا ئالمىغاندا بەدەنلىرى ئۆز شەكلىنى ساقلاپ قالغان ئىدى، ھەتتا كىيملىرىمۇ بەدەنگە چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ كىيملەردىمۇ كۆپ چىرىش ئەھۋاللىرى يوق ئىدى. بۇ ھال مىنى ھەيران قالدۇردى، چۈنكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ خارابىيلىقتا بۇنداق مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان جەسەتنى ئۇچرىتىش ئادەتتىكى ئىشمۇ دەيسىلەر!...... ـ: ئابلاكا بۇنى تۇتۇپ ئۈستىگە چىقىڭ!........ جەسەتلەرگە ھەيران بولۇپ تۇرغىنىمدا ئۈستىدىن سەمەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەم قەبرە ئىچىگە بىر يۆگىمەچ ئۆسۈملۈكنىڭ پىلىكىنى تاشلىدى. ـ: چىڭ تۇتۇڭ، ئېلى بىلەن ئىككىمىز سىزنى تارتىپ چىقىرىمىز!......دىدى ئۇ يەنە. مەن بولسام بۇ جەسەتلەرگە قىزىقىپ قالغان ئىدىم. بىراق قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاچقا بۇلارنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يار بەرمەيتتى، شۇڭا ئەتىگىچە كىلىپ قايتا بىر تەكشۈرۈشنى ئويلاپ پىلەككە ئېسىلدىم..............ئۈستىگە چىققاندىن كىيىن كۆردۈمكى، ئەمەلىيەتتە تۈزلا كۆرۈنگەن بۇ جاي چوڭقۇر كولىنىپ قاتمۇقات يىپىلىش ئارقىلىق قەبرە قىلىنغان ھەم گۈمبەزمۇ قاتۇرۇلمىغان ئىدى. كۆپ كىشىلىك بۇ قەبرىنى شۇ زاماندىكى ئۆلۈپ كەتكەن ئەسكەرلەرگە ئاتاپ كولانغاندەك ھىس قىلدىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم بىرخىل

ئىدى، خۇددى فورما كىيگەندەكلا......ئۇلارغا يامغۇر ياكى ئاپتاپ تەسىر قىلىپ بۇزۇلۇپ كىتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇستىگە تىكەنگۈللەردىن، شاخ ـ شۇمبىلاردىن تاشلاپ دەماللىقتا مۇداپىيە ھالىتىنى شەكىللەندۇرۇپ قويدۇم. ھەم ئەتە كەلگەندە تاپمىقىممۇ ئاسانغا توختايتتى. ئىش تۈگىگەندە ئىككىسى مەندىن سورىدى ـ: ئابلاكا، ئىچىدە نىمە باركەن؟ ھەجەپ ئۇستىللىرىنى يىپىپ، ئاۋايلاپ كەتتىڭىزغۇ!......... ـ: باشقا ئالاھىدىرەك نىمىغۇ يوقكەن، شۇ يىلانلار بىلەن ئالتە جەسەت باركەن!...لىكىن شۇنچە ئەسىرلەردىن بۇيان ناھايىتى مۇكەممەل ساقلىنىپ كەپتۇ، ھازىر بولىدىغان بولسا نەچچە يىلدىلا تۇپراققا ئايلىنىپ بولاتتى. شۇڭا ھەيران قىلىۋاتىمەن، ئۇلار جەسەتنى زادى نىمىدە قانداق ئۇسۇلدا دەپنە قىلىدىغاندۇ، ھەم قانداق قىلىپ مۇشۇنداق مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغاندۇ؟ ............دىدىم ھەيرانلىق بىلەن. ـ: ئابلاكا بۇنىڭغا باش قاتۇرماي كەچ كىرگىلى تۇردى ئاۋۋال بىرەر بىخەتەر جاينى تېپىپ پاناھلىنىۋالمايلىمۇ، قالغىنىنى ئەتە يەنە كىلىپ تەكشۇرۇپ باقمامدۇق!......دىدى سەمەت. ـ: توغرا، كەچمۇ بولاي دەپتۇ ئەمسە ئاۋۋال ياخشىراق جايدىن بىرنى تېپىپ پاناھلىنىپ تۇرايلى، كەچتە قانااق ئىشلار بولىدۇ تىخى!...... مەن شۇنداق دىگەچ ئۇلارنى ئىلىپ ئەتراپتىن بىخەتەررەك جاينى تېپىش ئۇچۇن يۇرۇپ كەتتىم، بىراق كاللامدا يەنىلا بۇ جەسەتلەرنىڭ يىگى جەسەت ياكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان مۇشۇ جايدا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان جەسەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تىڭىرقاپ قالغان ئىدىم.............

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب8 ـ قىسىم)

ـ: ئابلاكا ئاۋۇ يەر بىخەتەرمىدۇ؟ ... دىدى سەمەت ئۇدۇل تەرىپىمىزدىكى بىر تاش ئۆينى كۆرسىتىپ. ـ: بىلمىدىم، بولمىسا ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقامدۇق؟ ......ئۇلارنىڭمۇ شۇنداق ئويى باردەك قىلاتتى. بىز بىر بىسىپ ئىككى بىسىپ ئۇ تاش ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ـ: پاھ، ئىچى نىمانداق قاراڭغۇ بۇ جاينىڭ!......ئېلى ھەيرانلىقتا تاش ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى. ـ: ئېلى قولچىراقنى ياقە، بىز ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقايلى...ھەر ئېھتىمالغا قارشى خەنجىرىڭلارنى ئىلىپ ھۇشىار ھالەتتە تۇرۇڭلار. بۇ جاي بىزگە يىڭى شۇڭا ھەممە جايغا ئالاھىدە دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ!.........دىدىم مەن ئۇلارغاقاراپ. ئېلىلارمۇ بىشىنى لىڭشىتىپ يىنىدىكى خەنجەرلىرىنى ئىلىپ تەق بولدى. «يۇرۇڭلار ئەمسە!»مەن شۇنداق دىگەچ ئېلىنىڭ قولىدىكى قولچىراقنى ئىلىپ ئىچىگە يورۇتتۇم. ئۆينىڭ ئىچىدىن شۇنداق مۇدھىشلىق چىقىپ تۇراتتى. بىز ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ ئەتراپقا قارىدۇق، بۇ تىخى كارىدورسىمان يول بولۇپ بىرئاز ماڭغاندىن كىيىن ئاندىن كەڭرى ئۆي ئىچىگە كىرگىلى بولاتتى. بىز ئىچكىرىلەۋاتقاندا تۇيۇقسىز تاش ئۆينىڭ ئىغىزى گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەك ئىتىلىپ قالدى. چۆچۈپ كەينىمىزگە ئۆرۈلگىنىمىزدە بولسا چوڭ بىر تاش ئىشىك ئۆينىڭ ئىغىزىنى ئاللىقاچان توسۇپ بولغان ئىدى. قولچىراقنى سەمەتكە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ـ: تېز!...ئىشىكنى ئاچايلى!...، دىدىم مەن جىددىي قىياپەتتە تاش ئىشىك بىلەن ھەپىلەشكەچ،

بىراق ھەرقانچە قىلساقمۇ تاش ئىشىكنى مىدىرلىتالمىدۇق. شۇ پەيىتتە ئىچى تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. «ئۇششششششش!...ئاۋاز چىقارماڭلار ئىچىدىن ئاۋاز كىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ!»ئۇلار سۆزۈمنى ئاڭلاپ جىممىدە بولۇشتى. بىردەم تۇرغاندىن كىيىن دىگەندەك ئىچى تەرەپتىن بايىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. ـ: ئابلاكا بۇ نىمىنىڭ ئاۋازىدۇ؟ ...دىدى سەمەت بوش ئاۋازدا. ـ: بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئەمەس...بىز بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كەتمىسەك بىرەر خەتەرگە يولۇقىشىمىز مۇمكىن، ئىشىكنى يەنە بىر قوزغاپ باقايلى كىلىڭلار!......مەن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تاش ئىشىكنى يەنە قوزغىتىشقا باشلىدىم، بىراق قانداقلا قىلساق ئۇ ئىشىك شۇ پېتى تۇراتتى. ـ: بولدى ئاۋارە بولمايلى، بىز باشقا جايدىن چىقىپ كەتمىسەك بۇ ئىشىكنى ئەمدى ئاچقىلى بولمىغۇدەك!......

سەمەت سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ بىلمەيلا ئاۋازنى قويىۋىتىپ سۆزلەپ كەتتى ـ: نىمە؟ ...باشقا جايدىن دىدىڭىزما؟ ......بۇ جاي شۇنداق قاراڭغۇ تۇرسا يەنە كىلىپ ئىچى تەرەپتىن نىملەرنىڭدۇر ئاۋازى چىقىۋاتسا قانداق ئىچكىرلەيمىز؟ ... ـ: ئۇشششششش!...ئاۋازىڭنى بوش قىل كالۋا، بىرەر نەرسىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويىساق تۈگىشىمىز......ئېلىنىڭ سۆزى بىلەن سەمەت ئىغىزىنى يۇمىۋالدى. مەن ـ: ھازىر شۇنداق قىلماي باشقا ئامال قالمىدى، ئەسلى باشتىلا بىلمەي كىرىپ قاپتۇق. بۇ بەلكىم ئالۋاستىلارنىڭ قۇرغان قىلتىقى بولۇشى مۇمكىن شۇڭا بەك ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ......شۇ گەپنى قىلىپ تۇرۇشۇمغا يىقىنلا ئەتراپتىلا ھىلىقى ئاۋاز يەنە چىقتى، بىز جىددىيلىشىپ نىمە قىلىشىمىزنى بىلمەي تۇرغاندا تۇساتتىن قولچىراق ئۆچۈپ قالدى. ـ: ۋۇي نىمە ئىش بولدى، قولچىراقنىڭ توكى تۈگىدىما؟ ...

ـ: ياق مەن ئۆچۈرىۋەتتىم...بۇ سەمەتنىڭ ئاۋازى ئىدى ـ: شۇنداق قىلسام ئۇلار بىزنى بايقىيالمايدۇ!...... مەن جىددىي تەلەپپۇزدا ـ: كالۋا، ئۇلار قاراڭغۇدا تىخىمۇ ئوچۇق كۆرەلەيدۇ، تىز چىراقنى ياق!..........

قولچىراقنىڭ يىقىلىشى بىلەن تەڭ ئالدىمىزدىلا بىزگە قاراپ كىلىۋاتقان بىر جەسەت ئالۋاستىنى كۆرۈپ ئالاقىزادە بوپ كەتتىم، ئۇ ئاللىقاچان بىزگە ئېتىلىپ بولغان ئىدى. مەن چاققانلىق بىلەن خەنجىرىمنى يانتۇ قىلىپلا ئۇنى تورىۋالدىم، ئالۋاستى بار كۈچى بىلەن ماڭا ئېتىلىپ چىشلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ـ: تىز ماڭا ياردەملىشىڭلار!......دىدىم مەن ۋارقىراپ تۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىمۇ ئىسنى يىغىپ دەرھاللا خەنجەرلىرىنى ئالۋاستىغا شىلتىشتى. ئالۋاستى بارلىق كۈچى بىلەن ئىنتىلىۋاتقاندا ئۆزۈمنى قاچۇرۇپلا ئالۋاستىنىڭ كۈچ يۆلىنىشى بويىچە ئۇنى قاتتىق ئىتتەردىم. ئۇ كەينىمىزدىكى تاش ئىشىككە زەردە بىلەن سوقۇلۇپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، مەن شۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ بىشىغا قىلىچ ئۇردۇم. ئالۋاستىنىڭ بىشى يەردە دومۇلاپ تۇراتتى، ئۈچىلىمىز ھەيرانلىقتا بىر ـ بىرىمىزگە قارىدۇق. ـ: بىز چاتاق يەرگە كىلىپ قاپتۇق، يورۇق شارائىتتىمۇ ئۇلار ئۆڭكۈر، تاش ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە يورۇقلۇقتىن قىچىپ ياشيالايدىكەن دىمەك ئىچىدە يەنە بار دىگەن گەپ!......ـ: ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز

ئابلاكا؟ ...ـ: ئىلىشايلى!.....مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق.....سەمەتنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى ـ: نىمە، ئىلىشايلى؟ .....بۇ ئالۋاستىلار بىلەن ئىلىشالامدۇق، ئۇلار بەك ۋەھشى تۇرسا...يەنەكىلىپ قانچىلىك ئالۋاستى بار بۇنىسىمۇ بىزگە قاراڭغۇ. ئەگەر راسلا تەۋەككۇل قىلساق ھېچقايسىمىز قۇتۇلالماستىن ئالۋاستىلارغا ئىچىنىشلىق يەم بولىمىز!......

ـ: ئەمىسە بۇ جايدا تۇرساڭ يەم بولمايدىكەنسەندە؟ ...بۇ تارچۇقتا قاپسىلىپ قالساق قاچىدىغان يېرىڭ يوق ئىنىقلا يەم بولىسەن، شۇڭا تېزدىن ئىچىگە كىرەيلى بەلكىم شۇ جايدىن تاش ئىشىكنى ئاچىدىغان جاينى تاپالىشىمىز مۇمكىن!.....سەمەتنىڭ قوشۇلغىسى يوقتەك قىلسىمۇ بىراق ئامالسىزلىقتىن يەنىلا بىز بىلەن مىڭىشقا مەجبۇر بولدى. ـ: ئۇلار ۋەھشى بولغىنى بىلەن بەك ئاسانلا يوقاتقىلى بولىدىكەن، ئامال بار ئۆزۈڭلارنى تۇتقۇزۇپ قويماي پەيتىنى تاللاپ بىشىغا ھۇجۇم قىلىڭلار، بىشى ئۈزۈلۈپ كەتسىلا ھەرىكەتتىن توختايدىكەن!.....دىدىم ئۇلارغا. بىز بىرتال قولچىراقنىڭ يورۇقلۇقىغا تايىنىپ ئىچكىرلەشكە باشلىدۇق، ئازغىنە ماڭغاندىن كىيىن ئوڭ سول تەرەپكە ماڭغىلى بولىدىغان يول ئاندىن ئۈستى تەرەپكە چىقىدىغان پەشتاققا دۈچ كەلدۇق. بىراق بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ چىقىپ كىتىدىغان جايغا تۇتىشىدىغانلىقىنى قايسىسىنىڭ خالتا يول ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تىڭىرقاپ قالدۇق. ـ: ئەمدى قايسى يولدىن ماڭىمىز؟ ...دەپ سورىدى سەمەت يوللارغا قولچىراقنى يىقىپ باققاچ. ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرمەك قىيىنغا توختايتى، ھەممىمىز تۇنجى كەلگەن يەنە كىلىپ بۇنداق مۇرەككەپ يەر قۇرۇلمىسىدىن توغرا يولنى تېپىپ چىقماق ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ـ: ئاۋۋال مەسلىھەتلىشىپ قايسى يولغا مىڭىشىمىزنى بىكىتەيلى، ئەگەر ماڭغان يولىمىز ئېتىك بولسا ۋاقىتتىن ئۇتتۇرۇپ قويىمىز شۇڭا ياخشىراق ئويلىنىشىمىزغا توغرا كىلىدۇ.....دىدىم ئۇلارغا. دىمىسىمۇ كەچ بولۇشقا باشلىغان ئىدى، بىز بۇ قاراڭغۇ تاش ئۆيدىن ۋاقتىدا چىقىپ كىتەلمىسەك چوڭ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايتتۇق. ئاخىرى قانداقلا بولسۇن سول تەرەپتىكى يولغا قاراپ ئىلگىرلىدۇق، شۇتاپتا ئۇچىلىمىز تەشۋىشلىنىپ قالغان بولۇپ خۇددى ئالۋاستىلار بىزنى قورشاۋغا ئىلىۋالغاندەكلا تۇيغۇدا بولۇپ بار كۈچىمىز بىلەن يۈگۈرەيتتۇق. ـ: ئابلاكا ئالدىمىزدىكى يول كەڭرىپتۇ قاراڭ!.....سەمەت شۇنداق دىگەچ قولچىراقنى ئالدى تەرەپكە يورۇتتى. دەرۋەقە تارچۇق يول ئاخىرلىشىپ ئازادە ئۆي ئىچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوتتۇرىغا سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ بۇ ئۆيدە بەك ئالاھىدە كۆزگە چىلىقىپ كەتكۈدەك نەرسە يوق بولۇپ پەقەت سۇپىنىڭ ئەتراپىدا توپا بىسىپ كەتكەن چوڭ كىچىك ساندۇقلارلا تۇراتتى. مەن بىر ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى توپىلارنى پۈۋلىۋىتىپ سىرتىغا نەزەر سالدىم. ساندۇق ئالاھىدە قىلىپ ياسالغان بولۇپ ھەرخىل نەققاشلار ئويۇلغان ئىدى. ـ: ئىچىدە نىمە باردۇ؟ ......ئېلى ھەيران بولۇپ سورىدى. ـ: بىلمىدىم ئىچىپ باقامدۇق؟ ......

مەن شۇنداق دىگەچ خەنجەردە بۇرجىكىنى ئىلىپ تۇرۇپ ئىغىزنى ئاستا ئاجراتتىم. ساندۇق ئىچىلىشى بىلەن تەڭ قولچىراقنىڭ قايتقان نۇرى كۆزلىرىمىزنى چاقنىتىۋەتتى. ـ:

ۋاھ!، ، ، ، ......ئېلى بىلەن سەمەتنىڭ ئىغىزى ئىچىلىپلا قالغان ئىدى، ھەتتا مىنىڭمۇ شۇ. چۈنكى ساندۇقنىڭ ئىچىدە ھەرخىل ئۈنچە ـ مارجانلار تۇراتتى. ـ : ۋاھ، ئابلاكا ئەمدى بىز باي بولۇپ كىتىدىغان بولدۇق!...قاراڭ نىمە دەەن چىرايلىق ئۈنچىلەر بۇ!......بۇنى ئىلىپ چىقىپ كىتەلىسەك چوقۇم نۇرغۇن پۇلغا يارايدۇ، ئەسلى مەقسەتتىمۇ مۇشۇ بايلىقلارنى دەپ كىرگەن ئەمەسمىدۇق. مانا ئاخىرى تاپتۇق ھا ھا ھا ھا!.........سەمەت ئۈنچىلەرنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنۇتقان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ـ : بۇ جايدىن ئۆزەڭنىمۇ ئىلىپ چىقىپ كىتەلمەيۋاتساڭ بۇ نەرسىلەرنى قانداق ئىلىپ چىقىپ كىتىسەن؟ ...يەنە كىلىپ ئاز بىر نەرسە ئەمەسكەن، ئىغىرلىقىمۇ خىلى بار. يەنە كىلىپ ئالۋاستىلار بىزگە ھەرۋاقىت تەھتىت ئىلىپ كىلىدىغان تۇرسا بۇ نەرسىلەرنى ئىلىۋالساق يوك بولۇپ قالامدۇ؟ ............

سەمەت بىشىنى قاشلاپ تۇرۇپ كىتىپ ـ : مەيلى، نىمە بولسا بولسۇن بۇلاردىن ئىلىپ كىتەلىگىنىمنى ئىلىپ كىتىمەن. ئالۋاستىلار ئىشىنى قىلسۇن!......

سەمەت بايلىقلارنى كۆرۈپلا خۇدىنى يوقاتقان ئىدى، ئۇ ئۈنچە ـ مەرۋاتىتلارنى ئالدىراش قويانلىرىغا، يانچۇقلىرىغا قاچىلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەركەتلىرىنى كۆرۈپ ئېلى ئىككىمىز قاراپلا قالدۇق، خۇددى بۇ جايغا كىرگەندىن باشلاپ ھىچ ئىشنى كۆرمىگەندەك بايلىقنىڭ ھەلەكچىلىكىگە چۈشكەن سەمەتنىڭ هازىرقى تۇرقىدىن جانىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ بايلىقلارغا يەتمەيتتى. ـ : بولدى قىل، بەك كۆپ ئىلىۋالساڭ قولايسىز بولىدۇ...ئەگەر ئالۋاستىلارغا يولۇقۇپ قالساق قاچمىقىمىز تەس بولىدۇ!......... ئېلىنىڭ دىگەن سۆزى ئۇنىڭ خىيال پىكرىگە كىرمىدى، شۇنداق قىلىپ بىر ساندۇق ئۈنچىلەر سەمەتنىڭ قوينىغا كىرىپ بولدى. ـ : ۋاھ، قاراڭلار ھەممىسىنى ئىلىپ بولدۇم...مەنچە باشقا ساندۇقلاردىمۇ چوقۇم بۇنىڭدىن قىممەت بايلىقلار بار، قاراپ باقامدۇق؟ ...... ـ : بولدى قىلە، ھىلىمۇ كۆپ ئىلىۋالدىڭ شۇمۇ يەتمىدىما؟ ...... ـ : ئۇنداق دىگىنىڭ بىلەن بۇ تىپىلغۇسىز بىر پۇرسەت، بۇنداق بايلىقلارنى سەن ئۆمرۈڭدە كۆرۈپ باققانمىدىڭ؟ ......ئەمدىچۇ بۇ جايدىن چىقىپ كەتسەكلا مەن يىزىدىكى ئەڭ كاتتا بايلاردىن بۇپ قالىمەن، ئۇ چاغدا يىزىدا ياشاپ نىمە كەپتۇ ئۇدۇل شەھەرگە بىرىپ چوڭ بايلار قاتارىدا باياشات ياشايمەن...ھا ھا ھا ھا!...بۇگۈن بەك ئامەتلىك كۈنكەن ئەسلى!...

ئۇنىڭغا گەپ ئاڭلىتىپ بولالمىغاندىن كىيىن ئامالسىز قاراپ تۇردۇق.

بىراق مەن بىر شەپىنى سىزىۋاتاتتىم، لىكىن قەيەردىن چىقىۋاتقان شەپىلىكىنى بىلەلمەي ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم. ئەتراپ يەنىلا ئۆزپىتى بىرەر ئالاھىدە ئەھۋال يوق ئىدى. كۆڭلۈمدە خاتا ھىس قىلىپ قالغانلىقىمنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا سەمەت يەنە بىر ساندۇقنىڭ ئىغىزىنى ئىچىشقا تەمشەلدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئاچچىقىم كىلىپ ـ : ئۇكام، ئىشەك ئۆلسە كۆتى غىجەك تارتىپتۇ دىگەندەك ئىش قىلماي ئەمدى بولدى قىلغىن. ھىلىمۇ جىقلا نەرسىلەرنى ئىلىۋالدىڭ شۇمۇ كۆپ پۇلغا يارايدۇ، ئەمدى بۇ جايدا كۆپ تۇرساق بىزگە

پايدىسىز!........ سەمەت يەنە مۇغەمبەرلىككە چۈشتى ـ : ماقۇل ماقۇل، مۇشۇنىلا ئاكا.....مۇشۇ بىر ساندۇقنىلا ئېچىپ باقاي مانىڭدىنمۇ بەلەنرەك نەرسە چىقىپ قالسا ئارماندا قالمايلى يەنە!............... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ئۆزى ئىگىز ئەمما ئالدىنقى ساندۇقتىن قىسقىراق بىر ساندۇقنىڭ ئىغىزىنى ئاچتى. بىراق بۇ قېتىم سەمەتنىڭ دىگىنىدەك چىقماي قالدى. ساندۇقنىڭ ئىچىدە بايلىق بولماستىن بەلكى بىر باش ئىسكىلىتى تۇراتتى. ـ: ۋايجان!.........سەمەت شۇنداق دەۋىنىچە كەينىگە ئولتۇرۇپ قالدى. ـ: بۇ قانداق گەپ ئەمدى، باش ئىسكىلىتىنىمۇ ساندۇقتا ساقلىغان بارمۇ؟ .........مەن باش ئىسكىلىتىگە سىنچىلاپ قارىدىم، ئەمەلىيەتتە بۇ مەلۇم ئادەمنىڭ ئۈزۈۋېلىنغان باش جەسىدى بولۇپ چىرىش جەريانىدا بارا بارا ئىسكىلىتلا قالغان ئىدى. مەن بۇ ئىشتىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ باشقا ساندۇقلارنىمۇ ئېچىپ باقتىم. دەرۋەقە ئۈچ ساندۇقتا ئۈنچە ـ مارجان بار بولۇپ قالغىنىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا باش ئىسكىلىتى بار ئىدى. بۇ قانداق ئىشتۇ؟ ...نىمىشقا ئۈنچە مارجانلار بىلەن بۇ باش جەسەتلىرىنى بۇ جايغا قويۇپ قويغاندۇ، يەنە كىلىپ نەققاشلانغان ساندۇقنىڭ ئىچىگە سىلىپ ئالاھىدە قىلىپ قويۇپتۇ!......شۇندا يۇرۇكۇم«قارت!»تىدە قىلىپ قالدى. دەل شۇ پەيىتتە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان سۇپا تىترەشكە باشلىدى، سۇپا تىترەپ توپىلىرى چۈشۈپ كەتكەندە بولسا بۇ سۇپىنىڭ بىر قەبرە ئىكەنلىكىنى سىزىپ يەتتىم بىراق بىز كېچىكىپ ھىس قىلغان ئىدۇق. تاش قەبرىنىڭ ئۈستى تىترەپ ئاستا ـ ئاستا يان تەرەپكە سۈرۈلىۋاتاتتى، دىگەندەك ئۈستى سۈرۈلگەنىسىرى ئىچى كاۋاك تاش سۇپا ئۆزىنى ئىنىق كۆرسەتتى ئىچىدە يەنە نىمىلەردۇر باردەكمۇ قىلاتتى. مەن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھىس قىلىپ ۋارقىرىدىم ـ : دەرھال قېچىڭلار، تېز...تېز!......... شۇنداق دىيىشىم بىلەنلا ھاڭۋېقىپ قالغان ئىككىسى ئىسىگە كىلىپ ئالدىمدا قېچىپ بولدى. بىز بار كۈچىمىز بىلەن قېچىۋاتقاندا ئېچىدىكى تاش ساندۇق قاتتىق گۈمۈرۈلۈپ ئاندىن ناھايىتى جاراڭلىق ھەم قورقۇنۇچلۇق بىر ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قولچىراق سەمەتتە بولغاچقا كەينى تەرەپنى كۆزىتىش دەماللىققا تەسكە توختىدى. بىز شۇنداق قېچىپ بايا ماڭغان يەرگە يىتىپ كەلدۇق. ـ: ئابلاكا ئەمدى قاياققا ماڭىمىز؟ ......... ئېلىنىڭ سوئالىمۇ قۇلۇقۇمغا كىرمەيۋاتاتتى، كەينىمدىن بىر نەرسە ئىتتىلىپ كىلىۋاتقاندەكلا ھىس قىلىپ قاراڭغۇلۇققا ئۇزمەي قارايتتىم. ـ: ئابلاكا، ئەمدى قاياققا ماڭىمىز؟ .........ـ: ھە؟ ...ھە، دەرھال ئۈستىگە چىقىڭلار!.........مەن شۇنداق دىگەچ پەشتاقنى كۆرسەتتىم، بىز پەشتاق بىلەن ئۈستىگە چىقىشقا باشلىدۇق لىكىن كەينىمدىن بىر نەرسە قوغلاۋاتقاندەكلا تۈيۈلۈپ پۇت ـ قوللىرىمىمۇ كالۋالىشىپ كىتىۋاتاتتى. ئاخىرى مۇدۇرۇپ يۈرۈپ ئۈستى تەرەپكە چىقىۋالدۇق، بىراق ئەمدى قاچىدىغانغا يەر قالمىغان ئىدى. توساتتىن ئېلى توۋلىدى ـ: ئابلاكا مايەردە تۆشۈك باركەن، يورۇق چۈشىۋاتىدۇ!.........مەن ئۇ تەرەپكە قاراپ راسلا بىر تۆشۈكنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم، ئەمەلىيەتتە

بۇ تۆشۈك بولماستىن دەرىزىنىڭ ئورنى ئىدى. ئەينى زامانلاردا بىزلەرنىڭ ئۆيىدىكىدەك دەرىزە بولمىغاچقا مۇشۇنداق چاسا تۆشۈك ئېچىپ ئۆينى يورۇتاتتى. مەن ئالدىراپلا ـ: ھە تىز سەكرەڭلار!......دىگەچ يەنە كەينىمگە قارىدىم. ـ: نىمە، مۇشۇ يەردىن سەكرەمدۇق؟ ...بەك ئېگىزمۇ قانداق بۇيەر، سەكرىسەك پۇت ـ قولىمىز سۇنۇپ كەتكۇدەك!..............

سەمەت شۇنداق دىگەچ تۆشۈكتىن بىشىنى چىقىرىپ پەستىكە قارىدى. مەن بولسام يەنىلا كەينىمىزدىن ئەگىشىپ كىلىۋاتقان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىپ تۇراتتىم. دىگەندەك قاراڭغۇلۇقتىن بىر نەرسىنىڭ ئۇستىگە چىقىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى غۇۋا كۆرۈپ قالدىمدە تىخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. ـ: ۋاقىت قالمىدى تىز سەكرەڭلار!..........مەن شۇنداق دىگەچ پەسكە قاراپ تۇرغان ئىككىسىنى ئىتتىرىپلا ئارقىدىن پەسكە قاراپ سەكرىدىم!...«ئاااااااااااااااااا!......»قاراس ـ قۇرۇس!قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرگە خام كاۋىدەكلا چۈشتۈم، قېقىلىپ كەتكەچكە كۆكرىكىمدىكى يارا قايتىدىن يىرىلىپ قان تەپچىشكە باشلىدى. ـ: سەمەت، ئېلى سىلەر قانداقراق؟ ...تىز ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!...... ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خىلى قاتتىق چۈشكەندەك قىلاتتى، ۋايجانلا يۇرۇپ ئۇلارمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئىككىسىگە زەخمە يەتمىگىنىدىن خۇش بولدۇم ـ: خۇداغا شۈكرى سىلەرگە ھىچنىمە بولماپتۇ!.........

ـ: ئابلاكا كۆكرىكىڭىزدىن قان چىقىۋاتىدۇ!...... مەن كۆكرىكىمدىن چىقىۋاتقان قانلارنى سۇرتىۋەتكەچ ـ: ھىچقىسى يوق، قاتتىق چۈشۈپ يارا ئىغىزى ئېچىلىپ كىتىپتۇ، تىزلا ساقىيىپ قالىدۇ، بولدى بۇ جايدىن تىز كىتەيلى!.........دىدىمدە ئۇلارنى ئېلىپ ماڭدىم، بىراق ئىختىيارسىز بىز سەكرىگەن جايغا قاراپ تىنىم شۇركىنىپ كەتتى. چۈنكى ناھايىتى بەدبەشرە بىر چىراي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىزگە قاراپ تۇراتتى..................

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب9 ـ قىسىم)

بىزگە قاراپ تۇرغان ئۇ نەرسىنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردۇم، يەنە كىلىپ ساندۇق بار ئۆيدىكى تاش قەبرىدىن چىققان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بىزنى بوش قۇيىۋەتمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ھىلىمۇ ياخشى ھازىر تىخى قاراڭغۇ چۈشمىدى لىكىن تىزلا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلايتتى. ـ: ئابلاكا نىمىگە قاراۋاتىسىز؟ ......... ئېلى مەن قاراپ تۇرغان تەرەپكە قارىغاچ سورىدى ـ: بىرەر نىمىنى كۆرۈپ قالدىڭىزما؟ بايا بىزنى تۇيۇقسىز ئىتتىرىۋىتىشىڭىز شۇ سەۋەپتىن شۇنداقمۇ؟ ......... ـ: توغرا، لىكىن ھازىر بۇنى دىيىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بىز تىزدىن بىخەتەر جاي تېپىۋىلىشىمىز كىرەك، بولمىسا بۇ كىچىدىن ئۆتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن!............دىدىم مەن قەدەملىرىمنى تىزلەتكەچ. ئېلىمۇ بىر نىمىنى چۈشەنگەندەك گەپمۇ قىلماستىن ماڭا ئەگەشتى. بىراق سەمەت كەينىدە قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا سەپ سىلىپ قارىغىنىمدا ئازراق ئاقساۋاتقانلىقىنى سىزىپ قالدىم ـ:

سەمەت پۇتۇڭغا نىمە بولدى؟ ........ سەمەت نىمە دىيىشىنى دەماللىققا بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ــ: شۇ...شۇ...بايا سەكرىگەندە يانچۇقۇمغا سىلىڭالغان نەرسىلەر پۇتۇمغا پىتىپ كىتىپ...تۇ!...... ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ناھايىتى بوشاپ كەتتى. ــ: ھەيىيىيىي!...مەن ساڭا بايا نىمە دىگەن ئىدىم، ئۇ نەرسىلەر بىز ئۇچۇن ئاۋارىچىلىك، بۇ جايدىن چىقىپ كىتىدىغان چارىنى تاپقاندا ئاندىن كىلىپ ئىلىپ چىكەتسەكمۇ بولىدۇ دىمىگەنمىدىم. قارا بىردەمدە پۇتۇڭنى ئاقسىتىپ قويۇپتۇ كىيىن يەنە نىمە ئىشلار يۈز بىرىدۇ تىخى...بولدى يىنىڭدىكى نەرسىلەرنى تىزدىن تاشلىۋەت، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش ھەممىدىن مۇھىم!........ سەمەت سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ يانچۇقىنى مەھكەم تۇتىۋالدى ــ: ياق، ياق...خەتەردىن ئۆتۈپ كەتكەن تۇرساق جىنىمنى تىكىپ قويۇپ تاپقان بۇ بايلىقلارنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن، چوقۇم بىللە ئىلىپ چىقىپ كىتىمەن!.......... ئۇنىڭ بۇ جاھىللىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ لىكىن ھازىر بۇ ئىشنى تالىشىش ئاساسىي ئىشىمىز ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم ــ: ئۇنداقتا بىزگە يىتىشىپ ماڭ، بولمىسا ئالۋاستىلارغا يەم بولىسەن!........سەمەتمۇ ئارتۇق سۆزلىمەي كەينىمىزدىن تىز ـ تىز ئەگىشىپ مىڭىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۆزىمىزنىڭ قەيەرگە كىلىپ قالغىنىمىزمۇ نامەلۇم ئىدى، پەقەت بايىقى تاش ئۆينىڭ ئارقا قىسمى دەپلا ئويلىدىم. ــ: ئابلاكا بۇ يەردە نەدىمۇ بىخەتەر جاي بولسۇن، بىر ـ بىردىن خەتەرلىك يەرلەر باركەنغۇ!...... دىدى ئېلى ئەتراپقا قاراپ قويۇپ. مەن ــ: ئامال يوق، ئەگەر مۇشۇنداق چۆرگىلەپ يۈرسەك قاراڭغۇ چۈششىلا قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن!........ شۇنداق دىگەچ توساتتىن ھىلىقى مەن چۈشۈپ كەتكەن قەبرە ئىسىمگە كەلدى ــ: راس بىز ھىلىقى مەن چۈشۈپ كەتكەن قەبرىنى ئىزدەپ تاپايلى!...... ــ: چاقچاق قىلمىغە ئابلاكا، مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ يەنە شۇ قەبرىدىكى جەسەتلەرنى ئويلاۋاتامسىز؟ ... ــ: ياق مەن شۇ يەردە پاناھلىنايلىمىكىن دەيمەن!... ــ: نىمە؟ ...ئاشۇ قەبرىنىڭ ئىچىگە چۈشىمىز دىمەكچىما؟ ياق ياق، مەن كىرمەيمەن. ئەگەر ئۇ جەسەتلەرمۇ تىرىلىپ قىلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلسىچۇ، ھەممىمىز ئۆلۈپ كەتمەمدۇق؟ بولمايدۇ، بولمايدۇ، ئىشقىلىپ مەن بارمايمەن!... ــ: ئۇكام ئەقىللىكرەك بولساڭچۇ!...ئۇلار تىرىلىپ قالىدىغان ئىش بولسا ئاللىقاچان تىرىلىپ بولاتتى، مەن ئىچىدە خىلى ئۇزاق تۇردۇم ھىچنىمە بولمىدىغۇ ئەنسىرىمە ھىچنىمە بولمايدۇ، يەنە كىلىپ ئۇنىڭدىن باشقا ئامالىمىز يوق، ئەگەر يەنە بىر قىتىم تاش ئۆيگە سولىنىپ قالساق بۇ قىتىم ئۆلىشىمىز مۇمكىن، بىزگە لازىمى يورۇقلۇق بىلەن بىخەتەر جاي...ئەگەر بىز قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالساق ئۇلارنىڭ بىزنى بايقىيالماسلىقىغا ئىشىنىمەن!...... ــ: ئېلى بىلەن سەمەت خېلى ئويلىنىپ كەتكەندىن كىيىن ــ: بوپتۇ مۇشۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئوخشايدۇ، ئەمىسە شۇنداق قىلىلى!...... دىگىنىچە ماڭا قارىدى. بىز چۆرگىلەپ يۈرۈپ خىلى يول يۈرگەن بولساقمۇ بىراق ئۇ جاينى تاپالمىدىم، بۇ جايمۇ ئۇ تەرىپىدەك شۇنداق سىرلىق ھەم يەر شەكلى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. ھەربىر قىتىم يول ماڭغىنىمىزدا تىكەنگۈلنىڭ ئۇچلۇق تىكەنلىرى

بەدىنىمىزگە سانجىلىپ ئىختىيارسىز تولغىنىشىپ كىتەتتۇق. ـ: ئۇھا!...بولدى مەن ماڭمايمەن، ئۇ جايىنى تاپمايلا قوياي بولدى...بەك ھېرىپ كەتتىم نەچچە كۈننىڭ ياقى ياخشى ئارام ئالالمايۋاتقىنىمىز يەتمىگەندەك ئەتتىگەندىن بىرى مېڭىپ يەنە بۇ جايدىن بىر يەرلەرنى ئىزدەپ يۈرۈشكە پەقەتلا چىدىمىدىم. نىم بولسا مەيلى ئالدىمغا ئۇچرىغان بىر جايغا كىرىپ ئالۋاستى بولسا ئۆلتۈرۈپ، ئۆينى بىكارلاپ شۇ جايدا ئارام ئالىمەن!...... دىدى سەمەت كايىپ. ئۇنىڭ دىگىنىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى، دىمىسىمۇ بىز كىرگەندىن باشلاپ ئارام خۇدا بىر ئارام ئېلىپ باققان ۋاقتىمىز يوق ئىدى. ـ: ئۇنداق بولسا يەنە بىر تەۋەككۇل قىلىپ باقامدۇق؟ ... دىدىم مەن ئۇلارغا قاراپ. ئېلى ئەجەپلىنىپ ـ: قا...قانداق تەۋەككۇل دەيسىز؟ ...... ـ: ھامىنى بۇ ئالۋاستىلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەكمىز، شۇڭا ئۇيەرنى بۇ يەرنى تىمىسقىلاپ يۈرمەي يەنە بىرەر ئۆيگە كىرىپ باقامدۇق، بەلكىم بۇ قېتىم تەلىيىمىز ئوڭدىن كىلەر؟ ...... سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئىككىلىسى ئويلىنىپ قالدى. ـ: ئۇنداق قىلساققۇ بولىتتى، بىراق يەنە ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ قالساق قانداق قىلىمىز؟ يەنە كىلىپ سىزنىڭ يارىڭىز يەنە ئىغىرلىشىپ كەتتى، سەمەت بولسا ئاقساق، مىنىڭ ھالىممۇ چاغلىق...بۇنداق چاغدا ئۇلارغا تاقابىل تۇرالارمىزمۇ؟ ...... ـ: مىنىڭ يارامدا چاتاق يوق، ئالۋاستىلارمۇ ھەم بەك ئاجىزكەن. ئىشقىلىپ ئۆزىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويمىساقلا يوقىتالايدىكەنمىز!...قانداق كىرىپ باقامدۇق، ئەمدى ئويلىشىۋەرسەك قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە ئۇ چاغدا تىخىمۇ چوڭ ئاۋارىگەرچىلىككە يولۇقىشىمىز مۇمكىن!...... سۆزۈم ئۇلارنىڭمۇ ئىددىيەسىدىن ئۆتتى بولغاي ـ: ئەمىسە شۇنداق قىلىلى، بەلكىم بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوقتەكمۇ قىلىدۇ!...... شۇنداق قىلىپ بىز يەنە قايتىدىن بىر تاش ئۆيگە كىرىپ بىقىش قارارىغا كەلدۇق، بەلكىم تاش ئۆڭكۈر دىسەكمۇ توغرا بولار!...... ـ: ئابلاكا، مۇشۇ يەردە تۇنەمدۇق؟ ...مەن سەل غەلىتىلىك ھىس قىلىۋاتىمەن، بۇ چوڭ كىچىك تاش ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاساسەن دىگۇدەك تاش سۇپا باركەن، بۇمۇ جەسەت سىلىنغان تاش سۇپا بولۇپ قالمىسۇن يەنە!........ دىدى ئۇ تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكى سۇپىنى كۆرسىتىپ. بايا بىر قېتىم دۈچ كەلگەچكە بۇنىمۇ يوق دىگىلى بولمايتتى. ـ: ئۇنداق بولسا بۇ سۇپىنى ئېچىپ باقايلى، ئەگەر راسلا جەسەت ئالۋاستى بار بولسا ئۇنى يوقىتىپ ئاندىن خاتىرجەم تۇرساق بولىدۇ ئەمەسمۇ!...... ـ: شۇنداق دىگىنىڭىز بىلەن ئۇلار بىزدەك ئادەم بولغان بولسىغۇ كارائىتى چاغلىق ئىدى، لىكىن ئۇلار ئالۋاستىدە!...تاساددىبى بىرەرسىمىزگە زەخىم يىتىم قالسا!......
ـ: بەك كۆپ ئويلاپ كەتمە، بۇ جايغا كىرگەندىن بىرى نىمە ئىشلارنى كۆرمىدۇق. شۇنداق تۇرسا يەنە قورقۇپ يۈرەمسەن؟ ئەمدى بارغۇ ئۇلارغا يۈزلەنمىسەك بولمايدۇ، قورققانسىرى ئاجىزلىشىپ ئۇلار تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرىلىسەن. شۇڭا قورقۇنچنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويمىساڭ بولمايدۇ!...... ئېلى بىلەن سەمەت ئۈندىمىدى، بىراق چىرايىدىن ناقايىللىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئالۋاستىلارغا خۇشتار ئەمەستە، مەنمۇ ئۇلارنىڭ بەدبەشىرە تەلەتىنى كۆرگەندە قورقۇپ نىمە قىلارىمنى بىلمەيمەن. بىراق بۇنداق چاغدا مەن پەقەت ھايات قىلىشنىلا ئويلايمەن،

ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس ئائىلەمنى كۆرۈش ئۈچۈن ھايات قىلىشىم كېرەك!... شۇنداق قىلىپ قولچىراقنى ئېلىشقا تۇتقۇزۇپ قويۇپ سەمەت بىلەن تاش سۇپىنى يۆتكىمەكچى بولدۇق. بىراق شۇنچە كۈچىسەكمۇ تاش سۇپىنى مىدىرلىتالمىدۇق. سەمەت تىرىكىپ ـ: ئەبلەخ!...نىمانداق ئېغىردۇ بۇنىڭ ئېغىزى، ئابلاكا سىزنىڭچە بۇنىڭ ئىچىدە راسلا جەسەت بارمىدۇ؟ ...دەپ سورىدى. مەن ـ: بىلمىدىم، بىراق قانداقلا بولسۇن بىر قاراپ بىقىشىمىز كېرەك، ئەگەر راسلا بار بولسا ئۇ بىزگە خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا تازلىۋېتىپ ئاندىن خاتىرجەم بولغىنىمىز ياخشى...بولدى ۋايساشنى قويۇپ قايتا سىناپ باقايلى، بۇنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن!...... بىز قايتا ـ قايتا سىنىغان بولساقمۇ بىراق تاش سۇپىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ـ: ياكى بۇ جاي پۈتۈنلەي قۇيما يەر ئوخشايدۇ بولمىسا بۇ چاققا چوقۇم ئېچىلىپ بولاتتى... دىدى سەمەت ئۈمۈدىنى ئۈزۈپ. لىكىن مەن قانداقلا قارىسام بىر غەلىتىلىك بار ئىدى. ـ: ئۇنداقلا يەكۈن چىقىرىۋەتمە، بەلكىم ئېچىش قائىدىسى بولىشى مۇمكىن!...... ـ: نىمە؟ ئېچىش قائىدىسى دىدىڭىزما؟ ...بۇنى ئېچىشقىمۇ قائىدە كېتەمدا؟ .........دىدى سەمەت ئەجەپلىنىپ. ـ: ئەلۋەتتە شۇنداق بولماي!... گېپىمنىڭ ئايىقىنى دىمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا سەمەت تىزلا ـ: ھە، مەن بىلدىم. يەنى ئاۋۋال بەدەن قىزىتىش، ئاندىن مەشىق قىلىش، ئۇنىڭدىن كىيىن ئۇرۇنۇپ بىقىش، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ئېچىش، شۇنداقمۇ!...... ئويلىمىغاندا دىيىلگەن بۇ سۆز ئىنىمنى قىززىتىۋەتتى. ـ: ئاغزىڭغا بىرنى سالسام!......مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ چاقچاق قىلامسەن، مەن ئەمەلىي سۆزلەۋاتىمەن!...... ـ: چىچىلماڭە ئابلاكا، مەنمۇ ئەمەلىي سۆزلەۋاتىمەنغۇ!...بايىدىن بىرى شۇنچە كۈچەپمۇ ئاچالمىغاچقا شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىدىم...... بەربىر ھازىر ئۇنىڭ بىلەن جىدەللىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئېلىدىن قولچىراقنى ئېلىپ تاش سۇپىنىڭ ئەتراپىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. ـ: نىمىش قىلىۋاتىسىز ئابلاكا؟ ...... ئىككىسى ھەيرانلىق بىلەن مەندىن سوئال سورايتتى. مەن جاۋاپ بىرىشنىڭ ئورنىغا سۇپىنىڭ ئەتراپىنى سىلاپ يۈرۈپ بىر تۆشۈكنى تىپىۋالدىم ھەمدە قولۇمنى تىقىپ ۋىكلىيۇچالتىلغا ئوخشاش بىر نەرسىنى سىزىپ قالدىم، ئۇنى شۇنداقلا مىدىرلىتىشىمغا غولدۇرلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇپىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىشقا باشلىدى. ئىش تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە چۆچۈپ كەينىمگە داجىپ خەنجىرىمنى سۇغاردىم، بۇ چاغدا سەمەت بىلەن ئېلىمۇ خەنجەرلىرىنى ئېلىپ تەييارلىق ھالەتتە تۇرۇپ بولغان ئىكەن. سۇپا ئېغىزى تولۇق ئېچىلىپ بولغاندىن كىيىن توپا ـ چاڭ ئارىسىدىن بوشلۇق كۆرۈلدى، بىز سەل گۇمانلىنىپ قولچىراقنى يورۇتقاچ ئاستا سۇپا يىنىغا كەلدۇق. بىراق كۆرگىنىمىز جەسەت بولماستىن بەلكى قاراڭغۇلۇققا سوزۇلغان بىر پەشتاق بولدى. ـ: بۇ بۇ...ئابلاكا بۇ جاي يەر ئاستىغا تۇتىشىدىغان ئېغىزكەن، مەن تىخى جەسەت ساندۇقمىكىن دەپ قاپتىمەن!......دىدى ئەجەپلەنگەن ئېلى. شۇ تاپتا ئېلىلا ئەمەس مەنمۇ ئەجەپلىنىپ قالغان ئىدىم. ـ: شۇنداق، بۇ يەر ئاستىغا تۇتاشقان كىرىش ئېغىزىكەن!......سىلەرچە بۇ جاي قەيەرگە تۇتىشىدىغاندۇ؟ ......دىدىم پەسكە قارىغاچ.

سەمەت ـ : ئىشقىلىپ ياخشى جايغا تۇتاشمايدۇ، بۇ قاراڭغۇلۇقتىن قارىغاندا نەق ئالۋاستىلارنىڭ ئۆۋىسىغا تۇتىشىدىغاندەك!...... ـ : ئابلاكا ئەمدى قانداق قىلىمىز، كىرىپ باقامدۇق ياكى چىقىپ كېتەمدۇق؟ ...... ـ : ئېلىنىڭ سورىغان سوئالىغا كەسكىنلا جاۋاپ بەردىم ـ : ئەلۋەتتە كىرىپ باقىمىزدە، بۇنداق يوشۇرۇن يەر ئاستى يولى بارلىقىغا قارىغاندا چوقۇم بىرەر يىپ ئۇچى تاپالىشىمىز مۇمكىن!...... ـ : دېمەك راسلا كىرىشنى قارار قىپسىزدە؟ ...... ـ : شۇنداق، ئالۋاستىنىڭ ئۆۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ ئەسلى ئەھۋالنى بىلگىلى بولمايدۇ. بەلكىم بىز بۇ جايدىن چوڭ بىر ئىشنى بىلىپ چىقىشىمىز مۇمكىن!......... ئۇلارمۇ مېنىڭ كەسكىن قارارىمنى كۆرۈپ ئارتۇق سۆزلىمىدى. شۇنداق قىلىپ قولىمىزدىكى بىرتال قولچىراقىا تايىنىپ يەرئاستىدىكى قاراڭغۇلۇققا شۇڭغىدۇق. بۇ جاي ئويلىغىنىمىزدىنمۇ قورقۇنۇچلۇق بولۇپ ماڭغان يولىمىزدىكى تاملاردا ئادەمنىڭ باش ئىسكىلىتلىرى پاتۇرۇقلۇق ئىدى. بۇنىڭ بىزەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى ياكى ئەينى چاغدا ئادەملەرنى كۆمگەن بولسا بۇ يەر ئاستى يولىنى كولىغاندا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتى. ـ : بۇ جاي نېمانداق قورقۇنۇچلۇق، ئەسلى كەلمىسەك بوپتىكەن ئابلاكا!...... دېدى سەمەت تامدىكى باش ئىسكىلىتلارغا قاراپ سەل قورقۇمسىرىغان ھالدا. ـ : قورقۇۋاتامسەن؟ ئۇنداقتا ماڭا يېقىن ماڭ، شۇنداق بولغاندا قورقۇنچتىن ئازراق خالىي بولىسەن!...دېدىم ئۇنىڭغا. بىز يولنىڭ يۆلىنىشى بويىچە ئەگرى بوگرى يوللارنى داۋام قىلىشۋاتاتتۇق. ئارىدا ئېلى سۆز ئاچتى ـ : ئابلاكا سىزنىچىڭە بۇ جاي ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئۇرۇشلاردا لەخمە قىلىنغان بولغىيمىدى؟ ...... ـ : بەلكىم، مەنمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بىرەلمەيمەن. چۈنكى بۇ خارابىلىق توغرىسىدا ھەتتا چوڭلارمۇ ئېنىق چۈشەنچە بىرەلمەيدۇ، پەقەت خەتەرلىك ئىكەنلىكىنىلا بىلىدۇ. بۇ خارابىلىقنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغىنى، قاچان ۋەيران بولغانلىقىمۇ تارىخىي كىتاپلاردا دېيىلمىگەن ھەم بۇ توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە يوق. لېكىن مېنىڭ بىلىدىغىنىم نەچچە يىللاردىن بۇيان بۇ جايدىن بىرەر ئادەمنىڭمۇ ھايات چىقىپ كېتەلمىگەنلىكى!......بىزمۇ قانچە كۈن بەرداشلىق بىرەلەيمىز بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ!......لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى كىرگەنلەر بىزدەك قېچىپ يۈرۈپ جىننى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ چىقىپ كېتىدىغان يەرنى تاپالماي مۇشۇ جايدا جان تەسلىم قىلغان بولۇشى مۇمكىن...... ـ : ئۈيىيۇ، شۇنداق خەتەرلىكما؟ يەنە كېلىپ بۇ ھالىتىمىزدە دېگىنىڭىز ئۈچۈن ماڭا تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. تەلىيىمىز كېلىپ چىقىپ كېتىدىغان يەرنى تېزرەك تېپىۋالغان بولساق قانچە ياخشى بولاتتى ھە!.........
بىز شۇنچە يول ماڭغان بولساقمۇ بۇ يوللار تۈگىمەيۋاتاتتى. ئىچىمدە بۇنداق ئۇزۇن لەخمىنى كولىغانلارنى مىڭنى تىللاپ كەتتىم، شۇ تاپتا كەينىمىزگىمۇ ھەم يانغىلى بولمايتتى خېلى ئۇزۇپ كېتىپ بولغان ئىدۇق. ـ : ئابلاكا بۇ چاققا كەچمۇ بوپ بولغاندۇ ھە!...... دېدى سەمەت ئىختىيارسىزلا. ـ : بەلكىم قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغاندۇ، بىز ماڭغىلىمۇ خېلى بولدى. بۇنداق ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام باشتىلا كىرمەسكەنمەن!......دېدىم

ۋايساپ...ئىككىسىمۇ كۈلۈپ قويدى. ـ : ھەي ھەي، ئالدىمىزدا پەشتاق باردەكمۇ قانداق؟ ... ئىلىنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ قولچىراقنى يىراققىراق يورۇتتۇم، راس دىگەندەك نىرىراقتا ئۆستەڭگە سوزۇلغان بىر پەشتاق تۇراتتى. بىز تىزلىكتە ئۇ جايغا بىرىپ ئۆستەڭگە قاراپ ماڭدۇق. بۇ يەرنىڭمۇ ئۆستى تەرىپى ئىتىك بولۇپ تاش سۇپىنى يۆتكەشكە توغرا كىلەتتى. بىراق تۆشۈكنىڭ جىقلىقىدىن قايسى تۆشۈكتىن ئىچىلىدىغان يەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ـ : تۆشۈك بەك جىققەن، بولمىسا ئۆستەڭگە ئىتتىرىپ باقايلى بىۋاستە ئىچىلىپ كىتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!......دىدىم مەن يىپىقلىق تاشنى ئۆستەڭگە ئىتتىرغاچ. ئىككىسىمۇ ماڭا ياردەملىشىپ ئۆستەڭگە ئىتتىرىشكە باشلىدى. ـ : غەيرەت قىلىڭلار تاش مىدىرىدى، چوقۇم ئىچىلىدۇ مەنچە!......... تاش ھەر ـ بىر مىدىرلىغاندا بىرمۇنچە توپا پەسكە چۈشەتتى. «پۇق!...تۇق!...»دەپ يۇرۇپ توپىدىنمۇ يىگىنىمىزنى يەپ قالغىنىنى تۇكۇرۇپ يۇرۇپ ئازراق يوچۇق ئاچتۇق، ئۈستى تەرەپمۇ قاراڭغۇ بولغاچقا ھىچنىمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. بىز يەنە تىركىشىپ يۇرۇپ ئۆزىمىز پاتقۇدەك قىلىپ قوزغىتىۋالدۇق ئاندىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ ئەتراپقا قولچىراقنى يورۇتتۇم. بۇ بىر قاۋاق ئۆي بولۇپ تۆتىلى ئەتراپى تام ئىدى، پەقەت ئۆستىدە بىر تۆڭلۈكلا بار ئىدى. ئۆي ئىچى قويۇق توپىغا مىلەنگەم بولۇپ پارچىلانغان ئادەم سۆڭەكلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، مەن قولچىراقنى ئەتراپقا يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تۇتتۇم. شۇ چاغدا بىر جەسەتنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ قارىماققا ئولتۇرۇپ قالغان بولۇپ، ھىچقانداق زەخىمگە ئۇچقىمىغاندەك قىلاتتى ھەم يانچە ئىسىۋالغان سومكىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە قۇرۇق ئۆستىخانغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. مەن قىزىقىپ ئۇ جەسەتنىڭ قىشىغا ئاستا ماڭدىم. ـ : ئابلاكا خەتەرلىك!......... ئىلى شۇنداق دىگىنىچە قولۇمنى تۇتىۋالدى ـ : بەلكىم ئۇ جەسەت ئالۋاستى بولۇشى مۇمكىن، تەييارلىقسىزلا بارسىڭىز!......... ئۇنىڭ سۆزى توغرا بولغاچقا ئارتۇق سۆزلىمەي خەنجىرىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ ئاندىن جەسەتنىڭ يىنىغا ئاستا كىلىپ ئۇنى مىدىرلىتىپ باقتىم. دەرۋەقە ئۇ ھەرىكەتتىن توختىغان بولۇپ بەلكىم مۇشۇ جايدا قاپسىلىپ قىلىپ چىقالماي ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن ئاستا ئۇنىڭ سومكىسىنى خەنجىرىمدە ئىلىپ ئالدىم بىراق ئۇنىڭ قولى سومكىنى چىڭ تۇتىۋالغان ئىدى. مەن سەل كۈچىشىمگە ئۇنىڭ قولى بىلللا ئۈزۈلۈپ چىقتى، ئۇنىڭ بۇنداق چىڭ تۇتقان ھالدا ئۆلۈشىگە قارىغاندا بۇ سومكىدا چوقۇم چوڭ يىپ ئۇچى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن سومكىدىكى توپىلارنى قىقىشتۇرىۋىتىپ ئىغىزىنى ئاچتىم، سومكىنىڭ ئىچىدە بىردانە قەلەم، قۇلۇپ سىلىنىدىغان بىردانە قاتتىق تاشلىق خاتىرە، كىچىك پىچاق، لومپا ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەر تۇراتتى. بۇ نەرسىلەردىنلا جەسەتنىڭ بىرەر تەكشۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. لىكىن ئۇ قاچان قانداق ۋاقىتتا ئۆلگەن بولغىيدى؟ ......دىگەن سوئال مىنى ئەجەپلەندۈردى. خاتىرىدە بىرەر مۇھىم يازمىلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ ئىچىشقا ئۇرۇندۇم. بىراق قۇلۇپ سىلىنغان يىرى داتلىشىپ كەتكەچكە قاتتىق تىشىنى سويۇشقا توغرا كەلدى. قىلىچىم بىلەن كىسىپ يۇرۇپ

تاشنى ئاجراتقىنىمدا ئىچى تەرەپتە شۇنداق مۇكەممەل ساقلانغان بىر نىپىز تاشلىق خاتىرىنى كۆرۈپ قالدىمدە ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ئەسلىدە زور ئىشەنچ بىلەن بىرەر نەرسىنى بىلىمەن دەپ ئاچقان ئىدىم لېكىن ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىدى، چۈنكى ئۇ خەتلەر باشقا يېزىقتا يېزىلغان ئىدى. ھەممە بەتلىرىنى ئاختۇرۇپ باقتىم بىراق خەت يېزىقى ئوخشاشلا باشقا يېزىق، ئىچىمدە «مۇشۇ يېزىقلارنى ئوقۇيالايدىغان خىسلەتكە ئىگە بولسامچۇ!»دەپ، ئويلاپ كەتتىم. ھېچنىمىنى ئوقۇيالمىغاچقا قايتىدىن مەيۈسلىنىپ خاتىرىنى سومكىغا سېلىۋەتتىم. ھەمدە چوڭقۇر ئۇھ!...تارتىپ كەتتىم. سەمەت بىلەن ئىلىمۇ ماڭا قارىغىنىچە قاراپ تۇراتتى. ــ: ئابلاكا ئەمدى قانداق قىلىمىز، شۇنچە جايدىن لەخمە كولاپ بۇ تۆتىلى تەرىپى تام بىلەن قورشالغان بىر ئۆيگە تۇتاشتۇرۇپ قويغىنىنىڭ زادى سەۋەبى نېمە؟ ......بۇ قاپقان ئەمەستۇ ھە!...... ــ: ئۇف!...ياق بۇ قاپقان ئەمەس بەلكى ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئۆزىنى قوغدايدىغان ئۆيكەن، ھەر قانداق بىرى بۇ جاينى ئىزدەپمۇ تاپالمايدىغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئىشىكى يوقكەن پەقەت بىز باشتا كىرگەن ئۆيدىن يەر ئاستىنى تاپالىسا ئاندىن بۇ ئۆينى تاپالايدىكەن. بىراق ئاۋۇ جەسەت بۇ جايدىن چىقىپ كېتەلمەي ئامالسىز ئۆلگەندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ سومكىنى چىڭ تۇتىۋالغىنىغا قارىغاندا خاتىرىدە چوقۇم مۇھىم ئىشلار قالدۇرۇلغان، ھازىرقى ئىش بۇ خەتلەرنى ئوقۇش لېكىن قىرىشقاندەك بۇ خەت بىزنىڭ يېزىقتا ئەمەسكەن......ئەبلەخ!... ئويلىغانسىرى ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى، بىزدىنمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇ خارابىلىقتا كىرىپ باققىنى مېنى ئەجەپلەندۈرەتتى. ئۇلار بەلكىم بۇ جاينىڭ سىرلىرىنى بىلىش ئۈچۈن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق مەغلۇپ بولۇپ ھەممىسى ئۆلگەن. بۇ جەسەتمۇ شۇلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.........ئاچچىقىم كەلگەنسىرى خاتىرىگە لىققىدە يېزىلغان بۇ خەتلەرنى ئوقۇيالماي تىت ـ تىت بولۇپ كەتتىم ھەمدە ۋاراقلىرىنى يىرتىشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا ئېلى بىلەن سەمەت قولۇمنى تۇتىۋالدى ــ: ئابلاكا ئۇنداق قىلماڭ بەلكىم بۇ خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان ئادەم چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، مۇنداقلا يىرتىۋەتسىڭىز چوڭ بىر سىرنى يېشەلمەي قالمايلى يەنە!......... ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل بوشىغان بولساممۇ لېكىن ئاچچىقىمدا خاتىرىنى كۆچەپ ئاتتىم. ــ: بولدى ئابلاكا، بىز دەرھال بۇ جايدىن چىقىپ كېتەيلى. بەلكىم تەلىيىمىزگە بۇنى ئوقۇيالايدىغان بىرسى چىقىپ قالار، بۇنى تاشلىۋېتىپ كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن يەنە. ھەم سىزنىڭ يارىڭىزغىمۇ كۆڭۈل بۆلمىسەك بولمايدۇ قانداق دېدىم!...... دېدى ئېلى. بىراق ھازىر بۇ جايدىن چىقىپ كەتسەك بولمايتتى، چۈنكى قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغان بولۇپ سىرىتتا چىقساقلا نۇرغۇن خەتەرلەر بىزنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ ئىككىسىگە ــ: ھازىر چىقىپ كەتسەك بەك خەتەرلىك، شۇڭا بۈگۈن مۇشۇ جايدا تۈنەيلى ئاندىن تاڭ ئاتقاندا يېمىزنى داۋام قىلايلى، ئېلى دىگەندەك بۇنى ئوقۇيالايدىغان بىرەرسى چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.........دېدىم. ئۇلارمۇ ئويلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاخىرى توغرا تاپتى. شۇنداق قىلىپ

كىرگەن تاش ئىغىزنى توسىۋىتىپ بوگۇن كىچىنى مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. ھەم بۇ جاي بىزگە نىسپەتەن ئەك بىخەتەر جاي ئىدى چۈنكى كىرىپ قالارمۇ دەيدىغانغا ئىشكىمۇ يوق تۆت ئەتراپى تاملا، يەنە كىلىپ توڭلۇك بەك كىچىك ئالۋاستىلارنىڭ پاتمايدىغانلىقى ئىنىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ سۆڭەك قاپلىغان بۇ ئۆيدە ھىلىقى جەسەتكە ھەمراھ بولۇپ قونىدىغان بولدۇق. بىز جىمىغاندىن كىيىن ئۆينىڭ ئەتراپىدىن بىر ئاۋازلارنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدۇق ئەمما ئۇلار قانداقلا قىلسا بىزنى تاپالمايتتى. شۇڭا خاتىرجەم ھالدا نەچچە كۈنلۈك چارچاشنى بىراقلا تۆكىتىش ئۈچۈن ئۇيقۇغا غەرق بولدۇق!...............

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب10 ـ قىسىم)

ئابلاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدۇق. نىجات ھەيرانلىق بىلەن ـ: كىيىن قانداق بولدى، ھىلىقى خاتىرە دەپتەر قېنى؟ ......دەپ سورىدى. بىزمۇ ھەيرانلىق بىلەن ئابلاكامغا قاراپ ئولتۇراتتۇق. ئابلاكام ـ: خاتىرە دەپتەرنى بىر قەلئەگە يوشۇرۇپ قويغان، ئۇ دەل مەن شۇ جايدىن قىچىپ كەلگەن ۋاقرىمدا بولغان ئىش ئىدى. بۇ جاينى بالدۇرراق تاپقان بولسام مۇشۇ يەرگە ئەكىلىۋالغان بولاتتىم بىراق ئۈلگۈرمىدى...بەلكىم خاتىرە ھىلىھەممۇ شۇ جايدا بولۇشى مۇمكىن. ئابلاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باشقا بىر سەۋەپلەر تۈپەيلى خاتىرىنى ئىلىۋالالمىغانلىقىنى چۈشەندۇق. نىجات ـ: ھەي ئىسىت!...ھازىر بولغان بولسا ما غىنى ئوقۇپ تەرجىمە قىلالايتى، ئۇ چاغدا بىزمۇ تىزرەك قۇتۇلالىغان بولاتتۇقتە!......دىدى مەيۈسلىنىپ. دىمىسىمۇ ئۇ خاتىرە بىزگە نىسپەتەنمۇ ناھايىتى بىر مۇھىم يىپ ئۇچىدەك بىلىنىپ كەتكەن ئىدى. ـ: بولدى، ئۇ خاتىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلگەندىكىن بىرىپ تاپساق بولىدۇ، ئابلاكامنىڭ كەچۈرمىشىنىڭ داۋامىنى ئاڭلايلى...داۋاماشتۇرىڭە ئابلاكا كىيىن قانداق بولدى؟ ......دىدى رۇسۇل. ئابلاكام چوغقا ئوتۇندىن بىر نەچچىنى تاشلاپ قويۇپ كەچۈرمىشىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ... ـ: ئۇ كىچە ئۇخلاۋىتىپ تۇيۇقسىز چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام بىر ئورماندا ئىكەنمەن، لىكىن ئىپلى بىلەن سەمەت يىنىمدا يوق ئىدى. ئەتراپقا قاراپ بۇ جاينى پەقەتلا بىلەلمىدىم قانداق بولۇپ كىلىپ قالغىنىممۇ ھەم نامەلۇم ئىدى. ئىپلارنى توۋلىغاچ ئىچكىرلەپ مىڭىشقا باشلىدىم. توساتتىن ئىپلىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم بىراق ئەتراپتا ھىچكىم يوق ئىدى. مەن ئاۋاز چىققان تەرەپنى بويلاپ مىڭىپ بىر يوغان توغراقنىڭ كەينىگە ئۆتكىنىمدە كۆرگىنىم شۇ بولدىكى مەلۇم بىر نەرسە ئىپلىنىڭ يىرىلغان قارنىدىن ئىچ باغىرلىرىنى ئىلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن يەۋاتاتتى، بىراق ئىپلى تىخى ئۆلمىگەن بولۇپ جان تالاشقاچ مىنى توۋلاۋاتاتتى ـ: ئاب...لاكا!...مىنى...مىنى قۇتقۇزىۋىلىڭ!......ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى زەئىپ بولۇپ ئارانلا ئاڭلاۋاتاتتىم. شۇ تۇرقىدا نىمە قىلىشىم كىرەكلىكىنىمۇ بىلەلمەي بۇ ۋەھشى پاجەگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. توساتتىن ئىغىزلىرى قانغا مىلەنگەن بايىقى نەرسە ئۆرۈلۈپلا ماڭا گەپ قىلدى ـ: كىلىڭە ئابلاكا بۇنىڭدىن تىتىپ بىقىڭ بەك مىزىلىك!...........ئۇ شۇنداق دىگەچ قولىدا ماڭا ئىپلىنىڭ

يۈرىكىمنى تەڭلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ تاشلىدىم چۈنكى ئۇ باشقا بىرى بولماستىن دەل سەمەت ئىدى. ئۇ كۈلگەن چىغىدا خۇددى يىڭنىدەك ناھايىتى ئۆتكۈر ئۇچلۇق چىشلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ـ: سەن...سەن!...... مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى دېيەلمىدىم، يېنىمنى ئاختۇرغان بولسامۇ لېكىن ئۆزۈمدىن قەتئىي ئايرىمايدىغان خەنجىرىمنى يوق ئىدى. نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا سەمەت قورقۇنۇچلۇق ھۆركىرىگىنىچە ماڭا تاشلىنىپ كەلدى!...... ـ: «ئاااااااااااااااااا!...» ئويغانغاندا بولسا پۈتۈن بەدىنىم چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن ئىدى. مەن خېلى ۋاقىتقىچە ھاسىراپ كەتتىم، ئاندىن سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ قولچىراقنى تېپىپ يېنىمغا يورۇتتۇم. «ئاااااااااااااااااا!......»تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىش مىنى يەنە بىر قىتىم ۋارقىرىۋىتىشكە مەجبۇر قىلدى. چۈنكى يېنىمدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئېلى ماڭا قاراپ تۇراتتى. ـ: ئابلاكا سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ...... دىدى ئېلى ئۆزىنى سەل تۇزەپ. ...... ـ: يا...ياق، مەن ياخشى بىراق قارا بېسىپ قاپتۇ...سەن ئۇخلىمىغانما؟ ... ـ: ئۇخلاي دەپ شۇنچە تىرىشسامۇ پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى، ھەم سىرتتا ھەرخىل ئاۋازلار، تىۋىشلار ئۈزۈلمىگەچكە خاتىرجەم بولالماي ئۇخلىيالمىدىم!...ئابلاكا سىزچە بۇ جايدىن چىقىپ كىتەلەرمىزمۇ؟ ...... دىدى ئېلى مەيۈس ھالدا. ـ: نىملەرنى دەيدىغانسەن، چوقۇم ئامالى بولىدۇ. ئاۋۋال بۇ جاينىڭ يەرشەكلى بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇۋالايلى ئاندىن تىخمۇ ئىچكىرلەپ باقايلى بەلكىم مۇھىم بىر چىقىش يولىنى تېپىشىمىز مۇمكىن... ئېلى سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىر ئۇھسىنىپ قويۇپ ـ: خەيىيىيىي!......مەن بۇ جايدىن چىقىپ كىتەلمەي مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كىتىدىغاندەكلا ھىس قىلىۋاتىمەن، ئۆيۈمنى بەك سىغىندىم. شۇنداق ئىللىق ئۆيۈم بار تۇرۇپ كۈنۈم ـ كۈنۈم سىرتتا ئىچىپ ـ چىكىپ ئۆيگە قايتىپ كەلمەسلىرىمنى، ئاتا ـ ئانام، ئايالىمنىڭ نەسىھەت قىلىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن ئۇلارغا رەددىيە بىرىپ كۆڭلىنى ئاغرىتقىنىمنى ئويلىسام بەكمۇ پۇشايمان قىلىمەن. ھازىر شۇلار بولغان بولسا چىن كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بىر ئەپۇ سورىۋالغان بولسام!...... ـ: ھىچقىسى يوق، ئۇلار چوقۇم سەندىن رەنجىمىدى. سىنىڭ ھەم سالامەت ئۆيگە يىنىپ كىلىشىڭنى كۈتىۋاتقاندۇ ھەقىچان!........ ئېلى سۆزۈمنى ئاڭلاپ ماڭا مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ تۈڭلۈكتىن ئاسمانغا قارىدى ـ: مەن كىچىدىن بىرى تۈڭلۈككە قاراپ ئولتۇردۇم، بىراق بۈگۈن ئەڭ تەستە تاڭ ئاتقان كىچە بولدى. ھەقىقەتەن بەك تەستە تاڭ ئىتىۋاتىدۇ........ ئۇ شۇنداق دىگەچ نىملەرنىدۇ خىيال قىلىۋاتاتتى، سەمەت بولسا بۇ دۇنيا بىلەن كارى يوق خورەكنى بوك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. مەنمۇ ئۆزەمچە خىياللارغا چۆكتۈم، بايىقى كۆرگەن قورقۇنۇچلۇق چۈشۈمنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم تۇساتتىن ئېلى ـ: ئابلاكا چىراقنى ئۆچۈرۈڭ!......... دىدى جىددىي قىياپەتتە، گەرچە نىمە ئىشلىقىنى بىلمىسەممۇ قولچىراقنى دەرھال ئۆچۈردۈم. ـ: نىمە ئىش بولدى ئېلى، تۇيۇقسىز جىددىيلىشىپ كەتتىڭغۇ؟ .........دىدىم ناھايىتى بوش ئاۋازدا. ئۇمۇ جاۋابەن ـ: ئۈستىگە قاراڭ، مەن خاتا كۆردۈممۇ ياكى بىر قارا سايە مىدىرلاۋاتامدۇ؟ ......... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ

مەنمۇ سەل جىددىيلىشىپ تۆشۈكتىكە قارىدىم، بىراق قولچىراقنى يىقىلا ئۆچۈرۈپ قاراڭغۇلۇقتا ئۆتكەنچىكە كۆزلىرىم چىمىرلاپ بىرەر نەرسىنى ئىلغا قىلالمىدىم. ـ: ھېچنىمە يوقتەك قىلامدۇ نىمە؟ ...... ـ: ياق، مەن ئىنىق كۆردۈم!...بىر قارا نەرسە تۆشۈكنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرىۋاتىدۇ، ئابلاكا ئامال بار سەمەتنى ئويغىتىپ ئۇننى ئۆچۈرۈپ بۇلۇڭغىراق يۆتكىلىڭ!......... مەن ئېلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۆشۈكتىكە تىكىلگىنىمچە سىيلاپ يۈرۈپ «سەمەت»نى نوقۇشلىدىم ـ: ھەي تۇرە ئويغان، ھەي سەمەت ئويغان دەۋاتىمەن!...... شۇنچە سىلكىسەممۇ ئۇنىڭ خورىكى تىخىمۇ كۈچىيىپ كىتىپ باراتتى، مەن يەنەغسەل جىددىيلىشىپ ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق سىلكىشىم بىلەن تەڭ قولۇمغىلا چىقىپ قالدى. قورققىنىمدىن دەرھال قولچىراقنى يورۇتتۇم. ـ: ئابلاكا قولچىراقنى يورتىۋاتىسىزغۇ؟ ......... دىدى ئېلى ئاۋازىنى بوغۇۋىلىپ. مەن...مەن...سەمەتنى ئويغىتاي دەپ!...... قولۇمدىكى سىسىپ كەتكەن قولغنى دەرھال چۆرۈۋىتىپ يىنىمغا قارىغىنىمدا ھىلىقى چىرىپ كەتكەن جەسەت يىنىمدىلا ئولتۇراتتى. ئەسلى قاراڭغۇدا سىيپاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ قىشىغا بىرىپ قالغان ئىكەنمەن. سەمەت بولسا سەل ئۇياقتىراق خورەك تارتىپ ياتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئورنىنى بىكىتىۋىلىپ دەرھال قولچىراقنى ئۆچۈردۈمدە سەمەتنىڭ يىنىغا يۆتكەلدىم ـ: ھوي سەمەت، ئويغانغىنە سادىغان كىتەي!......دىۋىدەك ئۇخلاۋەرمەي تىز ئويغان دەيمە!... ـ: خوق!خوق!.........خىيوق!...چۇششششششششش!...خىيوق!...چۇششششششششش!......... ـ: ئەستا، ماۋۇ نىمانداق خورەك تارتىۋىرىدىغاندۇ!...... ئۇنىڭ خورەك تارتىۋىرىشىدىن بىزار بولۇپ ئىغىز ـ بۇرنىنى چىڭ ئىتىۋالدىم، بىر ئازدىن كىيىن نەپەس ئالالمىغان سەمەت تىپىرلىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى ـ: ئاللا كاللا!...نىمە كارامەت بۇ!.........ھۇھ، ھۇھھھھا!...... ـ: بوشراق گەپ قىل، دىۋىدەك ئۇخلايدىغان نىمىكەنسەن!.........دىدىم ئۇنىڭغا كايىپ، سەمەت بولسا چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئىلىۋىلىپ ـ: ھۇھا!...ناھايىتى سەت بىر ئالۋاستى مىنى قوغلاپ تۇتۇۋىلىپ سۇغا تىقىپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ھىلىمۇ چۇشۇمكەن بولمىغا بولسا ئاللىبۇرۇن تۇنجۇقۇپ ئۆلەركەنمەن!...... ـ: ھىي چۇشۇڭنى قويۇپ ئاۋازىڭنى پەس قىل، بولمىسا راسلا ئۆلۈپ كىتىمىز!...... سەمەت سۆزۈمنى ئاڭلاپ تىزلا جىمىقتى، كۆزۈممۇ قاراڭغۇلۇققا ماسلىشىۋالغانسىرى نەرسىلەرنى پەرق ئىتەلىگىلى تۇردۇم. كۆزۈم يەنىلا تۆشۈكتىكە تىكىلگەن ئىدى. سەمەت قولۇمنى تارتىپ ـ: ئابلاكا نىمە ئىش بولدى؟ ......... دىدى ناھايىتى بوش ئاۋازدا. ـ: ئۇششششششش!...گەپ قىلماي تۇر!... مەن شۇنداق دىگەچ تۆشۈكتىكە تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم. تۇساتتىن ئاينىڭ يورۇقىدىن بىر قارا گەۋدىنىڭ بىشى كۆرۈندى. ئەلۋەتتە بۇنى ئېلىمۇ كۆرگەن ئىدى. مەن سەمەتنىڭ ئىغىزىنى تۇسىۋالغاچ تامغا تىخىمۇ چىڭ چاپلاشتىم، تۆشۈكتىن كۆرۈنگەن باشنىڭ سايىسى مىدىراۋاتاتتى، ئىھتىمال ئىچى تەرەپكە قاراۋاتقان بولسا كىرەك. بىردەمدىن كىيىن قارا گەۋدە كىتىپ قالدى، بىراق بىز تىخىچىلا تۆشۈككە قارىغىنىمىزچە جىمجىت ئولتۇرغان ئىدۇق. ئارىدا نەچچە مىنۇت ئۆتتىكىن تۆشۈكتىن قايتا

بىرەر نەرسىنىڭ سىماسى كۆرۈنمىدى، مەن سەل خاتىرجەم بولۇپ سەمەتنىڭ ئىغىزىنى قويىۋەتتىم. ــ: تۇفە، تۇفە!...ھۆۆۆۆق!..........ئۇھ...خىق تۇفە!..............ئوجون!...ئابلاكا نىمە قىلغىنىڭىز بۇ، ئىغىزىمغا بىر چاڭگال توپىنى تىقىۋەتتىڭىزغۇ!... ــ: نىمە؟ ......ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ... مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. ــ: ئۇنداق ئەمەس، نەق شۇنداق!...تۇيۇقسىزلا ئەمدى گەپ قىلاي دەپ ئىغىزىمنى ئىچىپ تۇرۇپتىكەنمەن، بىر سىقىم توپىنى ئىغىزىمغا تىقىۋەتكەن پىتى چىڭ تۇتىۋالدىڭىز بايىدىن بىرى يا گەپ قىلالماي بەك قىيىلىنىپ كەتتىم!......... ئەمەلىيەتتە سەمەتنى ئۇنداق دىگىنىگە ئالدىدا ئىشەنگۈم كەلمىدى، چۈنكى مەن پەقەت ئۇنىڭ ئىغىزىنىلا تۇتىۋالغان تۇرسام قانداق بۇپ بىر سىقىم توپىنى تىقىۋەتكەن بولىمەن؟ ...بىراق ئويلاپ ئاخىرى توغرا ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. چۈنكى بايا تۈگۈلۈكتىن قارا گەۋدىنى كۆرگەندە جىددىيلىشىپ كىتىپ ئىختىيارسىزلا يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئىلىپ چىڭ مۇجىۋالغان ئىدىم، سەمەتنى گەپ قىلىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ دەرھاللا توپىنى چىڭ سىققان پىتى ئۇنىڭ ئىغىزىنى توسىۋالغان ئىكەنمەن. ئۆزەمچە ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم ــ: كەچۈرگىن ئىنىم، بايا ئۇقۇشمايلا شۇنداق بولۇپ قاپتۇ!...بەك جىددىيلىشىپ كىتىپتىمەن... سەمەت ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ــ: شۇنچە جىددىيلىشىپ كەتكۇدەك نىمىش بولدى زادى؟ ... ــ: نىمىش بولدى دەۋاتقىنىنى!...سەن خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقاندا تۈگۈلۈكتىن بىر نەرسە ئىچىگە قارىغان ئىدى شۇڭا بەك جىددىيلىشىپ كەتتۇق. ــ: نىمە، شۇنداقمۇ ئىش بولدىما؟ ...يەنە تىخى مەن ئەزەلدىن خورەك تارمايتىمغۇ، قانداق بولۇپ!...... ــ: ئۇخلاۋاتقىنىڭدا ئۆزۈڭ بىلەتتىڭمۇ، بەئەينى بۇقىدەك پۇشۇلداپ ئۇخلايدىكەنسەن، قارا ئابلاكام قوتاز تۈرۈپ خورەك تارتمايدۇ!...... ئىبلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتۇق ــ: ئىبلى ئۇكام، سىنىڭچە ئۇ قارا سايە نىمىدۇ؟ يەنە قايتىپ كەلمەس ھە بۇ كاساپەت!........... ــ: بىلمىدىم، لىكىن تۇرقىدىن ئالۋاستىدەك قىلىدۇ. بىزنى بايقىيالمىغىنىغا ھەيران بولۇپ قالدىم، ئۇلار كەچتە ھەرىكەت قىلغاچقا كىچىدە بىز يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك ئىنىق كۆرەرمىكى دىسەم بىزنى بايقىيالمىدى بولغاي!...... ــ: بىز جىمجىت تۇرىۋالغاچقا پەرق قىلالمىدىمۇيا؟ ...... ــ: ئۇنداق ئەمەستۇ، كۆزى ئىنىق كۆرىدىغان تۇرۇپ جىمجىت تۇرىۋالغانغا كۆرەلمەيدىغان ئىش يوق. چوقۇم ئۇلارنىڭمۇ كۆرۈش سەزگۈسى قاراڭغۇدا توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىكەن، پەقەت يورۇقلۇقتىن قورققاچقىلا ئامالسىز قاراڭغۇدا ھەرىكەت قىلىدىغان ئوخشايدۇ. ...... ــ: مەيلى قانداقلا بولسۇن بۇ قىتىم بايقىلىپ قالمىدۇق، ئۇلار يەنە كىلىشى مۇمكىن تۇرغان يىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كىرەك!...... ئىككىسى بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تەڭلا ــ: نىمە، يەنە جاي ئۆزگەرتەمدۇق!...دىدى ئەجەپلىنىپ. ئىبلى ــ: ئابلاكا، بۇ كىچىدە سىرىتتا چىقساق بەك خەتەرلىك. يەنە كىلىپ بۇ چاغدا قەيەردىن پاناھلىنىدىغان يەر ئىزدەيمىز؟ ... ــ: شۇنداق، ئىبلىنىڭ دىگىنى توغرا. ئۇلار كەتكەن بولسا ئەمدى قايتىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن...مۇشۇ جايدا تاڭ ئىتىشىنى كۈتۈپ يورۇق

چۈشكەندىنكىيىن ئاندىن چىقساق بولارمىكى دەيمەن!...... دىدى سەمەت ئىبلىنىڭ سۆزىنى قۇۋەتلەپ. لىكىن مەن نىمىشقىدۇر بىر پىشكەللىچىلىكنى سىزىپلا تۇراتتىم، كۆڭلۈم ئەمدى بۇ جايدا تۇرۇشقا گۇۋاھلىق بەرمىدى. ـ: شۇنداق قىلساققۇ بولاتتى، بىراق ماڭا ئۇلار يەنە كىلىدىغاندەكلا تۇيۇلىۋاتىدۇ. بۇ قىتىم قايتا كىلىپ بىزنى بايقاپ قالسىلا قىچىشقا ئۆلگۈرەلمەيمىز، شۇڭا بۇ جايدا ئۇزاق تۇرمايلى!...... ـ: سىز شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز بوپتۇ ئەمىسە. نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بۇ جايدىن چىقىپ كىتەيلى!...... ئىددىيەسىدىن ئۆتكەن ئىبلى پىكىرىمگە قوشۇلدى. بىز ھىلىقى جەسەتنىڭ سومكىسىنى بىللە ئىلىپ تاش سۈپىنىڭ ئىغىزىنى يۆتكەشكە باشلىدۇق. مەن ئالدىدىكىسىگە ئوخشاش تاش سۈپىنىڭ ئەتراپىدىن ئاچىدىغان يىرىنى ئىزدەۋاتاتتىم، شۇ پەيتتە تۇڭلۇكتىن يەنە ئاۋاز ئاڭلاندى. ـ: ئۈششششش!...جىم تۇرۇڭلار!...... مىنىڭ ئاۋازىم بىلەن تەڭ قولچىراق ئۆچۈرۈلۈپ جىمجىت تۇرىۋالدۇق، بىراق بۇ قىتىم ئۇنداق قىلىشىمىز ئاقمىدى. تۇڭلۇككە قارىغىنىمىزدا بىر ئەمەس نەچچە قارا گەۋدىنىڭ بىشى كۆرۈندى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ ھۆركىرەپ قوياتتى. بىردەمدىن كىيىن ئۇلار چۇرقىراشقىنىچە تۇڭلۇكتىن چۈشۈشكە ئۇرۇنۇشقا باشلىدى. مەن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھىس قىلىپ دەرھاللا ـ: تىز، بۇ جايدىن تىز چىقىپ كىتەيلى!......دىگىنىمچە سۈپىنى ئاچىدىغان كامارنى ئىزدەشكە باشلىدىم. قارا سايىلەرمۇ تۇڭلۇكتىن چۈشۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى، ئەمدى بولسا قاراڭغۇلۇقتا تۇرىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. ئاشكارلىنىپ قالغاندىن كىيىن ئىبلى دەرھال قولچىراقنى يىقىپ ئۇلارغا تۇتۇپ بىزگە ۋارقىراپ كەتتى ـ: ئۇلار جەسەت ئالۋاستىلاركەن، ئىشىكنى تىزرەك ئىچىڭلار تىز بولۇڭلار!......... مەن جىددىيلىشىپ تىترەك قوللىرىمدا سۈپىنى ئاچىدىغان تۆشۈكنى تاپتىمدە ئىچىدىكى نەرسىنى كۈچەپ باستىم. تاش سۈپىنىڭ ئىغىزى نەرە تارتىپ ئىچىلىشقا باشلىدى ـ: سۈپا ئىچىلدى، تىزدىن ئىچىگە كىرىۋىلىڭلار!......... مەن شۇنداق دىگەچ پەشتاقتىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىدىم، نىمە سەۋەپتىنكىن تاش سۈپا ئازىراق ئىچىلىپلا بىر نەرسىگە قادىلىپ توختاپ قالدى، ھەر قانچە ئىتتىرىپ باققان بولسامۇ قىمىرلىمىدى. ياخشى يىرى ئادەم پاتقۇدەك ئىچىلىپ بولغان ئىدى، مەن توختىماي ئۇلارنى چاقىراتتىم. ـ: سەمەت تىز بول ۋاقىت قالمىدى!............ ئىبلىمۇ سەمەتنى ئالدىرىتىۋاتاتتى، بىراق سەمەت يەردىن نىملەرنىدۇر تىپىپ ئاۋارە ئىدى. ـ: نىمىش قىلىۋاتىسەن تىز بول!...... ـ: ھە ھە مانا!...مارجانلىرىمنى تىرىۋالاي!...... ـ: ئان!.........ۋاقىت قالمىدى دەۋاتىمەن، ئۇنداق نەرسىلىرىڭ يەنە ئۇچرايدۇ. ئالۋاستىلار چۈشۈپلا قالسا تۈگىشىمىز بولە چاققان!...... ئىبلى تىرىكىپ، يەردىن چىچىلىپ كەتكەن ئۈنچى ـ مەرۋايىتلىرىنى تىرىۋاتقان سەمەتنى سىلكىپ تارتتى. سەمەتمۇ دەلدۈگىنىپ كىلىپ يەر ئاستىغا چۈشۈۋاتاتتى بىراق يانچۇقىغا پوملاپ سىلىۋالغان ئۈنچىلەرنىڭ سەۋەبىدىن قىسىلىپ قالدى. ـ: قىسىلىپ قالدىم، ۋايجان!......تىز تارتىۋىلىڭلار!...... بۇ چاغدا ئالۋاستىلارمۇ تۇڭلۇكتىن تىپىرلاپ يۈرۈپ ساڭگىلاپ بولغان

ئىدى. ـ: تېز، يانچۇقۇڭدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلىۋەت!...... ـ: نېمە، ئاران تاپقان تۇرسام تاشلىۋېتەمدىم؟ ...ياق تاشلىمايمەن!...... ـ: دۆت ئەبلەخ!.....ئۇنى تاشلىۋەتمىسەڭ قىسىلىپ قالىدىڭ، ئۇلار سېنى تۇتىۋالسىلا يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ...تېز تاشلىۋەت!...... سەمەت ئېلىنىڭ دېگىنى بويىچە قويىنىدىكى ئۈنچىلەرنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ يەنە قىسىلىپ قېلىپ تېپىرلاشقا باشلىدى. ئېلى بىلەن مەن بولسام ئۇنى بار كۈچىمىز بىلەن تارتىۋاتاتتۇق، ئۇ كىرەيلا دەپ قالغاندا بىر جەسەت قاتتىق يۇلقۇنۇپلا پەسكە«پوك!...»كىدە قىلىپ چۈشتى. قاتتىق چۈشكەچكە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ بولغىچە بىز سەمەتنى تارتىپ ئىچىگە ئەكىرىپ بولدۇق. «ۋايجان، قولۇمنى تۇتىۋالدى!...»تۇساتتىن سەمەتنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتتىم. دەرھال خەنجەرنى ئېلىپلا ئېلىغا بېرىپ ـ: تېز بول ئالۋاستىنىڭ قولىنى چاپ!........دەپ ۋارقىرىدىم. ئېلىمۇ چاققانلىق بىلەن قىلىچ ئۇرىشىغا ئالۋاستى چىرقىرىغىنىچە كەينىگە داجىدى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپلا قېچىشقا باشلىدۇق، سەمەتنىڭ«ۋايجان»لىغان ئاۋازىنىڭ ئارىسىدىن جەسەت ئالۋاستىلارنىڭ گۈپۈرلەپ پەسكە چۈشكەن، ھەرخىل ئاۋازدا سەت ھۆركىرەۋاتقىنىنى ئېنىق ئاڭلىيالىدۇق. دىمەك قالغان جەسەتلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن پەسكە چۈشكەن ئىدى. بىز شۇ قاچقانچە يەنە بىر چىقىش ئېغىزىغا ئازلا قالغان ئىدۇق. ـ: ئېلى ئارقا تەرەپنى نازارەت قىلغاچ ماڭ، ئۇلار يېتىشىۋالمىسۇن!......دىدىم ۋارقىراپ تۇرۇپ. ـ: بولىدۇ، ئامال بار تېزرەك چىقىپ كىتەيلى!...... مەن بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈرۈپ پەشتاققا ئۆلىشىۋالدىم، ئەمدى بولسا سۈپىنىڭ ئېغىزىنى ئاچىدىغان ئىشلا قالغان ئىدى، بىراق بۇ جايدىمۇ نۇرغۇن كامارلار تۇراتتى. سىيلاپ يۈرۈپ نۇرغۇن كامارلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تەقدىرگە يەنە بىر قېتىم ئىچىندىم. «باشقا كەلگەندە باتۇر» دەپ قولۇمنى ھەممە كامارغا تىقىشقا باشلىدىم. «زادى قەيەردە بولغىيتى!»دەيتتىم ئىچىمدە. شۇنداق ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى تاش سۈپىنى ئاچىدىغان كامارنى تاپتىم. بېسىشىم بىلەن تەك بۇ سۈپىمۇ نەرە تارتىپ ئېچىلىشقا باشلىدى. بىراق ئېچىلىشى بەك ئاستا بولغاچقا ئالۋاستىلارمۇ يېتىشەيلا دەپ قالغان ئىدى. ـ: تېز تېز!...... مەن شۇنداق دېگەچ ئېچىلىۋاتقان تاش سۈپىنىڭ قىسىلچىقىدىن ئۈستىگە قاراپ چىقىشقا باشلىدىم ـ: قولۇڭنى بەر!......... مەن شۇنداق دېگەچ قولۇمنى سەمەتكە ئۇزاتتىم، ئۇ بىر قولىدا قولۇمدىن چىڭ تۇتىۋېلىپ ئۈستىگە چىقىشقا ئۇرىنىۋاتاتتى. ـ: ئابلاكا ئۇلار كەلدى، تېز بولايلى!......... ئېلىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم، ھەمدە بارلىق كۈچۈم بىلەن سەمەتنى تارتىشقا باشلىدىم. ئېلىنىڭ ئىچىدىن ئېتتىرىشى مېنىڭ ئۈستىدىن تارتىشىم بىلەن تەك يۇلقۇنۇپلا چىقىپ كەلدى. ـ: ئېلى تېز بول!......... مەن شۇنداق دېگەچ ئېلىنىڭ قولىدىن تارتىشقا باشلىدىم، ئۇمۇ تېزلىك بىلەن ئۈستىگە چىقىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئىچىگە تارتىلىپ كەتتى ـ: «ئاااااا!»پۇتۇمغا ئېسىلىۋالدى!...... ئۇ شۇنداق دېگەچ تىپچەكلەيتتى. ـ: چىداپ تۇرغىن هازىرلا تارتىۋالىمەن!...... مەن شۇنداق دېگەچ ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تارتىشقا باشلىدىم ـ: سەمەت تېز ماڭا ياردەملەش!...... سەمەتمۇ بىر قولىنى

سۆرەپ يۈرۈپ كۆچەپ تارتىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئىلىنى يامان تەسلىكتە تارتىپ چىقتۇق
بىراق ئۇنىڭ پۈتىغا چىڭ ئېسىلغان ھالدا بىر جەسەت ئالۋاستىمۇ بىللە چىقىپ كەلدى. مەن
دەرھال سۈپىنىڭ ئىغىزىنى ئېتىۋەتتىم، مۇشۇنداق بولغاندا ئىچىدىكى قالغان جەسەتلەر
چىقالماي قاپسىلىپ قالاتتى. جەسەت ئالۋاستى ئىلىنىڭ پۈتىنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتىۋالغان
بولۇپ پۈتىدىن بىر لوقما گۆشنى ئۈزۈپ ئىلىپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئىلى بولسا ئاغرىقىغا
چىدىماي قاتتىق ۋارقىرايتتى. مەن دەرھال ئىلىنىڭ قولىدىكى خەنجىرىمنى ئىلىپلا جەسەتنىڭ
بىلىدىن چاپتىم، ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ئالۋاستى تىخىچە قاتتىق چىرقىراپ
تىپىرلاۋاتاتتى. تاش ئىشىك يىپىلىۋاتقاندا جەسەتنىڭ ئاستى بۆلىكى دەقىقە ئىچىدە شىددەت
بىلەن پەسكە تارتىلىپ پەستىكى قاراڭغۇلۇقتىن يەنە بىر جەسەت ئالۋاستى ئىتىلىپلا چىقتى.
مەن چاققانلىق بىلەن ئۇنى خەنجەردە چىڭ تورىۋالدىم، ئالۋاستى ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن
شۇنچە تىپىرلاۋاتقان بولسىمۇ بىراق تاش ئىشىك تاقىلىپ كىلىپ ئۇنى قىسىۋالدى. ئەمدى بولسا
مىنىڭ توسىشىمسىزمۇ ئۇ پۈتۈنلەي قىسىلىپ بولغان ئىدى، تاش ئىشىك قاتتىق
گۈركىرىگىنىچە تاقىلىپ كىلىپ ئالۋاستىنى مىجىپ قەغەزدەك قىلىۋەتتى. قالغان جەسەتلەر
ئىچىدە قالغان ئىدى، بىز دەرھال ئىلىنىڭ پۈتىدىكى جەسەتنى ئاجرىتىۋىتىپ ئۇنى
سۆرىگىنىمىزچە نىشانسىز ھالدا بۇ تاش ئۆيدىن سىرىتقا قاراپ قاچتۇق!............

پالۋاننىڭ كەچۈرمىشى(3 ـ باب11 ـ قىسىم)

سىرىتتىمۇ تاڭ سۈزۈلەيلا دەپ قالغان ئىدى. بىز ئىلىنى سۆرىگىنىمىزچە خىلى جايغا ئۈزاپ
بولغاندىن كىيىن ئاندىن ئۇنى ئاستا ياتقۇزدۇق. ئۇنىڭ پۈتى ئىغىر يارىلانغان بولۇپ پاقالچەك
گۆشىدىن بىر لوقما ئۈزىۋىلىنغان ئىدى، ھىلىدىن قان چىقىۋاتقان بولۇپ بۇنداق بولىۋەرسە ئۇ
قانسىراپ ئۆلۈپ كىتىشى مۇمكىن ئىدى. سەمەت بولسا ئالۋاستىنىڭ ئۈزۈلگەن قولى تىخىچە
بىلىكىگە پاتۇرۇقلۇق ھالدا بولۇپ ئۇمۇ ئۆز ھالى بىلەن ئاران تۇراتتى. مەن تەستە ئۇنىڭ
ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرىغىمۇ قۇلاق سالماستىن جەسەتنىڭ قولىنى كۆچەپ تارتتىم. بىر ۋارقىراش
بىلەن تەڭ سەمەتمۇ جىمىپ قالدى. ـ: مۇشۇ جايدا تۇرۇپ تۇر، مەن قان توختىتىدىغان نەرسە
تىپىپ كىلەي!......... مەن شۇنداق دىگىنىمچە ئەتراپتىكى يىشىللىقتىن قان توختاتقىلى
بولىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇچقاپ قىلىشنى ئۇمۇد قىلىپ ئاتلاندىم. بىر ئازدىن كىيىن
سەمەتنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتتىم. ـ: ئابلاكا، قىنى سىز دەرھال يىنىپ
كىلىڭ...ئابلاكا!......... مەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئۇلار تەرەپكە ئۇقتەك يۈگۈردۈم، مەن بارغاندا
بولسا سەمەت قولىغا قىلىچنى ئىلىۋالغان بولۇپ نەگىدۇر تىكىلگىنىچە يىغلاپ ئولتۇراتتى،
لىكىن ئىلى كۆرۈنمىدى. شۇندا كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سىزىپ سەمەتنىڭ يىنىغا يۈگۈرۈپ
باردىم ھەمدە ئۇنىڭدىن سورىدىم ـ: ئىيتە ئىلى قىنى؟ ......سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن ئىلى
قىنى؟ ...... سەمەت گەپمۇ قىلماستىن ئالدى تەرەپكە قاراپ يىغلاپ ئولتۇراتتى، مەنمۇ
ئىختىيارسىزلا ئۇ قارىغان تەرەپكە قارىدىم. يەردىكى قان بىز تۇرغان جايدىن باشلانغان بولۇپ

بىز قاراۋاتقان تەرەپكە سوزۇلۇپ ماڭغان ئىدى. ـ: سەندىن سوراۋاتىمەن، ئېلىغا نىمە ئىش بولدى!...... سەمەت يىغلاپ تۇرۇپ ـ: ھازىر تىخى ئىككى جەسەت ئالۋاستى ئېلىنىڭ پۇتىدىن ئاققان قاننى بويلاپ كەپتىكەن بىزگە ھۇجۇم قىلدى، مەن قىلىچ بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇردۇم بىراق ئۇلار جانسىز ياتقان ئېلىنىڭ گىلىدىن بوغۇپلا كۆتۈرۈپ بىر ـ بىرىدىن تالاشقىنىچە ئۇ تەرەپكە ئەكىرىپ كەتتى!......دىگىنىچە ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى. ـ: ھۇ يارىماس نان قېپى!......ئۇ سىنى قوغدايمەن دەپ شۇنداق ئىغىر يارىلانغان تۇرسا ئەكسىچە سەن ئۇنى قوغدىيالماي ئالۋاستىلارغا تۇتۇپ بەردىڭما؟ ......ھايۋانكەنسەن!... ـ: ئابلاكا، ئىللا بىللا ئۇنداق مەقسىدىم يوق. مەنمۇ شۇنداق كۈچىگەن بىراق ئۇلارنىڭ ئېلىغا ئۇنداق تىز ھۇجۇم قىلىپلا ئىلىپ قىچىشىنى ئويلىماپتىمەن، مىنى كەچۈرۈڭ ئابلاكا مەن قەستەن قىلمىدىم!...... ـ: كۆزۈمدىن يوقال يارىماس!...تۇتە بۇنى ياراڭغا تىڭۋال قاننى توختىتىدۇ!...... مەن شۇنداق دىگەچ قولۇمدىكى جىغان مىۋىسنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ قان ئىزىنى بويلاپ ئېلى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كىتىۋاتقاچ سەمەتكە ـ: بۇ جايدىن دەرھال ئايرىلىپ بىخەتەر جاينى تېپىپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇر!...ئەگەر كىلەلىسەم سىنى چاقىرىمەن شۇ چاغدا چىقساڭ بولىدۇ، كىلەلمەي قالسام قالغان يولنى ئۆزۈڭنىڭ كۈچىگە تايىنىپ داۋاملاشتۇر بىلدىڭمۇ؟ ......دىدىم. سەمەت ـ: ئابلاكا مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي، ئۆزىڭىز يالغۇز بارغاندىن بىللە بارساق ياخشىراق!...... ـ: جىق گەپ قىلماي مەن دىگەندەك قىل!...ئىككىلىرىمىز بارساق ھاياتلىق پۇتۇنلەي يوقىلىدۇ، شۇڭا سەن بولساڭمۇ بۇ يولنى داۋاملاشتۇرىشىڭ كىرەك!...... مەن سەمەتنىڭ سۆزلەۋاتقىنىغا پەرۋامۇ قىلماستىن قان ئىزىنى بويلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. ئىچىمدە ئۇنىڭ تىخى ھايات بولىشىنى تىلەپ ئىچكىرلەپ مىڭىۋەردىم، ھايات دىگەن ئۇقۇم ئاللىقاچان كاللامدىن يۇيۇلۇپ بولغان ئىدى، پەقەت ئېلىنى سالامەت قايتۇرۇپ كىلىشىنىلا ئويلايتتىم. شۇنداق خىيال ئىلكىدە كىتىۋاتقىنىمدا قان ئىزىنىڭ بىر تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە بويلاپ كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە قولچىراقنى ئىلىۋالمىغىنىمغا ئەپسۇسلاندىم. بىراق بۇ تۇرقىدا ماڭا قولچىراق ئەسلا كىرەك ئەمەس ئىدى. مەن چوڭقۇر بىر نەپەس ئىلىۋىلىپ بۇ قاپقاراڭغۇ تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدىم. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ھەقىقەتەن قاراڭغۇ بولۇپ ئەمدى قان ئىزىنى پەرق قىلىش تەس ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ بىر ئاماللار بىلەن يولۇمنى داۋام قىلىۋاتاتتىم. شۇنداق كىتىۋاتقىنىمدا تامغا بىرنى ئۇسسۇپ توختاپ قالدىم، بىشىم ئاغرىپ تۇرسىمۇ بىراق ئېلىنى قۇتقۇزۇش ئەڭ مۇھىمى ئىدى. شۇڭا تامنى سىيلاپ يۈرۈپ يول ئىزدەشكە باشلىدىم. يول ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ مىنىڭ ئۇسسىگىنىم بولسا يولنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان ئوتتۇرا تام ئىدى. بۇ ئاچا يولدىن قاياقىقا مىڭىش كىرەك، ئەگەر خاتا ماڭسام‌لا ۋاقىت ئۇزىراپ كىتىدۇ ئۇنداق بولغاندا ئېلى ھايات قالماسلىقى مۇمكىن، ئويلىغانسىرى تىت ـ تىت بولاتتىم. شۇنداق قىلىپ ئىككىلىنىشتە تۇرۇپ قالدىم، مۇشۇنداق چاغدىمۇ قىلىنغان بۇنداق چاقچاق مىنى تىرىكتۈرەتتى. توساتتىن سىرىت

تەرەپتىن ئىچىگە يورۇق چۈشۈشكە باشلىدى. چۆچۈپ كەينىمگە قاراپ بىرسىنىڭ قولچىراقنى تۇتۇپ كىلىۋاتقىنىنى غۇۋا ئىلغا قىلدىم، بۇ دەرۋەقە سەمەت ئىدى. ئۇ كىلىۋاتقاچ ـ: ئابلاكا سىز ئىچىدىمۇ؟ ...مەن سەمەت!... دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ـ: ھەئە، مەن بۇيەردە!...... سەمەتمۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ تىزلا كىرىپ كەلدى. ـ: سەن يەنە نىمىگە كەلدىڭ؟ ...... ـ: بايا قولچىراقنىمۇ ئىلىۋالماي ماڭغان ئىدىڭىز شۇنچە تووۋلىسامىمۇ قارىماي كىتىپ قالدىڭىز شۇڭا سىزگىمۇ بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ كەينىڭىزدىن قان ئىزنى بويلاپ ئەگىشىپ كەلگەنتىم!... دىگەچ قولچىراقنى ئىچىگە تۇتتى ـ: ئابلاكا، بۇ يول ئىككىگە بۆلۈنۈپ كىتىپتىغۇ؟ قايسىسىغا ماڭىمىز؟ ... ـ: بۇنى مەندىن سورىساڭ مەن كىمدىن سورايمەن!...بايىلا ئۇنى ياخشى قوغدىيالىغان بولساڭ بۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى!...... سەمەت نۇمۇسىنىڭ كۈچىدىن يەرگە قارىغىنىچە بىشىنى كۆتۈرەلمىدى. ـ: بولدى ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات، ئەمدى قانداق قىلىپ ئىلىنى ئىلىپ ماڭغان تەرەپنى تىپىشنى ئويلىشايلى!...... ـ: ئابلاكا قاراڭ قان ئىزى!...... دىدى سەمەت قولچىراقنى يەرگە تۇتۇپ. دىگەندەك يەردە قان ئىزى تۇراتتى...مەن خۇددى چوڭ بىر بايلىق تىپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم ـ: سەمەت ياراڭ قانداقراق؟ ... ـ: چاتاق يوق، ئازىراقلا تىتىلىپ كىتىپتۇ شۇ! ـ: ئۇنداقتا ۋاقىت قالمىدى، تىز مەن بىلەن ماڭ!...... مەن شۇنداق دىگىنىمچە قولچىراقنى تۇتۇپ قان ئىزنى بويلاپ ئىچىگە قاراپ يۈگۈردۈم. بىر ئاز ماڭغاندىن كىيىن ئىچى تەرەپتە بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشقىنىچە قاراسلىتىپ بىر نەرسىلەرنى يەۋاتقان ئاۋاز قۇلۇقۇمغا چۈشۈپ قالدى. يۈرۈكۈم بىر شۇملۇقنى سىزىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئوقتەك يۈگۈردۈم. دەرۋەقە ئىككى ئالۋاستى ئىلىنىڭ جەسىدىنى تارتقۇشلاپ يەۋاتاتتى، ئىلى ئاللىقاچان ئۆلگەن بولۇپ قارنى پۈتۈنلەي يىرىلىپ ئادەم كۆرگۈسىز دەرىجىدە بولۇپ كەتكەن ئىدى. جەسەتلەر بولسا ۋەھشىلەرچە ئۇنىڭ گۆشلىرىنى تىتىپ يەۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ مىڭەمدىن كىرگەن ئاچچىق تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى ـ: ھۇ مەرەز ئالۋاستىلار، ئۇنى قويۇپ بىرىش!......... مەن شۇنداق ۋارقىرىغىنىمچە ئالۋاستىلارغا تاشلاندىم. ھازىرقى ئاچچىقىمدا ھىچقانداق نەرسە مىنى قورقۇتالمايتتى، غەزەپتىن بەدەنلىرىم تىترەپ كۆزۈمگە قان تولغان ئىدى. پۈتۈن زەھرىم بىلەن خەنجىرىمنى ئىلىپ ھىلىھەم ۋارقىراشلىرىمغا پەرۋامۇ قىلماستىن ئىلىنىڭ جەسىدىنى تالىشىپ يەۋاتقان ئالۋاستىلارغا قىلىچ ئۇردۇم. ئالۋاستىلار چىرقىراق ئاۋازدا ھۆركىرەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، بىراق مىنىڭ غەزىپىمنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى ھىچنىمە ئەرزىمەيتتى. قانچىلىك چاپقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، پەقەت سەمەت قولۇمغا ئىسىلىۋالغىنىدىلا چىپىشتىن توختۇدۇم. ھىرىپ كەتكەچكە تىنىقىم يىتىشمىگەن ھالدا ھاسىراپ كىتىپ باراتتىم، بىردەم ئۆزۈمنى بىسىۋىلىپ ئالۋاستىلارغا نەزەر سالغىنىمدا بولسا ئۇلار ئاللىقاچان پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن ئىدى. ـ: ئابلاكا بولدى قىلىڭ، ئەمدى قايتىپ چىقىپ كىتەيلى!......... سەمەتنىڭ ئاۋازى تىخىمۇ غەزىپىمنى ئۆرلىتىۋەتتى ـ: ئاغزىڭنى يۇم!.........ھەممىنى قىلغان سەن،

ئەگەر ئىلىغا ياخشى قارىغان بولساڭ بۇنداق پاجىئەمۇ كىلىپ چىقمىغان بولاتتى!...... مەن ئاچچىقتىن ئۈنىڭغا قاتتىق سۆزلەپ بولۇپ ئۆزۈم ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. سەمەت يەرگە قارىغان ھالدا ـ : توغرا، مەن يارىماسلىق قىپتىمەن!...بايا قورقۇپ كەتكەچكە ئىلىنى ئۈلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم ھەممىسىگە مەن ئەيىپلىك، مەن ئىلىنىڭ جىنىغا زامىن بولدۇم!......... تۇيۇقسىز بايا كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەپ قالدىم. ئەسلى ئۇ چۈش بىر بىشارەت ئىكەنتۇق ئويلىمىغاندا راسلا ئەمەلىيەتتە يۈز بەردى. ـ : بولدى قىل، بولار ئىش بولدى. ئەمدى مىلىڭ ئاھ ئۇرساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ...كىلە ئۇنى ئىلىپ چىقىپ كىتەيلى!...... ـ : نىمە؟ ...ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىتىلىپ كەتكەن تۇرسا قانداق كۆتۈرىمىز؟ ... مىنىڭ قايتا غەزەپ بىلەن قارىغىنىمدا مەلۇم نەرسىنى چۈشەنگەن سەمەت ئارتۇق سۆزلىمەي يىنىمغا كەلدى. بىز ئىلىنىڭ تىتىلىپ چىچىلىپ كەتكەن بەدەنلىرىنى تىرىپ كىلىپ قىپ قالغان تىنى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ ئۆڭكۈردىن سىرىتقا قاراپ ماڭدۇق. بىز سىرىتقا چىققاندا تاڭ سۈزۈلۈپ بولغان بولۇپ بىر كىچىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئىلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدۇق. ئەمدى بۈگۈن كىچىنىڭ يەنە كىمنىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە ئاندىن ئۆتۈدىغانلىقى بىزگە قاراڭغۇ. ئۆڭكۈردىن چىقىپ يىشىلچىلىققا باردۇقتە يەرنى كولاپ ئىلىنىڭ پارچىلىنىپ تىتىلىپ كەتكەن جەسىدىنى كۆمۈشكە باشلىدۇق. ئۆمرۈمدە يىغلاپ باقمىغان ئىدىم بىراق بۇ قىتىم ئىلىنىڭ ئۆلۈمىگە كۆزلىرىمدىن ياش تاراملاپ كەتتى. ئىچىمدە«جىنىم تىنىمدىلا بولسا ئۈچرىغان ئالۋاستىلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىۋىتىمەن!»دەپ قەسەم قىلدىم. ئىلىنىڭ بىشىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلىۋەتكەندىن كىيىن ئۈستىگە ئوت ـ چۆپلەردىن سانجىپ قويۇپ ئۇنىڭدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتۇق. سەمەت كىتىۋاتقاچ ئىختىيارسىز ـ : ئابلاكا، ئەمدى بۇ جايدىن كىتەيلى. ھىلىمۇ يارىلانغىنىمىز يارىلاندۇق، ئۆلگىنى ئۆلگەن بولدى. بۇ جايدا تۇرىۋەرسەك ھايات قالمىقىمىز تەسكەن شۇڭا ئالدىدا كەلگەن جايغا كىتەيلى بەلكىم بىزگە ئوخشاش ئۇقۇشماي كىرىپ قالغان كىشىلەردىن بىرەرسى بۇ خاتىرىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالىسا بىزمۇ چىقىش يولى تىپىشىمىز مۇمكىن!.........دىدى ماڭا قاراپ قويۇپ. مەن ـ : ياق، مەن ئەمدى كەتمەيمەن!...ھاياتلا بولسام ئالۋاستىلارنى بىرىنى قويماي يوقىتىپ ئاندىن چىقىپ كىتىمەن، بۇنىڭدا ئۆلۈپ كەتكەن ھەربىر قىرىنداشلىرىمىزنىڭ روھى خۇشال بولىدۇ. بىلسەڭ ئۇ ئالۋاستىلارنى يوقاتمىساق بىزگىمۇ ئارامچىلىق يوق، بەلكىم بىر كۈنلەردە ۋەھشىيلەرچە ئۆلىدىغىنى بىز بولۇشىمىز مۇمكىن!...... ـ : نىمە، سىز راسلا شۇنداق قىلماقچىمۇ؟ ...... ـ : شۇنداق، نەچچە كۈندىن بىرى ھايات قىلىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتاتتىم، بىراق بۈگۈندىن باشلاپ ئالۋاستىلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن!...... ـ ئابلاكا ئۆزىڭىزگە كىلىڭ، بۇ ھەرگىزمۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس!...ئۇنداق قىلسىڭىز ھاياتىڭىزغا خەۋپ يىتىدۇ!...... ـ : ئەمدى قانداق بولۇشى بەربىر ئۇكام...بۈگۈندىن باشلاپ مەن ئولجا ئەمەس بەلكى ئوۋچى!...مۇشۇ جايدا ھاياتلا بولىدىكەنمەن ئالۋاستىلار مىنى ئەمەس مەن ئالۋاستىلارنى ئوۋلايمەن، تاكى مۇشۇ

جايدىن چىقىپ كىتىدىغان يەرنى تاپقىچە ئالۋاستىلاردىن قېچىپ يۈرمەيمەن بەلكى ئالۋاستىلارنى قوغلاپ يوقىتىمەن!......... سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ سەمەتمۇ ئارتۇق سۆز قىلالمىدى، ئۆزۈمگە بۇ جاسارەتنىڭ قەيەردىن كەلگىنىنىمۇ ھەم بىلمەيتتىم. ئېلىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ مەندىكى قورقۇنچ بىراقلا يوقاپ ئورنىنى غەزەپ ئىگىلىگەن ئىدى. ـ: بولدى ئارتۇق سۆزنى قوي، ئاۋۋال ئەتراپتىن بىرەر ياۋايى ھايۋاننى تۇتۇپ قورسىقىمىزنى توقلىۋالايلى ئاندىن كەچ كىرگەندە ھەرىكەتنى باشلايلى. بەلكىم تەلىيىمىز بولسا كۈندۈزلەردىمۇ ئالۋاستىلارنى ئۇچرىتىپ قالارمىز!......... شۇنداق قىلىپ ئەتراپنى ئىزدەپ يۈرۈپ ياۋا توشقاندىن ئۈچ تۆتنى تۇتىۋالدۇق، ھەمدە ئۇلارنى پاكىزلاپ يۇلغۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ تەييار قىلدۇق. بىراق ئۇلارنى خام يېگىلى بولمايدۇدە يەنە كېلىپ بىزدە ئوت يوق. ئاخىرى دەرەخنى يالپاقلاپ ئېلىپ ئاندىن يەنە ئۇششاق پۇزەكلەرنى تەييار قىلدىم. سەمەت بولسا ھەيرانلىقتا قىلىۋاتقان ئىشىمغا قاراپلا قالغان ئىدى. ـ: نىمە ئىش قىلىۋاتىسىز ئابلاكا، مەن چۈشەنمەيدىغانلا ئىشلارنى قىلىۋاتىسىزغۇ؟ ......... ـ: ھازىرلا بىلىپ قالىسەن!......دىدىم ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ. بىراق سەمەت يەنىلا چۈشەنمەي ماڭا ھاڭۋاققىنىچە قاراپ تۇراتتى. مەن نەرسىلەرنى تەييار قىلىۋالغاندىن كىيىن بىز تۇنىگەن ئۆيدىن ئېلىپ چىققان سومكىنى ئاختۇرۇپ لومپا ئەينەكنى ئالدىم. ـ: قارا ھە، مەن ساڭا بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئوت ھاسىل قىلىپ بىرىمەن!......... مەن شۇنداق دىگىنىمچە لومپا ئەينەكنى قۇياشقا تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈشكەن نۇرنى پۇزەككە قاراتتىم. بىردەمدىن كىيىن پۇزەكلەردىن ئىس چىقىشقا باشلىدى، بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان سەمەت سەكرەپ كەتتى ـ: ۋوي، ۋوي، ۋوي!......ئالامەت ياخشى نەرسىكەنغۇ بۇ!...بۇنىڭدا خەتنى چوڭلىتىپ كۆرگىنىلا بولىدۇ دەپ ئويلىسام تىخى مانداقمۇ ئارتۇقچىلىقلىرى باركەندە!......راس ئابلاكا سىز بۇنى قانداق بىلىۋالغان؟ ... ـ: ھا ھا ھا!...دادامنى بىلىسەن رەھمەتلىك مەھەللىنىڭ ئىمامى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇشۇنداق لوپا ئەينىكى بار بولۇپ كىتاپتىكى خەتلەرنى كۆرەلمىگەندە شۇنى ئىشلىتىپ خەتلەرنى ئوقۇيتتى. مەن بۇنىڭ نەرسىلەرنى چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان ئالاھىدىلىكىگە قىزىقىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى دادامنىڭ كىتاپىنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ خەتلىرىنى چوڭايتىپ كۆرۈپ ئويناۋاتاتتىم تۇيۇقسىز بۇنىڭدىن كىتاپ يۈزىگە چۈشكەن نۇرغا قىزىقىپ قالدىم، ئۇ نۇر ناھايىتى نۇرلۇق بولۇپ مىنى ئالاھىدە جەلىپ قىلىۋالدى مەن شۇ نۇرنى ئۇزاقراق كۆرۈش ئىستىكىدە كىتاپقا تۇتۇپ ئۇزاق قاراپ تۇردۇم، بىراق ئويلىمىغان يەردىن ۋاراقلار قارىداپ ئىس چىقىشقا باشلىدى، ئالدىدا پەرق قىلماپتىمەن كىيىن كۆيگەن جاي كەڭرىشكە باشلىدى. مەن دەررۇ لومپا ئەينەكنى تارتىۋېلىپ كىتاپنىڭ كۆيگەن يېرىنى چاندۇرماي يېپىپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويدۇم، بىراق دادام بايقاپ قىلىپ مىنى راسا ساۋىغان. شۇنىڭدىن كىيىن بۇنىڭ ئوت ياقىدىغانغا ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلىپ بەزىدە ئۆزۈمنىڭ كىتاپلىرىغا ئوت قويۇپمۇ بىرەتتىم دىگىنە!...بۇ قىتىم بۇنداق ئەس قىتىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن!...... ـ: ھا ھا

ھا!...تىخى مۇنداق ئىشلىرىمىز بار دەڭە ئابلاكا!......شۇ ۋاقىتتا تاياق يەپ تۇرۇپ بىلىۋالغىنىڭىز مانا بۈگۈنكى كۈندە جانغا ئەسقاتتى، بولمىغان بولسا گۆشنى ئالۋاستىلاردەك خاملا يېيىشكە مەجبۇر بولاتتۇقتە!......... سەمەتنىڭ بۇ سۆزى ئېلىنىڭ ۋەھشى ئۆلىمىنى ئەسلىتىپ قويۇپ كۆڭلۈم يەنە يېرىم بولۇپ كەتتى. بۇنى دەررۇ سىزىۋالغان سەمەت گەپنى يۆتكىدى ـ: ھە، ئوت تۇتاشتى توشقاننى كاۋاپ قىلامدۇق؟ ......ئەكىلىڭ مەن قىلاي، مەن بەك ئۇستا بۇ جايدىن ھايات چىقالاپ قالسام شەھەرگە كىرىپ كاۋاپچىلىق قىلىمەن!...... دەپ كۈلۈپ قويدى. لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا پەرىشان ئىدى، ئوت ئالدىدا ئولتۇرغاچ كىيىنكى كۈنلەر توغرىسىدا ئويلىنىش ئېلىپ بېرىۋاتاتتىم. بىر ئازدىن كېيىن توشقان كاۋىپىنىڭ مەزىلىك ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. سەمەت ـ: ۋاھ ۋاھ!...نىمىدىگەن مەزىلىك، ھە ئېلىڭە ئابلاكا قانداقراق بوپتۇ باھالاپ بىرىڭ!... مەن بىر توشقان كاۋىپىنى ئېلىپ يەپ بىقىپ ئۇنىڭغا ـ: ھىمىم!...راسلا بەك مەزىلىك پىشىپتۇ، كاۋاپ قىلىشقا ھەقىقەتەن ئۇستا ئىكەنسەن جۇمۇ!... دەپ ئۇنى ماختاپ قويدۇم. بىز ئولتۇرۇپ قورساقنى تويغۇزىۋەتكەندىن كېيىن بۇ جاينىڭ يەرشەكلىنى پىششىقراق ئىگەللىۋېلىش ئۈچۈن نىشانسىز ئايلىنىشقا باشلىدۇق!...............

ئالۋاستى ئوۋچىسى (4 ـ باب 1 ـ قىسىم)

يىشىللىق قاپلىغان بۇ تاش خارابىيىلىقنىڭ يەر شەكلى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ بىركۈن كەچكىچە يۈرۈپ ئازراق بولسىمۇ تونۇشۇۋالدۇق. يۈرۈش جەريانىدا ھىلىقى مەن چۈشۈپ كەتكەن قەبرىستانلىقنىمۇ تاپتىم، بىراق ئىچىدىكى جەسەتلەر كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنى ئالۋاستىلار يەپ كەتتىمۇ ياكى تىرىلىپ قەبرىدىن چىقىپ كەتتىمۇ بۇنىسى نامەلۇم، بىراق تىرىلىپ قالغان ھالەتتىمۇ بۇنچە چوڭقۇر جايدىن قانداق چىقىپ كىتەلىشى مىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداق كىتىۋاتقاندا سەمەت مەندىن سورىدى ـ: ئابلاكا، سىز راستىنلا بۇ جايدا قىپ قىلىپ ئالۋاستىلارنى يوقاتماقچىمۇ؟ ... ـ: ئەلۋەتتە شۇنداق، بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ ......

ـ: مەنچە ئاچچىقىڭىز يىنىپ قالغاندا يەنىلا بۇ جايدىن كەتسەك بولارمىكى دەيمەن. گەرچە ئېلىدىن ئايرىلىپ قالغان بولساقمۇ بىز ئامال قىلىپ بۇ جايدىن چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ، بولمىسا بىزمۇ ئۆلۈپ كىتىشىمىز مۇمكىن!... ـ: گىپىڭىدىن قارىغاندا قورقۇۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ ...راسلا شۇنداق بولسا بىز كەلگەن تەرەپنى ئىزدەپ تېپىپ سىنى يولغا سىپ قوياي، بىر ئامال قىلىپ بۇ جايدىن چىقىپ كەت قانداق؟ ......                                                ئۇ سەل جىددىيلەشتى ـ: يا...ياق، مەن ئۇنداق دىمەكچى ئەمەس. مىنىڭ دىگىنىم سىز بىلەن بىللە كەتسەم ئامال قىلىپ بۇ جايدىن چىقىپ كەتسەك دىمەكچى. سىزدىن ئايرىلسام مەنمۇ ئۆلۈپ كىتىشىم مۇمكىن شۇڭا بىردىن ئىككى ياخشى دەپتىكەن مۇمكىن بولسا قوشۇلىسىڭىز بىللە كەتسەك...ئۇ تەرەپ ھىچ بولمىسا بۇيەردەك خەتەرلىك ئەمەسكەن!...

سەمەتنىڭ سۆزىدىن ئىككىمىزنىڭ ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋىپكە ئۇچرىشىدىن

قورقۇۋاتقاندەك ھىس قىلىپ قالدىم، بىراق ئۇنىڭغا شۇنداق دېگىلى بولاتتىمۇ. ـ : قانداق ئويلىغان بولساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، بىراق مەن مۇشۇ يەردە بىر سىرنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن شۇڭا شۇ سىرنى يەشمىگۈچە بۇ جايدىن ھەرگىز كەتمەيمەن. ماڭا نىسپەتەن ھاياتلىقتىن ئەمدى ئۈمۈدۈم قالمىدى، بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولغاندىكىن ياكى چىقىدىغان جاينى تاپىمەن ياكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئالۋاستىلاردىن نەچچىنى ئۆلتۈرەلىسەم شۇنچىنى ئۆلتۈرىمەن!......سەمەت مېنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىمغا كۆزى يېتىپ ئارتۇق سۆزلىمىدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە ـ : قانداق، بۇ جايدىن كېتىشنى ئويلاۋاتقان بولساڭ بىر كەلگەن تۇيۇقنى تاپايلى شۇ جايدىن مېڭىۋەرسەڭ ئۇ تەرەپكە بارىسەن. سەن دېگەندەك بىرەر كىشى كىرىپ قالسا شۇلار بىلەن بىللە چىقىدىغان جاينى ئىزدەپ تاپساڭ بولىدۇ!.........سەمەت ئۈندىمەي يولنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى، بىز شۇ تەرىقىدە ئەتراپنى بىرقۇر كۆرىۋالدۇق. ئەمدىكى مەسىلە مەن ئالۋاستىلارنى يوقىتىمەن دېگەن ئىكەنمەن بۇنى ئىغىزدىلا دەپ قويۇش ئۆزۈمنى ئالدىغاندەك ئىش بولاتتى. شۇڭا يولۇمنى ئۆزگەرتىپ دەرەخلەر ئارىسىغا قاراپ ماڭدىم. يولۇمنى ئۆزگەرتكىنىمنى كۆرگەن سەمەت تېڭىرقىغان ھالدا ـ : ئابلاكا نەگە بارىسىز؟ ...دەپ سورىدى.
ـ : بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى، يۈرە ماڭا ياردەملەش!......سەمەت سۆزۈمنى ئاڭلاپ ھەيران قالغىنىچە ماڭا ئەگەشتى. بىز دەرەخلىقككە كېلىپ توختىدۇق، كۆزۈم بولسا بەلەن نىشاننى تېپىش ئىدى. ـ : ئابلاكا زادى نىمىش بولدى؟ ...دېدى تاقەت قىلالمىغان سەمەت.
ـ : دەرەخلەردىن پايدىلىنىپ قاپقان قۇرايلى، ئاندىن ئالۋاستىلارغا ئۇچقاپ قالساق مۇشۇ جايغا باشلاپ كەلەيلى ئۇ چاغدا ئالۋاستىلارنى كۆپ كۈچىمەيلا يوقىتالايمىز. مەن دەيمەن سەن مەن دېگەن بويىچە قىلساڭلا بولىدى!......
شۇنداق قىلىپ سەمەت ئىككىمىز قاپقان قۇرۇشقا باشلىدۇق. بىردەم ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئويلىغىنىمدەك بەلەن قىلتاقتىن تۆت ـ بەشنى قۇرىۋالدىم، بۇ چاغدا چارچاپمۇ قالغان ئىدۇق. ـ : ھاردىڭمۇ؟ ...دېدىم تەرلەپ كەتكەن سەمەتكە. ئۇ بىر تىنىۋېلىپ ـ : ياق ئانچە ھارمىدىم، بىراق بۇ نەرسىلەرنى جاپا تارتىپ ياسىغانغا لايىق ئەسقاتارمۇ؟ ......دەپ سورىدى. ـ : ئەلۋەتتە ئەسقاتىدۇ، بولمىسا ۋاقتىم بىلەن كۈچۈمنى ئىسراپ قىلاتتىممۇ. قاراپ تۇر ئالۋاستىلارنى بۇ جايغا ئالداپ ئەكىلەلىسەكلا چوقۇم ئۇنۇمىنى كۆرىمىز!........ ـ : شۇنداق بولسىلا بولاتتىغۇ!......سەمەت بوش ئاۋازدا شۇنداق دەپ قويدى. مەن بولسام كەچ بولۇشنى كۈتىۋاتاتتىم، نىمىشقىكىن بۇ جايغا كىرىپ ئالۋاستىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ نەچچىسىنى يوقاتقاچقا ئۇلار مەن ئۈچۈن ئانچە قورقۇنۇچلۇق بىلىنمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەكسىچە ئۇلار ماڭا كىچىدە ئۇخلاتمايدىغان مەرەز چاشقانلاردەكلا بىلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. سەمەت ـ : ئابلاكا بۈگۈن ئەمدى قەيەردە پاناھلانساق بولار؟ ......بۇ جاينى تۈزۈك بىلمىگەچكە قەيەرگىلا بارساق ئالۋاستىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىۋاتىمىز شۇڭا ئۇلار تېخى بايقىيالمىغان جاي بولسا

ئىزدىنىپ باقساق بولاتتى. ...ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم، دىمىسىمۇ بىخەتەررەك پاناھلىنىدىغان جاي تاپساق ئۆزىمىزگىمۇ پايدىسى بولاتتى. ـ: ئۇنداقتا مۇشۇ پۇرسەتتە ئىزدەپ باقامدۇق!...دىدىم مەن. سەمەتمۇ مۇشۇ سۆزۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تىزلا قوشۇلدى. بىز ئارىلاپ يۈرۈپ كۆپلىگەن تاش خارابىلىقلارنى ئۇچراتقان بولساقمۇ ئەمما ھىچقايىسى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بىخەتەر ئەمەس ئىدى. ـ: سەمەت شۇنچە يول يۈرۈپتۇق كەچمۇ بولاي دەپ قالدى، پەقەت بولمىسا ئۆزىمىز بىخەتەررەك قىلىپ بىر چىدىر قۇرامدۇقىيا؟ ... ـ: نىمە؟ ھازىر كەچ بولاي دەۋاتسا چىدىرنىڭ گىپىنى قىلىسىزغۇ!...ئۇنى ياساپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە بىز يەنە خەتەردە قالمايمىزمۇ؟ ...... ـ: دىگىنىڭغۇ توغرا، لىكىن مەن ئالۋاستىلارنىڭ بىزنى ئىزدەپ كىلىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن، شۇ چاغدىلا ئۇلارنى يوقىتالايمەن ئەمەسمۇ. بولمىسا ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدىكەن!...... ـ: ئابلاكا تىخىچە ئىسىڭىزگە كەلمىدىڭىزما؟ ئۇلار دىگەن ئۆلگەن جەسەتتىن ئۆزگەرگەن ئالۋاستىلار، ھەرگىزمۇ يىرتقۇچ ياكى بىزدەك جانلىق ئەمەس. ئەگەر بەش ئالتىسى بىر كىلىپ قالسا ئۇ چاغدا جاننى سىپ بەمەي ئامال يوق، يەنە كىلىپ ئۇلار ناھايىتى ۋەھشىيكەن تۇتىۋالدىمۇ بەدەنلىرىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە پارچىلىنىپ كىتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن!......... ـ: بۇلارنى ئىنىق بىلىمەن، لىكىن مىنىڭ قىچىپلا كۈن ئۆتكۈزگۈم يوق. يوقاتقان يىرىگىچە يوقىتىمەن قالغىنىنى ئويلاپ باقمىدىم...ئەگەر سەن راسلا كىتىمەن دىسەڭ مەيلى مەن مۇشۇ جايدا قىلىپ ئۇلار بىلەن ئاخىرىغىچە ئىلىشىمەن!......

قانداقلا قىلىپ مىنى قايىل قىلالمىغان سەمەت ئاخىرى مەن بىلەن بىللە قىلىشنى تاللىدى. بىز ئىگىزرەك كەلگەن بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىدىر تىكىشنى قارار قىلدۇق. ھەمدە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدۇق. ـ: سەمەت سەن بىرىپ بىجىرىمرەك كەلگەن ئوتۇنلاردىن تىرىپ كەل، مەن بۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىنى پۇتاپ كەڭەرتكەچ تۇراي!...دىدىم دەرەخقە ياماشقاچ. سەمەت ماقۇل بولۇپ ئوتۇن تىرىشكە ماڭدى. بىز تاللىغان بۇ دەرەخنىڭ غولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ خىلى كەڭرى قىلىپ چىدىر سىلىشقا بولاتتى. مەن شاخچىغا بۆلۈنگەن يىرىدىن باشلاپ يۇمىلاقلاپ ئوشۇق غوللىرىنى كىسىۋەتتىم، ھازىر قارىماققا بۇ دەرەخنىڭ ئۈستى قۇشلارنىڭ چاڭگىسىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. سەمەت كەلگۈچە پەسكە چۈشۈپ يۆگىمەچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن كىسىپ ئەكىلىپ ئارغامچىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتتىم، ئاندىن كىسىپ ئىلىۋەتكەن دەرەخ غوللىرىدىن بىجىرىمرەكلىرىنى تاللاپ چىدىرنى قورشاۋغا ئىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭغىچە سەمەتمۇ خىلى يوغان ياغاچلارنى سۆرىگىنىچە ئىلىپ كەلدى.

ـ: بۇلار بولامدىكەن ئابلاكا!......سەمەت شۇنداق دىگەچ ياغاچلارنى دەرەخ تۈۋىگە ئىلىپ كەلدى. مەن ـ: ھە بولىدىكەن، لىكىن بۇ قانچىلىك يىرىگە يىتىدۇ بۇنىسى نامەلۇم، پەقەت بولمىسا ئەتراپتىن قۇرۇپ قالغان دەرەخلەرنى كىسىپ ئەكەلسەكمۇ بولىدۇ، ئاۋۋال ئۇلارنى ئۈستىگە ئىلىپ چىق!......ـ: مەن بۇلارنى كۆتۈرۈپ ئۈستىگە قانداق

چىقىمەن؟ ...... ـ : ئۇنداق بولسا تۇرۇپ تۇر مەن چۈشەي!...مەن پەسكە چۈشۈپ سەمەت تىرىپ كەلگەن ياغاچلارنى ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ چاسا شەكىلدە قىلىپ راۋۇرۇس باغلىۋەتتۇق. ئاندىن يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن تىرىپ ئەكىلىپ ئۈستىنى يېپىشقا باشلىدۇق. شۇنداق قىلىپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن كۆڭلىمىزدىكىدەك قىلىپ بىر چېدىر ياساپ پۈتتۈردۇق. ـ: ۋاھ بەك قالتىس ياسىلىپتۇ بۇ چېدىر، ھازىر ئۆزۈمنى خۇددى ياۋايى ئادەملەردەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن دىسە!... دىدى سەمەت باغلىغان ياغاچلارنى مىدىرلىتىپ باققاچ ـ: ئاجىز بوپ قالدىمىكى دىسەم شۇنداق مەزمۇت بوپتۇ بۇ!......

ـ: قانداق، كەچ كىرگۈچە ياساپ بولىمىز دىگەنتىمغۇ راسمىكەن؟ ......راسلىقىغۇ راسكەن، بىراق بۇ جايدا قانچىلىك تۇرالارمىز ئابلاكا!......سەمەتنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاپ بىرىشنىمۇ بىلمەي قالدىم ـ: مەنمۇ بىرنىمە دىيەلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئۆلۈپ قالغۇچە تۇرارمىز!......سەمەت سۆزۈمدىن كۈلۈپ كەتتى ـ: كەچمۇ كىرەي دەپتۇ ئەگەر قاراڭغۇ چۈشۈپ قالسا ئالۋاستىلار بىزنى بايقاپ قىلىپ بۇ جايغىمۇ ھۇجۇم قىلسا قانداق قىلىمىز؟ ......

ـ: توغرا بۇ دىگىنىڭمۇ ئورۇنلۇق، شۇڭا ئالۋاستىلار ئۇۋىسىدىن چىققۇچە بىز ئازراق تەييارلىق قىلىۋاللى يۈرە ئاۋۋال پەسكە چۈشەيلى!.........مەن سەمەتنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ تاش ئۇنىڭدىن كىيىن يۆگىمە ئۆسۈملۈكتىن ئازراق تىپىپ كەلدۇق. ئىشلىرىمنى چۈشەنمەي قالغان سەمەت ئەجەپلىنىپ سورىدى ـ: ئابلاكا بۇلارنى نىمە قىلىمىز؟ ...

ـ: ھازىر بىلىسەن!...... مەن شۇنداق دىگەچ تاشنى چېدىرغا ئېلىپ چىقتىمدە مۇۋاپىق بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا يۆگىمە ئۆسۈملۈكنى چەگدىم ۋە يېنىغا قىلچىنى مۇقىملاشتۇردۇم. يۆگىمەچ ئۆسۈملۈكنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ قويدۇم. سەمەت بولسا يەنىلا چۈشەنمەي ماڭا قاراپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ـ: ئاۋۋال سەن ئۈستىگە چىق، ئاندىن چۈشىنىسەن!......دىدىم. سەمەتمۇ قىزىقىپ تىزلا ئۈستىگە چىقىپ بولدى. مەن ساڭگىلاقلىق ئۆسۈملۈكنى تارتىپ قويدۇم ئاندىن ـ: قانداق بىرەر ئەھۋالنى چۈشەندىڭمۇ؟ ...... ـ: ھەئە چۈشەندىم، سىز غولنى تارتقاندا تاش قىلىچىڭىزغا تىگىپ ئاۋاز چىقىرىۋاتىدۇ!.........

ـ: ئەمىسە بۇنىڭدىن نىمىنى چۈشەندىڭ؟ ...... سەمەت ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ ـ: تاپتىم!...بۇ ئارقىلىق دەرەختقە ياماشماقچى بولغان ئالۋاستىلارنى سىزەلەيمىز توغرىمۇ؟ ......... ـ: ھا ھا ھا، توغرا دەيسەن. بىز بۇ ئارقىلىق بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئالۋاستىلارنى سىزەلەيمىز ھەم ھۇشيار تۇرىشىمىزغا پايدىسى بولىدۇ!...... ـ: پاھ!...ئابلاكا مەن سىزنى قايتىدىن تونۇۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن جۇمۇ!......بۇ ئامالالارنى نەدە يۈرۈپ ئويلاپ تاپتىڭىز دەيمە؟ ... ـ: نەدە بولاتتى، مۇشۇ جايغا كىرىپ قالغاندىن باشلاپ جاننى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن كاللا ئىچىلىپ كەتتى ئۇكا!...گەرچە بۇ بەك مۇكەممەل بولۇپ كەتمىسىمۇ ئىشقىلىپ مەلۇم نىسپەتتە ئۈنۈمى

بولىدۇ... ـ : ياقەي ، ھىچقانداق مۇۋاپىق ماتېرىيال يوق شارائىتتا بۇنچىلىك قىلالماقمۇ ئاسان ئەمەس جۇمۇ، قاراڭ شۇ تۇرقىدىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغاندەك...ئەمدى ئازراق بولسىمۇ ئارام ئالالايدىغان بوپتۇقتە!...... ئۇ شۇنداق دېگەچ يىراقلارغا نەزەر سالغان نىملەرنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى . مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ لاھىيەسىگە قاراپ بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كەلسە بىر تۇرۇپ مەمنۇن بولاتتىم ، ھازىرقى بۇ ھالىتىمدە ئۆزۈمنى خۇددى ياغاچ قۇراللار دەۋرىگە بېرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلىپ قالدىم . ـ : سەمەت چۈشە، ئەتراپنى ئايلانغاچ ئوۋ ئوۋلاپ كېلەيلى . كەچتە ئاچ قىلىشنى خالىمايدىغانسەن؟ ...... ـ : ياق ياق ، خالىمايمەن . مانا ھازىرلا چۈشەي!......ئۇ قويۇنلىرىغا تىقىپ جانىنى ئالقانغا ئېپ قويۇپ ساقلاۋاتقان ئۈنچىلەرنى چېدىرنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ پەسكە چۈشتى ئاندىن ـ : ئابلاكا ماۋۇ دەرەخكە ياماشماق بەك تەسكەن ، شۇڭا ئاددىيراق يامىشىدىغان ئامالىدىن بىرنى قىلساق بولىتتى!......دېدى دەرەخكە قاراپ قويۇپ . مەن ـ : شۇ يامىشىش تەس بولسۇن دەپ مۇشۇ ئېگىز دەرەخنى تاللىغان ، سەن ئاسان يامىشالايدىغاننى تاپسام ئالۋاستىلار يامىشالماسما؟ ...شۇڭشۇاغۇ مۇشۇنداق تەستە ياماشساقمۇ بىخەتەررەك ماۋۇ!......سەمەت بىشىنى قاشلاپ تۇرۇپ كېتىپ«توغرا»دېگەندەك قىلىپ بىشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مانا قاراڭغۇمۇ چۈشەي دەپ قالدى، كېچە جاندارلىرى ئويغىنىشقا باشلىدى. يىراق ـ يىراقلاردىن نىملەرنىڭدۇر ئەنسىز ھۇۋلىغان، سايرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بىزمۇ ھەم تىز ـ تىز قەدەملەر بىلەن ئەتراپتىن ياۋا توشقاندىن بىر نەچچىنى تۇتىۋېلىپ ئاستا چېدىرىمىزغا كېتىشكە ئالدىراپ تەقەززالىق بىلەن تىزرەك ئوۋنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا شۇڭغۇدۇق!.........

ئالۋاستى ئوۋچىسى(4 ـ باب2 ـ قىسىم)

ئايلىنىپ يۈرۈپ بىردىن ئوۋ نىشانىنىمۇ ئۇچرىتالمىدۇق، شۇنداق كېتىۋاتقىنىمىزدا سەمەت سۆز قىلىپ قالدى ـ : ئابلاكا، بايا نەچچە توشقاننى بىرلا يەۋالغاندىكىن ئەمدى بولدى قىلىپ قايتىپ كېتەيلىچۇ، ھازىرمۇ كەچ بولۇشقا باشلىدى ھەلى ئاۋارىچىلىككە ئۇچقارمىزمىكىن دەپ بەك ئەندىشە قىلىۋاتىمەن!...... ـ : ھا ھا، كەچ كىرمەستىنلا قورققىلى تۇردۇڭغۇ سەن. ئەنسىرىمە يىقىن ئەتراپتىلا ياۋا توشقانلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قالدىم يۈرە كەچ كىرىپ ئالۋاستىلار ئويغىنىپ بولغىچە بىزمۇ ئېشىمىزنى تۈگىتىپ كېتىپ بولىمىز!......... ئەمەلىيەتتە مىنىڭ بۇ دېگەنلىرىم پەقەت سەمەتنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئۈچۈنلا ئىدى. ئاساسىي مەقسىدىم بولسا ئالۋاستىلارنىڭ ئويغىنىپ ھەرىكەت قىلىشىنى كۈتىۋاتاتتىم. كەچ كىرىشكە باشلىدى بىز ياۋا توشقاندىن بىر نەچچىنى ئۇچراتقان بولساقمۇ ئۇلارنى تۇتالمىدۇق، بۇ ۋاقىتتا ئەتراپتىنمۇ ھەرخىل ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى. تاقەت قىلالمىغان سەمەت ئاخىرى يەنە سۆز ئاچتى ـ : ئابلاكا ئالۋاستىلار ئويغانغاندەك قىلىدۇ خۇش بوپ كېتەي قايتىپ كېتەيلىچۇ...ئۆزىمىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ نىمىمۇ قىلارمىز!...... سەمەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن راسلا ئەنسىرىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆزۈمنىڭ پىلانى ئۈچۈن

سەمەتنىمۇ بۇ خەتەرگە سۆرەپ ئەكىرىشنى تازا لايىق كۆرمىدىم. شۇ تاپتا بىرەر ئالۋاستىنى ئۇچرىتىپ قالسام تازا بىر ئېلىشىۋالغۇم بار بولسىمۇ سەمەتنى كۆزدە تۇتۇپ ھازىرچە قايتىپ كېتىشنى لايىق تاپتىم، ھەم بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ سەمەتكە ـ: بولدۇ، يۈره ئەمىسە!......... دېگىنىمچە كەينىمىزگە ياندۇق. چىدىر تەرەپكە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتىم تۇساتتىن سەمەتنىڭ يان تەرىپىدىكى قويۇق ئۆسكەن تىكەنگۈل ئارىسىدىن بىر نەرسىنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىمدە ۋارقىرىدىم ـ: سەمەت قارا توشقان!...تېز بول ئۇنى بولسىمۇ تۇتىۋالايلى!......... تۇيۇقسىز ۋارقىرىغاچقىمىكىن سەمەت چۆچۈپ كېتىپ قولىدىكى قولچىراق چۈشۈپ كەتتى. ـ: ھەي نىمىش قىلىپ يۈرىسەن، قولچىراقنى ئۇياققا يورۇت تېز بول!......... مەن شۇنداق دېگىنىمچە قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ تىكەنگۈللۈكى تەرەپكە ماڭدىم، سەمەتمۇ تىترەپ يۈرۈپ قولچىراقنى ئېلىپ مەن تەرەپكە يورۇتتى. دېگەندەك تىكەنلەر ئارىسىدا بىر قارا گەۋدە جىممىدە تۇرىۋالغان ئىدى. مەن سەمەتكە ئىشارەت قىلىپ ئاۋاز چىقارماسلىقنى بۇيرۇدۇم ھەمدە ناھايىتى ئاستا قەدەم بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم!......قارا گەۋدە ھىلىمۇ قىمىرلىماي تۇراتتى يېقىنلاشقانسىرى ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ توشقان ئەمەس بەلكى.........«ھاۋۋۋۋۋۋ!...» مەن ئاخىرىنى پەرەز قىلىپ بولغىچە بىر جەسەت ھۆركىرىگىنىچە ماڭا ئېتىلىپ چىقتى. تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەچكە دەماللىق ئۆزۈمنى قوغدىيالماي كەينىمگە يىقىلىپ چۈشتۈم، سەمەت بولسا ۋارقىراپ ئالەمنى بىر ئالدى. ـ: ئالۋاستى، ئۇ ئۇ توشقان ئەمەس ئالۋاستىكەن!...ئابلاكا قاچايلى تېز تۇرۇڭ قاچايلى!...... ئۇ شۇنداق دېگەچ يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمدىن تارتىشقا باشلىدى، بۇ چاغدا جەسەتمۇ قايتا باشتىن ماڭا تاشلىنىپ كەلگەن ئىدى. مەن سەمەتنى ئىتتىرىۋېتىپ چاققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى يانغا تارتقاچ ئالۋاستىغا قىلىچ ئۇردۇم، بىراق خەنجەر ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان قوۋۇرغىللىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ شۇنداق قورقۇنۇچلۇق ھۆركىرەشكە باشلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېچىلغان ئېغىزى خۇددى يىلاننىڭ ئېغىزىدەك تۈز تاناسىپ ھالەتتە ئېچىلىۋاتاتتى، قارىماققا بىشىم پۈتۈنلا كىرىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. جەسەت ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى ماڭا شىلتىغىنىچە يەنە ئېتىلىپ كەلدى بىراق بۇ قېتىم ئۇنىڭ بويۇنىغا قىلىچ ئۇرۇپ بىشىنى ئۈزىۋالدىم. ئالۋاستى چىرقىرىغىنىچە يەرگە يىقىلدى، گەرچە بېشى ئۈزىۋىلىنغان بولسىمۇ بەدىنى تېخى ھەرىكەتتىن توختىمىغان ئىدى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن سەمەت تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى بولغاي قولچىراقنى بىر نۇقتىغا يورۇتۇپ تىترىگەن ھالدا تۇرۇپ قالغان ئىدى. مەن ئۇنى ئاستا نوقۇدۇم سەمەت چۆچۈپ ماڭا قاراپ تىترەپ تۇراتتى. ـ: نىمە بولدۇڭ، بەزگەك كىسىلى بار ئادەمدەك تىترەپ كەتتىڭغۇ. ئۇنىڭ ئېلىنى قانداق ۋەھشى ئۆلتۈرىۋەتكەنلىكىنى ئويلىغىنىڭدا بۇ تىترەش قورقۇپ ئەمەس بەلكى غەزەپتىن تىترەشكە ئۆزگىرىدۇ، ئۇنچە قورقۇپ كەتمە بۇندىن كىيىن تەبىيلا كۆنۈپ قالىسەن. مەنمۇ تۇنجى قېتىم يولۇققاندا جىنىم چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان بىراق ھازىر دەل ئەكسىچە ئۇلارنى ئىزدەپ بىرىپ

www.iptihar.net

يوقاتسام دىگەننىلا ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم!......بولدى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋەرمەي يۈرە قايتىپ كىتەيلى بۇ قىتىم بىزنى نەس باسقان ئوخشايدۇ توشقاندىن بىرنىمۇ تۇتالمىدۇق!......... مەن شۇنداق دىگەچ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ چىدىر تەرەپكە ئىلىپ ماڭدىم. بىراق سەمەت تىخىچە تىترەپ تۇراتتى، ئۇ ئازراق مىڭىپلا توختىۋالدى. ـ: نىم بولدۇڭ توختىۋالدىڭغۇ؟ ...... سەمەت كىكەچلەپ تۇرۇپ ـ: ئالۋاستى..........يەنە.......يە...نە با!...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە تىكەنلىك ئارىسىدىن يەنە نىمىلەرنىڭدۇر شالدىرلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ـ: نىمە؟ ............مەن شۇنداق دىگىنىمچە سەمەتنى كۆچەپ تارتىپ دەرەخلىك تەرەپكە يۈگۈردۈم ـ: تىز مەن بىلەن ماڭ، كەينىڭگە ھەرگىز قارىما دەرەخلىككە يۈگۈر!............ بىز بار كۈچىمىز بىلەن دەرەخلىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇق، كەينىمىزدىنمۇ ھەم بىر نەرسىلەر ئىز قوغلاپ كىلىۋاتاتتى. بەلكە قىلىۋالغان نىشانىمىز بويىچە قىچىپ دەرەخلىككە يىتىپ كەلدۇق ھەمدە ئەتتىگەن قاپقان قۇرغان دەرەخلەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇق. مەن يۈگۈرۈپ كىتىۋاتقاچ سەمەتكە ـ: ئەتتىگەن قىلتاق قۇرغان دەرەخلەر ئىسىڭدىمۇ، ئۇلارنى شۇ تەرەپكە باشلاپ بارايلى لىكىن بارغاندا دىققەت قىل بولمىسا قىلتاققا ئۆزۈڭ چۈشۈپ قالىسەن!............ سەمەت بىشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بىز بىر قىلتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سەمەتنى يەنە بىر قىلتاق تەرەپكە يۈگۈرۈشنى بۇيرۇپ ئۆزۈم توختىۋالدىم. سەمەت گىپىمنىڭ ئايىقى ئۈزۈلۈپ بولغۇچە يەنە بىر قىلتاق تەرەپكە قاراپ قىچىشقا باشلىدى. مەن جايىمدا تۇرۇپ ئالۋاستىلارنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، دىگەندەك يىراقتىن تۆت ـ بەشتەك جەسەت بىز تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتاتتى ھەم دىيىشىۋالغاندەكلا ئىككىسى مەن تەرەپكە ئايرىلىپ قالغىنى سەمەتنى قوغلاپ كىتىپ قالدى. ئۇلار ماڭا يىقىنلا جايدا ناھايىتى ۋەھشىيلىك بىلەن مەن تەرەپكە ئىتىلىپ كىلىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيىتتە قەددىمنى تىك تۇتقان ھالدا سانىشقا باشلىدىم. «ئۈچ، ئىككى، بىر!» ئۇلار ئىتىلىپ كىلىپ ئارىلىقىمىز بەش مىتىرچە قالغاندا قايرىپ تىرەپ قويغان دەرەخ غولىنى ئاجرىتىۋەتتىم. قاتتىق ھۆركىرەپ كىلىۋاتقان جەسەتلەر قىلتاققا چۈشۈپ قىلىپ قايرىپ يەنە بىر دەرەخكە تىرەپ قويۇلغان دەرەخ غولىنىڭ قايتىپ كەلگەن بىسىمىدا كەينىدىكى چوڭ دەرەخ غولىغا قاتتىق سوقۇلۇپ چىرقىرىغىنىچە يەردە دومۇلاشقا باشلىدى. مەن بولسام ئۇلارنىڭ بىخۇدلىغىدىن پايدىلىنىپ بىشىنى تىنىدىن جۇدا قىلدىم. ھەمدە«ئۈچ!...»دەيتىم ئىچىمدە. چۈنكى بۇ ئالۋاستىلارنى يوقىتىشقا قەسەم قىلغاندىن باشلاپ يوقاتقان ئۈچ ئالۋاستى ئىدى. ئۇلارنى بىرتەرەپ قىلىپ بولۇپ سەمەت تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم، بىراق ئۇنىڭ قايسى قىلتاق تەرەپكە كىتىپ قالغىنىنى بىلەلمىگەچكە تىڭىرقاپ قالغان ئىدىم ـ: سەمەت قىنىسەن؟ ... توساتتىن سەمەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ـ: ئابلاكا مەن بۇ يەردە!...... دىگەندەك مەندىن ئەللىك مىتىرچە يىراقلىقتا قولچىراقنىڭ يورۇقى كۆرۈندى ـ: توختا مەن ھازىرلا بارىمەن!......... مەن شۇنداق دىگىنىمچە سەمەت تەرەپكە قاراپ يۈگۈرگەچ ۋارقىرىدىم ـ: تىز بول، قىلتاقنى قويىۋەت!......... ـ: ياق ياق، دىققەت قىلىك

ئۇلار سىز تەرەپكە كەتتى!...... ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ غايىپ بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە يان تەرەپكە نەچچىنى موللاق ئېتىپ يىقىلدىم. شۇ پەيىتتە بىر جەسەت تاشلىنىپ كېلىپلا ئۈستۈمگە چىقىۋالدى ھەمدە ئىغىزىنى چوڭ ئېچىپ مىنى چىشلەشكە ئۇرۇنىۋاتاتتى. مەن بولسام ئۇنىڭغا قارىتا مۆۋاپىق ھالدا قوغدىنىۋاتاتتىم. بايا قاتتىق يىقىلغاندا قولۇمدىكى خەنجەر چۈشۈپ كېتىپ قۇرۇق قول قالغان بولغاچقا ئۇنىڭغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا ئاجىز كېلىپ قالدىم. شۇنداق تىركىشىۋاتقىنىمدا يەنە بىر جەسەت ئاستى تەرەپتىن كېلىپ پۇتۇمغا تىرنىقىنى پاتۇرغىنىچە پەسكە تارتىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا پۇتۇمدىن كىرگەن ئاغرىق مىڭەمگە چىقىپ ۋارقىراپ كەتتىم. بەدىنىمگە ئاغرىق تاراش بىلەن تەڭ ماغدۇرۇمۇ يوقىلىشقا باشلىدى، ئۈستۈمدىكى جەسەت بار كۈچى بىلەن مىنى چىشلەشكە ئۇرىناتتى، يەنە بىرسى بولسا پۇتۇمدىن پەسكە تارتاتتى. شۇندا مەن تولۇق ھالسىزلىنىپ ئۈستۈمدىكى جەسەتكىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىمدىن قالدىم. قارشىلىقسىز ئاچچىق تولغىنىۋاتقىنىمدا جەسەت مىنى چىشلەش ئۈچۈن تاشلاندى...شۇ دەقىقىلەردە ئۆزۈمنىڭ ئاران ئۈچ ئالۋاستىنى يوقۇتۇپلا مۇشۇنداق ئۆلۈپ كىتىدىغانلىقىمغا ئىچىنىپمۇ ئۈلگۈردۈم. جان قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالغاندا غايىپتىن كەلگەن بىر قىلىچ ئالۋاستىنىڭ ئۇڭ چىكىسىدىن كىرىپ سول چىكىسىدىن چىقىپ كەتتى. جەسەت ئالۋاستى بولسا تولغانغىنىچە يان تەرەپكە يىقىلدى. دىمەك بىرسى يەنى سەمەت مىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. سەمەت يەنە نىملەرنىدۇر ۋارقىرىغىنىچە قىلىچىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ پۇتۇم تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، شۇ تاپتا ئاغرىق دەستىدىن مىنىڭ بىشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەكمۇ مادارىم قالمىغان ئىدى. كۆزلىرىم ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلۇشقا باشلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ھىس قىلغىنىم سەمەتنىڭ مىنى توۋلىغىنىچە سىلكىشلىرى، يۈزۈمگە كاچاتلاشلىرىلا ئىدى!................ چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپقا قارىغىنىمدا چىدىرنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئالىلقاچان تاڭ ئېتىپ بولغان ئىدى. قوپاي دىدىمىيۇ بىراق پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىدا قوپالمىدىم. ھەمدە ئاخشامقى ئىشلارنى ئويلاشقا باشلىدىم ـ : «ئاخشام دەرەخلىكتە ئىدىم قانداق بولۇپ بۇ جايغا كىلىپ قالغاندىمەن؟ ...» شۇنداق ئويلاپ مۇدۇرۇپ يۈرۈپ چىدىردىن پەسكە قارىدىم ـ : سەمەت قېنىسەن!........ نىملەرنىدۇر قىلىۋاتقان سەمەت ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئۈستىگە قارىدى ـ : ۋۆي ئابلاكا ئويغاندىڭىزما؟ توختاڭ مەن ھازىرلا چىقىمەن!...ئۇ شۇنداق دىگەچ لاتىغا يۆگەلگەن بىر نەرسىنى ئىلىپ چىقىپ كەلدى ـ : قاراڭ سىزنىڭ يەرلىك رىتسىپىڭىز بويىچە جىغان مۇۋىسى تىپىپ كەلدىم، يارىڭىزنى مۇشۇنىڭ بىلەن تىڭىپ قويسام تىزلا ساقىيىپ كىتىسىز!......... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە كۈلۈپ قويۇپ پۇتۇمدىكى لاتىنى ئىلىۋىتىپ قايتا باشتىن جىغان مۇۋىسى بىلەن تىڭىشقا باشلىدى. پۇتۇم پاقىنىڭ ئىغىزىدەك ئىچىلىپ قالغان بولۇپ قاراشقا ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن سەككىز سىزىق«مانا مەن!»دەپلا تۇراتتى، يارا ئىغىزىمۇ خىلى چوڭقۇر ئىدى. دەرۋەقە ھوشۇمدىن كىتىشىم بىكار ئەمەسكەندە!......سەمەت تىڭىۋاتقۇچە ئۇنىڭ دولىسىدا قان ئۇيۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدىم ـ : ۋوي سەمەت ساڭا نىمە

ئىش بولدى؟ ......دىگىنە ئاخشام زادى نىمە ئىشلار يۈز بەردى، مەن ئاغرىقتا چىدىيالماي ھوشۇمدىن كىتىپتىمەن ئۇنىڭدىن كىيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بەردى!......... سەمەت پۈتۈمنى تىڭشۇاتقاچ ـ : توختاڭ، ئاۋۋال يارىڭىزنى تىڭشۇالاي، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ بىرىپ توشقان ئۇۋلاپ كىلىپ تۈنۈگۈنكىدەك بىر كاۋاپ قىلاي ئاندىن كاۋاپ يىگەچ ئولتۇرۇپ تەپسىلىي دەپ بەرمەيمەنمۇ، راستىنى دىسەم سىزنى دەرەخنىڭ ئۇستىگە ئىلىپ چىقىش بەك قىيىن توختىدى جۇمۇ!...........دىدى كۈلۈپ قويۇپ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم، ئۇمۇ پۈتۈمنى تىڭىپ بولۇپ ـ : ئەمىسە مەن پەسكە چۈشۈپ توشقان ئۇۋلاپ كىلەي سىز پەسكە چۈشمەي مۇشۇ جايدا ئارام ئىلىپ تۇرۇڭ، نەچچە كۈن ياخشى كۈتۈنسىڭىز ياخشى بوپ كىتىسىز!......... دىدىدە قىلىچىنى ئىلىپ پەسكە چۈشۈپ يۇلغۇنلار تەرەپكە قاراپ يول ئالدى!......

ئالۋاستى ئۇۋچىسى(4 ـ باب3 ـ قىسىم)

سەمەت ئوۋغا چىقىپ كەتكەندىن كىيىن چىدىردا ئۆزۈم يالغۇز قالدىم ھەم تۇرۇپلا سەمەتنىڭ بۈنداق يۈرەكلىك بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران قالدىم. ئۇنى بىر كىچىدىلا بۈنداق قورقماس قىلىۋەتكەن نەرسە زادى نىمە؟ ......ئاخشام نىمە ئىشلار يۈز بەرگەن بولغىيتى؟ ...بىراق شۇنچە ئويلىساممۇ ھىچ ئىشنى ئەسكە ئالالمىدىم. پۈتۈممۇ ئاغرىپ سەل بىئارام قىلىۋاتقاچقا پەسكە چۈشەلمەي چىدىردا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، بىراق ئىچىم بەك سىقىلىپ تۇراتتى. ئۆزۈممۇ تۈيمايلا بۈرۈنلارغا خىيال سەپىرى قىلغان ئىدىم. مەنىلىك ياشاۋاتقان ھايات، بىردىنلا نەس بىسىش، ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلىش.................... ـ : ئابلاكا ئويغاندىڭىزمۇ؟ ......... پەستىن سەمەتنىڭ ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭ خىياللىرىم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. دەرھال ئىسىمگە كىلىپ ـ : ھەئە مەن ئويغاق!... دىدىم ئاددىيلا قىلىپ. سەمەت پەستە ئالدىراش بىر نەرسىلەرنى قىلىۋاتاتتى. قوپاي دىدىمىۇ پۈتۈمنىڭ ئاغرىقىدىن مىدىرلىيالماي قالدىم، سەمەتمۇ ئالدىراش نىمىلەرنىدۇر قىلىۋاتاتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كىيىن ئۇ ئۇستىگە مزىلىك پىشقان توشقان كاۋىپىدىن ئۇچنى كۆتۈرۈپ چىقتى ـ : ھە ئابلاكا قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ، مانى ئىسسىغىدە بىر يەۋىلىڭە!...... دىدىدە جۇغى چوڭراق كەلگەن توشقان كاۋىپىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى ھەمدە ئۆزىمۇ بىرنى قاساپ ـ قاساپ يىيىشكە باشلىدى. ـ : بۇ نەس باسقۇر جايدىن قورساق تويغۇزغۇدەك بىرەر نەرسىمۇ تاپماق تەسلىشىپ كىتىۋاتىدۇ دىسە، لىكىنغۇ مۇشۇنىڭ بولغىنىمۇ ھاياتىمىز ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم ئولجا بوپ قالدى. ھىلىمۇ شۈكرى!.........دەپ قويدى كاۋاپنى يەۋاتقاچ. مەن ئەتىنگەندىن بىرى كاللامدىن ئۆتمەيۋاتقان ئۇ سوئالنى سەمەتتىن قايتا سورىدىم ـ : سەمەت ئىيىقىنە ئاخشام مەن ھوشۇمدىن كەتكەندىن كىيىن نىمە ئىشلار يۈز بەردى، سەن قانداق بولۇپ يارىلاندىڭ؟ ... سەمەت ئىغىزىدىكى گۆشنى يۇتۇۋىتىپ ـ : ئىشقىلىپ ئاخشام ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى، بولۇپمۇ مەن ئۇچۇن......دەپ بولۇپ ئىغىر بىرنى تىنىۋەتتى ئاندىن ـ : ئاخشام سىز بىلەن

ئايرىلىپ يەنە بىر قىلتاق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم بىراق ئۇ يەرگە بىرىپ بولۇپ كەينىمگە قارىغىنىمدا ئالۋاستىلار كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن قولچىراقنى ئۇلار تەرەپكە تۇتۇپلا سىز تەرەپكە كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. سىز ماڭا گەپ قىلىۋاتقاندا ئاللىقاچان سىزنىڭ يىنىڭىزغا بىرىپ بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن كىيىن سىزنىڭ ئىچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ سىزنىڭمۇ ھايات قالمايدىغانلىقىڭىزنى پەملەپ جىنىمنى ئىلىپ قاچماقچى بولدۇم بىراق تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ نىملەرگە ئوخشاپ قالغىنىمنى ھىس قىلىپ قالدىم. سىزنى ئۇلارغا تۇتۇپ بىرىپ جىنىمنىغۇ بۇگۈن قۇتقۇزارمەن كىيىن سىزنىڭ كۆنىڭىزنى كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلاپ قىچىش نىيتىمدىن ياندىم. راستىمنى دىسەم ئادىمىلىكىم بۇنىڭغا يول قويمىدى شۇڭا نىمە كۆرسەم كۆرەي!...دەپ ئويلاپ سىز تەرەپكە يۈگۈردۈم. ئۇ چاغدا بىر ئالۋاستى سىزنى چىشلەش ئۈچۈن تەمشىلىۋىتىپتىكەن ئۇنىڭ نەق چىكىسىگە قىلىچ ئۇردۇم. ئالۋاستى چىرقىرىغىنىچە ئۈستىڭىزدىن پەسكە دومۇلاپ كەتتى، ئۇنىڭغىچە پۇتىڭىزدىن تارتىۋاتقان ئالۋاستى بىلەن ئىلىشتىم قارىماققا ئۇ تىرناقلىرىنى پۇتىڭىزدىن ئاجرىتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى شۇڭا خۇددى ئەينى چاغدا سىز قىلغاندەك ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئۈزىۋەتتىم. ئۇ ئالۋاستىمۇ چىرقىرىغىنىچە كەينىگە داجىدى، مەن ئۇنىڭ بىخۇد ھالىتىدىن پايدىلىنىپ بىشىنى ئۈزىۋەتتىم. دىمەك ھازىرچە بىز جەڭنى ئاياقلاشتۇرۇپ ھايات قالغان ئىدۇق، شۇ ۋاقىتتا سىزگە قارىسام ھوشىڭىزدىن كىتىپسىز، يۈزىڭىزگە ئۇرۇپ باقتىم توۋلاپ باقتىم بىراق ئويغانمىدىڭىز شۇندا سىزنى يۆلەي دەپ تۇرۇۋشۇمغا تۇيۇقسىز مۇرەمگە بىر نەرسە سانجىلىپ قاتتىق ئاغرىغانلىقتىن توۋلاپ كەتتىم. ئەسلى يەنە بىر ئالۋاستى سىزنى يۆلەۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ئىكەن. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى مۇرەمدىن ئاجرىتالمىدىم، ئۇ ماڭا يىپىشقىنىچە ھۆركىرەپ مىنى چىشلەشكە ئۇرۇندى. دەماللىق ئارقا تەرىپىمنى قوغداشقا ئاجىز كىلىپ قالدىم، شۇنداقتىمۇ توختىماي قارشىلىشاتتىم كۆڭلۈمدە قاتتىق سىلكىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قولىنى مۇرەمدىن ئاجرىتىۋىلىش ئىدى، بىراق ئۇخىل ئۇسۇل كار قىلمىدى. ئاخىرى ئامالسىز بارلىق ئىغىرىم بىلەن ئۆزەمنى كەينىمگىلا تاشلىدىم. دەرۋەقە ئۇنۇمى بولۇپ ئالۋاستى ئاستىمدا مىجىلىپ قالدى...ھى ھى، ئىشقىلىپ ئۆزۈمنىڭ يوغان بەستىمنىڭ مۇشۇ ئىشقا بولسىمۇ ئەس قىتىپ قالغىنىدىن خۇشال بولدۇم. ئاستىمدا قالغان ئالۋاستى تىپىرلا كەتتى، مەن يەنە تارتىشىپ يۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى دەرەخلەرگە ئۈستۈردۈم. بىر ئازدىن كىيىن ئالۋاستىمۇ پەس كويغا چۈشۈپ قالدى بەلكىم ئۇمۇ ھالسىزلانغان بولسا كىرەك. گەرچە مۇرەم قاتتىق ئاغرىپ تۇرسىمۇ چىداپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خەنجەرنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بىشىمدىن ئۆتكۈزۈپ كەينىمگە سانجىدىم. بەلكىم نەق بىشىغا سانجىغان بولسام كىرەك ئالۋاستى قاتتىق بىر چىرقىراپلا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئامال قىلىپ ئالۋاستىنىڭ قولىنى مۇرەمدىن ئاجرىتىۋىلىپ ئاچچىقىنىڭ دەستىدە سۇنايلىپ ياتقان ئالۋاستىنى چىپىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتىم، ئاندىن شۇ يەرگىلا ئۆزۈمنى تاشلاپ بىردەم يىتىۋالدىم. بىراق

ئەتراپتىن يەنە نىمىلەرنىڭدۇر قورقۇنۇچلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، شۇڭا يەنە ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنىڭ قانىنى پۇراپ يېتىپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن دەرھال كىيىمىنى يىرتىپ پۇتىڭىزنى چىڭ تېڭىۋەتتىم، ئاندىن سىزنى مۈرەمگە ئارتىپ دەلدۈگىنىپ يۈرۈپ چېدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. سىزنى مۈرەمگە ئارتىۋالغاچقا مۈرەمنىڭ يارىسىمۇ بىسىلىپ قان ئاقماپتۇ، خېلى جاپالاردا سىزنى چېدىرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىۋالدىم بىراق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىشقا قەتئىي ماغدۇرۇم يەتمىدى ئەتراپمۇ ھەم بىزگە نىسپەتەن خەتەرلىك ئىدى شۇڭا ئويلاپ ئولتۇرمايلا يۆگىمەچ ئوت بىلەن بىلىكىڭىزدىن باغلاپ يەنە بىر تەرىپىنى دەرەخ شېخىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۈستىگە تارتتىم، لېكىن خېلى ئېغىركەنسىز نەچچە قېتىم سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ يۈرۈپ تەسلىكتە ئۈستىگە چىقىرىۋالدىم. لېكىن ئېشەنسىڭىزمۇ ئېشەنمىسىڭىزمۇ مەيلى ئۆزۈمنىڭ ئۈستىگە قانداق چىققانلىقىمنى بىلمەيمەن، بىر چۈش كۆرگەندەك ھېسياتلا بار قالغىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت سەھەرگە يېقىن ئۆزۈمنىڭ سىزنىڭ يېنىڭىزدىراق دەرەخ شېخىدا ئېسىلىقلىق ئىكەنلىكىمنىلا بىلىمەن. ئويغانغىنىمدا باش قىسمىم بىلەن پۇتۇم تەرەپ ھاۋادا لەيلەپ تۇرىدۇ مۈرەم بىلەن قورسۇقۇم چىڭىپ ئاغرىپ كەتتى شۇڭا تېزلا ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ سىزگە قارىسام چېدىرغا يۆلەنگىنىڭىزچە ئويغانماي يېتىپسىز ئاستا يۆتكەپ ياتقۇزۇپ قويدۇم ئاندىن ئاغرىقىمغا چىداپ پەسكە چۈشۈپ دەلدەڭشىپ يۈرۈپ جىغان مېۋىسى تېرىپ كەلدىم، يېنىپ كېلىپ شۇنى سوقۇۋاتقىنىمدا ئاندىن ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز بولغان ئەھۋال مانا مۇشۇ. بىراق ئاخشامقى ئىشتىن باشلاپ مەن قايتىدىن باشقىچە بىرخىل ئادەم بولۇپ قالدىم. ھەم سىزنىڭ ئېلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن نېمىشقا بۇ جايدىن كەتمەي ئالۋاستىلارنى يوقىتىشنى تاللىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئادەم ئۆز مەنپەتى ئۈچۈنلا ياشاۋەرسە ئۇنىڭ ھايۋاندىن پەرقى قالمايدىكەن، ھەم ھامان بىر كۈنى تېگىشلىك جازاسىنى تارتماي قالمايدىكەن. شۇڭا چۈشەندىمكى يېنىمىزدىكى ھەربىر ئادەمنى قەدىرلىشىمىز، كۈچىمىز يېتىشىچە ياردەم قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن. بۇرۇن بايلىقنى دەپ ئېلىنىڭ ئۆلىشىگە سەۋەپچى بولدۇم ئەمدى پۇشايمان قىلسامۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، شۇڭا ئەمدىدىن باشلاپ سىزنى بولسىمۇ جېنىم بىلەن قوغداپ گۇناھىمنى يۇيىمەن ئېلگىرىكى ئىشلىرىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن!........ دىدى ئۇھسىنغان ھالدا. ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلگىنىمدىن كېيىن سەمەت كۆزۈمگە بىر خىل يېقىشلىق كۆرۈنۈپ قالدى. ئېلگىرى بايلىق ئۈچۈن ئېلىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپچى بولغان سەمەت ئەمدى بولسا بىشىدىن كۆپ ئىش ئۆتۈپ ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى. مەن يەرگە قاراپ خىجىل بولۇپ تۇرغان سەمەتنىڭ مۈرىسىدىن يېنىك تۇتۇپ تۇرۇپ ـ: ھېچقىسى يوق، كەچۈرۈم سورايدىغانلار كەتتى ئەمدى كەلمەيدۇ. سەن كەچۈرۈم سوراشنى جېنىڭ بىلەن مېنى قۇتقۇزۇپ تاماملىدىڭ، ئىشلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكىنىڭدىن خۇرسەنمەن. ئەمدى كەچۈرۈم، ئەپۇ قىلىش دەيدىغان ئىش يوق پەقەت ئابلا ئاكاك بىلەن سەن بىرلىكتە بۇ جايدىن بىخەتەر قۇتۇلۇپ چىقىش

ئىشلا بار!...چىقىپ كەتكۈچە قانچىلىك ئالۋاستىنى يوقىتىشقا قۇربىمىز يەتسە بىرلىكتە شۇنچىنى يوقىتىمىز، ئەگەر بىرەرسىمىزگە خەتەر يېتىپ قالسا يەنە بىرسىمىز بۇ ئىشنىڭ ئايىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ بۇنىڭغا قوشۇلامسەن؟ ......... سەمەت كۈلۈپ قويۇپ ـ : ئەلۋەتتە قوشۇلىمەن، جىنىم بىلەن دەڭە!......بىر مۇنچە بايلىقلارنى ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئىلىۋالغان ئىدىم بىراق پوقىقا ئەسقاتمىدى. سىلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قوشۇلىۋالغان ئىدىم ئەكسىچە جىنىمنى ئۆزۈڭلارنىڭ جىنى بەدىلىگە قۇتقۇزۇپ قالدىلار، بۇ ئىشتا سىلەرگە قەرزدارمەن شۇڭا قەرزىمنى چوقۇم قايتۇرىدىغان بىر كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە ئىشىنىمەن!............ سەمەتنىڭ بۇ سۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىسى باردەك ھىس قىلىپ قالدىم. بىراق نىملا بولسۇن ئۇنىڭ سەممىي ساداقەتمەنلىكى مىنى راسلا قايىل قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەرخىل تېمىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كەچمۇ كىرىپ قالدى. مەن ـ : ھەي!........بۈگۈن ھىچ ئىش قىلالمايلا كەچ بولۇپ كەتتىدە!......دىدىم ئۇھسىنىپ قويۇپ. سۆزۈمنى ئاڭلىغان سەمەت ـ : ھىچقىسى يوق، ئاۋۋال سىزنىڭ يارىڭىز سەللىمازا ساقىيىۋالسۇن ئاندىن بىر گەپ بولار، ئۇنىڭغىچە قورساقنىڭ غىمىنى مەن قىلىپ تۇرارمەن. بىراق ئەنسىرەيدىغان ئىشىم ئالۋاستىلار بۇ چىدىرنى تېپىۋالارمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن!...........دىدى سەل مەيۈسلىنىپ. مەن ـ : پەقەت قان ئىزىلا بولمىسا تاپالمايدۇ، ئۇلار ئادەتتە يەردىكى نەرسىلەرنى ھۇجۇم ئوبىكتى قىلىدىكەن. بەلكىم دەرەخنىڭ ئۈستى ئۇلارنىڭ كۆزىتىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدا بولىشى مۇمكىن شۇڭا بەك ئەنسىرەپ كەتمە، سەنمۇ ياراڭغا ئوبدان پەرۋىش قىل كۈندۈزدە ھاۋا بەك ئىسسىق تىزلا يالىلۇغلىنىپ يارا ئىغىزى كىڭىيىپ كىتىدۇ!......... ـ : چۈشەندىم ئابلاكا، شۇڭا بىرىپ جىغان مىۋىسى يەنە ھىلىقى شىپالىق توپىلاردىن تېپىپ كىلەيمىكىن دەيمە، دىگەندەك ئۇ توپا يارىنى بەك تىزلا ساقايتىۋىتىدىكەن. سىزنىڭ مەيدىڭىزدىكى يارىمۇ تىزلا ساقىيىپ كىتىپتۇ، چاقىسى چۈشۈپ كەتسىلا ئوڭشىلىدىكەن!......دىدى مەيدەمدىكى قوماچ باغلاپ قالغان يارا ئىغىزىنى كۆزەتكەچ. ـ : شۇنداق، بولسا دىگىنىڭدەك ئۇ توپىلىق تەرەپتىن بىر ئاز توپا ئىلىپ كەلسەڭ ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەندە يارىغا چېپىۋالساق سۇلىشىپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. لىكىن ھازىر قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، بۇ ھالىڭ بىلەن ماڭساڭ مەن خاتىرجەم بولالمايمەن شۇڭا ئەتە تاڭ ئاتقاندا ئاندىن بارغىن، بەلكىم شۇ ئاردا بۇ خارابىيلىق بىلەن تىخىمۇ قويۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلالىشىڭ مۇمكىن!...... ـ : بولىدۇ، ئەتە تاڭ ئاتقاندا ئاندىن باراي. كەچتە ما بىرتال توشقان كاۋپى بار شۇنى يەپ تۇرارمىز!...... دىدى زىخى بىلەن يۆلەپ قويۇلغان توشقان كاۋىپىنى كۆرسىتىپ. شۇنداق قىلىپ ئۆلۈمنىڭ ئىغىزىدىن يەنە بىر قىتىم قۇتۇلۇپ چىقتىم، ئەلۋەتتە بۇنىڭدا سەمەتنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار ئىدى. سەمەت ئىككىمىز ئولتۇرۇپ ئەسلىمىلەرنى بىر ـ باشتىن سۆزلىششكە باشلىدۇق، دىمىسىمۇ بۇ جايغا كىرىپ قالغاندىن باشلاپ بۇنداق پاراڭلىششقا ۋاقتىمۇ چىقمىغان ئىدى ھەم بىشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار كۆپ ئىدى. شۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ يىرىم كىچىلەردە ئۇيقۇم

قىستاپ ئۆزۈمنى بىلمەيلا ھىرىقچىلىقتا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا غەرق بولدۇم!........

ئالۋاستى ئۇۋچىسى(4 ـ باب4 ـ قىسىم)

ھىرىقچىلىقتا تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىمدا يېنىمدىلا نىمىلەرنىڭدۇر ئېغىر تىنغىنىچە گاراچلىتىپ بىر نەرسىلەرنى يەۋاتقاندەك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كۆڭلۈمدە«سەمەتنىڭ قورسىغى ئېچىپ توشقان كاۋىپىنى يەۋىتىپتىدە!...»دەپ ئويلىدىم بىراق چىقىۋاتقان ئاۋازلارغا قاراپ سەل گۇمانلىنىپ قالدىم. سەمەت ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئېغىر تىنمايدىغاندۇ، يەنە كىلىپ توشقاننىڭ گۆشىنى يىمەي سۆڭىكىنى قاراسلىتىپ يىگىنى نىمىسى!... تۇيۇقسىز كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سىزىپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. دەرۋەقە بىز چېدىردا ئەمەس بەلكى كەڭ كەتكەن بىر مەيداندا ئىدۇق، بۇ مەيدان باشقا جاي بولماستىن خارابىيلىقنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى چوڭ مەيدان ئىدى. ئەتراپىمدا نۇرغۇنلىغان جەسەتلەر بار بولۇپ ئادەم قىياس قىلغىلىمۇ بولمايدىغان دەرىجىدە پارچىلىۋىتىلگەن ئىدى. بىرلىرىنىڭ باش قىسمى تەنسىز ھالدا ئېغىزلىرى ئازاپتىن ئېچىلىپ قالغان ھالەتتە بولسا بىرلىرىنىڭ پۇت ـ قول ۋە باشقا ئەزالىرى مەيدانىنى بىر ئالغان ئىدى. ئەتراپتا بولسا نۇرغۇن جەسەتلەر سۆرەلمىلىك بىلەن لاغايلاپ يۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ كام ئەزالىرىغا ماس كەلگەنلىرىنى بەدىنىگە جىپسىلىۋالاتتى، ماس كەلمىگەنلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يەۋاتاتتى. مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە سەمەتمۇ نەچچىلىگەن جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدا قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتاتتى. جەسەتلەر بولسا ئۇنىڭ قارنىنى پۈتۈنلەي يىرىۋەتكەن بولۇپ تارتقۇشلاپ دىگۈدەك يەۋاتاتتى. بىزنىڭ بۇ جايغا قانداق كىلىپ قالغىنىمنىمۇ بىلەلمىدىم، تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ خاتا پەرەز قىلىپ قالغىنىمنى، چېدىرنى بىخەتەر ئويلاپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكىنىمنىڭ پۈتۈنلەي خاتا بولغىنىنى ھىس قىلىپ قالدىم. دىمەك ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكىنىمىزنى پۇرسەت بىلىپ بۇ جايغا ئېلىپ چىققاندەك قىلاتتى. خىياللار ئىلكىدە تۇرغىنىمدا سەمەتنىڭ زەئىپ ئاۋازى قۇلۇقۇمغا كىرىپ قالدى ـ :

ئابلاكا!........مىنى...قۇتقۇزىۋىلىڭ!...مەن...مەن...بىشىمنى تاپالمايۋاتىمەن!........

ئۇنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىلا بىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقاپ يۈرۈكۈم قاتتىق ئېغىپ كەتتى. قانداق بولۇپ بىشى يوق ھالەتتىمۇ يەنە گەپ قىلالايدۇ!.....شۇندىلا ئۆزۈمنى چۈش كۆرۈۋاتقان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ بىشىمنى قاتتىق سىلكىدىم بىراق ھىچ ئىش ئۆزگەرمىدى، كۆز ئالدىمدا جەسەتلەر شۇ پېتى تۇراتتى. دىمەك چۈش كۆرمەيۋىتىپتىمەن بۇ ئوڭۇمكەن!........ شۇ تاپتا يۈز بىرىۋاتقان ئىشلارنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي تۇرغىنىمدا يەردىكى پارچىلانغان بىر قول پۇتۇمغا ئېسىلىۋالدى. چۆچۈپ كىتىپ پۇتۇمنى قاتتىق سىلكىپ ئۇنى ئاجرىتىۋەتتىم ھەمدە قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ جەڭ ھالىتىگە ئۆتتۈم. بۇ چاغدا جەسەتلەر سەمەتنى يەپ قانغۇشلانغان سۆڭىكىنىلا قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ قاتتىق ئازاپلاندىم، ئەمدى بولسا ئۆزۈم يالغۇزلا قالغان ئىدىم. شۇ چاغدا سەمەت بىلەن دىيىشكەن سۆزلەر يادىمغا كەلدى ـ : «توغرا، قايسىمىزغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا يەنە بىرسىمىز

ئالۋاستىلارنى يوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك!...شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەمەتنىڭ ئىنتىقامىنىمۇ ئالماي قويمايمەن!...» شۇنداق ئويلىغىنىمچە پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلاندىم. قىززىق يېرى پۈتۈم ھېلىھەم تىڭشىقلىق بولۇپ بىراق ئاغرىقىنى ھېس قىلمايۋاتاتتىم، بەلكىم بۇمۇ ماڭا بېرىلگەن بىر خاسىيەت بولسا كېرەك!...بۇ ئىش بىلەن تەڭ ھاياتىي كۈچۈم تېخىمۇ ئۇرغۇپ تاشتى، جەسەت ئالۋاستىلارمۇ خۇددى جەڭگە ئاتلانغىنىمنى سەزگەندەك يەۋاتقان نەرسىللىرىنى قويۇپ مەن تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. مەن جەڭنىڭ باشلانغىنىنى ھېس قىلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئالۋاستىلارنى قىرىشقا باشلىدىم. خەنجىرىم مەخسۇس ئالۋاستى يوقىتىش ئۈچۈنلا ياسالغاندەك ھەربىر جەسەتكە قىلىچ ئۇرغىنىمدا خۇددى بولكا كېسىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم. خەنجەر تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان جەسەتلەرنى قىلچە كۈچىمەيلا پارچە ـ پارچە قىلىۋېتەتتى. بىراق جەسەت ئالۋاستىلارنىڭ پارچىلانغان بەدەنلىرىمۇ ھەرىكەتلىنىپ داۋاملىق ھالدا مەن تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. مەن كەينىمگە داجىغاچ يېقىنلاپ كەلگەن جەسەتلەرنى ئۇدۇللۇق پارچىلاپ تۇراتتىم، شۇ تاپتا ماڭا يوقاتقانسىرى ئۇلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىۋاتاتتى. بۇ كەڭ كەتكەن مەيداندا پەقەت مەنلا تىرىك ئادەم ئىدىم قالغان ھەممىسى دىگۈدەك جەسەتكە ئايلىنىپ بولغان ئالۋاستىلار ئىدى. ئەتراپىمغا قارىدىم، بىزنىڭ مەھەللە تەرەپمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ دەماللىققا تونۇيالمايمۇ قالغان ئىدىم، نەچچە ھەپتىدىلا بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. شۇ تاپتا ھېچنىمىگە قارىماي مەھەللە تەرەپكە قېچىشنى ئويلىغان بولساممۇ بىراق مېنى قورشىۋالغان بۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقىش ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس ئىدى. ھازىر باشقىسىنى ئويلىماي پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھالسىزلانغان يېرىمگىچە بۇ ئالۋاستىلارنى كۆپرەك يوقىتىۋېلىشنى ئۈمۈد قىلاتتىم. ئۇلارمۇ ھەم بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى، مەنمۇ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدىم. تۇساتتىن پارچىلاۋاتقان جەسەتلەرنىڭ چىرايىدىن ئۆزۈمگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان ھەم بۇرۇن كۆرۈپ باققان ئادەملەرنى كۆرگەندەك بولدۇمدە دەرھال توختىۋالدىم، دەرۋەقە ماڭا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان جەسەت ئالۋاستىلارنىڭ قىسمەن جايلىرى چۈۋۈلۈپ بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەم چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەننى ھېساپقا ئالمىغاندا كۆپىنچىسى مەن تونۇيدىغان كىشىلەر ئىدى يەنە كېلىپ بەزىللىرى...مەسىلەن:ئېلى، روزى دىگەندەك بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ـ : «دىمەك ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قاپتۇدە!...»دىدىم ئىچىمدە. ئۇلار ھېچبىر مېنى تونۇماستىن قان ئىقىپ تۇرغان چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى، بەربىر ئالۋاستىغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىرىۋېتەي دىدىمۇ بىراق قولۇم بارمىدى. شۇنچە ۋاقىت بىللە بىر مەھەللىدە ياشاپ، چىلىشىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەرنى بۇنداقلا پارچىلىۋېتىشكە قىيمىدىم، لېكىن ئۇلار بولسا مېنىڭ ئويلىغانلىرىمدىن خەۋەرسىز ھالدا مېنى پارچىلاپ بىر ۋاقىلىق ئوزۇقى قىلىش ئۈچۈن ھېچنىمىنى ئويلىيالمىغان ھالدا يوپۇرۇلۇپ

كىلىۋاتاتتى. بىردەم ئىككىلىنىپ قىلىپ قول سالالماي كەينىمگە داجىشقا باشلىدىم بىراق داجىغانسىرى كەينىمدىن قورشاپ كىلىۋاتقان جەسەتلەرگە يېقىنلاپ قالدىم. ھايات ـ مامات ئايرىلىدىغان بۇ ۋاقىتتا يەنە ئىككىلىنىپ ئولتۇرسام ئۆزۈمنىڭمۇ شۇلاردەك كۆنگە قالىدىغىنىمنى ئويلاپ قەتئىي نىيەتكە كەلدىمدە قىلىچىمنى قايتىدىن چىڭ تۇتقىنىمچە جەسەتلەر ئارىسىغا شۇڭغۇدۇم. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن چېپىۋاتىمەن، پارچىلانغان ئالۋاستىلارنىڭ ئەزالىرى دۈۋلىنىپ كىتىپ باراتتى، مەنمۇ ھېچياققا قارىماستىن ئالدىمغا قاراپ چېپىپ مېڭىۋەردىم، بىرلىرىنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بەدىنىمنى تىلسا بىرلىرىنىڭ قاتتىق چىشلىشىدىن بەدەنلىرىم پۈتۈمنى قوشۇپ قاتتىق سىقىراپ ئاغرىپ كىتەتتى. بۇ ئەھۋالدا ئۆزۈمنىڭ ھايات قالالىشىمغا ئىشەنچىم قالمىدى، بىراق بىرلا نۇقتا ئېنىقكى ھاياتىم ئاخىرلاشقۇچە قانچىلىك ئالۋاستىنى يوقىتالىسام شۇنچىلىك يوقۇتۇپ ئاندىن ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى. شۇ مەقسەتتە قانغا بويالغان بەدەنلىرىمنىڭ ئاغرىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن چېپىپ مېڭىۋەردىم، جەسەتلەر بولسا ئاچچىق ھۆركىرەپ يەر چىشلەشكە باشلىدى. شۇنداق چېپىپ مېڭىپ ئۆزۈممۇ بىلمەستىن يەنە خارابىلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئاران سىرتىغا چىقالىغاندا يەنە بىلىپ ـ بىلمەيلا ئىچىگە كىرىپ قالغىنىمدىن بەكلا ئەپسۇسلاندىم، بايا خارابىلىق تەرەپكە قاراپ جەڭ قىلغۇچە مەھەللەم تەرەپكە قاراپ يول ئېچىپ چىقىپ كەتسەملا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزۈمنىڭ دۆتلۈكىمگە ئاچچىقىم كەلدى. ئەمدى ئىچىگە كىرىپ قالغاندىكىن يەنە چىقىپ كىتىدىغان يەرنى تاپقۇچە قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. ئاچچىقنىڭ دەستىدىن كۆزلىرىمگە قان تولۇپ جەسەتلەرگە قارىدىم ئۇلارمۇ پەرۋاسىزلارچە ماڭا قاراپ سۆرەلمىلىك بىلەن كىلىۋاتاتتى. ھەممىنى قىلغان مۇشۇ جەسەتلەر بولغاچ ئاچچىقىم ئىچىمگە پاتماي پۈتۈن ئاچچىغىمنى مۇشۇ جەسەتلەردىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن تەلۋىلەرچە ئۇلارغا ئېتىلدىم. شۇ تاپتا بەدىنىمدىن ئېقىۋاتقان قان، يارىلانغان جايلار مەن ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس ئىدى. سەمەتنىڭ ھىلىقى كۆچ ئالدىمدا ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلىشى، ئېلىنىڭ ئۆلۈمى، بۇ خارابىلىقتا ئۇچرىغان تۈرلۈك تۈمەن خەتەرلەر كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ قورقۇنچقا سەۋەپ بولالىغۇدەك ھېچقانداق ئىش قالمىغان ئىدى. غەزەپ بىلەن ماڭا يېقىنلىشىۋاتقان جەسەتلەرگە قىلىچ ئۇرۇشقا باشلىدىم، ئۇلارمۇ مىنى تۇتۇۋشقا قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك چىكىنمەي يوپۇرۇلۇپ كىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا ناھايىتى تونۇش بولغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قىلىپ ھەركىتىمدىن توختاپ قىلىچىمنى ئېگىز كۆتۈرگىنىمچە بۇتتەكلا قىتىپ قالدىم. ئالدىمدا بولسا سېلىم تۇراتتى ـ : ئابلا، ئەمدى بولدى قىل!...قارا ھىلىمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرىۋېتىپسەن، گۇناھ ئەمەسمۇ گۇناھ!...... ـ : ياق سېلىم بۇرادەر، بۇلار ئادەم ئەمەس ھەممىسى جەسەت ئالۋاستى ئۇلارغا ئىشىنىپ قالما ئۇلار ئادەم ئەمەس ئالۋاستى دەۋاتىمەن!......... ـ : بىلدىم، بىلدىم. بىراق ئوبدانىراق قاراپ باقە ئۇلار راستىنلا ئادەم، ئالۋاستى روھ ئۇلارنى كونترول قىلىۋىلىپ سەن ئارقىلىق ئۆلتۈرۈۋپ ئۆز روھىنى

كۆچلەندۈرۈۋاپتۇ سەن ئەسلى ئالۋاستىنىڭ دامىغا چۈشۈپ قىلىپ، ئادەملەرنى ئۆنىڭغا يارىدەملىشىپ ئۆلتۈرۈپ بىرىپسەن!...ئەمدى بولدى قىل قىلىچنى ماڭا بەر، ئادەملەرنى يەنە ئۆلتۈرۈشىڭنى خالىمايمەن ئەكەل!......... سىلىم شۇنداق دىگىنىچە قولۇمدىكى خەنجەرنى تارتىۋالدى. مەن ـ: سەن...سەن بۇ جايغا قانداق بولۇپ كەلدىڭ، سىنى مەھەللە تەرەپكە يولغا سىلىۋەتكەن ئىدىمغۇ؟ ...... ئۇ قاتتىق كۈلۈپ كىتىپ ـ: نەدىكىنى دەيسەن، مەن مۇشۇ جايدا يارىلىپ نەچچە مىڭ يىلدىن بىرى ياشاپ كىلىۋاتسام قانداقسىگە سىنىڭ مەھەللەڭدە بولىمەن!...... ـ: نىمە؟ ......ئەجىبا سەن!......... سىلىم قاتتىق كۈلگىنىچە توپىدەك توزۇپ يوقاپ كەتتى، بىراق ئەڭ ئاخىرىدا توزىۋاتقان بىشىدىن ئىككى قىپقىزىل كۆزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. «ئەجىبا سىلىممۇ ئالۋاستىغا ئۆزگۈرۈپ قالغانمىدۇ؟ ...»ئەمدى بولسا نۇرغۇن جەسەت ئالۋاستىلارنى يوقۇتۇشقا تۈرتكە بولغان ئۆتكۈر خەنجىرىممۇ يوق بولغان ئىدى. قۇرۇق قول ھالىتىمدە يەنە قانچە جەسەتنى يوقىتالىشىم ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. سىلىمنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستىغا ئاسانلا ئالدىنىپ قۇرالىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ئەپسۇسلاندىم، نىمىشقىمۇ بالدۇرراق بۇ جايدا ئۆزۈمنىڭلا قالغىنىمنى ئەسلىيەلمىگەندىمەن نىمانداق دۆتلۈك قىلغاندىمەن!...شۇ تاپتا ئاچچىقىم يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. قاراپ تۇرۇپ ئالۋاستىغا قىلىچىمنى تارتقۇزۇپ قويۇپ قۇرۇق قول قالغىنىمغا ئىچىندىم. مەن شۇلارنى خىيال قىلىپ بولغۇچە قۇرۇق قول قالغىنىمنى كۆرگەن ئالۋاستىلار سوغۇق ھىجايغان ھالدا ماڭا داۋاملىق يوپۇرۇلۇپ كىلىشكە باشلىدى. ئامالسىز ئۇلار بىلەن قۇرۇق قول ئىلىشىشقا باشلىدىم، بىراق مۇشتلىرىم ئۇنۇمىنى يوقاتتىمۇ ھىچبىر تورلۇق تەگمەيتتى. شۇنچە كۈچەپ مۇشت ئاتسامۇ بىراق ئاتقان مۇشلىرىم ساپلا زەردە بىلەن مىڭىپ جەسەتلەرگە يىقىنلاپ قالغاندىلا توختاپ قالاتتى. جەسەتلەر بولسا ئاللىقاچان مىنى قورشاپ كىلىپ بولغان بولۇپ ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كىلىپ مىنى ئارىسىغا ئىلىۋىلىپ بارغانچە قىسىشقا باشلىدى. ھەتتا قىسىلىپ كەتكەنىنىڭ دەردىگە نەپەسمۇ ئالالماي قالدىم، بەدەنلىرىم زىڭىلداپ ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيىتتە سەنتۈرۈلۈپ كىتىپلا يىقىلىپ چۈشتۈم جەسەت ئالۋاستىلار بولسا تەرەپ ـ تەرەپتىن كىلىپ ماڭا تاشلاندى. ئارىدىن بىر جەسەت ئۈستۈمگە مىنىۋىلىپ گىلىمدىنلا بوغۇشقا باشلىدى، تىنىقىم يىتىشمەي خىرقىراپ قالدىم لىكىن ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۇنىڭ قولىنى ئاجرىتىۋىتەلمىدىم. ئاخىرى«ھامىنى ئۆلىدىغان ئىش بولغاندىكىن!...»دەپ ئويلاپ پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ ئۇ جەسەتنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىر مۇش سىلىشىم بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قولى ئاجراپ نەپىسىم قايتىدىن ئەسلى ھالىتىگە قايتتى، مەن ئورنۇمدىن چۆچۈپ قوپۇپ چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئىلىشقا باشلىدىم. ھازىر بولسا مەن چېدىرنىڭ ئىچىدە ياتقان بولۇپ تەرلەپ چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن ئىدىم. بىردىنلا چىكەم قاتتىق بىر چىڭقىلىپلا ئۇنىڭدىن كىيىن ئەتراپ جىمجىت بولۇپ قالدى. شۇندىلا ئۆزۈمنى قارا بىسىپ قالغانلىقىمنى ھىس قىلىپ ئەتراپقا قاراپلا چۆچۈپ كەتتىم، چۈنكى چىرايى قانغا مىلەنگەن بىرسى كۆز ئالدىمدىلا ماڭا قاراپ تۇراتتى.

سۇرئىتىم تىز كىلىپ ئۇ«ئالۋاستى»نى كۆچەپ يەنە بىرنى سالدىم. ـ: ئابلاكا نىمانداق قىلىسىز، مەندىن ئالالمىغان ئۆچىڭىز بولسا ئۇدۇللا دىسىڭىز بولمامدۇ ئۇرۇپ يۈز كۆزۈمنى قانغا مىلەپ بولدىڭىز، بوپتۇ دەپ قاراپ تۇرسام يەنە ئۇرىۋاتىسىزغۇ!.............. بۇ باشقا بىرى بولماستىن دەل سەمەت ئىدى. مەن ھەيران بولۇپ ـ: ۋوي سەمەت، قانداق بولۇپ يۈزلىرىڭ قان بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن تىخى تۇيۇقسىزلا ئالدىمدا قاراپ تۇرساڭ ئالۋاستى بولسا كېرەك دەپ چالا ئۇيقۇچىلىقتا بىلمەيلا!................ سەمەت سۆزۈمنى ئاڭلاپ بۇرنىدىن ئىقىۋاتقان قاننى سۈرتىۋىتىپ ـ: قارىسام ھىلىدىن بىرى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ پەقەتلا ياتالمىدىڭىز، شۇڭا ئەنسىرەپ سىزنى مىدىرلىتىپ باققان ئىدىم، ئويلىمىغان يەردىن بۇرنۇمغا بىرنى ئۇرۇپ تاس قالدىڭىز ئايلاندۇرىۋەتكىلى!...يەنە بوپتۇ دەپ قاراپ تۇرسام چۆچۈپ ئويغىنىپ يەنە بۇرنۇمغا ئۇرىۋاتىسىزغۇ!........ سەمەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدىم بىراق تىخىمۇ تىرىكىپ كەتمىسۇن دەپ روزىغا ئۆزۈمنى بىسىۋىلىپ تۇرىۋالدىم. ـ: كە...كەچۈرگىن، مىنى بەكلا قورقۇنۇچلۇق قارا بىسىپ قاپتىكەن ئويغىنىپمۇ ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي قاپتىمەن!...... دىدىم تەرلىرىمنى سۈرتكەچ. سەمەتمۇ بۇنى سەزگەندەك ـ: مەنمۇ شۇنداق ھىس قىلغان لىكىن بۇنچە تەلۋىلىشىپ كەتكىنىڭىزنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن، ھەرنىمە بولسا خەنجىرىڭىز قوڭغۇراقنىڭ ئورنىدا بىزدىن يىراقراق يەردە ئىكەن بولمىسا ئۆلەتتىكەنمەن!.........دىدى كايىغان ھالدا. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ راستىنلا خەنجىرىمنىڭ يىنىمدا بولۇپ قالمىغانلىقىغا شۈكرى ئىيتتىم. بىر نىملەرنى دەپ يۈرۈپ سەمەتنى بەزلەپ سەل پەسكويىغا چۈشۈردۈم ھەمدە خىجىللىقتا ئارقامنى قىلىپلا يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يىتىۋالدىم، سەمەت بولسا ـ: ئەمدى سەگەكرەك ياتاي جۇمۇ بولمىسا بۇداقى قىتىم ئىڭىكىم چىقىلىپ كەتمىسۇن يەنە!.........دەپ غودۇرىغىنىچە بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ يىتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. مىنىڭ ئەمدى ئۇيقۇم كىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، يىتىپ بايىدىن كۆرگەن چۈشلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەشكە باشلىدىم ھەمدە ئۆزۈمچە«تۆۋە!...»قىلىپ قالدىم. قانداق بولۇپ بۇنداق چۈشلەرنى كۆرۈپ كەتكەندىمەن، يەنە بىر تۇرۇپ سەمەتنىڭ ئىشىغا كۈلگۈم كىپ كىتەتتى. خىلى ۋاقىتقىچە ئۇيقۇم كەلمەي يەنە نىملەرنىدۇر ئويلاپ چوڭقۇر خىياللارغا پاتقىنىمچە تاڭ ئىتىشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم!...............

ئالۋاستى ئۇۋۇچىسى(4 ـ باب5 ـ قىسىم)

بىر نەرسىلەرنى ئويلاپ ياتقىنىمدا سەمەت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بىردەم جىمىپ كەتتى، بەلكىم مىنىڭ ئويغاق ياكى ئۇخلاۋاتقىنىمنى كۈزىتىۋاتقان بولسا كېرەك!...ئۇنىڭدىن كىيىن ئاستا پەسكە چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەسكە قارىدىم، لىكىن سەمەت بولسا ئاللىقاچان توشقان كاۋىپىنىڭ يىرىمنى قاسىغىنىچە بىز كەلگەن تويلىق تەرەپكە قاراپ يول ئالغان ئىدى. كۆڭلۈمدە«ئۇ بەلكىم توپا ئىلىپ كەلگىلى ماڭغان بولسا كېرەك!...»دەپ ئويلىدىم. پۈتۈمدىكى يارا تىخى ساقايمىغان بولغاچقا ھەرىكەت قىلىشىمغا سەل قولايسىزلىق

www.iptihar.net

ئېلىپ كېلىشۋاتاتتى، شۇڭا دەماللىق ھەرىكەت قىلىش قىيىنغا توختايتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى سوراپ چىدىردىن پەسكە چۈشمەي ئارام ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ھەمدە قالغان يىرىم توشقاندا ناشتا قىلغاچ چىدىرنىڭ ئىچىدە مىدىرلىماي ئولتۇردۇم. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن سەمەت يېنىپ كەلدى، ئۇ كەلگەندە بولسا توپىلىقتىن ئازراق توپا ئېلىشۋالغان بولۇپ قولىدا يەنە ساڭگىلىتىۋالغان ئۈچ تۆتچە ياۋا توشقان بار ئىدى. يىقىنراق كەلگەندە ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئېسىۋالغان ئوقياسىنىمۇ كۆرۈپ قالدىم. سەمەت بولسا خۇشال ھالدا مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇستىگە چىققاندىن كېيىن قولىدىكى نەرسىلەرنى قويۇپ ـ: ھە ئابلاكا مانا قاراڭ توشقان دىگەننىۋاغۇ ئەمدى مۇنداق ئوۋلايمىز!......... دىگىنىچە مۇرىسىگە ئېسىۋالغان ئوقيانى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى. مەن ئوقيانى كۆرۈپ بىقىپ ـ: بۇنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ ......دىدىم ھەيران بولۇپ. سەمەت ـ: قەيەردىن تاپاتتىم، ئۆزۈم ياسىدىم. قاراپ بىقىڭە خېلى ياخشى بوپتۇمۇ!...... مەن ئوقيانى تەكشۈرۈپ بىقىپ ـ: ھەئە ياخشى ياساپسەن!...ماۋۇ تۇتقۇچىنىغۇ دەرەخلەردىن ئوشتۇپ ياسىغانسەن، لىكىن ماۋۇ كەرگۈچىنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ ... سەمەت كۈلۈپ كىتىپ ـ: تامبىلىمنىڭ رىزىنكىسىنى ئىشلەتتىم!... ـ: نىمە؟ ...ۋاي قارا سىنى!...تامبىلىڭنىڭ رەزىنكىسى بولمىسا چۈشۈپ قالمىدىما؟ ـ: ھى ھى!...شۇ چۈپ قالمىسۇن دەپ چىۋىقتا باغلىۋالدىم، خېلى چىڭ دەڭە!...... ـ: ھا ھا ھا!......ياخشى ياخشى، خېلى ئىشلار قولۇڭدىن كېلىدىغان بوپ كىتىپتۇ جۇمۇ!... سەمەت سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويىدى ئاندىن ـ: شۇ بۇ جايغا كىرگەندىن باشلاپ خۇددى سىزگە ئوخشاش بۇيەرنىڭ مۇھىتىغا ماسلىشىپ ياشاشنى ئۆگىنىۋاتىمەن. بايا خەنجەردە قوغلاپ يۈرۈپ بىرتالمۇ توشقان تۇتالمىدىم شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىمدا ئوقيادىن بىرنى ياساپ ئىشلىتىپ بىقىۋىدىم قاراڭ مانا بىرمۇنچە توشقاننى تىزلا تۇتىۋالدىم دەڭە!......راس ماۋۇ توپا بىلەن پۇتىڭىزنى تىڭىۋىلىڭ تىزرەك ساقايسا مەنمۇ يالغۇز قالمايمەن. بىلەمسىز نەچچە كۈندىن بىرى ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈپ بەكلا زىرىكىشلىك ھىس قىلىپ كەتتىم شۇڭا سىز تىزرەك ساقايمىسىڭىز بولمىغۇدەك!...... سەمەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم، ھازىر سەمەتلا ئەمەس مەنمۇ شۇنداق زىرىكىپ كەتكەن ئىدىم. شۇ تاپتا قويۇپ بەرسە پۇخادىن چىققۇچە بىر يۈگۈرىۋالغۇم بار ئىدى. باشتىن ئاياق جىددىيچىلىكتىلا ئۆتكەچكە بۇنداق مىدىرلىماي ياشاش ئاسانمۇ دەيسىلەر!...شۇنىڭ بىلەن پۇتۇمدىكى تىڭىقنى ئېلىۋىتىپ سۇلاشقان جايغا توپىدىن ئازراق ئېلىپ چىڭ بىسىپ تۇردۇم. ـ: ھەي!......قاچانمۇ ساقىيار بۇ پۇتۇم، شۇ تاپتا پەسكە چۈشۈپ يەنە ئۆڭكۈر ئارىلىغۇم كېلىۋاتىدۇ مىنىڭ!......دىدىم ئۇھسىنىپ قويۇپ. سەمەتمۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك ـ: ئالدىرىماڭ ئابلاكا، ھەممە ئىش ئاستا ـ ئاستا بولىدۇ. پۇتىڭىز راۋۇرۇس ساقىيىۋالسا ئاندىن ئامال قىلىپ بۇ جايدىن چىقىپ كىتىدىغاننىڭ ئىشىنى قىلساق بولاتتى...ئويلاپ باقامسىز ئالۋاستىلاردىن ئىككىنى يوقىتىپ بولغۇچە بۇنداق ئىغىر يارىلانغىلى تۇرساق كىيىن قانداق قىلىمىز!...يەنە كىلىپ تەلىيىمىز دائىم ئوڭ كىلىپ نەچچە

ئالۋاستىنى يوقىتىپلا يۇرىۋېرىشىمىز مۇمكىنمۇ. ناۋادا بىر كۈنلەردە نۇرغۇن ئالۋاستىلار بىر توپ بولۇپ كىلىپ قالسا ئۆلىكىمىز ئەمەس سۆڭەكلىرىمىزمۇ قالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا ئامال قىلىپ تىزرەك چىقىپ كەتسەك بولىتى!............دىدى غەمكىن هالدا. ـ: نىمىسىنى دەيسەن!...بۇ چاققىچە چىقىپ كىتەلمىگەنكەنمىز ئەمدى ئۈمۈد كۈتمە. بۇ جاي سېھىرلىۋىتىلگەن دەپ ساڭا ئىنىق دىدىمغۇ چوقۇم شۇنداق، بولمىسا بىز كىرگەن جاي ئىنىق تۇرۇپ مۇشۇ چاققىچە ئۇ جاينى تاپالمادۇق؟ ...هامىنى مۇشۇ يەرگە كەلدۇق ئەمدى كەينىمىزگە قارىماي باشقىچە يول تۇتۇشنى ئويلىنىۋېلىشىمىزكېرەك!.........دىدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن. سەمەتمۇ ئارتۇق سۆز قىلمايلا پەسكە چۈشۈپ ياخشىراق دەرەخ شاخلىرىدىن كىسىپ كۆپرەك يا ئوقى ياسىۋىلىشنى ئىيتىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىدىن يەنىلا نارازىلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ ئارتۇق سۆزلىمىدى. سەمەت پەسكە چۈشۈپ كەتكەندىن كىيىن ئۆزۈممۇ ئويلىنىپ قالدىم، بىردەملىك ئاچچىقنى دەپ بۇ جايدا بۇنداق خەتەرلەر ئىچىدە ياشاشقا ئەرزىمدۇ؟ ...خىلى ئۇزۇن ئويلاشقاندىن كىيىن ئاخىرى يارام ساقايغاندىن كىيىن سەمەت بىلەن ئەڭ ئاخىرىقى چوڭ خەتەرنى يىڭىپ بۇ جايدىن چوقۇم چىكىنىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ خىياللار ئىلكىدە پىلان تۈزۈشكە باشلىدىم......كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈشكە باشلىدى، مەن سەمەتكە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى دىمىگەن ئىدىم. سەمەتمۇ ماڭا قايتىلاپ ئۇ سۆزلەرنى قىلمىدى، پەقەت كۈندە دىگۈدەك پالاقشىپ يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاپ كىلەتتى يارامۇ ھەم تولۇق ساقىيىپ بولالمىغاچقا پەسكىمۇ چۈشەلمىدىم. تەلىيىمىزگە يارىشا ئالۋاستىلارمۇ خىلى كۈندىن بىرى بىزنى بايقىيالمىغاچقا نەچچە كۈن ياخشى ئارام ئىلىۋالدۇق، بىراق بۇ خاتىرجەم كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. ئاردىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندە سەمەت ئەتتىگەندە ئەتراپنى كۆزىتىپ بىقىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكىنىچە قاراڭغۇ چۈشكىچە قايتىپ كەلمىدى. ئادەتتە ئۇ كۈن ئولتۇرۇپ بولغۇچە دەرھال يىنىپ كىلىدىغان بولغاچقا كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سىزىپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم. يارامۇ بۇرۇنقىدەك ئىغىر بولمىغاچقا قانداقلا بولسۇن پەسكە چۈشۈپ ئۇنى ئىزدەپ باقماقچى بولدۇم. شۇنداق قىلىپ پۇتۇمنى ئاقساپ يۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ سەمەت ماڭغان يۆلغۇنلۇق تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. بىر ئاز ماڭغاندىن كىيىن پۇتۇم سەل ئاغرىشقا باشلىدى بولالماي بىجىرىمرەك دەرەخ شىخىدىن بىرنى ئوشتۇپ ھاسىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتتىم. كىتىۋاتقاچ توختىماي سەمەتنى چاقىرىپ ماڭاتتىم، بىراق خىلى ئۇزاق يۈرگەن بولسامۇ سەمەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئادەتتە ئۇ بۇنداق ئۇزاققا كەتمەيتتى، تۇۋلىساملا دەررۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ يىنىپ كىلەتتى بۇ قىتىم كانىيىم يىرتىلغۇدەك تۇۋلىغان بولسامۇ ئۇنى تاپالمىدىم. شۇندا كۆڭلۈمدە«بەلكىم ماڭا گىپىنى ئاڭلىتىپ بولالماي ئۆزى يالغۇز توپا خارابىيلىق تەرەپكە كىتىپ قاپتۇدە!......»دەپمۇ ئويلىدىم. لىكىن سەمەتنىڭ بۇرۇنقى هالىتى بولغان بولسا شۇنداق قىلار بولغىيتى بىراق سەمەتنىڭ هازىرقى هالىتى بىلەن بۇرۇنقى هالىتى تۈپتىن چوڭ پەرىقلىق ئۆزگۈرۈپ كەتكەچكە سەمەتنىڭ ئۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى.

بەلكىم توشقان قوغلاپ بىرەر تاش ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالغان بولسا شۇ جايدا خەتەرگە يولۇققانمىدۇيا!......ئويلىغانسىرى بىئارام بولۇپ كىتەتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن«مەن چىدىردىن ئايرىلغاندىن كىيىن سەمەت يىنىپ كىلىپ قالغان بولسىچۇ؟ ...»دىگەنلەرنىمۇ ئويلاپ ئۈلگۈردۈم. كەينىمگە ياناي دىدىمىۇ كۆڭلۈم ئۇنىماي يەنە نەچچە قىتىم توۋلاپ باقتىم بىراق ئەتراپتىن سەمەتنىڭ ئاۋازى ئەمەس بەلكى باشقا بىر نەرسىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى، دىمەك خەتەر باشلانغان ئىدى. شۇڭا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قىلىپ ئىككىلىمىز تەڭ خەتەرگە يولۇقماسلىق ئۈچۈن كەينىمگە يىنىپ چىدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كۆڭلۈمدە سەمەت چىدىرغا يىنىپ كەلگەندەكلا تۇيغۇدا بولۇپ پۇتۇمنىڭ ئاغرىشىغا چىداپ تىز ـ تىز مىڭىشقا باشلىدىم. شۇنداق قىيىنچىلىقتا ئاقساپ مىڭىپ چىدىرغىمۇ كىلىۋالدىم بىراق چىدىر جىمجىت تۇراتتى، مەن دەرەخنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ سەمەتنى توۋلاشقا باشلىدىم بىراق چىدىردىن ھىچقانداق سادا كەلمىدى. ئەمدى بولسا سەمەتنىڭ راسلا خەتەرگە يولۇققىنى ئىسپاتلىنىپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئۈستىگە چىقىپ قولچىراقنى ئالدىم ھەمدە قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ جەڭ ھالىتىگە ئۆتۈپ خەتەر باشلانغان بۇ كىچىدە سەمەتنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم. بىراق ئۇنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ بولغاچقا بۇنداق چوڭ كۆلەمدىكى جايدىن ئۇنى تىپىش بەسى مۇشكۇل ئىدى. ئىككىلىنىپقىنە يەنىلا ئۇ ئەتتىگەن ماڭغان يۇلغۇنلۇق تەرەپكە مىڭىشنى توغرا تاپتىم. ئۇنى تىپىش ئۈچۈن يىشىللىق قاپلىغان كىچىك ئورماننى ئەمەس بەلكى ئالۋاستىلار دائىم يوشۇرنىۋالىدىغان تاش ئۆڭكۈرلەرنى ئىزدەشكە توغرا كىلەتتى. لىكىن ئۆڭكۈرلەر كۈندۈزگە قارىغاندا ھازىر ئىككى ھەسسىلا خەتەرلىك بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئالاھىدە ھۇشيار بولمىسام مەنمۇ ۋاقىتسىز جىنىمدىن ئايرىلىپ قالاتتىم. ئىلىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا ئەمدى سەمەتتىنمۇ ئايرىلىپ قىلىش مەن ئۈچۈن چوڭ تەھدىت ئىدى، شۇڭلاشقا قانداق خەتەر يۈز بىرىشىدىن قەتئىي نەزەر سەمەتنى تىپىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ئاتلاندىم. ئالاھەزەل نەچچە يۈز مىتىرچە يولنى بىسىپ بولۇپ ئاقسىغىنىمچە كىتىۋاتقىنىمدا يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ ھەرىكىتى كۆزۈمگە چېلىقىپ قىلىپ يۈرۈكۈم «قارت»تىدە قىلىپ قالدى. ئۇ نەرسە ئەگەر ئالۋاستى بولۇپ قالسا چوقۇم ئەتراپىدا يەنە نەچچىلىگەن ئالۋاستىمۇ بار دىگەن گەپ ئۇنداق بولغاندا مەن پۇتۇمنى سۆرەپ يۈرۈپ ئۇلار بىلەن كۈچ ئىلىشالمايدىغىنىم ئىنىق ئىدى، شۇڭا تىزلىكتە ئۆزۈمنى دالدىغا ئىلىپ ئۇ نەرسىنى تەپسىلىي كۈزىتىشكە باشلىدىم. قاراڭغۇ تولۇق چۈشۈپ بولالمىغان بولسىمۇ بىراق يىراقتىكى نەرسىلەر يەنىلا خىرە كۆرۈنەتتى. شۇڭا دەماللىققا ئۇ نەرسىنىڭ سەمەت ياكى ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تىڭىرقاپ قالدىم. شۇ چاغدا ئۇ نەرسە مەن كەلگەن تەرەپنى نىشانلاپ يىقىنلاپ كىلىشكە باشلىدى، لىكىن سۈرىتى بەك ئاستا بولۇپ كىلىۋاتقىچە بىردەم تۇرۇپ كىتەتتى. ئۇ كىلىپ بولالمىغاندىن كىيىن تىت ـ تىت بولۇپ ئۆزۈم ئۇ تەرەپكە بىرىپ باقماقچى بولۇپ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن گىياھلار ئارىسىنى بويلاپ ئۇ نەرسىگە يىقىنلاشقا باشلىدىم. ئارىمىز يىگىرمە مىتىرچە قالغاندا ئۇنىڭ ھالسىراپ

ئىغىر تىنغان ئاۋازىنى ئىنىق ئاڭلىدىم، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە نىمە سەۋەپتىندۇر يىقىلىپ كىتەتتى. كۆڭلۇم بىر ئىشنى سىزىپ ئۇنىڭغا يەنىمۇ يىقىنلاپ باردىم، ئەمدى بولسا ئۇنى ئىنىق كۆرگەچكە ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىدىم ـ: «سەمەت؟ ....................» بايىدىن بىرى كۆرگىنىم ئالۋاستى بولماستىن سەمەت ئىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغان بولۇپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ئىدى. مىنىڭ توۋلىشىم بىلەنلا ئۇ ماڭا قاراپ ناھايىتى بوش ئاۋازدا ـ: ئابلاكا!......... دىگىنىچە يەرگە يىقىلدى. مەن تىزدىن بىرىپ ئۇنى يۆلەپ ئاستا گىياھلىق ئارىسىغا ئىلىپ كىردىم ئاندىن جىددىي تەلەپپۇزدا ـ: سەمەت سەمەت، نىم بولدى ساڭا؟ ...ئىيتە زادى نىمە ئىش بولدى قانداق بولۇپ بۇنداق ئىغىر يارىلاندىڭ؟ .........دىگەچ ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدىم. سەمەت بولسا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ـ: ئابلاكا!...تىز...تىز... قى...چىك!.........دىگىنىچە ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ۋەزنىدىن قارىغاندا چوقۇم چوڭ بىر خەتەرگە ئۇچرىغانلىقىنى سىزىۋالدىم، قانداقلا بولسۇن ئاۋۋال ئۇنى قۇتقۇزۇش ئەڭ مۇھىمى ئىدى. ئەتراپتا ھەرخىل ئاۋازلار، ھوۋقۇشلارنىڭ ئەنسىز سايراشلىرى ئادەمنىڭ تىنىنى شۈركەندۈرەتتى. شۇنچە چىدىغان بولسامۇ سەمەتنى كۆتۈرۈپ نەچچە مىتىر يەرگە ئاران ئاپىرالدىم، شۇتاپتا پۈتۈم سىقىراپ ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى. مەن ئاخىرى ئۇنىڭ ئاستىغا كىيىممنى سىلىپ شۇنىڭ بىلەن سۆرەپ مىڭىشقا باشلىدىم، بۇ ئامال دەماللىققا ئەسقاتسىمۇ لىكىن سەمەتنىڭ يارىسىنى تىخىمۇ ئىغىرلاشتۇرىۋىتىدىغاندەك ئىدى. ئامالسىز قانداقلا بولسۇن شۇ بويىچە سۆرەپ مىڭىشقا باشلىدىم، ئويلىنىپ ئولتۇرسام يەنە باشقا خەتەردىن قىچىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى شۇڭا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سەمەتنى سۆرەپ چىدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كىتىۋاتقىچە ئۇنىڭدىن ئاققان قان يول ھاسىل قىلىپ قويىۋاتاتتى بۇنداق ماڭغانچە چىدىرغا ئىلىپ بارسام ئالۋاستىلار قان ئىزىنى بويلاپ نەچچە كۈندىن بىرى پاناھلىنىۋاتقان بىخەتەر جايىمىزنى تىپىۋىلىشى ئىنىق ئىدى. شۇڭا ئۇنى بىۋاستە چىدىر تەرەپكە ئىلىپ بارماي دەرەخزارلىق تەرەپكە ئىلىپ ماڭدىم. سەمەتنىڭ بۇ ھالىتىدىن تىزلا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قىلىش خەۋپى بار ئىدى، شۇڭا ھىچنىمە كۆزۈمگە كۆرۈنمەي ئاخىرى يەنە چىداپ ئۇنى مۈرەمگە ئالدىمدە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ چىدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە ئاسانلىقچە ھۇشىغا كىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەم نىمنىڭ ئۇنى مۇشۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنىمۇ بىلەلمەيلا قالدىم. بىردەم ماڭغاندىن كىيىن ئاخىرى چىدىرغا يىتىپ كەلدۇق، مەن يارىلانغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سەمەت«مۇشۇنداق جىددىي ئىشلار بولۇپ قالسا ئۇستىگە چىقماق تەس بولىدىكەن»دەپ ياساپ قويغان ئاددىي شوتا ئەمدى بولسا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. مەن سەمەتنى كۆتۈرۈپ تىزلىك بىلەن ئۇستىگە يامىششقا باشلىدىم. سەمەت يۇنۇپ چىقىرىپ قويغان ئاددىي پەشتاقنىڭ ياردىمىدە ئۇنى تىزلا ئۇستىگە ئىلىپ چىقىۋالدىم ھەمدە ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ دەرھال پەسكە چۈشۈپ ئىزلاپ ئاققان قانلارنى جىددىي كۆمۈشكە باشلىدىم. شۇ بويىچە قىلىپ خىلى يەرگىچە قاننىڭ ئىزىنى

يوقىتىۋەتكەندىن كېيىن دەرھال ئۈستىگە يېنىپ چىقىپ سەمەتنىڭ يېنىغا كەلدىم. ھازىر بولسا قولچىراقنىڭ يورۇقىدا كۆردۈمكى ئۇنىڭ دۈمبە قىسمىدا خۇددى بىرسى قىرزىق لوم تۆمۈرنى تىقىۋەتكەندەكلا كۆيۈك ئىزى تۇراتتى. يەنە مۇرە قىسىملىرىدا ئالۋاستىلارنىڭ «يالداما»سىمۇ قىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ دۈمبىسىگە دەرھال توپىدىن يىقىپ قاننى توختاتقاچ جاراھەتنى تېڭىۋەتتىم. بىراق ئۇنىڭ قاچان ھوشىغا كېلىشى نامەلۇم ئىدى، شۇڭا كىچىچە ئۇنى قوغدىغان ئاساستا تىزرەك تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم!..............

ئالۋاستى ئۇۋۇچىسى(4 ـ باب6 ـ قىسىم)

ئاخىرى تاڭمۇ ئاتتى، كىچىچە ئۇخلىمىغاچقىمىكىن كۆزلىرىم ئېلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تاڭ سۈزۈلىشى بىلەنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەلدەڭشىپ يۈرۈپ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ كېلىش ئۈچۈن يول ئالدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئىزدىگەن نەرسىلىرىمنى تېپىپ، توكۇر جىنىدەك سەكرەپ يۈرۈپ بىرتال توشقاننى ئاران تۇتۇپ چىدىر تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. ئادەتتە مەھەللىدىكى چىغىمدا ياۋا توشقان تۇتۇپ كۆنۈپ كەتكەچكە بۇ قېتىم بىرتال توشقاننى شۇنچە تەستە تۇتىشىم بەك ئېغىر كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ شۈكرى قىلىپ چىدىرغا قاراپ يول ئالدىم. بىراق بۇ نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مەنپەئەت قىلىشىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيتىم پەقەت ھېچقانداق لازىمەتلىك نەرسىلەر بولمىغاچقا مۇشۇ ئۇسۇلدا جاننى ساقلاپ قالماقتىن باشقا ئامالمۇ قالمىغان ئىدى. مەن چىدىرغا يېتىپ بىرىپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر بىلەن سەمەتنىڭ يارىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تېڭىپ قويدۇم. كۆتىدىغىنىم پەقەت ئەجىر قىلىپ ئەكەلگەن بۇ نەرسىللىرىمنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ سەمەتنى تىزرەك ساقايتىۋېتىشى ئىدى، ھەم شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنەتتىم. شۇنداق قىلىپ ئەمدى جان ساقلاش ۋەزىپىسى ماڭا قالدى، بىر تەرەپتىن سەمەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسام يەنە بىر تەرەپتىن دىڭگوكلاپ يۈرۈپ توشقان قوغلايتتىم. ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن دىگەندەك سەمەت ئاخىرى ئىككى كۈندىن كېيىن رەسمىي ھوشىغا كېلىپ مېنى تونۇدى، بۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىمنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيتىم. شۇ كۈنى مەن سەمەتنىڭ تېڭىقىنى يېڭىلا ئالماشتۇرۇپ قويۇپ يېنىدا ئۇنىڭغا قارىغاچ خىيالغا چۆككەن ئىدىم، توساتتىن سەمەتنىڭ ئاجىز تولۇغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. دۈمبە قىسمى ئېغىر يارىلىنىپ دۈم قىلىپ ياتقۇزۇپ قويغاچقا ئاۋازى يىراقلاردىن كېلىۋاتقاندەك بەك بوش ئاڭلىناتتى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بوپ كەتتىم ـ: سەمەت ھوشۇڭغا كەلدىڭمۇ، ئادەمنى ھەجەپ خۇش قىلىۋەتتىڭغۇ...ماڭا قارىغىنە مېنى تونۇدۇڭمۇ!...... مەن شۇنداق دىگەچ سەمەتنى ئاستا ئۆرۈدۈم. ئۇ ئېغىرلاشقان كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ ماڭا قاراپلا تونۇدى ـ: ئابلاكا!...سىز...سىزنى تونۇدۇم............ ئۇنىڭ نەپسى قىسىلىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ـ: بولدى بولدى، تونۇغان بولساڭلا خۇداغا شۈكرى. كۆپ گەپ قىلماي ئارام ئال، مەن سىنىڭ يېنىڭدا سىنى قوغداۋاتىمەن ئەنسىرىمە!......... سەمەت يەنە نىملەرنىدۇر دىدى بىراق ئاۋازى بەك بوش چىققاچقا قۇلۇقۇمنى شۇنچە يېقىن ئەكەلسەممۇ نىمە دەۋاتقانلىقىنى

ئاڭلىيالمىدىم. ـ: بولدى كۆپ سۆزلىمەي ياخشى ئارام ئالغىن، قانداق گېپىڭ بولسا ساقايغاندا ئاندىن دىسەڭمۇ بولىدۇ!..........دىگەچ ئۇنى سۆزدىن توختۇتۇپ يانچە قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدۇم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ زادى قانداق بولۇپ بۇنداق پىشكەلچىلىككە ئۇچرىغىنىنى شۇنچىلىك بىلگىم بار بولسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېچنىمە سورىمىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن يەنە نەچچە كۈن ئەستايىدىل خەۋەر ئالدىم. بۇ كۈنلەردە ئۇ گەپ قىلىشقا شۇنداق تەقەززا بوپ كەتكەن بولسىمۇ لىكىن ئاۋازى تىشىغا چىقمايۋاتاتتى، ئاۋازى چىقمىغانسىرى ئۇ شۇنچە چىڭقىلىپ كىتەتتى. مەن ئۇنىڭ تىخىمۇ چارچاپ يەنە ئىغىرلىشىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلغىلى قويمىدىم، بىر تۇرۇپ ئۇنى ئەمدى سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالارمۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ قالدىم. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كيىن سەمەتنىڭ يارىسىدا خىلى چوڭ ئۆزگۈرۈش بولۇشقا باشلىدى، ئۇ مىنىڭ ياردىمىمدە تىينىپ ئولتۇرالايدىغان بولدى، بىراق يەنىلا ئاۋازى چىقماي قىينىلاتتى. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى دۇمبە قىسمى ئىغىر زەخمىلەنگەچكە شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدىم. شۇنداق داۋا قىلىپ يۈرۈپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن سەمەت ئىلگىرىكىدىن ناھايىتى ياخشى بولۇپ تۇنجى قىتىم مىنىڭ ياردىمىمسىز ئورنىدىن تۇرالىدى. بۇ ھال مىنى ناھايىتى خۇشال قىلدى، سەمەتمۇ ئۆزىنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى ھەتتا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئىقىپ كەتتى. بەلكىم شۇ كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات قالىدىغانلىقىغا، يورۇق دۇنيانى يەنە كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن بولسا كېرەك!...يارىسىمۇ توپا بىسىۋەرگەچكە قۇرۇپ قوماچ بولۇپ قالغان ئىدى، دىمەك شۇ قوماچ قىتىپ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتسىلا بەدىنى يىڭىدىن ئەتلىنەتتى. مەن ئۇنى سەل كۈن كۆرسۈن دەپ بىر كۈن تەرلەپ ئولتۇرۇپ چىدىرنىڭ ئۈستىنى ئىچىلىپ يىپىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتتىم، ئادەتتە كۈن چىققاندا ئۈستىنى ئىلىۋەتسەك ئادەم ناھايىتى راھەتلىنىپ كىتەتتى، يەنە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۈستىنى يىپىۋىتىپ خەتەرلەردىن دالدىلىناتتۇق. بۇ نەچچەكۈن ئىچىدە تەلىيىمىزگە يارىشا بىرەر نەرسە بىزنى بايقاپ قالمىدى، بولۇپمۇ ئالۋاستىلار. چۈنكى مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ئەجىر قىلمىدىم، تاڭ يورۇشى بىلەنلا پەسكە چۈشۈپ ئەتراپتىكى قان تامچىپ قالغان بارلىق جايلارنى كۆمۈۋەتتىم، مىنىڭ نەزىرىمدە ئالۋاستىلار قان ئىزىنى بويلاپ بىزنى تىپىۋىلىشى ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى شۇڭا ئۇلارغا يوچۇق قالدۇرمىدىم، سەمەت خەتەرگە يولۇققاندىن باشلاپ كەچلەردىمۇ ئۇلارنىڭ بىزنى تىپىۋىلىشىدىن ئەنسىرەپ ناھايىتى ھوشيار تۇردۇم. شۇنىڭغا يارىشا ئالۋاستىلار ھەقىقەتەن بىزنى بايقىيالمىدى. سەمەتنى كۈتۈش جەريانىدا تولا يول يۈرۈپ پۇتۇممۇ ساقىيىپ كەتتى، شۇڭا كۆپ ئىشلاردا بۇرۇنقىدەك قىينالمايدىغان بولدۇم. ئەمما مىنىڭ ساقىيىشىمغا دىيىشىپ قويغاندەكلا سەمەتنىڭ ئىغىر يارىلىنىپ يىتىپ قالغىنى قىززىق تۇيۇلاتتى. بۇ بەلكىم«ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بارەي!...»دىگەن سۆز شۇ بولسا كېرەك. نەچچە كۈن خاتىرجەم ئارام ئىلىپ ئەمدىلىكتە توكۇراخۇندەك دىكوسلاپ يۈرۈپ پۇتۇمنىمۇ

ساقايتىۋەتكەن ئىدىم. ئەمدى ما سەمەت تىزرەك بىر ساقايسا بولاتتى، پىلانلىرىمىز پىلان پېتى قىپ قالماس ئىدى. شۇ كۈنلەردە سەمەتمۇ ياخشىلىنىپ ئورنىدىن تۇرالىغۇدەك بولدى بىراق يەنىلا سۆزلىگەندە ناھايىتى قىينىلاتتى. ئادەتتە نەچچە جۈملە ئاددىي سۆزلەرنىمۇ دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئاران قىلاتتى، ئېھتىمال دۈمبە قىسمىنىڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىشى سۆزلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك!...شۇڭا ۋاقتىنچە ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى سورىمىدىم. كۈنلەر شۇ پېتى نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بىزمۇ تاپالىغىنىمىزدا يەپ بولمىسا ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيىنى ئىچىپ يۈرۈپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇق. گەرچە ئۆسۈملۈك سۈيى قىرتاق بولسىمۇ ئەمما بۇ ئەتراپتىن سۇ دىدارى تاپالمىغاچقا شۇنداق قىلماي ئامال يوق ئىدى. ھەم نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئۇسسۇزلىقىمىزنى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا قاندۇرىۋاتقان ئىدۇق. مەلۇم بىر كۈنى ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ ئاسماننى قاپقارا بۇلۇتلار چىرماپ ئالدى، قارىماققا يامغۇر يېغىش ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىدى. تۇرۇپلا ھاۋانىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ھەيران قالدىم، ھەم مەن كىرگەندىن باشلاپ بۇ جايدا بىرەر قېتىم بۇنداق ھاۋا تۇتۇلغاننىمۇ ھەم كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. كۆڭلۈم بىرەر چوڭ ئىش چىقىدىغانلىقىنى سىزىپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ سەمەتنى ياخشى كۈتۈش ئۈچۈن ئۇۋغا چىقىشنى توغرا تاپتىم. ھەمدە سەمەتنى ئاستا ئويغىتىپ ــ: سەمەت...مەن يېگۈدەك بىرنەرسە تېپىپ كېلەي، سەن سىرتقا ھەرگىز چىقما بىلدىڭمۇ. ئەگەر بىرەر ئىش بوپ قالسا بار ئاۋازىڭ بىلەن ۋارقىرا مەن تېزلا يېتىپ كېلىمەن!..........دېدىم بوشقىنە. سەمەتمۇ كىكەچلەپ تۇرۇپ ــ: ما...ما...م...ماقۇل، با...با...با...بالدۇر......راق كى...كى...كى!.......... ئۇنىڭ سۆزلىيەلمەي قىينىلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ گەپ قىلىشتىن توسۇپ قويدۇم ــ: بولدى كۆپ گەپ قىلماي ياخشى ئارام ئال، چوقۇم بالدۇر قايتىپ كېلىمەن!...... مەن شۇنداق دەپ خەنجىرىمنى يېنىمغا ئېسىپ يۇلغۇنلۇق تەرەپكە يول ئالدىم. ئەپسۇس بۇ خوشلىششىمنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن!...مەن چىدىردىن ئايرىلىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن دائىم ئوۋ ئىزدەيدىغان دائىرىگە يېتىپ كەلدىم بىراق نەچچە سائەت چۆرگىلىگەن بولسامۇ ئەمما بۈگۈن بىرەر تال توشقاننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاخىرى تاقەتسىزلىنىپ جايىمنى يۆتكەپ باشقا جايغا قاراپ ماڭدىم. بۇ تەرەپتىمۇ پاكارراق ئۆسكەن يۇلغۇنلار ھەم تىكەنگۈللەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ ياۋا توشقانلار ئادەتتە مۇشۇنداق جايلارغا كۆپرەك يوشۇرۇنىۋالاتتى. بىراق بۈگۈن قىرىشقاندەك بۇ جايدىمۇ توشقاننىڭ ئىزناسىنى ئۇچقىتالمىدىم. قىززىق ئىش!...ئادەتتە دائىملا ئۇركۈپ ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ يۈرىدىغان توشقانلار بۈگۈن نەسلى قۇرۇپ كەتمىگەندۇ؟ ...تۇرۇپلا بۇ ئىشلارنى ھاۋارايى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك ھىس قىلىپ قالدىم. دېمەك ئۇلار ناچار ھاۋارايىدا ئۇۋىسىدىن چىقمايدىكەندە!.....شۇنداق خىياللارنى قىلىپ تۇرغىنىمدا ئالدى تەرەپتىكى بىر ـ بىرىگە يۆگىشىپ زىچ ئۆسۈپ كەتكەن تىكەنگۈلنىڭ ئارىسىدا بىر نەرسىنىڭ تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم. خىيالىمدا ئۇ چوقۇم ياۋا توشقان ئىدى، چۈنكى

ئالۋاستىلارنىڭ بۇنداق كۈندۈزدە سىرتتا يۈرىشى مۇمكىن ئەمەستە!...شۇئان ئامىتىمنىڭ كەلگىنىدىن خۇشال بولۇپ مۇشۇ بىرسىنى بولسىمۇ ئامال قىلىپ تۇتىۋېلىش كويىدا شەپە چىقارماي ئاستا ـ ئاستا ئىگىشىپ تىكەنگۈل تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، چاققانلىق بىلەن ئۇنى تېز تۇتىۋېلىش ئۈچۈن خەنجەرنىمۇ قولۇمغا ئېلىپ بولغان ئىدىم. ئۇنى چوقۇم شۇ جايىدا مىدىرلىماي تۇرىۋالدى دەپ پەرەز قىلىپ يېقىنلاپ كەلگەندە چاققانلىق بىلەن قىلىچىمنى چاپتىم بىراق ئۇ ئاللىقاچان قېچىپ بولغان ئىدى. ئىنكاسىمنىڭ ئاستا كېلىپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ تۇرغاندا تېئۇش ئارقا تەرىپىمدىن كېلىپ قالدى، سەزگۈمگە ئاساسلانغاندا ئۇ مېنىڭ ئارقامدىلا ئىدى. ئۆرۈلەي دېدىمىيۇ بىراق نىمىنىڭ تەسىردىنكىن دەماللىققا ئارقامغا ئۆرۈلەلمەي دەقىقىلىك خىيالغا چۆكتۇم«ئەگەر ئارقامدىكىسى ياۋا توشقان بولسا ئۇ ھەرگىز قېچىپ كېتىپ بولۇپ يەنە ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئىتتىرمەيدۇ، ياكى بولمىسا ئۇ!...»بىر شۇم خىيالنىڭ كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈشى بىلەن تەڭ ئارقامغا ناھايىتى تېز ئۆرۈلدۇم، ئەمما ئارقامدىكى نەرسىمۇ ماڭا تاشلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇ باشقا نەرسە بولماستىن دەل چىرىپ كەتكەن جەسەت ئىدى. ئارقامغا ئۆرۈلۈش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردۇم، تاشلىنىپ كېلىۋاتقان جەسەت ئالۋاستى ئىككى پارچە بولۇپ ئالدىمغا چۈشتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ جىددىيلىكىم يەنە نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى خىيالىمدا ئۇ ئالۋاستىلارنى كۈندۈزدە سىرتتا چىقالمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن ئەمما ئۇلار بۈگۈن كۈندۈز بولسىمۇ سىرتتا بىمالال چىقالىغان ئىدى. دىمەك ئۇلارنىڭ جىسمىنى كۆيدۈرىدىغان كۈن نۇرىنى بۈگۈن قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. نىمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرغاندا ئەتراپتىكى يۇلغۇنلار ئارىسىدىن توختىماي ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى، دىمەك ئەتراپىمدا نرغۇنلىغان ئالۋاستى بارلىقى ئىنىق ئىدى. مەن دەرھاللا چىدىر تەرەپكە قاراپ قاچتىم، بايىدىن بىرى ئۆلجىنىڭ ئۆز دائىرىسىگە كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئالۋاستىلار بىردىنلا يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن قۇتراپ چىقىپ كەينىمدىن قوغلاشقا باشلىدى. چىدىر تەرەپكە قىچىۋاتقۇچە يارىلىنىپ نىمجان ياتقان سەمەت يادىمدىن كىچىپ ئۆتتىدە ئالۋاستىلارنى ئۇنىڭ تۈيىگە باشلاپ بارماسلىق ئۈچۈن يۆلۈنۈشۈمنى ئۆزگەرتىپ ئالدىدا قاپقان قۇرۇپ قويغان دەرەخلىك تەرەپكە قاراپ قاچقاچ كەينىمدىن كېلىۋاتقان ئالۋاستىلارغا پات ـ پات قاراپ قويدۇم. ئۇلار مىنى قوغلىغانسىرى سانى كۆپىيىپ كىتىۋاتاتتى، ئۇ جايغا ئالداپ ئاپارغان بىلەنمۇ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس يوقىتالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئارتۇقىنى ئويلىماي بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈرۈپ دەرەخلىك ئارىسىغا شۇڭغۇدۇم...ئالۋاستىلارمۇ تاپ باستۇرماي قوغلاپ كىلىۋاتاتتى. ئۇلارنى باشلاپ بىر قىلتاقنىڭ تۈيىگە كىلىپ يۈگۈرىۋاتقاچ تىرەپ قويۇلغان دەرەخ غولىنى ئاجرىتىۋەتتىم. دەرۋەقە ئارقامدىن قوغلاپ كىلىۋاتقان ئالۋاستىلاردىن ئالتە يەتتىسى بىراقلا كەينىگە قاڭقىپ كەتتى، لىكىن يوقالغان يوقالمىغانلىقى نامەلۇم......يەنە داۋاملىق قېچىپ چوڭقۇر كولاپ ئۈستىنى يېپىپ قويغان قاپقان تەرەپكە يىتىپ كەلدىم. ئورەك چوڭقۇر كولانغاندىن سىرت ئىچىگە

ئۇچلۇق ياغاچلارنى سانجىپ قويغان ئىدۇق. مەن پۈتۈن سۈرئىتىپ بىلەن يۈگۈرۈپ كىلىپ كۆچەپ سەكرەپلا قاپقاندىن ئۆتۈپ كەتتىم بىراق ئارقامدىن ئىز قوغلاپ كىلىۋاتقان ئالۋاستىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قاپقانغا چۈشۈپ ئۇچلۇق ياغاچلارغا مىقلىنىپ قالدى. كىلىپ قارىغىنىمدا بولىسا ئۇلار ھەرخىل ئاۋازدا چىرقىرىغىنىچە ياغاچلارغا مىقلانغان ھادا ياتاتتى، مەن دەرھال بۇ جايدىن ئايرىلىپ چىدىر تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم، يەنە نىملەردۇر مىنىڭ ئەتراپىمدا ئۇيىاقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. كىتىۋاتقىچە كۆڭلۈم بىر ئەنسىزچىلىكنى سىزىپ قالدى، شۇ تاپتا خىيالىم سەمەتتە قالغان ئىدى. مەن سۈرئىتىمنى تىخىمۇ تىزلىتىپ چىدىرغا يىتىپ كەلدىم ئەمما كۆرگىنىم قانلىق مەنزىرە ئىدى. تىخىمۇ جىددىيلىشىپ سەمەتنى تىۋۋلىغاچ دەرەخنىڭ يىنىغا كەلدىم، ئەتراپ قانغا مىلەنگەن بولۇپ قانمۇ تىخى تولۇق قىتىپ بولمىغان ئىدى، دىمەك سەمەتكە خەتەر يەتكەندەك قىلاتتى. ئۈستىگە قاراپ شۇنچە تىۋۋلىغان بولسامۇ جاۋاپ كەلمىگەندىن كىيىن گۇمانىمنىڭ توغرىلىقىنى ھىس قىلىپ دەرھال ئۈستىگە يامىشىپ چىقتىم، بىراق سەمەت يوق تۇراتتى. شۇندا ئىپلىنىڭ ئۆلۈمى يادىمغا يىتىپ پەسكە چۈشۈپ قان ئىزىنى بويلاپ سەمەتنى ئىزدەشكە ئاتلاندىم!.............

ئالۋاستى ئۇۋۋچىسى(4 ـ باب7 ـ قىسىم)

مەن قان ئىزىنى بويلاپ بارغىنىمدا ماڭا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا سەمەت قىلىچىنى شىلتىپ ئالۋاستىلار بىلەن تىركىشىۋاتاتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ئالۋاستىلارغا ئىتىلدىم، ئاچچىقىمدا ئۇلارنىڭ ئالدىمغا كەلگەنلىكى ھەممىسىنى پارچىلاپ تاشلىدىم. سەمەتنىڭ يىنىغا كەلگىنىمدە بولسا ئۇ قانغا مىلەنگەن ھالدا ئولتۇراتتى، بىر قولى ئۈزۈلگەن بولۇپ ياردىن شۇلدۇرلاپ چىقىۋاتقان قانغا قاراپ ئىچىم ئىچىشىپ كەتتى. مەن دەرھال ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم، سەمەت تىترەك ئاۋازدا ـ: ئوت...ئوت چىقىرىدىغان......ئالۋاس...تىدىن، ھە...ھەزەر ئەيلەڭ ئاكا...ئۇ ئۇ!......... ـ: بولدى كۆپ سۆزلىمە، سىنى ئىلىپ كىتىپ تولۇق ساقايتىمەن. يەنە بۇرۇنقىدەك ناھايىتى تىمەن ھەم پالۋان بولۇپ كىتىسەن قوقما، سىنى چوقۇم ساقايتىمەن!......... مەن شۇنداق دىگەچ ئۇنى يۆتكىمەكچى بولدۇم، بىراق سەمەت قولۇمغا چىڭ ئىسىلىپ ـ: يا...ياق، مەن...مەن ئەمدى ساقىيالمايمەن...سى...سىز ئۆزىڭىزگە دىققەت قى...قىلىڭ!......ب...بىز ئۇچۇن...ئىنتىقام ئىلىڭ...چو...قۇم...شۇنداق قىلىڭ!........... ئۇ شۇنداق دەپلا ئاستا ـ ئاستا بوشىشىشقا باشلىدى. مۇرەمدىن چىڭ تۇتقان قوللىرى ئاستا بوشاپ پەسكە ساڭگىلاپ قالدى، مەن تىخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم ـ: سەمەت، ئۇخلاپ قالما...ھەرگىز كۆزۈڭنى يۇممىغىن!...مەن سىنى ھازىرلا ئىلىپ كىتىپ داۋالايمەن، بىز توپا خارابىلىقىقا قايتىپ كىتىمىز شۇ جايدىن ئامال قىلىپ ئۆيگە قايتىمىز، بۇنداقلا بەل قويۇۋەتسەڭ ھەرگىز بولمايدۇ...ئۇخلاپ قالما، كۆزۈڭنى ئاچ ئۇخلاپ قالما!........... سەمەت سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ گەپ قىلاي دىدىيۇ لىكىن سۆز قىلىشقا ماغدۇرى يەتمىدى، پەقەت مەنىلىككىنە كۈلۈپ قويۇپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى. شۇنداق ئۇ، بۇ دۇنيا بىلەن

مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئىدى. شۇ تاپتىكى غەزىپىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيتىم، مەن ئۇنى تووۋلىغىنىمچە قاتتىق يىغلاپ تاشلىدىم. ئەلۋەتتە بۇ چاغدا ئەتراپتىكى ئالۋاستىلارمۇ بارغانسىرى كۆپىيىۋاتاتتى، بىراق مېنىڭ خىيالىمدا سەمەتنىڭ ئۆلۈمىدىن باشقا ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. نىمىلەر كىلىۋاتىدۇ، نىمىلەر قىچىۋاتىدۇ ئەسلا خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. سەمەتتىن چىققان قان ئەتراپىمىزنى قىپقىزىل بوياپ بولدى، شۇندا ئۇنىڭ جەسىدىنى كۆتۈرۈپ بىر ئويمانغا قويدۇم ھەمدە ئۈستىگە يوپۇرماقلارنى تاشلاپ قويغاندىن كىيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ چوڭ بىر ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدىم. بەلكىم بۇ ئۇرۇش ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ جەڭ بولۇپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. قولۇمغا سەمەتنىڭمۇ خەنجىرىنى ئالدىمدە ئەتراپقا قارىدىم، ئالۋاستىلارمۇ ئەتراپىمنى پۈتۈنلەي قورشاپ بولغان بولۇپ ماڭا بارغانسىرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېقىنلاپ كىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە قان تولدى، ئىككى قولۇمدا ئىككى خەنجەرنى چىڭ تۇتقان ھالدا تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ ئالدى تەرەپكە ئېتىلدىم، ئالۋاستىلارمۇ خۇددى شۇنى كۈتىۋاتقاندەك بىراقلا مەن تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئاسماندىمۇ قاتتىق چاقماق چىقىپ يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئالۋاستىلارغا تاشلاندىم، ھەر بىر ئۇرغان خەنجىرىم بىر ئالۋاستىنى پارچىلايتتى، ھىچ بىر قورۇپ شىلتىپمۇ قالمىدى. قىرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئالۋاستىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەچكىمىكىن غەزىپىم چېكىگە يەتكەن ئىدى. كۆڭلۈمدە ھايات قىلىش دەيدىغاندىن ئەسەر يوق، پەقەت ھاياتىم ئاخىرلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن كۆپلىگەن ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاچچىقىمنى چىقىرىۋىلىشنىلا ئويلايتتىم. ئىلىشىۋاتقىچە تۇرۇپلا كۆكرىكىم، تۇرۇپلا قولۇم، يەنە تۇرۇپلا مۈرەم قاتتىق ئاغرىپ كىتەتتى بىراق ئاچچىقىنىڭ دەستىدىن بۇلارغىمۇ پەرۋا قىلمىغان ئىدىم. بىر ئازدىن كىيىن بەدىنىمدىن قان ئىقىشقا باشلىدى، شۇندىلا ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇلار تەرىپىدىن يارىلانغانلىقىمنى بىلدىم، بۇ چاغدا تىخىمۇ ۋەھشىلىشىپ كەتكەن ئىدىم. ئالۋاستىلارغا قەھرىم بىلەن ئېتىلىپ كىلىپ قىلىچ ئۇراتتىم. شۇنداق ئىلىشىپ يۈرۈپ خىلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، يامغۇرمۇ كۈچىيىپ شارقىراپ يىغىۋاتاتتى. يامغۇر كۈچەيگەنسىرى قاتتىق ھارغىنلىق ھىس قىلىشقا باشلىدىم، ئالۋاستىلارغا شىلتىغان قىلىچىممۇ بىردىنلا ئاستىلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدىلا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم، ئەتراپىم پۈتۈنلەي جەسەتلەرگە تولغان بولۇپ بىرلىرى ماڭا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلسە، يەنە بىرلىرى پارچىلانغان ھالدا يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. يىنىمدىراق ئۈچ ـ تۆت جەسەت مىنىڭ جەڭ قىلىۋاتقان پۇرسىتىمدىن پايدىلىنىپ سەمەتنىڭ جەسىدىنى تارقۇشلىشىۋاتقان ئىدى. شۇئان مىگەم چاراسلاپ غەزەپ بىلەن ئۇلار تەرەپكە ئېتىلىپ بىرىپ چانىغانچە مانتىغا توغرالغان قىيمىدەك قىلىۋەتتىم. بىراق سەمەتنىڭ بەدىنىنىڭ خىلى كۆپ قىسمى يېيىلىپ بولغان ئىدى. يامغۇر ئۇنىڭ قىنىنى ئىقىتىپ كەتكەن بولۇپ گۆشسىز قالغان سۆڭەكلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇنى ياخشى قوغدىيالمىغىنىم ئۈچۈن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم، بىراق ھىچ ئىش بۇنىڭلىق بىلەن ئەسلىگە

كېلىپ قالمىدى. ھازىر مەن پەقەت ئادەمنى يىيىشنىلا بىلىدىغان بۇ كاللىسى تورمۇزلانغان غەلىتە مەخلۇقلارغا لەنەت ئوقۇغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالغان ئىدىم. تىنىقلىرىم ناھايىتى ئېغىر چىقاتتى، قاتتىق ياققان يامغۇر ياشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ مەڭزىمنى بويلاپ ئاقاتتى. مەن قايتىدىن يەنە كۈچ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولۇپ ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ھەمدە ماڭا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئالۋاستىلار تەرەپكە قايتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتۈم. ئۇرۇشنىڭ قانچىلىك داۋاملاشقىنىنى بىلمەيمەن ئەمما ناھايىتى قىززىق بىر ھارارەت قۇلۇقۇمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندىلا دەرھال ئېسىمگە كەلدىم. مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر قارا تۇمان، يەنى ئىككى كۆزى قىپقىزىل يېنىپ تۇرغان لېكىن نە قولى ياكى پۇتى يوق، ھاۋادا لەيلەپ تۇرغان، ئۈستىگە قارا يېپىنچا ئارتىۋالغان بىرى تۇراتتى. بىراق قانچە قارىساممۇ بۇ تۇمانغا ئوخشاش ھاۋادا لەيلەپ تۇرغان نەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئەتراپىم پۈتۈنلەي جەسەتلەرنىڭ پارچىلىرى بىلەن تولغان بولۇپ يەنە بىر تۈركۈم جەسەتلەر ئۇ قارا نەرسىنىڭ ئارقىدا خۇددى بۆيرۈق كۈتىۋاتقان ئەسكەرلەردەك تىزىلىپ ماڭا خىرىس قىلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ نىمە قىلىشىم كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەي تىڭىرقاپ قالدىم. دەل شۇ پەيتتە تۇمانسىمان قارا نەرسە يېپىنچىسىنىڭ ئىچىدىن ئىككى قولىنى چىقىرىپ بىر ـ بىرىگە يۇمۇلاق ھالەتتە تۇتىۋىدى ئوتتۇرىسىدا قىپقىزىل چوغدەك نەرسە ھاسىل بولدى، ئۇ شۇئان قولىدىكى ئوت شارچىسىنى ماڭا كۈچەپ شىلتىۋىدى ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا ئاران ئۈلگۈردۈم، ئەمما قولۇمغا سۈركىشىپ ئۆتۈپ كىيىمىنى كۆيدۈرۈپ قويدى. شۇندىلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى نەرسە ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىپ يەتتىم. بىراق بۇ كەيپىياتىمدا ئالدىمدىكى بۇ نەرسىدىنمۇ يانمىدىم، چۈنكى مەن ھايات قېلىشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. شۇڭا ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھۇجۇم قىلدىم، بىراق ئىش مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. قىلىچىمنى ئۇنىڭغا توغۇرلاپ ئېتىلىپ بارغىنىمدا ئۇنىڭ پىلاچىنى يىرتىپ ئۆتۈپ كەتتىم بىراق ئۇ تۇمانسىمان نەرسە بىر توزۇپلا يەنە ئەسلىگە كېلىپ قالدى، بۇ چاغدا جەسەت ئالۋاستىلارمۇ ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مەن قۇربىم يەتكەنلىرىنى چاناپ پارچىلاپ ئۆلگۈردۈم بىراق ھالسىزلانغانسىرى ئۇلار كۈچلۈك كېلىشكە باشلىدى. ئاخىرى شۇنچە تىركەشكەن بولساممۇ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدىم، شۇ تاپتا ئېغىزىدىن قان تېمىپ تۇرغان جەسەتتىن بىرسى ئۈستۈمگە چىقىۋېلىپ ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ مىنى چىشلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا قارشى تۇراي دەپ شۇنچە تىركەشكەن بولساممۇ ئەمما كۈچۈم يەتمىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مىنى ۋەھشىيلەرچە يەۋېتىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. مىنى بىسىۋالغان ئالۋاستى زەردە بىلەن چىشلەشكە ئۇرۇنىۋاتاتتى، جان ھەلقۇمغا يەتكەن شۇ دەقىقىدە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ ئۈلگۈردۈم ھەمدە ئاستا كۆزۈمنى يۇمدۇم. بىراق قاتتىق بىر ھۆركىرەك ئاۋاز چىقىشى بىلەن تەڭ ئالۋاستىلار توختاپ قالدى ھەمدە ئاستا كەينىگە يېنىپ ھىلىقى قارا نەرسىگە يول ئېچىپ بەردى شۇندىلا ئۇنىڭ ئالۋاستىلار شاھى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يەتتىم. ئۇ ئاستا ئۈچۈپ يېنىمغا كېلىپ ماڭا بىردەم قاراپ

تۇرغاندىن كېيىن ئالۋاستىلارغا بۇيرۇق قىلدى، ئالۋاستىلارمۇ شۇئان مىنى تۇرغۇزۇپ مىدىرلاتماي چىڭ تۇتۇپ تۇردى. ئالۋاستى شاھى ماڭا تىخىمۇ يېقىنلاشتى ئارىلىقىمىز نەچچە سانتىلا قالغاندا ئۇنىڭ قىپقىزىل يېنىپ تۇرغان كۆزىنىڭ نۇرىدا يۈز قىسمىنىڭ پۈتۈنلەي چىرىپ سۆڭىكىلا قالغانلىقىنى ھىس قىلدىم، شۇنچە يۇلقۇنغان بولسامۇ ئەمدى كىچىككەن ئىدىم. ئالۋاستى شاھىنىڭ بىر نىمىلەرنى دەپ ھۆركىرىشى بىلەن تەڭ بەدىنىمدە ئۆزۈممۇ تەسۋىرلەپ بىرەلمەيدىغان بىر خىل سىزىم تاراشقا باشلىدى، خۇددى بىرسى تىنىمنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك پۈتۈن بەدىنىم ئۆزۈمگە بويسۇنماستىن مەندىن ئاجراپ چىقىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇشقا باشلىدىم. شۇنداق بولغانسىرى تىنىم ئاجىزلاپ قوللىرىم قۇرۇشقا باشلىدى، كاللامدىكى ساقلانغان پۈتۈن ئەسلىمىلەرمۇ بىر ـ بىرلەپ يۇيۇلىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ روھىمنى شوراۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ يەتتىم، بىراق ھىچ قارشىلىقسىز قاراپ تۇراتتىم، ئۆزۈممۇ تۇيمايلا بىھۇشلىنىشقا باشلىدىم. بىردىنلا مەلۇم بىر كۈچنىڭ قاتتىق سىلكىشى بىلەن چۆچۈپ ئىسىمگە كىلىپ ئۇنىڭ تىنىمدىن شامالغا ئوخشاش بىر نەرسىنى شوراتۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئالۋاستىلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ قولۇمدا چىڭ تۇتىۋالغان خەنجەرنى ئالۋاستىنىڭ چىرايىغا زەردە بىلەن سانجىدىم. دەرۋەقە بۇنىڭ ئۈنۈمى بولۇپ ئالۋاستى شاھى قاتتىق ھۆركىرىگىنىچە ئۆزىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ بىخۇدلىغىدىن پايدىلىنىپ يولۇمنى توسۇپ تۇرغان ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرۈپ يول ئىچىپ توپىلىق تەرەپكە قاراپ قاچتىم. ئارقامدىن ئۇلارنىڭ كىلىۋاتقان ياكى كىلىۋاتمىغانلىقىنى بىلمەيمەن، كاللام قۇپقۇرۇق ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە بايىقى جەڭدە يارىلانغاچقا پۈتلىرىمۇ گالۋاڭلىشىپ كىتىۋاتاتتى. شۇنداق ئىگىز پەس مىڭىپ كىتىۋاتقاچ قوللۇرۇمنىڭ تىرىسى سۆڭۈككە چاپلىشىپ ئىسكىلىتتەكلا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتىم، بىراق ھازىر بۇلارنى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. خىلى ئۇزاق يۈرگەندىن كېيىن بىز كەلگەن توپا خارابىيلىقىقا تۇتىشىدىغان كەڭ كەتكەن توپىلىققا يىتىپ كەلدىم، يامغۇرمۇ ھىچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە تىخىمۇ قاتتىق يىغىشقا باشلىدى. شۇنداق مىڭىپ ئاخىرى پۈتۈنلەي ماغدۇرۇمدىن كەتتىم كۆڭلۈمدە«نىمە كۆرسەم كۆرەي!...»دەپلا پاتقاقلىققا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. شۇ تاپتا بىرەر مۆجىزىنىڭ يۈز بىرىشىنى تىلەيتتىم، ئۇنىڭغىچە ئالۋاستىلارمۇ پالاقشىغىنىچە يىتىپ كىلىشكە باشلىدى. ئەمدى مۆجىزىدىن ئۈمۈد كۈتۈشمۇ ئەخمىقانىلىك ئىدى. بۇنداق جانسىز ھالدا ياتسام قانداقمۇ مۆجىزە يۈز بىرىدۇ دەيسىلەر!...شۇندا ھەقىقەتەن مۆجىزە يۈز بىرىپ ماڭا يېقىنلا كىلىپ قالغان ئالۋاستىلار تۇۋىمدىن خۇددى مىنى كۆرمىگەندەك پالاقشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مىنى كۆرمىگىنىدىن ھەيران قالدىم، ئۇلار خىلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن جانسىز بەدىنىمنى تەسلىكتە مىدىرلىتىپ يۆرۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم، ئۇلار نىمىشقا مىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كىتىدۇ؟ بۇ ئىشقا ھىچ ئەقلىم يەتمەيۋاتاتتى، تۇرۇپلا ئۈستى ـ بىشىمغا قارىدىم...ھەممە

يېرىم لايغا مىلەنگەن بولۇپ ئۆزۈمگىمۇ ئوخشىمايلا قالغان ئىدىم. شۇندىلا ئۇلارنىڭ مېنى بايقىيالماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يېتىپ چوڭ بىرنى تىنىۋالدىمدە شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قايتىدىن ئۆزۈمنى تاشلىدىم. بېشىم ھىلىمۇ قاتتىق قىيىپ كېتىۋاتاتتى، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا ھىسياتقا كېلىپ قالدىم. ھەم ئۆزۈممۇ سەزمەستىن كۆزلىرىم ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلۇشقا باشلىدى!............

ئالۋاستى ئوۋچىسى(4 ـ باب8 ـ قىسىم)

ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ياتقىنىمنى بىلمەيمەن ئەمما ئويغانغىنىمدا بولسا يەنىلا شۇ تۈپىلىقتا ئىدىم. ئاللىقاچان يورۇقمۇ چۈشۈپ بولغان بولۇپ بىر كۈنلۈك قاتتىق يامغۇردىن كېيىنمۇ ھەممە جاي قىقىرچىلىقتا تولغان ئىدى. مەن تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۈستى ـ بېسىمغا قارىدىم، شۇ تاپتىكى ھالىتىم لاي قونچاققىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ بىر قارىغان ئادەم مېنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيلا قالاتتى. ياخشى يېرى لاي قېتىپ جاراھەتلىرىمدىن چىققان قاننى توختىتىپ مېنى قانسىراپ كېتىشتىن قۇتقۇزغان ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ئاخشامقى شۇنداق چوڭ قاباھەتلىك جەڭدىن ئامان قالغىنىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتى ھەم بۇ ھايات قېلىشىنىڭ چوقۇم بىر سەۋەبى بارلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. دىمەك بۇ خارابىيلىقنىڭ سىرىنى يېشىدىغان«ئاخىرلاشتۇرغۇچى»كەلگۈچە مەن ھايات قىلىشىم كىرەك ئىدى. چۈنكى بۇ جاينى بىردىنبىر ئىزىپ قالماي تولۇقى بىلەن بىلىدىغان ھەم بۇ جايدا ئەڭ ئۇزۇن ياشىيالىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۈستى بېشىمدىكى قېتىپ قالغان لايلارنى پاكىزە تازىلىۋېتىپ تاش خارابىيلىق تەرەپكە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ كەتكەندىن كېيىن نىملەرنىدۇر كۆڭلۈمگە پۈكۈپ باشتا كىرگەن خارابىيلىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم...... مەن يېتىپ كەلگەندە بولسا بۇ جاي يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى. قورسۇقۇم ئىچىپ، چاڭقاپ كەتكەچكە ئۇدۇل دەرەخزارلىققا باردىم ھەمدە ئۇ جايدىكى مېۋىلەردىن ئۈزۈپ تازا يەۋالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئازراق مېۋىنى ئۈزۈۋېلىپ سىلەر مېنى يارىلانغاندا ئەكىرىۋالغان ئۆڭكۈرگە يېنىپ كېلىپ ئۇزاقتىن ئۇزاق خىيالغا چۆكتۈم. باشتىن ـ ئاخىر ھەممىسى بىر چۈشتەكلا بىردەمدىلا يۈز بىرىپ ئۆتۈپ بولغان ئىدى، مانا ھازىر بولسا يەككە ـ يېگانە ھالدا بۇ ۋەھىملىك خارابىيلىقتا ئۆزۈم يالغۇز قالغان ئىدىم. مۇڭدىشىدىغان، خەتەرلەرگە بىللە ھەمنەپەس بولىدىغان ھىچكىمىم قالمىغان ئىدى، بۇلارنى ئويلىساملا ئىچىم ئاچچىق بولۇپ بوغۇزۇمغا يىغا قاپلىشاتتى. ئەمدى قەيەرگە بېرىش كېرەك؟ ...مۇشۇ جايدا ئۆلۈم يېتىپ كەلگۈچە ياشاش كېرەكمۇ ياكى ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىپ مەنىلىك ئۆلۈپ كېتىش كېرەكمۇ؟ ......ئويلىغانسىرى ھىچ ئىش كاللامغا كەلمەيۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ بىر كۈن ئۆڭكۈرگە سولۇنىۋېلىپ نۇرغۇن ئىشلارنى خىيال قىلىپ چىقتىم، كەچ كىرەردە بەك چارچاپ كەتكەچكىمىكىن ھەم سەل بىئارام بولۇپ ئۆزۈممۇ تۇيمايلا ئۇيقۇغا غەرق بوپتىمەن. كېچىچە شۇنداق غەيرى چۈشلەرنى كۆردۈم، چۈشۈمدە مەن بىر ئالۋاستى بولۇپ قاپتىمەن ھەم ئالدىمغا ئۇچىرىغان ئادەملەرنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ

يەۋاتقۇدەكمەن، ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق نالىلىرى خىيال پىكىرىمگىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ. ئۆزۈمنىڭ ھەم بۇنداق ۋەھشىيلىشىپ كېتىشىمنى نورمال ئەھۋال ھىساپلايتىم، ھەتتا ئەتراپىمدىكى ئالۋاستىلارمۇ مەندىن ھېچقانداق ئولجا ئالالماي ماڭا قارشى تۇرغان بولسىمۇ نەتىجىدە ھەممىسىنى دىگۈدەك پارچىلاپ ئۆلتۈرىۋەتتىم، بۆرىسىمان مەخلۇقمۇ شۇنچە ئىلىشقان بولسىمۇ نەتىجىدە يەنىلا مىنىڭ قولۇمدا جان بەردى. مەن ئۆزۈم ئولجا ئالغان ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋىلىپ جىرتىلداپ چىقىۋاتقان ئىسسىق قانلارنى زوق بىلەن ئىچىشكە باشلىدىم...... كىچىچە قارا بىسىپ چىققاچقا نىرۋام قالايمىقانلىشىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ھەمدە ئەتراپقا ئالاقىزادىلىك بىلەن قارىدىم. بىراق ھەممە ئىش چۈش بولۇپ ھىلىھەممۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئىدىم. كىچىچە كۆرگەن چۈشلىرىمنى ئويلاپ بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى. «شۇنداقمۇ چۈش كۆرگەن بارمۇ!...»دەپ ئۆزۈمگە غودۇراپ قويۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدىم مۈرەمنىڭ ئاغرىشى بىلەن تەك يەنە جايىمغا ئولتۇرۇپ قالدىم. ـ: قىززىق ئىش، يارىلىرىم خىلى ساقىيىپ قالغان تۇرسا يەنە قانداق بولۇپ ئاغرىيدىغاندۇ؟ ...دەپ ئويلاپ ئاستا مۈرەمنى تۇتتۇم، ئەمما چۆچۈپ كەتتىم. مۈرەمدە يىرتىلغان يارا ئىغىزى بار بولۇپ ھىلىھەم ئىسسىق قان قولۇمغا ئۇرۇلىۋاتاتتى. دەرھال سىرىتقا چىقتىم بۇ چاغدا ئاللىقاچان يورۇق چۈشۈپ بولغان بولۇپ كۆزلىرىم قۇياش نۇرىدا قامىشىپ كەتتى. كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋىتىپ ئۇستى ـ بىشىمغا قايتىدىن نەزەر سالدىم. دەرۋەقە قوللىرىم قانغا بويالغان ئىدى، بۇ ھالنى كۆرۈپ بىر مەھەل ھاڭۋىقىپ قالدىم. يارىلىنىشىمنىڭ سەۋەبى قولۇمدىكى قانلارنىڭ كىلىش مەنبەسىنىڭ نىمىلىكىنى بىلەلمىدىم. شۇڭا ئاخشامقى يارىدىن چىققان قان بولسا كىرەك دەپ ئويلاپ پەرۋاسىزلاچە دورا ئۆسۈملۈكى ئىزدەپ ماڭدىم. دىمىسىمۇ ھەرخىل خەتەرلەرگە ئۇچراۋەرگەندىن كىيىن بۇنچىلىك قان چىقىش مەن ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ قالغان ئىدى. خىلى ماڭغاندىن كىيىن ئۆسۈملۈك قويۇق ئۆسكەن جايغا يىتىپ كەلدىم، بۇ دەل دەرەخزارلىقنىڭ ئەتراپى ئىدى. شۇ ئارىدا دورىلىق ئۆسۈملۈك ئۈزىۋاتقىنىمدا نەچچە دانە چاچقانىڭ ۋىچىرلاشقىنىچە شۇ ئەتراپتا چېپىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدىم... ـ: ئەبلەخلەر!...قەيەرگە قارىسا مۈشۈنىڭ نەسلى قىپ قالىدىكەن دىسە!...يوقۇلۇش، يوقۇلۇش!... مەن شۇنداق دىگىنىمچە يۈتۈمنى شىلتىشىم بىلەن تەك قويۇق چۆپلۈكتىن ئالاھەزەل بىرەر يۈزتال چاشقان ئالاقىزادە بولغىنىچە چىقىپ كەلدى. تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەچكە ئۆزۈممۇ كەينىمگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. شۇنچە كۆپ چاشقان ئولىشىۋالغۇدەك بۇ جاي ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىمىدۇ ياكى بىرەر نەرسە بارمىدۇ!......مەن شۇ خىياللار بىلەن ئاستا ئۇلار قىچىپ چىققان جايغا كىلىپ ئوت ـ چۆپلەرنى قايرىپلا ئىختىيارسىز توۋلاپ سالدىم. چۈنكى چۆپلۈكتە بىشى يىنىدىراق يەردە ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بىر باشسىز جەسەت پۈتۈن ئەزايى تىتىلىپ سۆڭەكلىرى ئىچىلىپ قالغان ھالدا ياتاتتى. چاشقانلار ئۇنىڭ بەدىنى ھەم باش قىسمىنى يەپ بولايلا دەپ قالغان ئىدى. بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم ئۈھسىندىم. ئۇنى كىچىچە ئالۋاستىلارنىڭ ئۆلتۈرىۋەتكەنلىكىنى ئويلىغاچ

تۇرۇپلا كىچىچە كۆرگەن چۈشۈم يادىمدىن كىچىپ ئۆتتى. ــ: توغرا، ئاخشام مەن دەل بىرسىنىڭ بىشىنى ئۈزۈپ قىنىنى ئىچىپ چۈش كۆرۈپ قالغان، ھەم بۆرىسىمان مەخلۇق بىلەن ئىلىشىپ مۇرەم يارىلانغان ئىدى!........... شۇلارنى ئويلاۋىتىپلا تۇيۇقسىز بىشىمدا قاتتىق چاقماق چىقىلغاندەك بولۇپ كەتتى. ھەمدە ئۈزۈممۇ ھىس قىلالمىغۇدەك تىزلىكتە مۇرەمدىكى يارىنى تۇتتۇم. دەرۋەقە بۇ يارا ئىزى دەل بۆرىسىمان مەخلۇقنىڭ تىرناق ئىزى ئىدى. مەن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئىلىشقاندا مەيدەم ئىغىر يارىلانغان. ئۇ قىتىملىق تىرناق ئىزىمۇ دەل ھازىرقىغا ئوپمۇ ـ ئوخشاش ئىدى. بىر مەھەل ئۆزۈمنىڭ نىمە قىلىشىم كىرەكلىكىنى بىلەلمەي جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. «ئەجىبا ئاخشامقى ئىشلار ئوڭۇممىدۇ؟ ...قانداق بولۇپ بىر كىچىدىلا بۇنداق ۋەھشى مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغاندىمەن!...»ئويلىغانسىرى تىنىم شۈركىنىپ كىتەتتى، ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇپ بۇ ئىشلارنى سادىر قىلغىنىمنىمۇ بىلەلمەيلا قالدىم. ئەس يادىم بۇ سىرلىق قاتىللىق دىلوسىدا ئىدى، يەنە كىلىپ ئۆزۈمنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىمنى ئويلىغىنىمدا ئىلىشىپ قالايلا دەپ قالغان ئىدىم. خىلى ئۇزاق ئويلىنىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى راسلا ئۆزۈمنىڭ قىلغانلىقىمنى ئىتىراپ قىلدىم، ئەمما ناھايىتى ئازاپلىنىپ كىتىۋاتاتتىم، گەرچە ئىتىراپ قىلغان بولساممۇ ئۆزۈمنىڭ بۇنداق ۋەھشى ئىشلارنى قىلغىنىم كاللامدىن پەقەتلا ئۆتمەيتتى. نىمە سەۋەپتىن شۇنداق بولۇپ قالغىنىمنىمۇ ھەم بىلمەيتتىم. بىردەملىك تىڭىرقاشتىن كىيىن جەسەتنى بىشى بىلەن قوشۇپ شۇ جايغا كۆمىۋەتتىم ھەمدە خارامۇشلۇق ئىلكىدە نىشانىسىز ھالدا قاياقلارغىدۇر يول ئالدىم. كىتىۋىتىپ تۇيۇقسىز ئالدىمدىراق توپىغا مىلىنىپ كەتكەن بىر سومكا كۆزۈمگە چىلىقىپ قالدى، مەن دەرھال بىرىپ سومكىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ بىقىپ بۇنىڭ ھىلىقى كۆمۈۋەتكەن جەسەتنىڭ سومكىسى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم ھەمدە ئىختىيارسىزلا سومكىنىڭ ئىغىزىنى ئاچتىم. سومكا ئىچىدە نەچچە قۇر كىيىم ـ كىچەك، يىمەك ئىچمەك، كولاش قۇراللىرى، بىردانە خاتىرە بىلەن قەلەم...ھەم باشقا نەرسىلەر تۇراتتى. خاتىرىنى ئاچقىنىمدا ئىچىدە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ يىزىقىدىكى نەچچە بەتلا خەت بار بولۇپ ئايىقىنى يىزىشقا ئۈلگۈرمەيلا مىنىڭ قولۇمدا ئىچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈمنى تىخىمۇ گۇناھكاردەك ھىس قىلىپ كەتتىم. لىكىن نىمە ئامال دەيسىلەر بۇ ياكى مىنىڭ ئىختىيارلىقىمدىكى ئىش بولمىسا، مەن چۈشۈپ دەپ ئويلاپ ھەممە ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلغان ئىدىم. ئامالسىز سومكىنى ئىلىپ ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم، بۇ چاغدا كۆڭلۈمۇ قايرىلىپ بولغان ئىدى!...... بىز ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتۇق. نىجات جىددىيلىك بىلەن ـ: ئابلاكا نەچچە كۈندىن بىرى كەچۈرمىشىڭىزنى شۇنداق قىزىقىپ ئاڭلاۋاتاتتۇق، بىراق بۇگۈن ئوخشىمايدىغانلا گەپلەرنى قىلىۋاتىسىزغۇ!...ئەگەر راسلا سىزمۇ ئالۋاستى بولۇپ قالغان بولسىڭىز ئۇنداقتا نەچچە كۈندىن بىرى بىز ھايات قالغىنىمىزغا شۈكرى قىلساق بولامدۇ نىمە؟ ......دىدى ئۆزىنى سەل تارتىپ. ئابلاكام كۈلۈپ كىتىپ ـ: ياقەي ئەنسىرىمە، بۇ پەقەت ۋاقىتلىق ئىش. شۇنىڭدىن كىيىن ئۆزۈمنىڭ قاچان شۇنداق ئۆزگۈرۈپ

قالدىغىنىمنى بىلدىم ھەم ئالدىنى ئالدىغان بەلەن تەدبىرلەرنىمۇ قىلىپ كىلىۋاتىمەن...ئۇخىل ئۆزگۈرۈش پەقەت نەچچە ئايدا بىر قىتىملا بولىدۇ، قالغان ۋاقىتلاردا ھەرزامان ئۆز ئەسلىمدە...شۇلاردىن ئەنسىرەپ كەتتىڭما؟ ھەرقانچە بولسىمۇ سىلەردەك قۇتقازغۇچىلارنى ئۆلتۈرىۋەتمەسمەن!...ھا ھا ھا...... ئابلاكام شۇنداق دەپ بولۇپ كۈلۈپ كەتتى. رۇسۇل ئابلاكامغا قاراپ قويۇپ ـ : ئۇنداقتا ھىلىقى كۈنى سىزنى تۈنجى كۆرگەندە سىز ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالغان ۋاقتىڭىزكەندە؟ ...دەپ سورىدى ئەجەپلىنىپ. ئابلاكام ـ : شۇنداق، سىلەر مىنى قۇتقۇزۇپ ئۆڭكۈرگە ئەكىرىۋاپتىكەنسىلەر. ئەتتىگەندە ئويغىنىپ قارىسام ئەتراپىمدا قاتتىق ئۇيقۇغا چۈشۈپ كىتىپسىلەر، يەنە يارامىنىمۇ تىڭىپ قويۇپسىلەر شۇڭا رەھمەت ئىيتاي دەپ ئۇۋ ئۇۋلىغىلى چىقىپ كەتكەن ئىدىم، كىم بىلسۇن مەن كەلگەندە ئالللىقاچان كىتىپ قاپسىلەر. ئاران بىر سىلەرنى تاپقاندا بۇنداقلا تاشلاپ قويغۇم كەلمەي سىلەرنى كۆپ ئىزدىدىم ئەمما تاپالمىدىم، شۇ چاغدا كەچ بولۇپ كىتىپ تىخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدىم، چۈنكى بۇ ئالۋاستىلار ئويغۇنىدىغان ۋاقىت ئىدى. تىت ـ تىت بولۇپ ئىزدەۋاتقىنىمدا ئاخىرى ئۆزۈڭلار ماڭا ئۇچراپ قالدىڭلار، ئەھۋال مۇشۇ!......... ـ : ياق، بىز سىزنى كىچىدە يارىلانغىنىڭىزدا ئەمەس، شۇ كۈنى ئەتتىگەندە دەرەخزارلىقتا ئۇچراتقان. ئۇ چاغدا سىز بىر يىلاننى يەۋاتقان ئىكەنسىز، تىخى بىزنى قوغلىماقچى بولغان!...... دىدىم مەن ئالدىراپلا. باشقىلارمۇ بىشىنى لىڭشىتقىنىچە ئابلاكامنىڭ جاۋابىنى ساقلاپ قاراپ تۇراتتى. ئابلاكام ئەجەپلىنىپ ـ : ئۇ كۈنى مەن پەقەت سىمايىڭلارنىلا كۆرەلىدىم، ئادەتتە مەن چۈش كۆرگەندەك ھىس قىلىدىغان بولغاچقا ئۇ چاغدا چىرايىڭلارنى ئىنىق كۆرەلمەيمەن!.........دىدى جاۋابەن. بىز ئەھۋاللارنى چۈشەنگەندىن كيىن ئازراق قانائەت ھىس قىلدۇق. ئابلاكام يەنە ـ : بولدى بۈگۈنمۇ كەچ بولۇپ كىتىپتۇ قالغىنىنى ئەتە دەپ بىرەي ئۇنىڭدىن كيىن قالغان ئىشلارنى مەسلىھەتلىشەرمىز!......... دىدىدە كىرلىشىپ كەتكەن ئورنىغا كىلىپ ياتقاچ نىملەرنىدۇر خىيال قىلىشقا باشلىدى. بىزمۇ ئارتۇق سۆزلىمەي يىتىشقا تەمشەلدۇق شۇ چاغدا نىجات مىنى يىنىغا تارتىپ بوش ئاۋازدا ـ : ئاداش مەن ئابلاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سەل قورقۇپ قالدىم، كىچىچە ھۇشىيارراق ياتىلى جىمۇ بىزنىمۇ غىققىدە!...........دىدى كانىيىنى قولىدا سۈركەپ قويۇپ. ـ : نەدىبىر قالايمىقان گەپلەرنى قىلماي ئۇخلا، ئابلاكام دىدىغۇ ئۇ ئۆزگىرىدىغان چاغنى بىلەلەيدىكەن...يەنە كىلىپ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۆزگىرىپ ئەسلىگە كەپتۇ دىمەك نەچچە ئايغىچە خاتىرجەم بولساك بولىدۇ!...... نىجات ـ : ياق ئەمدى دەيمىنا ئاداش!...ناۋادا قانخورلىقى تۇتۇپ مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆزگۈرۈپ قالسا چاتاق بولامىكى، ئۇ چاغدا نەچچە يۈزلىگەن ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرىۋەتكەن بۇ ئەدەم تۆتىمىزنى قۇشقاچنى بوغقاندەك بوغۇپ قويامىكى دەيمەنغۇ!......... ـ : نەدىبىر خىياللارنى قىلماي ئۇخلا، ئەتە داۋامىنى ئاڭلىغاندا ئاندىن بىلىمىز ئەگەر راس سۆزلىگەن بولسىلا!........... شۇنداق قىلىپ ئابلاكامنىڭ ھىكايىسىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تىزرەك تاڭ ئىتىشىنى كۈتۈپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا

كەتتىم!.......................

ئالۋاستى ئوۋچىسى(4 ـ باب9 ـ قىسىم)

ـ قەھرىمان، ھەي قەھرىمان!...تۇرە...تىز تۇرە دەيمەن، ئابلاكام يوق تۇرىدۇ!...... نىجاتنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ـ: نىم دەيسە؟ ...ئاخشام تىخى ئارام ئىلىپ ياتمىغانمىتى!... دىدىم مەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋىتىپ. دىگەندەك مەشئەلنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئابلاكامنىڭ ئورنىنىڭ قۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. نىجات ـ: شۇ ئاخشام بىرگە ئۇخلىغان ئىدۇق، لىكىن بايا سەل قارا بىسىپ قاپتىكەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم قارىسام ئابلاكام جايىدا يوق تۇرىدۇ. ياكى ئالۋاستىغا ئۆزگۈرۈپ قىلىپ چىقىپ كەتتىمىيا؟ ......دىدى ئويلانغان ھالدا. رۇسۇل بىلەن غىنىمۇ قاراپلا تۇراتتى. مەن ـ: يوق گەپنى قىلمىغىنە، بەلكىم بىر ئىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندۇ. بىزنى ئارام ئىلىۋالسۇن دەپ ئويغاتمىغان نىمە...ساقلاپ تۇرايلى ھىلىگىچە كىرىپ قالار!............ قالغانلارمۇ شۇنداق قىلىشنى توغرا تاپتى، بىز ئەتتىگەنلىك ناشتىلىقىمىزنى قىلغاچ ئابلاكام سۆزلەپ بەرگىنى بويىچە خارابىلىق ئۈستىدە قىزغىن مۇلاھىزىگە چۈشۈپ كەتتۇق، شۇ پەيىتتە ئابلاكام ئۈچ ـ تۆت ياۋا توشقاننى ساڭگىلىتىپ كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى ـ: ھە ئويغاندىڭلارمۇ؟ ...سىلەرنى بىر خۇش قىلىۋىتەي دەپ ئەتتىگەندىلا ياۋا توشقاندىن نەچچىنى ئوۋلاپ كىردىم. بۇلارنى كاۋاپ قىلىپ تازا بىر ھوزۇرلىنىپ يەۋىلىڭلار!......... ھەممىمىز بۇنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتۇق. بولۇپمۇ مەن ياۋا توشقان كاۋىپىغا ئالاھىدە ئامراق بولۇپ قالغاچقا كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولغان ئىدى. بىز تەرەپ ـ تەرەپتىن قول سىلىپ توشقانلارنى تازىلاپ بىردەمدە تەييار قىلىپ بولدۇق. ئابلاكام توشقانلارنى پىشۇرۇشقا باشلىدى، شۇ تاپتا كاۋاپتىن شۇنداق مەزىلىك بىر ھىد تاراۋاتاتتى. نىجات تاقەتسىزلىنىپ ـ: ئابلاكا ئەمدى ھىكايىڭىزنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ بىرىڭە كاۋاپ يىگەچ ئاڭلايلى، بەكلا خۇمار قىلىپ قويدىڭىز ھىكايىڭىزگە. شۇنىڭدىن كىيىن يەنە قانداق ئىشلار بولدى، بەش يىلنى قانداق ياشاپ ئۆتكۈزدىڭىز مۇشۇلارنى سۆزلەپ بىرىڭە!.............. ئابلاكام كۈلۈپ قويۇپ كاۋاپنى تاۋلىغاچ ـ: قىزىقىپ قاپسىلەردە، ئۇنداقتا داۋامىنى سۆزلەپ بىرەي!......دىدى. بىز ھەممىمىز ئوچاق بىشىغا ئولىشىپ قىزغىنلىق بىلەن ئابلاكامنىڭ ھىكايىسىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدۇق. ئابلاكام بىر تىنىۋىلىپ كەچۈرمىشىنى داۋام قىلدى ـ: شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمدىنمۇ ئىھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، كۈنلەر ئۆتكەنسىرى مەندە چوڭ ئۆزگۈرۈشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە بولسا كىرەك، بىر كۈنى كەچتە يىرىم كىچە بىلەن قاتتىق قارا بىسىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، ئەتراپ چىراغنىڭ يورۇقى چۈشۈپ يورۇپ كەتكەن ئىدى. ئۆزۈمچە ھەيران قالدىم، تاڭ ئاتتىمۇ ياكى بىرەر يەردىن چىراق يورۇقى چۈشۈۋاتامدۇ بىلەلمەيلا قالدىم. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ قورام تاشنىڭ يوچۇقىدىن سىرتتقا قارىدىم. سىرتتىمۇ ئوخشاشلا يورۇق ئىدى، لىكىن نەرسىلەر رەڭسىز كۆرۈنەتتى. قىززىق ئىش، مەن تىخى يىرىم كىچە بولدى دەپ ئويلىسام

بىردەمدە تاك ئېتىپ بوپتىغۇ!......شۇندا تۇيۇقسىز بىر بۆرىسىمان مەخلۇقنىڭ ئۆڭكۈردىن سەل يىراق جايدا تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قىلىپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ مەخلۇق ئادەتتە كىچىدىلا ھەرىكەت قىلىدىغان تۇرسا قانداق بولۇپ كۈندۈزدە مىڭىپ يۈرىدىغاندۇ!...ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر كۈزىتىشكە باشلىدىم، قارىماققا ئۇ بىر نەرسىنىڭ پۇرىقىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇنداق ئىزدەپ يۈرۈپ بىر يىلاننى چاققانلىق بىلەن تۇتىۋالدى، يىلان بولسا ئۇنىڭ تىرناقلىرى ئاستىدا تولغىنىشۋاتاتتى. ئۇ يىلانمۇ كىچىك ئەمەسكەن، چوڭلۇقىمۇ يوتامدەك با دەڭلا!.........بىراق مەخلۇق تىرنىقىنى ئۇنىڭغا سانچىۋالغاچقا دەماللىققا قارشىلىق قىلالمىدى. بىردەمدىن كېيىن بىر توپ جەسەت ئالۋاستىلار سەت ھۆركىرەشكىنىچە يىتىپ كەلدىدە مەخلۇقتىن يىلاننى تالىشىشقا باشلىدى. بىراق مەخلۇق ئۇلارغا قىلچە پىسەنت قىلماي يىلاننى ئۇلاردىن تارتىۋالاتتى. شۇ ئارىدا مەخلۇق بىلەن ئالۋاستىلار قاتتىق تىركىشىپ قالدى، قارىماققا ئۇلجا تالىشىش جىڭى باشلىنىدىغاندەك قىلاتتى. مەخلۇق ئالۋاستىلار بىلەن تىركەشكەچ يىلاننى چىشلەپلا ئۆلتۈرۈپ ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى قايتىدىن يىلانغا پاتۇرىۋالدىدە بىر پۇتىدا يىلاننى دەسسەپ تۇرۇپ ئالۋاستىلار بىلەن قاتتىق سوقۇشۇشقا باشلىدى. دىمەك ئالۋاستىلار بىلەن بۇ قىزىل كۆز مەخلۇق دۈشمەن ئىدى. گەرچە مەخلۇق ئالۋاستىلارنى ئۆزىگە يىقىن يولاتماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ ئالۋاستىلار ئۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى مەخلۇقنىڭ بەدىنىگە سانجىۋىلىپ بار كۈچى بىلەن چىشلەيتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن ئالۋاستىلار سانى كۆپ بولغاچقا ئۈستۈنلۈككە ئىرىشتى. بەدىنىنىڭ پۈتۈن يىرى ئىغىر جاراھەتلەنگەن مەخلۇق قاتتىق ھۆركىرىگىنىچە يەر چىشلىدى. ئالۋاستىلار بولسا يىلاننى قويۇپ مەخلۇقنى ياۋۇزلارچە پارچىلاپ يەۋاتاتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ بىر تۇرۇپ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋەتەي دىدىم، بىراق يەنىلا چىقماسلىقنى قارار قىلدىم. چۈنكى ئەتراپ يەنىمۇ خەتەرگە تولغان ئىدى، مەخلۇقنىڭ قىنىنىڭ پۇرىقى ئەتراپتىكى يەنە باشقا قانخور ھايۋانلارنى بۇ جايغا باشلاپ كىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئالۋاستىلار مەخلۇقنى پارچىلاپ قۇربانلىقىقا سويۇپ پارچىلانغان گۆشتەك قىلىۋەتتى. شۇ پەيتتە يەنە بىر قۇلاقنى يارغۇدەك ھۆركىرەك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋاز چىقىشى بىلەن تەك ئالۋاستىلار ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قاراپ تەرەپ ـ تەرەپكە قىچىپ كىتىشتى. دىمەك بۇ مەخلۇق ئالۋاستىلاردىنمۇ قورقۇنۇچلۇق ھەم كۈچلۈك ئىدى. ئەتراپ بىردىنلا بىر مەھەل جىمجىتلىققا چۆككەن ئىدى، مەنمۇ جىممىدە تۇرۇپ قانداق نەرسىنىڭ ئۇلارنى شۇنچە قورقۇتۇپ قاچۇرىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ بىقىش مەقسىدىدە يوچۇقتىن كۆزۈمنى ئۇزمەي قاراپ تۇردۇم. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ناھايىتى ئىغىر تىنىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ قارىماققا كالىنىڭ پۇشۇلدىشىغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. تۇيۇقسىز تىرناقلىرى كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك تومۇقىدا كىلىدىغان، ھەم ناھايىتى يوغان بىر پۇت مەخلۇقنىڭ پارچىلانغان گۆشىنى ئىلىپلا كەينىگە ياندى. يوچۇقتىن كۆرىنىدىغان بوشلۇق كىچىك بولغاچقا ئۇنىڭ قانداق نەرسە

ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىدىم پەقەت پۈتىنىڭ تۈزۈلىشىگە قاراپ ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى يەكۈنلىدىم. ھېلىمۇ ياخشى چىقماپتىكەنمەن بولمىسا مەنمۇ ئۇنىڭ بىر ۋاقلىق غىزاسى بولۇپ كىتىشىم مۇقەررەر ئىدى. ياخشى يېرى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مىنى بايقىمىدى لىكىن كاللامدىن ئۆتمەيدىغىنى مەن بۇ مەنزىرىلەرنىڭ كىچە ياكى كۈندۈزدە يۈز بىرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالغان ئىدىم. كۈندۈزمىكىن دىسەم ئالۋاستىلار ھەم مەخلۇقلار پەقەت ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرىلا ئاندىن كۈندۈزدە ھەرىكەت قىلالايدۇ، بولمىسا مۇمكىن ئەمەس! ...كىچىمىكىن دىسەم شۇ تاپتا خۇددى كۈندۈزدە كۆرگەندەك كۆرىۋاتاتتىم. ئۆزۈمدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئالۋاستىغا ئۆزگىرىپ قىلىشىم بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ھىس قىلدىم، بىراق ئالۋاستىغا يەنە ئۆزگىرىپ قالامدىم يوق بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. ئۆزۈمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تاڭ ئاتقۇچە ئويلاپ چىقتىم، ئاخىرى ئالۋاستى شاھىنىڭ روھىمنى ئەسىر قىلىۋالغانلىقىنى لىكىن تولۇق ئەسىر قىلالمىغاچقا تۇراقسىز ھالدا بەدىنىمنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. شۇ كۈنى ئۇ روھىمنى سۈمۈرىۋاتقان ئىكەن ئەمما تولۇق سۈمۈرۈپ بولمايلا مەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ قېچىپ قۇتۇلغان ئىدىم. دىمەك ئۇ يەنىلا مەلۇم ۋاقىتتا مىنى كونترول قىلالايتى. ئۇ كۈنى تاڭ ئاتقاندا ھەممە جاي يەنىلا شۇنداق جىمجىتلىقتا چۈمدى، مەن، ئۆڭكۈردىن چىقىپ دەرەخزارلىقتا بىرىپ مىۋىلەردىن خىلى كۆپ ئۈزىۋالدىم ئاندىن ئەتراپتىن باشقا بىخەتەررەك جاي ئىزدەپ ماڭدىم. گەرچە بۇ جاي ماڭا تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما كۆرۈپ باقمىغان جايلىرىمۇ كۆپ ئىدى. نەچچە كۈنلەپ ئىزدەپ يۈرۈپ ئويلىمىغاندا بىر كۈنى كىچىدە بۇ جاينى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ كۈنىمۇ ئوخشاشلا بىخەتەر تۇرالغۇ ئىزدەپ چىققان ئىدىم، ئويلىمىغان يەردىن كىچىدىمۇ نورمال كۆرىدىغان بولۇپ قالغاچقا كەچ بولغىنىنى سەزمەي يۈرىۋىرىپتىمەن شۇ چاغدا ئاغلۇاستىلارغا يولۇقۇپ قالدىم. نەچچىسىنى يوقاتقان بولسامۇ ئەمما ئۇلار بارغانسىرى كۆپىيىۋىشكە باشىدى، شۇڭا تۇرىۋاتقان جايىمنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىزىقتۇرىۋىتىشنى ئويلاپ ئالۋاستىلاردىن قېچىپ بۇ جاينىڭ ئالدىغا كىلىپ قالدىم. تىشىدىكى ئىشىكنىڭ ئاچىدىغان يىرى يوشۇرۇن ئىكەن مەن ئۇلار كەلگۈچە بۇ جايغا يوشۇرۇنىۋالدىم كىيىن مىنىڭ ئەڭ بىخەتەر بولغان تۇرالغۇمغا ئايلىنىپ قالدى. بىراق بۇ جاي بەك چەت بولغاچقا ئوۋ ئوۋلاشق قولايسىز ھەم دەرەخزارلىقتا بەك يىراق بولغاچقا يىمەكلىكتىن ئۈزۈلۈپ قالدىم شۇڭا داۋاملىق ھالدا ئاشۇ ئۆڭكۈردە تۇردۇم. ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالمىسىلا بۇ جايغا ئاساسەن كەلمەيمەن، ئۇلار بۇ جايدا ئادەمنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسىلا چوقۇم تىپىپ كىلىپ ھەر كۈنى ئاۋارە قىلىدۇ. نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ جايغا كىرگەنلەردىن ھايات ئۇچراپ باققىنى بەكلا ئاز، مەن ئۇچراتقاندا كۆپىنچىسى ئىچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ھالدا ئۇچرايتتى. ھەتتا بەزىللىرىنىڭ پەقەت ئۇستىخىنىلا قىپ قالاتتى. مەن ئۇلارنىڭ سومكىللىرىنى يىغىپ مۇشۇ جايغا ئەكىلىپ قوياتتى. ئادەتتە بۇ جايغا يالغۇز كىرەلمەيدۇ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئىككى ئۈچ ئادەم بىللە كىرمىسە قورقىدۇ، بىراق بىللە كىرگەن

بىلەن ئوخشىمايدىغان جايلاردا جەسىدىنى بايقايتتىم. كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك بۇ جاينىڭ خەتىرىنىڭ ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان دەرىجىدە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي بايلىق ئىزدەش ئۈچۈنلا ئاددىي خىيال بىلەن كىرىدۇ ئەمما ئەڭ ئۇزۇن ياشىيالىغىنى پەقەت ئۈچ ـ تۆت كۈنلا ھايات ياشىيالايدۇ چۈنكى ئۇلار بۇ جايدا نىمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ئالۋاستى دىگەن ئۇقۇمۇم خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان. پەقەت نەچچە مىڭ يىل تاشلىنىپ قالغان بۇ خارابىيلىقتا تۈگىمەس بايلىقلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇ بايلىقلار تۈپەيلى ھەممىسى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كىتىدۇ. ھەي!...كاشكى بۇ ئىشلارنى ئۇلار بىلگەن بولسىچۇ، ئۇ چاغدا ھىچكىم ئۆزىنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ كۆزۈممۇ ئۆزىچىلا كىچىدىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى، بىراق ئالۋاستىغا ئايلىنىدىغان ئىشىم يوقالمىدى. ھەر قىتىم ئالۋاستىغا ئۆزگىرىدىغان چىغىمدا قاتتىق چاڭقايمەن، ئۇنىڭدىن كىيىن بەدەنلىرىم قۇرۇپ قورۇلۇشقا باشلايدۇ، تەڭ كىچىدە قاتتىق بىئارام بولىمەن. بۇنداق ئىش ئۇدا ئىككى كۈن داۋاملىشىدۇ ئۇنىڭدىن كىيىن بىر چۈش كۆرگەندەك بولغان بىلەن تەڭ ھەممە ئىش خۇددى چۈشۈمدە يۈز بىرىۋاتقاندەكلا بولىدۇ، ئەمما ئۇ دەل مىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋاقتىم. نەچچە قىتىم شۇنداق ئۆزگۈرۈپ قىلىش جەريانىدا ئاخىرى ئالدىن بىشارەتلەرنى سىزىۋالىدىغان بولدۇم، ئۆزگۈرۈش گاھى بىر ـ ئىككى كۈن داۋاملىشىدۇ گاھى بىر كىچىدىلا ئۆتۈپ كىتىدۇ. ئۆزگەرگەن چىغىمدىكى كۆپ ئىشلار ئاساسەن يادىمدا قالمايدۇ، پەقەت تەسىر قىلغان ئىشلارنىلا غۇۋا ئىسىمگە ئالالايمەن!......... ھەي، ئىشقىلىپ بۇ بەش يىلنى قانداق ئۆتكۈزگىنىمنى پەقەت ئۆزۈملا ھىس قىلالايمەن. بولدى كاۋاپمۇ تەييار بوپتۇ يەۋىلىپ ئۇنىڭدىن كىيىن سىرتقا چىقساق چىقارمىز بولمىسا داۋامىنى يەنە سۆزلەپ بىرەي ھە!........... ئابلاكام سۆزىنى تۈگىتىپ مەزىلىك پىشقان توشقان گۆشلىرىنى ھەممىمىزگە تەقسىملەپ بەردى. بىز كاۋاپنىڭ مەزىلىك تەمىدىن ھوزۇرلانغاچ ئابلاكامنىڭ كەچۈرمىشىنىڭ داۋامىنى تىزرەك ئاڭلاش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن ساقلاشقا باشلىدۇق!................

ئالۋاستى ئوۋچىسى(4 ـ باب10 ـ قىسىم)

توشقان كاۋىپىنى يەپ بولغاندىن كىيىن ئابلاكام ـ : سىرتقا چىققۇڭلار بارمۇ، نەچچە كۈندىن بىرى بۇيەردە بىكىنىپ ئولتۇرۇپ زىرىكىپمۇ قالغانسىلەر، سىرتقا ئەپچىقىپ باشقا جايلارنىمۇ ئايلاندۇرۇپ كىلەيمۇ؟ ...... دىدى بىزگە قاراپ قويۇپ. رۇسۇل ـ : ياق بولدى، شۇنداق قورقۇنۇچلۇق كەچۈرمىشىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە سىرتقا چىقىشقا پىتىنالايتۇقمۇ!...ياخشىسى مۇشۇ جايدا سىزنىڭ كەچۈرمىشىڭىزنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان تۈزۈككەن!......دىدى سەل تەشۋىشلىنىپ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نىجات سەكرەپ كەتتى ـ : ھوي دىۋە پىرىم، ئۇسىقىنىڭغا لايىق بىر گەپ قىلغىنە!...سەندە با ئۇسقاننىڭ يىرىمى مەندە بولغان بولساۋاغو جىق ئىشلىرىم باتى مىنىڭ!...... ـ : كىم ساڭا گەپ قىپتۇ سۇن ئەۋلىيا ئەزەم!......شۇڭىمچۇ ئىشەككە بىلىپ مۇڭگۈز بەمەپتىكەن...... ـ : ھەئە، سەندەك

دىۋىگىمۇ يۇرەك بەمەيتىكەن...ۋۇ كالا دىۋە!...... دىدى نىجات رۇسۇلىنىڭ سۆزىگە ياندۇرۇپلا. ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، ئابلاكام بولسا بىزنىڭ جاۋابىمىنى كۈتۈپ قاراپ ئولتۇراتتى.
مەن ـ: ئابلاكا سىرىتتىمۇ چىقىۋالارمىز، ئاۋۋال ھىكايىڭىزنى تولۇق بىر ئاخىرلاشتۇرسىڭىز بۇ جايدىكى ئىشلارنى پىششىقراق بىلىۋالاتتۇق، شۇنىڭدا خارابىيلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يىڭى يولى چىقارمىكىن دەيمەن!...... ـ: ھەئە، ھەئە!...ما قەھرىمانچۇ مۆڭدەپ ئولتۇرغان بىلەن ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان يىراقنى ئالدىن كۆرەر بالا دەيمە...شۇ چاغدا بۇيەردە سىزنى كۆرۈپ قاپتىكەنمە دەيمە بىزنى ئالداپ يۈرۈپ ئەكىرگەن مەشەگە...ۋە خە خە خە!چاقچاق ئاداش......
ـ: يائاللا نىجات، سىنىڭ مۇشۇ ۋات ـ ۋاتلىقىڭنىزە!......دىدىم ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ. نىجاتمۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ـ: شۇنى دىمەمسە، ئەينى چاغدا ئانام مىنى زۇۋاندازلىق قىلىۋاتقىنىدا تولغاق يەپكا تۇغۇپ قويغانمىكىن كىچىكىمدىن مۇشۇنداق بىلىسەنغۇ!...ھە مىنىڭۋاغو ۋات ـ ۋاتلىقىم ھامىنى بىر يەردە ئەسقاتىدۇ ئەنسىرمىگىنە!......دەپ مۇرەمگە ئىسىلىۋالدى. شۇ چاغدا قۇلۇپ ئولتۇرغان ئابلاكام ـ: ئۇنداق بولسا سىرىتقا چىقماي كەچۈرمىشىمنى سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان يىرىگىچە سۆزلەپ بىرەي، بەلكىم قەھرىمان دىگەنەدەك ئازراق بولسىمۇ پايدىسى تىگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!......... ھەممىمىز ئابلاكامنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ دىققىتىمىز بىلەن ئۇنىڭ كەچۈرمىشىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا باشلىدۇق.
ئابلاكام كەچۈرمىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى ـ: شۇنداق قىلىپ بۇ جايدا ياشاش جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتىم بىراق پەقەت جەسىدىنىلا...كىرىش ئىغىزىدا تۇرۇپ ئۇلار كىرىشى بىلەنلا بۇ جاينىڭ خەتىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ بىللە ئىلىپ كىتەي دىگەن بولساممۇ ئەمما ئىچىدىن كىرىش ئىغىزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تىپىش مۇمكىن ئەمەس، بولمىسا مەن ئاللىقاچان چىقىپ كىتىپ بولماتتىم. شۇڭا كۈندۈزدە ئاساسەن ھەممە جاينى قويماي ئارىلاپ چىقاتتىم، ئۇقۇشماي كىرىپ قالغانلار بولسا ئىمكانقەدەر ھايات قالسا دىگەنلەرنى ئويلايتىم. كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋەردى، مەنمۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كىشىلەرنىڭ سۆڭەككە ئايلانغان جەسەتلىرىنى ئۇچقىتىپ تۇراتتىم، ئىچىمدە«كاشكى بالدۇرراق بۇلار بىلەن تىپىشقان بولسامچۇ!...»دەپ مەيۇسلىنەتتىم. ھەتتا پاراڭلىشىدىغان ئادەم بولمىغاچقا گەپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاي دەپ قالغان ئىدىم. گاھىدا ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بار......ئەڭ ئەجەپلىنەرلىك يىرى مەن بۇ جايغا كىرگەندىن باشلاپ قىش كۈنلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. ھەممە نەرسە ئۆز پىتى، مەن ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىش يامغۇر يىغىش. گەرچە ئۇنداق كۈنلەردە ھاۋا تۇتۇق ھەم ئالۋاستىلار كۈندۈزدىمۇ ھەرىكەت قىلالىغان بىلەن مەن ئۇچۇن بەرىبىر، چۈنكى مەن ئاشۇ ئالۋاستىلار بىلەن بىللە بەش يىل ياشىدىمدە!...ۋاقىت ئۆتكەنسىرى بۇ تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قالدىم. گاھى ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ قالسام ئىلىشىپمۇ قوياتتىم، بەدەنلىرىم شۇنچە يارىلانسىمۇ ھازىر مەن ئۇچۇن ھەرە چاققاندەكلا تۇيغۇ بار ئىدى. راس سىلەر بىر نەرسىنى ھىس قىلدىڭلارمۇ؟ .........

دىدى ئابلاكام ئارىلىقتا. ھەممىمىز ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ بىشىمىزنى چايقىدۇق. ئۇ مۇرىسىنى كۆرسىتىپ ـ: بۇ يەردىكى جاراھەتنى دەيمەن، قاراڭلار سىلەر مىنى تىپىۋالغان كۈنى بۇ جاي ئىغىر جاراھەتلەنگەن ھازىر بولسا ساقىيىپ بولدى. ھەيران قالماڭلار مەندە شۇنداق ئۆزگۈرۈشمۇ بار!......ھەر قىتىم ئىغىر يارىلانغىنىمدا جاراھىتىم نەچچە كۈنگە قالمايلا ساقىيىپ بولىدۇ، بۇ ئىشتىن ئۆزۈممۇ ھەيران. بەلكىم بۇ جايدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەركىبىدە شۇنداق ئىلمىنتلار بولۇشى مۇمكىن، ئادەتتە مەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرىدىغان بولغاچقا بەدىنىمگە تەسىر قىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. دائىم شۇنچە ئىغىر يارىلانساممۇ تىزلا ساقىيىپ كىتىدۇ، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىركۈنى كىچىسى ئۆڭكۈردىن خىلىلا يىراقلاپ كەتتىم، ئۇ كۈنى يەنىلا بۇ جايدىن تىزرەك چىقىپ كىتىشنى ئويلاپ چىقىپ كىتىدىغان جايدىن ئۇمۇدلىنىپ چىققان ئىدىم ئەپسۇس يەنىلا ئۇخشاش نەتىجە بىلەن مەيۇسلىنىپ يىنىپ كىلىۋاتاتتىم. بۇ چاغدا قاراڭغۇمۇ چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى، مەن شۇ ھالدا مىڭىپ تىزرەك ئۆڭكۈرگە بىرىۋىلىشنى ئويلايتتىم. كىتىۋاتقىنىمدا يىراقتىن ئالۋاستىلارنىڭ ھۆركىرەشكىنىچە بۇ تەرەپكە كىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، ئاڭلاشقا ئۇلار بىر توپ...كام دىگەندىمۇ بەش ئالتە ئەتراپىدا بار ئىدى. مەن دەرھال ئۆزۈمنى چەتكە ئىلىش ئۈچۈن ئەتراپنى ئىزدەۋىتىپ جىغانلارنىڭ قورشاۋىغا ئىلىنغان كىچىك بىر قەبرىستانلىقنى كۆرۈپ قالدىم. ئالۋاستىلارمۇ بارغانسىرى يىقىنلاپ كىلىۋاتاتتى شۇڭا ئىككىلەنمەستىن قەبرىلەر تەرەپكە يۈگۈردۈم. ئادەتتە ئۇلارنىڭ قانداق جايدىن ئۆلجىنى تىز تاپالايدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى، شۇڭا قەبرىستانلىق مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يوشۇرۇنىدىغان جاي ئىدى. يۈگۈرۈپ بىرىپ ئارىسىدىكى بىر يامغۇردا ئىچىلىپ قالغان قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم. قەبرىنىڭ ئىچىدە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بىر جەسەت بار بولۇپ يىنىدا داتلىشىپ كەتكەن بىر ئايپالتا بار ئىدى. بەلكىم ئەينى چاغدىكى ئۇردا قوغدىغۇچىسىدىن بىرى بولسا كىرەك!...قەبرىنىڭ ئىچىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ئاندا ساندا نەچچە تال چاشقان ئويىۋر ـ تويىۋر يۈگۈرىشىپ يۈرەتتى. مەن كىرگەندىن كىيىن قەبرىنىڭ ئىچىدە مەن بىلەن جەسەتتىن باشقا ھىچنىمە قالمىدى. مەن شۇ ئارىدا قەبرىدىن بىشىمنى چىقىرىپ ئالۋاستىلار كىلىۋاتقان تەرەپنى كۈزىتىشكە باشلىدىم. دىگەندەك نەچچە مىنۇتلاردىن كىيىن بەش ئالۋاستى ئەلەك ـ سەلەك يۈگۈرۈشكىنىچە يىتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈچى يىرىم چىرىغان جەسەت بولۇپ ئىككىسىنىڭ كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن پەقەت باش قىسمىدىنلا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىسكىلىت ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلار بىر نەرسىنىڭ پۇرىغىنى ئىلىپ بۇ ئەتراپقا كەلگەن ئىدى، بىراق شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇلار شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈردى. چىقىپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشنى ئويلىغان بولسامۇ ئەمما ھەر قىتىمدىكىدەك مەلۇم بىر زور مەخلۇقنىڭ مەن ئىلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ماڭا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ باشقا پەيتنى تاللاپ ئۇنىڭدىن

كىيىن جەك قىلىشنى لايىق تاپتىم ھەمدە داۋاملىق ھالدا قەبرىنىڭ ئىچىدە ئۆلارنىڭ كىتىشىنى ساقلاپ تۇردۇم. ئەمما شۇنچە كۆپ ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئۆلار بۇ ئەتراپتىن كەتمەيۋاتاتتى، مەنمۇ ئۆلارنىڭكىتىشىنى ساقلاپ قەبرىنىڭ ئىچىدە تۇرىۋەردىم. شۇنداق قىلىپ پەرەز قىلىشىمچە يېرىم كېچە ئەتراپىدا تۇيۇقسىز جىغانلار قاراسلاپ سۇنۇپ مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ئاۋاز تىۋىشى قەبرىستانلىق تەرەپكە كىلىشكە باشلىدى. مەن دەرھاللا خەنجىرىمنى تەقلەپ جەك ھالىتىگە ئۆتۈپ ئۆلارنىڭ تىخىمۇ يىقىن كىلىشىنى كۈتۈپ ھۇشيارلىق بىلەن ئۆلارنىڭ ئاۋاز تىۋىشىنى ئاڭلاشقا باشلىدىم. ئۆلارنىڭ مىنىڭ ھىدىمنى پۇرىۋېلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، ئاياغ تىۋىشى بارغانسىرى يىقىن كىلىشكە باشلىدى، مەن خەنجەرنى چىڭ تۇتقان ھالدا كىرىپ قالسىلا بىشىغا قىلىچ سىلىش ئۈچۈن تۇراتتىم. ھەقىقەتەن بىرسى قەبرىنىڭ ئالدىغىلا كەلدى، مەن قىلىچىمنى ئىگىز كۆتۈرۈپ چىپىشقا تەمشىلىۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز ئۆلاردىن سادا كەلدى ـ: ھەي، بۇياقتا كىلىڭلار!...بۇ قەبرىنىڭ ئىغىزى ئوچۇقكەن!......... ـ: ئوچۇق بولسا نىمە بوپتۇ، خىيالىڭدا بۇ ئىشنى قىلىدىغانلاردىن بىزلا بار دەپ ئويلاپ قالدىڭما؟ ......بەلكىم باشقىلار ئاللىقاچان ئىچىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئوغۇرلاپ كەتكەندۇ، ئۇ يەردە ھاڭۋىقىپ قاراپ تۇرماي تىز بۇياقتا كىلە ماۋۇ قەبرىنى ئاچىمىز!............... ئۆلار بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، سۆزىنىڭ ئورامىغا قارىغاندا ئۆلار كىپەن ئوغرىلىرى ئىدى. ئاردا مەن بار قەبرىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى قولچىراقنى ئىچىگە يورۇتۇپ بىقىپ ـ: ھەي بۇ باشقىلار ئاچقان قەبرە ئەمەسكەن، قاراپ باقە يامغۇرنىڭ تەسىرىدە ئىچىلىپ قاپتۇ. ئۇنى ئاچىمىز دەپ ئاۋارە بولغۇچە ئاۋۋال بۇ ئوچۇق گۆرگە قاراپ باقمامدۇق ياشى نەرسىلەر ئۇچراپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!........ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە قەبرىگە كىرىشكە تەمشىلىۋىدى مەن دەرھاللا ئۇنىڭ پۇتىغا ئىسىلىپ سىرىتقا چىقىپ ئۆزۈمنى ئاشكارىلىماقچى بولدۇم. بىراق ئىش مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. مەن ئۇنىڭ پۇتىغا ئىسىلىشىم بىلەن تەڭ ئۇ ـ: ۋايجان!...جەسەت باركەن، ئىچىدىكى جەسەت پۇتۇمغا ئىسىلىۋالدى......چاپسان قاچايلى بولە تىز، ئىچىدىكى جەسەت تىرىلىپ قالدى!.......... دىگىنىچە بەدەر تىكىۋەتتى. مەن بولسام قەبرىدىن تەستە يامىشىپ چىقىپ ئۆلارنىڭ كەينىدىن توۋلىغىنىمچە قوغلاشقا باشلىدىم ـ: ھەي، مەنمۇ سىلەردەك ئادەم قوقماڭلار تىز قايتىپ كىلىڭلار ئۇ تەرەپ خەتەرلىك، تىز قايتىپ كىلىڭلار دەيمە!............

مەن شۇنچە توۋلىغان بولسامۇ بىراق ئۆلار گەپلىرىمگە پەرۋامۇ قىلماستىن قىچىپ كۆزۈمدىن غايىپ بولدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ ئالدىراقسانغۇلۇق قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم، ھەم ئۆلارنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. چۈنكى ئۆلار ئالۋاستىلار تەرەپكە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كىتىپ كۆزدىن غايىپ بولغان ئىدى. ئۆلار جاننىڭ تاتلىقلىقىدا شۇنداق تىز يۈگرەيدىكەنكى شۇ تۇرقىدا ئاۋازسىز ئايروپىلاندىن قىلىشمايتتى. ھەش ـ پەش دىگۈچە ئۆلار قىچىپ يوقاپ كەتتى، قاياقتا قاچقىنىنى بىلەلمەي ئۆلار كۆزدىن غايىپ بولۇشتىن ئىلگىرى قاچقان يۆلىنىش بويىچە كەينىدىن داۋاملىق قوغلاشقا باشلىدىم. خىلى ئۇزۇن ئىزدىگەن بولسامۇ ئەمما ئۆلارنىڭ

قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، شۇندىلا قوغلاشتىن توختاپ ئۆزۈمنىڭ ئالىقاچان چەكلەنگەن دائىرىگە كىرىپ بولغىنىمنى بايقىدىم، ئەمما كېچىككەن ئىدىم......ئەتراپىم پۈتۈنلەي ئالۋاستىلار بىلەن بۆرىسىمان مەخلۇقنىڭ ئۇۋۇ قىلىدىغان ئەڭ چوڭ دائىرىسى ئىدى. دىمەك ئۇ ئىككى كىپەن ئوغرىسى ئىنىقلا ئۇلارنىڭ بىر ۋاقىلىق مىزبىلىك ئوزۇقى بوپ كىتەتتى. مەن ئۇ ئىككىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ياكى ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا تىڭىرقاپ قالدىم. ئەگەر ئۇلارنى ئالۋاستىلار تۇتىۋالغان بولسا مەن قۇتۇلدۇرماقتا يوق ئۆزۈمنىمۇ ئالۋاستىلارغا تۇتۇپ بىرىمەن، ئەگەر ئۇلار تىخى ھايات بولسا كىتىپ قالسام ئۇنداقتا ئۇ ئىككىسى ئىنىقلا ئۆلۈپ كىتىدۇ...زادى قانداق قىلىش كىرەك!........ئاخىرى نىملا بولسۇن ئۇ ئىككىسىنى قۇتۇلدۇرۇشنى تاللاپ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىردىم. ئەتراپتا ئالۋاستىلار چاقىقانلىق بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى، ئەلۋەتتە ئۇلار مىنى بايقاپ بولدى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۇۋۇ دائىرىسىگە كىرىشىمنى ساقلاپ مىنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن يوشۇرۇنۇپ تەييار بولغان ئىدى. لىكىن ئۇلار قانداقلا قىلسۇن مەنمۇ كىچىدە شۇنداق ياخشى كۆرىمەندە!......مەن ئەتەي ئۇلارنىڭ ئىگۇ دائىرىسىگە كىرگىلى ئۇنىمىدىم، ئۇلارمۇ مىنىڭ يۆلىنىشىم بويىچە ئۇۋۇ دائىرىسىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى. بىراق توساتتىنلا ئۇلار مەندىن يىراقلىشىشقا باشلىدى، دىمەك ئۇلار باشقا بىر ئولجىنى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئۇۋۇ دائىرىسىگە ئىلىپ بولغان ئىدى. ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ ئۇلار نىشانىنى ئۆزگەرتكەن تەرەپكە ئىز قوغلاپ ماڭدىم. لىكىن كىچىككەن ئىدىم ـ: ھوي، يىنىڭغا قارا!............... مىنىڭ شۇنداق ۋارقىرىشىم بىلەن تەڭ بىشى قايغان ئوغلاقتەك ماڭىدىغان يولنى تاپالماي پىرقىراپ يۈرگەن كىپەن ئوغرىسىنىڭ بىرىنى ئالۋاستى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن كەجگىسىدىن سانجىپلا يەرگە باستى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئازاپتىن ۋارقىرىغان ئاۋازى خارابىيلىقنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. يەنە بىرى بولسا يۈز بىرىۋاتقان ۋەقەلەرگە ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپلا قاراپ قالغان ئىدى. مەن يەنە ۋارقىردىم ـ: تىز بۇياققا قاراپ يۈگۈر تىز بول!............ ئۇنىڭغىچە ئۇ ئىسىگە كىلىپ بار كۈچى بىلەن پالاقشىپ يۈگۈرۈپ مەن تەرەپكە قىچىپ كەلدى. مەنمۇ قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ ئۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئالۋاستىغا تۇتۇلۇپ قالغىنى بولسا ئىچىنىغلىق ۋارقىراپ تىپىچەكلەۋاتاتتى. يەنە بىرى مەن تەرەپكە ئازلا قالغاندا ياندىن يەنە بىر ئالۋاستى ئىتىلىپ چىقتى، شۇندا قىلىچىمنى ئۇنىڭغا توغۇرلاپ زەردە بىلەن ئىتىشىم بىلەن تەڭ قىلىچ ئالۋاستىنىڭ كۆكرىكىگە سانچىلىپ بىسىم بىلەن ئالۋاستىنى قاڭقىتىۋەتتى. مەن چاقىقانلىق بىلەن قىلىچنى ئۇنىڭ كۆرىكىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ بىشىنى ئۈزىۋەتتىم، كىپەن ئوغرىسى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قاققان قوزۇقتەك قاراپلا تۇراتتى. مەن دەرھال يەنە بىرىگە قارىدىم ئەمما ئالۋاستىلار تىرناقلىرىنى ئۇنىڭ ئىغىزىغا پاتۇرىۋالغان بولۇپ قارنىنى يىرىپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدى، ھەم ئىغىزىدىن تارتقۇشلىغىنىچە ئالىقاياقلارغىدۇر سۆرىگىنىچە بىردەمدە كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ھايات قالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يىتىپ بىزمۇ خەتەرگە ئۇچرىماسلىق

ئۇچۇن يەنە بىرنى ئىلىپ بۇ جايدىن دەرھاللا ئايرىلدىم!.....................

ئالۋاستى ئوۋچىسى(4 ـ باب 11 ـ قىسىم)

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆڭكۈرگە يېنىپ كەلدۇق، شۇ تاپتا ئۇ قورقۇپ كەتكەنلىكى دەردىگە بەزگەك كىسىلى باردەك تىترەپ كېتىۋاتاتتى. قولۇمنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئالغىنىمدا چۆچۈپ ئۆزىنى مەندىن ئىلىپ قاچتى. مەن ـ: قورقما، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئادەم. بۇ جايغا قانداق كىردىڭلار سىلەر ئىككىلا ئادەمما؟ ...... ئۇ گەپ قىلماستىن ماڭا گۇمانسىراپ قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن كىيىن تىترەك ئاۋازدا ـ: سىز...سىز مىنى ئۆلتۈرمەمسىز؟ ...دەپ سورىدى. ـ: ھا ھا ھا، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!...مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم، پەقەت ئالۋاستىلارنىلا ئۆلتۈرمەن!......... ـ: ئۇنداق بولسا سىز بۇ جاينىڭ گۆركاسىكەنسىزدە گۆرگە قارايدىغانچۇ!...... ئۇنىڭ بىمەنە سوئاللىرىغا چىديالمىدىم ـ: ماڭا قارا ئۇكام، مەن گۆركا ئەمەس...بۇ جايغا ساڭا ئوخشاش ئۇۋۇشماستىن كىرىپ قىلىپ تا ھازىرغىچە چىقىپ كىتەلمەي ئامالسىز مۇشۇ جايدا ياشاۋاتقان بىر ئادەم. مەن بىلەن بىللە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بايىقى ھەمرايىڭدەك ئىچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلدى، پەقەت مەنلا ئۇلار بىلەن ئاخىرىغىچە ئىلىشىپ بىردىنبىر ھايات قالغۇچى. يەنە قانچىلىك ۋاقىت ھايات ياشىيالايمەن بۇنىسى نامەلۇم، بىراق شۇنىڭغىچە سەندەك بايلىق تاماسىدا كىرگەن«بايلىق ئوغۇرلىرى»دىن قانچىلىكنى ھايات قالدۇرالىسام شۇنچىلىكنى قوغداپ قالىمەن دەيدىغان ئارزۇيۇم بار!......... ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ سەل خىجىل بولۇپ گەپمۇ قىلماستىن يەرگە قارىۋالدى. مەن ـ: ئىسمىڭ نىمە؟ ـ: مىنىڭ غولام، بايىقى ھەمرايىمنىڭ مەمەتئېلى!......... ـ: ھە، قانداق بولۇپ بۇ جايدىكى قەبرىلەرنى ئوغۇرلاشنى ئويلاپ قالغانسىلەر دەيمە!...... شۇنداق دىيىشىم بىلەن تەك ئۇ قايناپ كەتتى ـ: ھەممىنى قىلغان ئاشۇ مەمەت دىگەن لاتا غىلاپ!...ئاشۇ خارابىلىقتىكى قەبرىلەرگە ھىساپسىز بايلىقلار بىللە كۆمۈلگەنىكەن، ئاززاق خەتەرلىك لىكىن قورقمايدىغان يۈرەك بولسا ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالىساڭلارلا بىر كىچىدىلا كاتتا بايلاردىن بوپ قالىسىلەر ئۇ چاغدا يەنە كىيەن ئوغۇرلاپ يۈرىشىڭلارنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ!......دەپ بىزنى ئالداپتۇ. بىزمۇ ئۇنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئويناپ تۆگمەس بايلىق كويىدا بۇ جايغا كىرىپ قاپتۇق، كىم بىلسۇن جەسەتلەرنىڭ تىرىلىپ قالىدىغانلىقىنى!.............. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بۇلارنىڭمۇ بايلىق قۇربانلىرى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يەتتىم. ھەي!......ئەينى چاغدا بىزمۇ بايلىق ئۈچۈن ھەقلىمىز بۇلغۇنۇپ بۇ جايغا كىرىپ قالغان مانا ئەمدى بولسا مەنلا ھايات يۈرىۋاتىمەن، كىيىن مىنىڭ تەقدىرىممۇ قانداق بولاركىنتاك!..............مەن ئۇنىڭغا ـ: بوپتۇ، ئەمدى پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇ جايدا بىرمەزگىل ياشاپ پۇرسىتى كەلگەندە بىللە چىقىپ كىتەيلى!...ئەينى چاغدا بىزنىڭ بىر تۈركۈم ئادىمىمىز بۇ جايغا بايلىق ئىزدەش ئۈچۈن كىرگەن، مەنمۇ مەلۇم سەۋەپلەردىن بۇ جايغا كىرىپ قالدىم...بايلىقنىغۇ تاپتۇق ئەمما شۇنچە كۆپ ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار جىنىمىزنى قۇتقۇزالمىدى، ئەكسىچە ھەممىسى ئۆلۈپ پەقەت مەنلا قىپ

قالدىم.........دىدىم ئەپسۇسلىنىپ. بىراق بۇ غولام دىگەننىڭ كۆزلىرى باشقىچە يورۇپ كەتتى ـ: نىم...نىمە!.....بايلىقلارنى تاپقانمىتىڭلار؟ ......... ـ: شۇنداق تاپقان ئىدۇق!...... ـ: ئەمسە ئۇ بايلىقلار ھازىر قەيەردە، مەن كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ ......... ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن ھىلىھەم ھىچنىمىنى كۆرمىگەندەكلا ھىس قىلىپ قالدىم. بايىدىن شۇنچە ئىشلارنى كۆرۈپ بەزگەكتەك تىترەپ ئولتۇرغان ئادەم بايلىقنىڭ گىپىنى ئاڭلاپلا بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا دەپ بەرمەي دىگەن بولساممۇ ئەمما يەنىلا ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم ـ: بايلىقلار ھازىر يىنىمدا ئەمەس، ئۇ بايلىقلار يەنە بىر تەرەپتە...يەنى تاش خارابىلىق تەرەپتە. بىراق ئاۋارە بولما مەن ئۇ تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ جىنىنى ئارانلا قۇتقۇزۇپ چىققان، سەن بارساڭ ئىنىقلا ھەمرايىڭدەك ئىچىنىشلىق ھالدا ئالۋاستىلارغا يەم بولىسەن!........... ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن سەت ھىجىيىپ ـ: بىلمەن بىلمەن...مەنىيا ساراڭ بولمىسام، ئۇ جايغا بىرىپ نىمىش قىلىمەن. راس سىز مۇشۇنداق ئۆلۈكلەر قاپلاپ كەتكەن جايدا قانداقسىگە ھىلىھەم ياشاۋاتىسىز؟ ... ـ: مەن ئادەتتە كۈندۈزدە كۆپرەك ھەرىكەت قىلىمەن، جەسەتلەر كۈندۈزدە سىرتتقا چىقمايدۇ پەقەت كىچىدىلا ھەرىكەت قىلىدۇ!......... ـ: ھە ئەسلى مۇنداقكەندە، ئەمدى چۈشەندىم. بولسا مىنى بۇ جايدىن تىزرەك ئەپچىقىپ كىتىڭە ئاكا!........ ئۇنىڭ مۇلايىم سۆزلىرىگە ئىشىنىپ بىرمۇنچە سۆزلەپ كىتىپتىمەن، بىراق كىم بىلسۇن تاڭ ئاتقاندا ئۇ مىنىڭ ئارزۇلۇق ھەم بىردىنبىر يىقىن ھەمرايىم بولۇپ مىنى ئالۋاستىلاردىن قوغداۋاتقان خەنجىرىمنى يەنە يىغىپ قويغان مىۋىللىرىمنى ئىلىپ ئۇن ـ تىنسىزلا قىچىپ كىتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىغىدىن ناھايىتى غەزىپىم كەلدى، ئۇ چوقۇم مەن دەپ بەرگەن بويىچە تاش خارابىلىقنى ئىزدەپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئوغرى دىگەن يەنىلا ئوغرى تەبىيتى ئۆزگەرمەيدىدە چۈنكى قىلىپ كۆنۈپ كەتكەن...ئامالسىز قۇرالىمدىن ئايرىلىپ قىلىپ ئۇنى نىشانسىز ھالدا ئىزدەپ چىقتىم. بىراق توپىلىققىچە بارغان بولسامۇ ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم، بەلكىم ئۇ ماڭىدىغان يولنى تاپالماي ئايلىنىپ يۈرگەن بولىشى مۇمكىن. ئەمدى قۇرالىم يوق ئالۋاستىلار بىلەنمۇ قورقماي جەڭگە چۈشەلمەيتىم، خەنجىرىم ئۆلارنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىغا تاقابىل تۇرالايدىغان بىردىنبىر قۇرالىم ئىدى. ئەمدى ئۇ يوق بولغان ئىكەن ئۆزۈمنى قوغداشمۇ تەسكە توختايتتى، بۇنداق بولغاندا ئۆڭكۈردىن سىرتتقا چىقماي ياشىشىمغا توغرا كىلەتتى. ئويلىغانسىرى ئىچ ـ ئىچىمدىن غەزىپىم تىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىپەن ئوغرىسىنى تاپالماي قۇرۇق قول ئۆڭكۈرگە يىنىپ كەلدىم. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە خارابىلىقنى ئايلىنىۋىتىپ ئۆزۈمنىڭ ئارزۇلۇق خەنجىرىمنى تىپىۋالدىم. بىر قول سۆڭىكى ئۇنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئۈزۈپ تاشلانغان ئىدى. دىمەك ئۇ كىپەن ئوغرىسىمۇ مۇرادىغا يىتەلمەي ئالۋاستىلار تەرىپىدىن يەپ كىتىلگەن ئىدى، جەسىدىنىمۇ ھەم تاپالمىدىم. شۇنىڭدىن ئىتىبارەن بۇ جايغا ئادەم ئاياق باسماسلا بولدى، مەنمۇ ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ قالسام ئىلىشىپ بولمىسا چىقىپ كىتىدىغان يەرنى ئىزدەپ يۈرىۋەردىم. مانا توپتوغرا بەش يىل بوپتۇ

ئەڭ ئاخىرىدا سىلەرنى ئۇچرىتىشتىن بۇرۇن ئىككى ئادەمنى ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇلار باشقا مىللەتتىن ئىكەن، شۇنچە سۆزلەپمۇ گېپىمنى ئۇقتۇرۇپ بولالمىدىم ئاخىرى ئۇلارنى ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كېلىپ شۇ جايدا تۇرۇپ تۇرىشىنى مەن ئۇلارغا بىر نەرسە تېپىپ كېلىشنى ئېيتتىم، ئۇلارمۇ بىشنى لىڭشىتىپ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرگەن لېكىن مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارمۇ مېنىڭ ئارقامدىنلا چىقىپ كېتىپتۇ. كېيىن يېنىپ كىرىپ قارىسام ئۇلار يوق ئىكەن، شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قاتتىق بىئارام بولۇپ ئۆزگۈرۈشكە باشلىدىم، ئۇ سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىشتىن بىت كۈن ئاۋالقى يىرىم كېچە ئىدى. ئەنسىرەيدىغىنىم ئۇ ئىككىسىنىڭ مەن ئۆزگۈرۈپ قالغاندا ماڭا ئۇچراپ قىلىشى ئىدى. شۇڭا ئۇلاردىن يىراق كېتىش ئۈچۈن كاللام جايىدا ۋاقىتتا دەرھاللا ئۆڭكۈردىن ئايرىلدىم، كىچىچە قانداق ئىشلار يۈز بەرگىنى ماڭا قاراڭغۇ ئەمما ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى كېچىسى مەن بۆرىسىمان مەخلۇق بىلەن قاتتىق ئېلىشقىنىمنى غۇۋا ئېسىمگە ئالالايمەن، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆلجىنى تالىشىپ ئۇرۇشقان بولۇشۇممۇ مۇمكىن...كېيىن ئويغانغاندا سىلەرنى كۆرۈپ دەسلىپىدە چۈشۈممىكىن دەپ ئالدىم ئەمما خوشلۇقۇم ئېچىمگە پاتمايلا قالدى. شۇڭا سىلەرنىمۇ يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئويغاتمايلا سىرتتىقا ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىپ كەتتىم. ۋە ئاخشامقى ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئىستىكىدە تېزلا يېنىپ كەلدىم، ئەمما سىلەر ئاللىقاچان كېتىپ بوپسىلەر. شۇ چاغدا تاشقا چاچرىغان قاننى كۆرۈپ قالدىم ھەمدە سىلەرنىڭمۇ چوڭ خەتەر ئېچىدە ئىكەنلىكىڭلارنى ھىس قىلىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەشكە باشلىدىم. بىراق قاراڭغۇ چۈشكىچە سىلەرنى تاپالماي تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدىم. سىلەرنى يەنە ئۆڭكۈرگە كېلىپ قالارمۇ دىگەن ئويدا كىتىۋاتقىنىمدا رۇسۇلنىڭ دەل بۆرىسىمان مەخلۇقنىڭ ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم ئېغىزىمغا تىقىلىپلا قالدى. سىلەر قاراڭغۇدا ھېچنىمنى كۆرەلمىگەچكە بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭ ئوۋ دائىرىسىگە كىرىپ قاپسىلەر، شۇندا ئۆزۈمنىڭ قانداق يۈگۈرگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن مەخلۇقنىڭ رۇسۇلغا ئېتىلىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بىشىنى ئۈزىۋەتتىم. قالغان ئىشلارنى بىز بىللە باشتىن كەچۈردۇق...ئاندىن سىلەرنى بۇ جايغا ئېلىپ كەلدىم. مانا مېنىڭ بەش يىللىق ھاياتىم مۇشۇنداق داۋاملاشماقتا!............ ئابلاكام بەش يىللىق كۈچۈرمىشىنى بىزگە ھارماستىن سۆزلەپ پۈتتۈنلەي تامام قىلدى، ھەمدە چوڭقۇر بىر تىنىۋىلىپ ـ: ھۇھ!......ئۆزۈمنى لەيلەۋاتقاندەك ھىس قىلىۋاتىمەنا!...بەش يىل بوپتۇ مەن بىر كىم بىلەن بۇنداق قىنىپ بىر پاراڭلاشمىغىلى، ھەم كەچۈرمىشىمنى قويماي دەۋالىدىغان بىر ئادەم بولغان بولسا ئېچىمدىكىنىڭ ھەممىنى تۆكۈپلاۋالسام ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم قالماس ئىدى!...دەيتتىم خۇدا مۇرادىمنى ھاسىل قىلىپ سىلەرنى ئەۋەتىپتۇ، مەنمۇ كەچۈرمىشلىرىمنى ئېچىم بوشىغىدەك بىر سۆزلىۋالدىم. ئەمدى راستىنلا ئارمىنىم يوق، ماڭا سىلەر ھايات چىقىپ كېتەلىدىغاندەكلا تۇيغۇ بولىۋاتىدۇ. بۇرۇن بۇنداق تۇيغۇدا بولۇپ باقمىغان ئىدىم، لېكىن سىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ماڭا شۇنداق دىدى، سىلەر چوقۇم بۇ خارابىيلىقنىڭ سىرىنى ئېچىپ

ھايات چىقىپ كىتىسلەر!......چۈنكى ئالۋاستىلاردىن ئامان ئىسەن قۇتۇلغاندىن پەقەت سىلەرلا بار!يەنە كىلىپ قەھرىمان سەن سىلىم پالۋاننىڭ جىيەنىكەنسەن، دىمەك سەندىمۇ سىلىمكاشدەك باتۇرلۇق بار. كونىلار بىكاغا دىمىگەن«ئوغۇل تاغىسىنى قىز ھامىسىنى دورايدۇ»دەپ.........دىدى مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ. بىز ئابلاكامنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلاپ بۇ پالۋانغا ھەقىقەتەن قايىل بولدۇق. بەش يىل بىر نىشان بىلەن يەنى چىقىپ كىتىش ئارزۇسى بىلەن ياشاپ ئۆتۈپتۇ، بۇ بەش يىل ئىغىزدا ئاسان چىققان بىلەن ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ھىساپلىنىدۇ. ئابلاكامنى يالغان ئىيتتىمى دىسەم سىلىمكامنىڭ دىگەن ۋاقتى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش چىقىۋاتاتتى، دىمەك ئابلاكام راسلا بەش يىل مۇشۇ جايدا ھايات ياشاپ مۆجىزە ياراتقان ئىدى. بەلكىم ئابلاكام بولمىغان بولسا بىزمۇ بۇ جايدا ئۈنتىنىسىز ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتۇق. شۇندا نىجات ئابلاكامنىڭ بەدىنىنى تۇتۇپ باقتى. ئابلاكام ـ: ھوي نىمە قىلەۋاتىسەن ئۇيە بۇيەلىرىمنى مۇجۇپ؟ ......... ـ: ياق ئەمدى دەيمىنا، بەش يىل مۇشۇنداق قورقۇنۇچلۇق ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان جايدا ياشاپ كەپسىز، تىنىڭىزنى تاشتىن ياسالغانمىكىن دەپ تۇتۇپ باقتىم!......... ئارىمىزدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئابلاكام كۈلكىسىنى توختىتالمىغان ھالدا ـ: سەن راسلا بىر شەيتانكەنسەن جۇمۇ، ئۇزۇن بوپتىكەن مۇنداق ئىچىلىپ كۈلۈپ باقمىغىلى...سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن باشلاپ دىلىمدىن چىقىرىپ كۈلۈپ بىقىپتىمەن!...... ـ: شۇ شۇ، ئەمدى كۈلدىغان كۈنلىرىڭىز باشلاندى، مەنلا بولىدىكەنمەن ئۈچىيىڭىز توشمايدۇ تىخى!......ھى ھى ھى!... ئارىدا مەن سورىدىم ـ: راس ئابلاكا، سىز بىر خاتىرىنىڭ گىپىنى قىلىۋاتاتتىڭىز ئۇ خاتىرە قەيەردە؟ ...... ـ: ھە، ئۇ خاتىرە بارلا بولسا ھىلىھەم مەن ياسىغان دەرەخ ئۈستىدىكى چىدىرنىڭ ئىچىدە. سەمەت پاجىئەگە يولۇققاندىن كىيىن مەن قىچىپ قۇتۇلدۇم، كىيىن قايتا ئۇ تەرەپكە بىرىپ باقمىدىم. بەلكىم خاتىرە شۇ جايدا بولۇشى مۇمكىن!......... ـ: ئۇنداقتا ھىلىقى ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارچۇ؟ ...... دىدى نىجات ئابلاكامنىڭ گىپى توگىشىگىلا ئۇلاپ. ئابلاكام ـ: ھوي بۇ گىپىڭدىن قارىغاندا سەنمۇ كىپەن ئوغرىسىمۇ نىمە؟ يەنە بىزنى ئالداپ قۇرالىمىزنى ئوغۇرلاپ قاچما جۇمۇ، مەن بىللە بارمىسام توپىلىقنى تاپالماي ئالۋاستىلارغا يەم بولىسەن!........... ھەممىمىز يەنە پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتۇق، نىجات بولسا يۈزى قىزارغىنىچە بىشىنى قاشلاپ تۇراتتى. ـ: بولدى خىجىل بولما، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. بايلىقلارمۇ ئاشۇ چىدىردا، لىكىن ئۇ جايغا ناھايىتى پۇختا تەييارلىق بىلەن بارمىساق ھەممىمىز ئۆلۈپ كىتىمىز. ئالۋاستىلارغۇ نەچچىنچى مەسىلە لىكىن ئالۋاستى شاھى ھەممىدىن چوڭ كۆشەندىمىز، ئۇچراپ قالساقلا توگەشكىنىمىز شۇ!...شۇڭا نەچچە كۈن ياخشى تەييارلىق قىلىپ ئىشەنچىمىز بولغاندا ئاندىن ئۇ جايغا بارمىساق بولمايدۇ، قالغان ئىشلارنى مەن سىلەرگە يەنە ئۆگىتىمەن. ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ بۇ جايدىن ئامان ـ ئىسەن چىقىپ كىتىمىز دەيدىكەنسىلەر مىنىڭ دەپ بەرگەن ھەربىر سۆزلىرىمنى ئىنىق ئەستە ساقلىشىڭلار كىرەك!...شۇ چاغدىلا خارابىلىقنىڭ سىرىنى بىللە يىشىپ بۇ جايدىن چىقىپ

كىتەلەيمىز!........ ھەممىمىز قوشىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشۈپ ئابلاكام باشچىلىقىدا چوڭ ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە تەييارلىق قىلدۇق!........

يىگى سەپەر(5 ـ باب1 ـ قىسىم)

بىر كۈنىمىزنى يەنە شۇ قەلئەدىن چىقماي ئۆتكۈزىۋەتتۇق، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئابلاكام ھەممىمىزنى ئويغاتتى ـ : قوپۇڭلار، قوپۇڭلار!...تاڭ ئاتقىلى نەۋاق تىخچە بەخىرامان ئۇخلاپ كەتكىنىنى بۇلارنىڭ!...... ئابلاكامنىڭ ئويغىتىشى بىلەن ھەممىمىز ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدۇق. ئابلاكام ـ : ھە قوپۇڭلار، بۇگۈن مەن سىلەرگە ئالاھىدە بىر ئىشلارنى ئۆگىتىمەن، بۇ ئۆگەتكەنلىرىم چوقۇم سىلەرگە چوڭ پايدا ئېلىپ كىلىدۇ!...... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ھەر بىرىمىزگە قۇرالدىن بىردىن بىرىپ بىزنى ئېلىپ سىرتتقا چىقتى. خىلى ماڭغاندىن كىيىن بىر يەردە توختاپ ـ : بۇگۈندىن باشلاپ ھەپتە مۇشۇ يەردە مەشىق ئېلىپ بارىمىز. ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن قورقماس يۈرەك بولغاندىن سىرت كۈچ ـ قۇۋۋەت بولۇش، جەڭ ماھارىتى ئىگەللەش ھەممىدىن مۇھىم. چاققان تۇرمىساڭلار ھەرۋاقت ئالۋاستىلارنىڭ ئوزۇقى بولۇپ كىتىسىلەر خالاس!...شۇڭا سىلەرنى ھەپتىگىچە قانچىلىك تەربىيلىيەلىسەم شۇنچىلىك تەربىيلەيمەن، ئۇنىڭدىن كىيىن ئەك مۇشەققەتلىك بىر يولنى تاماملاشقا ئاتلىنىمىز. مەيلى ھايات قالايلى ياكى ئۆلۈپ كىتەيلى ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى يوقاتمىغان بولىمىز!...قېنى مەن بىلەن بۇ مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنايلايدىغانلار بارمۇ؟ ...... مەن بىلەن نىجات، ئابلىكىم ئۈچىمىز تەڭلا ۋارقىرىدۇق ـ : بار!.....ئۆلۈپ كەتسەكمۇ مەغرۇرلۇق بىلەن ئۆلىمىز، جىنىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشقىنىمىز ئېلىشقان!........... بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلىغان رۇسۇل بىلەن غېنىمۇ قوشۇلا ـ قوشۇلماس بىزگە ئاۋاز قوشتى. ئابلاكام ـ : ياخشى، ئۇنداقتا مەن ئۆگەتكەنلەرنى پۇتۇن زىھنىڭلار بىلەن ئىگىلەڭلار!...ئەمدى مەن بىلەن بىللە بۇ خارابىلىق بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭلار، بۇ سىلەرنىڭ كىيىنكى چىقىش يولۇڭلار بولۇپ قىلىشى مۇمكىن!...... ئابلاكام شۇنداق دىگەچ بىزنى ئېلىپ خارابىلىقنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى ـ : مانا بۇ يەردىن سول تەرەپكە ئۇدۇل مىڭىۋەرسەڭلار دەرەخزارلىققا بارىسىلەر، ئۇدۇل ماڭساڭلار ئۆڭكۈرگە يىتىپ بارىسىلەر، ئوڭ تەرەپكە كۆن قايرىلغىچە ماڭساڭلار دەل توپىلىققا يىتىپ بارىسىلەر!...... دىدى قولىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ـ : لىكىن ھازىر سىلەر پەقەت دەرەخزارلىق بىلەن، بۇ يۇلغۇن قاپلىغان جاينىلا ئايلانساڭلار بولىدۇ، توپىلىق تەرەپكە تەييارلىق تولۇق پۇتكەندە ھامىنى بارىسىلەر، ئۇ تەرەپتە تىخى سىلەر ئويلاپمۇ باقمىغان خەتەرلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتىشىمىز كىرەك!........ ئابلاكامنىڭ سۆزىگە ھەممىمىز قوشۇلدۇق، ئۇ بىزنى ئېلىپ خارابىلىقنىڭ ئىچىنى پۇتۇنلەي ئايلاندۇرۇپ چىقتى، يىپىشكە بولىدىغان ئۆسۈملۈك، زەھەرلىك ئۆسۈملۈك، دورىلىق ئۆسۈملۈك دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئىنىق قىلىپ سۆزلەپ قانداق ئايرىش ئۇسۇلىنى ئۆگۈتۈپ قويىدى. بىزمۇ ئايلىنىۋاتقاچ ئۆز ئىقتىدارىمىزنى سىناپ باقتۇق. شۇنداق

قىلىپ بىر كۈن پىرقىراپ يۈرۈپ خارابىيلىقنىڭ يەر شەكلى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تونۇشۇپ چىقتۇق، ھەمدە جىددىي پەيتلەردە قانداق يوشۇرۇنۇش تاكتىكىسىنى ئۆگەندۇق. ئالۋاستىلار كەچتە ئىنىق كۆرەلىگەن بىلەن ئەمما ئاجىزلىقى شۇكەنكى بەدىنىمىزنى توپىغا مىلەپ جىمىمىدە تۇرىۋالساق ئاسانلىقچە بىزنى بايقىيالمايدىكەن. بۇ ئىشلارنىمۇ ئابلاكام بۇ جايدا ياشاش جەريانىدا بىلىۋالغان سىر ئىدى. ئەمدى بولسا بىز ھېچ قىينالمايلا، خەتەرگىمۇ ئۇچراپ باقماستىن بۇ ئىشلارنى ئاسانلا بىلىۋالغان ئىدۇق، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ھەممىسى ئابلاكامنىڭ تۆھپىسى ئىدى. ئابلاكام بىزنى بىر جىغانلىقتا ئېلىپ كىلىپ ـ: مانا بۇ ياۋا توشقان ئەڭ كۆپ جاي، قېنى بىرەر توشقاننى تۇتۇپ بىقىڭلار!...ئەگەر تۇتالىساڭلار يەنە كەچتە سىلەرگە مەزىلىك توشقان كاۋىپى قىلىپ بىرىمەن!......... دىدى كۈلۈپ قويۇپ. نىجات ئابلاكامنىڭ سۆزىگە جاۋابەن ـ: ۋاي بۇ ئاسانلا ئىشقۇ!...قاراپ تۇرۇڭ ھە، قولۇمدىكى ما نەرسىنى مانداقلا ئاتىمەن توشقاندىن بىرنى تۇتىدۇ!......ۋوي ۋوي ۋوي!...... نىجات شۇنداق دىگىنىچە قولىدىكى قىلىچنى بىرلا شىلتىۋىدى قولىدىن قاڭقىپ چىقىپ جىغانىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. بىز بولساق تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈۋاتاتتۇق. ـ: ھە نىمىگە كۈلىسىلەر، قىززىق تۇيۇلىۋاتامدا؟ ...قاملاشمىغان...ماۋۇ ھىساپ ئەمەس، قولۇمدىن چىقىپ كەتتى قايتا بىر قىتىم كىلەيلى ئەمدى راسلا توشقاندىن بىرنى تۇتىۋالمەن قاراپ تۇرۇڭلار ھە!...... نىجات يەنە شۇنداق دىگىنىچە جىغانلىقنىڭ ئارىسىدىن قىلىچنى تېپىپ ئېلىپ يىنىمىزغا كەلدىدە قايتىدىن تەييارلىق ھالىتىگە ئۆتتى. يوشۇرۇنۇپ قاراپ تۇرغىنىمىزدا بىر ياۋا توشقان بىزگە ئەللىك مىتىرچە جايدا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىنىچە ناھايىتى ئەستايىدىل كۈزىتىپ چىقىپ كەلدى، ئۇ ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ كىچىككىنە تىۋىشنى ئاڭلىسىلا دەرھال ئەتراپقا قاراپ ئۆزىنىڭ بىخەتەر ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرەتتى. ئابلاكام بىزنى«قانداق قىلىدۇ قېنى!...»دىگەنچىلاپ گەپ قىلماي قاراپ تۇراتتى. ئابلاكامدىن سادا چىقمىغاندىن كىيىن نىجات ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ ئاستا ئۆمىلەپ دىگۈدەك توشقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى ئىككى قەدەم ئىلىشىغا ياۋا توشقان سېزىپ قىلىپ بىزدىن ئاستا يىراقلىششقا باشلىدى. ھەمدە توختاپ ئەتراپنى كۈزىتىۋەتكەندىن كىيىن يەنە جىغان مۇۋىسىنى يىيىشكە باشلىدى، ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقى ئەتراپتىكى ھەرقانداق ئاۋازنى تىڭشاپ تۇراتتى. نىجات يەنە ئازراق مىڭىۋىدى توشقانمۇ سىزىپ قىلىپ يەنە ئازراق يىراقلىشىپ ئاندىن توختىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن قېنى قىززىق نىجات تېرىكىپ كىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا قولىدىكى قىلىچنى توشقانغا قارىتىپ ئاتتى......ئۇنداق دىگەندىن كۆرە چۆرىۋەتتى دىسەك توغرا بولار!......ئۇ ئاتقان قىلىچ توشقاننىڭ يىنىغىمۇ بارماستىن ئەكسىچە باشقا بىر ياققا ئىتىلغان ئىدى. تۇيۇقسىز چىققان شەپىدىن چۆچۈگەن ياۋا توشقان بىردەمدە قىچىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. بىز بولساق يىنىلا ئۆزىمىزنى باسالماي كۈلۈۋاتاتتۇق. ئاچچىقتىن بوغۇلغان نىجات تىرىكىپ باشقىلارغا سۆزلىيەلمەي رۇسۇلغا نەشتىرىنى سانجىدى ـ: ھوي دىۋە نىمە ئىشتاننىڭ بىغىدەك

ھجاراۋرىسەن، مەنبى كەسپىي ئۇۋچى بولمىسام بۇنچىلىك ئىش بولۇپ تۇرىدىغۇ، ئاستا ـ ئاستا ئۇگىنەلمەيدىمەن!......دىدى تەرىنى تۇرۇپ. رۇسۇل ـ: نىمە ماڭىلا سۆزلەيسەن، كۈلگەندىن مەنلا بولمىسام يا!...... ـ: باشقىلار نەدە كۈلدى، قارىسام ماكاكا مايمۇنىدەك ئىغىزلىرىڭنى قاس چىكەتكۈچە ئىچىپ كۈلۈۋىتىپسەنغۇ!...ھىلى سىنىمۇ كۆرىمە، مەنغۇ ماقا ئاياققا ئىتىۋىتىپتىمە سەن بىرەرسىمىزگە سانجىپ قويمىساڭلا بولىدىغۇ تىخى!......... شۇندا مەن كۈلكەمنى توختىتىپ ئىغىز ئاچتىم ـ: ھوي بولدى قىلىڭلا، چۈجە خورازلاردەك سوقۇشۇپ ئولتۇرماي تىزرەك توشقان تۇتايلى بولمىسا كەچتە توشقان كاۋىپى يىيەلمەيمىز!...بىرىمىزلا چىقماي ھەممىمىز بۆلۈنۈپ ئۇلارنى قورشاۋغا ئىلىۋالايلى ئاندىن بارا ـ بارا دائىرىنى كىچىكلىتىپ ئۇ قاچالمىغاندا ئاندىن تۇتىۋالايمىزمۇ!...... سۆزۈمنى ئاڭلاپ نىجات سەكرەپ كەتتى ـ: راس، راس!...يەنىلا بۇ مۆڭدەپ تۇرغىنى بىلەن كاللىسى بەك ئىشلەيدۇ جۇمۇ ئارىمىزدا، قەھرىمان دىگەندەك قىلساق تۇتمىقىمىز ئاسان بولىدىكەن ئەمەسمۇ!، شۇنداق قىلىلى، ئاۋۋال توشقاندىن بىرەرسى يەنە كەلسۇن شۇ چاغدا ئۇنى قورشىۋىلىپ تۇتىۋالايمىزمۇ!......... ئابلاكامۇ كۈلۈپ قويۇپ ئارتۇق سۆزلىمىدى. مەقسىدى بولسا بىزنى ئۆزى يوق شارائىتتىمۇ يەنىلا جىنىمىزنى ساقلاپ قالالايدىغان ھالەتكە ئەكەلمەكچى ئىدى. شۇڭا ئابلاكامغا بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن يىڭى بىر پىلان تۈزدۇم، بىردەم تەكشۇرۇش ئارقىلىق راسلا بۇ جايدا ياۋا توشقانلارنىڭ كۆپلىكىنى ھىس قىلدىم. ئاندىن بىر توشقاننى نۇقتا قىلىپ قالغانلارنى تارقاقلاشتۇردۇم، ئۇلارمۇ كۈتكىنىمدەك توشقاننى قورشاپ ئالدى. بارا ـ بارا دائىرىنى كىچىكلىتىشكە باشلىدۇق، ياۋا توشقان بولسا ھەر تەرەپكە قىچىپ بىقىپ ئۆزىنىڭ قورشاۋدا قالغىنىنى ھىس قىلدى بولغاي ئوتتۇرا نۇقتىغا كىلىپ تۈگۈلۈپلا تۇرىۋالدى. كۆڭلۈمدە ئۇنى تۇتۇپ بولدۇق دەپ تولۇق ئىشەنچ قىلىپ بولغان ئىدىم. شۇڭا ئىككى قولۇمنى كەڭ ئىچىپ ئۇنىڭغا يەنىمۇ يىقىنلاپ كەلدىم، باشقىلارمۇ مەن بىلەن تەڭ ئۇنى بارغانسىرى قىستاپ كىلىۋاتاتتى. توساتتىن ياۋا توشقان شۇنداق چاققانلىق بىلەن ناھايىتى تىز يۈگۈرگەن پېتى نىجات بىلەن مىنىڭ ئارىلىغىمدىنلا قىچىپ چىقىپ كەتتى، بىز بولساق ۋارقىراشقىنىمىزچە ئۇنىڭ قىچىپ كىتىشىگە قاراپلا قالدۇق. تۇتتۇلايلا دەپ قالغان توشقان كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قولىمىزدىن قىچىپ كەتكەن ئىدى. ـ: ئاناڭنى!...تۇتتۇلۇپ بولغان نىمە قىچىپ كەتتىغۇ!......... دىدى نىجات يەرگە بىرنى تىپىپ قويۇپ. مەنمۇ ئۇنىڭ قانداق قىچىپ كەتكىنىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋىقىپ قالغان ئىدىم. شۇندىلا ئابلاكامنىڭ ماھارىتىگە ھەقىقەتەن قول قويماي تۇرالمىدىم، بەش ئادەم بىرلىشىپ بىر توشقاننى تۇتالماي قاچۇرۇپ قويدۇق، ئابلاكام يالغۇز بىر ئادەم تۇرۇپ ئۈچ ـ تۆت توشقاننى بىرلا ئوۋلاپ كەلگەنلىكى مىنى ھەيران قالدۇردى. ـ: ئابلاكا، ھەقىقەتەن سىزگە قول قويدۇم!...شۇ ماھارەتلىرىڭىزنى بىزگە ئۆگۈتۈپ قويسىڭىز بوپتىكەن، چوقۇم پۈتۈن زىھنىم بىلەن ئۆگىنىمەن!......دىدىم ئۇنىڭغا...ئابلاكام كۈلۈپ قويۇپ ـ: ئەسلى ئەتتىگەنلا سىلەرگە بىر قىسىم ماھارەتلەرنى ئۆگەتمەكچى ئىدىم، بىراق زىھنىڭلارنى يىغالماسلىقىڭلاردىن ئەنسىرەپ

يەنىلا ئاۋۋال ئۆزۈڭلارنىڭ قول سىلىپ ئىشلەپ بىقىشىڭلارنى توغرا تاپتىم، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇگەنگەن نەرسەڭلارغا سەل قارىمايدىغان بولىسىلەر!.........دىدى. دىگەندەك بىزمۇ ياخشى بىر دەرىسنى ئۆزلەشتۈرىۋالغان ئىدۇق. شۇندا ئابلاكام ـ: ئەمىسە ئاۋۋال جان ساقلاشنى ئۇگىنىۋىلىڭلار، بۇ ھەممىسىدىن مۇھىم. ياۋا توشقان ئادەتتە بەك سەزگۈر، ھەر قانداق ئاۋازنىڭ ھەم خەتەرنىڭ ئۆزىنىڭ قايسى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ئىنىق ئايرىيالايدۇ، شۇڭا ئۇلارغا ئازراق ئۇستىلىق ئىشلىتىشكە توغرا كىلىدۇ. بۇ چاغدا بىز ئىشلەتكەن ئۇسۇلنىڭ توغرا چىقىشى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، مەسىلەن مەن ھازىر بىر قىتىم سىناپ بىرىمەن ئوبدان قاراپ تۇرۇڭلار ھە!.............. ئابلاكام شۇنداق دىگىنىچە جىغانلىقنىڭ قويۇق ئۆسكەن يىرىگە كىلىپ يوشۇرۇندى، بىز بولساق يىراقتىراق ئۇنىڭ ھەركەتلىرىگە قاراپ تۇردۇق. ئابلاكام ئادەتتە ناھايىتى سەۋىرچان بولۇپ ئوۋنى خۇددى بۆركۈتتەك كۈزىتىپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كىيىن ئابلاكامغا يىقىنراق جايدا بىر توشقان پەيدا بولدى، ئەمدى بىز ئابلاكامنى قانداق قىلار دەپ سەپسىلىپ قاراپ تۇراتتۇق. ئارىدا ئابلاكام يەردىن بىر داشگالنى ئالدىدە نىشانلاپ تۇرۇپ توشقاننىڭ دەل كەينىگە قارىتىپ ئاتتى، تۇيۇقسىز چىققان شەپىدىن چۆچۈگەن توشقان كەينىدە خەتەر بارلىقىنى سىزىپ دەل ئابلاكام تەرەپكە قاراپ قاچتى، ئون مىتىر، بەش مىتىر!.........بىز شۇنداق ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىمىز چەكچىيىپ كەتتى بىراق ئابلاكام شۇنداق ئىغىر ھالدا قىمىر قىلماي توشقاننى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۈزىتىپ تۇراتتى، شۇندا توشقان دەل ئابلاكامنىڭ يىنىغىلا كىلىپ قالدى جىممىدە تۇرغان ئابلاكام خەنجىرىنى ئىشلەتمەستىن چاقماق تىزلىكىدە توشقاننىڭ بوينىدىن بوغۇپلا ئالدى. بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ بىلمەيلا چاۋاك چىلىشىپ كەتتۇق. ـ: «ئاپىرىن ئابلاكا، ئاپىرىن!......» ئابلاكام تىپىرلاپ تۇرغان توشقاننىڭ بىشىغا بىرنى ئۇرىۋىدى توشقان جىمىپ قالدى، بۇنى كۆرۈپ نىجات ۋارقىراپ كەتتى ـ: ۋۇي بۇ نىم قىلغىنىڭىز، ئاران تۇتقان توشقاننى ھارام قىلىپ قويدىڭىزغۇ؟ ......... ئابلاكام ـ: ئەنسىرىمە ئۇكام، ئۇ ئۆلمىدى ھوشىدىن كەتتى. ۋاقتىدا پىچاق سالمىساق ھۇشىغا كەلسىمۇ شۇنداق ئۆلگەن بولۇۋىلىپ بىخۇدلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ قىچىپ كىتىدۇ، مەن نەچچە قىتىم بۇرنۇمغا سۇ كىرىپ ھازىر ئادەتتىكى ئىشلار بولۇپ قالدى بۇلار!.........ئۇ شۇنداق دىگەچ توشقاننى نىجاتقا تۇتقۇزۇپ قويدى ـ: چىڭ تۇت جىمۇ ھىلى قىچىپ كىتىدۇ!......... بىز ئابلاكامنىڭ يەنە نىمە قىلىدىغىنىغا قاراپ تۇراتتۇق. شۇندا ئابلاكام يەنە جىغانلىققا شۇڭغۇدى، بىز بولساق ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۈزىتىۋاتاتتۇق. ئابلاكام ئۇياق بۇياق يۆرۈپ بىر نەرسىلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى، ھەمدە قىلچىنى بىر جايدىكى جىغانلارغا مۇقىملاشتۇرۇپ باشقا بىر جايغا بىر نەرسىلەرنى ئىزدەپ ماڭدى، ئۇنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ قويۇپ يەنە داۋاملىق ئابلاكامنى كۈزەتتۇق، شۇندا ئۇ يۇلغۇننىڭ شىخىدىن بىرنى ئوشتۇۋىلىپ بىر كامارغا كىرگۈزۈشكە باشلىدى، شۇندا ھەيران قالدۇقكى ئابلاكام قىلچىنى مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇپ قويغان جايدىن بىر ياۋا توشقان

ئىتىلىپ چىقىپلا قىلىچقا سانجىلىپ قالدى. ئابلاكام چاققانلىق بىلەن يىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىشىنى ئۈزدى ئاندىن ساڭگىلاتقىنىچە كۆتۈرۈپ بىقىز تەرەپكە يىنىپ كەلدى ۋە ـ: قانداق، ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ، ئالدىدىكى ئۇسۇلنى ئىشلىتىۋەرسەم ئەمدى ئۇنداق تۇتۇلۇپ بىرىدىغان توشقان بولىۋەرمەيدۇ شۇڭا يىڭى ـ يىڭى ئاماللارنى ئىشقا سىلىش كىرەك، ياشاش ئۈنچىلىك ئاددىي ئىش ئەمەس!.........دىدى بىزگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن ـ: نىجات ئۇكام، سەن ئەمدى ئۇنداق قىززى قانلىقىڭنى تاشلا. بۇ جايدا ھايات قالىمەن دەيدىكەنسەن چوقۇم ئىغىر بىسىق بولىشىڭ كىرەك، ئالدىراپ كەتسەڭ چوقۇم زىيان تارتىدىغىنى سەن بولۇپ قالىسەن، بۇ جايدا يوشۇرۇن خەۋىپلەر ناھايىتى كۆپ شۇڭا ئالدىدىكىسىنى كۆرۈپلا ئالدىراپ كەتمە، ئۇنىڭ ئارقىغا تىخىمۇ چوڭ خەۋىپلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ بۇنى ئىسىڭدە چىڭ تۇت!......... نىجاتمۇ بىشىنى لىڭشىتتى، بىز بۇگۈن ناھايىتى چوڭ تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ خۇشال ھالدا ئابلاكام بىلەن قەلئەگە قاراپ يول ئالدۇق.

يېڭى سەپەر(5 ـ باب2 ـ قىسىم)

ئەتتىگەندىلا ئابلاكام ئويغانماستىن ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بولدۇق. چۈنكى ھەممىمىزنىڭ روھى كۆچى ئۇرغۇپ تاشقان ئىدى، ئابلاكامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياخشى مەشىق قىلىپ ئالۋاستىلارغا جەڭ ئېلان قىلماقچى ئىدۇق. ئۇنىڭغىچە ئابلاكامۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ھەيران بولۇپ ـ: ۋۇي، بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقاندۇ؟ ھەممىڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بوپسىلەرغۇ، كىچىچە قارا بىسىپ قالمىغاندۇ؟ ... دىدى كۈلۈپ قويۇپ. نىجات ـ: ھەي ياقەي!...ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى مەشىق قىلايلى دىدۇقمۇ شۇ، ھەممىمىزنىڭ روھى شۇنداق كۆتۈرەڭگۈ...شۇ تاپتا مەشىق دىگەننى ئالامەت قىلغۇتىمىز!......دىدىدە مۇشلىرىنى ھاۋاغا شىلتىپ قويدى. ئابلاكام ـ: ھا ھا ھا، روھىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدۇ دىگىن!...ئۇنداقتا چىقىپ سىناپ باقايلى راسمۇ يالغانمۇ!... ـ: چاتاق يوق، تۈنۈگۈن ئۆگەنگەن ماھارەتلىرىمنى بىر كۆرسۈتۈپ قوياي، ھەيران قالماڭ ھە ئەمىسە!... ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئابلاكام بىزنى باشلاپ سىرىتقا ئىلىپ چىقتى ھەمدە ماڭغاچ يولدا ئۇچرىغان ھەرخىل نەرسىلەرنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ ماڭدى. بىزمۇ ھەم ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ ماڭدۇق. ئابلاكامنىڭ زىرىكمەي ئۆگۈتىشى نەتىجىسىدە بۇ خارابىيلىقنىڭ يەر شەكلى بىلەنمۇ خىلى تونۇشۇپ قالغان ئىدۇق. ئابلاكام كىتىۋاتقاچ ـ: مىنىڭ سىلەرگە بۇلارنى ئۆگۈتىشىمدىكى سەۋەپ، ئالاھىدە ئەھۋاللارغا يولۇققاندا چىقىش يولى تىپىشتىن ئىبارەت. دائىم يىنىڭلاردا بولالماسلىقىم مۇمكىن، مەن يوق چاغلاردىمۇ سىلەر يەنىلا بۇ يولنى داۋام قىلىشىڭلار كىرەك. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆگەتكەنلىرىم سىلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولىدۇ. شۇڭا قىتىرقىنىپ ئۆگۈنىشىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن!...... دىدى بىزگە قاراپ. ـ: خاتىرجەم بولۇڭ ئابلاكا، بىز چوقۇم ياخشى ئۆگىنىشكە تىرىشىمىز!... ئابلاكام مەمنۇن بولۇپ يولنى داۋام قىلدى. بىز ئابلاكامنىڭ

يېتەكلىشىدە ھۇجۇم تاكتىكىسى، ھەم پەيتى...خەتەرگە ئۇچرىغاندا قانداق جايدا پاناھلىنىش، ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇق مەسىلىسىدىن قانداق قۇتۇلۇش جەھەتلەردە ياخشى ھاسىلاتقا ئىگە بولدۇق. ھەمدە ئۆڭكۈرلەرگە كىرىپ يىلان، ئۆمۈچۈكلەر بىلەن بىر قەپەستىن جەڭ قىلىپمۇ چىقتۇق، ھەتتا بەزى ئۆڭكۈرلەردە ئۇچرىغان جەسەتلەرنىڭ ھالىتىدىن قانداق ئۆلگەن، قاچان ئۆلگەن دىگەنلەرنى ئانالىز قىلىپ چىقتۇق، بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ كىيىنكى يولىمىزدا ئىنتايىن زور رولىلارنى ئوينايتتى، بىزنىڭ خەتەردىن ساقلىنىشىمىزغا چوڭ پايدىسى تىگەتتى. ھەم بۇ جەرياندا يۈرىكىمىز خېلى پىشىپ ئانچىكى ئىشلارغا قورقۇپ كەتمەيدىغان بولدۇق. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ھەممىسى ئابلاكامنىڭ تۆھپىسى ئىدى. بىز شۇنداق ئارىلاپ يۈرۈپ يۇلغۇنلۇققا يىتىپ كەلدۇق. ئابلاكام ـ: ھە نىجات ئۇكام، قېنى ساڭا بىر شارائىت ھازىرلاپ بىرەي، ئۆزۈڭنى تازا بىر كۆرسىتىۋاله!...... ـ: ماقۇل، ماقۇل، ھازىر تىخىمۇ يۈرەكلىك بوپ كەتتىم قانداق ئىش بولسا دەۋرىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ بىجىرىۋىتىمە!...دەڭە نىمىش قىلىمەن؟ ... ئابلاكام جىغانلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ـ: ئاۋۇ جايغا بىرىپ ئۇگەتكەنلىرىم بويىچە قىلىپ توشقاندىن بىرنى تۇتۇپ كەلگىنە!......دىدى نىجاتقا. نىجات بولسا ئۆزىنى بىر تۈزىۋېلىپ ـ: بولىدۇ، قاراپ تۇرۇڭ ھە، ھازىرلا نەچچىنى تۇتۇپ كىلىمەن!......دىدىدە جىغانلىققا شۇڭغۇدى. بىز بولساق ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ تۇراتتۇق. ئابلاكام ـ: ئۇ بىرمۇ توشقان تۇتالمايدۇ دىسەم ئىشىنەمسىلەر؟ ...بۇ بالا بەكلا ئالدىراڭغۇكەن، سىلەرگە دىسەم بۇ بىرنىمنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ناھايىتى ئېغىر بىسىقلىق بىلەن ئوۋنىڭ نىشانىنى ئىنىق بەلگىلىۋېلىشىڭلار كېرەك، بولمىسا ھەرگىزمۇ تۇتالمايسىلەر!...قاراڭلار ئۇ قەيەردە ئوۋنىڭ بار يوقلىقىغا قارىمايلا كىرىپ كەتتى. جىغانلىقنىڭ ئارىسىدا ئوۋنى تىخىمۇ پەرق قىلالمايدۇ. ياۋا توشقاننى تۇتۇشتا ئاۋۋال ئوۋنى تېپىش كېرەك، ئاندىن شۇ نۇقتا بويىچە بارا ـ بارا يېقىنلىشىپ مەلۇم دائىرىدىن ئۇنىڭغا چاقماق تىزلىكىدە ھۇجۇم قىلىمىز، ئۇنىڭ يۆلىنىشى ناھايىتى تۇراقسىز، سەللا بىخەستىلىك قىلساق قېچىپ كىتىدۇ شۇڭا ئارىلىقنى توغرا مۆلچەرلىشىمىز كېرەك!......... ئابلاكامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى تۈنۈگۈن ئۇنىڭ ماھارىتى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنىدە!...ئۇنىڭغىچە نىجات ئىزدەپ يۈرۈپ بىر تۆشۈكنى تېپىۋالدى ئاندىن قىلىچىنى خۇددى ئابلاكامدەك تۆشۈكنىڭ ئالدىدىكى جىغانلارغا يۆگەپ مۇقۇملاشتۇرۇپ يەنە بىر تەرەپتىكى بىر تۆشۈكنى كوچىلاشقا باشلىدى. بىردەمدىن كىيىن تۇيۇقسىزلا سەكرەپ ۋارقىراپ كەتتى ـ: ۋايجان، يىلان!...يىلان باكەن قۇتقۇزۇڭلا!......... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە قىلىچىنىمۇ ئالماي بىز تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى. بىز بولساق تېلىقىپ كۈلۈۋاتاتتۇق. ـ: ئۇھ، جېنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدا!...ئۆمرۈمدە مۇشۇ نەس باسقۇردىن قورقىتىم، قورققانغا قوش كۆرۈنەر دېگەندەك توشقان قوغلاپ كىرسەم يىلان قوغلاپ كەتتى دېسە!...... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ھاسىراپ تۇراتتى ـ: نەدىن كەلدى دەيمە، توشقاننىڭ ئۇۋىسىدا نىمە بار

ئۈنىڭغا!...... ئابلاكام كۆلكىسىنى توختىتىپ ـ: ئىنىم نەچچە قېتىم دېدىم ئالدىراقسانلىق قىلما دەپ، بەك قىززىققانكەنسەن!...ئۇ ئەسلىدىنلا يىلاننىڭ ئۇۋىسى، مەن سىلەرگە بۇ جايدىكى شەيئىلەرنى بىكاردىن بىكار ئۆگۈتىۋاتقىنىم يوق، شەكلى ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆسۈملۈكلەر بار ئۇلارنىڭ بىر خىلىنىڭ غولىدىكى سۇنى ئىستىمال قىلىشقا بولىدۇ، يەنە بىر خىلىنىڭ غولىدىكى سۇيۇقلۇق ناھايىتى زەھەرلىك، يېنىكى سىزىمىڭنى يوقىتىسەن، ئېغىر بولغاندا زەھەرلىنىپ ئۆلىسەن!...ئوخشاشلا توشقاننىڭ ئۇۋىسى بىلەن يىلاننىڭ ئۇۋىسى كامار بولىدۇ. ئەمما شۇنىمۇ ئىنىق پەرق قىلالمىساڭ ۋاقتى كەلگەندە بايىقىدەك يىلان چېقىپ چىقىۋالسا ئوخشاشلا ھاياتىڭغا خەۋپ يېتىدۇ. شۇڭا قىزىققىنىڭ ياخشى توسمايمەن، ئەمما قىزىقىشىنىڭمۇ يولى بولىدۇ. سەن ئەستايىدىل ئۆگىنىسەن مەن ھەممىنى قويماي ساڭا ئۆگىتىمەن قانداق؟ ...... نىجات خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى ئۇنىڭدىن كېيىن ـ: كەچۈرۈڭ، ئانامنىڭ قورسىغىدىمۇ جىم ياتماي سەككىز ئايدىلا تۇغۇلۇۋاپتىكەنمەن، ھازىرغىچە شۇنداق ئالدىراقسان!...... ـ: لېكىن مەن بىر قاراپلا سىنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىڭنى ھىس قىلىپ يەتتىم، سىنىڭ قولۇڭدىن چوڭ ئۇشلار كىلىدۇ!...بەلكىم بۇ جەڭدە سىنىڭ تۆھپەڭمۇ چوڭ بولۇشى مۇمكىن!... نىجات يەنە ھاياجانلىنىپ كەتتى ـ: بىلىۋاپسىزدە!...مەن راسلا ھەممىنى قىلالايمەن...مۇشلىشىش دەمسىز، قىمار ئويناش دەمسىز قاندىقى بولسا ژىتىۋىتىمەن دەڭە!...... ـ: ھا ھا ھا، قارىسامۇ ژىتىۋىتىدىغاندەك!...ئەجىبا ياخشى ئىشلار قولۇڭدىن كەلمەمدا، دەپ بولغىچە مۇش ـ پەشۋا، ئالدامچى قىما!...دىگەندىن چۈشتۈڭغۇ!... نىجات دەپ بولۇپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن يەنە توشقان تۇتۇش ئۈچۈن مىڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئابلاكام توختىتىپ ئوۋ ئوۋلاش باسقۇچلىرىنى سۆزلەپ بەردى. نىجات بىلىۋالغاندىن كېيىن ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن چوڭ قەدەم ئېلىپ ئوۋ ئوۋلاشقا ئاتلاندى. ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىدىن بۆگۈن بىرنى ئەمەس بەش ئالتىنى تۇتىۋىتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ جىغانلىق ئارىسىغا بارغاندىن كېيىن بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ قويۇقراق كەلگەن جايغا كىلىپ يوشۇرۇندى، ئاندىن توشقاننىڭ پەيدا بولۇشىنى ساقلاپ تۇردى. بىزمۇ ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قاراپ تۇراتتۇق. ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ دىگەندەك نىجاتقا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئوتلاشقا باشلىدى، پەيتىنىڭ يىتىپ كەلگىنىدىن خۇشال بولغان نىجات ئاستا يەردىن داڭگالدىن بىرنى ئالدىدە نىشانلاپ تۇرۇپ توشقان تەرەپكە ئاتتى. ئەمما ئاتقان داڭگال نەق توشقاننىڭ بىشىغا تىگىپ چۆچۈپ كەتكەن توشقان بەدەر تىكىۋەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ توختىماي كۈلەتتۇق، ھەتتا غېنى كۈلۈپ بولالماي كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. نىجات بىزگە قاراپ قويۇپ يەنە باشقا جايغا ئورۇن يۆتكىدى ھەمدە توشقاننىڭ پەيدا بولۇشىنى ساقلاپ تۇردى. بۇ قېتىم خىلى ئۇزۇنغىچە توشقاننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇزاق ساقلاشلاردىن كېيىن ئاخىرى ئوۋ پەيدا بولدى. تاقىتى تۈگىگەن نىجات ئۆزىنى تەستە بېسىۋىلىپ يەنە داڭگالدىن بىرنى ئېلىپ توشقان تەرەپكە نىشانلاپ ئاتتى...بىراق داڭگال توشقاننىڭ يىنىغا

چۈشكەن بولسىمۇ چۆچۈپ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ يەنە ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى، ئىككىنچى داڭگالنى ئاتتى ئوخشاشلا ئازراق يۇگۈرۈپ قويۇپ يەنە توختاپ قالدى. ئاخىرى چىدىمىغان نىجات يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپلا توشقاننى قوغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىغىدىن ھەممىمىز كۈلكىمىزنى توختىتالماستىن دومىلىنىپ كىتىۋاتاتتۇق. ئۇنىڭ توشقاننى قوغلاۋاتقاندىكى ھالىتىمۇ شۇنداق قىززىق بولۇپ، توشقانمۇ ئۇنىڭ بىلەن قىرىشقاندەك يۆلىنىشىنى ناھايىتى تىز ئۆزگەرتىپ قاچاتتى. نىجات بولسا تۇتىمەن دەپ جىغانلارغا ئىلىنىشىپ يىقىلىپ قوپۇپ يەنە قوغلايتتى. بىز ئۇنىڭ توشقاننى تۇتالىشىدىن ئۈمۈدىمىزنى ئۈزۈپ تۇرغاندا ئۇ ۋارقىرىدى ـ: تۇتتۇم!.....قاراڭلار مانا ئاخىرى تۇتىۋالدىم، يەنە تىخى تىرىك پىتى، ھىچقانداق قورال ئىشلەتمەي قوغلاپ تۇتتۇم!........ ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ چاۋال چىلىشىپ كەتتۇق. ـ: يارايسەن باتۇر!... دىدى ئابلاكام ۋارقىراپ تۇرۇپ. نىجات بولسا يۇگۈرگىنىچە قولىدا تىپىرلاپ تۇرغان توشقاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇۋىلىپ ئىلىپ كىلىۋاتاتتى. ـ: قاراڭلار، ئاخىرى تۇتىۋالدىم!...قانداق ئەمدىغۇ يامانلىقىمغا ئىشەنگەنسىز ئابلاكا!...... ـ: ئىشەندىم، ئىشەندىم!...سىنىڭ يامانلىقىڭنى بىلەتتىم زادى، ئاخىرى تۇتىۋاپسەن مانا..لىكىن ئۆلۈپ قالدىمۇ نىمە بايا تىپىرلاۋاتاتتى ئەمدى جىمىپ كەتتىغۇ!... ـ: ئۇنداق ئەمەستۇ، بەلكىم ئۆلگەن بولۇۋىلىپ بىزنى ئالداۋاتامدىكى...قويۇپ بەرسەملا يەنە قىچىپ كىتىدۇ ھەقىچان!.....دىدى نىجات ھاسىراپ تۇرۇپ. ئابلاكام ـ: مەيلى يەرگە قويە!..... ئۇنىڭ سۆزىدىن نىجات ناقايىل بولۇپ ـ: نىمە، ئاران تۇتسام يەنە قويۇپ بىرەمدىم؟ بۇ جانىۋار چوقۇم يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋالغان نىمە!...قويۇپ بەرسەم قىچىپ كەتمەمدۇ؟ ... ـ: مەيلى، ئىشقىلىپ سەن تۇتقانغا ھىساپ، قىچىپ كەتسە يەنە تۇتىمىز ئاۋۋال ئۇنى يەرگە قوي!..... نىجات ئىككىلىنىپقىنە توشقاننى يەرگە قويدى. بىراق توشقان ناھايىتى تىز نەپەس ئالغىنىچە قىمىرلىماي ياتاتتى. شۇندا ئابلاكام توشقاننى قايتىدىن تۇتىۋىلىپ قاھقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، بىز ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتۇق. ئابلاكام بىردەم كۈلۈپ كىتىپ ئاندىن كۈلكە ئارىلاش ـ: ھا ھا...قاراڭلار بۇ جاڭۋاغا!...نىجات قوغلاۋىرىپ ھالسىرىتىپ ماڭالماسلا قىلىۋىتىپتۇ بۇنى شۇڭا نىمە كۆرسەم كۆرەي دەپ ياتقان يىرىكەن ھا ھا ھا ھا!.......... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق، نىجاتمۇ بىز بىلەن تەڭ كۈلۈپ كەتتى ئاندىن ـ: ئىشقىلىپ قانداق قىلسام تۇتىۋالدىم ھىساپ!...بۇنى تۇتقىچە مەنمۇ باشلىرىم قىيىپ تاس قالدىم ئايلىنىپ كەتكىلى!......... دىدى بىشىنى سىلكىپ قويۇپ. ئابلاكام ـ: توغرا، توغرا...بەل قويىۋەتمىسىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، بۇ روھىڭنى ئۇگۈنۈشكە ئەرزىيدۇ!...كەچمۇ بولاي دەپتۇ قالغان ئىشلارنى ئەتە يەنە داۋاملىق ئۇگىتەي يەنە بىرە ئىككى توشقان تۇتۇپ بىراقلا ئىلىپ كىتىپ كاۋاپ قىلايلى قانداق؟ ...قاراڭغۇ چۈشكىچە ئاستا قەلئەگە قايتمىساق ئۇ جاي ئاشكارلىنىپ قالمىسۇن يەنە!......دىدى ئابلاكام. بىزمۇ قوشۇلدۇق ھەمدە ياۋا توشقاندىن يەنە ئىككىنى تۇتۇپ، چاقچاقلاشقاچ قەلئەگە قاراپ يول ئالدۇق!......

يېڭى سەپەر(5 ـ باب3 ـ قىسىم)

قەلئەگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممىمىز بىرلىكتە ئالدىراشچىلىق بىلەن تۇتىۋالغان توشقانلارنى پاكىزلەپ تەييار قىلدۇق. ئابلاكام بولسا ئوتنى راسا بەلەن چوغدىتىپ بولدى ئاندىن توشقانلارنى پىشۇرىۋاتقاچ بىزگە ـ : قانداق، بۈگۈنكى ئۆگىنىشتىن قانداقراق ھاسىلاتقا ئىگە بولدۇڭلار؟ ......دىدى بىزگە قاراپ قويۇپ. يەنە نىجات ۋاتىلداپ كەتتى ـ : ۋاھ، ئۇنى بىر دىمەڭ ئابلاكا!...بۈگۈن ھەرھالدا توشقان قوغلاشنى بولسىمۇ ياخشى مەشىق قىلىۋالدىم. قىلىچ ئوينىتىشقا كەلگەندىزە يەنىلا ئازراق خام...بولسا ئەتىلەردىن مۇشۇ ئاساسىي جەڭ ماھارەتلىرىنى بىر ئۆگەنمەيمىزمۇ؟ نەچچە كۈندىن بېرى شەيئىيلەرنى خىلى پىششىق بىلىۋالدۇق، خارابىيلىقنىمۇ ھازىر خىلى ئوبدانلا بىلىمىز بۇرۇنقىدەك ئىزىقىپ قىلىشلار يوق، مەھەللىمىزدە ماڭغاندەك مىڭىلىۋېرىمىز دەڭە!...ھا ھا ھا!... نىجاتنىڭ دىگەن سۆزلىرىدىن ھەممىمىز مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدۇق. ئابلاكام ـ: ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، ئەمىسە ئەتە مەن سىلەردىن چوڭ بىر ئىمتىھان ئىلىپ باقمەن ئۆگەنگىنىڭلار زادى قانچىلىك بولدى، دەپ بەرگەنلىرىمدىن قانچىلىك بىلىم ئاللىدىڭلار قېنى!...... ئابلاكامنىڭ سۆزىدىن ھەممىمىز ئەجەپلىنىپ سورىدۇق ـ : ئەجىبا نەچچە كۈن مەشىق قىلىپلا ئىمتاھانغا چۈشۈپ كەتتۇقما؟ ھىچ بولمىسا يەنە نەچچە كۈن مەشىق قىلىۋىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن بىر گەپ بولمىسۇنمۇ ئابلاكا!...... ـ: نەچچە كۈن يەنە بىكاردىن بىكار ئايلىنىپ يۈرسەك قاملاشمايدۇدە!...شۇڭا ئەمەلىيەتتى قول سېلىپ ئىشلەش كېرەك، شۇ چاغدىلا ئاندىن تىخمۇ چوڭقۇر بولغان ھاسىلاتلارغا ئىگە بولىسىلەر!...... ئابلاكامنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى يەنىلا چۈشىنەلمىدۇق. قول سېلىپ ئىشلەش دىگىنىنىڭ قايسى مەنىدە دىيىلگىنىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان ئىدۇق. ئۇنىڭغىچە ئابلاكام سۆز ئاچتى ـ : بەك كۆپ ئويلىۋالماڭلار، ۋاقتى كەلگەندە تەبىيلا ھەممە ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ!...ھە، كاۋاپمۇ تەييار بولدى قېنى قورساقنىبىر تويغۇزىۋۇڭلار ئاۋۋال، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ناھايىتى قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن!........... دىگەندەك مەزىلىك كاۋاپنىڭ ھىدى ھەممىمىزنىڭ ئىشتىھاسىنى ئىچىۋەتكەن ئىدى، بىز ئابلاكامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتۇق. ئابلاكام بىزگە گۆش تەقسىم قىلىپ بەرگەچ ـ : ئۇزۇن بوپتۇ بۇنداق كۆپ ئادەملەر بىلەن بىللە تاماق يىمىگىلى، ھەم سىلەرگە ئىچ باغرىمدىكىنى راسا تۆكۈۋىلىپ بەكلا يىنىكلەپ كەتتىم. يەنە شۇنداق بولسىمۇ سىلەرگە كۆپ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگۈم كىلىۋاتىدۇ، ئاڭلاشنى خالامسىلەر؟ ...... ھەممىمىز يايراپ كەتتۇق، مەن ـ : خالايمىز، خالايمىز!...ئابلاكا دەپ بىرىدىغىنىڭىز يەنە قورقۇنۇچلۇق ئىشلارما؟ ...... ئابلاكام بىردەم تۇرۇپ كىتىپ ـ : ياق، بۇ مەن ياشاۋاتقان مەھەللىدىكى ئىشلار، سېلىم تاغاڭ بىلەن بولغان ئىشلار!...يەنە كېلىپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلەر!......... ئابلاكام شۇلارنى دەۋىتىپ بىردەم جىمىپ كەتتى، ئۇنىڭ ھالىتىدىن ناھايىتى ئازاپلىنىۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئابلاكام كۆزلىرىگە كەلگەن

ئىسسىق ياشنى بىزدىن قاچۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ــ: ئەمسە دەپ بىرەي قۇلاق سىلىپ ئاڭلاڭلار ھە!...... بىزنىڭ باش لىڭشىتىشىمىز بىلەن ئابلاكام ھېكايىسىنى باشلىدى ــ: ئۇ چاغلاردا چېلىشچىلىق بىزنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندىكىللىرى ئىدى، ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ باتۇرلىقىنى نامايەن قىلاتتۇق. شۇڭا قەيەردە نوچى چېلىشچى بولسا شۇيەرگە ئىزدەپ بېرىپ سىنىشىپ كىلەتتۇق، بۇ ئەلۋەتتە قانداقتۇر نوچىلىق تالىشىش بولماستىن رىقابەتلىشىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تونۇش ئۈچۈن ئىدى. ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆز ـ ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلاتتۇق. مەن ئۇ چاغلاردا كىچىك بولغاچقا ئادەتتىكى، مەھەللىلەردە ئورۇنلاشتۇرغان كىچىك تىپتىكى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ يۈرەتتىم. قانات ـ قۇيرۇقۇمۇ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. دائىم چوڭ چېلىشچىلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتىم، ھەتتا ھەرىكەتلىرىنى ئوغۇرلۇقچە ئۆگىنەتتىم. ئۇلار مىنىڭلا ئەمەس مەھەللىدىكى ھەممە كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت قىلىشىغا سازاۋەر بولغان ئىسىل پالۋانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى دەل ھازىرقى مەھەللە ئاقساقىلىمىز شۇ، ياش ۋاقتىدا«مانا مەن!...»دېگەن نوچىلارنى بىرلا كۆتۈرۈپ يانپاشلاپ باساتتى. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بولغاچقا چوڭلاردىن ئەيمىنىپ يېنىغا بېرىشقا پېتىنالمايتتىم، لېكىن چېلىشىش ئورۇنلاشتۇرغاندا ھەممە ئىشىمنى تاشلاپ قويۇپ ئۇلارنىڭ رىقابىتىنى كۆرەتتىم، ھەمدە يوشۇرۇن ھالدا چېلىشىشنى مەشىق قىلاتتىم. بارا ـ بارا چوڭ بولۇشقا ئەگىشىپ كۆپ مۇسابىقىگە چۈشتۈم ھەمدە ياشلار ئارىسىدا خېلىلا شۆھرەتكە ئېرىشتىم. ئەمما بىز مەھەللە بويىچە ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان ئىدۇق، ئۇنىڭ بىرى دەل سېلىم تاغاڭ بولىدۇ. ئۇنىڭغا مەھەللە پالۋىنى ئاقساقال ناھايىتى ئامراق بولغاچقا يېنىغا تارتىپ ئۆزى بىر قوللۇق مەشقلەندۈرگەن، شۇڭا ھەر قانداق چېلىشچى ئۇنىڭ بىلەن چۈشسە سەرتىسىز يېڭىلەتتى. سېلىمنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ شۇنداق چاققان ھەم زەردىلىك ئىدى، ھەتتا بىر قېتىم مۇسابىقىدە باشقا مەھەللىدىكى بىر پالۋاننىڭ سېرىق ئېتىنى يىرتىۋەتكەن!...چېلىشچىلار يىقىلماي تىك چۈشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ زەردە بىلەن يەرگە قېقىشىدىن بەدىنى بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ. شۇڭا كۆپىنچىلەر ئۇنى مەھەللىنىڭ كەلگۈسى ۋارىس پالۋىنى دەپ ئاتىشىلايتتى، مەن بولسام ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرتتەك، چېلىشچىلارغا قاراپ ئۆگىنىۋالغىنىم بويىچىلا ئۆزۈم يەنە ئازراق ماھارەت قوشۇۋالغان ئىدىم. شۇنداقتىمۇ بەدەن قۇۋۋىتىم ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدىم. خېلى چېلىشچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ مەلۇم نىسپەتتە شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولساممۇ يەنىلا قانائەت ھېس قىلمىدىم. مەقسىدىم سېلىمغا جەڭ ئېلان قىلىش ھەم ئۇنى يېڭىپ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىر تۈركۈم ياشلار مىنى ئالقىشلاشقا باشلىدى، كۆپرەكى يەنىلا سېلىمنى مەھەللە پالۋىنى دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نەۋرۇز بايرىملىق كاتتا بىر مەيدان چېلىش ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقە ئادەتتىكى مۇسابىقە ئەمەس بولۇپ بىرىنچى بولغانلارغا كاتتا مۇكاپات بۇيۇمى سوۋغا قىلىنىشتىن سىرت ھەقىقى مەھەللە پالۋىنى شەرپىگە مۇيەسسەر

بولاتتى، ھەمدە ھەرقايسى مەھەللە يېزىلاردىن پالۋانلار بەس ـ بەستە كېلىشكە باشلىدى. ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن مۇسابىقە ئۇدا ئۈچ كۈن داۋاملاشتى، بۇ مۇسابىقىنىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بولغىنىدىن خۇش بولدۇم، سىلىمنىمۇ ھەم يېڭىشقا ئىشەنچىم بار ئىدى. مۇسابىقە باشلىنىپ پالۋانلار بىر ـ بىرلەپ مەيدانغا چۈشۈپ رەقىبلىرىنى يەر چىشلىتىپ كېيىنكى تاللاش باسقۇچلىرىغا قەدەم قويىدى، ئۆز نۆۋىتىدە سىلىم بىلەن مەنمۇ بۇ قاتاردا بار ئىدىم. شۇنداق قىلىپ ماھىرلار بارا ـ بارا خىللىنىشقا باشلىدى، ھەم بۇرۇنقىدەك ئوڭايلا رەقىبىنى يەر چىشلىتىدىغان ئىش قالمىدى. بەزىدە ھەتتا يېرىم سائەت، بىرەر سائەتكىچە رەقىبلىرىنى يىقىتالمايدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇنداق بولغانسىرى ماھىرلارمۇ خېلىلا ھالسىراپ قالغان ئىدى. مەن بىلەن سىلىم ئۆز نۆۋىتىدە رەقىبلىرىمىزنى بىر ـ بىرلەپ يەر چىشلىتىپ ئۈچىنچى كۈنى ئەڭ ئاخىرىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭگە تاللاندۇق. دىمەك ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ سىلىم بىلەن رىقابەتكە چۈشىدىغان چوڭ پۇرسەتكە ئېرىشكەن ئىدىم، شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ مەھەللىنىڭ پالۋىنى بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باشلىنىپ ئىككىمىز مەيدانغا چۈشتۇق، سىلىم قارىماققا شۇنداق سالماق كۆرۈنەتتى، نىملا دىگەن بىلەن كۆپ چېلىشلارنى كۆرگەندە!......مەيدان نازارەتچىسى ئىككىمىزنى قول ئېلىپ كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. بىزمۇ بىر ـ بىرىمىزنىڭ بەللىرىنى ئامبۇردەك قىسقان ھالدا تۇتۇپ تەييار تۇردۇق. ـ : «باشلاندى!...» دىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتراپتىن گۇلدۇر ـ قاراس ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى ـ : «باسە!.....پۈتلىيە ھە!.........ئاله يانپاشقا!...........»بىز تىركىشىۋاتقاندا ئەتراپتىكىلەر بىزدىنمۇ بەك جىددىيلىشىپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كىتىۋاتاتتى. مەن شۇنچە كۈچەپ ئۇنى ئاتماقچى بولغان بولساممۇ ئۇنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرى توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى، خېلى تىركەشكەن بولسامىمۇ ئۇنىڭ ئاجىز يىرىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ماڭا بوش كەلمەي زەردە بىلەن قاڭقىتاتتى، لىكىن مەنمۇ چاققانلىق بىلەن يەرگە تىك چۈشەتتىم. ئارىدىن يىگىرمە مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بىر ـ بىرىمىزنى باسالمىدۇق، لىكىن ۋاقىت ئۆتكەنسىرى جانسىزلىنىپ كىتىۋاتاتتىم. سىلىمنىمۇ مەندەك ھالسىرىدى دەپ ئويلاپ ئۇنى زەردە بىلەن يانغا ئاتماقچى بولۇپ كۈچەۋاتقىنىمدا ئۆزۈممۇ تۇيماستىنلا يەردىن يۇلۇنۇپ ھاۋايى مۇئەللەقتە بىر پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن يەرگە«گۈپ!»پىدە چۈشتۇم. بىردىنلا ئەتراپتا ئالقىش ـ سادالار ياڭرىدى. بەزىللىرى«خو!...ئەركەك مانا!...داداڭنىڭ بالىسى داداڭنىڭ، يىگىت!......»دەپ ئاپىرىن ئوقۇشسا بەزىللىرى ھەيرانلىقتا ـ : «يوۋ!......ئا ئۆزىدىن يوغان نىمىنى دەس كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىپ تاشلىدى ماۋۇ!...راس يامان نىمىكەن جۇما!...»دىگىنىچە ئىغىزىنى ئىچىپ تۇراتتى. دىمىسىمۇ سىلىمنىڭ بەستى مىنىڭكىدىن كىچىكرەك ئىدى. ـ : «نەتىجە بىردە نۆل!...ئەمدى ئىككىنچى مەيدانغا تەييارلىق قىلىڭلار!»نازارەتچىنىڭ سۆزى بىلەن قايتىدىن بىر قول ئېلىشىپ كۆرىشىۋىتىپ ئىككىنچى مەيدانغا تەييارلاندۇق.

نازارەتچىنىڭ باشلىشى بىلەن ئەتراپتا يەنە ھاياجانلىق سادالار ياڭراشقا باشلىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يېرىنى ئويلىغاچ سىلىم بىلەن قاتتىق تىركىشىۋاتاتتىم، ھەم سىلىمنى ئۇنچە ئاددىيلا يېڭىۋېلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بىردەم تىركىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ مېنى نەچچە قېتىم كۆتۈرىمەن دەپ كۆتۈرەلمىگەنلىكىدىن ئۇنىڭ خېلىلا ھالسىرىغانلىقىنى سىزىۋالدىم ھەمدە شۇنى پۇرسەت بىلىپ ئاجىزلىقىغا ھۇجۇم قىلدىم. ئەمما سىلىممۇ ھۇجۇم شەكلىنى ئۆزگەرتىپ مېنى يانپاشلاپ بېسىشقا تىرىشىۋاتاتتى. مەن بولسام ئۇنى كۆتۈرۈپ بېسىش تەرەپدارى بولۇۋاتاتتىم، تۇساتتىن سىلىم پۇتۇمنى چاتاپلا يانپېشىغا ئېلىپ يەرگە ئاتتى، بۇ چاغدا ھەممىسى ھاياجاندىن سۆزمۇ قىلالماي نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. بىراق مەن شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئۆرۈلۈپ يەرگە دەسلا چۈشتۈم!... ـ: «ئاپىرىن!......»بىردىنلا ئەتراپتىن قۇقاس كۆتۈرۈلدى. قولۇم يەنىلا سىلىمنىڭ بېلىدە ئىدى. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سىلىمنى دەس كۆتۈردۈم ـ: «يىئاھ!...ئاللاھ ئۆزەڭ با!......»شۇنداق نەرە تارتىپ يەرگە ئېتىشىم بىلەن تەڭ سىلىم چاققانلىق بىلەن يەرگە ئىككى پۇتلاپلا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۈزلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەي ئۇلاپلا زەردە بىلەن تارتىپ يانپېشىمغا ئېلىپلا يەرگە باستىم......ئەتراپ جىمجىتلىققا تولغان ئىدى. ـ: «نەتىجە بىردە بىر!...»نازارەتچىنىڭ سۆزى بىلەن قايتىدىن چۇقان كۆتۈرۈلدى ـ: «پاھ، بىر ـ بىردىن قېلىشمايدىغان پالۋانلاركەن!...ياشاپ كېتىڭلار، يىگىت، يىگىت!......»ھەممىسى چاۋاك چېلىشىپ تۇراتتى. سىلىممۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا قولىنى تەڭلىدى ـ: ھەقىقەتەن پالۋانكەنسىلە، مۇنداق كۈچلۈك رەقىبىم بار دەپ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، كۆپرەك پىكىرلىشىپ ئۆتەرمىز!........ ئۇنىڭغا نىمىدەپ جاۋاپ بېرىشىنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. بۇ ئۇنىڭ تەنە قىلغىنىمىدۇ ياكى كەمتەرلىك قىلىۋاتقانلىقىمىدۇر بىلەلمىدىم. نازارەتچى يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى ـ: «ۋاقىت بەك سوزۇلۇپ كەتكەچكە يەنە ئازراق ئۇزارتتۇق...بۇ قېتىم كىم يەڭسە شۇ مەھەللىنىڭ پالۋىنى بولغاندىن سىرىت كاتتا مۇكاپاتلىنىدۇ!......»ئەتراپتا ئالقىشلار ياڭرىدى. نازارەتچى ـ: «ئەمىسە تەييارلىق قىلىۋېلىڭلار، ئون مىنۇتتىن كېيىن مۇسابىقە يەنە داۋاملىشىدۇ!......»شۇندا ھەممە كىشىلەر ئەتراپىمىزغا يىغىلىۋالدى، بەزىلىرى جەڭ تاكتىكىسىنى ئۆگەتسە بەزىللىرى ئىغىزى ـ ئىغىزىغا تەگمەي ماختاپ كېتەتتى. ـ: «ھەي نىمىش قىلىۋاتىسىلەر، بۇلارنى ئارام ئالغىلى قويۇڭلار مۇسابىقە ھېلىلا باشلىنىدۇ!...مىڭلار، مىڭلار مەيداندىن چىقىپ كېتىڭلار!...»نازارەتچى شۇنداق دىگىنىچە ئۇلارنى مەيداندىن چىقىرىۋەتتى. بىز ئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە قايتىدىن مەيدانغا چۈشتۇق، بۇ قېتىم ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت بولۇپ يېڭىلىپ قېلىشقا بولمايتتى. مۇسابىقە باشلىنىشى بىلەن تەڭ ئەتراپ قايتىدىن جانلاندى، چىرقىراش، ۋارقىراش، ئىسقىرتىش دىگەنلەر مەھەللىنى بىر ئالغان ئىدى. بىزمۇ قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن قاتتىق تىركىشىشكە باشلىدۇق، بۇ قېتىم

ھەممە ھۇنەرلىرىمىز دىگۈدەك ئىشلىتىلىپ بولدى ئەمما بىر ـ بىرىمىزنى يىقىتالمىدۇق، بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىنمۇ ئاللىقاچان ئېشىپ كەتتى. بىراق بىز تىخىچە ئىلىشىۋاتاتتۇق، بىردە ئۇ بىردە مەن كۆتۈرۈپ باساتتىم بىراق ھەر قىتىم يەرگە تىكلا چۈشىۋالاتتۇق. باھالىغۇچىلارمۇ نەتىجىسىنى ئىلان قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ئاخىرى ھەممىسى ئۇمۇدىنى ئۈزۈپ تۇرغاندا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ماغدۇرى قالمىغان سىلىم ھەرقانچە قىلىپمۇ يىقىتالمىغاندىن كىيىن قەيەردىن كەلگەن كۈچنىڭ تەسىرىدىنكىن مىنى يەردىن يۇلۇپلا ئالدى. شۇ تاپتا ھاۋادا لەيلىگىنىمچە ئۇنىڭ قانداق يۆلىنىشتە تاشلايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ تۇراتتىم. ئۇ مىنى ناھايىتى زەردە بىلەن كۈچەپ يەرگە ئاتتى، مەن يۆلۈنىشىمنى توغۇرلاپ چاققانلىق بىلەن يەرگە تىكلا چۈشىۋالدىم، ئەمما بىرخىل ئازاپلىق ئاغرىق پۇتۇمدىن كىرىپ مىڭەمدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. زەردە بىلەن چۈشكەچكە پۇتۇم قىيقىلىپ كىتىپ ئاغرىق قوزغالغان ئىكەن. يەرگە چۈشۈپلا ئۇنىڭ بىلىنى قويۇۋىتىپ كەينىمگە داجىغىنىمچە يەرگە يىقىلدىم. چۈنكى ئاغرىقنىڭ دەستىدىن يەرگە دەسسىيەلمىدىم. شۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەر چۇقان سىلىشقىنىچە مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىرىپ سىلىمنى ئاسمانغا ئېتىشقا باشلىدى ـ: «ۋوي، ۋوي!...بىزنىڭ پالۋان ۋوي، ۋوي!...»نەتىجە ئىلان قىلىنىپ بۇ كاتتا مۇسابىقىدە سىلىمنىڭ يەڭگەنلىكىنى ھەمدە مەھەللە پالۋىنى بولغانلىقى جاكارلاندى. مەن بولسام ئىچىنىشلىق مەغلۇپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئوشۇقۇم چىقىپ كىتىپ بىرەر ئاي ماڭالماي ئۆيدە ئارام ئالدىم. مۇسابىقىنىڭ ئەتىسى مەھەللىدىكىلەر راسا بوردالغان كۆك قوچقاردىن بىرنى ئۆيىمىزگە ئېلىپ كەپتۇ، ئارىسىدا مەھەللە ئاقساقىلى پىشقەدەم چېلىشچى پالۋان بىلەن مەھەللىنىڭ يىگى پالۋىنى سىلىممۇ بار ئىدى. سىلىم مەن بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇپ ـ: تۈنۈگۈنكى نەتىجە پەقەت مەيداندىكى نەتىجە خالاس، ئەمەلىيەتتە سىلىمۇ بىرىنچى بولدۇڭلار، مەن ئاتقاندا يەرگە تىك دەسسەپ چۈشتۈڭلار شۇڭا يىڭىلگەنگە ھىساپ ئەمەس. بۇگۈن ئاتايىن سىلىنى يوقلىغاچ بۇ مۇكاپاتنى سىلىگە ئىلىپ كەلدىم، بالدۇرراق ساقىيىڭلار بولمىسا مەن بىلەن ئېلىشىدىغان ئادەم قالماي زېرىكىپ قالىدىكەنمەن!......... دىدى كۈلۈپ قويۇپ، باشقىلارمۇ كۈلۈپ كىتىشتى. شۇندىلا سىلىمنىڭ ناھايىتى مەرد، ھەقىقىي پالۋان ئاتىلىشقا لايىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يەتتىم ھەمدە شەخسىيەتچىلىكىمدىن خىجىل بولدۇم. شۇنىڭدىن ئىتىبارەن سىلىم بىلەن قان ـ قېرىنداشتەك ئىجىل بولۇپ كەتتۇق، ھەممە مۇسابىقىلەردە ئۈز ـ ئارا كۈچ سىنىشىپ مەھەللىدىكىلەرگە زوق ئاتا قىلدۇق، ھەممىسىنىڭ بىزلەرگە مەستلىگى كىلەتتى. ئىلىشمىغۇچە تېپىشماس دىگەن مۇشۇ بولسا كېرەك!...كىيىن مەھەللە ئاقساقىلى مىنىمۇ سىلىم بىلەن بىللە مەشقلەندۈرۈپ مەھەللىدىكى ئەڭ تىلغا كۆپ ئىلىنىدىغان سىلىم«پالۋان» بىلەن ئابلا«نوچى»غا ئايلاندۇردى. بەزى كىشىلەر جۇغۇمغا قاراپ«قوتاز!»دەۋالاتتى، مەنمۇ بارا ـ بارا بۇ لەقەمگە كۆنۈپمۇ قالدىم. شۇنىڭدىن كىيىن مەھەللىدىكى ھەممە كىشىلەر بىزنى باشقىچە ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەي!...شۇ

كۆڭلەرنى ئەسلىسەمزە.........ھازىر بولسا مانا بۇ جايدا بەند بولۇپ ياشاپ كەپتىمەن، ناھايىتى مەنىسىز ھەم خەتەرلەرگە تولغان!.............. ئابلاكامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قاپتۇق، ھەم ئابلاكامغا بولغان ھۆرمىتىمىز يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بۇنداق خەتەرلىك، سىھىرلەنگەن خارابىلىقتا بەشىيل ياشىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكەن!...... ـ: كەچ بولۇپ كىتىپتۇ، بولدى ئۇخلاڭلار!...ئەتە سىلەرنى چوڭ ئۆتكەل كۈتۈپ تۇرىدۇ، چوقۇم مەردانىلىك بىلەن يۈزلىنىشىڭلار كېرەك!... دىدى ئابلاكام يانپاشلانغاچ. بىز قانداق ئۆتكەل ئىكەنلىكىنى بىلمىسەكمۇ لىكىن ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھىس قىلالايتتۇق. شۇڭا سەھەردە قوپۇپ ياخشى تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يىتىپ ئارام ئالدۇق!...........

يېڭى سەپەر(5 ـ باب4 ـ قىسىم)

تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز ئورۇنلىرىمىزدىن تۇردۇق، ئابلاكاممۇ ئاللىقاچان تۇرۇپ بولغان ئىدى ھەمدە قىلىچلارنى بىلەۋاتاتتى. بىزنى كۆرۈپ ئىشنى قىلغاچ ـ: ئورنۇڭلاردىن تۇردۇڭلارمۇ؟ ...بۈگۈن ئالاھىدە بىر مەشىق بار شۇڭا ياخشى تەييارلىق قىمىساق بولمايدۇ!...دىدى. ئۇنىڭ«ئالاھىدە مەشىق»دىگىنىنىڭ نىمىدىن دېرەك بىرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدۇق. ئابلاكام ھەممە قىلىچلارنى بىلەپ بولۇپ ئىتتىك بولغان بولمىغانلىقىنى سىناپ باققاچ يەنە ـ: ھەممىڭلار جىمىپ قالدىڭلارغۇ، ئەجىبا قانداق مەشىق ئىكەنلىكىگە قىزىقمامسىلەر؟ ... ـ: قىزىقىشنىغۇ قىزىقىمىز، لىكىن قىلىچلارنى بىلەپ تەييار قىلغىنىڭىزغا قارىغاندا ئادەتتىكى مەشىق ئەمەستەك قىلىدۇ!... دىدىم ئابلاكامنىڭ سۆزىگە جاۋابەن. ئابلاكام ـ: شۇنداق، بىز بۈگۈن كەچ سىرىتتا ئالۋاستىلار بىلەن بىر مەيدان جەڭ مانۋېرى ئېلىپ بارىمىز، شۇڭا ئالاھىدە تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ!... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدۇق. ـ: نىمە دىدىڭىز؟ ...بۈگۈن كەچ ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلغىلى بارامدۇق؟ ...بۇ سەل بالدۇر بولۇپ قالدىمۇ نېمە، بىز تىخى مەشىق قىلغىلى ئىككى كۈن بولۇپلا ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلىشقا چىقساق تازا قاملاشمىغان ئىش بولامدۇ قانداق؟ ...يەنە كىلىپ بىرەر قىتىم ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىپ كۆرۈپ باقمىغان تۇرساق بۇنداقلا چىقساق ئېغىر ئاقىۋەتلەر كىلىپ چىقارمىكى!...... دىدى نىجات جىددىيلىشىپ. ئابلاكام پەرۋاسىزلا ـ: ئۇنداق بولسا ھەرىكەتتىن قالغان ئالۋاستىدىن بىرنى ئېلىپ كىلىپ ئالدىڭغا قويۇپ، مۇشۇنى چېچىپ ئويناڭلا دىسەم بولىدىكەندە؟ ...سىلەرگە دىدىمغۇ بۇ ئەلۋەتتە ئالاھىدە مەشىق، سىلەر چوقۇم ئالۋاستىلار بىلەن يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىپ كۆرۈپ شۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيسىلەر، ھامىنى شۇ ئىشقا ئۇچرايدىغان گەپ شۇڭا دىدىمغۇ ھەرقانداق بىر خەتەرگە يۈزلىنەلەيدىغان يۈرەكلىك بولۇشۇڭلار كېرەك!...مەن دائىم يىنىڭلاردا بولالمايمەن، شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزۈڭلارنىڭ ھالىدىن ئۆزۈڭلار خەۋەر ئالغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ بولىشىڭلار كېرەك...شۇڭا بۇ قېتىملىق مەشىقنى

ئادەتتىكىدەكلا ئىش ئورنىدا كۆرمەستىن بەلكى ئالۋاستىلار بىلەن بىر قىتىملىق جەڭ دەپ چۈشەنسەڭلار بولىدۇ!...... ئابلاكامنىڭ بۇ سۆزلىرى بىزنى قايتىدىن ئويغا سىپ قويدى. ـ : نىمە دىگىنىڭىز بۇ ئابلاكا، مەن يوق چاغلاردىمۇ دەيسىزغۇ؟ ...بىز، سىز بولمىسىڭىز ھىچ ئىش قىلالمايمىز. شۇڭا ئاخىرىغىچە بىز بىلەن بىللە جەڭگە ئۆتۈشىڭىز كېرەكتە!...ئۇنداق بولمىغاندا بۇ نەچچەيلەن بىكارانىلا ئالۋاستىلارغا يەم بولمايمىزمۇ؟ ... دىدىم مەن سەل جىددىيلىشىپ. ئابلاكام سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى ھەمدە مۈرەمگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ ـ : ئۇنداق بولمايدۇ، مەن سىلەرنىڭ چوقۇم ئالۋاستىلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن!...قانداقلا بولسۇن ھەرگىز باش ئەگمەي مەغرۇر ھالدا ئالدىڭلارغا قاراپ مېڭىشىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن. مەن سىلەرگە قانچىلىك بىللە ھەمراھ بولۇپ ماڭالىسام شۇ يەرگىچە ماڭىمەن، ئەگەر بىرەر ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالسا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا جان بېرىشىم مۇمكىن!... ـ : نېمە؟ ...بىزنىڭ قولىمىزدىما؟ ...بۇ...بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، قاراپ تۇرۇپ سىزنى باكاردىنلا ئۆلتۈرەمدۇق...ياق، ياق...بىز ئۇنداق ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز!...... مەن سۆزلىگەنچە دۇدۇقلاپ كىتىۋاتاتتىم. ئابلاكام گېپىمگە ئۇلاپلا جاۋاپ بەردى ـ: چوقۇم شۇنداق قىلىسەن، ھەم شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك!.....مىنىڭ ئۆزگۈرىدىغان ۋاقتىمغىمۇ كۆپ قالمىدى، ناۋادا ئالۋاستىلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقۇچە ئارىلىقتا ئۆزگۈرۈپ قالسام سىلەرگە چوڭ تالاپەت ئىلىپ كىلىشىم مۇمكىن. شۇڭا قانداق بوشىدىن قەتئىي نەزەر مەن ئۆزگۈرۈپ قالغاندا چوقۇم ئۆلتۈرىۋىتىڭلار، مىنى ئايىساڭلار مەن سىلەرنى ئايىمايمەن...چۈنكى ئۇ چاغدا مەن ھىچكىمنى تونۇماي قالىمەن، ئالدىمغا ئۇچرىغانلىكى جانلىقنى قىرىپ ماڭىمەن. بۇ مىنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغان يىرىم، شۇڭا ئۆزگۈرۈپ قالغىنىمنى سەزگەن ھامان ئويلىشىپ ئولتۇرماي قىلىچ ئۇرۇڭلار!......... ئابلاكامنىڭ بۇ سۆزلىرى بىزنى قايمۇقتۇرۇپلا قويدى، ئاران تېپىپ خۇشال بولغىنىمىزدا بۇ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلالمىدۇق، بىراق ئابلاكامنىڭ قەتئىيلىكى نەتىجىسىدە ماقۇل بولدۇق. شۇندا ئابلاكام بىزنى ئىلىپ سىرتقا ماڭدى، ھەم ئىلىپ كىتىۋاتقاچ كەچتىكى چوڭ بىر مەيدان«مانۆۋىر»ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بەردى. بىز ئابلاكامنىڭ يىتەكلىشىدە ئالۋاستىلار پەيدا بولۇشقا باشلايدىغان ۋاقىت، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم ئەھۋالى، ئاساسلىق يوشۇرىنىدىغان جايلىرى قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگەنلەشكە باشلىدۇق، ھەمدە شۇ ئاساستا قىلىچ ئوينىتىش ماھارەتلىرىنى پىششىقداشقا باشلىدۇق. نىجات مەشىق قىلىۋاتقاچ ـ: ئابلاكا سىزنىڭچە مۇشۇ مەشقلىرىمىز بىلەن ئالۋاستىلارنى مەغلۇپ قىلالارمىزمۇ؟ ...دەپ سورىدى. ئابلاكام ـ: ئەلۋەتتە!...پەقەت ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭلا بۇ مەشقلەرنى قىلماي تۇرۇپمۇ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالايسەن، بۇ پەقەت ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشقا تىخىمۇ ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان مەشقلەر. ئەمەلىيەتتە چاققانلا بولۇپ ئۇلارغا تۇتۇق بەرمىسەڭلا ئالۋاستىلار سىنى ھىچنىمە قىلالمايدۇ. روھى كونترول قىلىنغان ئالۋاستىلارنىڭ قانداقتۇر ئالاھىدە ئىقتىدارى يوق، پەقەت سىنى تۇتىۋىلىپلا قالسا ئىقتىدارلىرىنى

بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ قويىدۇ. سەن پەقەت ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىغىلا دىققەت قىلساڭ بولىدى، بەدىنىڭگە پىتىپلا قالسا سۆڭەكلىرىڭنىمۇ تىشىۋېتىدۇ، شۇڭا ئامال بار ئۇنىڭغا تۇتۇلۇپ قىلىشتىن ساقلانغىن!......... ھەممىمىز بىر نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتتۇق، ئۇ بولسىمۇ ئابلاكام بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئىرادىمىزنى سىنىماقچى ئىدى. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئالۋاستىلارنىڭ، ھەتتا ئالۋاستى شاھىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بۇ پالۋان ئەلۋەتتە بىزنى بۇنداقلا ئوتقا ئىتتىرمەيتتى. پەقەت ئۆزىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىپ بىزنى تىخىمۇ يۈرەكلىك قىلماقچى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئابلاكامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەشىق قىلىپ خېلىلا ئىلگىرلىدۇق، بۇرۇن چاپقان قىلىچىمىز ئۇياق ـ بۇياقلارغا كېتىپ قالغان بولسا ھازىر نەق نىشانغا قىلىچ ئۇرىدىغان سەۋىيىگە يەتكەن ئىدۇق. دىمەك بىزنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىمىزمۇ خېلىلا يېتىلىپ قالغان ئىدى. ـ: ئەمدى تەييارلىق قىلىڭلار، ھازىر ئۆڭكۈرگە بارىمىز. شۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئالۋاستىلارنىڭ پەيدا بولىشىنى ساقلايمىز، ئىسىڭلاردا شۇ چىڭ تۇرسۇنكى مەن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىمىغىچە ئۆڭكۈردىن چىقىشىڭلارغا رۇخسەت يوق. بۇ جايدا ئالۋاستىلاردىن باشقا يەنە بۆرىسان مەخلۇق ھەم گىگانىت مەخلۇقمۇ بار، لىكىن گىگانىت مەخلۇقنى بىر نەچچە قىتىم كۆرگەنچە قايتا كۆرۈپ باقمىدىم. بەلكىم ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۇۋۇسىدىن چىقماي ئۆتكۈزىدىغان بولسا كېرەك!...لىكىن يەنىلا ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ. كەچ كىرگەندە مەن سىلەرنى ئالۋاستىلارنىڭلا ھەركەت قىلىدىغان جايىغا ئېلىپ بارىمەن، ۋاقتى كەلگەندە ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ بېقىشىڭلار كېرەك!......... ھەممىمىز ماقۇللىقىمىزنى بىلدۇردۇق. ھەمدە ئابلاكامغا ئەگىشىپ ئۆڭكۈرگە يېتىپ كەلدۇق...ئۆڭكۈر يەنىلا شۇ پېتى تاش توسۇپ قويۇلغان بولۇپ ئۈستىدىكى قان داغلىرى كۆرۈنمەيتتى. ـ: ما تاشنىڭ ئۈستىدىكى قانلار يوقاپ كىتىپتا، يامغۇردا يۇيىلۇپ كەتتىمۇ نىمە؟ ... دىدى غېنى ھەيران بولۇپ. ئابلاكام ـ: يامغۇردا يۇيۇلۇپ كەتكىنى يوق، ئالۋاستىلار بىلەن مەخلۇق كىلىپ يالاپ تۈگەنكەن نېمە!...ئۇلار قاننىڭ ھىدىنى بەك تىز بىلىۋالىدۇ، بۇ جەھەتتە بۆرىگە ئوخشاش كىتىدۇ. لىكىن ئادەمنىڭ ھىدىنى پەرق قىلالمايدىغاندەك...بەش يىل ياشاش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ ھىدىنى سىزىۋالالايدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم، بىراق قاننىڭ ھىدىنى خىلى يىراقتىنمۇ سىزىۋالالايدۇ. ئابلاكام شۇنداق دىگىنىچە ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىغا توسۇپ قويىغان قورام تاشنى يۆتكىدى. ھەمدە ـ: سىلەر تۇرۇپ ـ تۇرۇڭلار، مەن ئاۋۋال كىرىپ بىخەتەر ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ چىقاي ئاندىن كىرىڭلار!...، دىدى ھەمدە ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كىتىپ بىردەمدىن كىيىن توۋلىدى ـ: بىخەتەركەن كىرىۋېرىڭلار!...... بىز ئابلاكامنىڭ ئاۋازى چىققاندىن كىيىن قولچىراقنى يورۇتۇپ ئىچىگە كىردۇق. ئىچى پۈتۈنلەي تور باغلاپ كەتكەن بولۇپ تامنىڭ ئاستى تەرەپلىرى كامارغا تولغان ئىدى. ئابلاكام ـ: بۇ جايغا ئالۋاستىلار كىرمەپتۇ ئەمما يىلانلارنىڭ بەلەن ئۇۋىسى بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ!...... دىدى تۆشۈكلەرنى كۆزىتىپ بېقىپ. بۇنى ئاڭلىغان نىجات سەل ئەنسىزلىنىشكە باشلىدى ـ: ئۇنداق

بولسا باشقا جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرساق بولمامدۇ؟ ...ناۋادا يىلانلار مىغىلداپ كەتسە بەرداشلىق بىرەلمەي ئۆلۈپ قىلىشىم مۇمكىن!......... ـ: ۋۇي، راس سەن يىلاندىن قورقسەن ھە؟ ......ھا ھا ھا، ئەنسىرىمە ئۇلار بۇ جايدا شەپە بارلىقىنى ئاڭلىسىلا كىرمەيدۇ. ياكى بولمىسا سەن ئوتتۇرىمىزدىراق ئولتۇرساڭمۇ بولىدۇ، بىز سىنى قوغدايمىز قانداق؟ ......... ـ: مەن...مەن......ياكى باشقا يوشۇرۇنغىدەك جاي بامۇ؟ ... ـ: يوق، پەقەت مۇشۇ جايلا بىخەتەررەك جاي. قالغانلىرى ئالۋاستىلارنىڭ يوشۇرىنىدىغان جايى!...قورقمىغىن مۇشۇنداق ئۆچرىشىپ تۇرساڭ بارا ـ بارا كۆنۈپ كىتىسەن!......دىدى ئابلاكام نىجاتنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن. بىراق نىجات يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى ـ: بۇ ئۆزلۈكتىن ئەمەس، كىچىكىمدىن تارتىپ يىلان كۆزۈمگە ئالاھىدە سۇرلۇك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۆزۈمنى ھەرقانچە بىسىۋالساممۇ بىكار!......... ـ: ئۇنداق بولسا دىدۇققۇ ئارىمىزدىراق ئولتۇرغىن دەپ!...... ھەممە گەپلەرنى دەپ بىقىپ ئاخىرى نىجاتنى قايىل قىلدۇق. ھەمدە ئۆڭكۈردە ئولتۇرۇپ كەچتىكى ھۇجۇم پىلانىمىزنى تۈزۈشكە باشلىدۇق. ئابلاكام ـ: قانداق ئىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار، مەن سىلەرگە يىتەكچىلىك قىلىمەن، يوشۇرۇن خەۋپلەرگە مەن بار، كۆزۈمنى بىلىسىلەرغۇ ئاتمىشتا يەتمىش بولۇپ كەتتى ھازىر!...قانداق ئىش بولسا مەن داۋاملىق يىنىڭلاردا، ئەگەر بۈگۈنكى جەڭدىن رازى بولسام تىزلا تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ تاش خارابىلىقتا ئاتلىنىمىز، بولمىسا داۋاملىق ھالدا مەشىق قىلىمىز ئەمما جەڭگە سىلەر ئۆزۈڭلار بارىسىلەر، چۈنكى ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە مەن ئۆزگۈرۈ قالىمەن ئۇ چاغدا سىلەر بىلەن بىللە جەڭگە ئاتلىنالماسلىقىم مۇمكىن!......... ئابلاكامنىڭ سۆزلىرى يەنە بىر قىتىم كۆڭلىمىزنى يىرىم قىلىپ قويىدى. شۇڭا بۈگۈنكى مانۋېردا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۆگەنگەنلىرىمىزنى بىر قىتىم يەكۈنلەپ بىقىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكتۇق. شۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كەچ كىرىشكە باشلىدى، ئابلاكام ئۈنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى بىزگە قايتا ـ قايتا جېكىلەپ ھەممىمىزگە ئۇتتۇق تىلىدى. بىزمۇ قەيسىرانە روھ بىلەن بۈگۈنكى جەڭگە ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييار بولدۇق. ئابلاكام ـ: يۈرۈڭلار، ئەمدى بۇ جايدىن ئايرىلىپ ئۇلارنىڭ دائىم بارىدىغان يىرىگە ئورۇنلىشۋالايلى!...... بىز ئابلاكام بىلەن بىرگە مېڭىپ ناھايىتى چەت بىر جايغا يىتىپ كەلدۇق. ئابلاكام توختاپ ـ: ھە مۇشۇ يەرشۇ، ئۇلار دائىم مۇشۇ جايدىن ئۆلجا ئىزدەيدۇ. بىز يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇلار كەلگەندە پەيتىنى تاللاپ ھۇجۇم قىلايلى، كىلىڭلار ئاۋۋال ئورۇنلىشۋالايلى!...... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە بىزنى باشلاپ كىچىك قەبرىستانلىققا باشلاپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپلا بىلىۋالدىم ھەمدە ئابلاكامغا ـ: ۋۇي، بۇ سىز بىر ۋاقىتتا سۆزلەپ بەرگەندىكى ھېلىقى كىپەن ئوغرىلىرىنى ئۇچقاتقان قەبرىستانلىقمۇ نېمە؟ ...... ئابلاكام كۈلۈپ كەتتى ئاندىن ـ: ھەقىقەتەن بەك ھۇشياركەنسەن جۇمۇ، شۇ گەپلىرىم يادىڭدا قىلىپ بۇ جاينى بىردەمدىلا تونۇۋالدىڭ!...... دىدى مەمنۇن بولۇپ ـ: توغرا بۇ جاي دەل كىپەن ئوغرىلىرىنى ئۈچراتقان قەبرىستانلىق، ئالۋاستىلار دائىم دىگۈدەك بۇ جايغا كىلىپ تۇرىدۇ،

شۇڭا مۇشۇ جايىنى تاللىدىم. يوروقلار بىرەر قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالايلى!......... ئابلاكام شۇنداق دېگەچ قەبرىلەرنى كۆزىتىشكە باشلىدى ئاندىن ئوچۇق تۇرغان قەبرىدىن بىرنى تېپىپ ـ : ھە، مانا ماۋۇ جايغا يوشۇرۇنىۋالساق ئەپلىكرەك بولغۇدەك، ھەم بىخەتەر، ھەم ئالۋاستىلارنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىپ تۇرالايدىكەنمىز!......دېدىدە ئىچىگە كىرىشكە تەمشەلدى. بۇنى كۆرگەن نىجات سەل ئىككىلىنىپ قالدى ـ : ئابلاكا، مۇشۇ قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرەمدۇق؟ ئەگەر ئالۋاستىدىن بىرەرسى بولۇپ قالسا ياكى يىلان بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ ...... ـ : ھا ھا ھا...سەن يەنە شۇ گەپتىمۇ، توختاپ تۇر ھە مەن ئاۋۋال كىرىپ قاراپ بېقىپ چىقاي!...... ئابلاكام شۇنداق دېگىنىچە كىرىپ كىتىپ بىردەمدىن كىيىن بىزنى چاقىردى ـ : كىرىۋېرىڭلار جەسەتتىن باشقا ھېچنىمە يوقكەن!...... ـ : نېمە؟ ، جەسەتتىن باشقا ھېچنىمە يوقكەن؟ ...بىز دەل شۇنداق بولۇپ قىلىشىدىن قورقۇۋاتساق ئابلاكامنىڭ نىم دېگىنى بۇ!... دېدى رۇسۇل غودۇراپ...ئابلاكام يىنىپ چىقىپ ـ : پەقەت چىرىپ كەتكەن جەسەتلا باركەن، باشقا نەرسە يوقكەن، لىكىن قەبرىنىڭ ئىچى سەل تار ئىكەن، ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئىككى قەبرىدە ساقلاپ تۇرساق بولارمىكىن!......دېدى ئابلاكام. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىزنىڭ ئەرۋاھى ھۇركىدى ـ : نېمە، ئىككىگە بۆلۈنۈپ؟ ...بۇ...بۇ... ـ : ھەي قوقماڭلار، ناھايىتى شۇ جەسەتقۇ، ئالۋاستى بولمىسا يە!...كىرىۋېرىڭلار قوقماي، بىردەم تۇرساڭلارلا كۆنۈپ قالىسىلەر!... ئابلاكام شۇنداق دېگەچ يەنە بىر ئوچۇق قەبرىنى تاپتى ـ : ھە مانا، كىرىپ قاراپ باقاي بىخەتەر بولغاندىن كىيىن كىرىڭلار ھە!... ئابلاكام كىرىپ كىتىپ بۇ قەبرىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، ھەمدە خاتىرجەم يوشۇرۇنساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇندا نىجات، مەن، ئابلىكىم ئۈچىمىز ئىككىلىنىپقىنە ئۇ قەبرىگە كىردۇق، رۇسۇل بىلەن غېنى ئابلاكام بىلەن جەسەت بار قەبرىگە يوشۇرۇندى. شۇنداق قىلىپ ياخشى ئورۇنلىشىۋالغاندىن كىيىن تاقەتسىزلىك بىلەن ئالۋاستىلارنىڭ پەيدا بولىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق!......

يېڭى سەپەر(5 ـ باب5 ـ قىسىم)

ـ ئاداش، مەن سەل قورقۇۋاتىمەن!...ئابلاكام ئىچىدە ھېچنىمە يوقكەن دەۋاتاتتى، راستۇ ھە؟ ... نىجات بىئارام بولۇپ ماڭا سوئال تاشلىدى. ـ : مەن نەدىن بىلەي، ئىشقىلىپ ئابلاكام بىخەتەر دېگەندىكىن بىخەتەر!...ھىلىتىن بۇ قۇرۇق قەبرىدىن قورققىلى تۇرساڭ ئالۋاستىلار يىتىپ كەلگەندە قانداق ئىلىشالايسەن!... ـ : ئۆلاردىنغۇ ئانچە قورقۇپ كەتمەسمەن، ئەمما مايەردە بىرەر يىلان ئۈچراپلا قالسا نىمە ئىش بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن ئاداش!...پەقەت بولمىسا قولچىراقنى يېقىپ قاراپ باقايمىيا؟ ...... ـ : ياقما!...ئالۋاستىلار كىلىپ بايقاپ قالسا ئىش چاتاق، ئابلىكىممۇ ھىچ ئىش بولمىغاندەك تۇرسا سەن نىمىدىن قورقاتتىڭ توخۇنىڭ يۈرىكىنى يېگەن!......... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئارتۇق گەپ قىلماي ئابلىكىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلدى. ـ : ھەي نىمىش قىلىۋاتىسەن، بىردەم جىم تۇرساڭ بولمامدۇ دەيمە!...... ـ : ھى ھى ھى...چىچىلمىغىنە، ئوتتۇرىڭلاردا تۇرسام ئۆزۈمنى بىخەتەررەك ھىس

قىلىدىكەنمەن!........ نىجاتنىڭ بالىلارچە قىلىقلىرى بەزىدە كۈلكەمنى قىستايتتى. بىز شۇ يوسۇندا خىلى ساقلىغاندىن كېيىن بارا ـ بارا قاراڭغۇ چۇشۇشكە ئەگىشىپ كىچە جانلىقلىرى ئويغىنىشقا باشلىدى، ھەممە ئەتراپنى ھەرخىل مۇدھىش ئاۋازلار قاپلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى جاراڭلىغانسىرى بەدەنلىرىمىز ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىۋاتاتتى، بىراق ئۆزىمىزنى تۇتىۋېلىپ قۇراللىرىمىزنى تەقلەپ تەييار ھالەتتە تۇردۇق. شۇندا ئابلاكام تەرەپتىن بوشقىنە ئاۋاز كەلدى ـ: تەييارلىق قىلىڭلار، ئۇلار كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى!...... ئابلاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تىخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدۇق. بۇ چاغدا نىجات تىترەپ كېتىۋاتاتتى. مەن ـ: تىترىمىگىنە ھوي، ئەركىشىدەك بولمامسەن!...ھېلىتىن تىترىگىلى تۇرساڭ ئۇلار كەلگەندە سەندىن ئۈمۈدىمۇ كۈتكىلى بولمىغۇدەك!........ نىجات سۆزۈمگە رەددىيە بەردى ـ: مەن نەدە تىترەيمەن!.....قىلىچىم بەلۋىغىمغا قىسىلىپ قاپتۇ ئالالمايۋاتىمەن شۇ!...نەچچە قېتىم تارتساممۇ چىقىرالمىدىم!...... ـ: ئەكىلە، ئەمىسە مەن تارتىپ باقاي!......سەنمۇ قىززىقكەنسەن، ئۇنداق چىڭ باغلىۋالغۇچە ئاسان چىقىدىغان قىلىۋالساڭ بولمامتى!........ ـ: مەن نەدىن بىلەي، ھەم مايەر بەك تار بولغاچقا قولىشالمايۋاتىمەن..........ھەي، ھەي!...نىمىش قىلىۋاتىسەن، نەلىرىمنى سىيلاپ يۈرىسەن دەيمە يۈزى قېلىن...ئۇ مىنىڭ كاسام!...... نىجاتنىڭ سۆزى بىلەن ئىتتىك قولۇمنى تارتىۋالدىم ـ: ۋوي خاپۇمما ھە، قاراڭغۇدا ھىچنىمنى كۆرەلمەي!........ ئارىغا ئابلىكىم قوشۇلدى ـ: ھوي، ما ئىككىڭلار قاراڭغۇدا نىمىشلارنى قىلىپ يۈرىسلەر؟ ...كاسسا سىيلاش مودا بولدىمۇ نىمە، ئەمدى مىنىڭكىنى سىيلاپ يۈرىسلەرغۇ؟ ...قولۇڭنى تاتىشە قېلىن تازلا!... ئابلىكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاۋازىمىزنى چىقىرىپ كۈلۈشكە پىتىنالماي بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ كۈلۈشكە باشلىدۇق. مەن ـ: ھى ھى...خاپۇمما ئاداش، ما نىجات دىگەن لەقۋا قىلىچىنى جايلاپ ئاسالماي ھەممىمىزگە قولايسىزلىق ئېلىپ كىلىۋاتىدۇ. ياردەم قىلاي دىسەم ئابلاكامدەك كىچىدىمۇ ئىنىق كۆرىدىغان ئىقتىدارىم بولمىسا يە!...شۇڭا كۆرەلمەي شۇنداق بولۇپتۇ... نىجات گېپىمنى يىردى ـ: قۇرۇق گەپ!...ماقا مىنىڭ كاسسامنى سىيلاپ قىلىشىڭنىغۇ دىققەت قىلماپتۇ دەيلى، مەندىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئابلىكىمنىڭ كاسسىسىنى سىيلىغىنىڭنى نىمە دەيمىز؟ ...ئىشقىلىپ سەن بۇزۇق گۇينىڭ نىمە ئويلىغىنىنى كىم بىلىدۇ!......... ـ: ھىي ئادەمدەك گەپ قىلە، مەن ئاشۇنداق ناچارما؟ ......قاراڭغۇدا قولۇمنى قەيەرگە ئۇزاتقىنىمنىمۇ كۆرەلمەيۋاتسام نىماندا قىلىسەن!...... ـ: ھۇھ، ھاھ، ھى!...تىرىكمىگىنە ئاداش چاقچاق قىلىپ قويدۇم. بولە چاققان ما قىلىچىمنى تارتىپ بىرە!...... ئاچچىقىم كىلىپ تۇرغاندا ئۇ گېپىنى ئۆگشىۋالدى، نىجاتنىڭ قىلىچىنى تارتىۋاتقىنىمىزدا ئابلاكام تەرەپتىن ئاۋاز كەلدى ـ: تەييارلىنىپ بولدۇڭلارمۇ، ئەمىسە ناھايىتى ئاۋايلاپ چىقىپ قەبرىلەرنىڭ كەينىگە دالدىلىنىپ تۇرۇڭلار!... ـ: ھە مانا، مانا!...... مەن شۇنداق دىگەچ نىجاتنىڭ قىلىچىنى تارتىشقا باشلىدىم. ـ: ھوي، ھوي، ئاستىراق!...نىمانداق قىلىسەن، بەلۋىغىم ئۈزۈلۈپ كىتىدۇ ئۇنداق تارتساڭ!...نەچچە پۇللۇق

بەلۋاغلىقىنى بىلىۋېلىپىرەك ئاندىن تارتاسەن جىما!...... ئۇنىڭ كوت ـ كوت گەپلىرىدىن زىرىكىپ قولۇمنى قويىۋېپ بىرىپلا ئۇنىڭغا دوق قىلدىم ـ: ۋاي ئاله ئۇنداق بولسا!...ھېلى قىلىچىمنى تارتىپ بەرگىن دەيسەن ماقۇل دىسەم بەلۋىغىم ئۇزۇلۇپ كېتىدۇ دەيسەن!...نىمانداق كوت ـ كوت نىمە سەن...ئۆزەڭ چىقىرە بولدى!......... نىجات ـ: تىرىكمىگىنە، قارىسىغىلا تارتساڭ راسلا ئۈزۈلۈپ كەتمەمدۇ بەلۋىغىم. بوپتۇ ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ پۇلى تايىنلىق دەپ تۇرايلى، ناۋادا ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا ياكى قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئىشتىنىم چۈشۈپ قالسا ئاخىرىنى ئويلاپ باقە!............ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم، چۈنكى ھازىر كۆز ئالدىمدا نىجاتنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئىشتىنى چۈشۈپ قېلىپ ئىشتىنىنى كۆتۈرىۋالغىنىچە كەينىمىزدىن توۋلاپ كېلىۋاتقان ھالىتى نامايان بولدى. ـ: بەك قىززىق تۇيۇلىۋاتامدا؟ ... دىدى نىجات تىرىكىپ. ـ: ھەي ما ئىككىڭلار نىمە چۈجە خورازدەك سوقۇشۇپ يۈرىسىلە، سوقۇشىدىغان رەقىپ ئەنە ئاۋۇ يەردە!......... ئابلىكىمنىڭ سۆزى بىلەن نىجات ئىككىمىز تەڭلا ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدۇق. ـ: ۋۇجۇ!...ئا قاراڭلار، بىر نەرسە تۇرىدۇ ئايەدە، ئالۋاستى ئەمەستۇ!......... نىجات ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە ئابلاكام رۇسۇل بىلەن غېنىنى ئېلىپ يېنىمىزغا كەلدى. ـ: مەن سىلەرنى تەييارلىق قىلىڭلار دىسەم تاماشا كۆرۈۋاتامسىلەر!...ئۇلار ئالىقاچان كېلىپ بولدى دىققەت قىلىڭلار، ئەگەر ئېلىشالمىغۇدەك بولۇپ قالساڭلار دەرھال مەن ئۆگەتكەن ئۇسۇل بويىچە يوشۇرىنىۋېلىڭلار بىلدىڭلارمۇ؟ ...... ھەممىمىز بىشىمىزنى لىڭشىتتۇق. :ئەمىسە ئاتلىنايلى، ئارقامدىن يوشۇرۇنۇپراق مىڭلار!...... ئابلاكام شۇنداق دىگىنىچە سەل ئېگىشىپ دىگۈدەك بىزگە يول باشلاپ ماڭدى. بىزمۇ ئابلاكامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېگىشىپرەك دىگۈدەك ئاتالمىش ئالۋاستىلار تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلىدۇق، لىكىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاچقا ئالۋاستىلارنىڭ ئىنىق ئورنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. ـ: ئابلاكا، ئالۋاستىلارنى كۆرمىدىمغۇ؟ ...... دىدىم مەن پەس ئاۋازدا. ئابلاكام قەدىمىنى توختىتىپ ـ: راس سىلەرنىڭ كىچىدە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن...ئۇبدان قاراڭلار ھە، ئاۋۇ جىغانلىقنىڭ ئۇيىنىدا ئىككىسى بار، يەنە ئاۋۇ يەردە تۆتى باركەن، ئۇلار بىر نىملەرنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئامال بار ئاۋۋال مەن چىقاي، ئۇلار مىنى كۆرۈپ تويلىشىپ ھۇجۇم باشلايدۇ شۇ چاغدا سىلەر ئۇلارنى ئىنىق كۆرىۋىلىپ ئاندىن ھۇجۇم قىلساڭلار بولىدۇ!......دىدى ئابلاكام ئۇ تەرەپنى كۆزەتكەچ. ـ: يەنە ئىسىڭلاردا بولسۇنكى مەن ئۇلار بىلەن رەسمىي ھالدا ئېلىشىشقا باشلىغاندا ئاندىن چىقىڭلار بولمىسا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئالۋاستىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايسىلەر!...... بىز ئابلاكامنىڭ دىگىنى بويىچە ئالۋاستىلار تەرەپكە سەپ سىلىپ قاراپ ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئازراق يەكۈنلىۋالدۇق. دىگەندەك بىزدىن ئەللىك مىتىرچە جايدا بىر توپ قارا كۆلەڭگە ئۇياق ـ بۇياققا مىڭىشىپ يۈرەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئىنىق كۆرەلمىگەن بولساقمۇ يەنىلا يۈرىكىمىز ئەنسىز سوقۇپ، قوللىرىمىز تىترەشكە باشلىدى. بىراق ئابلاكام بولسا

ھېچقانداق قورقۇنچ ھېس قىلمىغان ھالدا ئاۋايلاپ مېڭىپ ئالۋاستىلارغا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ـ: قەھرىمان، قولچىراقنى ئېشلىتەمدۇق؟ ... دېدى نىجات تاقەتسىزلىنىپ. ـ: ياق، تۇرۇپتۇر!...قولچىراقنى يېقىپ قويساقلا ئۇلار شۇ ھامان بىزنى بايقاپ قالىدۇ، شۇڭا ئابلاكامنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇلار ئابلاكام بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا ئاندىن چىقايلى!......... ـ: ھەم، بولىدۇ!......... بىز ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈش قۇۋۋىتىمىز يەتكەن يەرگىچە تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلىدۇق. شۇندا ئابلاكام ئالۋاستىلارغا يېقىنلاپ كىلىۋاتقاندا ئالۋاستىلار ھەر ـ خىل چىرقىراق ئاۋازلارنى چىقارغىنىچە يىغلىشقا باشلىدى، بەلكىم ئابلاكامنى بايقاپ بولغان بولسا كېرەك!...ئابلاكاممۇ قىلىچىنى تەق قىلىپ يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ قاتتىق ۋارقىرىغان پېتى ئالۋاستىلارغا تاشلاندى. ئەمدى بولسا ئۇلارنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى بىزگە نامەلۇم، قارا كۆلەڭگىلەر ئېلىشىپ كەتتى، بىزمۇ ئابلاكامنى پەرق قىلالمىدۇق. ـ: قەھرىمان، ئەمدى چىقامدۇقيا؟ ......ھىلى بىكا ئابلاكامنى ئالۋاستىلار يەپ كەتمىسۇن!...... مەن ئۆتكۈرلۈك بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كىيىن دېدىم ـ: چىقايلى!........... بەشىمىز سۈرەن ـ چۇقان سېلىشقىنىمىزچە قىلىچلىرىمىزنى ئوينىتىپ ئالۋاستىلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇق ـ: نىجات قولچىراقنى ياق تېز بول!.........مەن يۈگۈرۈپ كىتىۋاتقاچ نىجاتقا ۋارقىرىدىم. ـ: بولىدۇ مانا ھازىرلا!......ۋايجان!...... نىجات شۇنداق دېگىنىچە موللاق ئېتىپ كەتتى. ـ: نىجات.....نىجات، سەن ساقمۇ؟ ...... ـ: ۋاي كاسسام، كاسسام ئاغرىپ كەتتى!...... نىجات شۇنداق دېگەچ ئۆمۈلەپ يۈرەتتى. مەن ـ: ئەستا، نىمانداق پالاكەتلىك قىلىدىغانسەن دەيمە، مۇشۇنداق چاغدىمۇ.....تازىمۇ بىر!...تۇرە ئورنۇڭدىن... شۇنداق دېگەچ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم. ـ: بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كەتتىم، ئەمدى ياقاي ھە!...... ئۇ شۇنداق دېگەچ قولچىراقنى يورۇتتى. دەرۋەقە بىر توپ ئالۋاستىلار ئابلاكامنى قورشىۋالغان بولۇپ تۇرقى ئىنتايىن بەدبەشىرە ئىدى. ئابلاكاممۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنى جەھەننەمگە يولغا سىلىپ ئۆلگۈرگەن ئىدى، ئۇنىڭغىچە بىزمۇ يىتىپ كەلدۇق. ئالۋاستىلار بولسا قولچىراقنىڭ يورۇقىدىن ئامال بار ئۆزىنى قاچۇراتتى. شۇندا ئۇلارنىڭ چىرايىنىمۇ ئىنىق كۆرۈپ يۈرىكىم ئىگىز ـ پەس سوققىلى تۇردى. ئۆمرۈمدە بۇنداق بەدبەشىرە چىرايلارنى تۇنجى قىتىم كۆرۈشۈم بولغاچ دەماللىققا نىمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ـ: قەھرىمان دىققەت قىل!......... ئابلىكىم شۇنداق دېگىنىچە ماڭا ئىتىلىپ كىلىۋاتقان جەسەت ئالۋاستىنى تېپىپلا ئۇچۇرىۋەتتى ھەمدە ـ: ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ......دەپ سورىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سوئالىغىمۇ جاۋاپ بىرەلمەي قالغان ئىدىم. قىززىق!......ئابلىكىممۇ خۇدى ئابلاكامغا ئوخشاش ھېچقانداق ئىپادىسىز ھالدا ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىشقا كىرىشىپلا كەتكەن ئىدى. بۇنى كۆرۈ سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدىم، ھەر قانچە يۈرەكلىك بولسىمۇ بۇنداق مەنزىرىنى كۆرسە تىترىمەي قالامدۇ، چوقۇم بىر گەپ بار!...... ـ: ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ باش قىسمىغا ھۇجۇم قىلىڭلار!...... ئابلاكامنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئىسىمنى يىغىپ ئۇلارغا قارىدىم. نىجات ئۆزى

بىلگەنچە ئالا ـ تاغىل توۋلاپ قىلىچلىرىنى ئۇرۇك تەتۈر شىلتاۋاتاتتى، رۇسۇل بىلەن غېنى بىرلىشىۋالغان بولۇپ بىر ئالۋاستىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ پوپوزا قىلىۋاتاتتى. ئابلاكام بىلەن ئابلىكىم بولسا قالغان ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى ـ: ئۇلارنىڭ تىرناقلىرىغا دىققەت قىلىڭلار، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىڭلار!...... ئابلاكام ئېلىشقاچ شۇنداق ۋارقىرايتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ ماڭىمۇ باشقىچىلا يۈرەك پەيدا بولۇپ قالدى، ھەمدە قىلىچىمنى ئىگىز كۆتۈرگىنىمچە سىپىگە قوشۇلدۇم!... ـ: كەلدىڭمۇ!...دىدى غېنى قىلىچىنى ئالۋاستىغا شىلتىغاچ ـ: قارا، ماۋۇ كۆزەم سەتىنى قورشاۋغا ئېلىۋالدۇق، ئەمما قىلىچ ئۇرۇشتىن قورقىۋاتىمەن...ناۋادا قىلىچىم تەگمەي قالسا بىر قامانلاپلا تىرنىقىنى پاتۇرىۋالىدۇ بۇ كاساپەت!...... دەل شۇ پەيتتە ئابلىكىمنىڭ ئارقىدىن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئالۋاستىنى كۆرۈپ قالدىمدە قىچىمنى ئۇنىڭغا توغۇرلاپ كۆچەپ ئاتتىم. قىلىچ زەردە بىلەن ئۇچۇپ بېرىپ ئالۋاستىنىڭ بىشىغىلا سانجىلىپ ئۇنى يانغا داجىتىۋەتتى. ـ: پاھ!...ھازىر قانداق قىلدىڭ؟ ... دىدى ئابلىكىم ھەيران بولۇپ... ـ: بىلمەيمەن، پەقەت قىلىچىمنى توغۇرلاپ ئاتتىم!... ـ: ئۇنداقتا بولە قىلىچىڭنى ئېلىپ جەڭگە ئاتلان!......... شۇتاپتا ھەممىمىز ناھايىتى قەيسەر ھالدا بۇ ئالۋاستىلار بىلە جەڭ قىلىۋاتاتتۇق. مەن بېرىپ قىلىچىمنى ئالماقچى بولغىنىمدا مەن تەرەپتىن يارىلانغان ئالۋاستى ھىلىھەم قىلىچىم بىشىغا سانجىقلىق ھالەتتە تىپىرلاۋاتاتتى. شۇندا قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ بىشىنى توغۇرلاپ چاپتىم......... بىر مەھەللىك جەڭدىن كىيىن بىر توپ ئالۋاستىلارنىڭ كاللىسىنى تىنىدىن جۇدا قىلدۇق. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كىيىن ئابلاكام ھەممىمىزگە بىر قۇر قارىۋىتىپ ـ: قانداقراق، يارىلانغانلار يوقتۇ؟ ......دەپ سورىدى. نىجات ـ: ياق يوق، مىنىڭ ئالۋاستى بىلەن ئۇسسۇشۇپ كەتكىنىمنى ھىساپقا ئالمىغاندا ھەممىمىز ناھايىتى ياخشى!...... دىدى بىشىنى سىلاپ قويۇپ. ھەممىمىز كۈلۈپ كىتىشتۇق. ئابلاكام ـ: ئۇنداقتا ياخشى، بۈگۈنكى ئىپادەڭلاردىن شۇنى ھىس قىلدىمكى سىلەر ھەقىقىي ئالۋاستى يوقاتقۇچىلاردىن بولالايسىلەر!...بۈگۈن مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، ئەسلى كۆڭلۈمدە سىلەرنى بىر مەھەل قورقۇپ كىتىپ چاتاق تىرىپ قويىدىغان بولدى دەپ ئويلىغان لىكىن ئويلىغىنىمدەك بولماي ئەكسىچە مىنى ناھايىتى خۇرسەن قىلدىڭلار!......ھەممىڭلار باتۇر دىيىلىشكە ھەقلىق، ياشاپ كىتىڭلار باتۇرلىرىم!........ شۇنداق دىگەچ بىزنى قۇچاقلىۋالدى. نىجات ـ: ئابلاكا ئەمدى قايتىمىزمۇ ياكى يەنە ئالۋاستى يوقىتامدۇق؟ ...... ئابلاكام ئەتراپقا قارىۋىتىپ ـ: بۇ جايدا باشقا يوشۇرۇن خەۋپىنى كۆرمىدىم، قارىغاندا تىنىچلانغاندەك قىلىدۇ...مەيلى سىلەر قايتىمىز دىسەڭلار قايتىمىز، بولمىسا يەنە باشقا جايلارغا بېرىپ باقساقمۇ بولىدۇ. كەچتە كۆپرەك مىڭىپ بەرسەك كىيىنكى ئىشلىرىمىزغا چوڭ ياردىمى بولىدۇ، چۈنكى ئالۋاستىلار بىلەن قاراڭغۇلۇقتا ئېلىشىمىز، شۇڭا كەچتە ھەرىكەت قىلىشقا كۆنۈشىڭلار كېرەك!......... ـ: ئاندا يىرى بولسا مەيلى، يەنە باشقا جايلارغا بېرىپ كەلمەيمىزمۇ!...بەربىر كۆزىڭىز كۆندۈزدەك كۆرىدىغان بولغاندىكىن قولچىراق

يورۇتۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، يوشۇرۇن خەتەرلەرنى بايقىسىڭىز بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىڭىزلا بولىدىغان ئىشقۇ!...ھەي مەنمۇ كىچىدە سىزدەك كۆرەلەيدىغان بوپ قالغان بولسام جىق ئىشىم بارتىدە!......... دىدى نىجات. ئابلاكام ياندۇرۇپلا ـ: كۈندۈزدەك كۆرەلىسەڭ كېپەن ئوغرىسى بولامتىڭ؟ ...ھا ھا ھا!... ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ـ: بولدى يۈرۈڭلار، بۈگۈن سىلەردىن رازى بولدۇم، ئەسلى بۈنچىلىك قىلالايدىغىنىڭلارغا ئىشەنچ قىلالمىغان ئىدىم. لېكىن مىنى بەكلا ھەيران قالدۇردۇڭلار!...ئەمدى دەرەخلىك تەرەپكە بېرىپ باقايلى، ئەمما نەتىجەڭلاردىن پەخىرلىنىپ بىخۇدلۇق بىلەن مىڭىشقا بولمايدۇ، ئۇ جايدا بۆرىسىمان مەخلۇقمۇ بار، كۈچ ئىلىشمىقىمىز تەس...شۇڭا بەك دىققەت قىلىڭلار!...... دىدى ئابلاكام بىزنى ئەسكەرتىپ. شۇنداق قىلىپ پەس ئاۋازدا پاراڭلاشقاچ دەرەخلىك تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. نىمىشقىكىن كۆڭلۈم ناھايىتى ئىچىلىپ قالغاندەك بولدى، چۈنكى تەشۋىشلىك، ئىككىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ ئالۋاستىلار بىلەن دادىل ھالدا ئىلىشالايدىغان يۈرەكلىك بولغان ئىدىم. شۇڭا مەغرۇر ھالدا ھىچ قورقۇنۇچسىز يولىمىزنى داۋام قىلىشقا باشلىدۇق!......

يېڭى سەپەر(5 ـ باب6 ـ قىسىم)

شۇنداق بەخىرامان كىتىۋاتقىنىمىزدا ئابلاكام توساتتىنلا بىزنى توختىتىپ جىممىدە تۇرۇپ ئەتراپنى كۈزىتىشكە باشلىدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەتراپتىكى تىۋىشلارنى تىڭشاشقا باشلىدۇق. ئابلاكام بوش ئاۋازدا ـ: قىلىچىڭلارنى ئىلىپ تەق بولۇڭلار!...دىدىدە خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ ئەتراپقا ھۇشيارلىق بىلەن قاراشقا باشلىدى. شۇندا يىراقلاردىن ئۆسۈملۈكلەر ھەم دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شالدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ تەرەپكە بىر نەرسە ناھايىتى تىز يۈگۈرۈپ كىلىۋاتسا كىرەك!...ئابلاكام بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى بولغاي بىزنى دەرھال دالدىغا ئالدى. ـ: نىمىنى كۆرۈپ قالدىڭىز ئابلاكا!...... ئۇ يىراقلارغا نەزەر سالغاچ ـ: بىلمىدىم...ئارىلىق يىراق بولغاچقا ئىنىق كۆرەلمىدىم، لېكىن خەتەردىن دىرەك بىرىدىغانلىقى چىقىپلا تۇرىدۇ!......... ئابلاكام شۇنداق دەۋاتقاندا بىزدىن يىراق بولمىغان جايدىن بىر نەرسە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى، كەينىدىنلا يەنە بىر توپ نەرسە يۈگۈرگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. بىز ھەيرانلىقتا تۇرغىنىمىزدا بەستى يوغان خۇددى قارا ئېيىقتەك كۆرۈنىدىغان بىر نەرسە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كىتىپ قالدى. بىز بۇ ئەھۋاللارنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋىقىپلا قالدۇق. بەلكىم ئابلاكامۇ كۆرۈپ باقمىغان بىرە مەخلۇق ئالۋاستىلارنى قوغلاپ كەتكەن بولسا كىرەك!...شۇندا جىمىپ كەتكەن ئابلاكام جىددىيلىك بىلەن ـ: ئەھۋال ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ، تىز مەن بىلەن مىڭلار!........دىگىنىچە بايىقى قارا كۆلەڭگىلەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى، بۇ چاغدا بىز تىخىمۇ ھەيران قىلىۋاتاتتۇق، ئەمما ئابلاكامنىڭ بىر نەرسىنى بايقاپ قالغىنى ئىنىق ئىدى، بەلكىم ئالدىدا قاچقىنى ئىزىپ كىرىپ قالغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن، كەينىدىكىلىرى ئۇنى قوغلاپ ماڭغان ئالۋاستىلار بولسا كىرەك!...ئابلاكام ئۇلارنىڭ يۆلىنىشىنى ئىنىق كۆرەلىگەچكە ئىزىپ قالماستىن كەينىدىن

قوغلاپ كېتىۋاتاتتى، بىزمۇ ھەم ئابلاكامغا يېتىشىپ يۈگۈرىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقىپلا توختاپ قالدى. ئاندىن ئالۋاستىلارنىڭ ھۆركىرىگەن، بىراۋلارنىڭ تۈۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بىز يېتىپ بارغاندا ئالۋاستىلار نىمىلەر بىلەندۇر قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. نىملا بولسۇن ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشقانىكەن بىز تەرەپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىزمۇ چاققانلىق بىلەن بىرىپ ئۇنىڭغا قىتىلدۇق، قاتتىق بىر مەيدان جەڭدىن كېيىن ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى يەر چىشلىدى. شۇندا ئالدىمىزدىراق ھىلىقى قارا يوغان گەۋدە ئەڭ ئاخىرقى ئالۋاستىنىڭ بىشىنى ئۈزۈپ قىلىچىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىزگە ئارقىنى قىلىپ ئىغىر ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بىر مەھەل جىممىدە تۇرۇپ قالدۇق، يەردە كىمدۇر بىرى ئىڭرىغىنىچە ياتاتتى. ئۇنىڭغىچە قارا گەۋدە بىرىپ ئۇنى يۆلىدى. شۇندا ئابلاكام ـ: بۇ سىلىمۇ؟ ......كۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن راسلا سىلى شۇكەنسىلەرغۇ!......... ئابلاكامنىڭ ھاياجاندىن سۆزلەشلىرى بىزنى ھەيران قالدۇردى ھەمدە دەررۇ قولچىراقنى ئۇنىڭغا يىقىپلا ۋارقىراپ كەتتىم ـ: سېلىمكا!............... ھازىرقى ھاياجىنىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايتتى. قولچىراقنى تاشلاپلا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم ـ: سېلىمكا ھەرنىمە بولسا كەپسىز!...مەن قەھرىمان، جىيەنىڭىز قەھرىمان!......... سېلىمكامۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى ـ: ۋۇي، قەھرىمان بالامۇسەن!...ھېلىھەم ھاياتكەنسەن، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نىمىش قىلدىڭ، ئادەمنى شۇنداقمۇ ئەنسىرىتەمسەن ھەي بەڭۋاش بالا!......... سېلىمكامۇ شۇنداق دىگىنىچە مىنى چىڭ قۇچاقلىدى. شۇ تاپتا ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىپ كىتىۋاتاتتى، ئىغىزىمغا گەپمۇ كەلمەي قالدى. ـ: ئىيتە باشقىلارمۇ ھاياتمۇ؟ ...سىلەرگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ .........سېلىمكام جىددىيلىشىپ سۆزلەيتتى. ـ: ھەئە...نىجات، ئابلىكىم، رۇسۇل، غېنى......ھەممەمىز ھايات شۇنداق ياشى تۇردۇق سېلىمكا!......... ئۇنىڭغىچە قالغانلارمۇ كىلىپ سېلىمكام بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ ئەھۋاللاشتى. بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان ئابلاكام كۆز ياشلىرىنى ئېيتقىنىچە ـ: كۆرۈشۈشنى كېيىن كۆرىشىۋالايلى، ئاۋۇ ئىنىمىز يارىلىنىپتۇ ئاۋۋال ئۇنى داۋالاش مۇھىم!...... شۇندا سېلىمكام قاراڭغۇلۇقتا ئابلاكامغا سىنچىلاپ قارىدى لىكىن تونۇيالمىدى بولغاي سورىدى ـ: بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ ...سىلەر بىلەن بىللە كەلدىما؟ ...... ـ: ھەئە، ئۇ ئابلاكام بولىدۇ...ئابلا قوتاز!...... ـ: نىمە؟ ......... سېلىمكامنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى ـ: ئابلا......ئابلا پالۋانمۇ!......... ـ: شۇنداق سېلىماخۇن، مەن دەل بەش يىل ئىلگىرى سىلى بىلەن بىللە بۇ جايغا كىلىپ ئۆلدىگە چىقىپ كەتكەن ئابلا قوتاز شۇ!......... ـ: ئاھ خۇدا!......مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىم نىمە؟ ......سىلى راسلا ئابلا پالۋانمۇ، قىرىندىشىم سىلىنىڭ يوقاپ كىتىشىڭلار سەۋەپلىك ئۆلدى دەپ ئويلاپ ئىچ ئاغرىقى تارتىپ كەتكەن ئىدىم، بۈگۈن كۆرۈشكەندە قىلغىلى گەپ تاپالمايۋاتىمەن!......... سېلىمكام شۇنداق دىگىنىچە ئابلاكام بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قۇچاقلىشىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. سېلىمكامنىڭ يىغلىغىنىنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قىتىم كۆرۈشۈم ئىدى. دادامنىڭ

ئۆلۈمىدىمۇ بۇنچىلىك يىغلىمىغان بولغىيدى...ئۇنىڭغىچە بىز ياردار كىشىنىڭ يارىسىنى لاتا بىلەن تېڭىپ ۋاقىتىنچە قاننى توختاتتۇق. ئاندىن قولچىراقنى ئۇنىڭغا يىقىپلا ھەممىمىز تەڭلا تۇۋلاپ كەتتۇق ـ: ئەنىۋەر!.............. بۇ بىزنىڭ خارابىيلىقتا سەپەر قىلغان بىرىنچى كۈنى بىكەتتە ئىشىم چىقىپ قالدى دەپ سەپتىن چۈپ قالغان دوستىمىز ئىدى. ئۇنىڭ كىلىدىغانلىقىنى چۈشىمىزدىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئىدۇق. ھەممىمىز تىزلىكتە ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئاندىن قىنىشماي دىدارلىشىۋاتقان ئابلاكام بىلەن سىلىمكامغا دىدىم ـ: ئاكىلار ئەنىۋەر بولالمىدى، ئۇنى تىزرەك بىخەتەر جايغا يۆتكىمىسەك بولمايدۇ!......... شۇندا ئابلاكام ـ: توغرا، ئاۋۋال ئۇ ئىنىمىزنى قۇتقۇزايلى ئاندىن تازا دىدارلىشىۋالساقمۇ كېچىكمەيمىز!...يەنە كىلىپ ئۇنىڭ قىنى ئەتراپتىكى يەنە باشقا ئالۋاستىلار ھەم مەخلۇقلارنى قىزىقتۇرۇپ كىلىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ جايدىن ۋاقتىدا ئايرىلىشىمىز كېرەك!......... ـ: توغرا، توغرا!...ئاۋۋال ئەنىۋەر ئىنىمنى قۇتقۇزايلى قالغان گەپلەر بولسا كىيىن دىيىشەرمىز!.........دىدى سىلىمكام ئابلاكامنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ. بىز ھەممىمىز بەس ـ بەستە ئەنىۋەرنى كۆتۈرۈپ قەلئەگە قاراپ يول ئالدۇق. يولدا ماڭغۇچە قاننىڭ ھىدىنى ئىلىپ كەلگەن ئالۋاستىلارنىمۇ ئۇدۇللۇق يوقىتىپ ماڭدۇق. بۇ ھالنى كۆرۈپ سىلىمكام ھەيرانلا قالدى. ـ: نىمانداق خەتەرلىك جاي بۇ؟ ...... ـ: ھا ھا ھا، تىخى خەتەر دىگەننى بۇندىن كىيىن كۆرىسىلە سىلىماخۇن!...... دىدى ئابلاكام كۈلۈپ كىتىپ. ئۇنىڭغىچە بىز ئالۋاستىلارنى تازىلاپ يول ئىچىپ پىنھان ساقلانغان قەلئەرىمىزگە يىتىپ كەلدۇق. سىلىمكام بولسا ھەيرانلىق ئىچىدە ھەممە يەرگە تەپسىلىي قاراپ جاۋابىنى ئىزدەيتتى. ئابلاكام ـ: ھە، ئۇ ئىنىمىزنى بۇيەرگە ياتقۇزۇڭلار...ئاستىراق ھە، ئاستىراق!...... ئابلاكام تېڭىپ قويغان يىرىمىزنى ئىلىۋىتىپ يارىنى تەكشۈرىۋەتكەندىن كىيىن ـ: ئانچە چوڭ مەسىلىمۇ يوق، ئالۋاستىلار گۆشىنى تىلىۋىتىپتۇ...بەك قورقۇپ كەتكەچكە ماغدۇرسىزلىنىپ كىتىپتۇ، ھىچقىسى يوق تېڭىپ قويساق ئەتىلەتىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ!...... دىدىدە ئەنىۋەرنىڭ يارىسىنى تۈجۈپىلەپ ياخشى تېڭىپ قويدى. بىز بەشىمىز ئەنىۋەرنىڭ يىنىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردۇق، ئابلاكام بىلەن سىلىمكام بولسا قايتىدىن قانمىغان ھالدا دىدارلىشىپ قىزغىن پاراڭ باشلاپ كەتتى. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتىم. بۇ ھالدىن سەل ئاچچىقىم كىلىپ قالدى...ئىچىمدە ـ: «ھەقىچان مىنى قۇتقۇزىمەن دەپ كەلگەن بولغىيتى، بىردەمدىلا مىنى ئۇنتۇپ قىلىپ ئابلاكام بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتىغۇ...قاملاشمىغان!......»دەپ ئويلاپ ئۆزۈممۇ بىلمەيلا تۈمشۇقلىرىم ئۇچلىنىپ كەتتى. بۇنى نىجات سىزىپ قىلىپ ـ: ھە ئۆردەكتەك تۈمشۇقلىرىڭنى ئۇچلاپ كەتتىڭغۇ، ئىچىڭ قايناۋاتامدا!...... دىدى بىقىنىمنى چىمداپ قويۇپ. ـ: ۋاي ماڭە، كىچىك بالا بولمىساميا...نىمىگە ئىچىم قاينايتتى!...... ـ: ئىغىزىڭدا ئۇنداق دەپ قويغىنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭدە نىمە ئويلاۋاتقىنىڭنى بىلىمەن جىما دەپ قوياي!......... ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى. نىملا دىگەن بىلەن بۇگۈن كىچە مەن ئۈچۈن ناھايىتى خۇشاللىق بىر كىچە بولۇپ

قالغان ئىدى. سىڭلىمكامنىڭمۇ بۇ جايغا يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز قايتىدىن جانلىنىپ كەتتۇق، بولۇپمۇ مەن...ھازىرقى تۇرقۇمدا ھەرقانداق ۋەھشى مەخلۇق كەلسىمۇ يانماي ئېلىشقۇدەك ئەلپازىم بار ئىدى. ئابلاكام بىلەن سىڭلىمكام ئىككىسى بىردەم ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ھەممىمىز ئولاشتۇق. سىڭلىمكام يۈزۈمنى سىلاپ قويۇپ ـ: بۇ جاي ساڭا ياقتىمۇ نىمە، سەمرىپ قاپسەنغۇ!......دىدى كۈلۈپ كېتىپ. ـ: ھەي ياقەي، نەدىكى سەمرىشكەن ئۇ!...ئىچىشىمىزگە ئۆسۈملۈك سۈيى، يېيىشىمىزگە ياۋا توشقان بىلەن ياۋا مېۋە يەپ ياشاۋاتساق...ئورۇقلاپ كەتتىم تىخى!......... سىڭلىمكام ھەيران قالدى ـ: نىمە؟ ...تىخى ئاشۇنداق ئىشمۇ باما!......... ـ: شۇنداق بولماي!......تەلىيىمىزگە ئابلاكامغا يولۇقۇپ قالدۇق، ئابلاكام ئىزچىل بىزنى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ، بولمىسا ئۆلۈكىمىز تۈگۈل سۆڭەكلىرىمىزمۇ قالماس بولغىيتى!......... سۆزۈمنى ئاڭلاپ سىڭلىمكام ھەيران بولدى ھەمدە ئابلاكامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ـ: رەھمەت ئابلاجان، ئەگەر سىلى بولمىغان بولساڭلا ئۇنىڭ ئانىسىغا نىمە دەپمۇ جاۋاپ بىرەر بولغىيتىم!......سىلىگە كۆپ قەرىزدارمەن، مېنىڭ جېنىمنىمۇ سىلى قۇتقۇزۇپ قالغانتىڭلار!......دىدى ھاياجانلىنىپ. ئابلاكام ـ: ھەي نىملەرنى دەپ يۈرىسلەر، سىلىنىڭ جېيەنىڭلار ئوخشاشلا مېنىڭ جېيەنىم...ئۇنىڭ سىڭلىم پالۋاننىڭ جېيەنى ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىمدىلا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنى قوغداشنى نىيەت قىلغانمەن...ھىلىمۇ ياخشى تىلىكىم ئىجابەت بولۇپ سىلىنىڭ قولۇڭلارغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەردىم. ئەمدى ھېچقانداق ئارمىنىم قالمىدى!...... سىڭلىمكام ئابلاكامنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى ـ: رەھمەت سىلىگە، كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت!...... شۇ تاپتا ھەممىمىزنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگەن ئىدى. مەن ھەيران بولۇپ سىڭلىمكامدىن سورىدىم ـ: سىڭلىمكا بىزنى قانداق تاپتىڭىز، بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى سىزگە كىم ئېيتىپ بەردى!... سىڭلىمكام كۈلۈپ قويۇپ ـ: دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، يەنە كىم ئېيتىپ بىرەتتى...ئەلۋەتتە ئەنۋەر ئېيتىپ بىرىدۇدە!...ئۇنى كەلمە دەپ شۇنچە ئېيتسامۇ لېكىن بىللە بارىمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالدى شۇڭا ئامالسىز ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كىردىم. بۇ يەرنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى شۇنچە ئېيتسامۇ«مەيلى، دوسلىرىمنى سىز بىلەن بىللە قۇتقۇزۇپ چىقىمەن...قانداق خەتەر بولسىمۇ ھەرگىز قورقمايمەن!...»دەپ ماڭا مەھكەم ئېسىلىۋالدى، شۇڭا ئامالسىز ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كىردىم...... سىڭلىمكام بىز كەتكەندىن كېيىنكى بولغان ئىشلارنى باشتىن باشلاپ سۆزلەشكە باشلىدى!......

يېڭى سەپەر(5 ـ باب7 ـ قىسىم)

سىڭلىمكام ـ: ئۇ كۈنى سىلەر يىغىلغاندا ئەنۋەر ئىشىم چىقىپ قالدى دەپ كېتىپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ ھەپتىگىچە كەلمىگەندىكىن ئاناڭ سەندىن بەكلا ئەنسىرەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىنىڭ ئىز ـ دىرىكىڭنى قىلىپ ئۆزى بىلىدىغانلىكى ئادەملەر بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ لېكىن يەنىلا خەۋىرى بولماپتۇ. بۇ چاغدا اناڭ مەن بىلەن ئالاقىلەشتى، ھەم سىنىڭ

تىخچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىڭنى ئېيتتى. شۇندا يۈرۈكۈم بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ باشتا سىلەرنىڭ ئۆيگە باردىم ھەم ئاناڭدىن سىنىڭ ساياھەتكە چىقمەن دەپ چىقىپ كەتكىنىڭچە تىخچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىڭنى بىلدىم، باشتا سىنىڭ بۇ جايغا كىلىدىغىنىڭ يادىمغىمۇ يەتمەپتۇ باشقا جايلارنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن كىيىن بىر كۈنى ئەنۋەر مەن بىلەن كۆرۈشتى ھەم سىلەرنىڭ بارلىق پىلانىڭلارنى ماڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. شۇندىلا دەررۇ يادىمغا كىلىپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم، چۈنكى بۇ جاي سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي يەر ئەمەس ئىدى. ئاناڭنى تىخىمۇ ئەنسىرەپ كەتمىسۇن دەپ يالغان سۆزلەپ سىلەرنىڭ بىر ساياھەت رايونىدا ساياھەت قىلىۋاتقىنىڭلارنى ئۆزۈمنىڭ بىرىپ سىلەرنى ياندۇرۇپ كىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ خاتىرجەم قىلدىم ئاندىن شۇ هامان بۇ تەرەپكە يول ئالدىم. لىكىن بىكەتتە ئاپتۇۋۇزغا چىقاي دەپ تۇرغىنىمدا ئەنۋەر يۈگۈرۈپ دىگۈدەك يىتىپ كەلدى ھەم ئۆزىنىڭمۇ بىللە بارغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىمەن دەپ ئىككى ئاپتۇبۇستىن قالدىم. ئاخىرى بۇ جاھىل قەدىناس دوستۇڭلارنى قايىل قىلىپ بولالماي ئامالسىز ئۇنىمۇ بىللە ئىلىپ ماڭدىم. بىز يىزىغا يىتىپ كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى، شۇڭا بىر كۈن ئۆيدە قونۇپ تاڭ سۈزۈلىشى بىلەنلا يولغا چىقتۇق. كۆڭلۈمدە سىلەرنىڭ چوقۇم ھايات ئىكەنلىكىڭلارنى سىزىپ تۇراتتىم...شۇڭا تىزرەك تىپىۋىلىش ئۈچۈن بۇيەرگە ئۇدۇللا كىردۇق، ئەمما بۇنداق مۈرەككەپ جاينى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، كەچكىچە مىڭىپمۇ ئۆزىمىزنىڭ قەيەرگە كىلىپ قالغىنىنى بىلەلمەيلا قالدۇق. ئەتراپ تىپتىنىچ بولغاچقا ئادەمنى سۈر باساتتى، ئىچىمدە سىلەرنى تىزرەك ئۈچرىتىپ قالسام دەپ تىلەپ كەتتىم ئەمما ئىنسى ـ جىنمۇ ئۇچرىمىدى. بىر تەرەپتىن سىلەرنى توۋلىغاچ ئالدىمىزغا قاراپ مىڭىۋەردۇق، چارچىدۇق......كۆڭلۈمگە ھەرخىل پاجىئەلەر كىلىۋىلىپ مىنى بىئارام قىلاتتى. ئىچكىرلەپ ئويلىغانسىرى سۈرئىتىمنى تىخىمۇ تىزلىتىپ سىلەرنى ئامان ـ ئىسەن تىپىۋىلىشنى ئويلايتىم. لىكىن كەچ كىرىپ كەتتى سىلەرنى ھىچ يەردىن تاپالمىدۇق. ئۇمۇدسىزلىنىپ كىتىۋاتقىنىمدا ئەنۋەر ئىغىز ئاچتى ـ : سىلىمىكا قاراڭ!.....ئاۋۇ يەردە ئادەم بار ئىكەن!... ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئالدى تەرەپكە قارىدىم ھەمدە راسلا نەچچە قارا ساينىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار ئادەمگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلغاچقا ئىنىقلا ئادەم دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمەلىيەتتە بۇ جايدا ئالۋاستى بارلىقى چۈشۈمگىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ، ھەم بۇ بىر قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتە...كىممۇ بىر كۆرۈشىدىلا جەسەتلەرنىڭ ھەرىكەت قىلغىنىنى قوبۇل قىلالايدۇ دەيسىلەر!...بۇ ياكى كىنو بولمىسا!... شۇنىڭ بىلەن توۋلىغاچ ئۇلار تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، يىقىنلاشقانسىرى بىر خىل غەيرىلىك ھىس قىلىپ قالدىم. ئۇلار تەرەپتىن بىرخىل ۋەھىملىك خىرىلداش ئاۋازى ئاڭلىنىپلا تۇراتتى. شۇندا دەرھال ئەنۋەرنى توختىتىپ ئۇلارنى تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلىدىم، ئەمما بىز كىچىكىپ قالغان ئىدۇق. ئالۋاستىلار بىزنى بايقاپ بوپتۇ، بىز توختىۋىلىپ دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقاندا يىنىمىزدىنلا بىر ئالۋاستى ئېتىلىپ چىقتى. مەن ھىچقانداق تەييارلىقسىز

تۇرغاچقا قۇرۇق قول بىلەنلا ئۇنى تۇتىۋېلىپ يانپاشلاپلا باستىم. بىراق ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ سالغىلى قىل قالدىم. تىگىمدە ياتقىنى ئادەم بولماستىن بەدبەشىرە بىر جەسەت ئىدى، كۆرۈپلا تىزلىكتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ خەنجىرىمنى قىنىدىن سۇغاردىم. ئۇلار بىزنى قورشاپ بولغان بولسىمۇ يەنىلا خىيالىي سىزىمدەك ھېس قىلىپ كۆرگەنلىرىمگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى. ئەنۋەرمۇ بۇتتەكلا قېتىپ قالدى، بەلكىم بەك قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك!...شۇئان مەن ۋارقىراپ تۇرۇپ ئەنۋەرگە كەينىگە قارىماستىن پۇتۇن كۈچى بىلەن قېچىشنى ئېيتتىم. ئۇمۇ گېپىم تۈگىشى بىلەنلا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈۋ ئالدى تەرەپكە كەتتى.

مەن تېخى ئالۋاستىلارنى مەن بىلەن ئېلىشىدىغۇ دەپ ئويلاپتىمەن ئەپسۇس ئۇلار ئەنۋەرنىڭ قېچىشى بىلەنلا ئۇنى قوغلاپ كېتىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغىنىمنى ھېس قىلىپ دەرھال ئالۋاستىلارنىڭ كەينىدىن مەن قوغلاشقا باشلىدىم...شۇ تاپتا ئۇلارغا يېتىشەلمىسەم ئەنۋەر بىكاردىن ـ بىكارلا ئۆلۈپ كېتەتتى. مەن بۇ جاينىڭ يەرشەكلىنى بىلمىگەچكە كەينىدىن قوغلاش بەك تەسكە چۈشتى، ئەنۋەر ياش ھەم جەزبىدار، مەن بولسام يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغان تۇرسام قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يۈگۈرەلەيمەن!.........بىراق ئادەمدە يوشۇرۇن كۈچ بار دېگەنگە ھەقىقەتەن شۇ چاغدا ئىشەندىم، ئەنۋەر كۆز ئالدىمغا كىلىۋېلىپ بىكاردىن ـ بىكارلا ئۇنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بىرەمدىم. شۇنىڭ بىلەن قانداق يۈگۈرگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن ئالدىمدىكى قارا ساينى ئىلغا قىلىپ تۇرۇپ قوغلاۋاتقىنىمدا ئەنۋەرنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم.

قارىسام ئۇلار ئەنۋەرگە ئولاشقىلى تۇرۇپتۇ بىرىپلا ئۇلارغا قىلىچ ئۇردۇم، ئاردىن بىرسىنىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ چۈشتى...كېيىن قانداق بولدى بىلمەيمەن، ئاللا كىملەرنىڭ مەن بىلەن بىللە ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەمما كىملىكىنى بىلەلمىدىم...ھازىرقى شارائىت ناھايىتى جىددىي بولغاچقا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ئىشقىلىپ ماڭا ياردەم قىلغانكەن چوقۇم ياخشى ئادەم دەپ ئويلۇدۇم......ئالۋاستىلار يوقىتىلغاندىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنىم يەنىلا ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالى بولدى...قالغان ئىشلار سىلەر تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىنكى ئىشلار شۇ!......ھەي!......مەن تېخى سىلەرنى تاپالماسمەنمىكىن دەپ بەكلا ئەپسۇسلانغان ئىدىم، كۆڭلۈمگە ھەرخىل يامان ئىشلار كىلىۋېلىپ تۇرغاندا بۇ ئالۋاستىلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتىم. سىلەرنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلىدىم، ئەمما بۇنداق تاساددىپى ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز ئىگىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بولسا كېرەك!.........ھەر ھالدا سىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم خېلى تىنجىدى!......... دېدى سېلىمكام بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ.

ـ : پالۋان دىگەن يەنىلا پالۋاندە!...ئەگەر بۈگۈن ئۇ ئالۋاستىلارنى باشقا بىرلىرى كۆرۈپ قالغان بولسا ھەمرايىغىمۇ قاراپ قويماستىن بەدەر تىكىۋەتكەن بولاتتى، سىلى يەنىلا كۆپنى كۆرگەن بولغاچقا دىنلا جاننى تىكىپ قويۇپ ئەنۋەر دىگەن ئىنىمىزنى قۇتقۇزماقچى

بوپسىلە!...ھەقىقەتەن ئىپىل پاكۋان جۇمۇ سىلە!...... ـ: يۇغسۇ، نەدىكىنى دەيلا!...گىگانت يىلانلار بىلەن ئېلىشالىغان ئادەم ئۇ ئالۋاستىلاردىن قورقۇپ قالاتتۇقمۇ؟ ......ھە راس، سىلى ھايات قالغان تۇرۇپ يەنە بۇ خارابىيلىقتىن چىقماي بەش يىل ياشىغىنىڭلا نىمىسى ئابلاجان؟ ...بۇ جايدىكى ئالۋاستىلار سىلىنى كۆيدۈرىۋالمىغاندۇ ھە؟ ياكى مۇشەدە ئۆيلۈك ـ ئوچاغلىق بولۇپ......ھا ھا ھا!...... ـ: چىك ئاي، قېرىغاندا چاقچاق قىلمىساڭلىچۇ!...ساراڭمۇ مەن بۇ جايدىن چىقىپ كىتەلىسەم بۇ يەردە ياشايدىغانغا..شۇ چاغدىلا چىقىپ كىتەلىگەن بولسام بۇنداق نەس باسقۇر يەردە بىر دەقىقىمۇ تۇرغۇم يوقتى دەڭلا!...... سىلىمكام ھەيران بولدى ـ: نىمە؟ ...چىقىپ كىتەلمىسەم دەمسىلە؟ ئەجىبا بەش يىلدىن بىرى بۇ جايدىن چىقىپ كىتەلمىدىڭلار؟ ...... ـ: ھەئە!......دەپ كەلسەم گەپ بەك ئۇزۇن، سىلىگە مۇنداقلا چۈشەندۈرۈپ بىرەلمەيمەن...بۇ جاي سېھىرلىنىۋېتىلگەن ئوردا، كىرگەن ئادەمنىڭ چىقىپ كىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس!...مەنمۇ بەشيىلنىڭ ياقى توختىماي ئىزدەۋاتىمەن لىكىن چىقىپ كىتىدىغان يەرنى تىخىچە تاپالمىدىم. بۇ جايدا ئالۋاستى شاھ بار كارامىتىنى ئىغىزدا دەپ چۈشەندۈرۈپ بولغىنى بولمايدۇ، بايىقى ئۇششاق ئالۋاستىلارمۇ ئاشۇ ئالۋاستى شاھىنىڭ كونترول قىلىۋالغان جەسەتلىرى، شۇ ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىپ ئادەملەرنى كۆرسىلا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىۋىتىدۇ!......مەن بۇ جايدا بىردىنبىر ھايات قىلىپ بەش يىل ياشىغان ئادەم، ياشاش جەريانىدا نۇرغۇن ساۋاقلارنى يەكۈنلىدىم، ھايات قىلەش ئۈچۈن تىرىشتىم، نەچچە قىتىم چىقىپ كىتىشكە ئۇرۇنغان بولسامۇ ئەمما يەنىلا مەغلۇپ بولدۇم...ئىشقىلىپ بۇ جاينىڭ سىرىنى يەشمىگۈچە چىقىپ كىتەلىشىمىز خام خىيال!........ سىلىمكام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، قۇلىقىغا ئىشەنمەي ئابلاكامدىن قايتا سورىدى ـ: مەن بەكلا قايمۇقۇپ قالدىم، سىلىنىڭ بۇ جايدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ دىگىنىڭلا قانداق گەپ ئۆزى؟ ......بىز كىرگەن چوڭ ئوردا ئىشىكى تەرەپنى بەشيىلدىن بىرى تاپالمىدىڭلارما؟ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!........ ـ: ئەستا!...ھازىر دەۋاتىمەنغۇ، تاپالىغان بولسام ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتمەمدىمەن!...ھازىر مەن بۇ جاينى خۇددى ئۆز ئۆيۈمنى بىلگەندەك بىلىمەن، ھەر قانداق يەردە بىمالال ماڭالايمەن، ھەرگىز ئېزىپ قالمايمەن..ئەمما چىقىش ئىشىكىنى تىخىچە تاپالىغىنىم يوق!......بۇگۈن بەشيىلدىن كىيىن ئاران دىگەندە دىدارلىشىپتۇق، ئۆلتۈرۈڭلا سىلى بىلەن قانغۇچە بىر مۇڭدىشاي. گەپ ئارىلىقىدا سىلىگە ھەممە كەچۈرمىشىمنى سۆزلەپ بىرىمەن!........... ـ: ھە، ما گەپ جايىدا بولدى، قېنى ئولتۇرۇڭلا ھە!...بۇگۈن ئۇيىقۇمۇ يوق ماڭا، شۇڭا كىچىچە سىلى بىلەن قانغۇچە بىر مۇڭدىشاي!......دىدى سىلىمكام. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككى دوست ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى، بىزمۇ ھەم ئەنىۋەرنىڭ ھۇشىغا كىلىشىنى ساقلاپ ئۆز ـ ئارا بەس مۇنازىرىگە چۈشتۇق. ئەمدى يىنىمىزدا ئىككى ئەڭ يامان قوغدىغۇچى ھەم يىتەكچى بولغان يەردە نىمىدىن ئەنسىرەيتتۇق دەيسىلەر!...شۇ تاپتا تىخى بىزنىڭ جان ـ جىگەر دوستىمىز

ئەنۋەرمۇ بىزنىڭ سىپىمىزگە قوشۇلغان ئىدى، بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدۇق. ھازىر بىزنىڭ كوللىكتىپ ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر«تەۋەككۇلچىلەر!»قوشۇنىغا ئايلانغان ئىدى...........

يېڭى سەپەر(5 ـ باب8 ـ قىسىم)

ئابلاكام بىلەن سېلىمكام پاراڭلىرىنى قىلىشىپ قاچانلاردىن ئۇخلاپ قالدىكىن، بىز تاقەت قىلىپ بولالماي ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇق. بۇگۈن شۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىدىمكىن خۇددى مەخسۇس ئىككى قوغدىغۇچى يېنىمدا مىنى ئۇخلىماستىن مۇھاپىزەت قىلىۋاتقاندەكلا ھېس قىلاتتىم. شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقىنىمدا بىرىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى بىلەن ئۇيقۇمدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئەنۋەر قاچانلاردا ھوشىغا كەلدىكىن يارىسىنىڭ تەسىرىدە ئويغىنىپ كىتىپتۇ، ھەم يارىسىنى تۇتقىنىچە ئولتۇراتتى. ـ: ئويغاندىڭمۇ؟ ... مىنىڭ سۆزۈم بىلەن ئۇ چۆچۈپ مەن تەرەپكە قارىدى ـ: ھە......ھەئە!........بۇ قەيەر، سەن كىم؟ ...... غۇۋا يورۇقتا ئۇ مىنى تونۇيالمىغاندەك قىلاتتى. ـ: مېنى راسلا تونۇيالمىدىڭما؟ ... دىدىم ئەتەي ئۇنىڭدىن سوراپ. ئەنۋەر بولسا ماڭا سىنچىلاپ قارىغىنىچە جاۋاپ بەردى ـ: يا...ق!...بۇ جاي بەك قاراڭغۇكەن، مەن بۇيەرگە قانداق كېلىپ قالدىم...مەن بىلەن بىرگە كەلگەن ئادەم قېنى؟ ...
ـ: سېلىمكامنى دەمسەن؟ ...... ئۇ ھەيران قالدى ـ: سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى قانداق بىلىسەن؟ ...
ـ: ھا ھا ھا!...ئۇنىڭ ئىسمىنىلا ئەمەس سېنىڭ ئەنۋەر ئىكەنلىكىڭنىمۇ بىلىمەن!...بۇ جايدا يەنە كۆپ خەتەرلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلىمەن!...... دېدىم سۇرلۇك ئاۋازدا. ئەنۋەر ھودۇقۇپ كېتىپ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرغاچ ۋارقىراشقا باشلىدى ـ: قۇتقۇزۇڭلار!...سېلىمكا سىز نەدە، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ!...... ئەنۋەرنىڭ ۋارقىرىشىدىن ھەممىسى چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ: نىمىش بولدى؟ ......چىراقنى يېقىڭلار، تېز چىراقنى يېقىڭلار!...... ئۇلار ئالاقىزادىلىك بىلەن قولچىراقنى ئىزدەۋاتقاندا مەن كۈلۈپ ئايلىنىپ قالايلا دېگەن ئىدىم...ئۇلار قولچىراقنى ياققاندا ئەنۋەر سېلىمكام تەرەپكە قاراپ قاچتى ـ: سېلىمكا ئالۋاستى باركەن!......ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغاچقا ئوڭايسىزلىنىپ ئويۇننى توختاتتىم ـ: ھەي بولدى قىلغىنە!...مەن قەھرىمان تازەك!... ھەممىسى بىر مەھەل نىمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى ئاڭقىرالماي ماڭا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەنۋەر قولچىراقنىڭ يورۇقىدا ماڭا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ـ: قەھرىمان؟ ......ۋۇي، راسلا سەنكەنسەنغۇ!...ئادەمنى قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالاي دېگەنىمدىڭ!... دىگىنىچە ماڭا ئۆزىنى ئاتتى ـ: ھەرنىمە بولسا ھاياتكەنسەن، تېخى سىنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتىكەنمەن!...... ـ: مەنمۇ سىنى بەك سېغىندىم، بىزنى ئىزدەپ كەپسەن بەك خۇش بولدۇم...دوست دىگەن مۇنداق بولمامدۇ!......دىگەچ دىققەت قىلمايلا ئۇنىڭ يارىسىغا يىنىك مۇشلاپ سالدىم. ـ: ۋايجان!...... ـ: ۋوي، كەچۈرگىن ھە!...يارىلانغىنىڭ ئىسىمدە يوقلا!...قانداق خىلى ياخشى بوپ قالدىڭمۇ؟ كىلە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشايلى!... بىزگە ھاڭۋىقىپ قالغانلاردىن نىجات ئىغىز

ئاچتى ــ : ھەي ، ھەي!...مۇشۇنداق چاغدىمۇ دىراما ئوينامسىلەر دەيمە!...قورقۇپ تاس قالدى جېنىم چىقىپ قالغىلى!...دىدى تىرىكىپ . ــ : نىجات!...بۇ سەنغۇ؟ ... ئەنۋەر ئىسىگە كەلگەندىن كىيىن ھەممەيلەن بىلەن بىردەم ھال ئەھۋاللاشتى . ئۇنىڭدىن كىيىن نىجات ــ : ياخشى كىلىپسەن ، ئەمدى بىز بىلەن مايەدىبى ياشاپ باق قانداق بولىدىكىن!...ئەينى چاغدا ئىشىم بار دەپ غىمىسسىدىلا قىچىپ كەتكەن ئىدىڭ ، ئەمدى قاچىمەن دەپمۇ قاچالمايسەن...ھى ھى!... دىدى مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ:راس بايا يۈگۈرۈپ يۈرەتتىڭ نىمە ئىش بولغانتى؟ ئەنۋەر نىجاتنىڭ سۆزىگە جاۋابەن ــ : ھەي ، توغرا چۈشىنىڭلارچۇ!...مەن ئۈكۈنى قاچىمدىم ، ئەمەلىيەتتە مىنىڭمۇ بەك بارغۇم بار ئىدى ، لىكىن ئۆيدە راسلا چوڭ ئىش چىقىپ سىلەردىن ئايرىلغان...لىكىن مانا كەلدىمغۇ گىپىمدە تۇرۇپ!.........دىدى چۈشەندۈرۈپ ، ھەم بايىدىن بىرى مەن بىلەن بولغان ئىشلارنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. ئۇلارمۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كىيىن كۈلۈپ كەتتى . شۇ تاپتا بىز بۇ جايدىكى ھەممە ئىشلارنى ئۇنۇتقان ھالدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدۇق . شۇندا ئابلاكام ئورنىدىن تۇرغاچ ــ : سىلەر پاراڭلاشقاچ تۇرۇڭلار، ئۇزۇن بولدى ئەمەسمۇ كۆرۈشمىگىلى!...مەن چىقىپ ياۋا توشقاندىن نەچچىنى تۇتۇپ كىلەي ئاندىن سىلەرگە ئوخشۇتۇپقىنە مەززىلىك كاۋاپ قىلىپ بىرەي قانداق؟ ...... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىز چاۋاك چىلىشىپ كەتتۇق ــ : ۋاھ، بەك ياخشى بولدى...قورساق تارتىشىپ كەتكەن دىمىسىمۇ!...... دىدى رۇسۇل قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ. نىجات ــ : ۋاي چوڭ بولمايدىغان دېۋە!...قاچان قارىسا باجىغا ئوخشاش يەيدىغاننىڭلا كويىدا يۈرگەن!...بىكارغا يوغانمىغان ئۇسقان دىگىنە ئۇ، جىق تاماق يەۋرىپ ئەقلىڭ ماتىركوشاڭ بولۇپ كەتكەن نېمە سەن زادى!...... رۇسۇل نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غەزىپى تاشتى ــ : نىم كارىڭ سۈن مايمۇن!...سەنمۇ يەلىسەڭ يە......سەن بارغۇ مەندىن كۆپ تاماق يىسەڭمۇ يەنىلا مۇشۇنداق ئاۋاق يۈرىسەن ئىسكىلىت ئالۋاستىغا ئوخشاش!...... ــ : ئىششىڭنى قىل دېۋە!...... ــ : سەنمۇ ئىششىڭنى قىل ، چېكەتكە!...... ــ : نىمە دىدىڭ؟ ...يەنە بىر دىگىنە ، چېكەتكەڭنى كۆزەڭگە كۆرسىتىۋىتىمەن سېنىڭ!...... نىجات تېرىكىپ سەكرەپ كەتتى. بىز بولساق ئۇ ئىككىسىنىڭ بالىلارچە ئۇرۇشۇشلىرىغا قاراپ تېلىقىپ كۈلەتتۇق . ئابلاكام ــ : ھا ھا ھا!...ھوي بولدى قىلىڭلار چۈجە خورازلار...ئەتتىگەندە نىمە تۈگمەس جېدەل بۇ، ئۆزۈڭلارنى بىسۇۋلىڭلار بولدى!... رۇسۇل بىلەن نىجات تۇمشۇقلىرىنى ئۇشلىغىنىچە بىر ـ بىرىگە ئالىيىپ قويۇپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرىشاتتى. ئابلاكام خەنجىرىنى ئېسىپ مىڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا سىلىمكام ئىغىز ئاچتى ــ : ھوي ئابلاۋاي ، سىلىلا تۇتامسىلە ئۇ توشقاننى؟ ...بىزمۇ قىرىپ قالمىدۇق ماغدۇرىمىز بار جۇمۇ...توشقان دىگەننى بىزمۇ تۇتىۋىتىمىز ئۆزىمىز بىلىپ!...... دىدى كۈلۈپ قويۇپ. ئابلاكام ــ : ۋوي ، ئۇنداق ئەمەس!...سىلى مېھمان ، مەن ساھىپخان شۇڭا سىلىنى ئىشقا سالامدىغان!...ھا ھا ھا...... ــ : يوغىسۇ...تۈنۈگۈن مىھمان ئىدۇق ، بۈگۈن بىر تۇققان بولدۇق. يۈرۈڭلا مۇڭداشقاچ چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ بالىلىرىمىزنىڭ قورسىقىنى توقلايلى!......

دىدى سىلىمكامۇ خەنجىرنى ئاسقاچ. ـ: بولىدۇ، بىللە بارساق بارايلى...ئۇنداقتا سىلەر پاراڭلاشقاچ تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بىز كەلمىگۈچە سىرىتقا چىقماي ئولتۇراسىلەر ھە!...دېدى ئابلاكام بىزگە قاراپ. ـ: ئەنسىرىمەڭ، سىرىتقا چىقمايمىز...تاماشىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە تۇرسا... دېدى نىجات ھازىر جاۋاپلىق بىلەن. ئابلاكام بىلەن سىلىمكام كۆلۈپ قويۇشقىنىچە بىللە ئۇۋ ئوۋلاشقا چىقىپ كەتتى. بىز بولساق قەلئەدە قىلىپ ئەنۋەرنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغاچ ئۆزىمىزنىڭ بۇ جايدا يولۇققان خەتەرلىك سەرگۈزەشتىللىرىمىزنى ئەنۋەرگە بەس ـ بەستە سۆزلەپ بىرىشكە باشلىدۇق. ئەنۋەرمۇ ھەيران قالغان ھالدا كەچۈرمىشىمىزنى قىزىرقىنىپ ئاڭلاۋاتاتتى. ھەم گەپ تۈگىگەندە بىردەم ئولتۇرۇپ كىتىپ ـ: ھەقىقەتەن بەكلا خەتەرلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپسىلەر، مەن بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇپ كىتىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن...ھەقىقەتەن ئويلىغىنىمدىنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىكەن!......ئەجىبا بىز بۇ جايدىن ئەمدى چىقىپ كىتەلمەمدۇق؟ ......دىدى ئەجەپلىنىپ. نىجات ـ: ھەي خۇمدان كاللا، بايا ئېيتىپ بەرگەنلىرىمىزنى تەپسىلىي ئاڭلىمىدىڭمۇ نىمە؟ ئىنىق دىدۇققۇ تاش خارابىيلىق تەرەپكە بېرىپ ھېلىقى خاتىرنى تاپالىساقلا بۇيەرنىڭ سىرى يېشىلىدۇ دەپ!... ـ: بىكاردىنلا ئۇنداق تىللىمىغىنە، شۇنچە كۆپ ئىشلارنى دەپ بەرگەن تۇرساڭلار ئىسىمدە تۇتۇپ بولالايتىممۇ!...... دىدى ئوڭايسىزلىنىپ ـ: يەنە كىلىپ گىپىڭلارنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا تاش خارابىيلىق بەكلا خەتەرلىككەن، ئۇ جايغا بارغان تەقدىردىمۇ خېلى كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى تارتىۋالغۇدەكمىز ئەمىسە!...... ـ: كىرە ـ كىرمەيلا قورقۇپ ئىشتانغا چىقارغىلى تۇردۇڭغۇ!...مانا بىزدەك باتۇر بولمامسەن دەيمە!...بۇنداق قىلغىلى تۇرساڭ بىزنىڭ تەشكىلنىڭ نامىنى بۇلغاپ قويىسەن جۇما!...راس بىزنىڭ تەشكىلاتنىڭ نامىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ...... دىدى نىجات ئەنۋەرگە. ئەنۋەر ـ: بىلمەيدىكەنمەن!... ـ: شۇ، شۇ...بىلمەسلىكىڭ توغرا، سەندەك ساپاسىزلار بىزنىڭ ئۇنداق پاساھەتلىك تەشكىلات نامىمىزنى قانداقمۇ ئويلاپ يىتەلىسۇن!...بىزنىڭ تەشكىلاتنىڭ نامىچۇ...... مەن نىجاتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا ـ: ھەي ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، ئۆزۈڭ قانچىلىك بىلەرمەن ئىدىڭ!...دىدىم. نىجات ـ: چىك ئاي ئاداش چاقچاق قىلغىلىمۇ بولمامدۇ ئەمدى. ئەنۋەرنى كۆرۈپ ھاياجاندا مۇنداقلا قېرىشىپ قويىۋاتىمەن سەن ئاربلاشماي تۇرغىنە گاڭگودەك!...... ـ: ئۇنداقتا بوپتۇ، لىكىن بىزبى قارا جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى بولمىغاندىكىن تەشكىلات دىمەي گورۇپ دىمەمسەن!... نىجات يەنە سۆزلەپ كەتتى ـ: قويغىنەۋا سېنى، ب د ت مۇ تەشكىلاتقۇ...ئۇلارمۇ قارا جەمئىيەتنىڭ كاتتىباشلىرىما ئەمىسە؟ تەشكىلاتنىڭ ھەممىسى قارا جەمئىيەتتىكىلەر بولسا ئۇنداقتا يەرشارى قارا جەمئىيەت بىلەن توشۇپ كەتمەمدۇ؟ ...... ـ: ۋاي بولدى، بولدى...نىمە دەپ ئاتىغىڭ كەسە ئاتاۋەرگىنە...ساڭغۇ گەپ تىپىپ بەرگىلى بولمايدۇ زادى!......مەنمۇ ئامالسىز بولدى قىلدىم. شۇندا نىجات يەنە ئىغىز ئاچتى ـ: ھە، ئەمدى نەق گەپكە كىللى...بىزنىڭ تەشكىلاتنىڭ نامى بولسا ئىسمى جىسمىغا لايىق

كەلگەن«تەۋەككۈلچىلەر!»قوشۇنى!...قانداق يامانمىكەن؟ ... ئۆنىڭغىچە رۇسۇل سۆز قاتتى ـ : تۇزۇك گەپ قىلغىنە ھەي ، قوشۇن دېگەن نەچچە مىڭ كىشىدىن تەركىپ تاپىدۇ ، ئالتە ئادەمنى تىزىۋېلىپ قوشۇن دەپ كەتكىنىنى بۇنىڭ!......... ـ : ۋاي ساراڭ دېۋە، يەنە سەنمۇ!......بۇنداق ئىشلارغا كاللاڭ ئىشلىمىگەندىكىن ئىشىڭنى قىلىپ ئوچاقتا ئوت قالىغىنە ئابلاكام بىلەن سىلىمكام توشقان تۇتۇپ كىلىپ قالسا ئەس قاتىدۇ!...... ـ : نىم كارىڭ تاش مايمۇن!...ئوچاقتا ئوتنى سەندىن سوراپ قالامتىم ، سەنمۇ ئىشىڭنى قىله!...... ـ : ما لايدۇمباق نىمدا ئىچىمنى پۇشۇرىدىغاندۇ ، ھىلى باكا مانا ئەمىسە دەپ ، ۋۇسۇك يولۋاسنى دۇمبالىغان پەدىدە بىر دۇمبالايمەن ما دىۋىنى!......... نىجات شۇنداق دىگىنىچە رۇسۇل تەرەپكە دېۋەيلىدى . بىز ئۇنى تۇتىۋېلىپ ئۇنىڭغا تەربىيە قىلدۇق...مەن ـ : نىجات ئۆزەڭنى سەل بىسىۋېلىشنى ئۈگەن ، رۇسۇلنىڭ دىگىنىمۇ خاتا ئەمەسقۇ!...مەيلى قوشۇن بولسۇن ، ياكى تەشكىلات بولسۇن ، ۋەياكى ئەترەت بولسۇن بىز ئۈچۈن بەربىر...مۇھىم بولغىنى بىز ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ بىرلىكتە بۇ جايدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كىتىش خالاس...كىچىككىنە ئىشقىمۇ شۇنچىۋالا قىلىش كىتەمدۇ!... نىجات سەكرەپ كەتتى ـ : كىچىك ئىش؟ مۇشۇ كىچىك ئىشما؟ ...بىز باغۇ ھازىر مانامەن دېگەن نوچىلار كىرىشكىمۇ پېتىنالمايدىغان خەتەرلىك جايدا باتۇرلارچە ئالۋاسلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز!...شۇڭا ئۇنىڭدىن يوغان ئاتاشقىمۇ تامامەن ھوقوقىمىز بار بىزنىڭ!...ما قورقۇنچاق دىۋىدىن باشقا... دەپ رۇسۇلغا دوق قىلىپ قويدى. ـ : بولدى قىل ئەمدى، رۇسۇلنىڭ دىگىنىنىڭمۇ خاتاسى يوققۇ، ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلىۋاتىدىغۇ قانداقسىگە قورقۇنچاق بولغۇدەك...ھەممىمىز ئوخشاشلا باتۇرلۇق قىلدۇق، ئارىمىزدا قورقۇنچاق يوق...قالايمىقان سۆزلىمە ھە سەن!...... نىجات ئەلپازىمنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى. ئۇنىڭغىچە سىلىمكام بىلەن ئابلاكامۇ كۆلۈشكىنىچە ئىككىلى قولىدا لىققىدە توشقاننى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدۇق ـ: پاھ ئاكىلار، توشقانلارنىڭ نەسلىنى قۇرىتىۋەتتىڭلارمۇ نىمە!...نىمانداق كۆپ توشقان بۇ؟ دىدى نىجات ھاياجىنىنى باسالماي توشقانلارنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئالغاچ. ئابلاكام كۈلۈپ قويۇپ ـ : ھە، ئىككى پالۋان بىر يەرگە كەلگەندە بۇنچىلىك توشقان نىمتى دەيسەن ئۇكام...تىخى خارابىيلىقتىكى ئالۋاستىلارنىمۇ تىرە ـ پىرەن قىلىۋېتىمىز دىگىنە!...سىلىماخۇننى توشقان تۇتالامدىكى دېسەم مەندىن ئۇستىكەن ئەمەسمۇ، بەشىيل توشقان تۇتۇپ ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزەمدىن خىجىل بولۇپ قالدىم مەن...... دىدى سىلىمكامغا قاراپ قويۇپ. سىلىمكام ـ : نەدىكىنى دەيسلە، شۇ ئانچە ـ مۇنچە جاڭگالغا كەلگەندە تۇتۇپ قوياتتىم. بۇگۈن ئەسقىتىپ قالدى مانا!... دىدى كەمتەرلىك بىلەن. شۇنداق قىلىپ ھەممىمىز خۇشال ھالدا يىغىلىپ كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقاچ توشقان كاۋىپى پىشۇرۇشقا باشلىدۇق......

يېڭى سەپەر(5 ـ باب9 ـ قىسىم)

ئەتتىگەندىلا خۇشال ھالدا ئولتۇرۇپ توشقان كاۋىپىنى مەززە قىلىپ يەپ قورساقنى

تويغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن ئابلاكام ئېغىز ئاچتى ـ: ھە، قورساق تويغان بولسا بۇگۇن خارابىيىلىقنى يەنە بىر ئايلىنىپ چىقامدۇق؟ بۇگۇن سىلەرگە توپىلىقنىڭ يولىنى مۇكەممەل ھالدا كۆرسىتىۋەتمىسەم بولمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە يولنى تاپالماي قېيىنىلىپ قالىسىلەر!......راس سىنىڭ يارىڭ قانداقراق؟ ......دېدى ئەنۋەرگە قاراپ. ئەنۋەر ـ: خىلى ياخشى، بىر نەرسە تەگمىسىلا ئانچە ئاغرىمايدۇ!...... ـ: ھە ئۇنداقتا ياخشى، ئەمىسە چىقىپ توپىلىق تەرەپكە بېرىپ بىر كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلەيلى قانداق؟ ...... ھەممىمىز ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدۇق. سېلىمكام ـ: ئابلاجان، سىلى مەن چۈشەنمەيدىغان بىر گەپنى قىلىۋاتىسىلەرغۇ؟ ياكى مەن خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ...كېيىن يېنىپ كىلىشىڭلاردا ئەس قاتىدۇ دېگەندەك بىر گەپلەر بولۇنىۋاتىدا!...... ئابلاكام دەرھال گەپنى بۇرىدى ـ: ھە، ھە...بۇنى سىلى بىلەن يەنە دېيىشىمىز، ئاۋۋال شۇ جاينىڭ يولىنى پىششىق بىر بىلىۋىلىڭلار قالغىنىنى ماڭغاچ دېيىشەرمىز ھە!...... ئابلاكام شۇنداق دېگىنىچە خەنجىرىنى يېنىغا ئېسىپ بىزلەرنى باشلاپ سىرىتقا ئېلىپ چىقتى. بىر كىچىكلەر ئابلاكام بىلەن سېلىمكامنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغاچ ئۆز ـ ئارا چاقچاقلىشىپ كېتىۋاتاتتۇق، ئابلاكام بىلەن سېلىمكام بولسا ئۆز ـ ئارا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئىككىسىنىڭ پارىڭىغا دىققەت قىلىپ مېڭىۋاتاتتىم. سېلىمكام ماڭغاچ يەنە ئابلاكامدىن سورىدى ـ: ئابلاجان، بايا دېگەن گەپلىرىڭلا ماڭا سەل غەلىتە بىلىنىۋاتىدۇ!...«كېيىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا ئەس قاتىدۇ»دېگىنىڭلار نىمە گەپ ئۆزى؟ ...... شۇئان ئابلاكام كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىزگە قاراپ قويدى، مەنمۇ چاقچاقانلىق بىلەن يېنىمدىكىلەرگە چاقچاق قىلغان بولۇپ تۇرىۋالدىم. ئابلاكام يەنە يولنى داۋاملاشتۇرغاچ ـ: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ناھايىتى ئەنسىرەپ تۇراتتىم...سېلىماخۇن، ئۆتكەندە مەن سىلىگە دېگەندەك مېنىڭ روھىم ئالۋاستى شاھ تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان، شۇنچە كۈچ ئېلىشىپ باققان بولسامۇ ئەمما مەلۇم ۋاقىتتا ئۆزگىرىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم. ھەم مېنىڭ ئۆزگۈرىدىغان ۋاقتىمغىمۇ ئاز قالدى، شۇڭا بۇگۇن توپىلىقنى بىر كۆرۈپ كېلەيلى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا بالدۇرراق تاش خارابىيىلىق تەرەپكە بېرىپ ئالۋاستى شاھنى يوقاتمىساق بولمايدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلۈمگە بىر گۇمان چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ، بۇنداق سۆرىلىپ يۈرىۋەرسەك ھەممىمىزنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن!......ئالۋاستى شاھ ئۆزىگە كۈچ توپلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ تېخىمۇ كۈچلىنىپ كەتكۈچە تېزرەك ئۇنى يوقاتمىساق بولمايدۇ!... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل جىددىيلىششكە باشلىدىم. راسلا شۇنداق بولۇپ قالسا بىزنى چوڭ پىشكەلچىلىك ساقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭغىچە سېلىمكام ئېغىز ئاچتى ـ: بولىدۇ، مېنىڭمۇ ئويۇم ئۇ ئالۋاستى شاھ دېگەننى يوقىتىپ بالىكارنى ئېلىپ بىخەتەر ھالدا بۇ جايدىن چىقىپ كېتىش!...مەنچىمۇ قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشىمىكىن دەيمە!... ـ: شۇنداق...لىكىن بىز ئۇلار توغۇرلۇق ھېچقانداق چۈشەنچە ھاسىل قىلمىدۇق، ئۇلارنى يوقىتىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم بېرىپ ھېلىقى خاتىرىنى

تېپىشىمىز كېرەك، بەلكىم ئۇ خاتىرە ئالۋاستىنى يوقىتالىشىمىزدىكى بىردىنبىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن!...... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سېلىمكام تېڭىرقاپ قالدى ـ : ئۇنداق بولسا ھازىرلا شۇ خاتىرىنى ئىزلەپ تاپساق بولمىدىمۇ، بۇ جايدا يۈرىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ...ھازىرلا ماڭايلى ئۇنداقتا، تېخى كۈندۈز بولغاندىكىن ئۆلگۈرەلەيمىز... ئابلاكام قوشۇلمىدى ـ : بولمايدۇ، ھازىر بارساق خەتەرلىك. چۈنكى سىلەرگە بۇ يولنى چوقۇم پىششىق بىلدىغان قىلىشىم كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئالۋاستى شاھ يوقالغاندىن كېيىنمۇ سىلەر بۇ جايدا ئېزىقىپ قىلىپ مەڭگۈ چىقىپ كىتەلمەيسىلەر!......بۇ جاينىڭ يەر شەكلى سىلى ئۆيلىغاندىنمۇ مۇرەككەپ، ئەگەر يۆلىنىشنى خاتا باسساڭلارلا يېنىپ كىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەسلى جايىنىمۇ تاپالماسلىقىڭلار مۇمكىن!...شۇڭا ماڭغان يۆلىنىشىمىز بويىچە ئىسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇپ بەلگە قىلىپ مىڭىڭلار، شۇنداق بولغاندىلا يۆلىنىشتىن چەتنەپ كەتمەيسىلەر...ئەمما توپىلىقتا بەلگە قويۇپ مېڭىش بىر مەسىلە، بەلگە قويساڭلارمۇ تېزلا يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەتتىگەندە يولغا چىقىپ كۈننىڭ يۆلىنىشىدىن پەرق قىلىشىمىز كېرەك!...قالغان نۇرغۇن گەپلەر بار، بۇنى ئايرىم ئولتۇرۇپ سىلىگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرەي!... سېلىمكام، ئابلاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىددىيەسىدىن ئۆتۈپ ئارتۇق سۆز قىلمىدى. ـ : ۋۇيىيۇ!...نىمانداق ئۇزۇن يول بۇ، قاچان يېتىپ بارىمىز ئابلاكا!...... نىجات تاقەتسىزلىنىپ ئاخىرى ئابلاكامدىن سورىدى. ئابلاكام ـ : ئالدىرىما، بۇ سىنىڭ ئىشىكىڭنى ئېچىپلا چىقسا بازارغا كىلىدىغان جاي ئەمەس، تېخى سەپەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇنىنى ئالدىڭدا كۆرىسەن!......دىدى كۈلۈپ قويۇپ. بىز شۇ تەرىقىدە خېلى ماڭغاندىن كېيىن خارابىيىلىق زىچ جايلاشقان بىر جايغا يېتىپ كەلدۇق. شۇندا ئابلاكام قىستۇرۇپ قويدى ـ : مانا، دەل مۇشۇ خارابىلىقتا كەلگەندىن كېيىن يۆلىنىشنى مۇشۇ بويىچە توغۇرلاپ ھېچياققا ئۆزگەرتمەستىن ئۇدۇل ماڭساق تاش خارابىلىق تەرەپكە يېتىپ بارىمىز، قالغىنىنى تاش خارابىلىق تەرەپكە بارغاندا كۆرستىپ قويىمەن!...... بىز بىشىمىزنى لىڭشىتتۇق. بۇ چاغدا سېلىمكام يېنىدىن مەرۋايىت كۆزلۈك پىچىقىنى چىقىرىپ بىر تامغا چوڭقۇر قىلىپ كۆرسەتكۈچ ئىسترىلكا سىزىپ قويدى. ھەمدە ـ : ئەمدى بولدى، بۇ ئۆچۈپ كەتكۈچە بىزمۇ تاش خارابىلىق تەرەپكە بېرىپ بولىمىز قانداق دېدىم!...دىگىنىچە كۈلۈپ قويدى. ئابلاكامۇ كۈلۈپ كېتىپ ـ : چوڭ دىگەننىڭ يەنىلا چوڭلىقى باردە، ھەممە ئىشنى ئەستايىدىل قىلىدۇ!......دىگىنىچە سېلىمكامنى ماختاپ قويدى. بىز بۇ جايىنىمۇ بىر قېتىم كۆرىۋالغاندىن كېيىن قايتماقچى بولۇپ تەمشەلدۇق، بۇ چاغدا ئابلاكام توپىلىق تەرەپكە تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ـ : نىمىلەرنى ئويلاۋاتىسىلەر؟ ...دىدى سېلىمكام ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ. ئابلاكام ئۇھسىنىپ قويۇپ ـ : ھەي!...........ئۇ جاي نۇرغۇن ئەسلىملىرىمنىڭ شاھىدى، ھەمراھلىرىمنىڭ قاتىلى بولۇش سۈپىتىدە ھېلىھەممۇ شۇنداق قان پۇرىغان ھالدا تۇرغانمىدۇ!...شۇنچە خەتەرلەردىن كېيىن جېنىم ئامان قېلىپ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جايغا

 www.iptihar.net

قەدەممۇ بېسىپ باقمىغان ئىدىم. ھازىر بولسا سىلەرنى باشلاپ يەنە شۇ ۋەھىمە باسقان جايغا بارغۇلىۋاتىمەن!......دىگىنىچە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى. بىراق ھۇشيار سىلىمكام ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى بولغىنىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغان ئىدى ـ: جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس!...بىزنىڭ شۇنچە خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىشىمىزنىڭ ئۆزىمۇ بۇ جايدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، شۇڭا ئۆزۈڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار!...بۇنىڭدىن باشقا چارە بولغان بولسىمۇ نىمە قىلىمىز ئۆزىمىزنى خەتەرگە ئىتتىرىمىز دەپ...شۇڭا ئارتۇقنى ئويلىماي بۆگۈن قايتىپ كىتىپ ياخشى تەييارلىق قىلايلى، مەنچە بولغاندا ئەتە سەھەردىلا ئۇ جايغا قاراپ يولغا چىقايلى، ئامال بار تىزرەك ھىلىقى خاتىرىنى تاپمىساق كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ خەتەرلەرگە مۇپتىلا بولىشىمىز مۇمكىن!...... ئابلاكام يەنە چۈشكۈنلەشتى ـ: مەسىلە بۇلا ئەمەس!...بىز ئۇ تەرەپكە بارغان تەقدىردىمۇ خاتىرە ھېلىھەم شۇ جايدا بارمىدۇ، بار بولغاندىمۇ ئارىمىزدىن ئۇنى ئوقۇيالايدىغان بىرەرسى چىقارمۇ!...مىنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم دەل مۇشۇ، ئەگەر ئالۋاستى شاھنى يوقىتىدىغان ئۇسۇلنى تاپالمىساق ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇ چاغدا بەلكىم ھەممىمىزنىڭ روھى ئۇنىڭ كونتروللىقىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن!...ئۇ چاغدا مەن قاراپ تۇرۇپ سىلەرنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىپ بەرگەن بولمامدىم!......ئابلاكام شۇنداق دىگىنىچە بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ـ: ئۇنداق دېمەڭلا، بىز ھەممىمىز ئۇيۇل بىر قوشۇن، ئارىمىزدىن بىرىمىز كەم بولساقمۇ ھەرگىز بولمايدۇ. خاتىرىنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇنى ئارىمىزدىن چوقۇم بىرسى ئوقۇيالايدۇ ئۇ ئىشلاردىن ئارتۇقچە غەم قىلماي بىز بىلەن بىللە ئالۋاستى شاھقا قارشى جەڭگە ئۆتۈڭلا!... ـ: شۇنداق!...دېدى غېنى ئوتتۇرىغا چىقىپ ـ: گەرچە بەك يۇقىرى سەۋىيەلىك بولمىساممۇ ئىشقىلىپ خىلى كۆپ يېزىقنى بىلىمەن، ئىشقىلىپ ئۇ خاتىرىنى ئوقۇيالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىڭلار!...... ـ: ۋاھ، ئۇنداقتا سەن ھازىر باش قەھرىمان بولۇپ قالدىڭ جۇمۇ، سىنى ياشى قوغىمىساق ئۆزىمىزمۇ ھالاك بولغۇدەكمىزدە ھە!........ نىجاتنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتۇق. سىلىمكام ـ: راس، دىمىسىمۇ غېنى بولمىسا بىز ئۇخاتىرىنى تاپقان بىلەنمۇ بىكاركەن ئەمەسمۇ!......دەپ قوشۇپ قويدى. شۇندا نىجات يەنە ـ: مانا قارا، بىردەمدە ئاساسي پىرسۇناژ بولۇپ كەتتىڭ!...پوقتىن سۈزىۋالغان ئالتۇن دەمتۇقما؟ ... ـ: ھي تۈزۈك گەپ قىلغىنە، ئادەمنى شۇنداقمۇ ئوخشىتامسەن دەيمە!...... ھەممىمىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كىتىۋاتاتتۇق. نىجات ـ: ۋوي، رەنجىمىگىنە ئاداش، بىلەسەنغۇ مەن شۇ تۈزلا سۆزلەيدىغان ئادەم، سەندەك پاساھەتلىك ئوخشىتىشنى بىلمەيمەن!... ـ: ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، بۇ جاينى سىلەرگە بىر قۇر كۆرسىتىپمۇ بولدۇم، ئەمدى قايتىپ ئەتىنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى باشلىۋالامدۇق؟ ......دىدى ئابلاكام بىزگە قاراپ قويۇپ. ئابلاكامنىڭ بۇنداق تىزلا قارار چىقىرىشىدىن ھەممىمىز ھەيرانلا قالغان ئىدۇق. مەن ھىچ بولمىسا يەنە نەچچە كۈندىن كىيىن ئاندىن ماڭىمىزمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما ئابلاكام ئەتىنى سەپەرگە ئاتلىنىدىغان

كۆن قىلىپ بېكىتىپ بولغان ئىدى. مەن ئابلاكامدىن ھەيران بولۇپ سورىدىم ـ: ئابلاكا، شۇنداق تىزلا سەپەرگە ئاتلىنامدۇق؟ بىز تېخى جەك ماھارەتلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولالمىغان تۇرساق!... ـ: ھا ھا ھا، جەك ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ بولالمىدى دەپ كىم دەيدۇ؟ ...ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىپ بولدۇڭلار، يەنە كىلىپ سىلىماخۇن بىلەن ئەنىۋەر ئىنىمۇ بۇ سەپكە قېتىلىپ بولدى. سىلىم تاغاڭ بار يەردە يەنە نىمىدىن ئەنسىرەيسەن!...... ـ: ئۇغۇ شۇ!......دەپ قويدۇم. دىمەك ئابلاكامغا چوقۇم بىر ئىشتىن دېرەك بېرىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇنچىلىك تىزلا سەپەرگە ئاتلىنىشنى تاللىغانلىقى بەلكىم ئۆزگىرىدىغان ۋاقتىنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ بىز يەنە قەلئەگە يىنىپ كەلدۇق، بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ئىدى. بىز ئەتە تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا يولغا چىقىشنى مەقسەت قىلىپ تەييارلىقلارنى پۈتتۈرىۋالدۇق، ئۇنداق بولمىغاندا بىز تاش قەلئەگە يېتىپ بىرىپ بولغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كىتىپ ئالۋاستىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىمىز مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىپ قويۇپ، خاتىرجەم ھالدا بالدۇرراق ئارام ئىلىشنى ئويلىدۇق. بۇ چاغدا ئابلاكام بىلەن سىلىمكام بىزدىن نېرىدىراق ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتاتتى. كىچىكلەر بولساق ئۆز ـ ئارا چاقچاقلىشىپ ھىچنىمىدىن خەۋەرسىزدەكلا كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتۇق. شۇ چاغدا نىجاتلاردىن ئايرىلىپ ئابلاكام بىلەن سىلىمكام تەرەپكىرەك سۈرۈلۈپ كىلىپ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالدىم. ئابلاكام سۆزلەۋاتاتتى ـ: سىلىماخۇن، مىنىڭ ئۆزگۈرىدىغان ۋاقتىمدىن ئالدىن بېشارەت بولىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئۆزگۈرۈپ قىلىپ سىلەرگە زىيان سىلىشىمدىن ئەنسىرەپ نەچچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇمۇ يوق. شۇڭا ئەتىدىكى ئىشقا ئالدىراپلا قارار چىقىرىۋەتتىم، ئەگەر راستىنلا ئۇ جايغا بارغاندىن كىيىن ئۆزگۈرۈپ قالغۇدەك بولۇپ قالسام ئىككىلەنمەيلا مىنى يولغا سىلىپ قويۇڭلار، بولمىسا ئۇ چاغدا سىلەرگە چوڭ ئاۋارىچىلىك بولىدۇ. مەن ئۆزگەرگەندە ھەتتا ئاتا ـ ئانامنىمۇ تونۇيالماس ھالەتتە قانخورلىشىپ كېتىمەن، ھەم يوقاتمىقىڭلار تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا مەن ئۆزگۈرىۋاتقان ۋاقىت ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت...... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرۈكۈم ئېچىشىپ كەتتى. بىر ئادەم ئۈچۈن ئۇنداق قىلىش ئاسانمۇ، بىچارە ئابلاكام بىزنى دەپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. نىملا بولسۇن ئۇ بىزنىڭ نىجات يۇلتۇزىمىز قانداقمۇ ئۆز قولىمىز بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە چىدايمىز!...شۇنداق ئويلاۋىتىپ ئىختىيارسىز ئاچچىق بىر يىغا بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ چىداپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنىڭ ئايىقىغا قۇلاق سالدىم. سىلىمكام ـ: ئۇنداق دىمەڭلا ئابلاجان، بۇ ئىشنىڭمۇ ئامالى بوپ قالار!...بەلكىم ئالۋاستى شاھنى يوقاتساقلا سىلىدىكى بۇ ئىشمۇ تەڭلا يوقاپ كىتەر...سىلىگە قول سېلىشقا قانداقمۇ قولۇم باردۇ، يوق گەپنى قىلماي قانداق ئىش بولسا باشقا كەلگەندە كۆرەرمىز!......دىدى سەل قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ مەيۈس ھالدا. ئابلاكام ـ: ئۇغۇ شۇنداق بولارمىتىكى، ئەمما مەن ئۆزگۈرۈشكە ئازلا ۋاقىت قالدى سېزىپ تۇرىمەن...ئۇزۇن بولغاندا بىر ھەپتە، قىسقا بولغاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆزگۈرۈپ قېلىشىم مۇمكىن، شۇڭا ۋاقىتنى

چىك تۇتۇپ يولغا چىقمىساق نۇرغۇن ئىشلار ئۆزگۈرۈپ كىتىدۇ. ئۇ چاغدا ئەسلىمگە كەلدىم دىمەكتىمۇ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ھالاك قىلىۋالىمەن!...... ـ: نىمە، شۇنداق تىزما؟ ...... ھاياجاندىن يادىمدا يوقلا ۋارقىراپ سالدىم. ھەممىسى ماڭا قاراپ تۇراتتى، شۇندا سىلىمكام ـ: سەن قاچان كىلىۋالدىڭ بۇ يەرگە؟ ماڭە دوسلىرىڭنىڭ يىنىغا بىرىپ ئۇخلاش، ئەتە سەھەردىلا يولغا، چىقىمىز!...... مەن ئۆزۈمنىڭ ھاياجانلىنىپ كىتىپ ئىشنى بۇزغىنىمنى ھىس قىلىپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىپلەپ كەتتىم ھەمدە ئاستا جايىمغا بىرىپ قالغانلارنىڭ سوئال سورىشىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن يىتىۋالدىم. باشقىلار ھەيران بولۇپ قاراپ ئولتۇرىشاتتى، سىلىمكامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممىسى ئورۇنلىرىغا كىلىپ يىتىشتى. شۇندا ئابلاكام بىلەن سىلىمكام بىزنى ئۇخلىتىۋەتكەندىن كىيىن ئاندىن دىيىششنى ئويلاشتىمۇ پاراڭنى يۆتكەپ باشقا بىر پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتى. مەن بولسام ئۇلارنىڭ گىپىنىڭ ئايىقىنى ئاڭلاش مەقسىدىدە ئۇخلىغان بولۇپ جىم يىتىۋالدىم، ئەمما دىققىتىم ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدا ئىدى!.........

يىڭى سەپەر(5 ـ باب10 ـ قىسىم)

قوپۇڭلار، قوپۇڭلار!...سەھەردە ماڭىمىز دەۋاتسا تاتلىق ئۇخلاپ كەتكىنىنى بۇلارنىڭ!...... ئابلاكامنىڭ ئاۋازى بىلەن تەك چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم ـ: كاساپەت!...تاڭ ئىتىپ بولاپتۇ ئەمەسمۇ!...... ـ: نىم دەيسە؟ ......... ئابلاكام سۆزۈمنى ئاڭقىرالماي ئەجەپلىنىپ سورىدى. مەن دەررۇ ـ: ھە، ھىچنىمە...تىخى بايىلا ئۇخلىغاندەك قىلغان بىردەمدە تاڭ ئىتىپ بوپتۇ شۇنىڭغا دىدىم!...... ئابلاكامۇ چۈشەنگەندەك ـ: ھە!...... دەپ قويدى، ئەمما مىنىڭ دىمەكچى بولغىنىم ئەسلى بۇ ئەمەس ئىدى. ئاخشام ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلايمەن دەپ قەستەنگە ئۇخلىغان بولۇپ يىتىۋالغان ئىدىم، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىپ كىتىشتى. ئالدىدىكى ئىشلارنى قاچان سۆزلىشەر دەپ يىتىپ ئۆزۈممۇ تۇيماستىلا ئۇخلاپ كىتىپتىمەن، مانا ئەمدى تاڭمۇ ئىتىپ بولغان ئىدى. ئەمما ئابلاكام بىلەن سىلىمكامنىڭ كىچىدىن بىرى نىملەرنى دىيىشكىنىنى ئاڭلىيالمىغىنىمغا بەك ئاچچىقىم كەلدى. ئۇ ئىككى قىرى بىزنى ئەللەي ئىتىپ ئۇخلىتىپ قويۇپ پاراڭلىرىنى بەخارامان قىلىشىۋالغان ئىدى. ـ: ھاڭۋىقىپ قالدىڭغۇ؟ ...... ئابلاكامنىڭ سۆزى بىلەن دەررۇ ئىسىمگە كەلدىم ـ: ھىچ ...ھىچنىمە!......... مەن شۇنداق دىگەچ سومكامنى ئىسىپ مىڭىشقا تەييارلاندىم. ئابلاكام ـ: قىززىق بالىدە بۇ، ئۇيقۇڭ ئىچىلماپتۇدە!......... دەپ قويۇپ ئىشنى قىلىۋەردى. بۈگۈن بىز ئۈچۈن جەڭ سەپىرى باشلانغان بولۇپ، ھاياتىمىزدىكى ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە تەييارلانغان ئىدۇق. ئۆزىمىزنىڭ ھايات قىلىش ياكى ئۆلۈپ كىتىشىمىزنىمۇ ھەم ئەسلا بىلمەيتتۇق. ئەمما شۇ نۇقتا ئىنىقكى ھەممىمىزنىڭ بۇ جايدىن ساق ـ سالامەت چىكەتكۈمىزلا بار ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم تاش خارابىلىقىقا بىرىپ ئالۋاستى شاھ بىلەن بىر مەيدان قاتتىق جەڭ قىلىش بىزنى كۈتۈپ تۇراتتى. ـ: ھەممىڭلار تەييار بولدۇڭلارمۇ؟ ...... ئابلاكامنىڭ سۆزى بىلەن بىز بىرلىكتە ۋارقىرىدۇق ـ: تەييار

بولدۇق ......... ـ : ئۇنداقتا ياخشى!...ئۆزىمىز ئۇچۇن جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ ئالۋاستىلار بىلەن بىر مەيدان قانلىق جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇپتىمىز، ۋاقتى كەلگەندە بىر ـ بىرىمىزگە ئوبدان كۆز ـ قۇلاق بولۇپ بىرلىكتە ئالۋاستىلارنى يوقىتايلى، غەلبە بىزگە مەنسۇپ!.........ئابلاكام شۇنداق دېگىنىچە خەنجىرىنى ئېگىز كۆتۈردى. بىزمۇ ھەم ئۇنى دوراپ خەنجىرىمىزنى ئېگىز كۆتۈردۇق. شۇندا سىپىلمىكام ـ : شۇنداق، بىز بىر مەيدان چوڭ جەڭگە تەييارلاندۇق، بۇ دىمىسىمۇ ئاسان ئەمەس. بۇپمۇ سىلەر ياشلارغا نىسپەتەن ئۇنداق ئاددىيلا ئىش ھېساپلانمايدۇ. مەن دەيمەنكى ھازىر مۇشۇ جايدا تۇرغان سىلەر ياشلار ھەقىقىي باتۇر تەۋەككۇلچىلەر!.........سىپىلمىكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز پەخىرلىنىپ كۈلۈپ قويدۇق. سىپىلمىكام يەنە ـ : ئېگىمىز ئىشلىرىمىزنى ئاسان قىلغاي، بىز بۇ جايدىن چىقىپ كىتىش ئۇچۇن جەڭ قىلىۋاتىمىز ئىسكىلاردا چىڭ تۇتۇڭلار، ھېچكىمنىڭ ئۆلۈپ كىتەرمەنمۇ ياكى قانداق بولار دەپ ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېلىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ، ھەر قانداق ئىش بولسا ۋاقتى كەلگەندە بىرلىكتە ئامال تاپىمىز...بىر ـ بىرىڭلارغا كۆپرەك ھەمنەپەس بولۇڭلار قالغىنىغا ئابلاكاڭلار بىلەن مەن بار!......... سىپىلمىكام شۇنداق دىگەچ ئابلاكامغا قاراپ قويدى. سىپىلمىكامنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىپ سەل خاتىرجەم بولدۇم، ئىشقىلىپ ئاخشام سىپىلمىكام ئابلاكامنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغانلىقى گېپىدىنلا چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا كۆڭلۈمدە ئابلاكاممۇ بىز بىلەن بىللە چىقىپ كىتىدىكەندە!...دەپ ئويلاپ ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ كەتتىم. ـ : باشقا ئىشلار تۈگىگەن بولسا ماڭامدۇق؟ ...... دىدى سىپىلمىكام ئابلاكامغا قاراپ. ئابلاكاممۇ ـ : بولىدۇ، ئەمسە سەپەرگە ئاتلاندۇق، كەينىمدىن مىڭلار!... دىگىنىچە بىزنى باشلاپ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ خەتەرلىك بۇ سەپەرگە ئاتلاندى. بىز ئابلاكامنىڭ يول باشلىشىدا خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كيىن ئاخىرى تۈنۈگۈن سىپىلمىكام بەلگە قىلىپ قويغان يەرگە يىتىپ كەلدۇق. بۇ جايغا كەلگەندە ھىچقايسىمىز ئارتۇق سۆزلىمىدۇق پەقەت ئالدى تەرەپكە...بىزنى كۈتۈپ تۇرغان خەتەر تەرەپكە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتۇق. شۇندا ئابلاكام چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋىلىپ ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى دېگەچ توپىلىققا قەدەم ئالدى. بىزمۇ ھەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توپىلىققا قەدەم قويدۇق. سەل ماڭغاندىن كيىن ئابلاكام بىزگە ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ـ : كۆردۈڭلارمۇ!...ھازىر كۈن چىقىۋاتىدۇ، كۈننىڭ يۆلىنىشى ماۋۇ تەرەپتە!...كۈن بۇياقتىن چىقىپ ئۇ يۆلىنىش بويىچە ئولتۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر كۈننىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە ئولتۇرۇش يۆلىنىشىنى ئايرىۋالساڭلار ئېزىپ قالمايسىلەر!......... دىگىنىچە بىزگە ھەممىسىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. سىپىلمىكاممۇ ئاسمانغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، ھەم ئىچىدە پىلانىنىمۇ تۈزۈپ بولغان ئىدى. بىز شۇ تەرىقىدە بەددەنى كۆيدۈرىدىغان بۇ قىقىر ئاپتاپتا يولىمىزنى داۋام قىلىۋاتاتتۇق. ئابلاكاممۇ توختىماستىن بىزگە يەرشەكلىنى دەپ بىرىپ ماڭاتتى، سىپىلمىكام بولسا ماڭغان يەردە تۆپىلىك ئۇچراپ قالسا چوڭقۇر ئىزنالارنى قالدۇرۇپ ماڭاتتى. كىتىۋىتىپ ئابلاكام ئەنىۋەرنىڭ يارىسقىغا توپىدىن بىر سىقىم ئېلىپ چاپقاندىن كيىن يەنە تۈجۈپلەپ

تېگىپ قويدى. ئاندىن ـ: بۇ ياراڭنى تېزلا ساقايتىدۇ!... دەپ كۈلۈپ قويدى. بىز شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ماڭغىنىمىز نامەلۇم، بىراق كۈن تىكلىشەي دەپ قالغان ئىدى. ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ھالسىراشقا باشلىغاندا ئابلاكام ۋارقىرىدى ـ: قاراڭلار تاش خارابىيلىق!........ ھەممىمىز بىردىنلا تىكلىشىپ ئالدى تەرەپكە نەزەر سالدۇق. دېگەندەك يىراقلاردىن بىر يېشىلچىلىق كۆزىمىزگە تاشلاندى، ھەم قەدەملىرىمىزمۇ تېزلەشكە باشلىدى. ـ: تېزراق بولايلى، بالدۇرراق بىرىۋالمىساق قاراڭغۇ چۈشكىچە پاناھلىنىدىغان جاي تېپىپ بولالمايمىز!...... ئابلاكام شۇنداق دېگەچ قەدەملىرىنى يوغان ـ يوغان ئېلىشقا باشلىدى، بىزمۇ ھەم ئۇنىڭغا يېتىشىپ مېڭىۋاتاتتۇق. يەنە يېگىرمە مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمىزدا يېشىللىققا پۈركەنگەن ناھايىتى بەھەيۋەت، ئادەمنى بىرخىل سۈر باستۇرىدىغان بۇ تاش خارابىيلىققا يېتىپ كەلدۇق. ئابلاكامنىڭ دەپ بەرگىنى يادىمىزدا بولغاچقىمىكىن بۇ جايدىن بىرخىل مۇدھىشلىق چىقىپ تۇراتتى. بىز مېڭىپ ـ مېڭىپ تاش خارابىيلىقنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ بولدۇق، ھەم ئەتراپنى تەشۋىشلىك ئىچىدە كۆزىتىشكە باشلىدۇق. بۇ جاي مەن پەرەز قىلغانغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئابلاكام دەپ بەرگەندەك ھەممە ئەتراپنى دېگۈدەك تىكەنگۈل بىلەن يۇلغۇن قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ـ: قانداق، قورقۇنۇچلۇقمىكەن؟ ......دىدى ئابلاكام سۈكۈتنى بۇزۇپ. سىلىمكام ـ: ھەقىقەتەن سۈرلۈككەن!...سىلىنىڭ مۇشۇنداق جايدىمۇ ياشىيالىغىنىڭلىغا ھەقىقەتەن قول قويدۇم جۇمۇ...ئورنىڭلىدا مەن بولغان بولسام ئاللىقاچان توپىغا ئايلىنىپ كېتەركەنمەن!......دىدى ئەتراپقا نەزەر سالغاچ ـ: بۇ جايدا ئالۋاستىلار كۈندۈزدىمۇ ھەركەت قىلامدا؟ ...... ـ: ھا ھا ھا...نىم دەيدىغانسىلە، ئەگەر كۈندۈزلەردىمۇ ھەركەت قىلىدىغان بولۇپ قالسا مەن ئاللىقاچان بارىدىغان يېرىمگە بېرىپ بولماتتىم. ئۇلار پەقەت ھاۋا ناھايىتى تۇتۇق بولغان قاتتىق يامغۇر ياققان كۈنلىرىدىلا كۈندۈزدە ھەركەت قىلالايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا ھەرگىز يورۇقلۇققا چىقالمايدۇ!......دىدى ئابلاكام چۈشەندۈرۈپ. شۇندىلا ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى، ھەم سەل ئەركىن بولالىدۇق. ـ: راس ھېلىقى خاتىرە قەيەردە تېزرەك بېرىپ ئۇنى تاپساق بولاتتى، ھىلىھەممۇ چېدىرنىڭ ئىچىدىمىدۇ؟ ...... دىدىم مەن ئالدىراپ. ئابلاكامۇ ـ: توغرا، بىز تېزرەك بىرىپ ئۇ جايغا قاراپ باقايلى. ئەگەر يوق بولۇپ قالسا چوڭ ئاۋارىچىلىككە قالىمىز!...... شۇنداق قىلىپ بىز دەرھاللا چېدىر تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق، ئابلاكام كىتىۋاتقىچە ئەتراپنىڭ ھەممە يېرىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ قويدى، بۇ جاي ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى سىرلىق ئىدى. يولدا كىتىۋىتىپ غۇلاچ يەتمەيدىغان ناھايىتى يوغان ھەم قورقۇنۇچلۇق دەرەخلەرنى كۆرگىنىمدە ئىختىيارسىز توخەتلىرىم ئۆرلەپ كىتەتتى. ئۇياق ئەگىلىپ بۇياق ئەگىلىپ مېڭىپ ئاخىرى ئابلاكام دىگەن دەرەخنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. ئابلاكام ـ: ئەنە قاراڭلار، ئاشۇ يەرشۇ!......دىگەچ ئۈستىنى كۆرسەتتى ـ: بۇ جاينىڭ ئۈنچىۋالا ئۆزگىرىپ كىتىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن!...... بىز ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئۈستىگە قاراپ ھەيرانلا قالدۇق. قارىماققا ئۇ جاي چېدىر ئەمەس

دەرەخنىڭ ئاساسىي غولىدەك كۆرۈنەتتى، ئەتراپىنى پۈتۈنلەي يۆگىمەچ ئۆسۈملۈكلەر ئورىۋالغان بولۇپ ئارا ـ ئارىسىدىن شاخچىلار بۆرتۈپ چىققان ئىدى. مۇنداقلا قارىغان ئادەم ئۇ جاينىڭ چېدىر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئىنىقلا دەرەخ غولى دەپ ئويلاپ قالاتتى. بىز دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئۈستىگە سىنجىلاپ قارىدۇق، ھەقىقەتەن دەرەخ چېدىرنى يەپ كەتكەن بولۇپ شۇ تاپتا دەرەخ بىلەن بىر تەن بولۇپ كەتكەن ئىدى. ـ: سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن چىقىپ قاراپ باقاي. ھازىرچە ئۇ جاينى بىخەتەر دەپ جەزىملەشتۈرەلمەيمەن!... ئابلاكام بىزگە شۇنداق دىگەچ پەسكە ساڭگىلاپ دەرەخنىڭ ساقلىنىدەكلا بولۇپ قالغان يۆگىمەچ ئۆسۈملۈككە ئېسىلىپ ئۈستىگە يامىششقا باشلىدى. سىلىمكامۇ خاتىرجەم بولالمىدى بولغاي ئابلاكامنىڭ ئارقىدىنلا يامىشىپ چىقىپ كەتتى. بىز بولساق پەستە سەل قورقۇنچ بىسىپ ئەتراپقا ئالاقىزادىلىك بىلەن قاراپ تۇراتتۇق. بىرھازادىن كېيىن ئۈستىدىن بىر قارا سومكا پەسكە«گوپ!...»پىدە قىلىپ چۈشتى، بىز تۇيۇقسىز تۇرغاچقا ھەممىمىز چۆچۈپ ئالاقىزادە بولۇپ كىتىشتۇق. سومكا ئۇزاق يىل يامغۇرلاردا قالغاچقا چىرىپ كەتكەن بولۇپ يەرگە چۈشۈپلا يىرتىلىپ كەتتى ھەمدە ئىچىدىكى ھەممە نەرسە چېچىلىپ كەتتى. بىز بولساق يەرگە قارىغىنىمىزچە ھاڭۋېقىپ تۇراتتۇق. ئۇنىڭغىچە ئابلاكام بىلەن سىلىمكامۇ پەسكە يىنىپ چۈشتى ـ: ھەر نىمە بولسا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ ياخشى، مەن تېخى ئالۋاستىلار بايقاپ قالغاندىن كىيىن بۇ نەرسىلەرنىمۇ بوش قويماي يوقىتىۋەتتىمىكىن دىگەنتىم!.......... دىدى ئابلاكام. ۋە بىزنىڭ ھاڭۋىقىپ قالغىنىمىزنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىپ سورىدى ـ: ۋۇي، قاراپ تۇرىسىلەرغۇ؟ تىزدىن بۇ نەرسىلەرنى سومكىغا سىلىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە بىخەتەرەك جايدىن بىرنى تېپىۋالايلى بولۇڭلار چاققان!......... ـ: ئاب...ئابلاكا!...ماۋۇ ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنىمۇ ئىلىۋالامدۇق؟ ... دىدى رۇسۇل دۇدۇقلىغان ھالدا. دىگەندەك ئالدىمىزدا بىر توقام ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار يالىت ـ يۇلىت!...قىلىپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. ئابلاكام ـ: ھە، شۇنچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ نەرسىلەر شۇنداق پارقىراق ھەم يېڭى پېتى تۇرۇپتۇ. ئەگەر خالىساڭلار ئېلىۋىلىڭلار بولمىسا مۇشۇ جايغا تاشلاپ قويۇپ قالغىنىنى ئىلىپ مېڭلار!...... دىدى تەبىيلا. بىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراشقىنىمىزچە ئاستا يىغىپ تۆشەپ ئەكىلىپ سومكىمىزغا قاچىلاشقا باشلىدۇق. دىمىسىمۇ بۇنداق ئېسىل بايلىقلارنى كۆرسە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىلىۋالغۇسى كىلىدىكەن ئەمەسمۇ!...ئۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرىۋاتقىچە كىچىك قۇتىدىن بىرنى كۆرۈپ قالدىم ۋە ـ: ۋۇي ماۋۇ نىمە نەرسە؟ ...... دىگەچ ئۇنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈشكە باشلىدىم. ئابلاكام ـ: بىزنى قۇتقۇزىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە!...ھېلىقى خاتىرە دەپتەر شۇ. مەن ئۇنى بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ ئۇ قۇتىنىڭ ئىچىگە سىلىپ قويغان، ئۇنى بەكرەك ئاۋايلاڭلار...نۇرغۇن يىل ئۆتتى بەلكىم قەغەز چىرىشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن، دىققەت قىلمىساق ئۇنىمۇ ئوقۇيالماي قالىمىز!.......... بۇنى ئاڭلاپلا قولۇمدىكى قۇتىنى دەرھال ئاۋايلاپ تۇتتۇم. چۈنكى ھەقىقەتەن بۇ خاتىرە قۇتۇلىشىمىزدىكى بىردىنبىر مۇھىم نەرسە ئىدى. بىز شۇ ھالدا بۇ

چېدىردىن ئايرىلىپ ئابلاكامنىڭ ئارقىدىن ماڭدۇق. سېلىمكام بولسا بىزنىڭ ئارقىمىزدىن بىزنى قوغدىغان ئاساستا مېڭىۋاتاتتى. كىتىۋاتقاچ ئابلاكام ـ: سىلەرنى قەيەرگە ئاپارسام بولار، ياكى بۇ خاتىرىنى تاپقان ھېلىقى ئۆيگە بارساق بولارمۇيە؟ ...... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزىمىزمۇ بىلمەيلا ۋارقىراپ كەتتۇق ـ: ياق، ياق!... مەن دەررۇ ـ: ئىشقىلىپ بىخەتەررەك جاي بولسا بەك ياخشى بولاتتى. ئۇ جاينى ئالۋاستىلار تاپالايدىكەن، يەنە كېلىپ تۆڭلۈكى بار بولغاچقا خەتەرلىكمىكىن دەيمىز!......... ئابلاكام سۆزىمىزنى ئاڭلاپ رەددىيە بەردى ـ: ھەي، ئۇنداق دەپ تۇرىۋالساڭلار قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ ياكى بولمىسا پاناھ جاي ياسامدۇق؟ ـ: دەرەخنىڭ ئۈستىگىما؟ ...دىدى نىجات ئەجەپلىنىپ. ئابلاكام نىجاتنىڭ بالىلارچە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ: ھەي بالا، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چېدىر ياسىساك بىز سەككىزەيلەن سىغامدۇق؟ ... ـ: ھەراس ھە!......راس، ئۈچ ـ تۆتنى ياسىساق بولىدىغۇ!...... ئابلاكام يەنە كۈلۈپ كەتتى ـ: چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟ چېدىر ياساشنى لاي ئېتىپ ئويىنىغاندەك ئاسان دەپ قالدىڭما؟ ...بىر چېدىرنى ياساش ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كىتىدۇ، شۇ بويىچە ھېساپلىغاندا ئۈچ ـ تۆت چېدىرنى قاراڭغۇ چۈشكىچىمۇ ياساپ بولغىلى بولمايدۇ، ھەم بۆلۈنۈپ كەتسەك تېخىمۇ بولمايدۇ!...... نىجات ئىغىز ئېچىپ بولغۇچە سېلىمكام ئوتتۇرىغا چىقتى ـ: ئۇنداقتا سىلى قانداق قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسلەر؟ ......دىدى ئابلاكامغا. ئابلاكام بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ ـ: مەن بۇ جايدا ئۇزۇن ياشىمىدىم، شۇڭا بىلىدىغان جايلىرىم بەكلا ئاز...مەن ئويلايمەن قانداقلا بولسۇن بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ باقايلى ئەگەر خەتەر بار بولغۇدەك بولسا تازىلىۋېتىپ شۇ جاينى پاناھ جايغا ئايلاندۇرمامدۇق. ئۇنداق بولمىغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە بالىلارنى سۆرەپ بۇ خەتەرلىك جايدا يۈرگىلى بولمايدۇ!...... ـ: بۇ بولىدىغان گەپكەن...ئۇنداقتا سىلى يول باشلاڭلار مەلۇم نىشاننى بېكىتىپ شۇ جايغا تۇتۇش قىلايلى!......دىدى سېلىمكاممۇ بۇ پىكىرنى قوللاپ. شۇنداق قىلىپ بىز قاراڭغۇ چۈشكىچە تېزرەك پاناھلانغىلى جاي تېپىۋېلىش ئۈچۈن نىشانسىز ئايلىنىشقا باشلىدۇق..........

يېڭى سەپەر(5 ـ باب11 ـ قىسىم)

بىز خېلى ئايلانغاندىن كېيىن چەتكىرەك جايلاشقان تاش قاپتىلىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە كۆزىمىز چۈشتى. ئابلاكام ـ: ئاۋۇ ئۆڭكۈر قارىماققا خېلى بىخەتەردەك قىلىدۇ، مەنچە ئۇ جاي كېچىدىن ئۆتىشىمىزگە ماس كەلگۈدەك!......دىدى ئۆڭكۈرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. سېلىمكام ئۆڭكۈزگە نەزە سېلىۋەتكەندىن كېيىن ـ: سىلىچە ئۇيەر بىرەر مەخلۇقنىڭ ياكى ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسى ئەمەسمىدۇ؟ ...دىدى ئابلاكامغا سوئال نەزىرىدە قاراپ. ئابلاكام بولسا كۈلۈپ كىتىپ جاۋاپ بەردى ـ: مەيلى مەخلۇقنىڭ ئۇۋىسى بولسۇن ياكى ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسى بولسۇن كىرىپ تازىلاپ چىقمايمىزمۇ!......... ـ: بۇ بولىدىغان گەپكەن، لىكىن ئۇجاي بىزنىڭ كېچىچە پاناھلىنىشىمىزغا ماس كىلەرمۇ؟ ئىغىزى ئوچۇق تۇرسا...ئالۋاستىلارنىڭ كېچىدە كېلىپ ھۇجۇم قىلىشى تۇرغانلا گەپ!......... ـ: ھا ھا ھا!......كېچىچە بىز كۈزەتچىلىك قىلماي

نىمىش قىلىمىز سىلىماخۇن؟ ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سىلىمكامۇ كۈلۈپ كەتتى. ـ: سىلىنىزە!.....ئۇنىڭدا چوڭ مەسىلىغۇ يوق، ئەمما ئالۋاستى شاھى دىگىنىڭلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق ئۆزىمىزگە مالامەت يەتكۈزىۋىلىپ قالارمىزمىكى!..... ـ: بۇ دىگىنىڭلىمىغۇ توغرا!...ئۇنداق بولسا يەنىمۇ بىخەتەررەك جاينى تاپامدۇق ئەمىسە؟ ......دىدى ئابلاكام ئويلىنىپ تۇرۇپ كىتىپ. سىلىمكامنىڭ مەقسىدىمۇ شۇ ئىدى ـ: بولسا ئالۋاستىلار ئاسانلىقچە بايقىيالمايدىغان ھەم بىزگە قولايلىقراق بولىدىغان جايدىن بىرنى تاپساق بەك ياخشى بولاتتى...... ئابلاكام خىلى ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كىيىن ـ: ئۇنداق جاينى تاپساققۇ بەك ياخشى بولاتتى، ئەمما بۇ جاي ئەسلىدىنلا ئالۋاستىلارنىڭ ماكانىغا ئايلانغان، شۇڭا ئۆزىمىز رازى بولغۇدەك جاينى تاپماق تەسكە چۈشەرمىكى...يا بولمىسا قەلئە، ئۆي دىگەندەكلەرگە قاراپ باقامدۇقىيا؟ ...... ئابلاكامنىڭ بۇ سۆزى بىزنىڭ يەنە نىشانسىز ئايلىنىشىمىزدىن دېرەك بىرەتتى. ئاخىرى يەنىلا باشقا ئورۇننى نىشان قىلىپ ماڭدۇق، ئالدىمىزغا نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار ئۇچرىغان بولسىمۇ ئەمما ھەممىسى دىگۇدەك ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ پاناھلانغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئايلىنىپ يۈرۈپ قاراڭغۇ چۈشەي دەپمۇ قالغان ئىدى، شۇڭا تىزرەك بىخەتەر جاي تېپىپ ئورۇنلىشىۋالمىساق بىكاردىنلا ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايتتۇق. ئابلاكام بىزنى باشلاپ بىر جايغا باشلاپ كەلدى، قارىماققا بۇيەردىكى ئىمارەتلەر خېلى مەزمۇت بولۇپ كىچىك سېپىل تام بىلەن قورشالغان ئىدى. بەلكىم ئۆز ئىچىدە قوغدىنىش ئۈچۈن ياسالغان بولسا كېرەك!... ـ: قىززىق، سېپىلنىڭ ئىچىدە يەنە سېپىل بولامدا؟ ......دەپ سورىدى سىلىمكام بۇ جايغا قاراپ ھەيران بولغىنىچە. ئابلاكام جاۋابەن ـ: بەلكىم بۇ پادىشاھنىڭ ئالاھىدە قوغلىدىلىغان سارىيى بولسا كېرەك، بۇنچە سېپىللارنى ياسىغىنىغا قارىغاندا شۇ زامانلاردا ئوردا ئىچىمۇ تىنچ ئەمەس بولسا كېرەك!......قانداقلا بولسۇن ئاۋۋال كىرىپ باقايلى، راسلا بىخەتەر بولۇپ قالسا مۇشۇ جايدا پاناھلىنىپ تۇرۇپ پىلانىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرىۋالامدۇق!......يەنە تېخى خاتىرىگە قەيت قىلىنغان مەزمۇنلارنى ئوقۇپ ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلىشىمۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا مۇشۇ جايدىنمۇ ياخشىراق يەرنى ئەمدى تاپالمايمەن!.........دىدى سېپىلغا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كىيىن. بىز ئابلاكامنىڭ دىگىنى بويىچە بۇ كىچىك سېپىلنىڭ ئىشكى تەرەپكە كەلدۇق، ئەجەپلىنەرلىك يېرى سېپىل دەرۋازىسى بۇزىۋىتىلگەن بولۇپ ئىچىدىكى ئىمارەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ـ: قارىغاندا بۇ جايدا چوڭ ئۇرۇش مالىمانلىقى يۈز بەرگەندەك قىلىدۇ، شۇ سەۋەپتىن بۇ پادىشاھلىق ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن!...... دىدى ئابلاكام ئىچىگە كىرىۋاتقاچ. بىزمۇ ئابلاكامغا ئەگىشىپ كىرىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلىدۇق. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ تاغنى ئويۇپ ياسالغان ياكى يوغان تاشلارنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ياسالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. كىرىش ئىشىكىگە ھەرخىل نەققاشلار ئويۇلغان بولۇپ ئۇلارنى كۆرۈپ چۈشەنگىلىمۇ بولمايتتى. بىز ئەنسىزلىك ئىچىدە قورالىرىمىزنى تەقلىشىپ ئەتراپنى

ھۇشىيارلىق بىلەن كۆزەتكەچ تىخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىردۇق. ئىچى تەرەپ كەڭ زالدىن باشلانغان بولۇپ ئايىغىغا ماڭغانسىرى كىچىك ئۆيلەرگە بۆلۈنگەن ئىدى. ئۆي ئىچىدە يەنە شۇ زامانلاردىكى لازىمەتلىكلەرمۇ بولۇپ توپىنىڭ ئاستىدا قالغان ئىدى. ــ: ھۇشىيار تۇرۇڭلار باللار، ئىچى خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن!...... دىدى ئابلاكام خەنجىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا. سىلىمكام بولسا يېنىمىزدا سۆڭدىشىپ بىزنى ھىمايە قىلىپ كىتىۋاتاتتى. بىز ئاستا قەدەملەر بىلەم مېڭىپ ئۆيلەرنىڭ ھەممىنى دىگۈدەك تەكشۈرۈپ چىقتۇق ئەمما تەلىيىمىزگە يارىشا ھىچقانداق نەرسىنى بايقىمىدۇق. شۇندا ئابلاكامنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ ــ: ھەرنىمە بولسا پاناھلانغىدەك جايدىن بىرسى چىقتى. بۇ جايغا ئالۋاستىلار كىلىدىغاندەك ئەمەس، شۇڭا ۋاقتىنچە مۇشۇ جايدا پاناھلىنىپ تۇرساقمۇ بولغىدەك!......ئامال بار بەك بۇلۇڭ ياكى سىرىتقا يىقىن ئۆيدە تۇرمايلى خەتەرلىك...... دىدىدە مۇۋاپىق بىر ئۆينى تىپىش ئۈچۈن ئۆيلەرنىڭ ئورنى، چوڭ ــ كىچىكلىكى، كىچىدە ھۇجۇمغا ئۇچرىمايدىغان دىگەندەك جەھەتلەردە قايتا ئارىلاشقا باشلىدى، ھەم بىر قاۋاق ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ ــ: بۇ يەر ياخشىراق ئىكەن. ئىشىكنى توسىۋىتىپ مۇشۇ جايدا پاناھلانساق بولغۇدەك، ئەمما يەنىلا ھۇشىيار تۇرمىساق بولمايدۇ. بۇ جايغا مەنمۇ ئەمدى كەلدىم، خەتەرلىك ياكى بىخەتەر ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، شۇڭا ھەرھالدا تەييارلىق بىلەن ئولتۇرايلى!......كىلىڭلار، ئاۋۋال بۇ جاينى ئازراق تازىلىۋىتەيلى!......دىدى. بىزمۇ بۇ ئۆينى لايىق كۆرۈپ بەس ــ بەستە ئۆينى بىر قاپلىغان ئۆمۈچۈك تورلىرىنى، توپىلىرىنى بىر قۇردىن تازىلىۋەتتۇق. ئەمدى بۇ جاي خىلى ئىللىق، ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلدى. شۇندا ئابلاكام سىلىمكامغا ــ: سىلىماخۇن يۈرۈڭلا، ئەمدى بىز چىقىپ بۇ ئۆينىڭ ئىغىزىنى توسىدىغانغا بىرەر نەرسە تېپىپ كىلەيلى!......دىدى. سىلىمكاممۇ كۈلۈپ قويۇپ ــ: بولىدۇ، يەنە توشقانمۇ ئوۋلىغاچ كىلىمىزمۇيە؟ باللا كىچىچە ئاچ قالمىسۇن يەنە!...... بۇنى ئاڭلاپ ئابلاكام قوشۇلمىدى ــ: بولمايدۇ، بىز ھازىر ناھايىتى خەتەرلىك جايدا تۇرىۋاتىمىز...ئەگەر ئوت يېقىپ قالساقلا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويىشىمىز مۇمكىن شۇڭا بارنى يەپ تۇرايلى قانداق دېدىم؟ ...... دىمىسىمۇ ئابلاكامنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. مەن ــ: شۇنداق ، شۇنداق!...بۇ جايدا ئوت يېقىش مەنچە بولسىمۇ توغرا ئەمەس، شۇڭا ئانام يېقىپ بەرگەن نان بار، ئاز قالغان بولسىمۇ يېتىدۇ ئىشقىلىپ!......دىدىم جاۋابەن. بۇنى ئاڭلىغان نىجات سەكرىدى ــ: ماڭغىنەۋە ئاداش!ئاناڭ ئۇ ناننى قاچان يېقىپ بەرگەن ساڭا، بۇ چاققا قېتىپ كۆكۈرۈپمۇ كەتكەندۇ!......... ــ: ئۆينىڭ نىنى كۆكۈرۈپ قالامدۇ كالۋا، ئانام بۇنى تۇجۇپلەپ يېقىپ بەرگەن. ئىشقىلىپ يېگىلى بولىدۇ، سەن يىمىسەڭ ئاچ قېلىپ ئولتا ئەمسە!...... سىلىمكام بىلەن ئابلاكام پاراڭلىرىمىزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ئاندىن سىلىمكام ــ: بولدى، بولدى...نان بولسىلا بولدى، ئىشقىلىپ ئاچ قالمىساڭلارلا يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىنى يەپ جان ساقلاپ تۇرساق بولىدۇ ئەمەسمۇ!...ئۇنداقتا ئابلاجاننىڭ دىگىنى بويىچە ئاۋۋال بۇ جاينى بىخەتەر قىلايلى ئۇنىڭدىن كىيىنكى ئىشلارنى يەنە

بار مەسلىھەت قىلارمىز!......دىگەچ ئابلاكام تەرەپكە ماڭدى ئابلاكام ـ: سىلەر بىز قايتىپ كەلگۈچە ھەرگىز سىرتتا چىقماڭلار، ھەم ھۇشيار ئولتۇرۇڭلار بولامدۇ؟ ...دىدى بىزگە قاراپ. ھەممىمىز بىردەك ماقۇللۇقىمىزنى بىلدۇرۇشتۇق. ئابلاكام بىلەن سىلىمكام چىقىپ كەتكەندىن كىيىن بۇ جاي بىردىنلا جىمىپ سۈرلۈك ھالەتكە كىلىپ قالدى. شۇنداق ئولتۇرغاندا نىجات ئېغىز ئاچتى ـ: ھەي باللا، بىكا تۇرغىچە ھېلىقى خاتىرىنى ئىلىپ ئوقۇپ باقمايمىزمۇ قانداق سىرلار يوشۇرۇنغان...دىدى ماڭا قاراپ. مەن ـ: بولمايدۇ، ئابلاكام بىلەن سىلىمكام كەلگەندە ئاندىن ئوقۇيلى. ھازىر ئوقۇساقمۇ بەرىبىر ھىلى يەنە ئوقۇشقا توغرا كىلىدۇ، ئىش تاپماي جىم ئولتۇرە!...... نىجات قاشلىرىنى ئوينىتىپ ـ: ۋايجانىمەي!...ھىلى ئۇلار قايتىپ كەلگەندىكىن بىز ئوقۇپ تۇرساق بولمامدۇ قاراپ ئولتۇرغىچە...سەنمۇ ناھايىتى سادىق بوپ كەتتىڭ ئەمدى. ھامىنى ئوقۇيمىزغۇ، ھازىر ئوقۇپ تۇرساق نىمە بولىدۇ؟ ......دىدى. ـ: بولمايدۇ دىدىم بولمايدۇ، ئۇلار قايتىپ كەلگەندە ئاندىن ئوقۇيمىز، جىم ئولتۇرۇپتۇر بىردەم!... تىت ـ تىت بولغان نىجات قوشۇلمىغانلىقىمنى كۆرۈپ بىرنىملەرنى دەپ غودىرىغىنىچە بىردەم ئولتۇردى ئاندىن ـ: ھەراس، ئابلاكام ئۇ خەتلەرنى باشقا يىزىقتا ئىكەن دەۋاتاتتى غىنى ئوقۇيالامدۇ يوق قاراپ باقمايمىزمۇ!...ئەگەر ئۇ ئوقۇيالمىسا بۇنى ساقلاپ ئولتۇرغاننىڭ نىمە پايدىسى!...دىدى جانلىنىپ. ئۇنىڭ دىگىنىمۇ خاتا ئەمەس ئىدى، ئەگەر راسلا ئوقۇيالمىسا بىزنىڭ ئۇ خاتىرىنى ساقلىشىمىزنىڭ ئورنى يوق، ھەم شۇ خەتنى ئوقۇيالايدىغان ئادەملەرگە قالدۇرۇپ قويىشىمىز مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەنمۇ سەل ئىرىدىم ـ: ئۇنداقتا بوپتۇ...غىنى كۆرۈپ باقىدۇ ئەگەر ئوقۇيالىسا سىلىمكاملار كەلگەندە ئاندىن ئوقۇيمىز، ئوقۇيالمىسا جايىغا قويۇپ قويىمىز قانداق؟ ...دىدىم سومكىغا قولۇمنى ئۇزاتقاچ. نىجات ـ: ئىككىلىسىلا ئوخشاش گەپ بولمىدىمۇ، ئوقۇيالىسىمۇ ئوقۇيالمىسىمۇ ئوخشاشلا ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرىدىغان ئىشكەنغۇ شۇ!...... ـ: چىك ئاي!...ئالامدىم ئامامدىم؟ ... ـ: ئالە، ئالە!...ئىشقىلىپ كۆرىۋالساقمۇ ھېساپ!......... مەن سومكىنى ئاقتۇرۇپ قۇتىغا سىلىنغان خاتىرىنى ئاۋايلاپ ئالدىم ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇپ خاتىرىنى ئالدىم. خاتىرە قاتتىق تاشلىق توم كەلگەن بولۇپ، كۆرۈشكىلا نۇرغۇن يىل بولغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. مەن خاتىرىنى ئىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ئۇلارغا دىدىم ـ: ۋى باللا، بۇ خاتىرە قاراپ قويسىمۇ يىرتىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ قاپتۇ، ياخشىسى ئابلاكام بىلەن سىمكام قايتىپ كەلگەندە ئۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاچايلىمىكىن، ھىلى تارتىندىلا يىرتىلىپ كەتسە قاق بالاغا قامايلى يەنە!...يەنە كىلىپ بىزنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ كىلىشىمىزمۇ مۇشۇ خاتىرىنى تېپىش ئۈچۈن تۇرسا...مەن مانى ئالالمىغۇدەكمەن جۇمۇ ياخشىسى ئۇلار كەلگەندە بىرگەپ بولسۇن!......... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ تېرىكتى ـ: ۋاي ۋوي!...نىمانداق بارغانسىرى يۈرىكىڭ يوق بولۇپ كىتىدۇ سىنىڭ!......ناھايىتى بىر خاتىرىغۇ، مەنبى ئۇرۇشۇپ تالىشىپ ئاندىن ئاچايلى دىمىدىم ئاۋايلاپ ئالساقلا بولمىدىمۇ..سەن ئالمىغان بولساڭ ئەكىلە مەن ئالاي!... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە خاتىرىگە قولىنى ئۇزاتتى، مەن بولسام ئۇنىڭ

خاتىرىنى ئىلىشقا يول قويمايۋاتاتتىم. بۇ چاغدا غىپنى ئىككىلىنىپ ئىغىز ئاچتى ـ: ۋى باللا، بۇ خاتىرە راسلا بەك نىپىزلەپ كىتىپتۇ. ئەگەر مەن تەرجىمە قىلىۋاتقاندا يىرتىلىپ كەتسە باش جىنايەتچى بولۇپ قالامدىم نىمە؟ ...... ـ: ياق، باش رىياسەتچى بولىسەن!...جىق گەپ قىلماي ئاستا ئىلىپ قاراپ باقە ئوقۇيالامسەن تىخى بۇ خەتلەنى...ئەگەر ئوقۇيالمىساق بۇ يىزىقنى ئوقۇيالايدىغان ئادەم كىرگۈچە مۇشەدە ساقلاپ قىرىپ كىتىمىز دەڭلا؟ ......ۋاي ئانامەي، قانداق ئىش بولۇپ كەتتى بۇ. تىرىشقانسىرى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كىتىۋاتىدا؟ ......دىدى نىجات بىشىنى سىلاپ قويۇپ. بۇ ئۇنىڭ ئامالسىز قالغاندا قىلىپ قويىدىغان ئادىتى ئىدى. بىز ئىككىلىنىپ ئولتۇرغاندا سىرىتتا سىلىمكامنىڭ بىزنى تولۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى ـ: ھوي باللار چىقىڭلار نىمانداق ئىغىر نىمە بۇ!......... بىز يۈگۈرۈپ چىققاندا ئابلاكام بىلەن سىلىمكام يوغان بىر قورام تاشنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتاتتى. ـ: ئۇھ...بىلگەن بولسام سىلەردىن بىر قانچىنى ئىلىۋالاركەنمىز، بەك ئىغىر تاشكەن مۇنۇ!.........دىگىنىچە تاشنى يەرگە قويدى. تاشنىڭ چوڭلىقىغا قاراپ ئىغىزىمنى ئىچىپلا قالدىم، بۇ ئىككى پالۋان ھەقىقەتەن ئويلىغىنىمدىنمۇ كۈچلۈككەن ئەمەسمۇ...يەنە تىخى نەلەردىن تىپىپ كەلدىكىن ياغاچ ئىشىكتىن بىرنى قومۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بىز ئاقسالىق قىلىپ قورام تاشنى كۆتۈرمەكچى بولدۇقيۇ ئەمما كۆتۈرۈشكە ماغدۇرىمىز يەتمىدى، ئالتە كىچىك بىرلىشىپ ئىنجىقلاپ ئاران كۆتۈرگەن تاشنى بۇ ئىككى پالۋان نەلەردىنكىن كۆتۈرگىنىچە ئىلىپ كەلگەن ئىدى، يەنە كىلىپ يوغان بىر ياغاچ ئىشىكنى ئۈستىگە ئىلىپ دەڭلا!...ھەقىقەتەن قالتىس ھە!...بىز ئۇلارنىڭ كۈچىگە ئاپىرىن ئوقۇشۇپ ئۇلارنىڭ ياردىمىدە قورام تاشنى يۆتكەپ ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكەلدۇق ئۇنىڭدىن كىيىن ئازراق سىپىسغان ياغاچ ئىشىكنى ئەكىلىپ ئۆينىڭ بوسوغىسىغا سىلىشتۇرۇپ باقتۇق، دەرۋەقە ئۆلچەپ قويغاندەكلا ئىككى قىرغا تاقىشىپلا تۇردى. بۇنى كۆرۈپ سىلىمكام ـ: ۋاھ نەقلا تىپىپ كەپتۇق جۇمۇ، بۇ ئىشىكنى تامغا تاقاپ ئارقىغا بۇ قورام تاشنى يۆلەپ قويساق مەزمۇت بولۇپ كەتكۈدەك!.........دىدى كۈلۈپ قويۇپ. بىراق ئابلاكام سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ: ئىشىكنىغۇ ئەكىرەمىز، لىكىن بۇ قورام تاشنى ئىچىگە قانداق ئەكىرىمىز، تاقىشىپ قالارمىكى!......دىدى تاشنى ئۆلچەپ بىقىپ. سىلىمكام ـ: ھا ھا ھا!...ئابلاجان قانداق سوئال بۇ؟ تاشنى يانتۇ قىلساقلا پاتىدىغۇ بۇ ئارىلىقتىن!.........دىگىنىچە كۈلۈپ كەتتى. ئابلاكام بىشىنى تۇتۇپ قاقاھلاپ كۈلىۋاتاتتى. بىز قورام تاشنى يۆتكەپ ئەكىرىۋىلىپ ئىشىكنى تامغا يۆلىگەندىن كىيىن كەينىگە تاشنى مۇقىملاشتۇرىۋەتتۇق. شۇ تاپتا خىلى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىدا بولىۋاتاتتۇق. ئۇنىڭغىچە ھەممىمىز يىغىلىپ بىز تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن خاتىرە دەپتەرنى ئىلىپ قورسىقىمىزنى لىقلىغاچ ئوقۇشقا تۇتۇندۇق. ـ: پاھ، چىرىپ كەتكىنى تۇرۇپتىغۇ بۇ خاتىرە!... دىدى ئابلاكام خاتىرىگە قاراپ قويۇپ ـ: شۇنچە ئاسرىسامۇ يەنىلا ئامال بولماپتىدە، بوپتۇ غىپنى ئۇكام خاتىرىدىكى خەتلەرنى تىزرەك بىزنىڭ تىلغا تەرجىمە قىلغىنە!...نەچچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ بىرمىنى ساقلىغىنىمنىڭ

ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ ئوقۇيالاسەن ئىنشائاللاھ!...... غېنى ئابلاكام تەڭلىگەن خاتىرىنى ئىككىلىنىپقىنا ئېلىپ ئاۋايلاپ ۋارىقىنى ئۆرۈپ قاراپ بېقىپ بىزگە ئۇمۇدسىزلىك نەزىرىدە قارىدى. ھەممىمىز نائۇمۇدتە ئۇنىڭدىن سورىدۇق ـ: نېمە، ئوقۇيالامدىكەنسەن؟ ......... غېنى ـ: ياق، بۇ......بۇ...... ـ: تىلىڭنى چاينىماي دېگىنە، ئوقۇيالامدىكەنسەن ياكى ئوقۇيالامدىكەنسەن؟ ... ـ: ئوقۇيالايدىكەنمەن، بۇ روس تىلىدا يېزىلىپتۇ!...... ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ جاۋاپ بىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتىكى، ھازىرقى خۇشاللىقىمىزنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىنى بولمايتتى. ھەممىمىز غېنىنى قۇچاقلاپ كەتتۇق. شۇندا ئابلاكام ـ: بولدى، بولدى...ئاۋۋال ماۋۇنى بىر ئوقۇپ بۇ جاينىڭ سىرىنى يېشەيلى ئۇنىڭدىن كېيىن قۇچاقلاشساقمۇ كېچىكمەيمىز قانداق دېدىم...ھە ئوقۇغىنە ئۇكام، خاتىرىگە نىملەر يېزىلىپتۇ؟ ......... ھەممىمىز غېنىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتۇق، شۇندا غېنى خاتىرىنىڭ بېتىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى!...........

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب1 ـ قىسىم)

ـ Σarë эьясг.........(مەزكۇر يېزىق ئەسەر ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېلىندى) ـ: ۋوي ۋوي قادى!......بىز سىنى ئايەت ئوقۇپ بەر دىمىدۇق تەرجىمە قىلىپ بەر دەۋاتىمىز!.........دىدى نىجات غېنىنىڭ روسچە سۆزلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. غېنى خاتىرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نىجاتقا قاراپ قويۇپ ـ: بۇ ئايەت ئەمەس روسچە يېزىق، سەن نىمىنى بىلەتتىڭ!......شۇ ئاۋۋال ئوقۇپ ئاندىن تەرجىمە قىلمامدىمەن!...دىدى تىرىكىپ. نىجات يەنە ـ: ھە...ئانداۋوسا سەن بۇنى روسچىسىغا ئوقۇپ تۈگەتكەندە ئاندىن تەرجىمىسىنى ئاڭلايدىكەنمىزدە؟ ئەمدى سەنلام ئوقۇيالىغاندىكىن نىمە دىسەڭ ماقۇل دەپ ئولتۇرىمىزدە!......بوپتۇ ئوقۇپ زېرىككەن ۋاقتىڭدا ئاندىن تەرجىمە قىلىپ بىرەرسەن بىز مۇشتا ئولتۇرۇپ تۇرىلى!......دىدى تەنە ئارىلاش. غېنى بولسا نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ كىتىپ ئاندىن ـ: مەنبى تۇغما روس ئەمەس، تەرجىمە دىگەننى ئېلىپبەنى يادلاپ بەرگەندەك قىلغىلى بولمايدۇ، ئاۋۋال ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئاندىن تەرجىمە قىلىپ بىرەرمە؟ .........
ـ: ۋاي ۋاي ۋاي، نىمە قىلساڭ قىلىپ، مانىڭدىكى خەتلەرنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەرسەڭلا بولىدۇ ئارتۇق تەلىپىمىز يوق!...... غېنى نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خاتىرە دەپتەرنى قايتىدىن ئاۋايلاپ ئاچتى ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچىدىكى خەتلەرنى ئىچىدە بىر قۇر ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن مۇقاۋىسىنىڭ ئىچى تەرىپىگە لىق يېزىلغان خەتلەرنى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى ـ: ياخشىمۇ سىز...... غېنى گېپىنى باشلىشىغا نىجات قايتۇرۇپلا جاۋاپ بەردى ـ: ۋاي بىز ياخشى، سەن ئۇنىڭ بىلەن قالماي خاتىرەڭنى ئوقە!......... ـ: چىك ئاي، جىم تۇرۇپ تۇرە!...ساقال تاغاقلىق قىلىپ ئۆيەر ـ بۇيەرلىرىگە ئارلىشىۋالماي...مەن ساڭا دىمىدىم مانىڭ ئىچىدىكىنى تەرجىمە قىلىشىۋاتىمەن!......... بۇنى ئاڭلىغان نىجات ـ: ۋوي، ھە بوپتۇ ئوقىۋىرە ئەمدى گەپ قىلمايمەن!...دىگىنىچە سەل كەينىگە سۈرۈلۈپ ئولتۇردى. غېنى ـ: ياخشىمۇ سىز...(نىجاتنى

يەنە گەپ قىلىپ قالامۇ دەپ توختىتۇلىپ نىجاتقا قارىتۇتىپ يەنە داۋاملاشتۇردى)ئالدى بىلەن بۇ خاتىرنى تاپقىنىڭىز ئۈچۈن سىزنى كاتتا تەبرىكلەيمەن، ھەم بۇ يازمىلارنى ئوقۇيالىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!...مەيلى سىز بۇ خاتىرنى تاپقۇچىلارنىڭ نەچچىنچىسى بولۇڭ، ياكى قايسى مىللەت قايسى دىندىن بولۇڭ سۆزلەنگەن ۋەقەلەرگە چوقۇم ئىشىنىشىڭىز كېرەك!...ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ خاتىرگە يېزىلغىنى بويىچە بۇ جايدىن سالامەت چىقىپ كېتىشىڭىزگە تىلەكداشمەن!......ئالدى بىلەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، نىمىشقا دىسىڭىز بۇ جاينىڭ مۇشۇنداق سېھىرلىنىپ قىلىشى تۈپتىن بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز!......... غېنى خەتلەرنى تەرجىمە قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە نىجات يەنە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى ــ: ئاناناشنى ئورۇس...ئەسلى ھەممە ئىشنى ئىرىغان شۇ كاززاپكەندە...ياخشىمۇ ھايات قالماپتۇ بولمىغان بولسا ئۈچرىتىپ قالغان بولساملا كومشىرىغا بىرنى سېلىۋالاكەنمەن!........... ھەممىمىز نارازى بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدۇق. نىجات ئوڭايسىزلىنىپ ــ: ھى ھى...ئەمدى گەپ قىلمايمەن جىك گەپ، ئاغزىمنى ئىتتۇۋالسامغۇ بولار!......دىگىنىچە ئىغىزنى توسۇۋېلىپ تەتۈر قاراپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا غېنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى ــ: سىز قانچە ئادەم بولۇشىڭىزدىن قەتئىي نەزەر ئالدى بىلەن زور غەيرەت ــ شىجائەتكە تولغان روھىڭىز، قورقماس يۈرىكىڭىز بولۇشى كېرەك...شۇندىلا قۇترىغان ئەرۋاھنى يوقۇتۇپ بۇ جايدىن ئامان ئېسەن چىقىپ كېتەلەيسىز!.....ئەمدى ھەقىقىي جەرياننى بىلمەكچى بولسىڭىز كۈندىلىك خاتىرنى تەپسىلىي ئوقۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن!............ ......يىلى......ئاينىڭ......كۈنى(ئىنىق ئىزاھات بېرىلمەيدۇ) مەن بىر تارىخشۇناس...شۇ ئوتتەك ئىشتىياقىم بىلەن دۇنيا خەرىتىللىرىنى ئانالىز قىلىپ مەلۇم دەرىجىدە شان شەرەپلەرگىمۇ ئېرىشكەن ئىدىم، شۇ كۈنلەردە جۇڭگودىكى مەزكۇر خارابىلىقنىڭ تارىخىنىڭ ئىنتايىن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ خارابىلىققا قەۋەتلا قىزىقىپ قالدىم، ھەمدە بىر تەكشۈرۈش ئەترىتىنى قۇرۇپ شۇ ئەترەت بىلەن بىرلىكتە بۇ جاينىڭ قايسى دەۋرگە تەۋە خارابىلىق ئىكەنلىكىنى ئىنىقلىماقچى بولدۇم، ھەمدە ئەتراپىمدىكى كۆچلەرنى توپلاشقا باشلىدىم. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ تەييارلىقلارمۇ پۈتۈپ قالدى. مەن ئون كىشىلىك ئەترەتتىن بىرنى تەشكىللەپ روسىيەدىن جۇڭگوغا قاراپ يول ئالدىم. ئەترىتىمىز تۆت نەپەر ئىكىسپېدىتسىيەچى، ئالتە نەپەر قوغدىغۇچىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. ھەم ئۇلار بىزنى قوغدىغاندىن سىرىت ئىشلىرىمىزغا ياردەم قىلاتتى. نەچچە كۈنلۈك مۇساپىنى داۋام قىلىپ ئاخىرى بۇ «نەس باسقان»قارابىيلىققا يىتىپ كەلدۇق، قوغدىغۇچىلار تولۇق قۇراللانغان بولۇپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن تاغ پارتىلىتىدىغان پارتلاتقۇچلارنىمۇ بىللە ئېلىۋالغان ئىدى. بىز بۇ جاينىڭ گىگانت ئىشىكىنى ھېچقانداق قىلىپ ئاچالماي ئاخىرى پارتىلىتىپ تۆشۈك ئاچقاندىن كېيىن ئىچىگە قەدەم ئالدۇق. بۇ جاي ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ ئۆزۈمچە بىگى بىر بايقاش ھاسىل قىلدىم دەپ ئۆز ــ ئۆزۈمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىپ

كېتىپتىمەن. ئەمما تەكشۈرۈش جەريانىدا ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان قورقۇنۇچلۇق ئىشلارنىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئەسلا بىلمىگەن ئىكەنمىز!......كىرىشكىلا جىمجىتلىق قاپلىغان بۇ خارابىلىقتا بىزدىن باشقا ئىنسى ـ جىنمۇ كۆرۈنمەيتتى، بىز تەكشۈرۈپ كىتىۋېتىپ خارابىلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا سېلىنغان ناھايىتى ھەيۋەت بىر ئىمارەتنى بايقىدۇق، بەلكىم بۇ شۇ زامانلاردىكى شاھلارنىڭ ياكى ئاتامانلارنىڭ تۇرالغۇسى بولسا كېرەك!...ئۇ جايغا كىرگەندە بولسا تېخىمۇ ھەيران قالدۇق، بۇ شاھانە تۇرالغۇ بولماستىن بەلكى يەر شەكلى ئىنتايىن مۇرەككەپ سېلىنغان چوڭ بىر قەبرىستانلىق ئىدى. كۆز يەتكۈسىز چوڭ بۇ قەبرىستانلىقتا نۇرغۇن قەبرىلەر قاتۇرۇلغان بولۇپ چوڭ كىچىكلىكى جەھەتتە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بىزنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى بۇ قەبرىلەر پەشتاقسىمان سېلىنغان ئىدى. بۇ چوڭ قەبرىگاھنىڭ تاملىرىنى قانلىق خەتلەر ھەم سۈرەتلەر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ بىر قاراشتا قايسى زامانغا تەۋە يېزىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇندا بېشىمىزغا چوڭ بالايى ئاپەت كېلىپ ئۆز ئىچىمىزدىن زىددىيەت تۇغۇلدى...چۈنكى بۇ جايغا جەسەتلا ئەمەس ھەددى ھېساپسىز بايلىقلار بىللە كۆمۈلگەن ئىدى. مەن يەنىلا تەكشۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدىم، ئەمما بىللە كەلگەن قوغدۇغۇچىلار سەۋەپلىك ئارىمىزدا چوڭ ئىختىلاپ كۆرۈلدى. بىز قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويۇپ ئەرۋاھنىڭ قايتا ئويغىنىشىغا سەۋەپ بولۇپ قالدۇق. شۇنداقلا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ئويغۇتىۋەتتۇق، ئەمدى بولسا ئۇلار بىزنى جەھەننەمگە يولغا سېلىش ئۈچۈن قايتىدىن قۇتراپ خارابىلىقنى بىر ئالدى، ئەمما بىز ھەتتا چىقىپ كىتىدىغان يولنىمۇ بىلىپ ـ بىلمەستىن مەڭگۈلۈك ئىتتىۋەتكەن ئىدۇق!......ھېچ ئىشنى چۈشەنمەستىنلا ئۆزىمىز قوبۇل قىلالمايدىغان بىر ھەقىقەتكە يۈزلەندۇق، ئالتۇن ـ بايلىقلار، قوغدۇغۇچىلار ھېچقايسىسى بىزنى ئەمەس ھەتتا ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايتتى. توغرا، بۇ بىر قانلىق پاجىئە...نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى تىنىشسىز ياتقان ئەھۋاھلارنىڭ قايتا ئويغىنىشى، ھەمدە بالايى ئاپەتنىڭ باشلىنىشىدۇر!......... بۇلارنى ئاڭلاپ ئۆزەمچە تىترەك ئولىشىپ ئەتراپىمغا نەچچىنى قارىۋەتتىم، ھالبۇكى باشقىلارمۇ شۈكلەپ قالغان ئىدى. ئابلاكام بىلەن سېلىمكام بولسا قاپاقلىرىنى تۈرۈشكىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا بەند بولغان ئىدى. ئارىمىزدا خېلى ۋاقىت جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن غېنى جىمجىتلىقنى بۇزدى ـ: بۇنى ئوقۇپ بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئوقۇشقىمۇ پېتىنالمايۋاتىمەن!......سىلەرچىچۇ؟ يەنە ئوقۇمدىمىيا؟ ......دىدى سوئال نەزىرىدە بىزگە قاراپ. ئابلاكام خۇۋال سۈرىۋاتقاچ غېنىغا ـ: داۋاملىق ئوقۇ، تاكى خاتىرە ئاياقلاشقىچە تەپسىلىي ئوقۇپ ئىنىق تەرجىمە قىل!...بۇنىڭدا سېنىڭ تۆھپەڭ ئەڭ مۇھىم، سەن بىر خەتنى خاتا تەرجىمە قىلساڭلا ھەممە ئىش پۈتۈنلەي ئۆزگۈرۈپ كىتىدۇ. شۇڭا ئالاھىدە دىققەت بىلەن تەرجىمە قىلىشىڭ كېرەك!......... غېنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ خاتىرىگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ خاتىرىنى داۋاملىق ئوقۇشقا

باشلىدى............

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب2 ـ قىسىم)

بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق، نەچچە كۈنلۈك جاپالارنى تارتىپ ئاخىرى خارابىلىققا يېتىپ كەلدۇق. ئۆز ـ ئۆزەمچە شۇنداق خۇشال ئىدىم. چۈنكى نۇرغۇن قەدىمى خاتىرىلەر مىنىڭ كىرىپ ئېچىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىز بۇ تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان قەدىمى شەھەرنىڭ تار كىرىش ئېغىزىدىن ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق. دەرۋەقە ئىچكىرلىگەنسېرى ھەيران قالدىم، چۈنكى تار يولدىن ئىچىگە كىرگەندە ناھايىتى كەڭ بىر مەيدان كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ھەممە يەرنى ئۆسۈملۈك قاپلاپ كەتكەن بولۇپ بۇ جاي يېغىرلىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ياخشى ماكانى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ھەيرانلىق ئىچىدە ئىلگىرلەپ مېڭىۋەردۇق، مەيداننى كىسىپ ئۆتكەندىن كىيىن ئالدىمىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گىگانت ئىشىك تۇراتتى. مەن شىياڭشاۋغا(قوغدىغۇچىلارنىڭ باشلىقى، ئۆزىنى شۇنداق ئاتىۋالغان) ـ: شىياڭشاۋ، بۇ ئىشىكنى ئاچالاسىزمۇ؟ ...دىدىم. ئۇ بولسا ئىگىزلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئىشىككە تەپسىلي قارىۋەتكەندىن كېيىن ـ: بىلمىدىم، ئەمما ئاچالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن!...كېلىڭلار بۇرادەرلەر، بۇ گىگانت ئىشىكنى ئېچىپ ئۆز كارامىتىمىزنى بىر نامايەن قىلايلى!......دىدىدە ھەمراھلىرىنى يىغىپ ئىشىكنى ئېچىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەمما خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئىشىك جايىدىن ئازراقمۇ مىدىرلاپ قويمىغان ئىدى. خېلى تىركىشىپ ئاچالمىغاندىن كىيى شىياڭشاۋ يېنىمغا كەلدى ـ: بۇ ئىشىك ئويلىغىنىمىزدىنمۇ مۇستەھكەمكەن!......ئەڭ ياخشى ئامالى پارتىلىتىپ ئاچساق بولغۇدەك!...... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوشۇلمىدىم ـ: بولمايدۇ، بۇ دىگەن نەچچە ئەسىردىن بۇيان مۇكەممەل ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاسار ئەتىقە تۇرسا، ئۇنى بۇزىۋەتسەڭلار تارىخقا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىسىلەر!...سىزنىڭ قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن شىياڭشاۋ، ئامال قىلىپ ئىشىكنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتمىغان ئاساستا ئېچىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن!...... شىياڭشاۋ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كىتىپ قايتىدىن ئەزالىرىنى يىغىپ ئىشىكنى ئېچىشقا ئۇرۇندى، ئەمما نەتىجە ئوخشاشلا بولۇپ ئىشىك ھىچ ئىچىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇندا شىياڭشاۋ يېنىمغا يەنە يېنىپ كىلىپ قوپال تەلەپپۇزدا ماڭا ـ: پىرافېسسور ئەپەندىم، بۇ ئىتتىرسىلا ئىچىلىدىغان ئۇنداق ئادەتتىكى ئىشىك ئەمەسكەن، بۇنى ياكى پارتىلىتىپ ئېچىشىمىز كېرەك، بولمىسا ئۆزىڭىز ئېچىڭ...بىزنىڭ بۇ جايدا ۋاقىت ئىسراپ قىلغۇمىز يوق!.........دىدى ئوچۇقلا قىلىپ. كۆپ ئويلاش ئارقىلىق ئاخىرى ئىچىدىكى تارىخ شاھىدلىرىنى قېدىرىپ چىقىش ئۈچۈن بۇ ئىشىكتىن ۋاز كەچمەكچى بولدۇم. ھەمدە ئۇنىڭغا ـ: ئەمىسە ئىشىكنىڭ بۇزۇلۇش دەرىجىسىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرگەن ئاساستا پارتىلىتىڭ، بۇنىغۇ قىلالايدىغانسىز؟ ......دىدىم. شىياڭشاۋ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ـ: ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، سىلەر يىراقراق تۇرۇڭلار!......دىدىدە ئادەملىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ پارتىلىتىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن پارتىلاتقۇچلار ئورنىتىلىپ ئۇنىڭ بىردەك قوماندانلىقى بىلەن ئىشىك پارتىلىتىلدى. پارتىلىغان چاغدا خۇددى يۇرۇكۇم پارتىلاۋاتقاندەك ئازاپلىنىپ كەتتىم. ئىس تۈتەكلەر تارالغاندىن كېيىن يېنىغا بېرىپ قارىدۇق، دەرۋەقە ئىشىكتىن ئادەم پاتقۇدەك قىلىپ نەچچە تۆشۈك تېشىلگەن ئىدى. شىياڭشاۋ ئىشىكنىڭ قېلىنلىقىغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا ـ: پاھ، نىمانداق قېلىن ياسالغان ئىشىك بۇ، بايا پارتىلاتمىغان بولساق راسلا ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن!......دىدى. بىراق مەن يەنىلا ئازاپلىنىپ كىتىۋاتاتتىم، لېكىن ئامال قانچە؟ ...كەيپىياتىمنى كۆرگەن شىياڭشاۋ مۇرەمگە ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ ـ: ھېچقىسى يوق ئەپەندىم، ئىچىدە تىخى بۇنىڭدىنمۇ ئېسىللىرى بار بولۇشى مۇمكىن...بىزمۇ ئامالسىز شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق، ئارتۇق ئويلىماي ئىچىگە كىرەيلى!...دىگەچ ئېچىلغان تۆشۈكتىن ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قالغانلىرىمىزمۇ بىر ـ بىرلەپ ئىچىگە كىردۇق. نىمىشقىكىن ئىچى ناھايىتى جىمجىت بولۇپ پات ـ پات سايراپ قويىدىغان ھۇۋقۇشلارنىڭ ئاۋازى ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى. ئەتراپقا نەزەر سالغىنىمدا ئالدىمىزدىكى يول ئۇستىگە قاراپ سوزۇلغان بولۇپ ئىككى تەرىپىدە قاتار قەبرىستانلىق بار ئىدى. قەبرىلەرنىڭ گاھىلىرى قار ـ يامغۇردا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ چۆشۈپ كەتكەن، گاھىلىرىدىن«تۆڭلۈك»ئېچىلىپ قالغان ئىدى. مەن ئالدى بىلەن ياردەمچىلىرىمنى ئېلىپ ئۇ قەبرىلەرنى تەكشۈرمەكچى بولدۇم. ئەمما بېرىپ قارىغىنىمىزدا بولسا قەبرىلەردە بىرمۇ جەسەت كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئىشتىن ئەجەپلەنگەن بولسامۇ بىراق نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى جەسەتلەرنىڭ چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كىتىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن بولغاچقا ئارتۇقنى ئويلىمىدىم ھەم قەبرە توپىسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىۋالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن دۆڭلۈك يولدىن ئۇستىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئويلىغىنىمدەك خارابىيلىق ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ كۆز ئالدىمدىكى قۇرۇلۇشلار ئۇنىڭ شاھىدى بولۇپ تۇراتتى. قىسمەن جايلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسمى شۇنداق ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئىدى. ـ: بۇ جاي ھەقىقەتەن ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قالغان ئوردىكەن، پەرىزىڭىزچە قانچىلىك ۋاقىت بولغاندۇ؟ ...دىدى شىياڭشاۋ ئەتراپقا نەزەر سالغاچ. مەن ـ: مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، بىر قاراشقىلا تارىخىنى قىياس قىلىش تەس...قالغىنىنى تەكشۈرۈپ ئاندىن ئىنىقلىيالايمىز!...... ـ: ئۇنداق بولسا بۇ جايدا راستىنلا شۇنداق كۆپ بايلىق بارمىدۇ؟ ........ ئۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن بۇ سوئالنى سورىغىنىنى ماڭا نامەلۇم، بەلكىم ھەرقانداق بىر كىشى بايلىققا شۇنچە قىزىقىدىغان بولسا كېرەك...ئۇنىڭغا قانداق جاۋاپ بىرىشىمنى بىلەلمىدىم شۇڭا ـ: بەلكىم باردۇ، ياكى يوقتۇ...بىزنىڭ مەقسىدىمىز بايلىق بولماستىن بۇ جاينىڭ قەدىمكى تارىخى، شۇڭا بايلىقنى چەتتە قويۇپ قويۇپ تەكشۈرۈشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويساق قانداق دەيسىز، بەلكىم تەكشۈرۈش جەريانىدا چىقىپمۇ قالار!...... سۆزۈمنى ئاڭلىغان شىياڭشاۋ دەررۇ ئۆزىنى تۈزىۋىلىپ ـ: توغرا، توغرا...مەقسىدىمىز بۇ جاينى تەكشۈرۈش، سىز دىگەندەك بايلىقلارمۇ ئۇچراپ كېلىشى مۇمكىن، قالغىنى يولىمىزدا ئايان بولىدۇ قېنى

ماڭايلى!...... دېدى بىزگە يول باشلىغاچ. ئەجرىمىزگە يارىشا بارغانلىكى جايدا ياخشى تەكشۈرۈشلەر بولدى. ئىشىكلەرنىڭ ئۈستىدىكى يېزىقلاردىن بۇ جايىنىڭ ئۇردا ئىكەنلىكى ئىنىقلاندى. يەنە خۇشاللىنارلىق يېرى شۇكى يېزىقلارنىڭ ھەممىسى چىغناق تاغاق يېزىقلىرى ئىدى. دىمەك بۇ جاي ئاز دىگەندىمۇ مىڭ يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىدى. شۇنداق قىلىپ خېلى كۆپ جايلارنى تەكشۈرۈپ بولدۇق، ھەممىسى دىگۈدەك بۇ جايىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمى خارابىلىق ئىكەنلىكىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئىدى. بىر قاتار ئەۋرىشكە ئېلىپ ساقلىۋالغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىچكىرىگە قاراپ ئىلگىرلىدۇق. بۇ جايىنىڭ يەر شەكلىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ سېلىنىشىمۇ بىر سىر ئىدى.
ـ: تەكشۈرۈپمۇ چارچىغانسىز، بىردەم ئارام ئېلىۋالامدۇق؟ ... دېدى شىياڭشاۋ. ئۇنىڭ دىگىنىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى، كىرگەندىن تارتىپ تەكشۈرۈش ئىلىپ بارىمىز دەپ ئارامىمۇ ئالمىغان ئىدۇق. ـ: بولىدۇ، ئەمسە بىردەم ئارام ئىلىۋالايلى!...... دىدىم مەن سومكامنى يىغىشتۇرغاچ.
ـ: كۆپچىلىك بىردەم ئارام ئىلىۋىلىپ ئاندىن ماڭىمىز، ۋاقتنى چىڭ تۇتۇڭلار!......
شىياڭشاۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممىسى سومكا ـ بوغچىلىرىنى قويۇپ ئارام ئالغىلى تەمشەلدى. مەن بولسام ئەۋرىشكە ئىلىۋالغان نەرسىلەرنى رەتلىگەچ خۇلاسە دەپتىرىمگە تەكشۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ئارخىپىنى قالدۇرىۋاتاتتىم. ـ: قەھۋە ئىچىۋىلىڭ...... بىشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا ياردەمچىم ئالىننا يېنىمدا قەھۋەنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ قەھۋەنى ئىچكەچ ئۇنىڭدىن سورىدىم ـ: سىزچە بۇ جايىنى تەكشۈرۈپ يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەرمىزمۇ؟ ئۆزى ئاق كەلگەن سېرىق چاچلىق بۇ قىز ياردەمچىم كۈلۈپ كېتىپ ـ: ئەلۋەتتىدە!...ئىنىقلا تۇرمامدۇ، بۇ جايىنى تەكشۈرسەك چوقۇم بىز ئويلىمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىششىمىز مۇمكىن!...... ئۇنىڭ سۆزىدىنلا قەتئىيلىكى چىقىپ تۇراتتى. بىز بىردەم ھاردۇق ئىلىۋالغاچ قورسىقىمىزنى تويغۇزىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئالدىمىزدا يەنە تېخى نۇرغۇن تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى بار ئىدى، شۇڭا بەلگىلىگەن كۈنىمىزدىنمۇ ئېشىپ كىتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ تەكشۈرۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىشنى قارار قىلدىم. بىز يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، ھەر بىر جايىنى تەكشۈرگەندە ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نەتىجىلەر چىقاتتى، بۇلارنى كۆرۈپ كەلگىنىمگە ھىچقانداق پۇشايمىنىم قالمىدى. بىز تەكشۈرۈش قىلىۋاتقاندا قوغدىغۇچىلارمۇ تەڭ بىز ـ بىلەن بىللە«تەكشۈرۈش»ئېلىپ بېرىپ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى سومكىسىغا قاچىلاپمۇ ئۈلگۈردى. ئۇ نەرسىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن قىممىتى بولمىغاچقا ئارتۇق سۆزلىمىدىم. شۇنداق قىلىپ بارا ـ بارا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، بىراق بىز تېخى ئوندىن بىر قىسمىنىمۇ تەكشۈرۈپ بولالمىغان ئىدۇق. ـ: ئەمدى تەكشۈرۈشنى توختىتىپ چېدىر ياسىغىدەك مۇۋاپىق جاينى تاپساق بولارمىكى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە بۇ توپا باسقان يېرىم تاملىق ئۆيلەردە تۈنىمەيلى يەنە!......دىدى شىياڭشاۋ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سائەتكە قارىدىم، كەچ بولۇشقىمۇ ئاز

قالغان ئىدى. ــ: بولدۇ، چارچاپمۇ قاپتىمەن قالغىنىنى ئەتە يەنە داۋاملىق تەكشۇرەيلى!......مەن شۇنداق دەپ كۆزۈمنى ئۇۋۇلىغاچ ئۇلارنى ئېلىپ سىرتتقا چىقتىم، دىگەندەك ئەتراپنى خېلىلا قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى. ــ: ۋۇي، راسلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتىغۇ!......... شىياڭشاۋ سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويۇپ ــ: بۇ جايغا چۈش ۋاقتىدا كەلگەن تۇرساق ئەلۋەتتە تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇدە...ھېلىمۇ خىلى جايلارنى تەكشۇرۈپ بولدۇق، قالغىنىنى ئەتە تەكشۇرۈپ چېدىر تەييارلىقىنى قىلايلى!......دىدىدە ئەزالىرىنى يىغدى. بىز چېدىر ياساشقا مۇۋاپىق كىلىدىغان جاينى تاپقاندىن كيىن چېدىر ياساش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتۇق. ــ: ئالىننا، سىز ئايال كىشى بولغاندىكىن چوقۇم يالغۇز يېتىشتىن قورقىسىز...بولمىسا مىنىڭ چېدىرىمدا بىللە قونامدۇق؟ خى خى خى!......... شىياڭشاۋنىڭ بىمەنە چاقچىقىدىن ئاچچىقى كەلگەن ئالىننا رەددىيە بەردى ــ: ئىشىڭىزنى قىلىڭە!...مىنىڭ كۈنۈم ئاساسەن دىگۈدەك مۇشۇنداق يەرلەردە ئۆتىدۇ، شۇڭا مەندە بۇنداق جايلارغا نىسپەتەن قورقۇنۇچ مەۋجۇت ئەمەس. يەنە كېلىپ ئېشىپ ـ تېشىپ سىزنىڭ يېنىڭىزدا پاناھلىنامدىمەن...ئۇخلاپ چۈشىڭىز!......... ــ: ھا ھا ھا!......ئۇنداقتا يىرىم كېچىدە ئالۋاستى كېلىپ قالسا مەندىن رەنجىمەڭ جۇمۇ!...ئۇچەيلىرىڭىز دەرەخنىڭ غوللىرىغا ئېسىلىپ قالغاندا پۇشايمان قىلىسىڭىز كېچىكىسىز!...... ــ: ناھايىتى بىمەنە ئادەمكەنسىز، قانداق چاقچاق بۇ؟ ...خەپ شۇ چاغدا ئۇچەيلىرىم ساڭگىلاپ قالغان ھالدا سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ كىتىمەن بىلىۋېلىڭ!...... ئالىننانىڭ بۇ سۆزىدىن تىرىككەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. شىياۋشاۋ بولدى قىلماي يەنە ــ: ۋاھ، سىز ئالۋاستى بولۇپ كەتسىڭىزمۇ ماڭ دىسىڭىز بىللە كىتىشكە رازى جۇمۇ مەن!...دەپ قويدى. بىز شۇ تەرىقىدە چېدىرلارنى تەييار قىلىۋېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كيىن ئوتتۇنلارنى تېرىپ كىلىپ گۈلخان يىقىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتۇق. ئارىدا قوغدىغۇچىلاردىن بىرى مەندىن سورىدى ــ: پىرافىسسور ئەپەندىم سىزچە دۇنيادا ئالۋاستى بارمىدۇ؟ ...... ــ: مەنچە يوق...چۈنكى پەن ـ تېخنىكا جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئېتراپ قىلمايدۇ. ئۇنداق نەرسىلەرنى كۆرگۈچىلەر پەقەت بېسىم تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغان ئىللۇزىيە كۈچىدىن نەتىجىسىدە چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرگەندەك ئويلاپ قېلىشى ياكى زىيادە چارچاش سەۋەپلىك كۆزىگە شۇنداق نەرسىلەر كۆرۈنۈپ كىتىشىنى ئۆز ئېچىگە ئالىدۇ. قانداقتۇر روھلارنىڭ، ياكى ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ تىرىلىپ بىزلەرگە ھۇجۇم قىلىشى ياكى يەرشارىدا ئېقىپ يۈرىشى بىر بىمەنە سەپسەتە!...ئۇ پەقەت خىيال قىلىش ئېگى چىكىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر قىسىم رىئالىزىمچىلارنىڭ ئويدۇرمىسى خالاس!......... ئۇ مىنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ يەنە ھەيران بولۇپ سورىدى ــ: ئۇنداقتا دۇنيادا راسلا ئالۋاستىلار مەۋجۇت بولمىسا، شۇ گەپ سۆزلەرنى تارقاتقۇچىلار«ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم»دەپ سۆزلەيدىكەنغۇ؟ ... ئۇنىڭ سۆزى كۈلكەمنى قىستاپ كەتتى ــ: ھا ھا ھا......مەن ھازىر دىدىمغۇ، خىيال قايىنىمىغا زىيادە كىرىپ كەتكەندە ئادەمدە خاتا سېزىم پەيدا بولىدۇ. ئۇ كىشى كۆرگەن ئويلىغانلىرىنى راستەك ھىس قىلىدۇ. بۇمۇ

ئەمەلىيەتتە بىرخىل كېسەللىك ھېساپلىنىدۇ. ساڭا دېسەم ئادەمنىڭ مېڭىسىنىڭ ئىشلەش ۋاقتى بولىدۇ، خۇددى ھازىر سەن ئارام ئېلىشقا مۇھتاج بولۇپ چىدىر تىككىنىڭگە ئوخشاش...مىڭە ئارام ئالماي ئىشلەۋەرگەندە تەبىيلا نىرۋا سىستىمىسى قالايمىقانلىشىپ ساختا سېزىم پەيدا بولىدۇ، بۇ دەل مېڭە چارچاپ ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ۋاقتى، ئەگەر سەن ئارام ئېلىشقا يول قويماي داۋاملىق ئىشقا سالساڭ ئۇ چاغدىكى ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس...ھەممە ئىش خىيالىڭنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇدە ئۆزۈڭ خالىمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ سېلىشىڭ مۇمكىن. مەسىلەن ئېلىشىپ قىلىش، ئۇقۇشماي ئادەم ئۆلتۈرۈش...قالغىنىنى دىمەي ئىشقىلىپ ياخشى بولمايدۇ چۈشەندىڭمۇ؟ ...... ئۇ بىشىنى لىڭشىتتى، ئەمما يەنىلا قايىل بولمىغاندەك قىلاتتى............ ـ: ئۇششششششششششششش!............ غېنى خاتىرىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئابلاكام بىزنى شۈكلىتىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. ـ: بىر ئاۋاز ئاڭلىغاندەك قىلدىم، ھىچقايسىڭلار مىدىرلىماڭلار...چىراقنى ئۆچۈرۈپ جىم تۇرۇڭلار... بىز قولچىراقنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆچۈرۈپ سىرتتىكى ئاۋازغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدۇق............

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب3 ـ قىسىم)

دىگەندەك سىرتتىن مەلۇم ئاۋازلار ئاڭلىنىۋاتقان بولۇپ ئالۋاستىلارنىڭ ئويغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ـ: ئۇلار بۇ جاينى تېپىۋالارمۇيا؟ ... دىدى نىجات بوش ئاۋازدا. ئابلاكام:ئۇششش!...گەپ قىلما، بۇ جاينى توسۇۋەتتۇق كىرگەن تەقدىردىمۇ بىزنى بايقىشى تەس......... دىدى جاۋابەن. دىگەندەك تاراق ـ تۇراقلاردىن كىيىن ئاۋازلار بارا ـ بارا يىراقلاپ يوقاپ كەتتى. بىز بىردەم تۇرىۋالغاندىن كىيىن ئەتراپنىڭ بىخەتەرلىكىنى ھىس قىلىپ قولچىراقنى قايتىدىن ياقتۇق. ئابلاكام غېنىدىن ـ: ھە داۋاملىق ئوقۇ، بايا كەلگەن يىرىڭنى تاپالارسەن ھە؟ ...دەپ سورىدى. غېنى ـ: تاپالايمەن، شۇ جاينى قولۇمدا تۇتىۋالغان ئەمىسە داۋامىنى ئوقۇي ھە!......دىگىنىچە خاتىرىنى ئېچىپ داۋامىنى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى ـ: بىز شۇ تەرىقىدە قەدىمدىن تىلغا ئېلىنىپ كىلىۋاتقان روھ، ئالۋاستىلار ئۇستىدە بىردەم پاراڭلاشتۇق ئۇنىڭدىن كىيىن بارا ـ بارا ئۆچەي دەپ قېلىۋاتقان چوغقا ئازراق ئوتۇن تاشلىۋىتىپ ئۇخلاشقا تەمشەلدۇق. شۇندا ھاجىتىم سەل قىستاپ قېلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھاجەت قىلىشقا ئەپلىكرەك جاينى ئىزدەپ ماڭدىم. ئاردىن بىرى ئورنۇمدىن تۇرغىنىمنى كۆرۈپ سورىدى ـ: پىرافىسور، بۇ كەچ بولغاندا يەنە قەيەرنى تەكشۈرمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ ... ـ: ھاجەت قىلغىلى ئەپلىكرەك جاينى تەكشۈرۈپ كىلەي دەيمەن!...... سۆزۈمنى ئاڭلاپ ھەممىسى كۈلۈپ كىتىشتى ھەمدە بىرى ـ: دىققەت قىلىڭ ئالۋاستىدىن بىرەرسى ئۇچراپ قېلىپ يەپ كەتمىسۇن سىزنى، ھىچ بولمىغاندا چىشلىۋالسا سىزمۇ مۇردا بولۇپ قالىسىز جۇمۇ......بىلىسىزغۇ جۇڭگو موردا ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جاي ھا ھا ھا!......... ئۇنىڭ سۆزىگە كۈلۈپلا قويدۇم، ئەمما ئىچىمدە راسا تىللىۋالدىم. چۈنكى بۇنداق قاراڭغۇدا يەنە كېلىپ نەچچە مىڭ يىللىق خارابىيلىقنىڭ ئىچىدە

www.iptihar.net

ئالۋاستىنىڭ گېپىنى قىلسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇدە!...ئۇنىڭ ئۈستىگە بايىلا مۇشۇ توغرىسىدا پاراڭلاشقان تۇرساق. ئورنۇمدىن تۇرۇپ بوپتىكەنمەن يانالمىدىم، ئەگەر تىخى قوپمىغان بولسام ئاستا ئۇخلىۋالاتتىم. شۇڭا ئۆز ـ ئۆزۈمگە «بايا ئىنكار قىلغان تۇرۇپ يەنە نىمىدىن قورقاتتىڭ!...»دەپ تەسەللىي بىرىپ قاراڭغۇلۇقتا شۇڭغۇدۇم. ھاجەت قىلىۋاتقاچ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ بولۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەتراپىنى كۆزىتىۋاتقىنىمدا توساتتىن يىنىمدىراق بىرنىڭ قارا گەۋدىسىنى كۆرۈپ قالدىم. چۆچۈپ كەتكەن بولسامۇ يەنىلا ئۆزۈمنى بىسىۋىلىپ بەلكىم قوغدۇغۇچىلار ياكى ياردەمچىمدىن بىرەرسى ھاجەت قىلغىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. بىراق يەنىلا ئەس يادىم شۇ قارا گەۋدىدە ئىدى. مەن بۇياقتا ماڭغاندا بىرەرسى كەينىمدىن كەلگەندەك قىلمىغانىغۇ؟ ...شۈبھىلىنىپ تۇرغىنىمدا قارا گەۋدىدىن سادا كىلىپ مىنى چۆچىتىۋەتتى ـ: ھاجەت قىلىپ بولغاندىن كىيىن قايتىپ كەتمەي نىمە تۇرىسىز؟ ...... چۆچۈپ ئىشتىنىمنى چالا ئېتىپ سورىدىم ـ: سىز...سىز...قاچان كەلگەنتىڭىز؟ ... بۇ ئىنىقلا شىياڭشاۋنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئېغىر ئاۋازدا ـ: مەن كەلگىلى خېلى بولدى، سىز ئەمدى كۆردىڭىزما؟ ... دىدى جاۋابەن. ـ: شۇ...شۇنداق ئەمدى كۆردۈم. ئادەمنى قورقۇتقىچە بايىلا مەن بىلەن بىللە كەلسىڭىز بولماسمىدى!...... ئۇنىڭدىن جاۋاپ كەلمىدى. مەن ھاجىتىمنى قىلىپ بولۇپ چىدىرغا ماڭغىنىمدا ئۇنىڭدىن يەنە سادا كەلدى ـ: مەن بۇ جايدا بىر ئىش چىقىدىغاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن...مۇمكىن بولسا تەكشۈرۈشنى تىزرەك تاماملاڭ، ئامال بار چېقىلىشقا تىگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرگە چېقىلماڭ!...... مەن ئۇنىڭ تۇرۇپلا بۇنداق سۆزلەپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولدۇم، ئەزەلدىن مەن چېقىلما دىسەم پەرۋا قىلماستىن ئالدىغا ئۇچرىغاننى سومكىغا قاچىلاپ ماڭغان ئادەمنىڭ تۇرۇپلا بۇنداق دىيىشى سەل بىنورمال ئىدى. مەن گەپ قىلماي چىدىرغا يىنىپ كىلىپلا چۆچۈپ كەتتىم، چۈنكى شىياڭشاۋ تىخىچە قول ئاستىدىكىلەر بىلەن كۆلۈشۈپ ئولتۇراتتى. شۇندا دەرھال بايىقى جايغا قارىدىم ئەمما ھىچنىمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ـ: ھە پىرافىسور ئۇ جايدا ھاڭۋېقىپ قاپسىزغۇ؟ نىمانداق ئۇزاق يوقاپ كىتىسىز...... شىياڭشاۋنىڭ ئاخىرىدا نىمە دىگەنلىكىنى ئۇقالمىدىم، بىراق ئۇلار تېلىقىپ كۆلۈشۈپ كىتىۋاتاتتى. مەن بولسام پۇت ـ قولۇم تىترىگىنىچە ئاستا جايىمغا يىنىپ كەلدىم ھەمدە ـ: ھىچ ئىش يوق، مەن ئارام ئالاي!...... دىگەچ چىدىرىمغا يىنىپ كىردىم، ئۇلار يەنە نىملەرنىدۇر دىيىشىپ كۆلۈشۈپ ئولتۇراتتى، بىراق ھىچقايسىسى قۇلۇقۇمغا كىرمىدى. چىدىرغا يىنىپ كىرىپ يەنە بايىقى ئىشنى ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئويلىغانسىرى ئەقلىم يەتمەيۋاتاتتى، قانداق بولۇپ شىياڭشاۋنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋازدا بىرسى ماڭا گەپ قىلىدۇ...يەنە قانداق بولۇپ مىنىڭ كەينىمدە قالغان ئادەم مەندىن بۇرۇن يىنىپ كىلىپ بولىدۇ؟ ...بايىقى ئىشلارنى چۈشىنەلمەي ئولتۇرغىنىمدا ئالىننا چىدىرغا كىرىپ كەلدى ـ: ئۈيقۇڭىزنى بۇزۇپ قويدۇممۇ؟ ... ـ: ھە ياق، ئولتۇرۇڭ...سىزمۇ ئۇخلىماپسىزدە؟ ...... ئالىننا بىردەم تۇرۇپ كىتىپ ـ: راستىنى دىسەم بۇ قوغدىغۇچىلارنىڭ

مەقسىدى باشقىدەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ جايدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى كۆزلەپ كىرگەندەك!.........قارىماسىز يەنە تېخى ئەدەپسىزلىكىنى، تەپ تارتماستىن ماڭا چاقچاق قىلىپ يۈرسە ئادەم قانداقمۇ خاتىرجەم بولىدۇ!......دىدى ئۇھسىنىپ قويۇپ. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئۇلارنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەندەك قىلغان ئىدىم، ئۇلارنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئامانلىقىمىز ئۈچۈنلا ياللىغان ئىدۇق بىراق ئۇلارنىڭ مەقسىدىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى دەسلەپتە مەنمۇ ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. شۇڭا ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ ـ: ھېچقىسى يوق، ئۇلار قوغدىغۇچى بولغاچقا ئەشۇنداق كۆڭلىدىكىنى تۈزلا ئېيتىپ كۆنۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن...تەكشۈرۈشمۇ تۈگەي دىدى، چىداپ تۇرۇڭ بولامدۇ...قالغىنىغا سىزنى مەن ھىمايە قىلىمەن!......دىدىم. مالىنىنامۇ ئارتۇق سۆزلىمەي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ـ: بولىدۇ، ئەمىسە مەن چىقىپ ئارام ئالاي سىزمۇ بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ!......دىگەچ سىرىتقا ماڭدى. مەن ـ: قورقۇمدىكەنسىز؟ ...ئەگەر قورقۇدەك بولۇپ قالسىڭىز ئورۇنىڭىزنى يۆتكەپ كىرىڭ، بۇ جايمۇ كەڭرى بولغاندىكىن!...دىدىم ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، ئۇمۇ جاۋابەن ـ: ھېچقىسى يوق پىرافىسور، مەن سىز بىلەن تەكشۈرۈشكە چىقىش جەريانىدا يۈرۈكۈمىمۇ پىشىپ قاپتۇ، ئانچىكى جايلاردىن قورقۇپمۇ كەتمەيمەن!......دىدى مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ. ئەمىسە مەن چىقىپ كەتتىم ياخشى ئارام ئېلىڭ!...... ـ: بولىدۇ سىزمۇ شۇ!......... ئالىنىنا ئايال كىشى بولغان بىلەن ھەقىقەتەن يۈرەكلىك ئىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ شۇ مىجەزىنى ياقتۇراتتىم. بىللە خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۇ خۇددى مىنىڭ قىزىمدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى، گاھىدا خۇشلىقى تۇتسا ماڭا ئەركىلەپمۇ قوياتتى. ئالىنىنا چىقىپ كەتكەندىن كىيىن قولۇمغا قەلىمىمنى ئېلىپ ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ قىلىدىغان ئىشىم كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ بۈگۈنكى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى تەپسىلىي يېزىشقا باشلىدىم!............ ـ: ئۇھا!...ئەجەپ تەسكەن بۇ تەرجىمە قىلماق!...دىدى غېنى بېلىنى رۇسلىۋېلىپ. نىجات ـ: راس، راس...سىنىڭ بىر نەرسە تەرجىمە قىلمىقىڭ ئېشەكنىڭ ئالتۇن ساڭقىمىقىدىنمۇ تەسكەن!...بىرخەتنى تەرجىمە قىلغۇچە ئون قېتىم«ھە»نى ئارىلاشتۇرىۋېلىپ گەپىڭمۇ پەيزىنى قويمىدىڭاۋە!...... نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. شۇندا رۇسۇل ـ: ھەي باللا، بىز تۈنجى كۆنى كىرگەندە بولغان ئىش ئېسىڭلاردا بارمۇ؟ مەنمۇ ھاجەت قىلغىلى بېرىپ نىجاتنىڭ سىياقىدا بىرسى بىلەن پاراڭلاشقانتىم. مانى ئاڭلاپ شۇ ئېسىمگە كىلىپ سەل قورقۇپ قالدىم جۇمۇ!...... رۇسۇلنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا نىجات سۆزلىدى ـ: ئېسىمىزدە بولمامدىغان، شۇ چاغدا سەن قورقۇپ ئىشتىنىڭغا سىيۋەتكەن...ۋەتتتتتتت!...... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەتتا ئابلاكام بىلەن سېلىمكامىمۇ ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كەتتى. رۇسۇل بولسا ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشتى ـ: ماڭەۋاي مىراخور!...تۈيۈقسىز ھاجەت قىلىۋاتسام گەپ قىلغاندىكىن شۇنداق بولمامدۇ، بەلكىم ھېلىقى ئورۇسمۇ شۇنداق بولغان بىراق خاتىرىسىگە نومۇس قىلىپ يازالمىغان نىمە!...... ـ: سەن خۇددى شۇ چاغدا ئۇ ئورۇس بىلەن بىللىدەكلا سۆزلەيسەنغۇي!...ئۇ

ھەرھالدا ساڭا ئوخشاش قورقۇپ كەتتىم دەپ ئىشتانىىغىنى قويۇپ بەرمەپتۇ!...... ئاردا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، شۇندا ئابلاكام بىزنى توختىتىپ ـ: ئۈنتۈپ قالماڭلار، بىزمۇ ھازىر دەل شۇلارنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلغان خارابىيلىقتا. يەنە كۈلكە چاقچاق بىلەن ئۇلتۇرۇپ ئالۋاستىلارنى چاقىرىپ كەلمەيلى، ئامال بار ئاستىراق پاراڭلىشايلى!.........دىدى پەس ئاۋازدا. بىز كۈلكە بىلەن ئولتۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدۇق، ياخشى ئابلاكام ئىسىمىزگە سەپ قويۇپتۇ........ئاردا غېنى يەنە سۆزلىدى ـ: ئوقۇيمەنمۇ ياكى بۇگۈن ئۇخلىۋىلىپ ئەتە ئوقۇيمەنمۇ؟ ...... ـ: ۋاي ئوقۇغىنە، ئەمدى خۇما تۇتقاندا ئۇخلايمەن دەيدىيا مۇنۇ!...ماڭ قارا، «ھە» بىلەن«ھى »نى تولا قىتىلىۋالماي خاتىرىدە بارىنى ئوقۇ جىما!.........دىدى نىجات قولىدا خەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. غېنى تىرىكىپ ـ: ھىچكىمنىڭ پىكرى چىقمىسا سىنىڭلا گىپىڭ تولىكەن، مەنبى روس تىلىنى ئوقۇپ چوڭ بولمىغان ئېلىپبە ئۆگۈنۈپ چوڭ بولغان...روسچىنى ئالىي مەكتەپتە ئاندىن ئۆگەنگەن تۇرسام راۋان ئوقۇيالايتىممۇ!......دىدى كايىپ. نىجات بولسا ـ: ھە بوپتۇ، قانداقلا قىلساڭ خىلى بەلەن ئوقۇۋاتىسەن...ئىشقىلىپ مۇشۇنىڭدىكىنى بىزگە تولۇق ئوقۇپ بەرسەڭ بولدى، بىلەلمىگەن يىرىڭ بولسا«ئاكا!...»لا دەيسە ئۆزەم چۈشەندۈرۈپ قويىمە قانداق؟ ...... نىجاتنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا غېنى خاتىرىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ـ: ئالە مانا«ئاكا!...»...ئۆزەڭ بىر قوللۇق تەرجىمە قىلە!......... ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىققاچقا نىجات دەررۇ ئۆزگەردى ھەمدە خاتىرىنى غېنىنىڭ قولىغا مەجبۇر تۇتقۇزغاچ ـ: يا، يا...ئوبدان ئاكا، ئاكا...ئاكا...مانا جىق دەۋەتتىم چېچىلماي ئولتۇرۇپ تەرجىمەڭنى قىلىۋىرە!......ماڭا تۇتقۇزۇپ قويساڭمۇ بەرىبىر ئېشەككە......ياق ساۋاتسىزغا خەت ئوقۇتقاندەكلا بىر ئىش بولىدۇ، شۇڭا چۈشىن بولسىمۇ قاسساپنىڭ سويغىنى ياخشى!...ھە تەرجىمەڭنى قىلەۋەر بىز چاۋاك چېلىپ ساڭا مەدەت بىرىمىز!......... نىجاتنىڭ قۇۋلۇق بىلەن قىلغان خۇشامىتى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى......ئابلاكام كۈلكىسىدىن توختىۋىلىپ ـ: ھوي شەيتان بىردەم جىم ئولتۇرساڭ بولمامدۇ، بىرمۇنچە ۋاقىتنى يىدىڭ سەن گەپ قىلىپ ئولتۇرۇپ. بۇ چاقچاقنى ئىككىنچى كۈنىدىكى ئىشنىمۇ بىلىپ بولار ئىدۇق...ھە ئۇكام ئوقۇۋىرە ئۇنى، بەش يىل تەقەززالىق بىلەن ساقلىغان نەرسىنى يۈرۈكۈم سەل قانغاندەك بولۇۋاتىدۇ ھە ئوقە داۋامىنى!...........دىدى غېنىغا ئىشارەت قىلغاچ. شۇنداق قىلىپ غېنى چىراق يورۇقىدا خاتىرىنىڭ داۋامىنى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى.........

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب4 ـ قىسىم)

ئورنۇمدىن چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتىم، چۈنكى چۈشلىرىم شۇنچىلىك قالايمىقان بولۇپ ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق ئىدى. ئاخشام كۆرگەن قارا گەۋدىنىڭ چىرايىنى چۈشۈمدە كۆردۈمىكىن تاڭ شىپاڭشاۋنىڭ بەدبەشىرە چىرايى ئىدى. چىدىردىن چىققىنىمدا ئاللىبۇرۇن تاڭ ئىتىپ كەتكەن بولۇپ قوغدىغۇچىلار ئەتتىگەنلىك ناشتىلىقلىرىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. كىچىچە كۆرگەن

قورقۇنۇچلۇق چۈشلىرىمنى«بەلكىم زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك!»دەپ ئويلىدىم. ـ: ئويغاندىڭىزمۇ پىرافېسسور!...كىلىڭە بىزنىڭ ناشتىلىقلاردىنمۇ ئازراق تېتىپ بېقىڭ!.........شىياڭشاۋ شۇنداق دىگىنىچە زىققا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈزۈن نەرسىنى چوغدىن ئىلىپ ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى قاقلانغان نەرسىگە قاراپ ھەيران بولۇپ سورىدىم ـ: نىمە بۇ؟ ......... ـ: بىلمىدىڭىزما؟ ...بۇ دىگەن بوغما يىلان، سەھەردىلا چېدىرنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپتىكەن تۇتىۋىلىپ كاۋاپ قىلىۋەتتۇق. تېتىپ بېقىڭە بەكلا يېيىشلىك!...... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى ـ: ياق، ياق...نېرى ئاپىرىڭ ئۇنى!...يىلاننى قانداقمۇ يىگىلى بولسۇن، بۇ ئادەم قېلىپىدىن چىققانلىقىقۇ!......... ـ: ۋوي، پىرافېسسور!...بۇ سىزنىڭ نىمە دىگىنىڭىز؟ ...يىلاننى يىسە ئادەم قېلىپىدىن چىققان بولامدا...سىز بىر پىرافېسسور تۇرۇپ يىلان گۆشىنىڭ مەدىتسىنادا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلمەي قالماسسىز ھە؟ ...... شىياڭشاۋ سەل خاپا بولۇپ سۆزلەپ كەتتى. مەن ـ: مەن ئۇنداق دىمەكچى ئەمەس...مەن پەقەت...مەن...... سۆزلۈرۈمنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمەيۋاتاتتىم، ھەم شىياڭشاۋغا نىمە ئۈچۈن ئۇنداق گەپلەرنى قىلغىنىمنىمۇ بىلمەيتتىم. پەقەت شىياڭشاۋنىڭ«يىلان گۆشى»دىگىنىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا ئاخشام كۆرگەن چۈشلىرىم كۆز ئالدىمدا نامايان بولغان ئىدى. شۇنىڭ تەسىرىدىنمىكىنتاك ئويلاشمايلا ئۇنىڭغا شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان ئىدىم. ـ: پىرافېسسور ئەپەندى سىز بۈگۈن باشقىچىلا بولۇپ قاپسىزغۇ، چىرايىڭىزمۇ شۇنداق تاتىراڭغۇ...سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ......دىدى شىياڭشاۋ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ. مەن يۈزۈمنى سىلىغاچ ئۇنىڭغا يۈزەكىلا جاۋاپ بەردىم ـ: ھە ياق، سەپەر هاردۇقى يىتىپ شۇنداق بولۇپ قالغان ئوخشايمەن...مەن بىردەم هاۋا يەپ كېلەي!......... مەن شۇنداق دىگىنىمچە نىشانسىز هالدا ئۇلاردىن يىراقلاشتىم. شىياڭشاۋ بولسا ماڭا قاراپ هاڭۋېقىپ قالغان ئىدى. مەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ يىراقراق جايدا يالغۇز هالدا بىر نىمىلەرنى خىيال قىلىۋاتاتتىم، ھىلىھەم كۆرگەن چۈشلىرىم مىنى سەل ئىككىلەندۈرۈپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخشام يۈز بەرگەن ۋەقە ھىچبىر كاللامدىن ئۆتمەيتتى. ـ: پىرافېسسور، بۇ جايدا ئۆزىڭىز يالغۇز نىمىش قىلىۋاتىسىز؟ ...... ئالىنىنانىڭ سۆزى بىلەن خىيالىم بۆلۈندى ـ: ھىچ نىمە......بىردەم هاۋا يەي دەپ تۇرۇۋىشۇم!...كىلىپ قاپسىزغۇ؟ ـ: ھە، قارىسام چېدىردا يوقكەنسىز شۇڭا قەيەردىكىن دەپ كىلىشىمتى. ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرۇپ كىتىپسىز بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ... ئالىنىنانىڭ ماڭا سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى. مەن جاۋابەن ـ: ياق ھىچ ئىش يوق، كىچە بەك چارچاپ كەتكەن ئوخشايمەن تازا ياخشى ئۇخلىيالمىدىم...سىزچۇ، كىچە قورقتىڭىزمۇ؟ ... ـ: ھە، ياقەي...كۆنۈپ قاپتىمەن ئۈيقۇم نورمال......مەنچە ئۆزىڭىزگە بەك بېسىم قىلىۋالماڭ، ياشىنىپ قالغاندا ئارام ئېلىش ئەڭ مۇھىم!...... ئۇ كۈلۈپ قويۇپ ـ: ئەمىسە مەن قايتاي سىز بىردەم هاۋا يەپ بولۇپ كىلەرسىز!......دىگىنىچە چېدىر تەرەپكە قايتىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا كۆيۈنۈپ قىلغان سۆزلىرىدىن ئۆزۈمگە ئازراق بولسىمۇ تەسكىنلىك

تاپتىم، ھەممە يەنە بىردەم تۇرىۋېتىپ چىدىرغا يېنىپ كەلدىم. مەن كەلگەندە ئۇلار نەرسىلەرنى يىغىشتۇرىۋاتقان ئىكەن. شىياڭشاۋ كەلگىنىمنى كۆرۈپ ـ: پىرافىسسور، چىدىر مۇشۇ جايدا تۇرسا بولارمۇ ياكى بۈگۈن كەچ باشقا جايغا قۇرامدۇق؟ ......دەپ سورىدى. مەن ـ: بۈگۈن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرىشىمىز مۇمكىن شۇڭا چىدىرنى يۆتكەپ ئىلىپ كىتەيلى...بۇ جاينىڭ مۇساپىسىمۇ خىلى ئۇزۇنكەن!.........دىدىم سومكىنى دولۇمغا ئاسقاچ. شىياڭشاۋ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى ـ: چىدىرنى سۆكۈپ ئېلىڭلار، يەنە باشقا جايغا تەكشۈرۈشكە بارىمىز!......... بىز يۈك ـ تاقلارنى ئىلىپ خارابىلىقنىڭ يەنىمۇ ئىچكىرىسىگە تەكشۈرۈشكە ئاتلاندۇق. ھەربىر جاينى تەكشۈرگەندە ئوخشىمىغان يىڭى بايقاشلارغا ئىگە بولاتتۇق. بەلكىم بۇندىن بۇرۇن بىرەر تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ جاينى قېدىرىپ باقمىغان بولسا كېرەك، ھەممە نەرسە ئەينى يىللاردىكى ھالىتىدە نەچچە مىڭ يىل ساقلىنىپ تۇرغان ئىدى. بىر خېلى كۆپ جاينى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كىيىن ئارام ئالغاچ چۈشلۈك غىزالىرىمىزنى يىيىشىپ پاراڭغا چۈشتۇق.

ـ: پىرافىسسور سىز بۇ جاينى قانداق بايقاپ قالدىڭىز؟ ...دىدى قوغدىغۇچىلاردىن بىرى. مەن جاۋاپ بىرىپ بولغۇچە شىياڭشاۋ ئېغىز ئاچتى ـ: قانداق بايقاپ قالاتتى، بۇ ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ قۇلىقى بەك ئۇزۇن شۇنداقلا يىپ ئۇچىنى تۇتىۋالسا قويۇپ بەرمەيدۇ...شۇنداقمۇ پىرافىسسور!... شىياڭشاۋ شۇنداق دىگىنىچە ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. مەنمۇ ھەم ئارتۇق سۆزلىمەي بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويدۇم. ـ: پىرافىسسور!...دىدى شىياڭشاۋ يەنە ئۇلاپلا ـ: ئەگەر بۇ جايدىن بايلىق چىقىپ قالسا قانداق قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسىز؟ ... ئۇ مەندىن بىرەر ئۆزىگە پايدىلىق بولغان جاۋاپنى كۈتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ـ: سىز قانداق بايلىقنى دىمەكچى؟ ...كۆرۈپ تۇرۇپسىز بىز تەكشۈرۈپ چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك چوڭ بايلىق. بۇ خارابىلىقنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىنىڭ ئۆزىمۇ تىپىلغۇسىز چوڭ بايلىق، يەنە قانداق بايلىقلارنى دىمەكچى سىز؟ ...... شىياڭشاۋ كىنايىلىك كۈلۈپ قويۇپ ـ: بۇلار پەقەت سىز ئۈچۈن بايلىق ھېساپلىنىدۇ، بىزدەك بۇ ساھەدىن ئازىراقمۇ خەۋىرى يوق كىشىلەرگە نىسپەتەن بۇلارنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. مىنىڭ دىمەكچى بولغىنىم ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى دەيمەن!......مىنىڭچە بۇنداق چوڭ خارابىلىقتىن ئازىراق بولسىمۇ بايلىق چىقماسلىقى مۇمكىن ئەمەسقۇ دەيمەن!...... ئۇنىڭ مەقسىدىنى ئىنىقراق چۈشەنگەندەك بولدۇم ـ: ئۇنداق بولغاندا نىمە قىلماقچى سىز؟ ... ئۇ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى ـ: نىمە قىلماقچى سىز؟ ...بۇ بىر بىمەنە سوئال بولغىنىنى ھىس قىلمىدىڭىزما؟ ...بايلىق بولغانىكەن ئەلۋەتتە نىمە قىلىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. كىم تاپقان بولسا شۇنىڭ بولىدۇ، دېمەك بىز تىپىۋىلىپ قالساق ئىنىقلا بىزگە تەۋە...شۇڭا راستىنلا بايلىق ئۇچراپ قالسا ھەممىمىز تەڭ بۆلۈشسەك توغرا بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. سىزنىڭ توپا، چىقىق بۇيۇملارنى تەكشۈرىشىڭىزنىڭ مەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ھەم ئۇلارغا قىزىقمايمەن، مەن پەقەت بايلىققىلا قىزىقىمەن بىلدىڭىزمۇ پىرافىسسور!......... ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ماڭا تەھدىت

سىلىغۇاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى، ئەتراپتىكىلەر بۇ ھالدىن ھاڭۋىقىپ قېلىشقان ئىدى. مەن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ سوغۇققانلىق بىلەن ئېيتتىم ـ: ئىختىيارىڭىز...مەن سىزنى بىزنىڭ ئامانلىقىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ياللىغان، ۋەزىپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا ئارتۇق پىكرىم يوق!...... ھازىر شۇنداق دىمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ بۇگۈن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارلاپ ماڭا ئوچۇق ـ ئاشكارە تەھدىت سىلىۋاتاتتى. ـ: تۇرۇۋڭلار بۇرادەرلەر، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى!........دىدى شىياڭشاۋ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ. ئاندىن ماڭا ـ: پىرافىسور ئەپەندى، سىزگە ئالاھىدە ھۆرمىتىم بار. شۇڭا ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشماي ئۆز خىزمىتىڭىزنى قىلىڭ، بىزمۇ ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى...ئەلۋەتتە سىلەرنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىسمىزدىن چىقىرىپ قويمايمىز، بۇ كەسپىي ئەخلاق مەسىلىسى!...ئەگەردە ئۇنداق بولمىسا سىزگە بولغان ھۆرمىتىمنى قايرىپ قويۇشۇم مۇمكىن!......دىدى قورالىنى تاراقلىتىپ قويۇپ. ئۇنى ياللىغىنىمغا پۇشايمان قىلغان بولسامۇ ئەمما بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى ئېچىنغاننىڭ پايدىسى يوق ئىدى. ئامالسىز ئەزالىرىمنى ئېلىپ داۋاملىق ھالدا تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن ئاتلاندىم. بىز خېلى كۆپ قىسىم جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بىرىپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. بۇ جەرياندا خارابىيلىقنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى پۈتۈنلەي تەكشۈرۈلۈپ بولغان ئىدى، ئەمدىكى نىشانىمىز بولسا ئەڭ ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىش ئىدى. كۆپ جايلارنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ماڭغاچقا يەنە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، بىز ئامالسىز تەكشۈرۈشنى توختىتىپ شۇ جايدا چېدىر قۇرۇشنى قارار قىلدۇق. قوغدىغۇچىلار بولسا چېدىر قۇرۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. ـ: جاپا چەكتىڭىز پىرافىسور!...... دىدى ئالىننا يېنىمغا كېلىپ ـ: بەك چارچاپ كەتمەك، بەرىبىر چارچاپ نەتىجە ھاسىل قىلسىڭىزمۇ ئۇ ئەبلەخلەرگە پايدىسى باركى زىينى يوق!...چۈنكى بايلىق قازىدىغان كانى بولۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ!...... دىدى چېدىر قۇرۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكىلەرگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان شىياڭشاۋغا قاراپ. ئۇمۇ گېپىمىزنى ئاڭلاپ قالغاندەكلا بىزگە قاراپ قويۇپ يەنە ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. مەن ئالىنناغا ـ: ھېچقىسى يوق، ئۇلار نىمىنى خالىسا ئېلىۋەرسۇن...ھازىر ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپلا قويساق مەنغۇ مەيلى بىراق سىلەرگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن. بوپتۇ باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق، سىزمۇ ئارتۇق ئويلىماي ئۆز ئىشىڭىزنى قىلىڭ ھە......دىدىم. ئالىننا يەنە قايىل بولماي ـ: ئۇ ئەبلەخلەردىن كىم قورقاتتى، ناھايىتى شۇ قۇرالىغا ئىشىنىدۇ ئۇ تەييار تاپلار!...قۇرالى بولماي قالسۇنچۇ بىزنى ئەمەس ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدۇ ئۇلار!........ ـ: بولدى، ئۇلار بىلەن تەڭ بولمايلى، ئۆز ـ ئارا ئارازلاسساق ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇلارمۇ ئۆزى بىلگىنىنى قىلسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلايلى...كېلىڭ غىزالىنىۋېلىپ بالدۇرراق ئارام ئالايلى، ئەتە بۇ جاينىڭ ئاخىرقى تەكشۈرىشىنى تاماملاپ قايتىمىز!........ بىز كىچىلىك

تاماقنى يەپ بولۇپ ئارام ئالغىلى چېدىرلىرىمىزغا كىرىپ كەتتىشتۇق، قوغدىغۇچىلار بولسا خىيالىدىكى بايلىقلارنى ئولۇشۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تىنچىچە گۈلخان يېقىپ قويۇپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن چېدىرغا يېنىپ كىرىپ كۈندىلىك خاتىرەمنى يېزىشقا باشلىدىم. خۇشاللىنارلىق يېرى بىز ئەتە ۋاقىتنى چىك تۇتۇپ بۇ جاينىڭ پۈتۈن تەكشۈرىشىنى تامالاپ دۆلىتىمىزگە يۈزىمىز يورۇق ھالدا قايتىناتتۇق!......... ـ: بۇ شاڭشو دىگىنى ئەجەپ قارا نىيەت نىمىكىنا، ھىلىتىن بايلىقنى دەپ پىرافىسورغا تەھدىت سالغىنى نىسى دەيمە!...... دىدى نىجات ئۆزىنى بىسىۋالالماي. غېنى ـ: شاڭشو ئەمەس، شىياڭشاۋ دىگىنە ھەي...ئۇنىڭ مەنىسى قۇماندان دىگەندەك مەنىدە، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇنداق ئەمەس پەقەت تەخەللۇس قويىۋاپتۇ شۇ!......

ـ: ۋاي نىمە شاۋ بولسا ئىشقىلىپ ياخشى نىمە ئەمەسكەن، چوقۇم ئاشۇ شاڭجونىڭ قىلغان ئىشى مۇشۇنىڭ ھەممىسى!......دىدى نىجات يەنە. غېنى بولسا ئۇنىڭغا چۈشەدۈرۈپ بولالماي كۈلۈپ كىتىۋاتاتتى ـ: ھا ھا ھا، تىلى چىقمىغان باللاردەك گەپ قىلىدىكەن، نىمە ئۇ شاڭجو دىگەن؟ ...ھا ھا ھا!...... ـ: شۇ بۇ ئورۇسلارنىڭ ئىسمى ئادەمنىڭ ئىغىزىغا كەلمىسە قانداق قىلىمەن، ئاجايىپ ئىسىملارنى قويىۋالىدىكەن ئەمەسمۇ كاساپەتلەر!......... ئۇنىڭغىچە ئابلاكام بىز قاراپ قويۇپ ـ: ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئۇقتۇق، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى ھەقىچان...بۈگۈن ئارام ئېلىۋېلىپ ئەتە يەنە تەرجىمە قىلغىن، سەنمۇ قولچىراقنىڭ نۇرىدا بۇ ئىمىر ـ چىمىر خەتلەرگە قاراۋىرىپ كۆزۈڭمۇ تالغاندۇ ئارام ئالايلى!...دىدى. نىجات ـ: ئەجەپ بىر ھېكايە ئاڭلىغاندەك بولغانتىم...كىچىك ۋاقتىمدا موماممۇ ھىكايىنىڭ يىرىمىنى سۆزلەپ بېرىپ قالغىنىنى ئەتە سۆزلەپ بېرەي دەپ مەجبۇر ئۇخلىتىپ قويىدىغان!.........دىۋىدى غېنى قوپتى ـ: ھە، مەنبى ساڭا ھېكايە ئېيتىپ بىرىپ ئۇخلىتىپ قويغىلى موماڭ بولغىيتىم!......... ـ: ھى ھى ھى...سىنىڭ مۇشۇ قورۇق چىرايىڭنى كۆرسەملا مومامنى ئەسلەپ قالىمەن دىگىنە ئاداش!......... ئابلاكام كۈلۈپ كېتىپ ـ: بولدى شەيتانلار، ئەمدى ئۇخلاپ خاتىرىنىڭ داۋامنى ئەتە ئاڭلايلى. ھېلىمۇ چارچاپ قالدىڭلار بالدۇرراق ئۇخلاڭلار!......... شۇنداق قىلىپ خاتىرىنىڭ داۋامنى تىزرەك ئاڭلاش ئىستىكىدە يىتىپ ئۇيقۇغا غەرق بولدۇق. ئابلاكام بىلەن سىپىلمكام بولسا نىمىلەرنىدۇر دىيىشكىنىچە پاراڭلاشقاچ بىزنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى...........

كۈندىلىك خاتېرە(6 ـ باب5 ـ قىسىم)

ئويغانغىنىمدا باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتقان ئىدى. ئابلاكام بىلەن سىپىلمكام بولسا تامغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان ئىدى، ئۇلارنى كۆرۈپ«مەسئۇلىيەت» دىگەن سۆزنىڭ قانچىلىك ۋەزنى ئېغىرلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم. تۇرۇپلا ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىم تىخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. كىچىچە بىزنى قوغداپ بەك چارچاپ كەتكەن بولسا كېرەك ھىچنىمىنى تۇيمايىستىن ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنى ئويغۇتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاستا شەپە چىقارماي ئورنۇمدىن تۇردۇم...... ـ: ئويغاندىڭما!......... تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن

 www.iptihar.net

چۆچۈپ كىتىپ جايىمغا ئولتۇرۇپ قالدىم ھەمدە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم، سىلىمكام ماڭا قاراپ تۇراتتى. ــ: ھە...ھەئە!...قارىسام ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتىڭلار شۇڭا ئويغۇتىۋەتمەي دەپ......... سىلىمكام كۆزىنى ئۇۋۇلىۋىتىپ ئاستا بىلىنى رۇسلىۋالغاندىن كىيىن قالغانلارغا قاراپ قويۇپ ــ: ئۇلار تىخى ئويغانماپتۇ، ئابلاكاڭمۇ قاچانغىچە ئولتۇردىكىن سەزمەيلا ئۇخلاپ كىتىپتىمەن...بوپتۇ ئۇلار بىردەم ئۇخلىۋالسۇن، سەن قەيەرگە ماڭغىلىۋاتاتتىڭ؟ ... مەن يەرگە قاراپ جاۋاپ بەردىم ــ: ھا...جەت...كە، چىقاي دىگەن!......... ــ: ھا ھا ھا، قارا سىنى...شۇنىڭغىمۇ خىجىل بولۇش كىتەمدۇ!...كىلە بۇ تاشنى يۆتكىۋىتىپ چىقىپ كىر، بۇ چاقىقا تاڭمۇ ئىتىپ بولغاندۇ!......دىگەچ تاشنى يۆتكەشكە ئۇرۇندى. مەنمۇ بىرىپ ياردەملىشىپ تاشنى يۆتكىۋىتىپ ئىشىكنى ئاچتۇق. سىلىمكام ــ: توختا، سىرت بىخەتەرمۇ قاراپ باقاي!......دىگىنىچە خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ ئاستا سىرىتقا قاراپ ماڭدى. مەن بولسام سىلىمكامغا قاراپ تۇراتتىم، ئۇ سىرىتقا بىر چىقىپ كىرگەندىن كىيىن خەنجىرىنى غىلاپىقا سىلىپ قويۇپ ــ: بىخەتەركەن، ئاللىبۇرۇن تاڭ ئىتىپ بوپتۇ ماڭە تىزرەك چىقىپ كىر...بالدۇر كەل جۇمۇ!......دەپ قويدى. مەن بولسام بىشىمنى لىڭشىتقىنىمچە ئىشتىنىمنىڭ بىغىنى چىڭ تۇتقان ھالدا سىرىتقا قاراپ يۈگۈردۈم...... ــ: ھا ھا ھا!...بۇ بالىنىزە!........... مەن ھاجىتىمنى قىلىپ بولۇپ كىرگەندە ھەممىسى ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرىشاتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى دىققەت قىلمىغاچقىمىكىن ھىچقانداق ئەمەس ئىدى، بىراق بۈگۈن قارىغىنىمدا ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئىغىر دەرىجىدە چارچاپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن توپا ئۆرلەپلا تۇراتتى. ــ: ۋۇي، ئەتتىگەندە قەيەرگە بىرىپ كەلدىڭ؟ ... دىدى ئابلاكام ماڭا قاراپ. سىلىمكام ــ: كىچىچە سىرىتقا چىقالماي بۇرۇختۇم بوپ كىتىپتۇ بۇ، ئىشىكنى ئىچىپ بولغۇچە ئىشتانبىغىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى!........دىدى كۈلۈپ كىتىپ. شۇ ئاساستا ھەممىمىز يىغىلىپ ئەتتىگەنلىك ناشتىلىقىمىزنى قىلىۋالغاندىن كىيىن نىجات غىنىنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى ــ: ئاداش بولە ھىكايەڭنىڭ داۋامىنى ئوقە!...يامان قىززىق يىرىگە كەلدى جىما ئەمما!...... ــ: ماڭەۋاي، قۇلۇقۇڭغا غىجەك چالغاندەك ھىس قىلدىڭما؟ ...بۇ ھىكايە ئەمەس كۈندىلىك خاتىرە، راس بولغان ۋەئەقە مانداق!......... نىجات غىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ــ: ۋوجون!...ۋەئەقە دەپ كەتكىنىنى قانداق قىلاي ما ساختىا پەيلاسوپنىڭ...ۋەقە دىسەڭمۇ بولىدۇ پاساھەتلەشتۈرۈپ سۆزلىمىسەڭماۋە!......... ئارىغا ئابلاكام كىردى ــ: ھە چۈجە خورازلار، ئەمدى گەپ تالىشىشنى قويۇپ خاتىرىنىڭ داۋامىنى ئاڭلىساق بولارما؟ ...... نىجات ــ: بومماتىكى!...مەنمۇ شۇنداق دىگەن، لىكىن ما روس گىپىمنى چۈشەنمەدى بولغاي لىكسىيە سۆزلەپ ئولتۇرىدىغۇ تاڭ!...... ــ: ئوتىرە مىراخور، رۇسۇلدىن ئۆتۈپ ئەمدى ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتامسەن!...... ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كىتىۋاتاتتى. مەن ــ: نىجات گەپنى جىقاتماي جىم تۇرە ۋاقتىمىز قىس بىلىسەنغۇ!......دىدىم. شۇندا نىجاتمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئۇنىڭغىچە غىنى

خاتىرىنى ئېچىپ كەلگەن يېرىدىن باشلاپ تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى ــ: ئويغانغىنىمدا يەنىلا كەيپىياتىم شۇنداق تۇراقسىز بولۇپ كىچىچە قورقۇنۇچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ ھېرىپىمۇ كەتكەن ئىدىم. بۈگۈن كۆرگەن چۈشلىرىممۇ تۈنۈگۈن كۆرگەن چۈشلىرىمگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. يەنىلا شۇ شىياڭشاۋ بەدبەشىرە چىراي بىلەن كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى، بەلكىم بۇ ماڭا بېرىلگەن بېشارەت بولسا كېرەك!...كۆڭلۈمدە بىر ئىش چىقىدىغاندەكلا ھېس قىلىۋاتاتتىم، لېكىن نىمە ئىشلىقى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. بەلكىم ئارىمىزدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىدى، چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈن ماڭا ئوچۇق ئاشكارە تەھدىت سېلىپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىپ ئامال بار قارشىلىشىپ قالماسلىقنى توغرا تاپتىم. مەن چىدىرىدىن چىققاندا ئۇلار بەدەن چېنىقتۇرىۋاتاتتى، شىياڭشاۋ مىنى كۆرۈپ ــ: ئويغاندىڭىزمۇ پىرافىسور، تىزرەك ناشتىلىقىڭىزنى قىلىپ تەكشۈرىشىمىزنى داۋاملاشتۇرامدۇق؟ ...ھېلىمۇ بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى، شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈشنى تاماملىسىڭىز دەيمەن!.........دىدى ھەرىكەت قىلىۋاتقاچ. مەن ــ: بولىدۇ، مەنمۇ شۇنداق پىكىردە...ئەمسە ناشتىلىقىمىزنى قىلىۋالايلى!......دىدىم. شىياڭشاۋ ئۇلاپلا ــ: بىز ناشتىلىق قىلىپ بولدۇق، مەشىق قىلغاچ سىزنى ساقلاۋاتىمىز...ئۇنداقتا چىدىرلارنى يىغىشتۇرغاچ تۇرايلى سىلەر ناشتىلىقنى تىزرەك قىلىپ تەييار بولۇڭلار ئەمسە!......دىدى ھەرىكەتتىن توختاپ. مەن ياردەمچىللىرىم بىلەن ئەتتىگەنلىك ناشتىلىقنى قىلىپ بولۇپ تەييار بودۇق، ئۇنىڭغىچە قوغدىغۇچىلارمۇ چىدىرنى يىغىپ سومكىلارغا قاچىلاپ بولدى. شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى ۋەزىپىمىز باشلىنىپ كەتتى. بىز يەنە ئوخشاشلا خارابىلىقنىڭ ئىچكى قىسمىغا يۈرۈش قىلدۇق، تەكشۈرۈش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئارىدا تۇساتتىن بىرسى ۋارقىرىدى ــ: ھەي قاراڭلار بۇ نېمە؟ ......... ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەممىمىز شۇ تەرەپكە باردۇق. ئۇ قوغدىغۇچى قولىدا بىر دانە ئورغاقتا ئوخشايدىغان كىچىك نەرسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇ نەرسە قولدىن قولغا ئۆتۈپ غۇلغۇلا پەيدا قىلىشقا باشلىدى. بىرلىرى ــ: مەلۇم نەرسىگە ئىشلىتىدىغان كىچىك قۇرالكەن دىسە، بەزىلىرى دەرەخنىڭ قوۋزىقى، يەنە بەزىللىرى بۆزىنىڭ تىرنىقىكەن دەۋاتاتتى. شۇندا شىياڭشاۋ قولىغا ئېلىپ قاراپ باققاندىن كىيىن ئۇنى ماڭا تەڭلەپ ــ: قاراپ بېقىڭ، بەلكىم بۇمۇ چوڭ بايقاش بولسا كېرەك!......دىدى. مەن ئۇ نەرسىنى قولۇمغا ئېلىپ كۆزەتكىنىمدە ئۇنىڭ راستىنلا تىرناق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم ھەمدە بۇنى تېپىۋالغۇچىدىن ــ: بۇنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ ......دەپ سورىدىم. ئۇ بىر جاينى كۆرسىتىپ ــ: ئاۋۇ جايدىن تاپقان، دەسلىپىدە يەردىن ئۈنۈپ قالغان قۇرۇق ئوت ــ چۆپ ئوخشايدۇ دەپتىمەن، كىيىن بىرنى تەپسەم ئاجراپلا چىقتى، شەكلىگە قاراپ قىزىقىپ قالدىم!......دىدى مىنى باشلاپ ماڭغاچ. بىز ئۇ جايغا بېرىپ قارىغىنىمىزدا توپا ئارىسىدىن قۇرۇپ كەتكەن بىر نەرسە ئازراق نىسپەتتە چىقىپ تۇراتتى. شىياڭشاۋ بۇنى كۆرۈپ ــ: ئۇ قانداق نەرسە، بىرەر ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىمۇ نېمە؟ ......دەپ سورىدى. مەن ئۇ يەرنى كولىغاچ ــ: بەلكىم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ۋەياكى ئۇنداق ئەمەس

بولۇشى مۇمكىن!.........دېدىم بىشىمنى كۆتۈرمەي. ھەمدە ئۇ جايىنى كولاشقا باشلىدىم، ئەتراپتىكىلەر بولسا«نېمە چىقاركىن»دېگەندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. دېگەندەك كولىغانسىرى يەر ئاستىدىكى بۇ نەرسىنىڭ دائىرىسى كەڭرىشكە باشلىدى. مەن ياردەمچىللىرىمنى سەپەرۋەر قىلىپ بۇ نەرسىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قېدىرىشقا باشلىدىم. ئالاھەزەل ئىككى، ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ شەكلى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىغىنىمىزچە قېتىپ قالغان ئىدۇق. مەن بۇنى ئۆزۈمنىڭ غەلبەم دېيىشنى ياكى ئاۋارىچىلىككە يولۇقتۇق دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ـ: ئۇ قانداق نەرسە؟ .........دېدى شىياڭشاۋ ئەجەپلىنىپ. مەن بىردەم تۇرۇپ كېتىپ ـ: بۇ...شۇ زاماندا ياشىغان ئادەمنىڭ جەسىدى بولسا كېرەك!.........دېدىم. بىراق ئۇنىڭ ئادەم ياكى ھايۋان ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ بەدەن شەكلى ئادەملەرگە ئوخشىسىمۇ ئەمما ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئۆتكۈر تىرناقلىرى مېنىڭ پەرىزىمنىڭ ئەكسىچە چىقىۋاتاتتى. بايىقى كىچىك ئەۋرىشكە دەل ئۇنىڭ بارمىقىدىن ئوشتۇلۇپ چىققان ئۇزۇن ھەم توم تىرناق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جايغا قانداق كۆمۈلۈپ قالغانلىقى، چىش ۋە تىرناقلىرىنىڭ نېمىشقا بۇنچە ئۆتكۈر ئىكەنلىكى تېخىچە بىر سىر ئىدى. ـ: دېمەكچى بولغىنىڭىز.....دېدى شىياڭشاۋ ئۇ جەسەتكە بىر قارىۋېتىپ گۇمان نەزىرىدە ـ: سىز ئۇنى ئادەم دېمەكچىمۇ؟ ...... ـ: شۇنداق، ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئادەم!......... ـ: ئۇنداقتا شۇ دەۋرىدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق ئۆتكۈر چىشلىرى ھەم ئۆتكۈر تىرناقلىرى بار دېمەكچىمۇسىز؟ ........... شىياڭشاۋ سورىغان سۇئال دەل مەنمۇ ئايرىيالمايۋاتقان نۇقتا ئىدى. ـ: بۇنى مەنمۇ ئېنىق بىلەلمىدىم، بەلكىم تىرناق بىلەن چىش ئۇ كۆمۈلگەندىن كېيىن ئۇنۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن!...... شىياڭشاۋ گېپىمگە ناقايىل بولغان ھالدا دېدى ـ: بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!...چىشقۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، تىرناق دېگەن ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تەبىيلا ئۆسۈش ئىقتىدارىدىن قالىدىغان تۇرسا قانداقسىگە ئۇ كۆمۈلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ شۇنداق توم ئۇزۇن ئۇنۇپ چىقسۇن بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس!............. ـ: ئۇنداقتا سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟ ......دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. شىياڭشاۋ ماڭا قاراپ ـ: بۇنى مەن نەدىن بىلەي، سىز مۇشۇ ساھەدە تۇرۇپ ئېنىق چۈشەنچە بېرەلمەيۋاتىسىز مەن قانداقسىگە چۈشەنچە بېرەلەيمەن!.........بولسا بۇنى تەكشۈرۈپ باقسىڭىز ئاندىن نەتىجىسى چىقارمىكىن دەيمەن، سىزچىچۇ؟ ............ مەن بىردەم ئويلىنىپ قالدىم، دېمىسىمۇ بۇنىڭغا يۈزەكىلا چۈشەنچە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئالاھىدە تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا ئىسپاتلىغىلى بولاتتى. ـ: بۇنى بۇنداقلا تەكشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ...دېدىم مەن ـ: سەۋەبىنى تاپىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم ئېلىپ كېتىپ مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، بۇنداقلا ئاددىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس!........... سۆزۈمنى ئاڭلاپ شىياڭشاۋ خوش ياقمىغان

تەلەپپۇزدا ــ: قانداق قىلىسىڭىز بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، بىز بىلەن ئالاقىسى يوق. شۇڭا ئىلىپ كىتمەن دەپ قالسىڭىز ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىڭ، بىز پەقەت سىلەرنى قوغداش ۋەزىپىسى بىلەن بىللە كەلگەن تەتقىقات قىلىشىپ بىرىمىز دەپ ئەمەس!...........دەپ گەپنى ئۈزدى. بىراق مەن ئۈچۈن بۇ تەتقىقات ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، شۇڭا جەسەتنى مەلۇم دەرىجىدە پارچىلاپ ئەۋرىشكە سومكىسىغا قاچىلىدىم. شىياڭشاۋ ــ: بۇنى راستىنلا ئىلىپ كەتمەكچىمۇ سىز؟ ...ئەگەر ئۇنىڭ ئەرۋاھى كەينىڭىزدىن بىللە بېرىپ قالسا قۇتۇلالمايسىز جۇمۇ!.........دىدى مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ. مەن يەنىلا ئۇنىڭغا رەددىيە بەردىم ــ: سىزگە يەنە بىر قىتىم دەپ قوياي، ئىلىم ــ پەن ھەرگىزمۇ جىن ئالۋاستىلارنى ئىتراپ قىلمايدۇ، پەقەت ئەمەلىي نەتىجىنىلا ئىتىراپ قىلىدۇ. بۇنداق دەپ مىنى قورقۇتالمايسىز، شۇڭا سىزمۇ ئۆز ۋەزىپىڭىزنى ئادا قىلىسىڭىزلا بولىدۇ!.........ــ: خوپ پىرافىسور!......دىدى شىياڭشاۋ ماڭا كىنايە تەلەپپۇزىدا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئاندىن قول ئاستىدىكىلەرگە ــ: تەييارلىنىڭلار، تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىمىز...ئەگەر يەنە مۇشۇنداق نەرسىلەرنى بايقاپ قالساڭلار پىرافىسورنى تۇۋلاڭلار، ئۇ بۇلارغا بەك ئېھتىياجلىق!......دىدى ماڭا قاراپ قويۇپ. بىز شۇ تەرىقىدە تەكشۈرۈشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭدۇق. ئۇ جەسەتنى قېدىرىش ئۈچۈن خىلى ۋاقىت سەرپ بولغاچقا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەچمۇ بولاي دەپ قالغان ئىدى. بىز بىردەم ئارام ئالغاچ غىزالىنىۋىلىپ يەنە تەكشۈرۈشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئۈچ كۈن جەريانىدا بىز ئاز دىگەندىمۇ يەتتە سەككىز كىلومىتىر دائىرىدىكى جايلارنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ بولغان ئىدۇق. دىمەك خارابىيلىقنىڭ ئاخىرىقى نۇقتىسىغىمۇ يىتىپ كەلگەندەك قىلاتتۇق. كەچكە ئاز قالغاندا ھەممە جاينىڭ تەكشۈرۈشى تاماملىنىپ ھەممىمىز غەلبىمىز ئۈچۈن خۇشال بولىۋاتقاندا تۇيۇقسىز شىياڭشاۋنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتتى ــ: ھوي، قاراڭلار!...ئاۋۇ يەردە ئۆڭكۈر تۇرامدۇ نىمە؟ ......... بىز ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئالدى تەرەپكە قارىدۇق، دەرۋەقە تاغ قاپتىلىدا چوڭ بىر قاپقارا جاي تۇراتتى. يىراقتىن قاراشقا ئۇ يەر مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئىغىزىنى چوڭ ئېچىپ تۇرغان ھالىتىگىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. شىياڭشاۋ بىزگە ــ: نىمە، ئۇيەرنى تەكشۈرمەيلا قايتماقچىمۇ؟ بەلكىم ئۇ جايدا بىز ئويلاپمۇ باقمىغان چوڭ نەتىجىلەر، ھەم بىزنى تىڭىرقىتىپ قويغان سىرلىق سوئاللارنىڭ جاۋابى بولۇشى مۇمكىن!...كىرىپ قاراپ باقامدۇق؟ ...دىدى. كەسپىي كېسىلىم قوزغىلىپ تۇرۇپلا ئۇ جايدىكى شەيئىلەرگە قىزىقىشىم كۈچىيىپ قالدى. ــ: قانداق پىرافىسور، بىزنى قوغدىغۇچىلىقتا ياللىغاندىكىن قورقۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، قارا ئېيىق ياكى باشقا يىرتقۇچلار بولۇپ قالسا بىزنىڭ قوراللىرىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىسىنى شۇلىۋىلىپ قايتىمىز، سىزمۇ بىرەر نەتىجىگە ئىرىشىپ قالسىڭىز ئەجەپ ئەمەس...كىرىپ تەكشۈرۈپ باقامدۇق؟ ...دىدى شىياڭشاۋ. مەنمۇ ئارتۇق ئويلاشمايلا قوشۇلدۇم، ھەمدە تەكشۈرۈش تەييارلىقلىرىنى تولۇق قىلىۋىلىپ قولچىراقلارنى تەقلىشىپ ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق.............

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب6 ـ قىسىم)

ئۆڭكۈرنى ئالدىغا كەلگەندە نىمىشقىدۇر كۆڭلۈمنى بىرخىل ئەنسىزچىلىك قاپلىۋالدى. چۈنكى ئىككى كۈندىن بېرى چۈشلىرىم مەن ئويلىيالمايدىغان دەرىجىدە قورقۇنۇچلۇق ئىدى، شۇڭا خاتىرەمگىمۇ چۈشلىرىمنى تەپسىلىي بايان قىلغۇم كەلمىدى. ئىككىلىنىش ئىلكىدە ئۆڭكۈرگە قاراپ كىتىۋاتاتتۇق، قوغدىغۇچىلار قولچىراقلارنى يورۇتۇپ بىزنىڭ ئالدىمىزدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۆڭكۈرگە كىرگىنىمىزدە بولسا ئىچىنى بىرخىل مۇدھىش پۇراق قاپلاپ تۇراتتى.

ـ: ئاننائڭنى، ئۆڭكۈرگىمۇ ئىشىك بىكىتىپ قويغان بارمۇ ئەمدى؟ ...... شىياڭشاۋنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ قولچىراقنىڭ يورۇقى چۈشكەن جايغا قارىدىم. دەرۋەقە ئۆڭكۈردىن كىرىپ نەچچە مىتىر يىراقلىقتىلا سىپسىپ ئارانلا قالغان ئىشىكتىن بىرسى تۇراتتى. شىياڭشاۋ كېلىپ بىسىم بىلەن بىرلا تىپىۋىدى گۈلدۈر ـ قاراس ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئىشىك يىمىرىلىپ كەتتى. ـ: قارىغاندا ئۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلمىغىنىغا خىلى ئۇزۇن يىللار بولغاندەك قىلىدۇ، لىكىن نىمىنىڭ تەسىرىدىن بۇنداق چىرىپ كەتتىكىنە!.........دىدى شىياڭشاۋ ئىشىكنىڭ قېلىنلىقىنى دەڭسەپ بېقىپ. ئىشىك ھەقىقەتەن خېلى قېلىن بولۇپ مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى مۇشۇنداق چىرىپ كەتكەن ئىدى. بىردەملىك توپا ـ چاڭدىن كېيىن ئالدىمىزدىكى قاراڭغۇچىلىقتىن ناھايىتى كەڭ بىر زال نامايان بولدى. بىز قولچىراقلارنى ئىچىگە يورۇتۇپ ھەيرانلا قالغان ئىدۇق.

ـ: پاھ!.........بۇ ئۆڭكۈر ئەمەس شاھ سارىيىنىڭ ئۆزىكەنغۇ!.....ياكى بولمىسا مۇشۇ پادىشاھلىقنىڭ غەزىنىسىمىيا؟ ......... شىياڭشاۋ خۇشاللىقىدا ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. دەرۋەقە كۆز ئالدىمىزدىكى كاتتا بىر ئىمارەت بولۇپ، بىر قاراشتىلا ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ياسالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر تاش ھەيكەل قاتۇرۇلغان بولۇپ قارىماققا ئادەم سىياقتىكى يىرتقۇچتەكلا كۆرىنەتتى. شۇئان يادىمغا بىز قېزىۋالغان ھېلىقى نامەلۇم جەسەت كەلدى، توغرا!...بۇ ھەيكەل شۇ جەسەتكە بەك ئوخشايدىكىنا...مەن دەررۇ ئەۋرىشكە يىغىدىغان سومكىنى ئېلىپ جەسەتنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇردۇم، ھەم كاللام پىرقىرىغاندەك بولۇپ كەتتى. ـ: نىمىش بولدى پىرافېسور، بىرەر نەرسىنى بايقىيالىدىڭىزمۇ؟ ...دىدى شىياڭشاۋ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ. مەن بولسام نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالغان ئىدىم. مەندىن جاۋاپ چىقمىغىنىنى كۆرگەن شىياڭشاۋ تاقەتسىزلىنىپ يىنىمغا كەلدىدە سومكىدىكى جەسەتكە بىر قارىۋىتىپ ئاندىن ھەيكەلگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتتى. ـ: ئاۋۇ ھەيكەل راسلا بۇ جەسەتكە ئوخشايدىكەنغۇ؟ ...ئۇنىڭ ھەيكىلى قاتۇرۇلغىنىغا قارىغاندا بۇ جەسەت ئالاھىدە بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن!.....ياكى پادىشاھ شۇ ئەمەستۇ ھە!......... شىياڭشاۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كاللام يورۇغاندەك بولدى. توغرا، بۇ چوقۇم ئالاھىدە بىر ئادەمنىڭ جەسىدى بولۇشى مۇمكىن...لىكىن قايسى دەرىجىدىكى ئەمەلداردۇ؟ پادىشاھ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى پادىشاھنىڭ قەبرىسى ئەڭ ئالاھىدە جايغا دەپنە قىلىنىشى كېرەك، بۇنداق يەر ئاستىغىلا كۆمۈپ قويماس...ياكى قەبرىسىنىڭ ئورنىنى يوشۇرۇش

ئۆچۈن شۇنداق قىلغان بولسىچۇ!......... ئويلىغانسېرى كاللام ئىلىشىپلا كېتىپ باراتتى. شۇڭا ھەرقانداق مۇمكىنچىلىككە بوشلۇق قويۇپ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرمەكچى بولدۇم. ـ : شىياڭشاۋ، بىزنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېلىپ كىرىسىڭىز بولامدۇ!......دېدىم مەن ئۇنىڭغا. شىياڭشاۋ دولىسىنى قىسىپ قويۇپ ـ : ئەلۋەتتە......بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز تۇرسا ياق دېيەلەيتتىممۇ!.............دېدى جاۋابەن. بىز ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ قوغدىغۇچىلارنىڭ يول باشلىشىدا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈشكە باشلىدۇق. چوڭ زالدىن ئىچكىرىگە كىرگەنسېرى ناھايىتى كۆپ ئاچا يولغا بۆلۈنگەن بولۇپ، خۇددى خاتا ماڭسا ھالاكەت ئىگىزىغا بېرىپ قالىدىغاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. ـ : ئەمدى قاياققا ماڭساق بولار؟ ......دېدى شىياڭشاۋ بۇنچە كۆپ بۆلۈنمە يوللارنى كۆرۈپ تېڭىرقىغان ھالدا. قالغانلارمۇ ھاڭۋېقىپ بىرەرسىنىڭ مەلۇم يولغا باشلىشىنى كۈتۈپ قاراپ تۇراتتى. شۇندا شىياڭشاۋ ـ : بەلكىم بۇ يوللارنىڭ ھەربىرى بىزنى مەلۇم ئوخشىمايدىغان جايلارغا باشلاپ بېرىشى مۇمكىن، قانداقلا بولسۇن بىز بىردىن ـ بىردىن كىرىپ بۇ يوللارنىڭ بىزنى قەيەرلەرگە باشلايدىغانلىقىنى بىر بىلىپ باقايلى!......دېگىنىچە ئۇدۇلدىكى بىر ئاچا يول تەرەپكە قاراپ ماڭدى ـ : يېرۋىڭلار مۇشۇ يولدىن مېڭىپ باقايلى، بەلكىم ئويلىمىغان ياخشى ئىشلارغا يولۇقىشىمىز مۇمكىن...بەلكىم بايلىق ئۇچراپ قالامدۇ تېخى!........ئۇ بىلەر بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇپ بىزگە يول باشلاپ ماڭدى. كىتىۋاتقاچ قول ئاستىدىكىلەرگە ـ : ھەر ئېھتىمالغا قارشى قۇراللىڭلارنى بەتلىۋېلىڭلار، ئىككىڭلار مەن بىلەن، قالغان ئۈچۈڭلار تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئارقىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىڭلار!.........دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ بىز قوغدىغۇچىلارنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا بۇ يولدىن ئايىقىغا تۇتىشىدىغان مەلۇم نىشاننى ئىزدەپ ئىچكىرىلەپ ماڭدۇق. بۇ تار ئاچا يولنىڭ بىر تەرەپ تامدا مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ مەشئەل بېكىتىلگەن ئىدى. شىياڭشاۋ مېڭىۋاتقىچە ھەممە مەشئەلنى يورۇتۇپ قويۇپ ماڭدى ھەمدە كىتىۋاتقاچ ـ : مۇشۇنداق قىلساق قايتىدىغان يولنى ئاسانلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ!......دەپ قويدى. بىز ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەرگەنسېرى بۆلۈنمە يوللار شۇنچە كۆپىيىپ كەتتى، شۇ تاپتا بىز«سىرلىق قەلئە»گە كىرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلىۋاتاتتۇق. ھەربىر بۆلۈنمە يولغا دۇچ كەلگەندە ئۆزىمىز پەرەز قىلىپ مېڭىۋەردۇق، ئەمما بۇ يول بىزنى بىرەر جايغا ئېلىپ بارىدىغاندەك قىلمايتتى. خېلى ئايلانغاندىن كېيىن مەن سەل بىنورمال ھېس قىلدىم ـ : توختاڭلار، بۇ كىچىككىنە يولنىڭ بۇنچە ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىز چوقۇم مەلۇم دائىرىنى ئايلىنىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن!........... شىياڭشاۋ ئەجەپلىنىپ ماڭا قارىدى ـ : نىم دەيسىز؟ ...بىر جايىمىزنى ئايلىنىۋەرگەن بولساق ئەمسە مەن يورۇتۇپ ماڭغان مەشئەللەر قېنى، مەن ماڭغاندىن تارتىپ مەشئەللەرنى يورۇتۇپ مېڭىۋاتقان تۇرسام قانداقسىگە بىر جايىنى ئايلىنىۋەرگەن بولىمىز......... مەن قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتىم، لېكىن كۆڭلۈمدە شۇنداق گۇمان بار ئىدى. ـ : مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن...دېدىم مەن ـ : لېكىن بۇنچە ئۇزۇن مېڭىپمۇ بىر جايغا

چىقالماسلىقىمىز ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسمۇ!...يەنە كېلىپ بۇ مۇرەككەپ يەر شەكلىگە ئىگە خارابىيلىقتىكى يوللارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاشتەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ.......... شىياڭشاۋ مەسخىرىلىك كۈلدى ـ: خى خى...ئۇنداقتا سىز يول باشلاپ مېڭىپ باقامسىز؟ ......ئاساسسىزلا گەپ قىلماي ئىلمىي ئاساسى بار گەپلەرنى قىلىڭ بولامدۇ...ئىشقىلىپ نۇقتىغا ئاز قالدۇق دەپ ئويلايمەن. بولدى دوسلار داۋاملىق ئالدىغا مېڭىۋېرەيلى!...... سۆزۈم ئېلىك ئىلىنمىغاندىن كېيىن ئامالسىز ئۇنىڭ ئارقىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم، شىياڭشاۋمۇ مەشئەللەرنى ياندۇرۇپ مېڭىۋەردى. بىر ئازدىن كېيىن شىياڭشاۋ قولچىراقنى ئالدىغا يورۇتۇپ ـ: قاراڭلار، مانا دېمىدىممۇ ئاز قالدۇق دەپ. يولنىڭ ئايىقىغا چىقتۇق مانا!.........دىدى قەدىمنى تېزلىتىپ. دىگەندەك ئالدىمىزدا چوڭ بىر سەينا تۇراتتى، بىراق بىز ئۇ جايغا چىقىپ ئىغىزىمىزنى ئېچىپلا تۇرۇپ قالدۇق. چۈنكى بۇ جاي بىز بايا كىرگەن ھەيكەل قويۇرۇلغان چوڭ زال ئىدى. بىز بايا ماڭغان يول بولسا ئۇدۇلىمىزدا تۇراتتى. دىمەك بايىدىن بېرى بىز قۇرۇق ئايلىنىپ يەنە بۇ يەرگە يىنىپ كەلگەن ئىدۇق. ـ: ئاناناڭنى!...قانداق جاي بۇ.........دىدى شىياڭشاۋ تېرىكىپ ـ: بايا مەن مەشئەللەرنى يېقىپ قويۇپ ماڭغان تۇرسام يەنىلا قاپقاراڭغۇ تۇرىدىغۇ ئۇجاي!......... دىگەندەك بىز بايا يورۇتۇپ قويۇپ ماڭغان مەشئەللەر يەنە ئۆچۈپ قالغان ئىدى. كۆڭلۈمگە بىر گۇمان كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى ئىتراپ قىلغۇم كەلمىدى پەقەت«مۇمكىن ئەمەس»دىگەنلا ئوي كاللامدا ئەكس ئېتەتتى. ـ: بۇ جاي ھەقىقەتەنمۇ بىر سىرلىق ئوردىكەن!...دىدى شىياڭشاۋ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ـ: بۇنداق مۇرەككەپ سېلىنغىنىغا قارىغاندا ئادەتتىكى جاي ئەمەس، چوقۇم ياخشى نەرسىلەر بار!...بولدى ھاڭۋېقىپ تۇرماي داۋاملىق ئىزدىنەيلى يۈرۈڭلار!...... شىياڭشاۋ شۇنداق دىگىنىچە يەنە بىزگە يول باشلاپ ماڭدى. ۋاقىت ئۆتىۋەرگەن بولسىمۇ ئەمما بىز ھەممە يولدىن مېڭىپ بېقىپمۇ نەتىجىدە يەنىلا چوڭ زالغا چىقىپ قالدۇق، بۇ ئىشلار كاللامدىن پەقەتلا ئۆتمەيۋاتاتتى. «ھەرقانچە بولسىمۇ ئاچا يوللارنى بىزنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ياساپ قويمىغاندۇ؟ ...»دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. تۇيۇقسىز كاللامدا«مەخپىي يول»دىگەن ئۇقۇم چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى ھەمدە ئىختىيارسىزلا توۋلاپ سالدىم ـ: توغرا مەخپىي يول!......... مېنىڭ توساتتىن ۋارقىرىشىم بىلەن تەڭ ھەممىسى ھەيرانلىقتا ماڭا قاراپلا قالدى. شىياڭشاۋ ـ: سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ نىمە مەخپىي يول؟ .........دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ. مەن ـ: بۇ جاينىڭ ھەممە يولى مۇشۇ چوڭ زالغا تۇتىشىدىكەن، بۇنداق بولۇشى ئەسلا ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش...بۇ جايدا چوقۇم مەخپىي كىرىش ئىغىزى بار بولۇشى مۇمكىن، شۇ يەرنى تاپالىساقلا ئاندىن سىرلىق ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرەلىشىمىز مۇمكىن!.......... يىنىمدىكىلەر بىردەم بەس ـ مۇنازىرە قوزغىدى، دەل شۇ چاغدا شىياڭشاۋ ئىغىز ئاچتى ـ: سىزنىڭ دىگىنىڭىزنىڭمۇ ئاساسى باردەك قىلىدۇ. دىمىسىمۇ بۇنداق سىرلىق بولمىغان بولسا ئاللىبۇرۇن سىرى ئېچىلىپ بىزگىمۇ ئاشمىغان بولاتتى. ئۇنداقتا بىز قارىغۇلاچە ماڭماي، شۇ مەخپىي كىرىش ئېغىزنى تاپساق ئاندىن توغرا بولغۇدەك!...... شۇنداق قىلىپ

بىزدە يېڭى نىشان پەيدا بولدى، بىز قايتا باشتىن بۆلۈنمە يوللارنى تەكشۈرۈپ مەخپىي كىرىش ئېغىزىنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. ـ: بابا بەلكىم ھاۋا ياخشى ئۆتتۈشمەسلىك سەۋەبىدىن مەشئەللەر ئۆچۈپ قالغان بولسا كېرەك!... دىدى شىياڭشاۋ مەشئەللەرگە قايتىدىن ئوت ياققاچ ـ: ھەممە تاملارنى تەكشۈرۈپ غەيرى ئەھۋال بايقىساڭلار بىزنى توۋلاڭلار!........ بىز ئونىمىز بىرلىكتە ھەربىر ماڭغان يولىمىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ مەخپىي يولنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. نەچچىلىگەن گۇمانلىق جايلارنى بايقىغان بولساقمۇ نەتىجىدە يەنىلا مەخپىي ئېغىزنى تاپالمىدۇق. بۇ چاغدا قاراڭغۇمۇ چۈشەيلا دەپ قالغان ئىدى. ـ: قارىغاندا تەلىيىمىز كاج ئوخشايدۇ، ياكى بۇ جايدا ئەسلا مەخپىي كىرىش ئېغىزى مەۋجۇت ئەمەس!...بەلكىم بۇ يوللارنى قىچىش ياكى پاناھلىنىش ئۈچۈن ياساپ قويغان بولسا كېرەك، بولدى قاراڭغۇمۇ چۈشەي دەپتۇ بۇ جايدىن چىقىپ كىتىپ بۈگۈنچە چېدىردا قونۇپ ئەتە تاڭ ئاتقاندا قايتايلى!......... دىدى شىياڭشاۋ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا. بىراق مىنىڭ كۆڭلۈمگە بۇ جايدا ئۈزۈن يىل ئىچىلمىغان بىر سىر باردەكلا ئايان بولىۋاتاتتى. شۇڭا بۇنداقلا بولدى قىلغۇم كەلمىدى ـ: مىنىڭچە بۇ جايدا چوقۇم مەخپىي كىرىش ئېغىزى بار، ئاسانلا تاپالايدىغان بولساق مەخپىي ھېساپلىناتتىمۇ. ھامىنى كەچمۇ بوپتۇ دۆلىتىمىزگە تاڭ ئاتقاندا قايتىدىغان بولغاندىكىن بۈگۈن بارلىق كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۇ جاينى تاپساقمىكىن!.........دىدىم مەن. شىياڭشاۋ سۆزۈمنى ئاڭلاپ سەل نارازى بولغان ھالدا ـ: ھېلىمۇ بىر كۈن ۋاقتىمىز مۇشۇ نەس باسقۇر جايدىن ئاتالمىش«مەخپىي ئىشىك»نى ئىزدەپ ئۆتتۈپ كەتتى، سىز بىزنى يەنە قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق ئاۋارىشىلا ئۈندەۋاتامسىز؟ ...ئەگەر راستىنلا مەخپىي ئىشىك بولسا قېنى ئەمىسە؟ ...دەپ ۋارقىراپ كەتتى، ھەمدە ئۆزىنى سەل بىسۋىلىپ ـ: ماڭا قاراڭ پىرافىسسور، سىزنىڭ بۇ كەسپكە ناھايىتى ئىشتىياق باغلىغانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. لېكىن كەسپىي ئىش ئۈچۈن بىزنىمۇ تەڭ يۈگۈرتۈپ يۈرسىڭىز قاملاشمايدۇدە!...ھېلىمۇ بۇ يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ چىقتۇق، بىراق سىزمۇ كۆردىڭىز مەخپىي ئىشىكنى تاپالمىدۇق. مەن ئويلايمەن يەنە ئىزدىسەك يەنە شۇ، نەتىجە ئوخشاشلا.....ئاۋارە بولماڭ بۇ جايدا ئەزەلدىن مەخپىي ئىشىك مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا ياخشىسى قايتىپ كېتەيلى بولامدۇ!........... گەرچە شىياڭشاۋنىڭ دىگىنى ئورۇنلۇق بولسىمۇ لىكىن مىنىڭ پەقەتلا قايىل بولغۇم كەلمىدى ـ: ئۇنداقتا سىز، بىز بايقىغان بۇ نامەلۇم جەسەت بىلەن ئاۋۇ ھەيكەلنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيسىز؟ ...دىدىم زالدىكى ھەيكەلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ـ: بەلكىم بۇ جايدا مۇشۇنداق جەسەتلەردىن يەنە بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئۇنىڭ ھەيكىلى قاتۇرۇقلۇق بولغىنىدەك بۇ جەسەتنىڭ سىرى مۇشۇ جايدا بولۇشى مۇمكىن. بىز ئەڭ ئاخىرقى چوڭ بايقاشنى تاپايلا دەپ قالغاندا بۇنداقلا بەل قويىۋەتسەك ھەرگىز بولمايدۇ!...مەن ئىشىنىمەن بۇ جايدا چوقۇم مەخپىي يول بار، ھەيكەل بىلەن جەسەتنىڭ ھەقىقىي سىرىنى يېشىدىغان پاكىتلار چوقۇم شۇ جايدا...سىلەر ئەمدى بولدى قىلىمەن

www.iptihar.net

دىسەڭلار مەيلى كىتىۋىرىڭلار، لېكىن مەن ئۆزۈم يالغۇز بولسىمۇ بۇ سىرنى يەشمەي قويمايمەن!........... مەن ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتىم. سۆزۈم تۈگىشى بىلەن ئۆڭكۈرنى بىردەملىك جىمجىتلىق قاپلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىياڭشاۋ قول ئاستىدىكىلەرگە ـ: نەرسە كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇڭلار ماڭىمىز!.........دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمدى قوغدىغۇچىلار يوق بۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇش مۇشكۈلگە چۈشىدىغاندەك قىلاتتى، ئەمما كەسپىي جەھەتتىن بۇنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇش مەن ئۈچۈن ھاقارەت ئىدى. جان چىقىپ كەتسىدىغان ئىش بولسىمۇ بۇ سىرنى چوقۇم يېشىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ھەممە نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ «سىرلىق قەلئە»گە قاراپ ماڭدىم. ـ: مەن ئالدىدا ماڭسام بولارمىكىن، بولمىسا ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپ قالىسىز!......دىدى شىياڭشاۋ. ـ: سىز بىلەن بىر يولدا بولمىساق قانداقسىگە ماڭا يول باشلاپ ماڭغۇدەكسىز؟ ... شىياڭشاۋ مىنىڭ ھەيرانلىق بىلەن سورىغان سوئالىمغا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاپ بەردى ـ: مەن بۇ جايدىن چىقىپ كەتمىز دەپ ئەمەس، ئاشۇ سىرلىق جاينى تېپىش ئۈچۈن نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇڭلار دىدىم. بەربىر مۇشۇ جايغا مەن باشلاپ كەپتىمەن، ئايىقىغا ئېچىقىشۇەتمىسەم بولماس!......يەنە كېلىپ ناۋادا راسلا تېپىشۇلىپ قالسىڭىز بايلىقلار سىزنىڭلا بوپ كەتمەمدۇ، ئۇ چاغدا ئىچىم ئېچىشىپ قالسۇن يەنىلا ئاخىرىغىچە بىللە ماڭايلى!........ شىياڭشاۋنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈزۈمگە كۈلكە يۈگۈردى ـ: خاتىرجەم بولۇڭ، ناۋادا راسلا بايلىق ئۇچراپ قالسا ئۇنى سىز ئېلىپ كەتسىڭىزمۇ تامامەن بولىدۇ، ماڭا پەقەت بۇجاينىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىلا كېرەك، شۇ زاماننىڭ تەرەققىيات تارىخى كېرەك...بايلىقلارغا قىزىقىپ كەتمەيمەن!......... ـ: ئۇنداقتا ياخشى، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ماڭايلى!......دىدى شىياڭشاۋ قۇرالىنى دولىسىغا ئارتىپ. بىز يەنە بىرلىككە كېلىپ قەتئىي نىيەت بىلەن مەخپىي ئىشىكنى قايتىدىن ئىزدەشكە باشلىدۇق. نۇرغۇن جايلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق گۇمانىم ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر بۆلۈك يولدا توختىدىم. ـ: تاپقاندەك قىلامسىز؟ ......دىدى ئالىننا ئىختىيارسىز بىر تامغا قاراپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ. مەن تامنى تەكشۈرگەچ ـ: بەلكىم تاپقاندىمەن، بۇ تام ماڭا تەكشۈرگەندىن تارتىپلا غەلىتە تۇيۇلىۋاتىدۇ، مۇشۇ جاينى ئىنچىكە بىر تەكشۈرۈپ باقايمىكىن دەيمەن!.........دىدىم. مەن بايىقىغان بۇ تامدا نۇرغۇن كامار بار بولۇپ چوڭ كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە نۇرغۇن تۆشۈكلەر بار ئىدى. ھەركىتىمنى كۈزىتىۋاتقان شىياڭشاۋ نەزەرگە ئىلمىغاندەك قىلىپ ـ: مۇشۇنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرامسىز؟ ...بۇ ئىنىقلا يىلانلار بىلەن چاشقانلار تەشكەن تۆشۈكلەر ئەمەسمۇ!...ئۇنىڭ تەكشۈرگىدەك نىمىسى بار......دىدى. بىراق مەن كۆپ جايلارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا بەزىبىر جايلاردىن پىشاڭ نەزەرىيەسى ئاساسىدا ياسالغان ھەرخىل ئىشىكلەرنى بايىقىغان ئىدىم. بۇ قېتىممۇ شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندەك قىلاتتىم. مەن تۆشۈكلەرگە قولچىراقنى يېقىپ تەكشۈرۈپ باققاندىن كېيىن ئارىسىدىكى چىغناق تاغاق يېزىقىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كەتىدىغان بىر تۆشۈكنى بايقاپ قالدىم ھەمدە ئاستا قولۇمنى ئاپاردىم. دەل

شۇ پەيتتە شىياڭشاۋ ۋارقىرىدى ـ: نىمىش قىلىۋاتىسىز، ئۇ تۆشۈكتە بەلكىم زەھەرلىك جانلىقلار بولۇشى مۇمكىن قارىغۇلاچىسىغىلا قولىڭىزنى سېلىپ نىمىنى بىلمەكچى؟ ........ مەن شىياڭشاۋغا ـ: بىر ئىشنى ئىنىقلاش ئۈچۈن مەلۇم بەدەل تۆلەشكە توغرا كىلىدۇ، شۇڭا چوقۇم سىناپ بېقىشىم كېرەك!......دىدىم قەتئىيلىك بىلەن. شىياڭشاۋ ـ: مۇشۇنداق قىلىشىڭىزغا ئەرزىمدۇ؟ ...... ـ: شۇنداق، ئەرزىيدۇ......كەسپىي جەھەتتىن دېسەم بۇنىڭدىن چوڭ خەتەرلەرگىمۇ ئەرزىيدۇ......... مەن شۇنداق دېگەچ قولۇمنى كامارغا تىقتىم. دەرۋەقە قولۇمغا مەلۇم بىر نەرسە ئۇرۇلدى، ئۇنى تولغىغىنىمدا قاتتىق گۈركىرىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تام يېرىلىشقا باشلىدى، ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئۆڭكۈر ئىچى تەۋرەپ كىتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەدىن چۆچۈگەن ھەمراھلىرىم ئەنسىزلىك بىلەن قىچىشقا تەييارلا تۇرغان ئىدى. شۇندا تام تولۇق يېرىلىپ بىر يول ھاسىل بولدى. ھەممىمىز ئىغىزىمىزنى ئىچىپلا قىلىشقان ئىدۇق. بىردەملىك ھەيرانلىقتىن كىيىن سەل تەشۋىشلەنگەن ھالدا قوغدىغۇچىلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىچىگە قاراپ يول ئالدۇق......

كۆندىلىك خاتىرە(6 ـ باب7 ـ قىسىم)

بۇ يول ئىچكىرىسىگە خېلى ئۇزۇن سوزۇلغان بولۇپ بىزنى ئەڭ ۋەھىمىگە سالغىنى ئىككى تەرەپتىكى تاملار ئادەمنىڭ باش ئىسكىلىتى بىلەن قاتۇرۇلغان ئىدى. ـ: پاھ، بۇلار كاھىشنىڭ ئورنىغا ئادەمنىڭ بېشى بىلەن تام قوپاردىمۇ نىمە؟ ...نىمانداق كۆپ ئىسكىلىت باشلىرى بۇ!........دىدى شىياڭشاۋ تامدىكى ئىسكىلىت باشلارغا قاراپ. ھەممىمىز شۈبھىلىنىپ ئەتراپىمىزغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ ماڭاتتۇق، ئىسكىلىت باشلىرىمۇ خۇددى بىزنىڭ كەلگىنىمىزگە قارشى چىقىۋاتقاندەك ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق شەكىللەردە بىزگە قاراپ تۇراتتى. سانى زىيادە كۆپ بولغاچقا كىتىۋاتقۇچە ئىسكىلىتلار بىزنىڭ كەينىمىزدىن قاراۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ ئىختىيارسىز كەينىمىزگە ئالاقىزادىلىك بىلەن قاراپ كىتەتتۇق. ئەمما كۆپنى كۆرگەن شىياڭشاۋ خىيالى ھالدا بىزگە يول باشلاپ كىتىۋاتاتتى. ئىچكىرىلەپ كىرگەنسىرى بۇرنىمىزغا بىرخىل بەدبۇي ھىد ئۇرۇلۇشقا باشلىدى، بۇ پۇراق سېسىپ كەتكەن جەسەتلەردىن تارقىلىدىغان پۇراق بولۇپ تەكشۈرۈش جەريانىدا دائىملا ئۇچرىتىپ تۇراتتىم، شۇڭا ئالدىمىزدا جەسەتلەر دۆۋىسى ياكى چوڭ بىر قەبرىستانلىقنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلدىم. بەلكىم مىنىڭ تەجرىبە نەتىجەمنىڭ يىغىندىسى مۇشۇ جايدا بولسا كېرەك!.........شۇ خىياللار بىلەن كىتىۋاتقىنىمدا شىياڭشاۋ ئەنسىز توۋلىدى ـ: قاراڭلار، ئالدىمىزدا يەنە كەڭ زال باردەك قىلىدۇ!........... بىز قەدىمىمىزنى تىزلىتىپ ئۇ جايغا چىقىپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق. چۈنكى ئالدىمىزدا كۆز يەتكۈسىز چوڭ بىر قەبرىستانلىق تۇراتتى، بۇ بەلكىم ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ قەبرىستانلىق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۆزۈمنىڭ تەلىيىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، چۈنكى بۇ قەبرىستانلىقنى قېدىرىپ تەكشۈرگەندىكى نەتىجىسى بەلكىم چوڭ بۆسۈش ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بىز خۇشاللىقتا نىمە قىلارىمىزنى

بىلەلمەيلا قىلىشقان ئىدۇق، ئۇنىڭغىچە قوغدىغۇچىلار تاملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەشئەللەرگە ئوت يېقىپ ئىچىنى يورىتىۋەتتى. بىراق بۇ چاغدا خۇشاللىقىمىز قېچىپ ھەيرانلىق ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تېڭىرقاپ قالغان ئىدۇق. مەشئەللەر قەبرىستانلىقنى يورۇتقاندىن كېيىن تاملارنىڭ پۈتۈنلەي قانلىق خەتلەر بىلەن تولغانلىقىنى بايقىدۇق. ئۇزۇن يىل ئىنسى ـ جىن بايقىيالمىغان بۇ قەبرىستانلىقتىكى قانلىق خەتلەر قېتىشىپ تېخىمۇ ئوچۇق ھالەتتە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىغناق تاغاق يېزىقلىرى بولۇپ بەزى جايلىرىدا رەسىملىك كۆرۈنۈشلەرمۇ بار ئىدى. بىز ئىككىلىنىپقىنە بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ تۇرۇپ قالدۇق. شۇ چاغدا ئارىمىزدىن بىرى ئىغىز ئاچتى ـ : تامدىكى بۇ خەتلەر ئادەمنىڭ قېنىدا يېزىلغانمىدۇ؟ ...ئەجىبا بايىقى كىرىش يولىدا كۆرگەن ھېلىقى ئىسكىلىت باشلىرى................... ئۇ گېپىنىڭ ئايىقىنى يۇتىۋەتتى. مەن بولسام تېخىمۇ غەيرىلىك ھىس قىلىشقا باشلىدىم، بۇلارنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئادەملەرنى قۇربانلىق قىلغۇدەك بۇلار زادى قايسى تەبىقىدىكى كىشىلەر بولغىيتى!......ئويلىغانسىرى ئەقلىم يەتمەي ھەرخىل ئۇسۇلدا ئانالىز قىلىۋاتاتتىم.

ـ : تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ پىرافىسور، سىز ئارزۇ قىلغان مەخپىي قەبرە تېپىلدى. لىكىن خۇشال ئەمەستەك قىلىسىزغۇ؟ ......... دىدى شىياڭشاۋ ئەتەي مەندىن گەپ ئىلىش ئۈچۈن. لىكىن مىنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرگۈدەكمۇ رايىم يوق ئىدى. چۈنكى كىچىدە كۆرگەن ھېلىقى قارا گەۋدە، ئۇلاپلا كۆرگەن قورقۇنۇچلۇق چۈشلەر، قىزىقىلىنغان چىش ئىرناقلىرى ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتكەن سىرلىق جەسەت، يەنە تېخى چوڭ زالدىكى ھەيكەل، مەخپىي يولدىكى ئىسكىلىت باشلىرى، قەبرىستانلىقنىڭ تاملىرىدىكى قانلىق خەتلەر كۆز ئالدىمدىن بىر ئۇلانما لېنتىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتىۋاتاتتى. شۇلارنى خىيال قىلىپ ئۆزۈممۇ بىلمەستىن بەدەنلىرىم تىترەپ كەتتى، نەپەس ئېلىشىم تىزلىشىپ كىتىۋاتاتتى. مەن بۇنىڭ مۇنداقلا توغرا كىلىپ قىلىش ئىكەنلىكىگە ئۆزۈمنى ئىشەندۇرمەكچى بولساممۇ ئەمما خىيالىم ماڭا بويسۇنمايتتى. ـ : پىرافىسور سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ...ياكى بىردەم ئارام ئىلىۋالامسىزيا؟ .........دىدى ئالىننا مىنى يۆلىۋالغاچ. مەن گەپمۇ قىلماي ئولتۇرۇپ قالدىم، نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇربانلىق قىلىش بەدىلىگە تاملارغا قانلىق خەتلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش پەقەتلا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. شىياڭشاۋ يېنىمغا كىلىپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ـ : پىرافىسور سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، تۇيۇقسىزلا چىرايلىرىڭىز ئۆزگۈرۈپ كەتتىغۇ؟ ...... مەن ئۇنىڭغا ئويلىغانلىرىمنى دەي دىدىمىيۇ ئەمما ئۆزۈم ئىنكار قىلىۋىتىپ يەنە ئۆزۈم شۇنداق سۆزلىسەم ئۇلار چوقۇم مىنى ئالجىپ قاپتۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا گەپنى يۆتكەپ ـ : بايا كىرگەندە سېسىق پۇراقلار ئۆپكەمگە تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، سەل نەپەس ئالالماي قالدىم، بەلكىم ئازراق زەھەرلىك بولسا كېرەك...لىكىن ھېچقىسى يوق!......دىدىم ئۆزۈمنى سەل تۈزىۋالغاچ. شىياڭشاۋمۇ ئارتۇق سۆزلىمەي ـ : ئۇنداقتا تەكشۈرۈشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ بىز سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلايلى!......دىدى. گەرچە

شۇنچۇۋالا«توغرا كىلىپ قىلىش»لارغا ئۇچرىغان بولساممۇ بىر تارىخشۇناس بولۇش سۈپىتىم بىلەن قارىغۇلاچىسىغىلا ئىلمىي ئاساسىي يوق ئىشلارنى خىيالىمغا كىرگۈزىۋىلىشنى توغرا كۆرمىدىم. شۇڭا قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ ئاران دېگەندە تاپقان بۇ زور كۆلەملىك قەبرىستانلىقنى چوڭقۇرلىغان ھالدا تەكشۈرۈش قارارىغا كەلدىم. ـ: ئىككىڭلار ئىككى چەتتىن بېرىپ قەبرىنىڭ ئۇ بېشىغا بارغۇچە بولغان بارلىق مەشئەللەرنى يېقىۋېتىڭلار!......دىدى شىياڭشاۋ قول ئاستىدىكى ئىككىسىگە بۇيرۇق قىلىپ. مەن دەرھال ئۇنى توختاتتىم ـ: بولدى!......بىز تەكشۈرگەن جايلاردا يېقىپ ماڭساقمۇ بولىدۇ!... چۈنكى مەقسىدىم ئۇلارنىڭ چېقىلىشقا بولمايدىغان نەرسىلەرگە چېقىلىپ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. شىياڭشاۋمۇ سۆزۈمنى ئىلىك ئىلىپ ئارتۇق سۆزلىمىدى. بىز شۇ تەرىقىدە ئالدىمىزدىكى قاتاردىن باشلاپ تەكشۈرۈشنى باشلىدۇق. قەبرىلەرنىڭ جايلىشىش ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، ئاستىدىن ئۈستىگە پەشتاقسىمان سېلىنغان ئىدى. بۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن ئىكەنلىكىنى كىيىنكى تەكشۈرۈشلەردە ئىنىقلىغىلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئەڭ ئاستىنقى رەتتىن باشلاپ تەكشۈرۈشنى باشلىدۇق. بۇ جايدىكى قەبرىلەر ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ ھەممە قەبرە دېگۈدەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ئەسلى پېتى تۇراتتى. بىز ئالدىمىزدىكى تۇنجى قەبرىنىڭ ئېغىزنى بۇزۇپ ئىچىگە قولچىراق تۇتتۇق. دەرۋەقە ئىچىدە بىر جەسەت بار بولۇپ چىرىپ ئۇستىخىنىلا قالغان ئىدى، قەبرىنىڭ ئىچىدە يەنە ئۇنىڭغا ياندىش مەلۇم بۇيۇملار قويۇلغان بولۇپ ئارىسىدا يەنە ئىككى دانە كىچىك ساندۇق تۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە ئىككى بۆلۈك ئادەمنىڭ ئىككى نەرسىگە كۆزى چۈشتى، يەنى بىز تەكشۈرگۈچىلەر بولساق جەسەت ھەم ئۇنىڭغا ھەمدەپنە قىلىنغان نەرسىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغان ئىدۇق، ئەمما قوغدىغۇچىلار بولسا ئىككى دانە كىچىك ساندۇققا قىزىقىپ قالغان ئىدى. ـ: ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى چىقىرىڭلار!......دىدى شىياڭشاۋ قول ئاستىدىكىلەرگە. ئۇلار گۆرگە چۈشۈپ ئىچىنى پاكىز يۇغۇشتۇرۇپ چىقتى. ئۇلار جەسەتنى ئىلىپ چىققاندا بولسا كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم، چۈنكى بۇ جەسەتنىڭمۇ ئالا چىشلىرىنىڭ شۇنداق ئۇچلۇق ئۆسۈپ چىقىپ قالغانلىقىنى ھەم تىرناقلىرىنىڭ ئاندىنقى جەسەتنىڭكىدەك ئۇزۇن ھەم توم ئۆسۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بۇنىڭ ھەرگىزمۇ تاساددىبىيلىق ئەمەسكىنى ھېس قىلدىم. ـ: پاھ!...، مەن نىمە دىگەن...بۇ جايدا چوقۇم بايلىق بار دىسەم ئىشەنمىگەنتىڭلار مانا بايلىق دىگەن!........دىدى شىياڭشاۋ ئىغىزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا ھىجىيىپ. دەرۋەقە ئۇنىڭ قولىدا ساندۇقتىن ئالغان ئۈنچە ـ مارجانلار تۇراتتى. بۇلار ھىچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان بولۇپ، يېڭىلىقىدىن قولچىراقنىڭ يورۇقىدا كۆزنى چاقناتقىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ـ: كۆردىڭىزمۇ پىراففىسور...دىدى شىياڭشاۋ ئۈنچىلەرنى سومكىسىغا قاچىلىغاچ ـ: بۇ جايدا يەنە نۇرغۇن بايلىقلار بولۇشى مۇمكىن، ئىلىپ كىتەلىسەكلا ھەددى ھىساپسىز پۇلغا ئېرىشىمىز ھا ھا ھا!...مىنىڭ مەقسىدىممۇ دەل مۇشۇ ئىدى، جاپا تارتقانغا چۇشلۇق ئىش بولىدىغان

بولدىدە!.......ھە، ھە...باشقا قەبرىلەرنىمۇ ئالا قويماي ئېچىڭلار، ۋاقتى كەلگەندە سىلەرگىمۇ ئۆلۈشۈڭلارنى بېرىمەن!......... شىياڭشاۋنىڭ سۆزى بىلەن تەك قوغدىغۇچىلارنىڭ سۈرئىتى ئىتتىكلەپ تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈنۈپ قەبرىلەرنىڭ ئىغىزىنى ئوك ـ تەتۈر بۇزۇۋشقا باشلىدى. ـ: شىياڭشاۋ بۇنداق قىلماڭ، بىر باشتىن كىلەيلى......ھىلىتىن بۇنداق بۇزغىلى تۇرسىڭىز مەن نىمىنى تەكشۈرىمەن!.........دىدىم سەل ئاچچىقلىنىپ. شىياڭشاۋ بولسا ـ: سىزگە كىرەكلىك بولغان جەسەتلەرنى شۇ پېتى قويۇپ قويدۇق، دىيىشكىنىمىز بويىچە سىز تەكشۈرىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ بىزمۇ بايلىقلىرىمىزنى قازايلى قانداق؟ ...ھە، ھە بولۇڭلار تېز، ساندۇق بار بولسا ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىڭلار!........... شىياڭشاۋنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ شەخسىيەتچىلىك قىلغىنىمغا بەكلا پۇشايمان قىلدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ماڭىمىز دىگەندە قايتىپ كەتسەم بوپتىكەن، ھازىر بولسا ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەندەكلا بىر ئىش قىلغان ئىدىم. دىگەندەك قوغدىغۇچىلار ھەربىر قەبرىنىڭ ئىچىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى چوڭ ـ كىچىك ساندۇقلارنى ئىلىپ چىقىشقا باشلىدى، شىياڭشاۋ بولسا كۆزلىرى تىخىمۇ يوغىناپ ئىغىزى يۇمۇلمايلا قالغان ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دىدى ـ: ھى ھى، ئەنسىرىمەڭ پىرافىسسور، بۇ بايلىقلاردا ئەلۋەتتە سىزنىڭمۇ ئۈلۈشىڭىز بار. چۈنكى سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە تاپتۇقتە، ۋاقتى كەلگەندە سىزگىمۇ خېلى كۆپ بىرىمىز!........... ھازىرچە قۇلۇقۇمغا ئۇ گەپلەر ھېچ كىرمەس ئىدى، چۈنكى مىنى بايىلا تۈگىمەس بىرخىل قورقۇنچ چىرمىۋالغان بولۇپ، ئۆيلىغانلىرىمنىڭ خاتا چىقىپ قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئىلىپ چىققان جەسەتنىمۇ قوللىرىم تىترىگەن ھالدا ناھايىتى تەستە تەكشۈرۈپ چىقىپلا ئولتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى بۇ ئادەم ئەمەس ئىدى، بۇنى باشقا نەرسە دەپ چۈشىنىشكىمۇ ھەم جۈرئىتىم يوق ئىدى. مىنىڭ ئەنسىز ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەن ئالىننا بىر ئىشنى سىزىپ قالدى بولغاي مەندىن سورىدى ـ: بۇ جەسەت ئادەمنىڭ ئەمەس شۇنداقمۇ؟ ......... مەن ئالىنناغا نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشىمنىمۇ ھەم بىلمەيتتىم، ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ قايتا ئىغىز ئاچتى ـ: ئۇنداقتا بۇ شۇ دەۋىردىكى..............بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!...ئۇنداق بولغاندا ئىلىم ـ پەن بىلەن تۈپتىن قارشى چىقىپ قالامدۇ؟ ........... ـ: سۆيۈملۈكۈم، نىملەرنى دەۋاتىسىز، بىزگىمۇ دەڭە ھەممىمىز تەك بىلىپ قالايلى!............دىدى شىياڭشاۋ ئالىننانىڭ گىپىنى چۈشىنەلمەي. ـ: ئىغىزىڭىزغا بىقىپ سۆزلەڭ، سىزگە گەپ قىلىدىغانغا ۋاقتىم يوق، بۇ پىرافىسسور بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىش!......... ـ: ئوھو!...شۇنداقمۇ؟ ...ئەمىسە پاراڭلارنى قىلىۋېرىڭلار سىلەرگە دەخلى قىلمايلى!...........شىياڭشاۋنىڭ ئاۋازى تەنە ئارىلاش چىقىۋاتاتتى. ئالىننا تاقەت قىلىپ تۇرالماي ماڭا ـ: پىرافىسسور بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، نىمىشقا ئۇلارغا ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندۈرمەيسىز؟ ......دىدى. بۇنى ئاڭلىغان شىياڭشاۋ ماڭا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن ـ: نىمە؟ ...بىزدىن يوشۇرىۋاتقان ئىشمۇ بارمىتى تېخى.....سىزنىزە، تىخى بىزدىنمۇ گەپ

يوشۇردىڭىز دەيلى...قېنى دەڭە قانداق مۇھىم ئىشتى ئۇ؟ .............. مەن نىمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ئاللىنا بولسا مىنى دەۋتىشكە ئۈندەۋاتاتتى ـ: پىرافىفسور، ئەمدى دىمىسىڭىز بەلكىم ھەممىمىز تەڭ ھالاك بولۇشىمىز مۇمكىن!...ئۇلارغا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالايلى ماقۇل دەڭ، بولمىسا ئۆزۈم دەيمەن!........ مەن ئاللىنانى گەپتىن توسىدىم، شىياڭشاۋ ئىككىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ سورىدى ـ: پىرافىفسور، سىز نىمە ئىشنى بىلىسىز تىز ماڭا ئېيتىڭ. ئۇ بىزنى ھالاك بولىمىز دەيدۇ بۇ زادى قانداق گەپ تىز دەڭ!................. مەن ئاخىرى ئىلىم ـ پەننى بىر چەتتە قايرىپ قويۇپ ئۆز گۇمانىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم ـ: شىياڭشاۋ...بۇ...سىزگە قانداق چۈشەندۈرسەم بولار!.........ئەمەلىيەتتە باشتىن ئاخىر تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئىرىشكەن ھاسىلاتىمىز تازا ياخشى ئەمەس......مەن بۇ جەسەتلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئادەم ئەمەسلىكىنى بايقىدىم، يەنى تىرىك ئادەم ئەمەسلىكىنى بايقىدىم!...... مەن شۇنداق دەپ بولۇپلا دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. شىياڭشاۋ بولسا ـ: نىمە؟ ...سىز بۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھەرىكەت قىلالايدىغان ئالۋاستى دىمەكچىمۇ؟ ...... ـ: شۇ.....شۇن...داق!...... ـ: ھا ھا!...بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، ئۇلار ئېنىقلا چىرىپ كەتكەن جەسەتلەر تۇرسا يەنە كېلىپ ھەرىكەت قىلالايدۇ دىگىنىڭىز قانداق گەپ!... شىياڭشاۋ بىر ھازا قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ئۇنىڭدىن كېيىن غەزەپلەنگەن ھالدا يەردىكى جەسەتنى قۇرالىنىڭ پايىنكى بىلەن چوقۇپ چۇل ـ چۇل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ـ: مانا قاراڭ پىرافىفسور!...ئەگەر ئۇ ھەرىكەت قىلاكايدىغان بولسا بىزگە قارشى تۇراتتى ئەمما ئۇ قارشى تۇرالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئۆلگەن جەسەت، ئۆلگەن!.........ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە قارشى تۇرىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، سىزنىڭ دىگىنىڭىز پەقەت بىزنى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى دەپ ئويدۇرغان قۇرۇق گېپىڭىز!...بىز كەتكەندىن كېيىن يەنە قايتىپ كىلىپ بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىز يالغۇز يۆتكەپ كەتمەكچى شۇنداقمۇ!........... ـ: ياق، مەن ھەرگىز ئۇنداق دىمەكچى ئەمەس!...بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە........... ـ: كۆتۈرۈلۈك ئۇنداق قۇرۇق گېپىڭىزنى!......ئۇ تەكشۈرىشىڭىز ھېچنىمنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، ئادەم ئۆلدىمۇ ئۇنىڭدا جان يوق دىگەن گەپ، يەنە كېلىپ شۇنچە يىللاردىن بىرى سىسىغان ھالدا قەبرىدىن چىقماي ياتقان جەسەتنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىنمۇ!......سىز ئەتەي بىزگە شۇنداق دەپ نىيىتىمىزدىن ياندۇرماقچى، بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىز تەرىپىمىزدىن يۆتكەپ كىتىلىشىگە چىدىماي شۇنداق گەپلەرنى توقۇپ چىقتىڭىز...ئۆزىڭىزچە نىمە دىسەم بۇ پاڭقايلار شۇ گېپىمگە ئىشىنىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىزما؟ ......ئىسىڭىزگە سىلىپ قوياي، پەن ـ تېخنىكا ھەرگىزمۇ جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ......بۇنى سىز دىگەن يادىڭىز دىن چىقىپ كەتمىگەن بولسىلا ئەسلىيەلەيسىزغۇ دەيمەن!...........دىدى شىياڭشاۋ گېپىمنى بۆلۈپلا. مەن قانچە چۈشەندۈرسەممۇ ئۇنىڭ ئاڭلايدىغىنىغا ئىشەنچىم قالمىدى،

چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىنى بۇ جايدىكى بايلىقلار ئېتىۋالغان ئىدى. مەن يەنە تىرىشىپ باقتىم ـ: شۇنداق ئۇ گەپنى مەن دىگەن، ئەمما بۇ قىتىم ئوخشىمايدۇ چوقۇم گىپىمنى ئاڭلىشىڭىز كىرەك!...... ـ: ئاۋارە بولماڭ پىرافىسسور، مەن بايلىقلارنى تېپىپ بولۇپ يەنە قويۇپ قويۇپ چىكىتىدىغان ساراڭ ئەمەس!......خالىسىڭىز سىز چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، بىز بۇ جاينى يىغىشتۇرىۋىتىپ ئاندىن چىقىپ كەتسەكمىكىن دەيمەن...قانداق؟ ......... شىياڭشاۋنىڭ گەپ يىمەيدىغىنىنى ھىس قىلىپ ئاخىرى ئۇنىڭ ئىش تېرىپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ تەكشۈرۈشنى ئاخىرىغىچە قىلىشنى قارار قىلدىم. شىياڭشاۋ كۈلۈپ قويۇپ ـ: ماۋۇ ئىشىڭىز بولىدۇ، بۇ ئىشتا سىزمۇ قۇرۇق قول قالمايدىغان تۇرسىڭىز يەنە نىمىگە ئىككىلىنەتتىڭىز!...قېنى تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرايلى!...........دىدى قولىنى يىرىم ئېچىپ يول باشلىغان قىياپەتتە. مەن بولسام نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەستىن ئامالسىز داۋاملىق تەكشۈرۈشكە باشلىدىم.........................

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب8 ـ قىسىم)

كۆڭلۈم ناھايىتى ئەنسىز بولغاچقا ئالدىدىكىدەك تەپسىلىي تەكشۈرمەستىن يۈزەكىيلا تەكشۈرۈپ كىتىۋاتاتتىم، ئەمما يەنىلا بولۇنماقچى بولغان، ئادەم خىيالىغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقىدىغان ئىشقا يۈزلىنىۋاتاتتىم. ھەربىر جەسەتنى ئانالىز قىلىۋاتقاندا خۇددى جەسەت ئورنىدىن تۇرۇپلا مىنى بوغۇپ قويىدىغاندەك ئەندىكىپ كىتەتتىم بىراق شىياڭشاۋ بولسا بايلىقنىڭ دەردىدە نەچچە پەشتاق ئىگىزلىككە چىقىپ بولغان ئىدى. ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ ئارىسىدا گاھى چوكا ئالتۇنلارمۇ چىقىپ قالاتتى، بۇنداق چاغدا شىياڭشاۋ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى خۇشاللىقىدا ئۆزىنى تىخىمۇ يوقۇتۇپ قوياتتى. ھەتتا ئازراق بۇيۇم چىقىپ قالغان قەبرىدىكى جەسەتلەرنى پارچىلاپ پارە ـ پارە قىلىۋىتەتتى. بۇنداق چاغدا ۋەرەك سېلىشىم تىخىمۇ تىزلىشىپ كەلمەيدىغان جايغا كىلىپ قالغىنىمغا تولىمۇ ئۆكۈنەتتىم. ئاخىرى شىياڭشاۋنى باشقىچە قايىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشتىم ـ: شىياڭشاۋ، ھازىر ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرگە باردى...يىرىم كىچىدە بۇ جايدا يۈرمەي چىقىپ كىتىپ ئارام ئالايلى، قالغىنىنى ئەتە قىلساق بولمىدىمۇ!......... بىراق شىياڭشاۋنىڭ قۇلىقىغا سۆزلىرىم كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ بىر چوكا ئالتۇننى كۈزەتكەچ ماڭا قاراپمۇ قويماي ـ: قاراڭ پىرافىسسور، سىز مۇشۇنداق بايلىقلارنى تاپقاندا ئۈيقۇڭىز كىلەمدۇ؟ ...بۇنداق ئالتۇندىن يەنە قانچىلىك باردۇ ھە!...ھەر بىرىنى سىزچە قانچە پۇلدىن ئالار؟ ...كۆپ پۇلغا ئالىدۇ شۇنداقمۇ.........دىدى ئۇ ماڭا قاراپ ـ: مۇشۇنداق ياخشى نەرسىنى تاپقاندا ئۇيقۇ كىلەمدۇ؟ ...ھازىر مەن بىر كىچىدىلا باي بولۇپ كىتىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ يەتتىم، قاراڭ بۇلارغا!................ ئۇ يەنىلا سۆزۈمنى ئاڭلايدىغابدەك قىلمايتتى. بىراق مەن خەتەرگە تىخىمۇ يىقىنلىشىۋاتقىنىمىزنى ھىس قىلىۋاتاتتىم، ئويلىغانسىرى بەدەنلىرىم ھالسىزلىنىپ كىتىۋاتاتتى. لىكىن قانداقلا بولسۇن مەن ئالۋاستىلارنى ئويغۇتۇپ قويماسلىقىم كىرەك ئىدى.

ئەللىك نەچچە يىل ياشاپ تالاي رىيازەتلەرنى باش ئەگدۈرۈپ پىرافىسورلۇق دەرىجىسىگە ئېرىشىپتىمەن ئەزەلدىن جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن ئىكەنمەن. ئەمما كۆز ئالدىمدىكى ئىسپاتلارغا قاراپ كۆز قارىشىم پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن ئىدى. لېكىن بۇنىڭغا ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش ئەمدى بەكلا مۇشكۈل ئىش ئىدى. شۇڭا بارلىق كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى قايىل قىلارلىق بىرەر نەتىجىگە ئېرىشمىسەم چوقۇم چوڭ تالاپەتكە ئۇچرايتتۇق. شۇ پەيتتە ئالىننا يىنىمغىراق كىلىپ بوش ئاۋازدا دېدى ـ: پىرافىسور، نىمىشقا قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى خەتەرگە ئىتتىرىمىز!...ئۇلار قانداق قىلسا قىلسۇن بىز بۇ جايدىن چىقىپ كەتسەكلا بولمىدىمۇ......... ـ: بولمايدۇ ئالىننا...ئۇلار بىلىپ بىلمەي جەسەتلەرنى ئويغىتىپ قويۇشى مۇمكىن، مەن ئۇلارنى توسمىسام زور تالاپەتكە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن...شۇڭا ھازىرچە چىقىپ كىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ!......دىدىم مەن جاۋابەن. ئالىننامۇ گەپ قىلغۇسى كىلىپ ئىغىزنى مىدىرلاتتىيۇ سۆزىنى دىمەستىن ئىچىگە يۇتىۋەتتى. ـ: پاھ قاراڭلار ماۋۇ توقماققا!.........تەگسىلا جاننى ئالىدىكەنغۇ بۇ نىمە!............ بىر قوغدىغۇچى قەبرىدىن تارتىپ چىققان قانقۇش بىر توقماقنى كۆتۈرىۋالغىنىچە سۆزلەۋاتاتتى. بىز ئارىدا خېلى كۆپ جايلارنى تەكشۈرۈپ بولدۇق، پەشتاقنىڭ ئوتتۇرىغىراق كەلگەندە شىياڭشاۋ قولچىراقنى ئۈستى تەرەپكە يورۇتۇپلا ۋارقىرىدى ـ: ھوي قاراڭلار ئاۋۇ جايغا!...... ئۇنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ يۈرۈكۈم سىلىپ ئىشمنى توختىتىپلا ئۇ تەرەپكە قارىدىم. قەبرىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە يالغۇزلا ياسالغان بىر ئۆي تۇراتتى. شىياڭشاۋ ماڭا قاراپ قويۇپ ـ: سىزچە ئۇ نىمە ئۆيدۇ؟ ياكى پادىشاھنىڭ قەبرىسىمۇ؟ ......... ئۇ شۇنداق دەپلا ناھايىتى تىزلىكتە يەنە ئۇ ئۆي تەرەپكە قارىدى ـ: ھا ھا ھا ھا!......بۇرادەرلەر، ئۇ چوڭ قەبرە چوقۇم پادىشاھنىڭ قەبرىسى دەرھال ئۈستىگە چىقىڭلار ئۇنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرى چوقۇم ئىنتايىن كۆپ!......ھاھ ھا!...بۇ بايلىقلار بىلەن بىر شەھەرنى گەپ يوق سىتىۋالالايمىز!......... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، ھەمدە قېرى تىنىمنى سۆرەپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈستىگە يۈگۈردۈم. ئۇلار ئۆينىڭ ئىشىكىنى تېپىپ يۈرۈم گۇمران قىلدىدە ھىجايغىنىچە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىپ بارلىق كۈچۈم بىلەن ئۈستىگە چىقىپ ھاسىرىغان ھالدا ئۆينىڭ ئىچىگە كىردىم......قوغدىغۇچىلار بولسا ھاڭۋاققىنىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا سېلىنغان چوڭ بىر تاش سۇپىغا قاراپ تۇراتتى. ئۆي ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ تاش سۇپىدىن باشقا ھىچنىمە كۆرۈنمەيتتى. ـ: ئانناڭنى!......دىدى شىياڭشاۋ ئاچچىقلاپ ـ: شۇنچە ئالاھىدە سېلىنغان بۇ ئۆيدە نۇرغۇن بايلىقلار بار دىسەم قۇرۇقلا تۇرىدىغۇ!.........كىلىڭلار بۇ تاش سۇپىنى يۆتكەپ بېقىڭلار، بەلكىم بايلىقلار مۇشۇنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك!............ قوغدىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كىلىپ تاش سۇپىنى يۆتكەشكە كىرىشتى، ئەمما ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنى يۆتكىيەلمىدى. شۇندا شىياڭشاۋ يەنە ئاچچىقلاپ ـ: ھۇ نان قېپىلار!...ئالتىڭ بىر بولۇپمۇ بۇنى يۆتكىيەلمەيۋاتامسەن؟ ......دىدى.

ئاردىن بىر قوغدىغۇچى ـ: شىياڭشاۋ، بۇ تاش سۇپا بەك ئېغىركەن، ھەر قانچە قىلساقمۇ ئېچىلمايۋاتىدۇ!......دىدى يەرگە قاراپ. شۇندا شىياڭشاۋ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى ھەمدە تەستىكىگە بىرنى سېلىپ ـ: ئەبلەخ!...ماڭا باھانە ـ سەۋەپنىڭ لازىمى يوق، ماڭا لازىمى ئەمەلىي نەتىجە بىلدىڭمۇ!...يەنە بىر قېتىم سىناپ باقايلى ھەممىڭ بارلىق كۈچۈڭنى چىقىرىش!.........دىگىنىچە يەڭلىرىنى تۈرۈپ تاش سۇپىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ: بىر...ئىككى...ئۈچ!......... ئۇلار شۇنداق دىگىنىچە تاشنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ تاشنى مىدىرلىتالمىدى. مەن بولسام سۇپىنىڭ ئېچىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم، چۈنكى ئېچىلسا ئىچىدىن نىمىلەرنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ھىچكىم بىلمەيتتى. شۇندا شىياڭشاۋ ھەممىسىنى نىراق كەتكۈزىۋىتىپ تاشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ھەمدە ئاستىدىن تارتىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى، ئاندىن قولىنى ئاستىدىكى بىر جايغا سېلىپ ماڭا قاراپ ھىجىيىپ قويۇپ قولىنى بۇرىدى. شۇندا تاش سۇپا قاتتىق نەرە تارتىپ ئېچىلىشقا باشلىدى. بىز بولساق كۆزىمىز ئېتىلىپ چىقىپ كىتىدىغاندەك قاراپ تۇراتتۇق. شۇندا تاش سۇپا تولۇق ئېچىلىپ ئىچىدىن يېشىل بىر ئىس تارىدى، بىز دەرھال كەينىمىزگە چېكىنىپ بۇرۇنلىرىمىزنى ئېتىشتۇق. بىر ئازدىن كيىن ئىسلار تاراپ بولۇپ ئىچىدە ناھايىتى بەستىلىك، قوللىرىنىڭ تىرناقلىرى ئالاھىدە ئۇزۇن بىر چىرىنما جەسەت نامايان بولدى. بىراق يىنىدا ھىچنىمە يوق بولۇپ پەقەت بىر تېرە كىتاپ ئۇنىڭ بەدىنىگە پاتۇرۇلغان ھالەتتە تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن شىياڭشاۋنىڭ تىخىمۇ غەزىپى ئۆرلىدى ـ: ئەبلەخ!.....شۇنچە ئۈمىد بىلەن ئاچساق زەھەرلىك ئىس بىلەن سىسىق كىتاپتىن باشقا ھىچنىمە يوققۇ!......... ئۇ شۇنداق دەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قولچىراقنىڭ يورۇقىدا بىز كىرگەن ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر ئىشىكنى كۆرۈپ قالدى. ـ: ئوھھو!...بۇ قانداق يەر ئەمدى؟ ...كېلىڭلار بۇ ئىشىكنى چېقىڭلار!........... ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ قوغدىغۇچىلار ئىشىكنى چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى. ئۇلار ئىچىگە كىرەي دەۋاتقاندا مىنىڭ پەقەتلا تاقىتىم قالماي ئۇلارنى توسىغاچ ئېغىز ئاچتىم ـ: ئەمدى بولدى قىلىڭ شىياڭشاۋ!...پەستىكى بايىلقىلارمۇ سىزگە يىتىپ ئاشىدۇ، يەنە ئىچكىرىلەۋەرسىڭىز زور تالاپەتكە ئۇچرايمىز!........... بىراق يەنىلا سۆزۈم ئۈنۈم بەرمىدى. شىياڭشاۋ ـ: سىز ئىشىڭىزنى قىلىڭ، كىرگەنىكەنمىز ھەممىسىنى بىراقلا ئېلىپ كىتىمىز...ھىچنىمىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ!...سىز ماۋۇ ئالاھىدە جەسەتنى ھەم سېسىق كىتاپنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ بەلكىم مۇشۇنىڭدىنلا نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن!...بەلكىم تارىختىكى ئۇنتۇلماس بىر تارىخشۇناس بولۇپ قالامسىز تېخى!......دىدى كىنايە قىلىپ. ئۇلار ئىچىگە كىرىپ كىتىشى بىلەن تەڭ مەن دەرھال جەسەتكە پاتۇرۇلۇپ قويۇلغان تېرە كىتاپنى ئالماقچى بولدۇم، بىراق ئۇ جەسەتنىڭ بەدىنىگە ناھايىتى چىڭ جىپىسلىنىپ كەتكەن ئىدى. ـ: كېلىڭلار ماڭا ياردەم قىلىڭلار!...... ياردەمچىلىرىم سۆزۈمنى ئاڭلاپ ياردەمگە كەلدى، بىز تەسلىكتە كىتاپنى ئاجرىتىپ ئېلىشىمىزغا قەبرىستانلىقنىڭ ئىچى تەۋرەپ كەتتى، بۇ

ئادەتتىكىدەك تەۋرەش بولماستىن ھەتتا پەس قەۋەتتىكى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىمۇ يېرىلىپ چۇشۇپ كەتكەن ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئەتراپ يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. بىز بىردەم ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن نىمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرالماي كىتاپقا قاراشتۇق......ھالبۇكى كىتاپ قان بىلەن يېزىلغان بولۇپ ناھايىتى مۇھىمدەك قىلاتتى. بەلكىم يەر تەۋرىگەننىڭ ئىشى مۇشۇ كىتاپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك!... ــ: بۇ نىمە ئىش!........دىدى شىياڭشاۋ ئەتراپقا قولچىراقنى يورۇتقاچ. مەن ــ: بۇ ياخشى ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ، شىياڭشاۋ ئۇنداق قىلماي نىيتىڭىزدىن يېنىڭ!...بۇ بىزگە بىر بېشارەت بولۇشى مۇمكىن، چىقىپ كىتەيلى ماقۇل دەڭ شىياڭشاۋ!........... بىراق ئۇ مىنىڭ سۆزلىرىمگە پەرۋا قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ــ: بولمايدۇ، بۇ پەقەت ئادەتتىكى تەۋرىنىش خالاس...بەلكىم بۇ ئىشىكنى ئاچقاننىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. بەلكىم ئۇلى بىر بولغاچقا بېسىم تۇپەيلى تەۋرىگەن بولۇشى مۇمكىن!........ شىياڭشاۋ شۇنداق دەپلا قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن بولسام بىر ئىش يۈز بىرىدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ دەرھال قولۇمدىكى قانلىق كىتاپنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ھەمدە رەسىمگە ئوخشايدىغان بۇ يېزىقلارنىڭ ئۆزۈم بىلىدىغانلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. كىتاپنىڭ مەزمۇنى«روھنى تىنىچلاندۇرغۇچى مۇقەددەس كىتاپ»، «ئالۋاستى قوشۇننى كونترول قىلىش»، «ئالماس گۆھەر، سېھرىلەنگەن قەلئەنىڭ ئاچقۇچى»......دىگەندەك چۈشىنىكسىز سۆزلەر تۇراتتى. قالغىنىنى ئوقۇيالمىغاچقا باغلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم. شۇڭا يەنە بىر ۋاراقنى ئۆرۈدۈم، بۇنىڭدا رەسىم بار بولۇپ ئۇزۇن تىرناقلىق، ئۆتكۈر چىشلىق بىر مەخلۇقنىڭ بىر ئادەمنىڭ روھىنى سۈمۈرۈپ ئۇنى ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويغان رەسىمى بار ئىدى. رەسىم قان بىلەن سىزىلغاچقا ئادەمگە چىن تۇيغۇ بىرەتتى، بۇنى كۆرۈپ تىخىمۇ قورقۇپ كەتتىم. شۇ چاغدا ئىچىدىن ئاۋاز چىقتى ــ: پاھ، قاراڭلار!بۇ قانداق جاي ئەمدى؟ ......... مەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئىچىگە كىرىپ ھەيرانلا قالدىم. چۈنكى ئىچى تەرەپ يەنە بىر كەڭ زال بولۇپ ئىچىگە تۇتىشىدىغان جەمئىي ئالتە ئىشىك بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىز كىرگىنىمىزنىڭلا ئىشىكى بار بولۇپ قالغىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىدەك قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. زالنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق تاش سۇپا قوپۇرۇلغان بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە«T»شەكىللىك يەنە بىر تاش ساندۇق بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىزى بىزگە تەتۈر ھالدا ئوچۇق بولۇپ بىرخىل نۇر تارقىتىپ تۇراتتى. شىياڭشاۋ سەل ئېھتىيات قىلغان ئاساستا قۇرالىنى بەتلەپ ئاستا تاش ساندۇقنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتتۈپلا ئىغىزنى ئىچىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قانداق ھېسياتتا بۇنداق ئىغىزنى ئىچىپ تۇرۇپ قالغىنىنى ئاڭقىرالماي دەررۇ يىنىغا بىرىپ تاش ساندۇقنىڭ ئىچىگە قاراپلا مىنىڭمۇ ئىغىزىم ئىچىلىپلا قالدى. شۇ تاپتا نىمە قىلارىمنىمۇ بىلمەيتتىم، دەماللىققا تىلىم گەپكىمۇ كەلمەي قالغان ئىدى. چۈنكى ئالدىمىزدا قىممىتىنى ھېساپلاش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئابى گۆھەر يالىلداپ تۇراتتى. شۇ پەيتتە شىياڭشاۋ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى، مەن دەررۇ ئىسىمگە كىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدىم ــ: توختاڭ، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا ھەرگىز

بولمايدۇ!......بايا كىتاپنى كۆردۈم، بۇ بىر ئاچقۇچكەن...ئىلىۋەتىسىڭىزلا ئالۋاستىلار ئويغىنىپ كىتىدۇ، بايا قاتتىق يەر تەۋرىگىنى يادىڭىزدا بارمۇ؟ بۇ چوڭ بىشارەت!........ شىياڭشاۋ قولۇمنى سىلىكىۋىتىپ ـ: جۆيلىمە ھۇ قىرى!......بۇ ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلايدىغان گۆھىرى، قانداقتۇر بىرەر جاينىڭ ئاچقۇچى ئەمەس!...سەن بۇنىڭغا كۆز سېلىپ شۇنداق دەۋاتامسەن؟ ......دىگىنىچە قولىنى ئالماس گۆھەرگە يەنە ئۇزاتتى. مەن قايتا باشتىن قارشىلىشىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالغاچ دىدىم ـ: ستان سىلاۋ!...(شىياڭشاۋنىڭ ئەسلى ئىسمى)بۇنى ئالسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ!...قاراپ تۇرۇپ ھەممىمىزنى ھالاكەتكە ئىتتىرىشىڭىزگە يول قويمايمەن!......... شۇندا ئۇ قورالىنى ماڭا تەڭلىدى ـ: نېرى ئۆت قېرى، بولمىسا مىڭەڭدىن تۆشۈك ئېچىۋىتىمەن!...كىلىڭلار بۇ ئالجىغان قېرىنى ئىلىپ كىتىڭلار!... مەن ھەرقانچە قارشىلىق قىلغان بولسامۇ ئۇلارغا كۈچۈم يەتمىدى، ئۇلار مىنى ئۈچ ھەمراھىم بىلەن بىرلىكتە ئەسىرگە ئىلىۋالدى. شۇنچە قارشىلاشقان بولساقمۇ ھىچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. شىياڭشاۋ زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجايغىنىچە ئالماس گۆھەرنى ئىز ئورنىدىن قومۇرۇپ ئېلىشى بىلەن تەڭ ئالماستىن چىقىۋاتقان نۇر بىردىنلا سۇسلاپ ئۆچۈپ قالدى، شۇندا ئەتراپ مەلۇم بىر بېسىمنىڭ تەسىرىدە شۇنداق پىرقىرىدىكى ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ھەممىمىز قەلئە بىلەن تەڭ پىرقىراۋاتاتتۇق، ئەتراپنى ئاللا ـ كاللا قاپلىغان بولۇپ ھەممىسى ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش كويىدا ئىدى. ئەتراپتا بىز بىلەن تەڭ چۆرگىلەۋاتقان تاش، باشقا شەئىيلەر زەردە بىلەن باش كۆزلىرىمىزگە ئۇرۇلاتتى. بىر ئازدىن كىيىنلا خۇددى بومبا پارتىلىغاندەك«بوك!...»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممىمىز تەرە ـ تەرەپكە ئۇرۇلۇپ توختاپ قالدۇق، ئارىمىزدا ھەممىمىز دىگۈدەك ئاساسەن يارىلانغان بولۇپ قوغدىغۇچىدىن بىرسىنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئىدى. مەن قاتتىق ئاغرىۋاتقان باشلىرىمنى تۇتقىنىمچە ئەتراپتىكى ئىڭراشلار ئارىسىدىن ئۆز ياردەمچىللىرىمنى ئىزدەۋاتاتتىم ـ: ئالىننا، سىز قەيەردە!...... مەندىن نېراقتىراق بوشقىنا جاۋاپ كەلدى ـ: پىرافىسور، مەن...بۇ يەردە!...... ئالىنناننىڭ پۇتىنى بىر تاش بېسىۋالغان ئىدى، مەن ئۆمۈلەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ پۇتىنى تاش ئاستىدىن ئاجرىتىۋالدىم، ئۇنىڭغىچە شىياڭشاۋ باشچىلىقىدىكى قوغدىغۇچىلارمۇ ۋايساشقىنىچە تاشلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى ـ: ۋايجان!......ئانناڭنى، زادى نىمىش بولدى؟ ...... مەن بىر قولۇمدا بىشىمدىكى يېرىقتىن چىقىۋاتقان قانلارنى چىڭ بېسىۋالغاچ ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ تاشلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئىدى. مەن دەررۇ تاشلارنىڭ ئارىسىدىن بىر نەرسىلەرنى ئىزدەشكە باشلىدىم، ئۇ دەل ھېلىقى قانلىق كىتاپ ئىدى. مەن جىددىيلىشىپ ئىزدەۋىتىپ بىر بۇرجەكتە چىقىپ قالغان تېرە كىتابنى كۆرۈپ قالدىمدە ناھايىتى چوڭ بايلىق تېپىۋالغاندەك ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئارىدا شىياڭشاۋمۇ ئالماس گۆھەرنى ئىزدەۋاتاتتى ـ: بولۇشە، بولۇشە!...تېز ئالماس گۆھەرنى تېپىش، ئۇنىڭ باھاسى ھەرقايسىڭنىڭ

جىنىنىڭ باھاسىدىنمۇ يۇقىرى!......... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە قول ئاستىدىكىلەرنى ئالماسنى تېپىشقا ئۈندەۋاتاتتى. مەن بولسام ياردەمچىلىرىمنى بىر يەرلەردىن تېپىپ ئۇلارنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. دەل شۇ پەيىتتە توساتتىن غەيرى بىر نەرە تارتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. شىياڭشاۋ ـ: نىمىش بولدى؟ بۇ ئېيىقنىڭ ئاۋازى ئەمەستۇ ھە؟ ...تېز بولۇڭلار ئالماسنى تېپىپ بۇ جايدىن چىقىپ كېتەيلى!...... دىدى ھەركىتىنى تىزلىتىپ، بىراق بىز ئالىبۇرۇن ئالۋاستىنى ئويغۇتۇپ بولغان ئىدۇق. بۇ نەرە تارتىش دەل شۇ ئالۋاستىنىڭ ئويغانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى!..............

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب9 ـ قىسىم)

ئۆڭكۈرنى بىر ئالغان بۇ قاتتىق نەرە تارتىشتىن چۆچۈپ كەينىمىزگە چېكىنىشكە باشلىدۇق، ئەمما ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان ئىدۇق. بىراق شىياڭشاۋ بولسا قوغدىغۇچىلار بىلەن داۋاملىق ھېلىقى ئالماسنى ئىزدەۋاتاتتى. ـ: شىياڭشاۋ قاراڭ!........... بىر قوغدىغۇچى شۇنداق دېگەچ قولچىراقنى بىزدىن يىراقتىراق بىر جايغا تۇتتى. قولچىراقنىڭ يورۇقىدا ئالماس كۆزنى چاقناتقۇدەك پارقىراپ تۇراتتى. ـ: تېز ئۇنى ئىلىپ كەل!.........دىدى شىياڭشاۋ قوغدىغۇچىغا. ئۇ مۈدۈرۈپ يۈرۈپ بېرىپ ئالماسنى ئىلىپلا قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى، بىز تىخىمۇ چۆچۈپ نىمە ئىشلىقىنى بىلەلمەي ئۇ تەرەپكە قولچىراق يورۇتتۇق، ئەمما قوغدىغۇچىنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ھىچنىمىنى پەرق قىلالمىدۇق. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۈرىسىدىن جىرىلداپ قان چىقىۋاتاتتى، ئاغرىقنىڭ دەردىگە چىدىيالمىغان قوغدىغۇچى ئېچىنىشلىق ۋارقىرايتتى. شۇ پەيىتتە ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بارا ـ بارا پەسلەپ ئاۋازى چىقماي قالدى، بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ پەقەت ۋە پەقەت كىيىملا يەرگە پۈرلىشىپ چۈشتى. ئۆزى بولسا ئاللىقاچان قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ قالغان ئىدى. ـ: قېچىڭلارررررررررر!............. مىنىڭ ۋارقىرىشىم بىلەن تەڭ ھەممىسى ئۆرە توپا بولۇشۇپ سىرتىدىكى قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ قاچتى. بىراق شىياڭشاۋ بولسا بىزگە قارشى تەرەپكە يۈگۈرۈۋاتاتتى. ـ: شىياڭشاۋ ساراڭ بولدىڭىزمۇ تېز يېنىپ كېلىڭ!........... بىراق ئۇ مىنىڭ ۋارقىرىشىمغىمۇ پەرۋا قىلماستىن مۈدۈرۈپ يۈرۈپ بېرىپ بايىقى قوغدىغۇچىنىڭ قولىدىن دومۇلاپ چۈشۈپ كەتكەن ئالماسنى ئىلىپلا بىز تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدى. بىز يالغۇز قەبرە بار ئۆيگە چىققاندا بولسا تاش ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى جەسەت ھېچيەردە كۆرۈنمەيتى. ـ: بۇ قانداق گەپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى جەسەت قېنى!...... دىدىم مەن چۆچۈپ كىتىپ. ـ: كارىڭىز بولمىسۇن پىرافېسسور تىز قاچايلى!............ ئالىننا شۇنداق دىگىنىچە قولۇمدىن تۇتۇپلا سىرىتقا تارتتى. بىز چوڭ قەبرىگاھقا چىققاندا بولسا غەيرى ئاۋاز ئۇلغىيىپ خۇددى ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز ئۆڭكۈرنى بىر ئالغان ئىدى. ئۆڭكۈر ئىچى قاۋاق بولغاچقا ئەكىس سادا قايتۇرۇپ ئاۋازلارنىڭ قەيەردىن چىقىۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق قىلماق تەس ئىدى. بىز ھۆركىگەن ئوغلاقتەك چاپچىپ، تاشلارغا پۈتلىشىپ، يىقىلىپ قوپۇپ دىگۈدەك ئاللا ـ توۋا دىيىشكىنىمىزچە مەخپىي

كىرىش ئىغىزى تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدۇق. ـ: ئاااااااااااااااااااااا!............... شۇ پەيىتتە تۇيۇقسىز يېنىمدىكى بىر ھەمرايىم ۋارقىرىغىنىچە مەلۇم بىر كۆچىنىڭ تەسىرىدە سۆرەلگەن پېتى بىر قەبرىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كىتىلدى. ـ: قۇتقۇزۇڭلار، مىنى قۇتۇلدۇرىۋىلىڭلار!......پىرافېسسور مىنى قۇتۇلدۇرىۋىلىڭ!........... ئۇ قولىنى ماڭا سوزغىنىچە ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى، بار كۈچى بىلەن تىرنىقى يەرگە پاتۇرىۋالغان بولسىمۇ ئىچىدىكى كۆچىنىڭ تەسىرىدە تىرناقلىرى بارمىقىدىن ئاجراپ جىرىلداپ قان چىقىشقا باشلىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھاياتلىقتىن ئۈمۈدىنى ئۈزمەي ئاغرىقىشا چىداپ خېلى تىركەشتى، ئۇنىڭغىچە مەنمۇ كەينىمگە يېنىپ بىرىپ ئۇنى تارتىۋالماقچى بولۇپ قولۇمنى سوزدۇم ـ: قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، تېز بولۇڭ!......... مەن قولۇمنى ئۇزىتىشىمغا ئۇ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنىچە قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ـ: ۋېلىستوووووووووووون!........... مەن ۋارقىرىغاندىن قەبرىنىڭ ئىچىگە چۈشەي دەپ تۇرغاندا ئىچى تەرەپتىن خۇددى فونتاندىن سۇ ئېتىلغاندەك قان چارتىلداپ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، دېمەك ئۇ ئۆلگەن ئىدى......مەن قاتتىق ئېچىنىش ھەم پۇشايمان ئىچىدە ئۇنى تىۋۈلغاندىن ئولتۇرۇپلا قالدىم. شۇ پەيىتتە ئىككى قول ئىككى قولتۇقۇمدىن كۆتۈرۈپلا مىنى ئېلىپ ماڭدى. مەن ئازازاپلانغان ھالدا ـ: مېنى قويىۋىتىڭلار، مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىمەن!...ئۇ چوقۇم ھايات تىخى ئۆلمىدى!...........دىگەچ يىغلاپ كەتتىم. گەرچە ۋېلىستوننىڭ ئۆلگىنى ھەقىقەت بولسىمۇ مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ تىخى جان تالىشىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇناتتىم. ـ: بولدى قىلىڭ پىرافېسسور، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولدى!...بىزمۇ ناھايىتى خەتەرلىك ھالدا تۇرىۋاتىمىز، ئۆزىمىزنى يوقۇتۇپ قويساق بىزمۇ ئۇنىڭدەك ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كىتىمىز شۇڭا دەرھال چىقىپ كېتەيلى، بىز بولساقمۇ ھايات قېلىپ ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاشكارلىشىمىز كېرەك!................ ئالىننا مىنى سىرتىقا تارتقاچ شۇنداق دىدى. بۇ چاغدا ئاۋازلار تىخىمۇ ئۇلغىيىپ قۇلاقنى يارغۇدەك دەرىجىدە يۇقۇرىلاپ كىتىۋاتاتتى. ـ: قورالىڭلارنى بەتلەڭلار!...دىدى شىياڭشاۋ ۋارقىراپ تۇرۇپ ـ: نىمە بارلىقىنى بىلمىسەكمۇ ئەمما بىز خەتەر ئىچىدە قالدۇق، شۇڭا ھەر قانداق نەرسىنى بايقىساڭلار دەررۇ ئوق چىقىرىڭلار!........... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە قۇرالىنى ئېلىپ تەييارلىق ھالەتكە ئۆتتى. قالغانلارمۇ قېچىۋاتقاچ پات ـ پات كەينىگە قاراپ قوياتتى. ـ: شىياڭشاۋ ئاۋۇ نېمە؟ ............ بىر قوغدىغۇچى چۆچۈگەن ھالدا پەشتاقنىڭ ئۈستى تەرەپكە قولچىرىغىنى يورۇتتى. مەلۇم بىر قارا گەۋدىنىڭ ئۆمىلىگىنىچە قەبرىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېغىزىمغا تىقىلىپلا قالدى، چۈنكى ئۇ قەبرىدىكى جەسەت ئىدى. ـ: ئالۋاستى!...........راستىنلا جەسەت ئالۋاستىكەن، تېز ئوق چىقىرىڭلار!........ شىياڭشاۋنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن قىلغان بۇيرۇقىغا بىنائەن قوغدىغۇچىلار تارتىلدىتىپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. ئەمدىلا قەبرىدىن ئۆمۈلەپ چىقىۋاتقان جەسەت بولسا ئوق زەربىسىدە كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى، ئەمما قورقۇپ كەتكەن قوغدىغۇچىلار ھېلىھەم ئوق

چىقىرىۋاتاتتى. ــ: ئاناڭنى نان قىپپى هارىملار!.........دېدى شىياڭشاۋ غەزەپ بىلەن ــ: ئۇقنى تېجەپ قىلىشمىساڭ كىيىن ئۆلگۈك بار ئوخشىمامدۇ، جەسەت پارچىلىنىپ كەتكىلى نەۋاق تېخىچە ئوق چىقىرىۋېتىشامسەن!...........دىگەچ ئۇلارنىڭ قۇرالىنى تۇتىۋالدى. ئەمدى بولسا قەبرىلەرنىڭ ئۈستى يىمىرىلىپ چۈشۈپ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن قوللار ئەزمىلىك بىلەن يەرنى تېرىگىنىچە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ــ: ئاھ تەڭرىم!...بىز تۈگىشىپتۇق......... دېدى ئاللىنا ئىختىيارسىزلا. مەنمۇ ھەم شۇ قاراشتا ئىدىم، چۈنكى نۇرغۇن جەسەتلەر قۇتىرىغىنىچە، قۇرۇتلارغا ئوخشاش لۆمشۈپ دېگۈدەك ئۈستىگە يامىشىپ چىقىۋاتاتتى. ــ: چېكىنىڭلار، تېز چېكىنىڭلار!......دېدى شىياڭشاۋ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىۋاتقان جەسەتلەرگە ئوق ئۈزگەچ. ھەممىمىز جىددىيلىشىپ قولچىراقلارنى ئىگىرىپەس يېقىپ سىرتقا قاراپ قېچىشقا باشلىدۇق. ئاللىنا بىلەن كىرىستوفېرسىن ئىككى بېقىنىمدىن قولتۇقلىغىنىچە كىرىش ئېغىزىغا ئېلىپ كىتىۋاتاتتى، بىز ئىگىز ـ پەس دەسسەپ، مۈدۈرۈپ يۈرۈپ كىرىش ئېغىزىغا بىرىۋالدۇق. ــ: تېز چىقىپ كېتەيلى، ئۇلار بىزنى تۇتىۋالسا چوقۇم ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرىۋېتىدۇ!......... ئاللىنا جىددىيلىشىپ سۆزلەپ كىتىۋاتاتتى. بىز ئادەم باشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان مەخپىي كىرىش ئېغىزىدىن سىرتقا قاراپ قېچىشقا باشلىدۇق، قوغدىغۇچىلارمۇ بىر تەرەپتىن جەسەتلەرگە ئوق ئاتقاچ بىر تەرەپتىن چېكىنىۋاتاتتى. بىز مەخپىي يولدى چىقىپ چوڭ زالغا تۇتىشىدىغان تار بۆلۈنمە يولغا سالامەت چىقىۋالدۇق. بىراق قوغدىغۇچىلار تېخى چىقىپ بولالمىغان ئىدى. مەن ئۇلارنى ساقلاۋاتقاندا ئاللىنا قولۇمدىن تارتتى ــ: نىمىگە قاراپ تۇرىسىز، تېز مېڭىڭ پىرافىسور!......... ــ: بولمايدۇ، بىز بۇ مەخپىي يولنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېتىشىمىز كېرەك. بولمىسا ئالۋاستىلار سىرتقا قۇتراپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا بالايى ئاپەتنىڭ باشلىمى بولۇپ قالىمىز!.........دېدىم مەن. بىراق ئىككى ھەمرايىم مەجبۇر قولۇمدىن سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى ــ: ۋاقىت قالمىدى، ئىشىكنى قوغدىغۇچىلار تاقىۋېتىدۇ بىز تېز چىقىپ كېتەيلى!............. مەن شۇنچە قارشىلاشقان بولسامۇ ئۇ ئىككىسى مىنى مەجبۇر ئېلىپ سىرتقا قاراپ قاچتى. بۇ چاغدا قوغدىغۇچىلارمۇ قورالىرىنى«تاتات!»لاتقىنىچە چىقىپ كەلدى. مەن ئۇلارغا ۋارقىرىدىم ــ: تېز مەخپىي يولنىڭ ئېغىزىنى تاقىۋېتىڭلار!............. شىياڭشاۋ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قول ئاستىدىكى بىرسىگە بۇيرۇق قىلدى ــ: تېز ئىشىكنى تاقىۋەت، تېز بول!...... بىراق نۇرغۇن تۆشۈكنىڭ ئارىسىدىن مەخپىي يولنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېتىدىغان جاينى تاپالماي يۈرەتتى ــ: قايسى تۆشۈكتىن تاقايمەن!........... ــ: خەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدە بىر تۆشۈك بار، ئىچىدە بۇرما تاش بار، شۇنى بۇرىساڭلا بولىدۇ!......... مەن شۇنداق ۋارقىرىغاچ ئاللىنا بىلەن كىرىستوفېرسىننىڭ مەجبۇر ئېلىپ مېڭىشى بىلەن قايرىلما يول تەرەپكە كىتىپ قالدىم. بىر ئازدىن كىيىن بىرسىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى، ئاندىن قۇراللاردىن ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان ئاۋازلار ئۆڭكۈرنى بىر ئالدى. بىز ئالدىمىزغا كەلگەن يوللار بىلەن يۈرۈپ ئاخىرى چوڭ زالغا چىقىۋالدۇق، بۇ چاغدا ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن غۇۋا يورۇق

چۈشۈپ تۇراتتى. ـ: تېز، ئۆڭكۈردىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى!........... ئالىننا شۇنداق دېگەچ مىنى تىخمۇ كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى. بىز ھاسىراپ ھۆمۈدەپ سىرىتقا ئۆزىمىزنى ئاتتۇق...بۇ چاغدا تاك سۇزۇلەيلا دەپ قالغان ئىدى. بىز تاغ ئۆڭكۈرىدىن خېلى يىراقلىشۇالغاندىن كىيىن توختاپ ئۆڭكۈر تەرەپكە قارىدۇق، بىر ئازدىن كېيىن ئۇق ئاۋازلىرى بارا ـ بارا كۈچىيىپ ئۈچ قوغدىغۇچى ئۇق ئىتىۋاتقاچ كەينىچىلاپ مېڭىپ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەلدى. ھەمدە ئۇدۇل بىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىدەك ئاۋاز تىخمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. دېمەك ئالۋاستىلار ئۆڭكۈردىن سىرىتقا قاراپ كىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇندا شىياڭشاۋ قىچىپ كىلىۋاتقان بىزگە ۋارقىرىدى ـ: مەخپىي ئىشكنى ئېتەلمىدۇق، ئالۋاستىلار كېلىۋاتىدۇ تېز قېچىڭلار!........... بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپلا قاچتۇق. بىراق ئۇزاق ماڭمايلا ئالۋاستىلارنىڭ ئاۋازلىرى سۇسلىشىپ يوقاپلا كەتتى. دېمەك بىز ئۇلاردىن خېلى يىراقلىشىپ بولغان ئىدۇق. ئۇنىڭغىچە قوغدىغۇچىلارمۇ ھاسىراشقىنىچە يېتىپ كەلدى، ھەمدە شىياڭشاۋ توختاپ ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپلا بىزگە ۋارقىرىدى ـ: توختاڭلار!......... ھەممىمىز توختاپ ئۇنىڭغا قارىدۇق، شىياڭشاۋ بولسا ھەيرانلىقتا ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ تۇراتتى ـ: مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىم ياكى بۇ خىيالىي سېزىممۇ!...قاراڭلار ئاۋۇ تاغدىكى ئۆڭكۈر قېنى؟ ................. بىزمۇ تاغ تەرەپكە قاراپلا تۇرۇپ قالدۇق، چۈنكى تاغدا راستىنلا بىز ھازىر تېخى چىققان ئۆڭكۈر كۆرۈنمەيتتى. ـ: بۇ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ...بىرمۇنچە خەتەرگە يولۇقۇپ ئاران دېگەندە قۇتۇلۇپ چىققان جاي قانداقسىگە بىردەمدىلا يوقاپ كېتىدۇ!.............. شىياڭشاۋ بۇ ئىشنى ئاڭقىرالماي سوئال نەزىرىدە بىزگە قاراپ تۇراتتى، بىزمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران قالغان ئىدۇق. بىردەمدىن كىيىن شىياڭشاۋ يەنە ئېغىز ئاچتى ـ: ھاھ ھاھ ھاھ ھا!......مەن ئەمدى چۈشەندىم، بىز پەقەت ئاشۇ جايدىن قېچىپ قۇتۇلالىساقلا سېھىر يېشىلىپ بۇ جاينى مەڭگۈگە ئىتتىۋېتىدۇ!...دېمەك بىز ھازىر پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ بولدۇق ھا ھا ھا!..............دىگىنىچە يانچۇقىدىكى ئالماسنى ئېلىپ سۆيۈپ كەتتى ـ: ھاھ ھا!...ئەمدى سەن پۈتۈنلەي بىزگە تەۋە بولدۇڭ ئالمىسىم!...سىنى دەپ تاس قالدۇق جاننى سېلىپ بەرگىلى، لىكىن ئەرزىيدۇ، ئەرزىيدۇ!...........ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ئالماسنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرىۋالدى. لىكىن مەن غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىم ـ: ھۇ ئاچكۆز ئەبلەخ!...سېنىڭ دەستىڭدىن بىر ھەمرايىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئەگەر گېپىمگە كىرگەن بولساڭ بۇنچىۋالا ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى...بىر مۇنچە جاننىڭ بەدىلىگە ئېرىشكىنىڭ دوزاخ بولار ئىلاھىم!.......... ـ: ھۇ ساراڭ قېرى، نىمە ياقامغا ئېسىلىسەن يوقال!.........ئۇ شۇنداق دىگىنىچە مىنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتى ھەمدە ـ: سېنىڭ بىر ئادىمىڭ ئۆلگەن بولسا مېنىڭ ئۈچ ئادىمىم ئۆلدى، بەدەل تۆلەشكە تېگىشلىك بولسا مەن ئۈچ ھەمرايىمدىن ئايرىلىپ ئېغىر بەدەل تۆلىدىم، لىكىن نىمە بوپتۇ ئۇلارنى قۇربانلىق قىلىپ بىباھا بايلىققا ئېرىشتىم، بۇنىڭغا ئەرزىيدۇ!.........دىدى

يەنە. ـ : ھۇ ھايۋان!......سېنى ئادەممىكىن دېسەم يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئۆزىكەنسەن!........ مەن ئاچچىقىمدا ئۇنى تىللاۋاتقاندا ئۇ قورالىنى ماڭا تەڭلىدى ـ : ئىغىزىڭنى يۇم ئۆلگۈر قېرى، يەنە قالايمىقان جۆيلىيدىغان بولساڭ مەڭگۈ گەپ قىلالماس قىلىپ يولغا سېلىپ قويىمەن!.............. ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن ئالىننا مېنى دەررۇ يېنىغا تارتىۋېلىپ ـ : بولدى قىلايلى، بىزنىڭ ئامان قالغىنىمىزمۇ چوڭ ئىش، ئۆز ـ ئارا زىددىيەتلەشمەي بۇ جايدىن سالامەت چىقىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى بولامدۇ!...........دېدى شياڭشاۋغا. شياڭشاۋ بولسا ھېيلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ ـ : ھى ھى ھى...يەنىلا قول ئاستىڭدىكى بۇ گۈزەللىرىڭ ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىكەن، بوپتۇ!...بۇ قېتىم بولدى قىلاي، بۇدا يەنە جۆيلۈيدىغان بولساڭ مەندىن رەنجىمە قېرى!...ياخشىسى بىزنىڭ قوغدىشىمىز ئاساسىدا دۆلىتىمىزگە ساق ـ سالامەت قايتىۋال........بولدى، يۈرۈڭلار چىقىپ كېتىمىز!...............دېدى يول باشلىغاچ. بىراق بىز جىدەل قىلىشىپ بولۇپ ئەتراپقا قارىغىنىمىزدا يەنە بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق، يەنى بىز ھازىر ئۆزىمىز ئۆمرىمىزدە كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر جايدا تۇراتتۇق، بۇ ھەمچاقاچان بىز كىرگەندىكى جاي ئەمەس ئىدى. ـ : بۇ قەيەر ئەمدى؟ ...دېدى شياڭشاۋ ئەتراپقا قارىۋېتىپ ـ : يادىمدا خاتا قالمىغان بولسىلا بىز ئەزەلدىن بۇنداق جايغا كېلىپ باقمىغانىغۇ دەيمەن!........ئېيتە سەن ئەسلىيەلىدىڭمۇ!.........دەپ سورىدى بىر قوغدىغۇچىسىدىن. بىراق ئۇمۇ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە قاراپ تۇراتتى. ھەممىمىز دېگۈدەك جاۋاپسىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ تۇراتتۇق، شياڭشاۋ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ـ : بەلكىم بىز ئۆڭكۈرنىڭ يەنە بىر بېشىدىن چىقىپ قالغان بولساق كېرەك، بىراق ھېچقىسى يوق، مىڭشۇەتسەكلا بۇ دوپپامەدەك جايدىن چىقىپ كېتىدىغان ئېغىزنى بىردەمدىلا تېپىۋالىمىز. ئەڭ مۇھىمى بىز ساق ـ سالامەت ئۆڭكۈردىن چىقىۋالدۇق، ئۆڭكۈرمۇ غايىپ بولدى. دېمەك بىز ناھايىتى بەختەر...لېكىن ئامال بار سەپتىن چۈشۈپ قالماي مېڭىڭلار، ئاۋۇ قېرىنى يۆلىۋېلىڭلار ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە!........دېدى مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. بىراق مەن غەزىپىمنى باسالماي ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ تۇراتتىم. چۈنكى بۇ ئىبلىس مېنى نۇرغۇن قېممەتلىك نەرسىلەردىن ئايرىغان ئىدى. يەنە كېلىپ مېنىڭ جاپادا يىغقان ئەۋرىشكىلىرىم بار سومكامۇ بىر ياردەمچىم بىلەن بىللە مەڭگۈلۈك تاغ ئۆڭكۈرىگە بەند قىلىنغان ئىدى. ئەمدى بولسا ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىز چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىمىزمۇ بىلمەيدىغان، ھەم ئەزەلدىن كۆرۈپمۇ باقمىغان بۇ جايدىن خارابىلىققا كىرگەن ئىشىكنى ئىزدەپ نىشانسىز ھالدا ئايلىنىشقا باشلىدۇق..................

كۆندىلىك خاتىرە(6 ـ باب10 ـ قىسىم)

بۇ يوللار نىماناداق تۈگىمەيدۇ؟ ......دېدى شياڭشاۋ مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ماڭغاچ ـ : كىرگەن ۋاقتىمىزدا بۇنچە ئۇزۇن بىلىنمىگەن ئىدى، ئەمدى بولسا شۇنچە ماڭساقمۇ بىرەر تونۇش

جاي يوققۇ!...شۇ تاپتا ئۇيقۇمۇ بەك كېلىپ كەتتى!......دەپ زارلىنىپ قويدى. دېمىسىمۇ بىز ئىككى كۈن ئۇيقۇسىز قالغان ئىدۇق، شۇ تاپتا كۆزلىرىمىز ئېلىشىپ، پۇت ـ قوللىرىمىز بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ خۇددى خىيالىمىزدىكىدەك غۇۋا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شىياڭشاۋ چىدىمىدىمۇ ئاخىرى ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ھەمدە ـ: بولدى ماڭمايلى، بەربىر جەسەتلەردىن قۇتۇلدۇق ئەمدى قانغۇچە بىر ئۇخلىۋېلىپ ئاندىن يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، مەن كۆزۈمنى زادىلا ئاچالمىدىم!.........دېدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن جەسەتلەر كېلىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتسىمۇ رازى بولىدىغاندەكلا قىلاتتى. ھەم شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىنى چىك قامالىلىغان ھالدا ئۇيقۇغا غەرق بولدى. بىزمۇ ھەم ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەردىدىن كۆزلىرىمىز تورلىشىپ ئارانلا قالغان ئىدۇق. ـ: شۇنداق قىلايلى پىرافېسسور، ئۇ ئېيتىسىنىڭ دېگىنىدەك بىز ئالۋاستىلاردىن قۇتۇلدۇق، چوڭ غېمىمىز تۈگىدى!...ئەمدى كېچىلىك ئۇيقۇمىزنى ئۇخلىۋېلىپ ماغدۇرلانغاندا ئاندىن يولىمىزنى داۋام قىلايلى!.........چارچاپ كېتىپ ھېچ ئىش يادىمدا قالماپتۇ، بەلكىم كەلگەن يولنى تاپالماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ زىيادە چارچاپ كېتىپ خاتا سېزىمدە بولۇپ قالغانلىقىمىزدىنمىكىن!.........دېدى ئالىننا. مەنمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدۇم، دېگەندەك ھېچ بولمىسا بىز ئۇ جەسەتلەردىن بولسىمۇ قۇتۇلغان ئىدۇق. ئەمدى پەقەت بۇ جايدىن چىقىپ كەتسەكلا ھەممە ئىش تۈگەيتتى. مەن ئۇلارنى ئارام ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كۆزلىرىمنىڭ ئېيچىشىپ كېتىشىگىمۇ قارىماستىن خاتىرەمگە بۇ ۋەقەلەرنى يېزىشقا باشلىدىم. چۈنكى بۇ ئارقىلىق ھايات قالسام مەندە چوڭقۇر بىر ئۇنتۇلماس ئەسلىمە قالاتتى، ھايات قالالمىسام بۇ جايغا بىزدەك ئېزىپ كىرىپ قالغانلارغا چوقۇم پايدىسى بولاتتى. قانداقلا بولسۇن بۇ قاباھەتلىك ئىشلارنىڭ ھېچكىمگە ئۇچراپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن!.................. ـ: ئۇھ، بۇنى ئوقۇپ بولغىچىلىكمۇ كۆزلىرىم ئېيچىشىپ كەتتى دېسە!......... دېدى غېنى خاتىرىنى قويۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ. بىز بولساق جىمجىتلىقتا چۆمگەن ئىدۇق. غېنى ھەيران بولۇپ بىزگە قارىدى ـ: نىم بولدى سىلەرگە، قاراپلا قاپسىلەرغۇ!......... نىجات يالغاندىن يېشىنى سۈرتكەن ھالەتتە پوتلىسىنى تارتىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى ـ: ھەيىيىيي!......نىم بولاتتى، ھېكايەڭنى ئاڭلاپ مومام يادىمغا كېپ قالدى...رەھمەتلىك ساڭا ئوخشاش ھېكايە ئوقۇپ ئادەمنى ئېغىزىغا قارىتىپلا قويىدىغان!...لېكىن سەندەك قورقۇنۇچلۇق ھېكايە ئوقۇمايتتى، باللار ھېكايىسى ئېيتىپ بېرەتتى!......... ـ: ۋاي مىراخور، داۋاملىق شۇم ئېغىزلىق قىلىدىغان نىمىكەنسەن!...موماڭ رەھمەتلىك بوپ كەتكەن بولسا جايى جەننەتتە بولسۇن، بۇنىڭغا نىمە مىنى چىشلەپ تارتىسەن، مەنيا رەھمەتلىك بولمىسام!...........دېدى غېنى تىرىكىپ. نىجات يەنە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ـ: ھوي لەقۋا، كىم سىنى رەھمەتلىك دەپتۇ!...مەن پەقەت مومام رەھمەتلىكنى ئەسلىتىپ قويدۇڭ دەۋاتىمەن، كالىنىڭ سۈتىنى ئىمىپ قالغان!.........دېدى غېنىغا. ـ: ھەي بولدى قىلىڭلا، كەچكىچە جىدەلنىڭ غېمى!...ئىشىڭلار بولمىسا مىڭىشە توشقان ئۇۋلاپ

كىرىش!...... دىدىم مەن قەستەن ئاچچىقلانغان قىياپەتتە، لىكىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىچ ئىچىمدىن كۈلگۈم كېلەتتى. نىجات يەنە ئېغىز ئاچتى ـ: نېمە؟ ...توشقان ئۇۋلاش ئۇستىللىرى ئالدىمىزدا ئولتۇرسا يۈزىنى تۆكۈپ بىز تۇتۇپ كېلەمدۇق؟ ......بوپتۇ باردۇقمۇ دەيلى، ناۋادا ئاران بىر ـ ئىككىنى تۇتۇپ كەلسەك ئۇلارنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ. شاگىرتىم دەپ پەخىرلىنىپ يۈرسە بىز يۈزىنى تۆكۈپ قويىمىز شۇڭا ئەڭ ئاقىلانىسى ئابلاكام بىلەن سىيلىمكام تۇتۇپ كەلسۇن قانداق، بۇنىڭدا ھەممىمىزنىڭ قورسىقى راۋۇرۇس تويىدۇ مانا!............ ئۇنىڭ ھەيىيارلىق بىلەن دىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. نىجات شۇنداق دىگەچ ئابلاكام بىلەن سىيلىمكامغا قاراپ قويىدى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ئابلاكام سىيلىمكامغا ـ: بۇرادەر، بۇ پىستەكلەرنىڭ قورسىغى ئېچىپتۇ ئاستا توشقان تۇتۇپ كىلەمدۇق، ھېلى قورسىقى ئاچ قېلىپ ئايلىنىپ قالمىسۇن بۇلار!........دىدى كۈلۈپ قويۇپ. سىيلىمكامۇ بۇ گەپنى ماقۇللاپ ـ: شۇنداق قىلىلى، يەنە كېلىپ بۇلار ماڭا ئامانەت...شۇڭا ئۆزۈم ئاچ قالسامۇ بۇلارنىڭ قورسىقىنى ئويلاشمىسام بولمايدۇدە!......دىدى، ئاندىن بىزگە قاراپ ـ: ئۇنداق بولسا سىلەر سىرتتا چىقماي تۇرۇڭلار، بىز چىقىپ توشقان تۇتۇپ كىلەيلى بولامدۇ!.........دىگەچ ئورنىدىن تۇردى. بىز خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇق ھەمدە ئۆز ـ ئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار بىرمۇنچە توشقاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتقىنىچە كۆتۈرۈپ كەلدى. نىجات بۇنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ بېرىپ توشقانلارنى ئالغاچ ـ: مانا دىمىدىممۇ!...چۈشۈن بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن دەيدىغان گەپ با!...باياتىن مەن بارغان بولسام ئىككى بارمىقىمنى بۇرنۇمنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپقىنە يىنىپ كىلەتتىم بەلكىم!..........دەپ قويدى مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ. بىز توشقانلارنى كاۋاپ قىلىپ ئىشتاھا بىلەن مەزىلىك توشقان كاۋىپىنى يىيىشكە باشلىدۇق. ـ: ۋوي، ۋوي!...تىزرەك يەڭلا ھېلى ما دىۋە ھەممىنى يەپ بولىدىغاندەك قىلىدۇ، ئا قاراڭلا ئاننىڭغا...توشقاننىڭ بىر پۇتىنى بىر يالماپلا يۇتىۋەتتى، ھاڭگەن مۇنۇنىڭ ئېغىزى!........... بىز نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېلىقىپ كۈلەتتۇق، رۇسۇل بولسا قىزىرىپ ئىغىزىغا گەپمۇ كەلمەي نىجاتقا ئالىيىپ قاراپ قوياتتى. ئۇ تىرىككەنسىرى نىجات ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ بىزنى تىخىمۇ كۈلدۈرۋەتەتتى. شۇ ھالدا غىزالىنىپ بولۇپ قورساقمۇ راۋۇرۇس تويىدى. ئەمدى خاتىرىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. ـ: ھە روس ئاغىينەم ئېيتە ناخشاڭنى!......بەلەن ئېيتىۋاتىسەن جۇمۇڭ!......دىدى نىجات غېنىغا. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان غېنى يەنە تېرىكتى ـ: ئۆلگۈر مىراخور، تاڭسىڭغا ياردەملىشىپ نوم ئەكەلمەي نىمىشمۇ قىلا بوغىيتىڭ بۇ جايدا، سېپىق ئوتتەك ھەممىمىزنى تىرىكتۈرۈپ!......... ئۇلار بىردەم گەپ سوقۇشۇشقا باشلىدى، بىز بولساق بۇ بالىلارچە سوقۇشىۋاتقان ئىككىسىگە قاراپ مەستلىگىمىز كىلىپ كىتەتتى. ئاخىرى مەن قەستەن ئاچچىقلانغان قىياپەتتە ئۇلارغا دېدىم ـ: بىردەم سوقۇشامسىلە؟ ......مايەدە بىز ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن ئالدىراۋاتساق سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ

پارىڭنى قىلىپ ئولتۇرساڭلار قانداق بولىدۇ!...... گەرچە قوپال سۆزلىگەن بولسامۇ ئىچىمدىن بىر كۈلكە قىستاپ تۇراتتى، لېكىن چاندۇرمىدىم. شۇندا نىجات ـ: خاپۇلىمىغىنە ئاداش، ماندابى چاقچاق قىلىپ قويدۇمغۇ ئەمدى!......ھە، ھە...خاتىرىنىڭ داۋامىنى تەرجىمە قىلە زادى نىمە ئىشلىقىنى بىلىپ باقايلى!........... شۇنداق قىلىپ غىنى خاتىرىنى ئېچىپ كەلگەن جايدىن باشلاپ تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى......... ـ: ئالدىمدا ۋىلىستون قانغا مىلەنگەن ھالدا ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىن چىپىلداپ قان ئېقىۋاتقان بولۇپ ئىچ ئەزايى ساڭگىلاپ تۇراتتى، بىراق ئۇ ھېچ قىينالغاندەك ئەمەس ئىدى، ھەتتا بىر يۈرەكنى قولىغا ئېلىۋالغان ھالدا ماڭا ـ: «مېنى قۇتقۇلدۇرىۋالالايتتىڭىز، ئەمما شۇنچە توۋلىسامۇ مىنى تاشلاپ قويۇپ قىچىپ كەتتىڭىز!...ئەمدى سىزمۇ ئۆلىسىز، بۇ رەزىل يۈرىكىڭىزنى مەن سۇغۇرۇپ ئېلىۋالدىم، شۇڭا ئۆلىشىڭىز مۇقەررەر!.........»دەپ ۋارقىرىدى. مەن ھەيران بولۇپ بەدىنىمگە قارىغىنىمدا قارنىم يېرىلغان بولۇپ ئىچ ئەزايىم خۇددى ئۇنىڭكىدەك ساڭگىلاپ قالغان ئىدى، پۈتۈن ئەزايىم قانغا مىلەنگەن بولۇپ ھەتتا يۈرىكىممۇ يوق تۇراتتى. مەن قاتتىق چۆچۈپ ئالدىمدىكى«ۋىلىستون»غا قارىدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا ئۆزگىرىپ ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق تۈسكە كىردى، ئۇ قان ئېقىۋاتقان ئېغىزىنى بىلەر بىلىنمەس ئېچىپ ھىجايغان ھالدا ـ: ئۆلىسەن!...ئەمدى ھەممىڭ ئۆلىسەن!..........دىگىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى. ـ: «ياااااااااااااااااااق!...» مەن قاتتىق ۋارقىرىغىنىمچە چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كەتتىم، شۇتاپتا پۈتۈن بەدىنىم چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئىدى. نەپسىم يېتىشمەي مەيدەمنى تۇتقان ھالدا چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا باشلىدىم. ئاۋازىمنى ئاڭلاپ يېنىمدىكىلەرمۇ چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كېتىشتى، ھەممە ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپلا قالدى. ـ: نىمىش بولدى پىرافىسور؟ ...... ئالىننا بىشىمدا ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن تەرلىرىمنى سۈرتىۋېتىپ ئۇنىڭغا ـ: ھېچ ئىش يوق، قارا بېسىپ قاپتۇ!......... دىدىم جاۋابەن. كۆڭلۈم بىر شۈملۈقنى سىزىۋاتقاندەك قىلاتتى، يۈرۈكۈمنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ كۆرگەن چۈشۈمنى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. ـ: ئاپلا ما ئىشنى كۆرمەمدىغان، كەچ بولاي دەپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!...تىخى بايىلا ياتقاندەك قىلاتتۇق بىردەمدە كەچ بولۇپ بولغىنىنى كۆرمەمدىغان...ھەممىڭلار قوپۇڭلار، قاراڭغۇ چۈشۈپ يولنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكۈچە تېزرەك مېڭىپ چىقىدىغان جاينى تېپىۋالايلى!...... دىدى شىياڭشاۋ سائىتىگە قاراپ قويۇپ. بىز ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. بىراق قانداقلا ماڭايلى بۇ جاينىڭ ھەممىسى بىزگە ناتونۇشلا ئىدى، يەنە كېلىپ بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ كەڭ بولۇپ يەر شەكلىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. مەن بولسام يۈرۈش جەريانىدا مۇشۇ ئىشنىڭ تىگىگە يېتەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئىدىم. بىردىنلا ئۆزىمىزمۇ كۆرۈپ باقمىغان بىر جايغا چىقىپ قېلىش، نەچچە كىلومىتىرلا كېلىدىغان بۇ خارابىلىقتا چىقىپ كېتەلمىگەن ئىشىكنى تاپالماي بىر كۈن يول يۈرۈش ماڭا نىسپەتەن گۇمان پەيدا قىلىپ قويغان ئىدى. ئاخىرى مېڭىشتىن توختىدىم ـ: توختاڭلار!...سىلەر غەلىتىلىك

ھېس قىلمىدىڭلارمۇ، ئەجەبا نەچچە كىلومېتىر كىلىدىغان بۇ خارابىيلىقتا بىر كۈن يۈرۈپمۇ چىققىدىغان جاينى تاپالماسلىقىمىز ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسمۇ!......... ھەممىسى ماڭا قاراپ ھەيران قېلىشتى. شىياڭشاۋ ـ: ئەجەبا سىز بۇيەردە بىر مەسىلە بار دېمەكچىمۇ؟ ......دېدى ھەيرانلىق بىلەن. ـ: شۇنداق، مەنچە راستىنلا بىر غەلىتىلىك بار......بۇ بەلكىم سىز ئىلىۋالغان ئالماس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن!......... ـ: جۆيلۈمەڭ!......دېدى شىياڭشاۋ جىددى تەلەپپۇزغا ئۆتۈپ ـ: سىز يەنىلا شۇ گەپتىما؟ ...ئەجەبا بىرتال ئالماسنى ئېلىپ قويغانغا كىرىش ئىشىكى يوقاپ كەتمەس!...... ـ: بۇ تامامەن مۇمكىن!...سۆزلىرىمنى تېرىكمەي ئويلاپ بېقىڭ، سىز ئالماسنى ئالغاندىن كېيىن ئىچىدە قاتتىق يەرتەۋرەش يۈز بەردى، ھەمدە ئۆڭكۈر ئىچى قاتتىق پىرقىراپ كەتتى، بۇ نىمە ئۈچۈن؟ يەنە يالغۇز دەپىنە قىلىنغان تاش ساندۇقتىكى جەسەت بىز چىققاندا يوقاپ كەتتى بۇ نىمە ئۈچۈن؟ بىز ئۆڭكۈردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ كىرىش ئېغىزى يوقاپ كەتتى بۇ نىمە ئۈچۈن؟ ......دېمەك سىز ئالماسنى ئالغان ۋاقتتىن باشلاپلا ھەممە ئىش ئۆزگۈرۈپ كەتتى، ھەتتا بىز قېچىپ چىقىپمۇ يەنىلا خارابىيلىقنىڭ چىقىش ئىشىكىنى تاپالماي يۈرىمىز بۇلارنىڭ ھەممىسى زادى نىمە ئۈچۈن؟ ...بۇلار دەل سىز ئالماسنى ئالغاندىن كېيىن بولۇنغان ئىشلار!...مەن ھېلىقى كىتاپنى ئوقۇغان، ئۇنىڭدا ئالماس گۆھەر توغۇرلۇق ئىزاھات باركەنتۇق. سىزگە شۇنچە دېگەن بولسامۇ سۆزۈمنى ئاڭلىماي يەنىلا ئۇ نەرسىنى ئالدىڭىز، شۇنىڭ كاساپىتىدىن تۆت ئادىمىمىز ئىچىدىن چىقماستىنلا ئۆلۈپ كەتتى. سىز يەنە ئۇ ئالماسنى ئەتىۋارلىماقچىما؟ ...بىلىسىڭىز بىزنىڭ چىقىپ كىتەلمەيۋاتقىنىمىزنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى دەل مۇشۇ ئالماس بىلەن مۇناسىۋەتلىك!............... سۆزۈمنى ئاڭلاپ شىياڭشاۋ بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ئاندىن ـ: مەيلى نىملا بولسۇن بىز ئۇ ئالۋاستىلاردىن قۇتۇلدۇق، ئۆڭكۈر ئېغىزىمۇ يوقاپ كەتتى. دېمەك ئۇلار قايتا قۇترىيالمايدۇ، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى بۇ جاينىڭ چىقىش ئېغىزىنى چوقۇم تاپالايمىز، چىقىپلا كەتسەك ئەمدى بۇ جايغا قايتا كەلمەيمىز!.........دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل تېرىكتىم ـ: ئۇنداقتا چىقىدىغان جاي قېنى؟ ...بوپتۇ چىقىدىغان جاينى تاپتۇقمۇ دەيلى، بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جەسەتلەر يەنە قايتا ئويغانمايدۇ دەپ كاپالەتلىك قىلالامسىز؟ ...ناۋادا ئۇلار ئۆڭكۈردىن سىرتقا چىقىپلا قالسا نىمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغىنىنى بىلەمسىز!......... ـ: بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!...بىز ئەتتىگەن ئېنىق كۆرگەن تۇرساق، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى غايىپ بولدى، دېمەك ئۇلار مەڭگۈ شۇنىڭ ئىچىدىن چىقالمايدۇ. ھەم بۇنىڭدىن كېيىن باشقا كىشىلەر كىرىپ قالسىمۇ ئۇيەرنى ھەرگىز تاپالمايدۇ، بۇ ئىش پەقەت بىز بىلەنلا تۈگەيدۇ بىلىدىڭىزمۇ پىرافىسور!......... دېدى شىياڭشاۋ يەنە. بىراق مەندە بىرخىل ئەنسىزلىك ئەۋج ئېلىپ تۇراتتى، قانداقتۇر بىر ۋاقىتتا ئۇ جەسەتلەرنىڭ قۇتراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ـ: كەچمۇ بولۇپ كىتىپتۇ، باشقىسىنى ئويلىماي چېدىر ياساش تەييارلىقىنى قىلايلى...قاراڭغۇدا بەربىر

يولنى پەرق ئەتمەكتىمىز تەس بولىدۇ شۇڭا بۇگۈن كېچە مۇشۇ جايدا تۈنەپ ئەتە سەھەردە چىقىپ كېتەيلى!.........دىدى شىياڭشاۋ سومكىسىنى يەرگە قويغاچ. دىمىسىمۇ قاراڭغۇدا بۇنداق مۇرەككەپ جايدىن يولىمىزنى توغرا تېپىپ مېڭىشىمىز تەسكە چۈشەتتى، گەرچە كېچىلىك ئۈيقۇمىزنى ئەتتىگەندە ئۇخلىۋالغان بولساقمۇ ئامالسىز بۈگۈن كېچىنى يەنە مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدۇق. مەنمۇ بايا ئۆڭكۈرنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۆزۈمگە ئازراق تەسەللىي بەردىم، بەلكىم ئەمدى ئالۋاستىلار چىقالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. بىز چېدىرلارنى تەييار قىلىۋېلىپ ئۇنىڭدىن كىيىن گۈلخان يېقىپ قويۇپ ئەتراپىدا ئىسسىنغاچ پاراڭغا چۈشتۇق. پاراڭ مەزمۇنى يەنە شۇ تۈنۈگۈن ئاخشامنىڭ ياقى يولۇققان خەتەرلىك ئىشلار ئۈستىدە بولىۋاتقان ئىدى. بىراق مەن نىمىشقىدۇر ئەتتىگەن كۆرگەن چۈشلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم، ۋېلىستوننىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا مىنىڭ يۈرۈكۈمنى تۇتۇپ تۇرۇشلىرى، ئۇنىڭ ئاۋازى قورقۇنۇچلۇق ئۆزگۈرۈپ ماڭا دېگەن گەپلىرى خىيالىمدىن كەتمەيتتى. نىمىشقىدۇر ئۆزۈمچە بىرخىل قورقۇنچقا ئەسىر بولدۇم. ـ: نىمىش بولدى پىرافىسور، نەگە بارىسىز؟ ......... ئالىننا مىنىڭ ئورنۇمدىن تۇرغىنىمنى كۆرۈپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا قىسقىلا قىلىپ ـ: چېدىرىمغا كىرىپ كېتەي، بەك چارچاپ كەتكەندەك قىلىمەن!......دىدىم جاۋابەن. ئۇمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى، مەن چېدىرىمغا يېنىپ كىرىپ خاتىرەمنى ئىلىپ بۈگۈن يولۇققان ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەشكە باشلىدىم. ئەتراپ بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇققا تولىۋاتقان بولۇپ، بىردىنلا جىمجىتلىق قاپلىغان بۇ خارابىيلىقنى ھەرخىل غەيرى ئاۋازلار قاپلاشقا باشلىدى. ئاڭلىماققا بەزىللىرى يىرتقۇچلارنىڭ ھوۋلىشىغا بەزىللىرى ھوۋقۇشلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى، يەنە بەزىللىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمايتتى. بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يەنە ئەنسىزلىككە چۈمدى، خىيالىمدا ئۆڭكۈر يەنە پەيدا بولۇپ قېلىپ جەسەتلەر سىرتتا چىقىۋالىدىغاندەكلا تۇيغۇ بولۇپ ئىختىيارسىز تىترەپ كېتەتتىم. ئاخىرى قورقۇنچىمنى سەل بېسىش ئۈچۈن بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى قارار قىلدىم ھەمدە دائىم بوينۇمغا ئېسىپ يۈرىدىغان سومكامنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم. قولۇمغا پەقەت قولچىراق، قەلەم، لومپا ئەينەكتىن باشقا ھېچنىمە چىقمىدى، ھەممە نەرسىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكى قەبرىستانلىقتا تاشلاپ قويۇپ چىققان ئىدىم. تۇيۇقسىز قوينۇمغا سېلىۋالغان سېلىقى قانلىق كىتاپ يادىمغا كەلدى ۋە دەرھال ئۇنى قوينۇمدىن چىقاردىم. كىتاپتىن بىرخىل سېسىق پۇراق بىلەن قاننىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە نىمە ئىشلارنىڭ بايان قىلىنغانلىقىغا قىزىقىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم، كىتاپنىڭ باش بەتلىرىدە مەن چالا تەرجىمە قىلغان سۆزلەردىن باشقا يەنە ئۇزۇن تىرناقلىق مەخلۇقنىڭ..ياق مەخلۇق ئەمەس جەسەت ئالۋاستىنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىدە دەسسەپ تۇرۇپ نەرە تارتىۋاتقان رەسىملىرىمۇ بار ئىدى، ئاخىرىنى ۋاراقلىغانسىرى ئۇششاق خەتلەر كۆپىيىشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ بەزىللىرىنىڭ تەرجىمىسى«بەند قىلىش»، «ئىلاھىي كۈچ»، «زور قوشۇن»دىگەندەك

سۆزلەر ئىدى. كىتاپنىڭ ئاخىرلىرىنى ۋاراقلاۋاتقىنىمدا توساتتىن سىرتتىن ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋاز ھەممىمىزنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى... ـ : يىغىلىڭلار!.....تېز يىغىلىڭلار چاتاق بولدى تېز كېلىڭلار!........ مەن ھودۇقۇپ سىرتقا چىققاندا بىر قوغدىغۇچى جىددىيلەشكىنىچە چېدىر تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاچ ۋارقىراۋاتاتتى. ـ : نېمە ئىش بولدى، نىمىگە ئالاجوقا ۋارقىرايسەن؟ ........ دىدى شىياڭشاۋمۇ جىددىيلىشىپ. قوغدىغۇچى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى ـ : مەن...مەن، ھاجىتىم قىستاپ ئۇ تەرەپكە ھاجەت قىلغىلى ماڭغان، ھاجەت قىلغۇچە بىر نەرسە گۈدۈڭشىغاندەك قىلدى ھەيران بولۇپ قولچىراقنى يورۇتۇپ قارىسام بىز ھېلىقى...بايىقى يوقاپ كەتكەن ئۆڭكۈرنىڭ يېنىدىلا چېدىر قۇرۇپتۇق، تېخى ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىمۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ، بىر نەرسىلەرنىڭ مىڭىپ يۈرگىنىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!........ ـ : جۆيلۈمە!...بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، ئەتتىگەن تېخى يوقاپ كەتكىنىنى ھەممىمىز كۆرگەن تۇرساق...بەلكىم قاراڭغۇدا خاتا كۆرۈپ قالغانسەن!........دىدى شىياڭشاۋ. قوغدىغۇچى يەنە ـ : ياق...ياق، ھەرگىز خاتا كۆرمىدىم!...تاغدىكى قاپقارا ئۆڭكۈر ئېغىزىنى پەرق قىلغىلى بولىدىكەن، ئىشەنمىسىڭىز سىلەرنى باشلاپ باراي!........دىگەچ ھاجەت قىلغان تەرەپكە ماڭدى. قالغانلارمۇ جىددىيلىشىپ قوراللىرىنى ئېلىشقىنىچە ئۇ قوغدىغۇچىنىڭ ئارقىدىن ماڭدى، بۇ ھالنى كۆرۈپ جېنىم چىقىپ كىتىدىغاندەك بەكلا قورقۇپ كەتتىم، چۈنكى مەن ئەنسىرىگەن ئىش دەل مۇشۇ ئىدى. نىمە قىلارىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ كېتىپ دەرھال چېدىرغا كىرىپ سومكامنى بوينۇمغا ئېسىپ چىقتىم ھەمدە قانلىق كىتاپنى قوينۇمغا سېلىۋېلىپ ياردەمچىللىرىمنى ئېلىپ قوغدىغۇچىلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئازغىنە ماڭغاندىن كېيىن قوغدىغۇچىلارنىڭ يۇلغۇننىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ ئالدى تەرەپنى كۈزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدىم. دېگەندەك بىزدىن يىراقتىراق ھېلىقى تاغ تۇراتتى، قانداق بولۇپ بىركۈن يۈرۈپ يەنە بۇ جايغا كېلىپ قالغىنىمىزنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. قوغدىغۇچى دېگەندەك تاغدا قاپقارا بىر بوشلۇق بار بولۇپ ئۇنىڭ ھېلىقى ئۆڭكۈر ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى، لىكىن بىرەر نەرسىنى بايقىمىدۇق. ـ : قىززىق ئىش!...دىدى شىياڭشاۋ بوش ئاۋازدا ـ : ئۈيەر يوقاپ كەتكەن ئىدى، ئەجىبا يەنە پەيدا بولۇپ قاپتىغۇ!...ئۇنداق بولغاندا جەسەتلەر قەبرىللىرىگە كىرىپ بولغانمىدۇ ياكى................ ئۇ شۇنداق دەپلا چۆچۈپ بىزگە قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدىنلا ئاخىرقى سۆزلىرىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. ـ : تېز قاچايلى، تېز!................ شىياڭشاۋ شۇنداق ۋارقىرىغىنىچە يوشۇرۇنغان جايىدىن قوپۇپلا كەينىگە بۇرۇلدى. ئەمما بىز كېچىككەن ئىدۇق، جەسەتلەر بىزنى پۈتۈنلەي قورشاپ بولغان ئىدى. كېچىكىپ ھېس قىلغىنىمىزدا بولسا جەسەت ئالۋاستىلار يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ سۆرەلمىلىك بىلەن بىزگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىششقا باشلىدى................

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب11 ـ قىسىم)

بىز ئۆزىمىزنى يوقتىپ قويغىلى تاسلا قالدۇق. بۇ جەسەتلەرنىمۇ ھەم ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ــ: ئانناڭنى!...تېز قورالىلىرىڭلارنى تەقلەڭلار، بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى!...... دېدى شىياڭشاۋ ۋارقىراپ تۇرۇپ. قوغدىغۇچىلارمۇ ھودۇقىنىچە قۇراللىرىنى بەتلىشىپ تەق بولۇشتى. جەسەتلەر يېقىنلاپ كەلگەندە شىياڭشاۋ بۇيرۇق چۈشۈردى ــ: ئېتىڭلار!............. بىردەمدىلا خارابىلىقنىڭ ئىچىنى ئوق ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چەنلىمەي ئاتقان ھەربىر ئوقى جەسەتلەرنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىپ باراتتى، بىراق ئۇلارنىڭ سانى ئازلىماقتا يوق تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ــ: شىياڭشاۋ، بۇنداق ئېتىۋەرسەك ئوقىمىز تۈگەپ كەتكۇدەك. شۇڭا بىر نىشاننى بويلاپ يول ئېچىپ چىقىپ كەتسەك بولارمىكىن!...... دېدى بىر قوغدىغۇچى ئالۋاستىلارغا ئوق ئېتىۋاتقاچ. شىياڭشاۋ ــ: بولىدۇ، ئۇنداق بولسا بىر يۆلىنىش بويىچە ئېتىپ يول ھاسىل قىلىپ قۇتۇلۇپ چىقايلى!.......... شىياڭشاۋ باشچىلىقىدىكى ئىككى قوغدىغۇچى بىر يۆلىنىش بويىچە ئېتىپ يول ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. ــ: ئۇلار تېخىمۇ يېقىنلىشىۋاتىدۇ، ئامال بار ئۆزۈڭلارنى ئوبدان قوغداڭلار!......دېدى شىياڭشاۋ ــ: پىرافېسور ئادەملىرىڭىزنى يىغىپ ئېچىلغان يول ئارقىلىق بىزگە ئەگىشىپ مېڭىڭ، ئۇلارنىڭ سانى بەك كۆپ ئىكەن ئوقىمىز تۈگەپ قالسىلا ھەممىمىز تۈگىشىمىز!.......... مەن ھودۇقىنىمچە ئالىننا بىلەن كىرىستوفىرسىننى يېنىمغا تارتتىم ھەمدە شىياڭشاۋنىڭ ئەسكەرتىمىسى بويىچە ئېچىلغان يولدىن ئۇلارنىڭ ئارقىغا ئۇلىشىپ مېڭىشقا باشلىدىم. بىراق جەسەتلەرنىڭ بەدبەشىرە چىرايىنى كۆرۈپ ئايلىنىپ قالايىلا دەپ قالغان ئىدىم. يۈزلىرىدە تېرە دەيدىغاندىن ئەسەرمۇ يوق بۇ يىرتقۇچ جەسەتلەر ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى بىزگە تەڭلىگىنىچە بارغانسىرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. گەرچە قوغدىغۇچىلار يول ئېچىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما كەينىدىن ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان جەسەتلەر يەنىلا يولنى توسۇپ بىزگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلەتتى. شۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە ھېچقانداق قوغدىنىش قۇرالى يوق ھالدا قوغدىغۇچىلار ئېچىپ بەرگەن يول بويىچە كېتىۋاتاتتىم... ــ: پىرافېسور دىققەت قىلىڭ!........ئالىننانىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ تۇيۇقسىز بىر جەسەتنىڭ ئارىدەك ئۇچلۇق تىرناقلىرى مەن تەرەپكە ئۇرۇلدى. بۇ ھالدا ئۇنىڭ تىرناقلىرى بىشىمنى تېشىپ ئۆتۈشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. مەن بولسام دەقىقىلىك ۋاقىت ئىچىدە كاللام قۇپقۇرۇقلا بولۇپ ھېچقانداق قوغدىنىش تەدبىرىنى قىلالماستىن تۇرۇپ قالدىم، چۈنكى جەسەتنىڭ تىرناقلىرى مېڭەمنىڭ ئۈستىگىلا كېلىپ بولغان ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ئەجلىم توشقىنىنى ھېس قىلىپ يەتتىم، دەل شۇ پەيىتتە جەسەتنىڭ قولى ئۈزۈلۈپلا يەرگە چۈشتى. ئېسىمنى يىغىپ قارىغىنىمدا شىياڭشاۋ بىر قولىدا ئۈزۈن بىر پىچاق تۇتىۋالغان بولۇپ، جەسەتلەرنى ئېتىۋاتقاچ ماڭا ــ: دىققەت قىلىڭ پىرافېسور، بۇ ئويۇن ئەمەس!...سەللا بىخەستىلىك قىلساق جەسىدىمىز قالىدۇ......دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا. بىز شۇ ھالدا قوغدىغۇچىلارنىڭ يول ئېچىپ بېرىشى بىلەن جەسەتلەر توپىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالغان ئىدۇق. ــ: شىياڭشاۋ ئوق تۈگەي

دىدى ، قورشاۋنى تىزرەك بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى!........... دىدى بىر قوغدىغۇچى ، شىياڭشاۋ جاۋابەن ـ : ئۇنداقتا ھوشيار بولۇپ ئوقنى تېجەڭلار، پەقەتلا ئامال بولمىسا پىچىقىڭلار بىلەن تاقابىل تۇرۇڭلار!.................. قوغدىغۇچىلار بۇيرۇققا بىنائەن ئوقنى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە باشقا تەرەپتىن قورشاپ كېلىۋاتقان جەسەتلەرمۇ بىزگە يېقىنلىشىپلا قالغان ئىدى. ـ: شىياڭشاۋ، مېنىڭ ئوقۇم تۈگىدى!............. بىر قوغدىغچى شۇنداق دىگەچ قۇرالىنى تاشلىۋىتىپ پىچىقىنى چىقاردى. ـ: غەيرەت قىلىڭلار يىگىتلەر، بۆسۈپ چىقىپ كىتەيلا دەپ قالدۇق. ئۆز ـ ئارا مۇھاپىزەتتە بولۇڭلار!........ شىياڭشاۋ شۇنداق دىگەچ چىكىنىۋاتاتتى. ـ: ئاااااااااااااااااااا!...... بىز جەسەتلەر قوشۇنىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئادەتتىكى جەسەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر جەسەت چەبدەسلىك بىلەن قولىنى شىلتىپلا كىرىستوفىرسىنىنىڭ كۆكرىكىدىن تېشىپ ئالدى. كىرىستوفىرسىن بولسا ئاغرىقنىڭ دەستىدىن ئېچىنىشلىق ۋارقىراۋاتاتتى. ـ: شىياڭشاۋ ئۇنى قۇتۇلدۇرىۋېلىڭ!............ مېنىڭ جىددىي ۋارقىرىشىم بىلەن تەڭ شىياڭشاۋ جەسەتكە قارىتىپ ئوق ئۈزدى ، ئەمما ئۇنىڭ ئوقىمۇ تۈگەپ كەتكەن ئىدى . ـ : ئاناڭنى!...ئوقۇم تۈگەپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن ، بەرىبىر ئۆلۈپ كىتىدۇ. ھازىر ساق قالغانلىرىمىز تېز سۈرەتتە قېچىپ قۇتۇلىشىمىز كېرەك!.................. شىياڭشاۋ شۇنداق دىگىنىچە پىچىقىنى ئېلىپ جەسەتلەرگە شىلتىشقا باشلىدى. كىرىستوفېرسىن ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنىچە ھىلىھەم ھېلىقى جەسەتنىڭ قولىدا قىينىلىۋاتاتتى. ئۇ جەسەت قاراشقىلا يالغۇز ئۆيدىكى تاش قەبرىنىڭ ئىچىگە قويۇلغان جەسەت شۇ ئىدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە بولىۋاتقاندا جەسەت ئالۋاستى ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئۆزىگە تارتتىدە ئېغىزىنى شۇنداق يوغان ئاچتىكى ھەتتا بېشى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئېچىپ ئۇنى دەم تارتىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا جەسەتنىڭ كۆزلىرى بارا ـ بارا قىزىرىشقا باشلىدى، بەدەنلىرى ئوتقا ئوخشاش بىرخىل رەڭدە ئۆزگىرىۋاتاتتى. كىرىستوفېرسىن تېپىرلىغىنىچە بارا ـ بارا تېرىلىرى قۇرۇپ سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ كېتىشكە باشلىدى. ئاۋازىمۇ ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ بىر ئازدىن كىيىن قۇرۇق ئۇستىخان بىر جەسەتكە ئايلىنىپ قالدى. كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ھەقىقەتكە قەتئىيلا ئىشەنگۈم كەلمەي بۇتتەك قېتىپ قالغان ئىدىم. ـ: پىرافىسور نىمىش قىلىۋاتىسىز، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن تېز مېڭىڭ!............... شىياڭشاۋنىڭ قاتتىق سىلكىپ تارتىشى بىلەن تەڭ ئىسىمگە كېلىپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. ئالىننا چاققانلىق بىلەن مىنى يۆلەپ ئۇدۇلغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. بىز ھەرھالدا جەسەتلەرنىڭ قورشاۋىدىن قېچىپ قۇتۇلغان ئىدۇق، ئەمما ئۇلار يەنە بىزنى نىشان قىلىپ ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. جەسەتلەرنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا بولغاچقا ئۇلاردىن خېلىلا يىراققا قېچىپ بولدۇق، لىكىن ئەزا سانىمىز بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغدىغۇچىلارنىڭ ئوقلىرى تۈگەپ قوراللىرىمۇ ئەس قاتماس ھالغا كىلىپ قالدى. شۇ

تاپتا كىرگەن ئون ئادىمىمىزدىن يېرىمىلا جەسەتلەرنىڭ قۇربانلىقەغا ئايلاندى . بۇ پاجىئەلەرنى ئويلىغانسېرى بىزنىڭمۇ بۇ جايدىن هايات چىقىپ كېتەلەيدىغىنىمىزغا ئىشەنچىمىمۇ قالمىغان ئىدى. شۇ هالدا جەسەتلەردىن خېلىلا يىراقلاپ بولدۇق، ئەمما ئەندىشىمىز تېخىچە بېسىلمايۋاتاتتى. ـ : توختاڭلار!......دېدى شىياڭشاۋ ئارقىغا قاراپ قويۇپ ـ : ئۇلاردىن خېلىلا ئۇزاپ كېتىپتۇق، جەسەتلەر كېلىپ بولغۇچە بىز پاناهلىنىدىغان بىرەر جاينى تېپىۋالمىساق بولمايدۇ. شۇڭا هۇشيارلىقىمىزنى يوقاتمىغان ئاساستا بىرەر بىخەتەر جاينى تېپىۋالايلى!......... ئۇنىڭ پىكرىگە بىزمۇ قوشۇلدۇق، چۈنكى بۇ كېچىدە ئۇقۇشماستىن چۆرگىلەپ يۈرۈپ يەنە ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەيتتۇق . بىز ئارىلاپ يۈرۈپ بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان هەجىمدىكى تاش قەلئەلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدۇق، چۈنكى كىرگەن ۋاقتىمىزدا بۇنداق جايلارنى ئەسلا ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدۇق . سىرلىق ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن بولسىمۇ لېكىن هازىر ئۇ ئىشلارنى مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى، نىمىلا دىگەن بىلەن بىز بۇ ئىشلارغا يۈزلىنىپ بولغان ئىدۇق . تاش قەلئەلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرگەن بولساقمۇ ئەمما هەممىسى دېگۈدەك بىزنى ئالۋاستىلارغا تۇتۇپ بېرىدىغان ئۆڭكۈرلەر ئىدى، ئۇلاردا نە ئىشىك، نە قېچىپ قۇتۇلغىلى شارائىت يوق ئىدى. شۇڭا شىياڭشاۋ بىزنى ئېلىپ بىر تەرەپكە ئىككى قوغدىغۇچىنى بىر تەرەپكە بۆلدى. ـ : ئىككىڭلار ئۇ تەرەپنى ئىزدەڭلار، بىز بۇ تەرەپنى ئىزدەيلى، ئەمما هۇشيارلىقىڭلارنى ئۆستۈرمىسەڭلار بولمايدۇ. ۋاقىت قىس بولغاچقا مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق، باياتىندىن بېرى هەممىمىز شۇنچە ئارىلىغان بولساقمۇ ئەمما مۇۋاپىق جاي تېپىلمىدى، بۇنداق بولىۋەرسە جەسەتلەر تىزلا يېتىپ كېلىدۇ. بۇدا قورشاۋدا قالساق ئۆزىمىزنى قوغداپ يول ئېچىپ قاچىدىغان قۇراللىرىمىز ئوقسىز قالدى، كىچىك«كىلتىرىك»پىچاقلار بىلەن ئالۋاستىلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. ئامال بار تېزرەك پاناهلىنىدىغان جاي تېپىۋېلىشىمىز كېرەك بىلدىڭلارمۇ!........... ـ : بىلدۇق شىياڭشاۋ!......... دېدى قوغدىغۇچىلار جاۋابەن . شىياڭشاۋ يەنە قېتىپ قويدى ـ : ئامال بار بەك يىراقلاپ كەتمەڭلار، تاپالمىغۇدەك بولساڭلار دەرهال يېنىپ كېلىڭلار!......... شۇنداق قىلىپ ئىككى قوغدىغۇچى بىر تەرەپكە بىز يەنە بىر تەرەپكە بۆلۈنۈپ پاناهجاي ئىزدەپ ماڭدۇق . ئىككى قوغدىغۇچىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىز شىياڭشاۋنىڭ هىمايىسىدە قولچىراقلارنى يورۇتۇشۇپ ئەنسىزلىك بىلەن يۈرۈۋاتاتتۇق . شۇندا شىياڭشاۋ كىتىۋېتىپ بىر ئۆڭكۈرنى بايقاپ قالدى، گەرچە ئىچى تور باغلاپ ناهايىتى قورقۇنۇچلۇق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ شىياڭشاۋغا نىسپەتەن بۇنداق جايلار ئەڭ بىخەتەر هېساپلىناتتى، ئەلۋەتتە ئىچىدە خەتەر بولمىسىلا!......بىز ئاستا تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىردۇق. ئۆڭكۈر ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ پەقەت قولچىراق يورۇتقان مەلۇم دائىرىلا كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولاتتى، چاچقانلار نىملەرنىڭدۇر چىرىندى پارچىللىرنى چىشلەشكىنىچە ئۇيىاقتىن بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. ـ : سىزچە......بۇ جاي بىخەتەرمىدۇ؟ ......... دېدىم

مەن سەل ئەنسىرەپ. بىراق شىياڭشاۋ ئۆڭكۈر ئىچىنىڭ ھەممە يېرىگە قولچىراق يېقىپ قاراپ باققاندىن كېيىن ـ: مەنچە مۇشۇ جاي بىخەتەركەن!...ئۆڭكۈر ئېغىزىنى قېلىن تور قاپلاپ كېتىپتۇ، دېمەك جەسەتلەر بۇنداق جايغا ئادەم يوشۇرنۇۋالغىنىنى ئەسلا بايقىيالمايدۇ!.........دېدى. بىراق مەن ئۇنىڭ سۆزىنى خۇددى كىچىك باللارچە ئېيتىلغان سۆزدەك ھېس قىلىپ قالدىم ـ: شىياڭشاۋ بۇ نىمە دىگىنىڭىز!...ئالۋاستىلاردا پەقەت«ئادەم»دېگەن ئۇقۇملا بار، ئۇلاردا ئۆمۈچۈك تورلىرىغا قاراپلا ئادەم يوقكەن دەپ قايتىپ كەتكۈدەك ئاڭ سەۋىيە بار بولسا بىزلەر بۇ جايدا ئۇلارنىڭ ئوۋ نىشانى بولۇپ قالاتتۇقمۇ؟ .........ئۇلار پەقەت مەلۇم بىرخىل كۈچنىڭ تەسىرىدە كونترول قىلىنىدۇ، پەقەت شۇ بۇيرۇققىلا ئەمەل قىلىدۇ. ئۆز ئالدىغا كۆز قارشى بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!.........
شىياڭشاۋ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ـ: سىز ھەجەپ ئۇلارنى چۈشىنىدىغاندەك سۆزلەپ كەتتىڭىزغۇ؟ ...ئۇلاردا ئاڭ يوقلىقىنى نەدىن بىلىسىز، ئەگەر ئاڭ بولمىسا ئادەم بىلەن ئۆز تۈرىدىكىلەرنى پەرق قىلالايتىمۇ!.........  ـ: مەن كىتاپلاردا شۇنداق ئوقۇغان!...دىدىم قىسقارتىپلا. بىراق شىياڭشاۋ سۆزۈمگە رەددىيە بېرىۋەتتى ـ: كۆتۈرۈك ئۇنداق كىتاپلىرىڭىزنى!...بىز ھازىر ھېكايە ئوقۇۋاتمايمىز پىرافىسور، ئۇنداق نەزەرىيەلىرىڭىز ھازىر ئەسقاتمايدۇ. بولۇنىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت، بىز بەش ئادىمىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق چۈشىنىۋاتامسىز...بۇ ھەرگىزمۇ سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس، جەسەتلەر ھەر ۋاقىت بىزلەرنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بىز ھازىر ھەممىدىن قۇرۇق پاراڭغا ئەمەس بىخەتەر جايغا مۇھتاج!............. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ ئارىمىزنى جىمجىتلىق قاپلىدى، قىسقىسى ئۇنىڭ سۆزىگە قانداق جاۋاپ بېرىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم.  ـ: شۇڭا بۇ ئەڭ ئاقىلانە تاللاش!...خالىسىڭىز مۇشۇ جايدا بۈگۈن كېچىدىن بىز بىلەن بىللە بىخەتەر ئۆتۈڭ، خالىمىسىڭىز سىرتتا چىقىپ جەسەتلەرگە يەم بولۇڭ، ئۇلار سىزنىڭ گۆشلىرىڭىزنى پاك ـ پاكىزە يەپ پەقەت قۇرۇق ئۇستىخانلىرىڭىزنىلا قالدۇرۇپ قويسۇن قانداق؟ ...........
شىياڭشاۋنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل پەسكويىغا چۈشتۈم، چۈنكى ھايات قېلىشنى مەنمۇ ئۈمۈد قىلىمەن ئەلۋەتتە!ھېچ بولمىسا ئۆزۈم يالغۇز سىرتتا يۈرگەندىن بۇلار بىلەن بىللە تۇرسام تېخىمۇ بىخەتەر بولاتتى. شىياڭشاۋغا قارارىمنى ئېيتاي دەپ تۇرۇۋشۇمغا توساتتىن سىرتتىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز چۆچۈپ ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدۇق، دەرۋەقە بىر قوغدىغۇچى پالاقشىغىنىچە بىز تەرەپكە قېچىۋاتاتتى ـ: جەسەت......جەسەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق......ئۇلار ھەمرايىمنى تۇتىۋالدى!......... ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ھاسىراپ سۆزلەيتتى. بىز ھودۇقۇپ نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەيلا قالدۇق.  ـ: ئۇنى قەيەردە تۇتىۋالدى؟ ...... دەپ سورىدى شىياڭشاۋ جىددىيلىشىپ. قوغدىغۇچى تىترىگەن قوللىرىدا ئۆزى كەلگەن تەرەپنى كۆرسەتتى.  ـ: ئاننائىڭنى!.........دىدى شىياڭشاۋ غەزەپلىنىپ ـ: بىز بېرىپ بولغۇچە ئالۋاستىلار ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۈمۈدىمىزنى ئۈزۈپ بۇ جايدىن

دەرھال كېتەيلى!........ شىياڭشاۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوغدىغۇچى يەنە ئىغىز ئاچتى ـ: ياق!...ئۇنى...ئۇنى تۇتۇپ كېتىشتى...ئۇنىڭغا چېقىلمىدى، خۇددى بىرسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇتقۇن قىلغانغا ئوخشاش ئۇنى يالاپ ئېلىپ كېتىشتى!........ قوغدىغۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەيرىلىك ھېس قىلدىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئادەملەرنى بۇنداق چېقىلمىغان ئاساستا تۇتۇپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن، ھەم بايىقى سۆزلىرىم پۈت تېرەپ تۇرالماي قالدى. ئەسلىدە ئالۋاستىلاردىمۇ ئاڭ بار ئىكەن، ئۇلار بىرسىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرىۋېتىپتۇ!...شۇندا شىياڭشاۋنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ـ: شىياڭشاۋ، ئەگەر قوغدىغۇچى راسلا ھايات بولسا ئۇنى بۇنداقلا تاشلاپ قويمايلى، ئۇنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ بىللە ئېلىپ كېتەيلى!......دېدىم مەن ھاياجانلىنىپ. شىياڭشاۋ ـ: نېمە...سىز مۇشۇ قېرى جېنىڭىزنى تىكىپ قۇرۇق قول بېرىپ ئاشۇ ۋەھشى ئالۋاستىلارنىڭ قولىدىن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقماقچىما؟ ...ئۇنداقتا بىرەر كارامىتىڭىز بارمۇ، مەسلەن سېھىرگەرلىك دېگەندەك......تاغنى يۆتكەپ ئۇلارنى باستۇرۇپ قويۇش، بىر شامال بىلەن ئالۋاستىلارنى ئۇچۇرىۋېتىش دېگەندەك ئىشلار قولىڭىزدىن كېلەمدۇ؟ ......... شىياڭشاۋنىڭ كىنايە ئارىلاش بۇ سۆزىگە بوشقىنە جاۋاپ بەردىم ـ: كەلمەيدۇ، ئەمما!............... ـ: دېمەك قولىمىزدىن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش كەلمەيدۇ، ئەمما ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش كېلىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشى ئامال ئالۋاستىلار كەلگۈچە بىز تېزدىن يىراقلىشىۋېلىشىمىز كېرەك!......... شىياڭشاۋ گېپىمنى بۆلۈپلا شۇنداق دېدى. مەن يەنە ـ: شىياڭشاۋ سۆزۈمنى ئاڭلاڭ، ئادەمگە كېرەك بولىدىغىنى بۇ ئەزىمەس جان بولماستىن بەلكى ھەقىقىي ساپ يۈرەك بولۇشتۇر!...ئۇ ئۆلگەن بولسىغۇ بوپتۇ دەپ تاشلاپ كەتسەك، ئەمما ھېچقانداق زەخمىگە ئۇچرىمىغان تۇرسا قاراپ تۇرۇپ ئۇنى قۇتقۇزماي ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسەك، ئۇنى بىز ئۆلتۈرگەن بىلەن نېمە پەرقى!...... ـ: پاھ، پاھ!...بارغانسېرى ئالىيجاناپ بولۇپ كېتىۋاتىسىزغۇ، ئەمىسە سىز بۇ ئەزىمەس قېرى جېنىڭىزنى تىكىپ ئۇلارنىڭ تۈۋىگە بېرىڭدە ئۇلارغا«كەچۈرۈڭلار، ئۇ بىزنىڭ ئادەم ئىدى، خاپا بولماي قايتۇرۇپ بەرسەڭلار بوپتىكەن!...»دەڭ...ئاندىن ئۇلار سىزدىن ئەپۇ سوراپ ئادىمىمىزنى قويۇپ بەرسۇن قانداق؟ ......... شىياڭشاۋ بارغانسېرى ماڭا نەشتىرىنى سانجىۋېلىۋاتاتتى. ـ: بولدى قىلىڭ!......دېدىم مەن ۋارقىراپ تۇرۇپ ـ: ئۆلۈپ كەتسەممۇ غۇرۇرۇم بىلەن ئۆلىمەن، سىزدەك قورقۇنچاقلىق بىلەن ئەمەس!......ئۆز ئادىمىنى تاشلاپ قويۇش، ئۇلارغا قەست قىلىش پەقەت ھايۋانلارنىڭ ئىشى، يۈرىكى ھەقىقىي سوقىدىغان ئادەملا بولىدىكەن بۇنداق ئىشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ!............. مەن شۇنداق دەپلا قوغدىغۇچى كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. بۇ چاغدا شىياڭشاۋ ۋارقىرىدى ـ: ساراڭ بولدىڭىزمۇ!...بۇ چاقتا ئالۋاستىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يەپمۇ بولغاندۇ، بارغان بىلەنمۇ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش تۈگۈل ئۆزىڭىزنىمۇ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسىز!........ ـ: مەيلى، بىر ئەزايىمىزنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى قۇتقۇزماي چاشقاندەك مۆكۈنۈپ يۈرگەندىن بېرىپ قۇتقۇزۇش يولىدا ئالۋاستىلارغا يەم بولغان

ياخشى!........... ـ : ھەيىيىيىيىيي!......بۇ جاھىل قىرىنىزە!......بوپتۇ يۇرۇۋقلار، نىملا بولسۇن بىر بىرىپ باقايلى!...توختاڭ پىرافىسور بىللە بارايلى!................ شىپاڭشاۋ شۇنداق دىگىنىچە ماڭا ئەگەشتى. بىز قوغدىغۇچىنىڭ كۆرسەتكەن يۆلىنىشى بويىچە ئۇنى ئىزدەپ ماڭدۇق، بىردەم ماڭغاندىن كىيىن غۇۋا بىر ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدۇق. قوغدىغۇچى ـ : ئاشۇ شۇ، ئۇ دەل ھەمرايىمنىڭ ئاۋازى. ئالۋاستىلار ئۇنى تىخى ئۆلتۈرمەپتۇ، تىز بارايلى!........دىگەچ ئۇ تەرەپكە يۈگۈردى، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق. ئاۋاز بارغانسىرى ئىنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى ـ : مىنى قۇتقۇزىۋىلىڭلار!...ئادەم بارمۇ، مىنى قۇتقۇزىۋىلىڭلار!........... بىز ئاستا بىرىپ يۇلغۇنلۇققا مۆكۈنۈپ ئۇ تەرەپنى كۈزەتتۇق، دەرۋەقە بىر توپ جەسەتلەر ئۇنى تۇتىۋالغان بولۇپ قالغانلىرى يۇمۇلاق ھالەتتە ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان ئىدى. قوغدىغۇچى بولسا تونۇلاۋىرىپ ئۇنى پۇتۇپ گاكىراپ قالغان ئىدى. شۇندا ھەممىسى قاتتىق نەرە تارتىشقا باشلىدى، بۇ ئاۋاز ئادەمنىڭ قۇلاق مىڭىسىنى يەپ كىتەتتى. دەل شۇ پەيتتە مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ئەمما شىپاڭشاۋنىڭ مىنى چىڭ تۇتىۋىلىشى بىلەن توختاپ قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم، شىپاڭشاۋ بولسا گەپ قىلماستىن ئۇلار تەرەپنى ئىشارەت قىلدى، مەن ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمەي تۇرغىنىمدا جەسەتلەر ئارىسىدىن يول ئىچىلىپ قىپقىزىل جادۇ كۆزلۈك بىر نەرسە ئاستا قوغدىغۇچى تەرەپكە كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىدە پىلاچ بار بولۇپ نىمە ئىكەنلىكىنى دەماللىققا پەرق ئىتەلمىدىم. قوغدىغۇچى بولسا تىپىرلاپ ئۆزىنى ھەرياققا ئۇراتتى، ۋارقىرايتتى، نالە قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ تاقىتىم قالماي شىپاڭشاۋنىڭ قولىنى سىلكىپلا ئۇ تەرەپكە ماڭماقچى بولدۇم، ئەمما شىپاڭشاۋ بىلەن قوغدىغۇچى مىنى چىڭ تۇتىۋالدى ھەم بوش ئاۋازدا ـ: توختاڭ، قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ!...ئاۋۇ نەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى تىخى بىلمەيمىز، بۇنداق ئەھۋالدا چىقىش بەك خەتەرلىك!......... ـ: نىمە؟ ...خەتەرلىك؟ .........ئەجىبا خەتەرلىك دەپلا ئۇنى ئۆلۈمگە ئىتتىرەمدۇق...ياق بولمايدۇ، مەن چوقۇم بىرىشىم كىرەك!......... مەن شۇنداق دەپلا ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ تۇرۇۋشۇمغا ئۇ تەرەپتىن ئىچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقىپ جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ نەرسە ئىككى قولىنى قوغدىغۇچىنىڭ ئىككى مۇرىسىدىن تىشىپ چىقىرىپ تۇتىۋالغان بولۇپ ئالدىغا تارتىپ ئەكىلىپ غەيرى بىر نەرسىلەرنى دەپ ئۇنى دەم تارتىشقا باشلىدى. قوغدىغۇچى بولسا قاتتىق تىپىرلايتتى، تىركىشەتتى. ئەمما ھىچقانداق ئۇنۈمى بولمىدى، بىر ئازدىن كىيىن ئۇنىڭ قورۇق ئۇستىخىنى يەر چىشلىدى. شۇندىلا ئۇ پىلاچلىق، قىزىل كۆز نەرسىنىڭ دەل ھىلىقى ئالاھىدە جەسەت ئالۋاستى شۇ ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم، يەنى ئالۋاستى شاھىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، قالغان ئۇششاق جەسەتلەر ئۇنىڭ بۇيرىقىغا شەرتسىز بويسۇناتتى. ئارىمىزدىن يەنە بىرسى ئۆلۈپ پەقەت تۆتىمىزلا قالدۇق، يۇرۇۋكۇم ئىچىشىپ قاتتىق ئازاپلىنىپ كىتىۋاتاتتىم. ئۆزۈممۇ بىلمەستىن كۆزلىرىم نەمدەلدى. شۇ پەيتتە ئالۋاستىلارمۇ ئاستا ـ ئاستا تارقىلىۋاتاتتى، بىز ئاشكارلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن قولچىراقنىڭ

يورۇقنى دەرھال باشقا تەرەپكە قارىتىپ تۇرىۋالدۇق. ئۇلار ماڭا تەسەللىي بەرگەچ ـ: بولدى قىلىڭ پىرافېسسور، بىز ھەممە كۈچىمىزنى چىقاردۇق ئەمما ئامالسىزمىز!........ دىگىنىچە مىنى يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى، بىز بۇ قاراڭغۇچىلىقتا چۆمگەن قورقۇنۇچلۇق خارابىلىقتا يەنە بىر سەپەدىشىمىزنى تاشلاپ قويۇپ جەسەتلەردىن يىراقلاشقاچ يەنىلا پاناھلانغىلى جاي ئىزدەپ ماڭدۇق..................

كۈندىلىك خاتىرە(6 ـ باب12 ـ قىسىم)

جىددىي ھالەتتە يول مېڭىۋاتقان بولساقمۇ ئەمما مېنىڭ خىيالىم يەنىلا ئۆلۈپ كەتكەن ئەزالىرىمىزدا ئىدى. تۇرۇپلا ئۇلارنى قۇتقۇزالمىغىنىمدىن ئۆزۈمنى ناھايىتى يارىماس ھېس قىلىپ قالاتتىم. بىز شۇنچە يول يۈرۈپمۇ تۈزۈكرەك پاناھلانغۇدەك جاي تاپالمىدۇق، يەنە كېلىپ بۇ كېچە بىز بىلەن قېرىشقاندەك ھېچ تاڭ ئاتمايۋاتاتتى. شىياڭشاۋ كىتىۋاتقاچ قاپاقتىكى سۈيىدىن بىر ئوتلىۋىلىپ ماڭا تەڭلىدى. مەن بىر ئوتلىۋىلىپ ئالىنناغا قارىدىم، ئۇ جاۋابەن ئۆزىنىڭ سۇ بوتۇلكىسىنى كۆرسىتىپ قويىدى. مەن قاپاقنى يەنە شىياڭشاۋغا قايتۇرۇپ بەردىم. شۇندا ئۇ قاپاقنى بېلىگە تاڭغاچ ـ: سۈيىمىزمۇ بارغانسېرى تۈگەي دىدى، يەنە كېلىپ ھازىر يېمەكلىكىمۇ بىر مەسىلە. بىزدە بار يېمەكلىكلەرنىڭ يەنە نەچچە كۈن يىتىشىنى بىلمەيمىز، شۇڭا ئامال بار ۋاقىتنى چىڭراق تۇتۇپ تاڭ ئاتقاندا ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ بۇ جايدىن چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئالۋاستىلارغا تۇتۇلۇپ قالمىغان تەقدىردىمۇ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئۆلۈپ كىتىشىمىز مۇمكىن!.........دىدى. ئۇنىڭ دىگىنىمۇ بىر ھىساپتا توغرا ئىدى، بىز سۇ ۋە يېمەكلىكتىن ئايرىلىپ قالساقلا بۇ خارابىلىقتا ئۇزاق ياشىيالمايتتۇق. شۇنداق قىلىپ كېچىچە ئەنسىزلىك ئىچىدە ھېچيەرنى تاپالماي تەمتىلەپ يۈرۈپ تاڭغا ئۇلاشتۇق. ھەم ئۆزىمىزنىڭ ۋەھىمە باسقان قورقۇنۇچلۇق بىر كېچىدىن ئۆتتۈۋالغىنىمىز ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدۇق. چۈنكى ئىككى كۈندىلا ئالتە ئادىمىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدۇق، بۇ بىزگە ئېغىر بېسىم بولدى. تاڭ راۋۇرۇس سۈزۈلگەندە كۆزلىرىمىز ئەتراپنى پەرق ئىتىشكە باشلىدى، قولچىراقنى ئۆچۈرىۋىتىپ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن چىقىش ئىغىزىنى ئىزدەشكە ئاتلاندۇق. بۇ قېتىم ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەن ئىدۇق، ماڭغان ھەربىر يولىمىزدا بەلگە قويۇپ ماڭدۇق. ئەمما كۈن چۈش بولغان بولسىمۇ يەنىلا چىقىش ئېغىزىنى تاپالمىدۇق. شۇندا بۇ ئىشنىڭ زادى بىر سىرلىق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بەلكىم بۇ بىزدىكى خىيالىي سېزىم بولۇپ چىقىش ئېغىزى ئالدىمىزدىلا تۇرسىمۇ ئۇنى بايقىيالمايۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. بىراق بۇنىڭ ئاساسى يوق ئىدى، چۈنكى بىز ھەربىر ماڭغان يولىمىزدا بەلگە ئۇرۇپ ماڭغان بولساقمۇ يېرىم كۈن يۈرۈش جەريانىدا بەلگە ئۇرۇلغان جايلارغا قايتا كىلىپ باقمىدۇق، ئەكسىچە ماڭغان يولىمىزدا بەلگە ئۇرۇپ مېڭىۋەردۇق. ئەپسۇس نەتىجە يەنىلا ئارتۇقچە يول يۈرۈش بىلەن ئاياقلاشتى. بىز چىقىش ئېغىزىدىن ھازىرچە ئۈمۈدىمىزنى ئۈزۈپ يوروق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بىخەتەر جاي تېپىشنى قارار قىلدۇق. يەنە كېلىپ كۈندۈزدە بىرمۇ جەسەتنى

بايىقمىغىنىمىزدىن ئۇلارنىڭ پەقەت كېچىسىلا ھەركەت قىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالدۇق. بۇمۇ بىر ھېساپتا بىزگە بىر پۇرسەت ئىدى. بىز كۈننىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىپ خېلى كۆپ تاش ئۆڭكۈرلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتۇق، ئارىسىدا ئىككى، ئۈچتەك ئۆڭكۈر بىزنىڭ پاناھلىنىش شەرتىمىزگە خېلى ئۇيغۇن كەلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ بىخەتەر دەپ ئويلىغان بىرىنى پاناھلىنىش ئوبيېكتىمىز قىلىپ تاللىدۇق. بۇ ۋاقىتتا قاراڭغۇمۇ چۈشەيلا دەپ قالغان بولۇپ جەسەتلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقتىغىمۇ ئاز قالغان ئىدى. لېكىن بىز بىخەتەر جاي تاپقاچقا ئەندىشىمىزمۇ سەل بېسىقتى. بىز تارچۇق كەلگەن بۇ ئۆڭكۈرگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن سەل ھاردۇقىمىزنى ئېلىۋالدۇق، ئاندىن مەن ئۆز ئادىتىم بويىچە خاتىرەمنى ئېلىپ داۋاملىق بۇ جايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى خاتىرىلەشكە باشلىدىم.........................
خاتىرە مۇشۇ جايغا كەلگەندە غىنى توختاپ قالدى. بىز ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن نىمىشقا توختىۋالىدىغانلىقىنى سورىدۇق. ئۇ سەل تۇرىۋېلىپ ـ: مايەردە قان يۇقى تۇرىدۇ!......دىدى خاتىرىنى كۆرسىتىپ. ـ: ئەكىلە مەن كۆرۈپ باقاي!............ نىجات شۇنداق دەپ غىنىنىڭ قولىدىكى خاتىرىنى ئالدىدە بىر قارىۋىتىپ ـ: خەت ئوقىۋىرىپ كۆزۈڭ تورلىشىپ قالمىغاندۇ؟ ...نەدە قان بولىدۇ بۇ، ھۆل تىگىپ كېتىپ شۇنداق قۇرۇپ قالغان نىمە ئوخشايدۇ. ئىشقىلىپ قان ئەمەس، سىز كۆرۈپ بېقىڭە ئابلاكا!......دىگەچ ئابلاكامغا بەردى. ئابلاكام خاتىرىگە بىر قاراپ بېقىپ ـ: راستىنلا قانكەن!...ئۇزاق يىللاردىن بېرى تاشلىنىپ قالغاچقا قان داغلىرى شۇنداق سۇس قىزىل رەڭگە كىرىپ قاپتۇ...دىدى. ھەممىمىز ھەيران بولۇپ نىمە ئىشلىقىغا تېخىمۇ قىزىقىپ قالدۇق. شۇندا ئابلاكام يەنە خاتىرىنى غىنىغا سۇنغاچ ـ: نىملا بولسۇن ئاخىرىسىنى ئوقۇۋەتكىنە ئازلا قاپتۇ. بەلكىم بىزگە ياردىمى تىگىدىغان گەپ سۆزلەر چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!......... غىنى ئابلاكامنىڭ قولىدىن خاتىرىنى ئېلىپ داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى ـ: شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ۋاقتىم قالغىنىنى بىلمەيمەن، ئەمما نەپسىم توختاپ قالغۇچىلىك ئارىلىقتا بۇلارنى يېزىۋېلىشنى توغرا تاپتىم......... بىز ئۆڭكۈرگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن مەن ئادىتىم بويىچە كۈندىلىك خاتىرەمنى يىزىۋاتاتتىم، قالغانلار بولسا ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. شۇ ئارىدا قاراڭغۇ چۈشۈپ سىرىتتىن يەنە غەيرى ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىزمۇ ھۇشيار ئولتۇرۇشقا باشلىدۇق، كۆڭلىمىزدە«ئالۋاستىلار بۇ جاينى تېپىۋالمىسا بولاتتى!»دەپ ئويلايتتۇق. شۇ ئارىدا خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ باشقا ئالاھىدە ئەھۋال يۈز بەرمىدى، بىزمۇ سەل خاتىرجەم بولۇپ قالدۇق. كەچ بولۇشى بىلەن تەڭ ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈشكە باشلىدى، بىز بولساق ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ تېزرەك تاڭ ئېتىشىنى ئۈمۈد قىلاتتۇق. ئاخىرى ھەر بىرىمىز ئىككى سائەتتىن نۆۋەتلىشىپ كۈزەتچىلىك قىلىدىغان قالغانلىرىمىز ئارام ئېلىۋالىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. شۇ تاپتا ھەممىمىز ئۇيقۇزسىز قالغاچقا كۆزلىرىمىز ئېلىشىپلا تۇراتتى. بىرىنچى بولۇپ ئالىننا كۈزەتچىلىك قىلىدىغان بولدى، چۈنكى ھازىر بەك خەتەرلىك بولمىغاچقا ئۇ

ياخشى نامزات بولالايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەممىمىز ھۇشيار بولغان ھالدا ئازراقتىن ئارام ئېلىشقا ئالدۇق. بىردەمدىن كېيىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، چۈنكى چۈشلىرىم يەنىلا ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق ئىدى. مەن سەل ئېسىمگە كېلىشىپ ئالىنىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم ھەمدە ئۇنىڭغا ـ: بولدى سىز ئارام ئېلىڭ، مەن بىردەم كۆزەتچىلىك قىلاي!.........دېدىم. ئۇمۇ بەك چارچاپ كەتكەن بولسا كېرەك بىشىنى ئىگىشتىپ قويۇپ ئارام ئالدى، مەن بولسام بايا كۆرگەن چۈشلىرىمنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم. بىز ئازدىن كېيىن جىمجىتلىقتا مىنىڭمۇ كۆزلىرىم يەنە ئېلىشىشقا باشلىدى، ئۆزۈمنى شۇنچە سەگەك تۇتاي دېسەممۇ ئۇيقۇ مېنى ئەسىر قىلىشقا باشلاۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن سىرتتىكى بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتىم، بايا ئۆزۈممۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا مۈگدەپ قالغان ئىكەنمەن. ئۇيقۇچىلىقتا ئاۋازنىڭ قەيەردىن چىققانلىقىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قولچىراق يورۇتتۇم...ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ ھازىر مەنلا بۇ قاراڭغۇچىلىقتا ئويغاق ئىدىم. شۇندا كاللامدا«خەتەر»دىگەن ئۇقۇم چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. چۆچۈپ ئەتراپقا ئالاقىزادىلىك بىلەن قاراشقا باشلىدىم، ئەمما ھېچقانداق خەتەر بايقالمىدى. قالغانلارنى ئويغىتاي دېدىميۇ لېكىن ئۇيقۇچىلىقتا خاتا ئاڭلىشۋالغان ئاۋاز بولسا ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماي دەپ ئويلاپ توختاپ قالدىم. سەل ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالغان بولسامۇ قايتىدىن باشقا ئەھۋالنى بايقىمىغاندىن كېيىن سەل پەسكويغا چۈشتۈم. بۇ ۋاقىتتا سائەت ئون ئىككىدىن سەل ئۆتكەن ئىدى، ئىككىنچى قېتىملىق چۆچۈشۈم بولغاچقا ئۇيقۇم قەۋەتلا ئېچىلىپ كەتتى. شۇڭا باشقىلارنى ئويغاتماي قوينۇمدىن ھېلىقى قانلىق كىتاپنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدىم. كىتاپتىكى يېزىقلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى زامان يېزىقى بولۇپ كۆپىنچىسىنى دىگۈدەك ئوقۇيالماي بەكلا تىت ـ تىت بولۇپ كەتتىم، چۈنكى بىزنىڭ قۇتۇلۇشىمىزغا مۇشۇ كىتاپ ياردەم قىلاتتى. كىتاپنى ۋاراقلاپ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە كەلگەندە كىزلىرىم چەكچىيىپلا قالدى، شۇ تاپتا كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قېلىۋاتاتتىم. قانلىق كىتاپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە يېزىلغىنى مەن ئوقۇيالايدىغان ھەم چۈشىنەلەيدىغان يېزىقتا يېزىلغان ئىدى، مەن خۇشلۇقىمدا پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۇلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ............ شۇ تاپتا باشلىرىم قېيىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن شۇڭا بارلىق كۈچۈم بىلەن كىتاپتىكى ئەڭ ھالقىلىق مەزمۇنلارنى يېزىپ قالدۇرماقچىمەن!...كىتاپتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن ئىكەن«بۇ بىر ناھايىتى زور كۈچلۈك قوشۇنغا ئىگە پادىشاھلىق بولۇپ، شۇ زامانلاردا كاتتا شان ـ شەرەپلەرنى قۇچقان. ئەمما مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى ئىشلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ پادىشاھلىق ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئالۋاستى قوشۇنى بەرپا قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنۇچلۇق، ھەم تەھدىتلىك بىر ئىش ئىدى. پادىشاھ مەڭگۈ ئۆلمەس قوشۇن تەشكىللەش ئۈچۈن پۈتۈن پادىشاھلىقنى سېھىرلىۋەتتى، بۇ سەۋەپلىك كۆپلىگەن ئىنسانلارغا زور تالاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ ئالۋاستى قوشۇن تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىنغىنىغا چىدىيالمىغان ئىنسانلار بىرلىشىپ چوڭ

قوشۇن توپلاپ ئالۋاستى شاھقا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ قېتىملىق تۆلەنگەن بەدەل ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ ئىنسانلار قوشۇنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئالۋاستى قوشۇن تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئالۋاستى شاھ ئىنسانلارنىڭ روھىنى شۈمۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلىنىپ كېتىپ بارغاندا مەزكۇر كىتاپ قان بىلەن يېزىلىپ ئالۋاستى شاھقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلاندى. كىتاپتا ئالۋاستى شاھنىڭ روھىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئەپسۇنلار بار بولۇپ، ئۇنى مەڭگۈلۈك بەند قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمما بۇ كىتاپ ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاجرىغاندىن كېيىن ئالۋاستى شاھ قايتىدىن ئويغىنىدۇ!...شۇڭا ئاۋاستى قوشۇنىنىڭ زىمىنغا تاراپ كېتىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن سېھىرلىك ئالماس گۆھەر بۇ جاينى سېھىرلەپ ئۇلارنىڭ چىقىش يولىنى مەڭگۈلۈك توسىۋېتىدۇ. ئالۋاستى شاھنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ باشچىسى بولغان ئالۋاستى شاھى بىلەن ئېلىشىپ نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارنىڭ قۇربانلىق بېرىشى بەدىلىگە ئاخىرى بۇ كىتاپ بىلەن بەند قىلىۋېتىلدى، كېيىنكى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قايتا ئويغىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن بۇ جاي مەخپىي تۇتۇلۇپ ئېغىزى ئېتىۋېتىلدى. ھەمدە ئالۋاستى شاھ بىلەن قوشۇلۇپ قېپ قالغان ئونمىڭ كىشىلىك ئەسكىرى قوشۇن بىللە مەخپىي قەبرىگاھقا كۆمىۋېتىلدى. يىنىپ چىققان ئىنسانلارنىڭمۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقى ئۈچۈن ھەممىسى قۇربانلىق قىلىندى. ئالۋاستى شاھنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس ئەمما سېھىرلەنگەن قانلىق كىتاپ بىلەنلا ئۇنى مەڭگۈلۈك بەند قىلىشقا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ قايتا ئويغىنىپ كەتسە ئىنسانلار ئۈچۈن زور بالايى ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن!......»ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرمۇنچە خەتلەر بار ئىدى، بۇ بەلكىم ئەپسۇن بولسا كېرەك!...شۇندىلا ئۆزىمىزنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ھەمدە دەرھال قالغانلارنى ئويغاتتىم ـ: تۇرۇڭلار تېز تۇرۇڭلار!............ ئەنسىز ۋارقىرىشىم بىلەن تەڭ ھەممىسى چۆچۈپ ئويغۇنۇپ ئەتراپقا ئالاقىزادىلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنى يېنىمغا ئەكىلىپ كىتاپتا بار بولغان مەزمۇنلارنى بىرىنى قويماي ئېيتىپ بەردىم. سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان شىياڭشاۋ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ كىتاپقا قارىدى ـ: بۇنى سىز قاچان ئېلىۋالغانتىڭىز؟ ......... ـ: بىز قەبرىستانلىقتا تالاپەتكە ئۇچرىغان چاغدا ئېلىۋالغان ئىدىم!........... شىياڭشاۋ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قاپىقى تۈرۈلدى ـ: ئۇنداقتا بۇ ئېنىقلا سىزنىڭ قىلغان ئىشىڭىزكەنغۇ؟ ......سىز كىتاپنى ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاجرىتىۋېتىپ ئويغىنىپ كېتىشىگە سەۋەپچى بوپسىز، بىز شۇ سەۋەپلىك نۇرغۇن تالاپەتكە ئۇچراپ ئاران تۆتىمىز قالدۇق. ئىشلار بارغانسېرى ناچار تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ، دەپ بېقىڭە ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ........... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم، دىمىسىمۇ مەن ئۇقۇشماستىن ئالۋاستىنى ئويغۇتۇپ قويغان ئىدىم، ئەمدى قانداقلا قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيتتى. ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ ئۇلارغا دىدىم ـ: بىلىمەن، بۇ مېنىڭ خاتالىغىم. ئەمما ئۇ جاي بىلەن ئالماس گۆھەرنىڭمۇ بىۋاستا ئالاقىسى باركەن، بىزنىڭ چىقىپ

كېتەلمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ دەل ئاشۇ ئالماستا ئىكەن. شۇڭا ھازىرقى ئەڭ ياخشى ئامال، كىتاپ بىلەن ئالماس گۆھەرنى ئۆزى تېگىشلىك بولغان جايغا ئاپىرىۋېتىش!........... ـ : ساراڭ بولدىڭىزمۇ!......دىدى شىياڭشاۋ ئاچچىقلاپ ـ : بىز ئۇ جايدىن ئاران دېگەندە قۇتۇلۇپ چىققان تۇرساق يەنە كىرەمدۇق؟ شۇ تاپتا ئالۋاستىلار ئۇنىڭ ئىچىدە مىغىلداپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، كىرگەن تەقدىردىمۇ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەندەك ئىش بولمامدۇ؟ . يەنە كېلىپ ئالۋاستى شاھنى قانداق بەند قىلىمىز، ئۇنىڭ يېنىغا كىلىش مۇمكىنمۇ!...... ـ : بۇ مۇمكىنمۇ ئەمەسمۇ مەنمۇ بىلمەيمەن، ئەمما ئۇلار ئۆز ئورنىنى تاپمىسا بۇ جايدىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيمىز!...بەلكىم نەچچە كۈنگە بارمايلا جەسەتلىرىمىزنىڭ ئالۋاستىلاردىن ئېشىنغىنى چاشقانلارنىڭ ئوزۇقى بولۇپ كىتىشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ بۇ ئىنسانلار ئۈچۈن زور بالايى ئاپەت!............. ھەممىسى بىردەملىك سۈكۈتكە چۆكتى، دىمىسىمۇ بۇ ھالدا كېسىپ قارار چىقىرىش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. شۇندا شىياڭشاۋ ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرىشىغا سىرىتتىنلا ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق ئاۋاز چىقىپ ھەممىمىز ئالاقىزادە بولۇپ كىتىشتۇق، چۈنكى بۇ ئالۋاستىلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. قورقۇپ كەتكەن قوغدىغۇچى دەرھاللا قولچىرىقنى ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا يورۇتتى، بۇ چاغدا شىياڭشاۋ چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى قولچىراقنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭغا كايىدى ـ: ساراڭ بولدۇڭمۇ، ئۇلارنىڭ بىزنى بايقاپ قېلىشىنى خالامسەن؟ ......ئۇلار چىراق يورۇقىنى كۆرۈپ قالسىلا ئىچىدە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا بىرتوپ ئالۋاستىلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كىتىمىز!.........ھىچقايسىڭلار ئاۋاز چىقارماڭلار، ئۇلار كەتكەندىن كىيىن دەرھال بۇ جايدىن ئايرىلايلى!............. شىياڭشاۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ ھەممىمىز چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ جىمجىت تۇرىۋالدۇق. شۇ تاپتا ئۆزىمىزنىڭ يۈرەك سوقۇشىنىمۇ ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە ۋەھىمىگە چۆككەن ئىدۇق. سىرىتتا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چىقىدىغان غەيرى ئاۋازلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئالاھىدە بىرەر تىۋىش يوق ئىدى. شۇنداق جىمجىت تۇرۇپ بىردەمدىن كىيىن مەلۇم بىرسىنىڭ شۇنداق ئېغىر تىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم ھەمدە سەل گۇمانلىنىپ بوش ئاۋازدا سورىدىم ـ: ئېغىر تىنىۋاتقان قايسىڭلار ئۇ؟ ......... ـ : سىزمۇ ئاڭلاپسىزدە؟ راس قايسىڭلار ئۇ؟ ......... ئالىنىنانىڭ سۆزى بىلەن تەڭ شىياڭشاۋ بىلەن قوغدىغۇچىمۇ تەڭلا چۆچۈپ كەتتى ـ: نېمە؟ ......... شۇندا كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىپ دەرھال قولچىراقنى يورۇتتۇم...... ـ : ئاااااااااااااااااااا!........... كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق چىرايدىن بىرسى بىزگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ـ : ئالۋاستىكەن تېز قېچىڭلار!...... شىياڭشاۋنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز پاتپاراق بولۇپ كېتىشتۇق، جەسەت بولسا خىرقىرىغىنىچە بىز تەرەپكە ئاستا كەلدى. شۇندا شىياڭشاۋ پىچىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشقا باشلىدى، جەسەتمۇ ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى ئىشقا سېلىپ شىياڭشاۋغا قارشى زەربىگە ئۆتتى. ئۇ ھەربىر قېتىم شىياڭشاۋغا

ئېتىلغاندا قاتتىق ھۆركىرەيتتى. ـ : تېز ماڭا ياردەملەش!........... دېدى شىياڭشاۋ ئالۋاستى بىلەن تىركەشكەچ قوغدىغۇچىغا. ئۈنىڭغىچە قوغدىغۇچىمۇ پىچىقىنى ئېلىپ ئالۋاستىغا قارشىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغاچقا جەسەتنى مەغلۇپ قىلىپ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ـ : ئانناڭنى، بىزنى بىردەمدە بايقاپ بوپتا!......بۇ جايدىن تېزرەك چىقىپ كەتمىسەك بولمىغۇدەك، لازىمەتلىكلىرىڭلارنى تېز يىغىشتۇرۇڭلار، بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلمىساق بولمايدۇ!......... دېدى شىياڭشاۋ سومكىسىنى ئاسقاچ. ـ : ھازىرچە نىسپەتەن كېرەك بولمايدىغان نەرسىلەرنى تاشلىۋېتەيلى، بولمىسا بىزگە ئوشۇق يۈك بولۇپ قالىدۇ. مۇھىم نەرسىلەر بىلەن يىمەكلىك، سۇ قاتارلىقلارنىلا ئېلىۋېلىڭلار!........ بىز دەرھال مۇھىم نەرسىلەرنى ئېلىپ قالغان ئوشۇقچە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆڭكۈرگە تاشلاپ قويدۇق. ھازىر مەندە پەقەت يان سومكامدىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىدى. شۇ ئارىدا يىقىنلا جايدا يەنە غەيرى ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. شىياڭشاۋ ـ : تېز بولۇڭلار، ئۇلار يەنە كەلگەندەك قىلىدۇ!...... دىگەچ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ـ : شىياڭشاۋ دىققەت قىلىڭ!........... مىنىڭ ۋارقىرىشىم بىلەن تەڭ غايىپتىن كەلگەن بىر چىرىندى قول شىياڭشاۋنىڭ كۆكرىكىگىلا پېتىپ كەتتى. شىياڭشاۋ بولسا قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە پىچىقىنى شىلتىپلا قولنى ئۈزىۋالدىدە كەينىگە داجىپ كەتتى، ئۈنىڭغىچە بىز يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىۋالدۇق. ئەمما قول ئۇنىڭ مەيدىسىگە پاتۇرۇلغان ھالدا ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى، يارا ئېغىزىدىن قان چىقىشقا باشلىدى. شىياڭشاۋ چىداپ تۇرۇپ قولنى كۆكرىكىدىن كۈچەپ تارتىشى بىلەن تەڭ قان جىرتىلداپ ئېتىلىپ چىقتى. ـ : ئانناڭنى!...بۇ ئالۋاستى قەيەردىن كەلدى ئەمدى!......... دىدى مەيدىسىنى چىڭ بېسىۋالغاچ. قان ئۇنىڭ كىيمىنى پۈتۈنلەي بوياپ بولدى، بۇ چاغدا يەنە بىر تۈركۈم جەسەتلەر ھوۋلىغىنىچە بىز تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ـ : ئالۋاستىلار كېلىۋاتىدۇ، دەرھال بۇ جايدىن چىقىپ كېتەيلى!......دىدى شىياڭشاۋ. بىز دەرھال ئېسىمىزگە كېلىپ شىياڭشاۋنى يۆلىگىنىمىزچە سىرتقا قاراپ قاچتۇق، قولى ئۈزۈلگەن جەسەت بولسا چىرقىرىغىنىچە يەردە ياتاتتى، شىياڭشاۋ ئاچچىقىدا ئۇنىڭ بېشىغا كۈچەپ دەسسەپلا مىجىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدا غەزىپى تېشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. بىز شۇ ھالدا سىرتتقا قېچىپ چىقىپ داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدۇق، چۈنكى نۇرغۇنلىغان جەسەتلەر بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن مېڭىپ يۈرەتتى، ئۇلار بىزنى كۆرۈپلا يۆلىنىشىنى بىز تەرەپكە يۆتكەپ ئاستا ـ ئاستا كېلىشكە باشلىدى. ـ : ئىش چاتاق!...ئۇلار بىزنى قورشاپ بوپتۇ، ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق!...... دىدى شىياڭشاۋ ھاسىرىغان ھالدا. مەن ـ : بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟ ...ئەمدى قانداق قىلساق بولىدۇ؟ ......... ـ : ئامال يوق، ئېلىشايلى!......... شىياڭشاۋنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم ـ : نىمە دەيسىز، ئېلىشايلى؟ ............. ـ : شۇنداق، ھازىر بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىرەر ئامال بار بولسا دەپ بېقىڭ ئەمىسە!.......... شىياڭشاۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدىم، قارىماققا بىزگە چىقىش يولى قالمىغاندەك

قىلاتتى. بىراق ئېلىشىمىز دىگەن تەقدىرىدىمۇ بىزدە ئىككى پىچاقتىن باشقا ھېچنىمە بولمىسا قانداقمۇ ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولسۇن!......جەسەتلەرنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىزنى تىتىپ قىيما قىلىشۇەتمەمدۇ!......ئويلىغانسىرى بەدەنلىرىم تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ــ: دىققەت قىلىڭلار، ئۇلار يېقىنلاشتى. ئامال قىلىپ بۆسۈپ ئۆتەيلى!............... شىياڭشاۋ شۇنداق دىگىنىچە بىر قولىدا مەيدىسىدىن چىقىۋاتقان قاننى بىسىۋالغاچ يەنە بىر قولىدا پىچاقنى مەھكەم تۇتۇپ ئاستا ئالدىغا ئىلگىرلىدى. بەلكىم مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ بولمىسا كېرەك......... شۇنداق قىلىپ بىز جاننى تىكىپ قويۇپ«مۇھاسىرە»دىن بۆسۈپ چىقماقچى بولدۇق. جەسەتلەرنىڭ سانى بىز ئويلىغاندىنمۇ كۆپ بولۇپ ئارىلىق قالدۇرماي دىگۈدەك بىزنى قورشاپ كىلىشكە باشلىدى. ــ: ئاتلىنايلى!............... شىياڭشاۋ ۋارقىرىغىنىچە ئالۋاستىلارغا ئۆزىنى ئاتتى، ھەمدە پىچىقىنى شىلتىغىنىچە نەچچە جەسەتنى كاللىسىدىن جۇدا قىلدى. بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا جەسەتلەر توپىغا ئېتىلدۇق. شىياڭشاۋ بىلەن قوغدىغۇچى بىردىنبىر قوغدىنىش قۇرالى بولغان پىچاقلىرىنى ئوڭ ـ تەتۈر شىلتىپ يول ئېچىشقا باشلىدى ئەمما ئۇلار جەسەتلەرنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى. بىردەمدە ئىككىسىنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلەندى، شۇ ھالدا جەسەتلەر ئارىسىدىن ئېچىلغان يول بىلەن قېچىپ چىقىۋاتقىنىمىزدا توساتتىن بىلىم كۆيۈشۈپ ئاغرىپ كەتتى، ئاغرىقتا تولغىنىشىپ كەتتىم. قارىغىنىمدا بىر جەسەت بىلىمنى تىلىۋەتكەن ئىدى، يارا ئېغىزىدىن قان چىقىپ بىردەمدىلا كىيىملىرىمنى قىزىلغا بوياپ بولدى. مەن بىلىمنى چىڭ تۇتىنىمچە يەنە ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلەشكە باشلىدىم. ــ: پىرافىسور، مىنى قۇتقۇزىۋېلىڭ......ئاااااااااااااااااااا!.........

ئالىنىنانىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىغىنىمدا نەچچىلىگەن جەسەت ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى پاتۇرغىنىچە جەسەتلەر توپىنىڭ ئارىسىغا ئەكىرىپ كەتتى، ئالىنىنا قاتتىق بىر چىرقىراپلا جىمىپ قالدى، جەسەتلەر بولسا ئۇنى پارچىلاپ ئۆلگۈرگەن ئىدى. مەن نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي ئاھ ئۇرغىنىمچە جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. ــ: تېز مېڭىڭ، نىمىگە قاراپ تۇرىسىز!............ شىياڭشاۋ پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلەنگەن ھالدا ماڭا ۋارقىراۋاتاتتى، مەن كۆزۈم كەينىدە قالغان ھالدا ئالدىمغا قاراپ يۈگۈردۈم. ئىككى قوغدىغۇچى بولسا ئالدىغا كەلگەننى چېپىپ ماڭا يول ئېچىپ بىرىۋاتاتتى. مەن بىلىمنى تۇتقىنىمچە ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقىنىمدا شىياڭشاۋ پىچاقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى ـ: ئېلىڭ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنى قوغداڭ!......مەن پەقەتلا بولالمىدىم............ كىچىككىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭغا سەپسالغىنىمدا بويۇن قىسمى يىرتىلىپ قان ئېقىۋاتاتتى. ــ: سىزچۇ؟ ......... دىدىم ئالدىراپ، بىراق شىياڭشاۋ مىنى مۇھاپىزەت قىلىپ جەسەتلەر توپىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەچ ـ: بىز بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، دەرھال بۇ جايدىن ئايرىلىپ يىراققا كېتىڭ!...قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى!......دەپ ۋارقىرىدى. مەن جەسەتلەر توپىنى يېرىپ چىقىپ ئۇلارغا قارىغىنىمدا ئىككىلىسى جەسەتلەر ئارىسىدا قالغان ئىدى. ئەمدى ئۇلاردىنمۇ

ئۇمۇد قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئىچىندىم، كۆزلىرىم نەمدىلىپ ئامالسىز ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ماڭاي دەۋاتقاندا بىر جەسەت ئېتىلىپ كېلىپ كۆكرىكىمگىلا تىرنىقىنى قاتتىق سانچىدى...... ــ: ئاااااااااااااااااااااااا!.............. مەن ئاغرىقنىڭ دەستىدىن قاتتىق ۋارقىراپ كەتتىم، ئاۋازلىرىم ناھايىتى ئېچىنىشلىق چىقاتتى. ئەمدى ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆلارنىڭ قولىدا ئۆلىدىغىنىمنى ھېس قىلىپ تۇرغاندا شىياڭشاۋ جەسەتلەر توپىدىن ئېتىلىپ چىقىپ مىنى يارىلاندۇرغان جەسەتنىڭ بويۇنىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە قايتىدىن جەسەتلەر توپىغا ئەكىرىپ كەتتى. ــ: شىياڭشاۋ!................ ئۇ ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا ئىككى ئېغىزلا سۆز قىلدى ــ: تېز.....تېز قېچىڭ!............... يارامنىڭ ئاغرىقىدا باشلىرىم چىڭقىلىپ كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، شۇنداقتىمۇ شىياڭشاۋنىڭ دىگىنى بويىچە پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ ئۆلار تەرەپتىن يىراقلىششقا باشلىدىم. بىراق يەنىلا ئۆلارغا قىيماي كەينىمگە ئۆرۈلگىنىمدە جەسەتلەر شىياڭشاۋنىڭ بېشىنى ئۆزۈۋېلىۋاتقان ئىكەن. شۇ ئارىدا توساتتىن قاتتىق بىر پارتىلاش يۈز بېرىپ قوغدىغۇچىلار بىلەن جەسەتلەرنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلۇپ كەتتى. پارتىلاش زەربىسىدىن ئەتراپ بىردەملىك يورۇپ ھەممە نەرسە كۆيۈشكە باشلىدى. مەن ۋارقىرىغىنىمچە ئۆزۈمنى قويۇپ بېرىپ يىغلاپ كەتتىم، ئەسلىدە شىياڭشاۋ بىللە ئېلىۋالغان پارتىلاتقۇچنى جېنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا جەسەتلەر بىلەن بىللە پارتىلاتقان ئىكەن. بىردىنلا ئەتراپ جىمىپ ئوتنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازىلا قىپ قالدى. شۇندا تۇيۇقسىز ماڭا ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا ئوتنىڭ يورۇقىدا يالىلداپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇدەل ئالماس گۆھەر ئىدى. مەن ئۇنى ئېلىپ قان ئىچىدە يىقىلىپ قوپۇپ يۈرۈپ بۇ مەخپىي جاينى بايقاپ قالدىم، ھەمدە ئىچىگە كىرىۋالدىم. شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ۋاقتىم قالغىنىنى ھەم بىلمەيمەن، ئەمما ئەھۋالىمدىن قارىغاندا ئۇزاققا بارالمايمەن شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىمدە سىلەرگە ئالۋاستىنى قانداق يوقۇتۇش، ئۇ مەخپىي قەبرىستانلىقتا قانداق بېرىش توغرىسىدا ئەڭ مۇھىم بولغانلىرىنى يېزىپ قالدۇرماقچىمەن!..................

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ (7 ــ باب 1 ــ قىسىم)

ئوقىماسەن، ئەڭ نوچى يەرلىرىگە كەلگەندە يەنە توختىۋالدىڭغۇ؟ ......... دىدى نىجات غېنىنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ. غېنى بولسا خاتىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ــ: تۆگىسە نىمىنى ئوقۇيمە، خاتىرە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۆگەپ كىتىپتۇ. بەلكىم ئۇ ئادەم يىزىشقا ئۈلگۈرمەي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك!.........دىدى جاۋابەن. نىجات ــ: نېمە، مۇشۇنداقلا تۆگىدىما؟ ......قىززىق ئاداشكەنغۇ ئۇ ئورۇس، ئاخىرىنى يىزىۋىتىپ ئۆلسە نىم بولىدۇ دەيمە...يا دىمەي ئولتۇرماپتۇ، ئەڭ ھالقىلىق يىرىگە كەلگەندە ئۆلۈپ قالغىنىنى دەيمە!......... ئابلاكام بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كىيىن ئېغىز ئاچتى ــ: ئەملىيەتتە ئۇ ئاخىرىنى يازغان........... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا قاراپلا قېلىشتۇق. ئابلاكام ــ: توغرا، ئۇ ئاخىرىغىچە يىزىپ قالدۇرغان. ئەمما مەن ئۇ خەتلەرنى

ئوقۇيالمىغاندا ئاچچىقىمدا نەچچە بەتنى يىرتىۋەتكەن ئىدىم، بەلكىم ئاخىرىدىكى سۆزلەر دەل شۇ بەتلەردە بولسا كېرەك!............ بۇنى ئاڭلاپ غېنى دەرھال خاتىرىگە قارىدى ـ: توغرىكەن، خاتىرىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرى يىرتىلىۋېتىپتۇ. قارىماققا سەپسېلىپ قارىمىسا بىلگىلى بولمايدىكەن............ ـ: ئەستاخپۇرۇللا، ئالۋاستىنى يوقىتىدىغان ئەڭ ھالقىلىق سۆزلەر يىرتىلىۋېتىلگەن بولسا ئەمدى قانداق قىلارمىز!...... دېدى نىجات ئۈھسىنغان ھالدا. ـ: ياكى بولمىسا ئاشۇ جايغا يەنە بىر بېرىپ باقايلى، بەلكىم يىرتىلغان ئۇ بەتلەر ھېلىھەم شۇ جايدا بولۇشى مۇمكىن!........ دېدى ناھايىتى جىمغۇر ئابلىكىم ئاخىرى. ـ: ۋۇي بۇ بولىدىغان گەپ، دىگەندەك خاتىرىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرى يەنىلا ئاشۇ جايدا بولۇشى مۇمكىن. ئابلاكا بىزنى شۇ جايغا باشلاپ بېرىڭە، تېزرەك ئالۋاستىنى يوقىتىپ بۇ جايدىن چىقىپ كىتىۋالايلى!........ نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئابلاكام بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كىيىن ـ: بولىدۇ، بارساق بارايلى...ئەمما ھۇشيار بولمىساق بولمايدۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ جايغا بىر قانچە ئالۋاستىنى سولاپ قويغان، بەلكىم ئۇلار ھېلىھەم شۇ جايدا بولۇشى مۇمكىن!.........دېدى. بىز شۇ ھالدا ئۇ جايغا بارىدىغان تەييارلىقلارنى قىلىپ قويۇپ پەيتنى تاللاپ ئۇيەرگە بېرىپ ئاخىرقى مۇھىم سۆزلەرنى ئوقۇپ ھەممىنى تەپسىلىي بىلىۋالماقچى بولدۇق. ھەمدە ۋاقىت توشقىچە ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشتۇق. ـ: ھەي، بۇ شىياڭشاۋ دىگەن ئەبلەخنىڭ ئاچ كۆزلىكى سەۋەبلىك نۇرغۇن ئىشلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بوپ كىتىپتۇ. لىكىنغۇ ئاخىرىدا يەنىلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، بىچارە ئۆزىنى قوشۇپ پارتىلىتىپ جەسەتلەر بىلەن بىللە ھالاك بوپتۇ. ھىيىي توختاڭلا!......راس ئاۋۇنىڭدا ئالماسنى پىرافىسورغا تاشلاپ بەرگەنىكەن، ئەمما پىرافىسور خاتىرىسىدە ئۇنى نەگە قويغانلىقىنى يازماپتۇ، يەنە كېلىپ ھېلىقى قانلىق كىتاپمۇ بار......ئۇ نەرسىلەرنى نەدىن تاپىمىز راس؟ ...ئابلاكام ئۇنى بايىقىغاندا پەقەت يىنىغا ئېسىلىۋالغان سومكىسىنىڭ ئىچىدىن خاتىرىنىلا تېپىپتىكەنتۇق، ئۇنداق بولغاندا ئۇ قېرى ئەبلەخ ئالماس بىلەن قانلىق كىتاپنى قىچىۋاتقىچە چۈشۈرۈپ قويىمىغان بولغىيتى ھە؟ ........... نىجاتنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ھەممىمىز بۇ ئىشنى ئويلىنىپ قالدۇق. ـ: راس، ئۇ كىتاپ بىلەن ئالماسنى قەيەرگە قويغاندۇ؟ ...ئەگەر ئۇلارنى تاپالماي قالساق بىر مەسىلە بولىدىدە بۇ!.........دىدىم مەنمۇ. ئابلاكام بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كىيىن ـ: راس بۇمۇ بىر مەسە بوپتۇ، دىگەندەك مەن ئۇنى بايىقىغاندا پەقەت خاتىرىلا بار ئىدى. ئالماس بىلەن قانلىق كىتاپ يوق ئىكەنتۇق. ئۇنداق بولغاندا بىر بولسا ئۇ نەرسىلەرنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويىدى، يەنە بىر بولسا نىجات دىگەندەك يولدا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر چۈشۈرۈپ قويغان بولسا ئۇ نەرسىلەرنى تاپىمىقىمىزمۇ خېلى تەسكە توختىغۇدەك!......يەنە كېلىپ ئۇ ماڭغان يولنى ئىنىق خاتىرلىمەپتۇ، بۇنداق ھالدا تېخىمۇ تەسكە چۈشۈشى مۇمكىن!.........دىدى. شۇ تاپتا يەنە بىر ئۈمۈدىمىزدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدۇق، چۈنكى خاتىرىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا ئالماس گۆھەر بىلەن قانلىق كىتاپ ئالۋاستىنى يوقىتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى ئامىل

ھېساپلىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئاخىرى بىز ئاۋۋال جەسەتنى بايىقىغان مەخپىي جايغا، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ جايغا يېقىن ئەتراپلارنى ئىزدەشنى توغرا تاپتۇق. بەلكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق ئامالمۇ بولمىسا كېرەك!......شۇنداق قىلىپ بىز لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ ئابلاكامنىڭ يول باشلىشىدا خاتىرە بايىقالغان جايغا ئاتلاندۇق. ـ: ئابلاكا، بۇ جايغا بەلگە سېلىۋالامدۇقيا؟ ...كەچتە كېلىپ قالساق يەنە تاپالماي يۈرمەيلى!..........دېدى نىجات كىتىۋاتقاچ. ئابلاكام ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ جاۋاپ بەردى ـ: ئەمدى كەلمەيمىز، ئەگەر بىزگە لازىملىق نەرسىلەر بار بولۇپ قالسىلا بۈگۈن كېچە جەڭگە ئاتلىنىشىمىز كېرەك!......... ـ: نېمە، شۇنچە تېزما؟ ...بىز تېخى تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولالمىغان تۇرساق، بۇنداقلا ئۇ خەتەرلىك قەبرىستانلىققا بارساق قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەمدۇق!.........يەنە كېلىپ ئاۋۇ ئۇنچە ـ مارجانلار قىپ قالغان تۇرسا، ئېلىۋالمىساق بولماس؟ ... شۇندا ئابلاكام نىجاتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ ـ: ئۆزۈڭگە ئىشەن!......بىزنىڭ ئارىمىزدا بولۇمسىزلار يوق، ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن پالۋان نوچى يىگىتلەر!......بىز چوقۇم ئالۋاستىنى بىچچىت قىلىپ بۇ جايدىن سالامەت چىقىپ كېتىمىز......ئۇنچە مارجانلارغا كەلسەك، ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن مەن ساڭا ئۇلارنى ئەكىلىپ بېرەي قانداق؟ ... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىزگە قايتىدىن يۈرەك پەيدا بولدى. نىجات جاۋابەن ـ: بولىدۇ، بىز چوقۇم ئۇ ئالۋاستىنى مەغلۇپ قىلىپ ئىنسانلارنىڭ يەنە تالاپەتكە ئۇچرىشىنى توسىمىز!.........دېدى مەيدىسىنى كېرىپ تۇرۇپ. ـ: ئوغۇل بالا!........بىلسەڭلار ئۇلاردىن قانچىلىك قورققانسېرى ئۇلا بىزگە شۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق بىلىنىدۇ، ئەگەر قورقماي ئۇلار بىلەن ئېلىشالىساقلا ئالۋاستىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق ئەمەسلىكىنى بايقايمىز...شۇڭا قورقۇنچنى تاشلىۋېتىپ يۈرەكلىك بولۇشۇڭلار كېرەك!...... ئابلاكام مەغرۇر ھالدا شۇ گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىز تىخىمۇ روھلىنىپ كەتكەندەك بولدۇق. بىز شۇ ھالدا يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ خېلى ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن ئابلاكام توختىدى ـ: ئەنە ئاشۇ ئۆڭكۈر شۇ!...ئەمما ھۇشيار بولۇڭلار، ئالۋاستىلار قاراڭغۇلۇقتا ئوخشاشلا نورمال ھەرىكەت قىلالايدۇ. شۇڭا ئاۋۋال مەن كىرىپ باقاي ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى توۋلايمەن!......... بىز ئابلاكام كۆرسەتكەن ئۆڭكۈرگە قارىدۇق، دەرۋەقە ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ شەئىيلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئابلاكام بولسا ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرگىنىمىزدە بولسا ئۈستىلىرىنى پۈتۈنلەي تور قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ئىچكىرىسىگىرەك كىرگىنىمىزدە دېگەندەك چاسا شەكىللىك يوغان بىر تاش قەبرە تۇراتتى. ئابلاكام خەنجىرىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بىزگە ـ: سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئاۋۋال مەن چۆشۈپ باقاي!......دېگەچ تاش قەبرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا سېلىمكاممۇ خەنجىرىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ـ: مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە چۈشەي، ھەر ئېھتىمالغا بىردىن ئىككى ياخشى ئەمەسمۇ!............دېدى. ئابلاكام بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، تاش قەبرىنىڭ ئاستىدىكى بىر جايغا قولىنى سېلىپ بۇرۇشى بىلەن تەك

 www.iptihar.net

قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز بىلەن تاش قەبرىنىڭ ئىغىزى غولدۇرلاپ ئىچىلىشقا باشلىدى. بىز بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرىمىز تىترەپ كىتىۋاتاتتى، قورقۇنۇچلۇق جاينىڭ ھەممە نىمىسى شۇنداق قورقۇنۇچلۇق ئاۋاز چىقىرىدىكەن دىسە!...... سىلىمكام بىر قولىدا قولچىراقنى يەنە بىر قولىدا خەنجىرىنى تۇتقىنىچە ابلاكامغا ئەگىشىپ ئىھتىيات بىلەن قەبرىنىڭ ئاستىدىكى يولغا چۈشۈپ كەتتى. ــ: سىلىمكا دىققەت قىلىڭ!...... دىدىم مەن سەل ئەنسىرەپ. سىلىمكامۇ جاۋابەن ــ: ئەنسىرىمە، سىلەر مۇشۇ جايدىن ئايرىلماڭلار!......دىگەچ ئىچىگە كىرىپ كىتىپ بولدى. بىز ساقلاشقا باشلىدۇق، ئەمما كۆڭلىمىز سەل ئەنسىز ئىدى. بىر ئازدىن كيىن ئىچىدىن ئاۋاز ئاڭلاندى ــ: كىرىۋىرىڭلار بىخەتەركەن!...... بىز ئاۋازنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ قولچىراقلىرىمىزنى يورۇتقىنىمىزچە ئاستىغا سوزۇلغان پەشتاقتىن ئىچىگە قاراپ ئىلگىرلىدۇق. بىز ئاستىغا چۈشكەندە سىلىمكام پەستە بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن ــ: كىلىڭلار، ئىچىدە جەسەتلا باركەن. ئالۋاستىلار بەلكىم چىقىپ كەتكەن بولسا كىرەك!......... بىز يەنە بىر تەرەپكە سوزۇلغان تارتۇق يولدى مېڭىپ ئۈستىگە چىقىدىغان پەشتاققا يىتىپ كەلدۇق، ھەمدە ئۈستىگە چىقتۇق. چىقىپلا كۆرگىنىمىز شۇ بولدىكى چىتىپ ئىسكىلىتلا بولۇپ قالغان جەسەتتىن ئىككى ئۈچى تۇراتتى، قالغانلىرى ئاللىقاچان پارچىلىنىپ توپىغا ئايلىنىپ كىتەيلا دەپ قالغان ئىدى. جەسەتلەرنىڭ بەدبۇي ھىدلىرى بۇ جاينى بىر ئالغان بولۇپ، ئۈستىدىكى تۈگلۈكمۇ ئۈلارنىڭ پۈرىقىنى چىقىرىۋىتەلمىگەندەك قىلاتتى. ئابلاكام ئەتراپقا بىر قارىۋىتىپ ــ: توغرا ئەمەستەك قىلامدۇ نىمە!......ئەينى چاغدا مەن پەقەت ئاشۇ جەسەتنىلا كۆرگەندەك قىلغان، ماۋۇ ئىككىسى نەدىن پەيدا بولغاندۇ ئەمدى!.........دىگەچ يەردە ياتقان بىر جەسەتنىڭ قىشىغا كەلدى. ئابلاكام دىگەندەك بۇلۇڭدىراق بىر جەسەت تامغا يۆلەنگەن ھالدا ئىدى. بۇ بەلكىم ھىلىقى پىرافىسورنىڭ جەسىدى شۇ بولسا كىرەك...قالغان ئىككىسى يەردە ياتقان بولۇپ تىخى تولۇق چىرىپ بولالمىغاندەك قىلاتتى. ئابلاكام جەسەتكە قارىۋىتىپ ــ: بۇ جەسەت ئالۋاستىكەن، لىكىن قانداق بولۇپ جىمىپ قالغاندۇ؟ ......دەپ ھەيران بولدى. جەسەتنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن، ئىغىزىنىڭ تىرىلىرى ياپالماي كۆرۈنۈپ قالغان ئۆتكۈر چىشلىرى ئۈلارنىڭ جەسەت ئالۋاستىلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئابلاكام يىقىنراق كىلىپ ئۈنى مىدىرلىتىپ باقتى، بۇ چاغدا سىلىمكام سەل ئەنسىرەپ ــ: دىققەت قىلىڭلار، ئۇ قوپۇپ قالمىسۇن يەنە!.........دىدى. ئابلاكام جاۋابەن ــ: ئۇ قوپىدىغان بولۇپ قالسا بايىلا قوپاتتى، بەلكىم ھەركەتتىن قالغان بولسا كىرەك.........دىگەچ ئاستا قولىنى ئۈزاتتى. شۇندا جىم ياتقان جەسەت ھۆركىرەپلا ئابلاكامنىڭ قولىغا تىرناق سالدى. ھەممىمىز تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن قاتتىق چۆچۈپ پاتپاراق بولۇپ كىتىشتۇق. شۇ پەيتتە سىلىمكام خەنجىرىنى شىلتىپلا ئۈنىڭ بىشىنى ئۈزۈپ ئالدى، جەسىنىڭ بىشى بولسا نىراققا دومۇلاپ چۈشۈپ ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق بىر چىرقىرىغىنىچە قايتىدىن جىمىپ قالدى. بىراق ئۈنىڭ تىرنىقى ھىلىھەم ئابلاكامنىڭ قولىغا پاتۇرۇقلۇق تۇراتتى، ئابلاكام قولىدىكى ئۆتكۈر تىرناقنى ئاجرىتىپ

ئېلىشۇتىپ قولىنى بىسىۋالغاچ سىلىمىكامىغا ـ: تېز يەنە بىرسىنىڭمۇ بىرشىنى ئۈزىۋىتىڭلار، بەلكىم ئۇمۇ قوپۇپ قىلىشى مۇمكىن!......دەپ توۋلىدى، سىلىمىكامىمۇ چاققانلىق بىلەن يەنە بىرسىنىڭمۇ بىشىنى تىنىدىن جۇدا قىلىۋەتتى، بىراق ئۇ ئالۋاستى ئىپادىسىز ھالدا ئىدى. شۇندا ئابلاكام خاتىرجەم بولۇپ ـ: ئەبلەخ!...ئۇلارنىڭمۇ ھىيلە مىكىرلىك ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىمەن، تىخى ئۆلگەن بولۇپ جىممىدە يىتىۋىلىشنى بىلىدىكەن دىسە!........دىدى قولىنى چىك تۇتقاچ.   ـ: قانداقراق ئابلاجان، ياراڭلا خىلى ئىغىر ئوخشايدۇ ئاۋۋال سىلىنىڭ قولۇڭلارنى تىڭىۋالايلى، قالغىنى كيىن بىر گەپ بولار!..........
ـ: ھىچقىسى يوق، بۇنداق يارىلار ماڭا نىسپەتەن ھىچقانچە ئىش ئەمەس، تىڭىۋالسامىلا ئەتىگىچە ئوڭشىلىپ بولىدۇ!... دىگەچ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى ـ: قاراپ باقايلى خاتىرىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرى مۇشۇ جايدا بولۇشى كىرەك!........ بىز ئابلاكامنىڭ سۆزى بويىچە قولچىراقلىرىمىزنى يەرگە يورىتىشىپ خاتىرىنىڭ يىرتىلغان قىسمىنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. ـ: مانا تاپتىم!............. نىجاتنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەممىمىزنىڭ كۆزى يورۇپ كەتتى، ھاياجاندا ئۇنىڭ قىشىغا يىغىلدۇق. غىنى ئۇنىڭ قولىدىكى بىر پۇرلاقلىق قەغەزنى ئىلىپ ئىچىپ قاراپ باقماقچىدىن كيىن نىجاتقا ئالايدى ـ: ماڭغىنەۋە، قۇرۇق قەغىزىڭ بىلەن ئادەمنى ئالدىماي. بۇنىڭدا نەدە خەت بولىدۇ، ماندا خەت يىزىلغان ۋاراقنى تاپە قۇرۇق ۋاراق بىلەن جار سىلىپ يۈرمەي!.........  ـ: شۇ قەغەزكەن، مەن تىخى خاتىرىنىڭ تىرتىلغان قىسمى ئوخشايدۇ دەپتىمە. ئىچىپ باقمىسام نىمە بىلىمە شۇ ياكى ئەمەسلىكىنى!........... بىز قايتىدىن ئىزدەشكە باشلىدۇق، بىراق ھىچيەردىن تىپىلمىدى. ئاخىرى ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈپ ئىزدەشتىن توختىدۇق. ئابلاكام ـ: بەلكىم ئۇ قەغەزلەرنى ئالۋاستىلار يۆتكىۋەتكەن بولۇشى ياكى ئۇزاق يىللاردىن بىرى تۇرىۋىرىپ سىسىپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن!......دىدى ئەپسۇسلىنىپ. مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم ـ: ئابلاكا ئويدانراق ئويلاپ بىقىڭە، شۇ چاغدا سىز ئاچچىقلاپ خاتىرىنى يىرتىپ ۋاراقلىرىنى قەيەرگە تاشلىغان؟ ......... ئابلاكام ئوڭايسىزلىنىپ ـ: ئۇ ئىش بولغىنىغىمۇ بەش يىل بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كيىن نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگەچكە، ھەم شۇ ۋاقىتتا كەيپىياتىم ناھايىتى ناچار بولغاچقا ئىسىمگە ئالالمىدىم!...دەپ توختاپ قالدى. ـ: ھىچقىسى يوق، ئىشقىلىپ بىرەر ئامالى بولۇپ قالىدۇ. ئۆزۈڭلارغا بىسىم قىلىۋالماڭلار ئابلاجان!...... بىزمۇ سىلىمىكامنىڭ گىپىنى قۇۋۋەتلەپ قويدۇق. بۇ جاينى قايتىدىن شۇنچە تەپسىلىي ئىزدىگەن بولساقمۇ ئەمما يەنىلا خاتىرىنىڭ يىرتىلغان قىسمىنى تاپالماي ئاخىرى ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ كەينىمىزگە ياندۇق. بىز پەشتاقتىن پەسكە چۈشۈپ سىرتقا قاراپ ماڭغاندا ئابلاكام ئەڭ ئاخىرىدا پەشتاقتىن چۈشىۋاتقاچ ئىچى تەرەپكە قاراپ قويۇپ بىز تەرەپكە ماڭدى. بۇ خاتىرىنىڭ يىرتىلغان قىسمىنى تاپالمىغانلىقىمىزدىن دىرەك بىرەتتى. بىزمۇ نائۈمىدتە سىرتقا ماڭدۇق.  ـ: توختاڭلار!................. ئابلاكام شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىچە پەشتاقتىن چۈشىۋاتقاچ ئىڭىشىپ بىر نەرسىلەرنى قولىغا ئالدى ـ:

شۈكەن!......خاتىرىنىڭ يىرتىلۋان قىسمى مايەردىكەن، قاراڭلار مانا ئىنىق مۇشۇ شۇ!............. ئابلاكام شۇنداق دىگەچ قولىدىكى پۇرلاشقان قەغەزلەرنى بىز تەرەپكە ئېلىپ كەلدى. توساتتىن خاتىرىنىڭ يىرتىلغان قىسمىنىڭ تېپىلىشى بىلەن تەڭ بىز خۇددى تۈگمەس بايلىق تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق. ـ: تېز، تېز!......سىرتتا چىقىپ بۇلارنى ئوقۇپ باقايلى!......... دىدى ئابلاكام خۇشال بولغان ھالدا. بىز سىرتتا چىقىپ خالىي بىر جايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ خاتىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم جايلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن غېنىنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئولتۇردۇق. غېنىمۇ پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزلەرنى ئاۋايلاپ ئېچىپ تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى........................

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب2 ـ قىسىم)

ئالۋاستى شاھ بارغانسىرى كۈچلىنىپ كېتىشكە باشلىدى، سىز ئۇنى يوقىتىمەن دەيدىكەنسىز چوقۇم ئاۋۋال پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىشىڭىز كېرەك!...ئۇنىڭدىن كىيىن سىز بۇ خاتىرىدە دىيىلگىنى بويىچە ئالۋاستى قەبرىستانلىقىنى تېپىپ ئىچىگە كىرىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدە قورقماس يۈرەك، جاسارەت بولمىسا مەڭگۈ ئۇ جايغا كىرەلمەيسىز، چۈنكى ئونمىڭ كىشىلىك ئالۋاستى قوشۇن سىزنىڭ كىلىشىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىۋاتقان بولىدۇ، يەنە تېخى ئالۋاستى شاھىمۇ بار. شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى جەسەتلەر خارابىيلىقىنىڭ ئىچىگە يامراپ بولدى، سىز ھەرۋاقىت ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا ئامال بار كۈندۈزنى تاللاپ ئاندىن ھەرىكەت قىلىڭ، سىز مەن دىمەكچى بولغان تاغنى تاپقاندىن كىيىن ئۇنىڭ ئەكسىچە كېچىدە ھەرىكەت قىلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى تاغدىكى ئۆڭكۈر پەقەت كېچىدىلا پەيدا بولىدۇ. سىز ئۇيەر ۋە ئالۋاستىلار بىلەن ئازراق تونۇشتىڭىز ئەمدى بولسا ئەڭ ھالقىلىق يىرىگە كەلدى......... مەن مەخپىي ئۆيگە يوشۇرىنىۋالغاندا ھەر ئېھتىماللىق ئۈچۈن قانلىق كىتاپ بىلەن ئالماس گۆھەرنى بۇ ئۆينىڭ كىرىش ئوك تەرەپتىكى تامنىڭ بىر تۆشۈكىگە تىقىپ كاھىش بىلەن ئېتىۋەتكەن. سىز شۇ تامدىكى نورمالسىز، ياكى بوش بىكار كاھىشنى بايقىسىڭىز ئۇ دەل قانلىق كىتاپ بىلەن ئالماس گۆھەر يوشۇرۇلغان جاي، سىز ئۇنى ئېلىپ ئەقلىڭىزنى يوقۇتۇپ قويماڭ، چۈنكى ھاياتىڭىز ئۇ بايلىقتىنمۇ بەك مۇھىم...ئۇنى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ تىگىشلىك جايىغا قويمىسىڭىز بۇ جايدىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيسىز، چۈنكى بۇ جاينىڭ سېھرىنىڭ يېشىمى دەل قانلىق كىتاپ بىلەن ئالماس گۆھەردە!......سىز ئۇلارنى ئېلىپ بۇ مەخپىي ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كىيىن شىمالغا قاراپ مېڭىۋىرىڭ، قانچىلىك مېڭىشىڭىزدىن قەتئىي نەزەر كەينىڭىزگە ياناماڭ، شۇندا كۆز ئالدىڭىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز تاغلار نامايان بولىدۇ، سىز قاراڭغۇ چۈشكىچە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كىيىن قارىغىنىڭىزدا شۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسىدە ئۆڭكۈر ئېغىزىنى بايقايسىز. بەلكىم جەسەتلەر ئويغۇنۇپ سىرتتا چىقىشى مۇمكىن، شۇڭا ھۇشيار بولمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز كىرگەندىن كىيىن چوڭ بىر زال بار، زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئالۋاستىنىڭ ھەيكىلى قاتۇرۇقلۇق

ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. سىز شۇ ھەيكەلنىڭ ئوڭ ئارقا تەرەپتىن ساناپ ئىككىنچى بۆلۈنمە يول بىلەن مېڭىڭ، ھەمدە يول قاياقفا باشلانغان بولسا لىنىيە بويىچە شۇ تەرەپكە يۈرۈڭ، يۈرۈش جەريانىدا يەنىلا ئالۋاستىلارنىڭ سىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىڭ، ئەگەر ئۇلار سىزگە ھۇجۇم قىلىپ قالسىلا ئۆتكۈر تىرناقلىرىدىن قۇتۇلالمايسىز، جەسەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ سىزنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ، شۇڭا ناھايىتى ھۇشيار، سەگەك بولىشىڭىز كېرەك!......بۆلۈنمە يولدىن باشلانغان لىنىيە بويىچە ماڭغاندا يول يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، بۇ چاغدا سىز يەنىلا ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن مېڭىڭ، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن مەخپىي قەبرىستانلىقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ قالمىغان بولسىلا سىز چوقۇم ئۇ جاينى بايقايسىز. ئۇ جاي تارچۇقراق كەلگەن بولۇپ ئىككى تام ئىسكىلىت باشلىرى بىلەن قاتۇرۇلغان، يولنىڭ يەنە بىر ئۇچى دەل كۆز يەتكۈسىز ئالۋاستى قەبرىستانلىقىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ جايدا بەلكىم نۇرغۇنلىغان ئالۋاستىلار بولۇشى مۇمكىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ قەبرىستانلىق دەل ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى ھېساپلىنىدۇ. پەشتاقسىمان بۇ قەبرىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىدە ئالاھىدە ياسالغان يالغۇز بىر ئۆي بار بولۇپ ئۇ ئالۋاستى شاھىنىڭ تاش قەبرىسى. ئۇنىڭدىن كىرىپ ئۇدۇلىدىلا بىر كىرىش ئېغىزى بار، ئۇمۇ چوڭ زال بولۇپ زالنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا سۇپا چىقىرىلغان، سۇپىنىڭ ئۈستىگە تاش ساندۇق قويۇلغان، ئۇ جاي دەل ئالماس گۆھەرنىڭ ئىز ئورنىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ باشقا تۇتىشىدىغان بەش ئېغىزى بار بولۇپ ھەممە ئىشىك پەرەز قىلىشىمچە ئوخشاشمىغان جەسەتلەر قەبرىستانلىقلىرىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلار چوقۇم سىلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئالۋاستىلارنى سېھىرلەپ جىمىقتۇرىدىغان نەرسە دەل ئالماس گۆھەردۇر!...ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قانداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدىغانلىقىنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، چۈنكى مەن دىگەنلىرىمنى قىلىپ بولغۇچە بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىشىم مۇمكىن. ئەڭ ئاخىرقى ئۈمۈدۈم كىم مۇشۇ خاتىرىنى تېپىۋالسا شۇنىڭ مۇشۇ يېزىلغىنى بويىچە بۇ جايدىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ كىتىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن!......ئاخىرىدا سىزلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن...بىز سەۋەپلىك نۇرغۇن ئىشلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، بايلىق تاماسىدا جەسەتلەرنىمۇ ئويغىتىۋەتتۇق، ئەمما ئاخىرىدا ئېرىشكىنىمىز يەنىلا ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە بولمىدى. شۇڭا سىزگىمۇ كۆچلۈك تەۋسىيە قىلىمەنكى، بىزنىڭ يولىمىزدا ماڭماستىن ئەكسىچە پۈتۈن ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىڭىزنى سورايمەن، بۇ جايدىكى بايلىقلار قانخوردۇر، ھېچ كىشى بايلىقلارنى ئېلىپ ھايات چىقىپ كىتەلمەيدۇ. چۈنكى بايلىقلار ئالۋاستىلارنىڭ، ئۇنىڭغا چېقىلغان ھەر ـ بىر كىشى ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر!........................... ـ: ئانناڭنى ساراڭ ئورۇس!......قىلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىلىپ بولۇپ كەچۈرۈم سوراپ قويسىلا ئىش تۈگەمدىكىنە!...ئۇغۇ كەچۈرۈم سوراپ قويۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ، بىراق بىز تىخىچە شۇلارنىڭ كاساپىتىدىن بۇ نەس باسقۇر جايدىن چىقىپ كىتەلمەيۋاتىمىز!...........دەپ قاقشاپ كەتتى نىجات. قالغانلار بولساق چوڭقۇر خىياللارغا چۆككەن ئىدۇق، نىجات يەنە ئىغىز ئاچاي دىدىيۇ

بىزنىڭ جىمجىت خىيالغا چۆمگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ سۆزىنى يۇتىۋەتتى. ـ : بولار ئىش بوپ بولدى!......دىدى ئابلاكام جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ـ : مىڭ قاخشىساقمۇ ھىچنىمە ئۆزگۈرۈپ قالمايدۇ، بىز ئەمدى مۇشۇ خاتىرە بويىچە ئىش قىلمىساقمۇ بولمىغۇدەك. ئۇ روس ھىچ بولمىسا بىزگە مۇھىم بولغان يىپ ئۇچىنى قالدۇرۇپ قويۇپتۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ قەدىرلەشكە تىگىشلىك!...بىز ئاۋال يەنە مەخپىي ئۆيگە قايتىپ ئالماس گۆھەر بىلەن قانلىق كىتاپنى تاپايلى، ئۇنىڭدىن كىيىن ھىلىقى دىيىلگەن تاغلارنى تاپايلى، بەلكىم بىز بۇ نەرسىلەرنى تىپىپ بولغىچىمۇ قاراڭغۇ چۈشۈپ بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ۋاقتنى بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتمەي دەرھال تۇتۇش قىلمىساق بولمايدۇ. مەن سەل بىنورمال بولۇشقا باشلىدىم، بۇ ئۆزگۈرۈشكە ئاز قالغانلىقىمدىن دىرەك بىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ھەرىكەتنى قانچە تىز باشلىساق شۇنچە ياخشى!.......... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق، چۈنكى ئۇ ئۆزگۈرۈپ قالسىلا ھەممە ئىش سۇغا چىلىشاتتى، ئابلاكام بولمىسا بىزنىڭ ئۇ جايغا بىرىپ مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئالۋاستىلارنى يوقىتىشقا كۆزىمىز يەتمەيتتى. شۇندا سىلىمكام ئابلاكامدىن سورىدى ـ : نىمە، ئۇنداقتا بۇ ئىشلارنى سىلى ئەسلىگىلگە كەلگەندىن كىيىن قىلساق بولماسمۇ ئابلاجان!......ناۋادا بىز ئىچىگە كىرگەندە تاساددىبى ئۆزگۈرۈپ قالساڭلا ئۇ چاغدا قانداق بولار؟ ......... ـ : سىلىگە بۇرۇن ئىيتقان ئىدىمغۇ، دەل شۇنداق قىلىسلەر!......... سىلىمكام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ : بولمايدۇ!......سىلىنى ئاران تاپقاندا قانداقمۇ ئۆز قولۇم بىلەن!............... ـ : ھاي، ھاي!......بۇ ئىشنى باللار بار يەردە دىيىشىدىغان ئىش ئەمەس سىلىماخۇن، كىچىكلىك قىلماڭلا...گەپ بولسا ئايرىم دىيىشەيلى!......... ئابلاكام شۇنداق دەپلا سىلىمكامنىڭ سۆزىنى توختىتىۋالدى. شۇندا سىلىمكام ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ بىزدىن يىراققىراق ئاپىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلىشىپ كەتتى. سىلىمكامنىڭ جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان قىياپىتىدىن ئابلاكامنىڭ سىلىمكامغا ئۆزىنىڭ ئۆزگۈرۈپ قالغۇدەل بولسا سىلىمكامنىڭ دەرھال ئۆلتۈرىۋىتىشىنى ئىيتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. سىلىمكامنىڭ ئابلاكامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ بىر نىملەرنى دىگەچ بىشىنى چايقاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پاراڭنى بىز ئاللىقاچان ھىس قىلىپ بولغان ئىدۇق. بىر ئازدىن كىيىن ئۇلار يىنىپ كەلدى، ئەمما سىلىمكامنىڭ كۆزىدە ياش لىغىرلاپلا تۇراتتى لىكىن بىزگە كۆرسەتمەسلىككە تىرىشاتتى. ـ : بولدى يىگىتلەر!...دىدى ئابلاكام نەرسىلەرنى دولىسىغا ئاسقاچ ـ : بىز ھازىر بىرىپ مەخپىي ئۆيدىكى ئالماس گۆھەر بىلەن قانلىق كىتاپنى تاپايلى، ئۇنىڭدىن كىيىن خاتىرىدە دىيىلگىنى بويىچە تاغدىكى ئالۋاستى ئۆڭكۈرىنى تىپىپ سىھىرنى بىكار قىلايلى، ئەمما ئالۋاستىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پەخەس بولىشىڭلار كىرەك!......ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ سىھىرنى يىشىشكە ئىرادەڭلار بارمۇ يوق؟ .............. ئابلاكامنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ دىگەن سۆزلىرىگە ھەممىمىز تەڭلا قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردۇق ـ : باااااارررررررررر!.............. ـ :

ئىشەنچىڭلارچۇ؟ ......... ـ : ئىشەنچىمىزمۇ بااااررررر!............ ـ : ھەقىقىي ئەركەك دىگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. باتۇرلۇقۇڭلارغا ئاپىرىن، ئەمىسە يۈرۈڭلار!......... بىز ئابلاكامنىڭ سۆزلىرى بىلەن قايتىدىن جانلىنىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مەخپىي ئۆيگە يەنە كىردۇق. ئابلاكام بىزگە قاراپ ـ : سىلەر قاراڭغۇدا ياخشى كۆرەلمەيسىلەر، شۇڭا مەن تامنى ئىزدەپ نورمالسىز جاينى بايقىسام سىلەرگە دەي شۇ جاينى تەكشۈرۈپ بېقىڭلار!......دىدى. بىز قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق، شۇندا ئابلاكام خاتىرىدە دىيىلگىنى بويىچە ئوڭ تەرەپتىكى تامنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە باشلىدى. تامنىڭ كاھىشلىرى ناھايىتى ئېگىز پەس بولۇپ قاراشقىلا نورمالسىز جاينى تاپماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئابلاكام پىرافىسورنىڭ بوي ئېگىزلىكىنى خيالەن پەرەز قىلىپ مۇمكىنچىلىكى بولغان ئېگىزلىكتىن باشلاپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. خارابىيللىقتا ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەچكىمىكىن كۆپ قىسىم كاھىشلىرىمۇ بوشىشىپلا قالغان ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئابلاكام چاققانلىق بىلەن تەكشۈرۈپ نورمالسىزنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ تەكشۈرىشىمىزگە تاپشۇرۇپ داۋاملىق ھالدا ئىزدەۋاتاتتى. ئارىدا ئون نەچچە بوشىشىپ قالغان كاھىشلارنى قومۇرۇپ ئېلىپ قارىغان بولساقمۇ ئەمما كىتاپ بىلەن ئالماسنى بايقىمدۇق، ئابلاكام تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كېلىپ تىز ئېگىزلىكىگە كەلگەندە ئىغىز ئاچتى ـ : قاراڭلار قان ئىزى!......... بىزمۇ دەرھال ئۇ جايغا قولچىراق يورۇتتۇق. دەرۋەقە تامدىكى بىر كاھىشنىڭ ئۈستىدە بارماقنىڭ شەكلىدە قان ئىزى تۇراتتى. ئابلاكام ئۇ يەرنى مىدىرلىتىپ بىقىۋىدى دىگەندەك كاھىش ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ چىقىشقا باشلىدى، بىز كاھىشنى قومۇرۇپ ئېلىۋىتىپ ئىچىگە قارىغىنىمىزدا راستىنلا بىر ئورالما لاتىنى بايقىدۇق. ئابلاكامنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى ھەمدە ئورالما لاتىنى ئاۋايلاپ تارتىپ چىقتى. ئورالما لاتا نەچچە قات قىلىپ يۆگەلگەن بولۇپ چاسا شەكىلدە ئىدى، ئابلاكام ھەممىمىزگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا لاتىنى ئېچىشقا باشلىدى، بىز بولساق كۆزلىرىمىز يوغىناپ ئېچىدىن نىمە چىقىدىغانلىقىغا قارىغىنىمىزچە قېتىپ قېلىشقان ئىدۇق. لاتا تولۇق ئېچىلغاندا ئىچىدىكى ئەينەككە ئوخشاش نەرسىگە قولچىراقنىڭ نۇرى چۈشۈپ كۆزلىرىمىزنى چاقنىتىۋەتتى. ئۇ خۇددى ھۈنەرۋەن قىيىپ قويغاندەك كۆپ قىرلىق نەرسە بولۇپ قارىماققىلا ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالاتتى. ـ : بىز ئىزدەۋاتقان نەرسە دەل مۇشۇ شۇ!........... دىدى ئابلاكام ئالماسنى قولىغا ئېلىپ ـ : قاراڭلار، ئالۋاستىلارنى بەند قىلىدىغان ئالماس گۆھەر!.....ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكەن، نىمدىگەن چىرايلىق، پارقىراق نەرسە ھە بۇ!..................... ئابلاكام شۇنداق دىگىنىچە ئۇنى سىلىمىكامغا تەڭلىدى. سىلىمكام ئالماسنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن ھاياجانلانغىنىچە قېتىپلا قالغان ئىدى. ـ : پاھ!...ھەقىقەتەن ئېسىل ئالماسكەن!......راستىنلا بۇنىڭ باھاسىنى قويغىلى بولمىغۇدەك، ئەمما نىملا بولسۇن بۇ نەرسىنى جايىغا قويۇپ قويمىساق بىزنىمۇ ھالاكەتكە ئىتتىرىشى مۇمكىن!........... شۇندا ئابلاكام لاتىنىڭ ئېچىدىن

تۇرقى يېڭىدەكلا كۆرۈنىدىغان بىر تېرە كىتاپنى ئالدى ، بۇ دەل قانلىق كىتاپ شۇ ئىدى . ئۇنىڭ شەكلى مەن پەرەز قىلغىنىمغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بولۇپ ۋاراقلىرىمۇ ھازىرقى دەۋىردە ئىشلىتىۋاتقان قەغەزلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى . ئابلاكام كىتاپنىڭ بىرىنچى بېتىنى ۋاراقلاپ كۆردى ، راس دېگەندەك ئىچىدە قان بىلەن سىزىلغان بىر رەسىم بولۇپ ئالۋاستىنىڭ بىر ئادەمنىڭ روھىنى شۈمۈرىۋاتقانلىقى قەيت قىلىنغان ئىدى . گەرچە غېنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندە ئانچە ئېرەن قىلمىغان بولسامۇ ئەمما ھەقىقىي كىتاپنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندە بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى . ھەم كىتاپتىنمۇ بىرخىل قاننىڭ ئۈتكۈر ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . ئابلاكام ئىككىنچى بەتنى ئۆرۈۋاتقاندا توساتتىن ئوت چاقناپ كىتاپ قولىدىن چۈشۈپ يېپىلىپ قالدى . بىز بولساق چۆچۈپ كىتىشتۇق ، نىمە كارامەتلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقىنى بىزگە قاراڭغۇ ئەمما بۇنىڭ راستىنلا ئەپسۇنلەنگەن كىتاپ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى . ـ : ئابلاجان سىلىگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ھە!.......... دىدى سىلىمكام جىددىيلىشىپ . ئابلاكام بىشىنى چايقاپ قولىغا قارىغاچ ـ : ياق ھىچ ئىش بولمىدى ، بىراق نىمىشقا كىتاپنىڭ ئىككىنچى بىتىنى ۋاراقلىغاندا ئوت چىقىپ كىتىدۇ؟ ......قولۇمنىمۇ خۇددى توك تەپكەندەكلا قىلىۋەتتى!......... دىگەچ قولىنىڭ ئالقىنىنى سىلاپ قويدى ھەمدە ـ : مەيلى نىمىلا بولسۇن بۇ نەرسىلەرنى تاپتۇق ، ئەمدى ئالۋاستى ئۆڭكۈرگە بېرىپ بۇ نەرسىلەرنى تېزدىن جايىغا سېلىۋەتمىسەك بولمايدۇ!...ئىشقىلىپ نېمىلا دىگەن بىلەن قۇتۇلۇشقا ئازلا قالدۇق ، يەنە ئازراق چىدىۋەتسەكلا چوقۇم سالامەت چىقىپ كېتەلەيمىز مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن!...........دىگەچ كىتاپنى قايتىدىن لاتىغا ئوراپ قويىنىغا سالدى . بىز بۇ ئىككى مۇھىم نەرسىنى ئاسانلا تاپقىنىمىزدىن خۇشال ئىدۇق ، ھەمدە پىرافېسورغىمۇ كۆڭلىمىزدە رەھمەت ئېيتتۇق . مەخپىي ئۆيدىن سىرتقا چىققىنىمىزدا بولسا قاراڭغۇ چۈشەيلا دەپ قالغان ئىدى ، ئابلاكامنىڭ بىزگە يول باشلىشىدا خاتىرىدە دىيىلگەن تاغنى ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتۇق......................

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب3 ـ قىسىم)

بىز خاتىرىدە دىيىلگىنى بويىچە شىمال تەرەپكە قاراپ ئاتلاندۇق . يول بويى بىز ئەمەس ھەتتا ئابلاكامۇ كۆرۈپ باقمىغان جايلارغا يىتىپ كەلدۇق . ئابلاكام كىتىۋاتقاچ ـ : بۇ خارابىيلىقتا بۇنداق جايلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلا بىلمەيدىكەنمەن ، ئۇنداقتا بىز بارماقچى بولغان جاي خارابىيلىقنىڭ چەك چىگرىسى بولسا كىرەك!......نىملا بولسۇن ئۇ جاينى تېپىپ ئالۋاستىلارنى يوقىتىشىمىز كىرەك!...........دىدى ئەتراپقا قاراپ قويۇپ . بىز شۇ ھالدا يولىمىزنى داۋام قىلىۋاتاتتۇق ، كۈنمۇ ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلىدى . يەنە بىر ئازدىن كېيىنلا ئەتراپنى ئالۋاستىلارنىڭ ھوۋلىشى ، نامەلۇم جانلىقلارنىڭ ھەرخىل ئاۋازلىرى قاپلايتتى . بىز شۇنىڭغىچە تاغقا تېزرەك بېرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق . ـ : يولدىن ئېزىپ قالمىغاندىمىز ھە ئابلاكا!......دىدى نىجات ئەتراپقا شۈبھىلىك قاراپ قويۇپ ـ : ھېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسىلا نىشانىمىزدىن ئادىشىپ ئالۋاستىلارغا يەم بولمايلى يەنە!.......... ـ : ھا ھا

ھا!...ئابلاكاڭنىڭ كېچىدىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ ...مەنلا بولىدىكەنمەن يولدىن ئېزىپ قالمايمىز خاتىرجەم بول!........... دىدى ئابلاكام نىجاتنى خاتىرجەم قىلىپ. ـ: ئۇغۇ شۇ، بىراق بىز ئاران سەككىز ئۇلار بولسا نەچچە مىڭ...ناۋادا ئۆڭكۈرنى تېپىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە ئالۋاستىلار بىلەن بىر مەيدان قانلىق جەڭ قىلىپ قالارمىزمىكىن!...ئۇ چاغدا بۇ سەككىزەيلەندىن نەچچىمىز ھايات قالىمىز بۇنىسى نامەلۇم، شۇڭا ئىلگىرى بىرەرسىڭلارنى رەنجىتىپ قويغان بولسام رازى بولاپ كىتىڭلار!......... نىجاتنىڭ بىمەنە سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز كۈلۈپ كېتىشتۇق. سېلىمكام ـ: ھاھ ھاھ ھاھا!...ھۇ تەنتەك، نىمىلەرنى دەپ يۈرىسەن!...مەن بىلەن ئابلاكاڭلا بولىدىكەن سىلەرنى زىيانغا ئۇچراتماي ئېلىپ چىقىپ كېتىمىز، بۇنىڭغا ئىشەنگىن!........دىدى ئۇنىڭ چېچىنى سىلاپ قويۇپ. شۇ تاپتا بۇ ئىككى باشچىمىز ھەم ئۇستازلىرىمىز كۆزۈمگە باشقىچە ئۇلۇغ ھەم تېخىمۇ باتۇر كۆرۈنۈپ كىتىۋاتاتتى. بىز شۇ ھالدا خېلى ئۇزاق يول يۈردۇق، كۈنمۇ پۈتۈنلەي ئولتۇرۇشۇپ ئەتراپنى نىمىلەرنىڭدۇر غەلىتە ھەم قورقۇنۇچلۇق ئاۋازلىرى قاپلاشقا باشلىدى. ـ: دىققەت قىلىڭلار، ئالۋاستىلار ئويغۇنۇپتۇ. بەلكىم كىيىنكى يولىمىزدا ئۇلار بىلەن ھەر قەدەمدە بىردىن تۇتۇشۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن!......ئامال بار سەپتىن چۈشۈپ قالماڭلار، ئۇلار كۆپىنچە ھالدا يالغۇز ئوۋنى نىشان قىلىدۇ، شۇڭا قانداق ئىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر توپتىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار!...... دىدى ئابلاكام. بىزمۇ قوشۇلۇپ بىللە ئېلىشۋالغان قىلىچلىرىمىزنى تەقلىشىپ ئەتراپنى ئىنچىكە كۈزەتكەن ھالدا يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. ئارىدا ئابلاكام قۇرۇپ قالغان بىر يۇلغۇندىن بىجىرىمرەك شاخچىدىن بىرنى ئوشتۇۋالدى. مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم ـ: ئابلاكا ئۇنى نىمە قىلىسىز؟ ...ئالۋاستىلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلەتمەكچىما؟ ......... ئابلاكام قىسقىلا قىلىپ جاۋاپ بىرىپ يولنى داۋاملاشتۇردى ـ: شۇنداق، بۇنى ئالۋاستىلارغا تاقابىل تۇرغىلى ئوشتۇۋالدىم، قالغىنىنى كىيىن بىلىپ قالىسەن!........... ئابلاكامنىڭ گېپىنىڭ ئورامىدىن ئالۋاستىلارغا ئىشلىتىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنى قانداق ئۇسۇلغا ئالۋاستىلارغا تاقابىل تۇرىدىغان قورال قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. ـ: دىققەت قىلىڭلار ئالدىمىزدا بىر نەرسە باركەن!........دىدى سېلىمكام مېڭىشتىن توختاپ. بىزمۇ دەرھا سېلىمكامنىڭ سۆزى بويىچە دەرھا توختاپ ئادى تەرەپكە نەزەر سالدۇق. ئەمما ئۇ تەرەپتە ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى. ـ: خاتا كۆرۈپ قالمىغانسىز سېلىمكا، مەن ئالدى تەرەپتە ھېچنىمنى بايقىمىدىمغۇ؟ ......... دىدى نىجات بويۇننى سوزۇپ ئالدىغا يەنە بىر قاراپ بېقىپ. سېلىمكام ـ: ياق، مەن راسلا ئالدىدا بىر نەرسىنى بايقىدىم. ھەرىكەت قىلغاندەك قىلغانتى ھازىر راسلا يوق تۇرىدۇ!.............دىگىنىچە ئەجەپلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئابلاكام بولسا ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئالدى تەرەپكە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ـ: ئابلاجان، بىرەر نەرسىنى بايقىغاندەك قىلدىڭلارمۇ؟ ......... ئابلاكام ئالدى تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ سېلىمكامغا جاۋاپ

بەردى ـ : بىلمەيمەن ، بايا مەنمۇ كۆرگەنىدەك قىلغان ئەمما ھازىر راس شۇ ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن!......... بىز ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل تەشۋىشكە چۈشتۇق ، ھەمدە ئەتراپقا ئالاقىزادىلىك بىلەن قاراشقا باشلىدۇق . شۇندا نىجات ئېغىز ئاچتى ـ : ئاكىلار پەقەت بولمىسا ئەتراپتىن بىرەر ئۆڭكۈر تېپىپ كىرىۋېلىپ تۇرامدۇقيا!...كىچىك تەرىتىم بەك قىستاپ كەتتى ، ئەگەر بىرەر ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالغۇدەك بولساق شەرتىسىزلا چىقىرىۋېتىشىم مۇمكىن!............ ـ : ئۇششششششششش!...گەپ قىلماي تۇرۇڭلار!......... ئابلاكامنىڭ جىددىي تەلەپپۇزىدىن ھەممىمىز جىمجىتلىققا چۆمدۇق . ئابلاكام بولسا ئالدى تەرەپكە ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ تۇراتتى ، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ناھايىتى ئاۋايلاپ خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرغاچ بىزگە بوش ئاۋازدا دېدى ـ : تەييارلىنىڭلار ، ئۇلار بىزنى قورشاپ بوپتۇ!............. ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق . ـ : تېز سومكىدىكى لاتىلارنى ئېلىپ بۇنىڭغا يۆگە!......... دىدى ئابلاكام بايىقى ئوشتۇۋالغان يۇلغۇننى ماڭا تەڭلەپ . مەن ئالاقىزادىلىك بىلەن سومكامنى ئاختۇرۇپ ئاستىمىزغا دائىم سېلىۋالىدىغان رەختنى تارتىشقا باشلىدىم ، لېكىن سومكامغا قاچىلىۋالغان ئۈنچە ـ مارجانلارمۇ ئىلىنىشىپ تەڭ چىقىۋاتاتتى . مەن ئۇلارنى ئاقرىتىپ بولالماي لوپۇلداپ ئولتۇراتتىم . ـ : نىمىش قىلىۋاتىسەن تېز بول!...... ئابلاكامنىڭ ئاۋازى جىددىي چىقىۋاتاتتى . مەن تىخىمۇ جىددىيلىشىپ ئۈنچىلەرنى ئايرىپ ئېلىپ يۇلغۇنغا يۆگەشكە باشلىدىم ، بۇنى كۆرگەن نىجاتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ـ : ھوي ، ھوي ئادىشوي!...ئۈنچىلەرنى يۆگەپ نىمە قىلىسەن ، لاتىنى يۆگىمەمسەن!......... مەن شۇندىلا ئېسىمگە كىلىپ ئۈنچىلەرنى تاشلاپ لاتىنى ئېلىپ يۆگەشكە باشلىدىم . ـ : ۋاقىت قالمىدى ، تېز بول دەۋاتىمەن!......... مەن جىددىيلىشىپ بىر تەرەپتىن لاتىنى يۇلغۇننىڭ بىر ئۇچىغا يۆگىگەچ بىر تەرەپتىن ھودۇقۇپ ئالاي تەرەپكە قارىدىم ، دىگەنىدەك بىزگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىرتوپ قارا گەۋدە بىز تەرەپكە بۆرە تىزلىكىدە ئېتىلىپ كىلىۋاتاتتى . مەن ئۇنى كۆرۈپ تىخىمۇ جىددىيلىشىپ قوللىرىم تىترەشكە باشلىدى . ـ : قەھرىمان نىمىش قىلىۋاتىسەن تىز بول دەۋاتىمەن!......... ـ : مانا ، مانا!......... مەن قولىشا قولاشماس لاتىنى يۆگەپ بولۇپ ئابلاكامغا تەڭلەۋاتقىنىمدا يۆگىگەن لاتام سىرغىپ يەرگە چۈشتى . شۇندا ئابلاكام خەنجىرىنى ئوينىتىپ ئالدى تەرەپكە ئېتىلدى . بۇ چاغدا ئالۋاستىلارمۇ بىزگە يىقىن كىلىپ قالغان بولۇپ ھەرخىل ئاۋازدا چىرقىرايتتى . جەڭ باشلىنىپ ئابلاكامنىڭ نەرە تارتىشلىرى ، ئالۋاستىلارنىڭ قورقۇنۇچلۇق ھوۋلاشلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى . ئۇنىڭغىچە سېلىمكاممۇ چاققانلىق بىلەن بېرىپ ئابلاكامغا ياردەملەشتى . بىز بولساق نىمە ئىشلار يۈز بەرگىنىنىمۇ ئاڭقىرالماستىن ھاڭۋېقىپ قالغان ئىدۇق . شۇندا ئابلاكام ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى ـ : ۋوي ئۇكام ، سەن تېخىچە باما؟ ......تېز لاتىنى ئورا دەۋاتىمەن!........... ئابلاكام شۇنداق دىگىنىچە يەنە ئالۋاستىلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى . مەن تىترىگەن قوللىرىمدا لاتىنى چىڭ يۆگەپ چىگىۋەتكەندىن كېيىن ئابلاكامغا ۋارقىرىدىم ـ : چىگىپ بولدۇم!............. ـ : ئۇنداق بولسا تېز ئوت يېقىپ ماڭا چۆرۈپ

بەر!.....دىدىدە سىلىمكامغا قاراپ ـ: مەن بۇلارغا تاقابىل تۇراي، سىلە باللار تەرەپكە قايتىڭلار، ئالۋاستىلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈپ قويمىسۇن!.........دەپ ۋارقىرىدى. ـ: ئابلاكا!..............مەن شۇنداق ۋارقىرىغاچ قولۇمدىكى ئوت يېقىلغان«مەشئەل»نى ئابلاكامغا قارىتىپ چۆرىدىم. ئابلاكامۇ چاققانلىق بىلەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئالۋاستىلارغا شىلتىدى، دەرۋەقە بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ ئالۋاستىلار قورقۇپ كەينىگە داجىپ سەت چىرقىراشقا باشلىدى. ئابلاكام بۇ پۇرسەتتە يېنىمىز يېنىپ كەلدىدە ھەممىمىزنى بىر يەرگە يىغدى ـ: ھەممىڭلار قولچىراقلارنى يورۇتۇڭلار، ئەنۇەرنى ئاراڭلارغا ئېلىپ مېنىڭ ئارقامدىن يۈرۈڭلار. يەنە بىردەي، ئەنۋەرنىڭ يارىسى ئېچىلىپ قان چىقىپ كېتىپ قالسىلا قاننىڭ ھىدى نۇرغۇن جەسەتلەرنى چاقىرىپ كېلىدۇ شۇڭا ئۇنىڭ يارىسى قاناپ كەتمەسلىكى كېرەك...ئۇنىڭغا ياخشى كۆز ـ قۇلاق بولمىساڭلار بولمايدۇ!...سىلىماخۇن، سىلە باللارنىڭ كەينىدىن قوغداپ مېڭىڭلار!......... ـ: چۈشەندۇق!...... بىز ئابلاكامنىڭ دېگىنى بويىچە سەپ تۈزىۋالغاندىن كېيىن ئەنۋەرنى ئارىمىزغا ئېلىۋالدۇق. ئابلاكام بولسا قولىدىكى ئوتنى ئالۋاستىلارغا شىلتىپ ئۇلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇش ئارقىلىق يول ئېچىپ مېڭىۋاتاتتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن لاتا كۆيۈپ بولۇپ ئوت ئۆچەيلا دەپ قالدى، شۇندا ئابلاكام ـ: ئوتمۇ ئۆچەي دەپ قالدى، ئۇنىڭغىچە ئازراق يولنى بولسىمۇ بېسىۋالمىساق بولمايدۇ. ئوت ئۆچكەندە ھەممىڭلار ناھايىتى ھوشيار بولۇڭلار، جەسەتلەر قايتا ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى مۇمكىن!...ئامال بار يۆلىنىشىمىزنى ئۆزگەرتمەي مېڭىشىمىز كېرەك. ھازىر كۈنمۇ ئولتۇرۇپ بولدى، يولىمىزدىن بىر ئېزىپ قالساقلا ئۆڭكۈرنى تاپالمايمىز!..........دىدى جىددىي تەلەپپۇزدا. ئابلاكامنىڭ سۆزى بىلەن بىزمۇ قايتىدىن ھوشىمىزنى يىغىپ ئالۋاستىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدالغان ھالدا ئالدىغا قاراپ ماڭدۇق. ئەمما بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن راس دېگەندەك مەشئەل ئۆچۈپ قالدى، ئەمدى بولسا ئالۋاستىلار قايتا باشتىن يىغىلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشنى كۆزلەۋاتاتتى. ـ: قارىغاندا ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقاتمىساق كەينىمىزگە كىرىۋالغىنى كىرىۋالغان ئىكەن!......باشقا ئالۋاستىلارنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن بۇلارنى بىرتەرەپ قىلىپ بۇ جايدىن تېزرەك ئايرىلمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ!........ئابلاكام شۇنداق دېگەچ بىزگە قانداق قىلىشنى ئېيتىپ بەردى ـ: ئالۋاستىلار يېقىن كەلگەندە ئۇلارنىڭ يۈزىگە قولچىراقنى يورۇتۇڭلار ھەم ئالۋاستىلارنىڭ يورۇقتىن قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بىخۇدلۇقىدىن پايدىلىنىپ باش قىسمىغا ھۇجۇم قىلىڭلار، ئۇلار بېشىدىن ئايرىلسىلا ھەرىكەتتىن توختايدۇ!........... بىز ئابلاكام دېگەندەك، بىز تەرەپكە ئېتىلىپ كەلگەن ئالۋاستىلارنىڭ چىرايىغا قولچىراقنى يورۇتتۇق، دەرۋەقە ئۈنۈمى بولۇپ ئۇلار يورۇقتىن قېچىشقا ئۇرۇندى شۇ پەيتتە قىلىچلىرىمىزنى ئوينىتىپ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئۈزىۋالدۇق. ئەمما ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ چىرايىغا قولچىراق يورۇتقىنىمىزدا ھەرخىل قورقۇنۇچلۇق چىرايلارنى كۆرۈپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالاتتى. ئەمما نىمە ئامال، ئۇلاردىن قورقۇپ ئولتۇرساق يەم بولساق بولىدۇ شۇ!.....شۇڭا قىلىچىمىزنى كەسكىن قىلىپ ھۇجۇم

قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ ئۇسۇل بويىچە قىلىپ كاللىسىدىن جۇدا قىلدۇق. شۇ ئارىدا نىجات توختاپ قىلىپ ئىككى پۇتىنى ئالمۇالدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەيران بولۇپ سورىدىم ـ: ھەي نىمە پۇتۇڭنى ئالمۇالدىڭ؟ ......... نىجات كۆپ گەپ قىلالماستىن ـ: تولا گەپ سوراۋەرمىگىنە!...ئالۋاستىلارنىڭ سەت تەلەتىنى كۆرۈپ چىدىيالمايۋاتقاندا!..........دىدى ئارانلا. ئۇنىڭ غەيرى قىلىقىنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىپ قالغان ئىدىم. تۇساتتىن ئابلاكام ۋارقىرىدى ـ: قەھرىمان يېنىڭغا دىققەت قىل!................. ئابلاكامنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ چۆچۈپ يېنىمغا قارىغىنىمدا بىر چىرىندى جەسەتنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى ماڭا تەڭلىگەن ھالدا ئىتتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنكاسسىزلا تۇرۇپ قالدىم، بۇ ھالدا قالغانلارمۇ مىنى قوغداشقا ئەسلا ئۈلگۈرەلمەيتتى. شۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنىڭ قانداق قىسمەتكە دۇچ كېلىشىمنىمۇ ھەم بىلمەيتتىم، كاللام قۇيقۇرۇقلا بولۇپ قىلىپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. پەقەت ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ئەنسىز تۇۋلاشلىرى قۇلاق تۇۋىمدە جاراڭلايتتى. شۇندا ھەممە ئىش ئۆزىگە كېلىپ جەسەتنىڭ تىرناقلىرى تېزلىك بىلەن كۆرەك قىسمىمغا ئۇدۇللاپ كەلدى................ كۆزۈمنى ئاچقاندا بولسا ئالۋاستى قاتتىق چىرقىرىغىنىچە قولسىز ھالدا تىپىرلاۋاتاتتى، شۇندا يېنىمدا نىجاتنىڭ قىلىچنى تۇتقان ھالدا ساموراي لاردەك پىسا ھالەتتە ئىككى تىزىنى يېرىم ئېگىپ قېتىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم، شۇ تاپتا ئۇ ياپۇن فىلىملىرىدىكى قەھرىمانلاردەك ناھايىتى ھەيۋەت ھالدا شەكىل چىقىرىپ تۇراتتى. ئەمما ئىغىدىن بىلەر بىلىنمەس سۇ تامچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇمۇ سەزدى بولغاي دەرھاللا يەنە پۇتىنى ئالمىۋالدى. ھازىرقى ھالەت جىددىي بولغاچقا ئۇنى ئويلىغۇدەكمۇ بولمىدىم، ھەم قايتىدىن قىلىچىمنى ئوينىتىپ سەپداشلىرىم بىلەن بىرلىكتە ئالۋاستىلارنى پۈتۈنلەي بىچچىت قىلىۋەتتۇق. شۇ تاپتا ئەتراپىمىز جىمجىتلىقتا تولغان بولۇپ يىراقلاردىن بىلەر ـ بىلىنمەس غەيرى ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى. ئابلاكام ئەتراپقا سەپ سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ـ: ھازىرچە خەتەر تۈگىدى!......دىگەچ مىنىڭ يېنىمغا كەلدى ـ: ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ........... ئۇنىڭغىچە قالغانلارمۇ يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ھەممە يېرىمگە قويماي قارىدى. ـ: خۇداغا شۈكرى ھېچنىمە بولماپسەن!........دىدى سېلىمكام جىددىيلەشكەن ھالدا بەدىنىمنى سىيلاپ بېقىپ. مەن ئاددىيلا جاۋاپ بەردىم ـ: ھەئە، ھېچنىمە بولمىدىم ئەنسىرىمەڭلار!......... ـ: ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالغان بولسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم!...ئاناڭغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرەر بولغىيتىم ھېلىمۇ ياخشى نىجات ئۇكام چاققان كېلىپ قالدى بولمىسا نىمە ئىشلار يۈز بىرەر بولغىيتى!.............. سېلىمكام شۇنداق دىگەچ نىجاتقا رەھمەت ئېيتىپ كەتتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ چاققانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى، نىجات بولسا ھېلىھەم پۇتىنى ئالمىۋالغىنىچە يالغان كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. بىز ئۇنىڭغا قاراپ ئەجەپلىنىپ قالدۇق. ئاخىرى ئابلاكام ئېغىز ئاچتى ـ: ئۇكاموي، ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ!......... ـ: يا...ياق...ھېچنىمە بولمىدى!...... ـ: ئەمىسە نىمىگە پۇتۇڭنى ئالماپ تۇرۇپ كەتتىڭ،

جەسەتلەرنى تازىلاپ بولدۇق ئەمدى تېزرەك مېڭىۋالمىساق باشقا جەسەتلەرنىمۇ چاقىرىپ كەلمەيلى يەنە، شۇڭا تېزرەك ماڭايلى يۈرۈڭلار!............... ئابلاكامنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ھەممىمىز ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. نىمىشقىكىن نىجاتنىڭ مېڭىشلىرىمۇ بىرخىل بۆدىجۆر ئىدى، ماڭغاندا ئىككى پۇتىنى جۇپلىۋىلىپ تار يوپكا كىيىۋالغان قىزلاردەك ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭاتتى. ــ: ئۇكام ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ...دىدى ئابلاكام ئەجەپلىنىپ. نىجات يەنە دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردى ــ: يا...ياق، بايا دىدىمغۇ...ھىچ ئىش يوق دەپ!......... ــ: ئۇنداق بولسا تۈزۈك ماڭماسەن، يەرنىڭ بېلى قايرىلىپ كەتمەيدۇ...گۈس!گۈس! بىر دەسسەپ مېڭىپ باققىنە كۆرۈپ باقاي!......... نىجات نىمە قىلارىنى بىلەلمەي بىزگە قاراپ قويۇپ ئىككى قەدەم ئىلىپلا يەنە پۇتىنى قىسىۋالدى. شۇندا دەررۇ بايا ئۇنىڭ چاترىقىدىن سۇ تامچىغانلىقى يادىمغا كېلىپ قاھقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم. قالغانلار بولسا ھودۇقۇپ ماڭا قاراپ تۇراتتى. ــ: ھا ھا ھا ھا!...ھېي ئىبغىڭ نەم دىگىنە ھا ھا ھا ھا!............ مەن شۇ گەپنىمۇ ئارانلا دىيەلىدىم، شۇنچە قىلىپمۇ كۈلكەمنى ھېچ توختىتالمايۋاتاتتىم. ــ: مۇندا قىلە!............... ئابلاكام شۇنداق دەپلا ئۇنىڭ ئىشتىنىنى تارتتى. نىجات يەنە چاققانلىق بىلەن ئىشتىنىنى ئۇڭشىۋالدى. شۇندا ھەممىمىز كۈلۈپ ئايلىنىپ قالايلا دەپ قالدۇق. بايىقى قورقۇنچ، ۋەھىمىلەر ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. نىجات بولسا تېرىكىپ سەكرەۋاتاتتى ــ: ھەممىنى قىلغان سەن!...كىچىك تەرىتىم قىستاپ ئاران تۇرغاندا ئالۋاستىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان بولساڭ مەنمۇ قويۇپ بەرمەيتتىم!...شۇ چاغدا پەقەت سېنىڭ جىنىڭنى قۇتۇلدۇرۇشنىلا ئويلىغان، بىراق كىم بىلسۇن ئالۋاستىنى بىشىدىن جۇدا قىلغاندا ناھايىتى يىنىكلەپ قالغاندەك بوپ قالدىم، قارىسام چىكىتىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ!........... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تىخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتۇق، نىجات بولسا ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئارىدا رۇسۇل قوپتى ــ: ھە پالۋان، مىنى«ئىشتانغا چىقىرىۋەتكەن»دەپ مازاق قىلىۋاتاتتىڭ ئۆزۈڭمۇ بەلەنلا يىتىشىپ قاپسەن مانا!...ھو ھا ھا ھا!...... ــ: ئوتىرە دېۋە پىرىم، كىم ساڭا گەپ قىپتۇ!......مەن قورقۇپ ئەمەس كىچىك تەرىتىم قىستاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئامالسىز چىقىرىۋىتىپ قالدىم، سەندەك ماڭدامدا تىترەپ ئوتىراپ قويىۋىتىۋەرمىدىم...تورموزغۇ چىڭتى بۇدا بوشاپ قاغان چىغىۋا!.......... نىجات شۇنداق دىگەچ بىشىنى قاشلاپ تۇراتتى. ــ: بولدى، بولدى...بۇ جايدا كۈلۈپ ئوتىراپ غەپلەت باسمىسۇن، يولىمىزنى داۋام قىلايلى!...يولدا ماڭغاچ ئىبغىڭنىمۇ قۇرۇتىۋالامىز!........... دىدى ئابلاكام كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ. بىراق بىز قايتىدىن كۈلۈپ كەتتۇق، نىملا دېگەن بىلەن بۇ كۈلكە شۇنداق ساپ ھەم پاك كۈلكىلەر ئىدى. بىز بايىقى ئىشلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ كۈلۈشمەك ئىچىدە يولىمىزنى داۋام قىلدۇق.............

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب 4 ـ قىسىم)

بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئەگىشىپ قولچىراقنى ياقمىساق ھېچنىمىنى پەرق قىلالمايدىغان ھالغا يەتتى. بىراق ئابلاكام بولسا سېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن كۈندۈزدە ماڭغاندەك بىمالال

ماڭاتتى. ـ: كىلەي دەپتۇقمۇيا ئابلاكا، ماڭغانسېرى بۇ يول بەك ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ!......... دىدى نىجات تاقەتسىزلىنىپ. ئابلاكام ئالدىنى كۆزەتكەچ دىدى ـ: ھە، بەلكىم كىلەي دەپ قالغاندۇق. ئۇنچە ئاسانلا كېلىدىغان ئىش بولسا مەن بەشىل بۇ جايدا يۈرەتتىممۇ...سەۋىرلىك بول، چوقۇم ئاز قالدۇق!......... توساتتىن ئەتراپىمىزدىلا بىر نەرسىنىڭ شۇنداق سەت چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ھەممىمىزنى چۆچۈتىۋەتتى. ـ: نىمىنىڭ ئاۋازى بۇ!...... سىلىمكام شۇنداق دىگىنىچە خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئەتراپقا قولچىراق يورۇتتى. ـ: مىدىرلىماڭلار، ھەممىڭلار يىغىلىڭلار!......بەلكىم ياخشى ئىشتىن دېرەك بەرمىسە كېرەك!...... ئابلاكامۇ دەرھال خەنجىرىنى ئېلىپ بىزنى ھىمايە قىلغان ھالدا ئەتراپنى تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلىدى. بىراق ئەتراپتىن يەنىلا ھېچنىمىنى بايقىمىدۇق، ئابلاكام بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ھەممە يەرنى كۆزىتىۋاتاتتى. ـ: ھېچنىمە كۆرمىدىم، ئۇلار ئادەتتە يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنىۋېلىشقا ئامراق، ئامال بار يۇلغۇنلاردىن يىراقراق تۇرۇڭلار!................. بىز ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرھال يۇلغۇنلاردىن يىراقلاشتۇق. ھەمدە ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قارىدۇق. ـ: ھېچنىمە يوق بولسا ئۇ ئاۋاز نەدىن كەلدى؟ ...يەنە كېلىپ شۇنداق ئۇچۇق ئاڭلانغان تۇرسا!......... دىدىم ئەجەپلىنىپ. ئابلاكام جاۋابەن ـ: بەلكىم ئۇلار بىزنى بايقاپ بولدى، شۇڭا يوشۇرۇنىۋېلىپ ئۇۋ پەيتىنى كۈتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن!...ئۇلارنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالساقلا بىزگە چوڭ تالاپەت يېتىدۇ، شۇڭا ھوشيار بولۇپ دائىرىدىن چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك!............دىگەچ ئالدى تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. بىز ئىككى قەدەم ماڭا ماڭمايلا ئۇ ئاۋاز باشقا بىر تەرەپتىن يەنە ئاڭلاندى. بۇ قېتىم خېلىلا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدۇق. چۈنكى ئاۋازنىڭ بىر شەيئىدىن ياكى باشقا ـ باشقا ئىككى شەيئىدىن ئاڭلانغىنى بىزگە نامەلۇم ئىدى. بۇمۇ بىزگە نىسپەتەن بىر تەھدىت......ئەگەر بىرسىنىڭلا ئاۋازى بولسا ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇش ھەم تېزلىكىگە گەپ كەتمەيتتى. ئىككى شەيئى بولسا دېمەك ئەتراپىمىزدا يەنە باشقا خەتەرلەرمۇ بار دېگەن گەپ!...... ـ: ئابلاجان، تەپسىلىي قاراپ بېقىڭلار...ئاۋاز ئەتراپىمىزدىنلا چىقىۋاتىدۇ، دېمەك ئۇلار بىزنى ئاللىقاچان بايقاپ بولدى!......... دىدى سىلىمكام جىددىيلىشىپ. ـ: قاراۋاتىمەن......ئۇلارنىڭ بىزنى بايقاپ بولغىنى ئېنىق، ئەمما بىز ئۇلارنى تېخى بايقىيالمايۋاتىمىز...ھەممىڭلار جەڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار، قارىغاندا يەنە بىر مەيدان جەڭ باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ!............ ئابلاكامنىڭ سۆزى بۇ قېتىم تىخىمۇ قىيىن بولغان بىر ئۆتكەلنىڭ بىزنى ساقلاپ تۇرغىنىدىن دېرەك بېرەتتى. بىز قىلىچلىرىمىزنى تەقلىشىپ جەڭ ھالىتىگە ئۆتتۇق ھەمدە ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن ئەتراپنى تەكشۈرۈشكە باشلىدۇق. ـ: بىرەر غەيرى ئەھۋالنى بايقىدىڭلارمۇ؟ ...... دىدى ئابلاكام بىزگە. ـ: ياق......... ـ: ياق، ھەممە جاي شۇنداق جىمجىت...بىراق بىرەر ئىش چىقىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم سېزىپلا تۇرىدۇ!......... سىلىمكام شۇنداق دىگەچ ئەتراپقا قارىدى. شۇ تاپتا ئاللۇاستىلارنىڭ تېخىچە ھوجۇم قىلمىغىنىدىن چوڭ بىر ئىشنىڭ چىقىدىغانلىقىنى

www.iptihar.net

كۆڭلۈم سىيرىپ تۇراتتى. ــ: ئابلاكا قاچامدۇقيا!........دىدىم مەن بوش ئاۋازدا. ئابلاكام جاۋابەن ــ: بولمايدۇ!...ھازىر قارىغۇلاچىسىغىلا قاچساق بەلكىم ئالۋاستىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قېلىشىمىز مۇمكىن...ئاۋۋال ئۇلار ئۆزىنى كۆرسەتسۇن شۇ چاغدا ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتايلى!...... ــ: بولىدۇ، مەيلى ئەمىسە!........... بىز شۇ ھالدا ئەتراپنى ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن كۈزىتىپ ئاستا قەدەم يۆتكىدۇق. بىزنىڭ ھەركەت قىلىشىمىز بىلەن تەڭ ئەتراپتىكى يۇلغۇنلار يىنىك تەۋرىنىپ قويىدى. ــ: دىققەت قىلىڭلار!...ھەممە يۇلغۇننىڭ ئارىسىدا جەسەت باركەن!................ ئابلاكامنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىزنى پاتپاراقچىلىق قاپلىدى. ــ: سەپتىن ئايرىلماڭلار، ئالۋاستىلارنىڭ زىيان يەتكۈزىشىدىن ساقلىنىڭلار!........دىدى ئابلاكام يەنە. بىز يۇمۇلاق شەكىلدە سەپ ھاسىل قىلىپ قىلىچلىرىمىزنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئەتراپىمىزنى قورشاپ ئالغان جەسەتلەرگە قارىتا جەڭ ھالىتىگە ئۆتتۇق. گەرچە بايىقى بىردەملىك جەڭ ئاخىرلاشقان بولسىمۇ يەنە بىر دەھشەتلىك جەڭ باشلانغان ئىدى. ئالۋاستىلار بىزنى قورشاپ بولغان بولۇپ، ھۇجۇم قىلماستىن چىرقىراق ئاۋازدا ھۇۋلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى قۇلاق ـ مېڭىمىزنى يەپلا كەتتى. ــ: ئۇلار نىمىشقا بۇنداق چىرقىراۋىرىدۇ؟ ........دىدىم مەن قۇلىقىمنى توسۇۋالغاچ. ئابلاكام ئەتراپتىكى جەسەتلەرگە كۆز يۈگۈرتىۋەتكەندىن كېيىن ــ: ئەھۋال يامانلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ!.....ئۇلار شۇنداق چىرقىراش ئارقىلىق بۇ جايدا كۆپ ئۆلجىنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا خەۋەر قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم يەنە بىر ئازدىن كېيىن چوڭ قوشۇن تېزلا يېتىپ كىلىشى مۇمكىن!.......... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز چۆچۈپ كىتىشتۇق. ــ: ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ ......ئالۋاستىلار كۆپىيىپ كەتسە ھايات قېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس!... ــ: ئامال يوق، دەرھال ئۇدۇل يۆلىنىشنى كېسىپ ئۆتۈپ كىتەيلى!...باشقا تەرەپتىكى جەسەتلەر بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، توپتىن چىقىپ كەتمىگەن ئاساستا بار كۈچۈڭلار بىلەن ئالدىمىزدىكى جەسەت توپىغا ھۇجۇم قىلىڭلار!........... ئابلاكام شۇنداق دىگەچ خەنجىرىنى بىر سىلاپ قويۇپ بىزگە بۇيرۇق قىلدى ـ: ئاتلىنىڭلار!............. ئابلاكامنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز ئۇدۇل تەرەپكە بار كۈچىمىز بىلەن يۈگۈردۇق. جەسەتلەرمۇ مەقسىدىمىزنى چۈشەنگەندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن بىزگە ئېتىلىشقا باشلىدى. ئۇلار خاتىرىدە دىيىلگىنىدەك سۆرىلىپ ماڭماستىن ئەكسىچە ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلاتتى. بەلكىم يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ سۈرئىتىدە چوڭ ئۆزگۈرۈش بولغان بولسا كېرەك!...شۇ ھالدا جەسەتلەر بىلەن بىز سەككىز ئادەمدىن تەشكىل تاپقان تەۋەككۇلچىلەر قوشۇنى ئارىسىدا قانلىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى، ھەتتا ئالۋاستىلارنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى توسۇغىنىمىزدا قىلىچلىرىمىزدىن ئوت چاقناپ كېتەتتى. ــ: ئابلاكا ئەتراپىمىزدىن قورشاپ كەلگەن جەسەتلەر يىقىنلاپ قالدى!............ دىدى ئەنۋەر ئەنسىزلىك بىلەن. ئابلاكام بىر جەسەتنىڭ كاللىسىنى تىنىدىن جۇدا قىلىۋىتىپ تىزلىك بىلەن ئارقىغا قارىدىدە ۋارقىرىدى ـ: كىچىكلەر

تېز ئالدىغا ئۆتۈڭلار، ئالدى تەرەپ تازىلىنىپ بولايلا دەپ قالدى!...ئارقىمىزدىن كەلگەن جەسەتلەرگە سىلىم پالۋان بىلەن مەن تاقابىل تۇراي!......... بىز تېزلا ئابلاكاملارنىڭ ئالدىغا ئۆتتۇپ ئالدى تەرەپتىكى نەچچىسىلا قالغان جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدۇق، ئابلاكام بىلەن سىلىمكام بولسا قەدىمىنى توختىتىپ كەينىمىزدىن ئېتىلىپ كىلىۋاتقان جەسەتلەر توپىغا ئېتىلدى. قارىغاندا بۇ قېتىمقى جەڭ ئۈنچە ئاددىيلا ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، جەسەتلەر سەت چىرقىراشقىنىچە جان ـ جەھلى بىلەن ئېتىلىپ كىلىۋاتاتتى. ئابلاكام بىلەن سىلىمكام بولسا ئۆز يولىدا قوغدىلىپ تۇرۇپ جەسەتلەرگە چاققانلىق بىلەن قىلىچ ئۇراتتى. ـ: ئابلاكا دىققەت قىلىڭ!........... ئابلىكىمنىڭ ئەنسىز توۋلىشى بىلەن تەڭ جەسەتلەر ئارىسىدىن ئۆتكۈر بىر تىرناق ئابلاكامنىڭ مۈرىسىنى تىلىپ ئالدى، لىكىن ئەجەپلىنەرلىك يېرى يارا ئېغىزىدىن قان چىقمىدى. شۇندا ئابلاكام غەزەپ بىلەن خەنجەر ئۇرۇپ جەسەتنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى. بىردەملىك جەڭدىن كىيىن ئالدى تەرەپ پۈتۈنلەي تازىلىنىپ يول ئېچىلدى، شۇندا مەن ۋارقىرىدىم ـ: ئابلاكا، سىلىمكا...ئالدى تەرەپ ئېچىلدى تېززەك ماڭايلى!......... ئۇلارمۇ كەينىدىن كىلىۋاتقان جەسەتلەرنى يوقاتقاچ بىز تەرەپكە چېكىندى. ئابلاكام كىلىۋاتقاچ يېنىدىكى يۇلغۇندىن بىرنى چاناپلا ئېلىپ كەلدىدە كۆينىكىنى يىرتىپ ئېلىپ يۇلغۇنغا يۆگىدى ـ: تېز ئوت يېقىڭلار!........... ئابلاكامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەرھال كۆينەككە ئوت ياقتۇق. ئابلاكام يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاچ ئالدىغا ئۇچرىغان ھەممە يۇلغۇنلارغا ئوت تۇتاشتۇرىۋەتتى. بىز ئازدىن كىيىن ئوت بارا ـ بارا تۇتىشىپ ھەممە يۇلغۇنلار گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى، جەسەتلەرنىڭ ئۆتىۋالغانلىرى داۋاملىق بىزنى قوغلاۋاتاتتى، قالغانلىرى ئوتتىن قورقۇپ جايىدا توسۇلۇپ قالدى. بىز كەينىمىزدىن داۋاملىق قوغلاپ كىلىۋاتقان جەسەتلەرنى يوقىتىپ خاتىرجەم بولدۇق، قارىماققا بىر قېتىملىق چوڭ جەڭ ئاخىرلاشقاندەك قىلاتتى. سىلىمكام كىتىۋاتقاچ ئابلاكامنىڭ مۈرىسىگە قارىغاچ سورىدى ـ: مۈرەڭلا تىلىنىپ كېتىپتۇ، چوڭ چاتاق يوقتۇ؟ ...... ـ: ھېچقىسى يوق، سەللا زەخىم يەپتۇ!...... دىدى ئابلاكام مۈرىسىگە قاراپ قويۇپ. ئەمما يارا ئېغىزى خېلىلا چوڭ بولۇپ، پاقىنىڭ ئېغىزىدەكلا ئېچىلىپ قالغان ئىدى. لىكىن بىزنى ئەڭ ئەجەپلەندۈرگىنى يارا شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ قان چىقمىغان ئىدى. ـ: ئابلاكا، سىزدىن قان چىقمايدىغان بولۇپ قاپتىغۇ!...... دىدى نىجات ھەيران قالغان ھالدا. ئابلاكام نىجاتقا بىر قارىۋىتىپ ـ: ھېس قىلىپ قاپسەندە، بۇنىڭ نىمە ئىشلىقىنى مەنمۇ بىلمىدىم...بەلكىم تىنىمدىكى ئالۋاستى روھىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك!.........دىدى كۈلۈپ قويۇپ. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ھەيران قېلىۋاتقاندا نىجات يەنە ئېغىز ئاچتى ـ: ۋاھ!...ئۇنداق بولغاندا سىز يارىلانسىڭىزمۇ قان چىقمايدىكەندە؟ ...ئۇنداقتا نىمىدىگەن ياخشى، يارىلانسىڭىزمۇ قان چىقمىسا......مەن شۇنداق بولۇپ قالغان بولسام بەك نوچى ئىش بولاركەن!......... ـ: بولدى قىل...ئۆز كۆڭلۈڭدە مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشنى ياخشى دەپ ئويلامسەن!...روھىڭ ئالۋاستى تەرىپىدىن

كونترول قىلىنىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىڭنىمۇ بىلمەي ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ۋەھشىيلىشىپ كېتىسەن!ئادەم تۇرۇپ ئادەمنى قانخورلارچە ئۆلتۈرۈپ يەيسەن، بەدىنىڭ قاتتىق ئاغرىيدۇ، بۇ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!...تېرىنىڭ سۆڭەككە چاپلىشىپ كەتكەندە انداق بولۇپ قالىدىغىنىڭنىمۇ ھېس قىلالمايسەن، بەئەينى ئالۋاستىلارغا ئوخشاپ قالىسەن، ئىسسىڭگە كەلگەندىن كېيىن نەچچە كۈنگىچە پۇت ـ قولۇڭ سىرقىراپ ئاغرىيدۇ، قاتتىق چاڭقايسەن، مۇشۇ قاقاس خارابىيلىقتا سۇ تاپالماي ئامالسىز ئۆسۇملۈك سۈيىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلىقىڭنى قامدايسەن!...... ئەمدى ئېيتىپ باقە، سەنچە مەندەك بولۇپ قالسا ياخشىمىكەن؟ ........... بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممىمىز زۇۋانىمىز تۇتۇلۇپ قالغاندەك جىممىدە بولۇپ قېلىشتۇق. ئابلاكامنىڭ قايناپ كېتىشىدىنلا قانچىلىك ئازاپلىنىۋاتقىنىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. شۇندا سېلىمكام كۆۋنىكىنى سىلىپ ئابلاكامغا كىيدۈرۈپ قويدى ـ: كەچتە سوغۇق بولىدۇ، يەنە كېلىپ ھەرقانچە بولسىمۇ باللارنىڭ ئالدىدا ئېيىقتەك يۈرۈشنى خالىمايدىغانسىلە؟ ........... ئابلاكام شۈئان كۈلۈپ كەتتى. چوڭ دىگەن يەنىلا چوڭدە، ئارىمىزدىكى خىجىلچىلىقنى بىردەمدە چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ يوقىتىۋەتتى مانا!... ـ: كۆيىنىكىڭلىنى مەن كىيىۋالسام سىلى نىمە كىيىسىلە؟ ......... ـ: ۋىيى، مانا ئاسما مايكام بولسىمۇ تۇرمامدۇ!...ھىچ بولمىسا يالىڭاچ قالمايمەن خاتىرجەم بولۇڭلا!........... ھەممىمىز كۈلۈپ كېتىشتۇق ھەمدە يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. كەينىمىزدە بولسا گۈركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوت بىزگە مەدەت بېرىۋاتقاندەك بىرخىل ئىللىقلىقنى تارتاتتى............

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب5 ـ قىسىم)

ـ تاڭ ئاتقىچە تېزرەك ئالۋاستى ئۆڭكۈرنى تېپىۋالساق بولاتتى!......... دىدى ئابلاكام كېتىۋاتقاچ. سېلىمكامىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ قويدى ـ: شۇنداق، تېزرەك تېپىۋالمىساق تاڭ ئاتسىلا ئۆڭكۈر غايىپ بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا يەنە بىر كۈن ساقلىشىمىزغا توغرا كېلىپ قالغۇدەك!......... ـ: مېنىڭ ئۇنچىلىك ۋاقتىم قالمىدى!.........دىدى ئابلاكام ئۇلاپلا. ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ئۇنىڭغا قاراپلا قېلىشتۇق. ـ: شۇنداق، بايىدىن بېرى سىلەرگە چاندۇرمىغان ئىدىم. ھازىر پۈتۈن بەدىنىم قىززىپ ئۆيىقۇ بېسىۋاتىدۇ، ئەگەر كۆزۈم يۇمۇلۇپلا قالسا ئۆزۈمنىڭ نىملەرگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن!...شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى غەيرىتىم يەتكەن جايغىچە سىلەر بىلەن ماڭالىغۇدەكمەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يوللارنى ئۆزۈڭلارنىڭ بېسىشىغا توغرا كېلىدۇ!...... ـ: نېمە دەۋاتىسىلەر ئابلاجان!...بىز سىلىنى تاشلاپ قويۇپ ماڭمايمىز، ئاۋۋال شۇ چاغ بولسۇن ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنىمە دەيلى...سىلە قالايمىقان خىياللاردا بولماي چىقىپ كېتىشكە ئىشەنچ باغلىشىڭلار كېرەك!ئويلاپ بېقىڭلا، مۇشۇ جايدا بەش يىل تىركىشىپ ياشاپ ھايات قېلىشىڭلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى نېمە؟ ...يەنىلا ئۆيگە، يۇرتقا قايتىش ئۈچۈنغۇ!...ئەمدىلىكتە قۇتۇلايلا دەپ قالغاندا بۇنداقلا بەل قويىۋەتسەڭلار قانداق بولىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ سىلىگە ماس ئىش

ئەمەس!........... ـ: بۇ دىگىنىڭلىمۇ توغرا سىلىماخۇن!...لىكىن ئۆزۈمنىڭ ھالى ئۆزۈمگە ئايان، ئەمىلىيەتتە مىنىڭمۇ قورقىدىغىنىم ئۆزگۈرۈپ قالغاندىن كىيىن سىلەرگە ئاۋارچىلىك تىپىپ بىرىشتۇر...ئۆزۈمنى كونترول قىلالىغان بولسامغۇ مەيلىدى، ئەمما ئۆزگەرگەندىن كىيىن ھىچكىمنى تونىمايمەن. ھەتتا شۇ دەرىجىدە ۋەھشىيلىشىپ كىتىمەنكى ئالدىمغا ئۇچرىغان ھىچقانداق ھەركەتچان شەيئىي قولۇمدىن قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ!...مىنىڭ ھازىر ئەڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم ئەڭ ھالقىلىق ۋاقىتقا كەلگەندە ئۆزگۈرۈپ قىلىپ سىلەرنىمۇ تەڭ ھالاك قىلىشتىن قورقىمەن!........... ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سىلىمكام ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى ـ: ئۇنچىلامۇ بوپ كەتمەس ئابلاجان!......بەلكىم سىلى ئۆزگۈرۈپ بولغۇچە ئالۋاستى شاھنى يوقىتىپ روھىي كونتروللىقتىن خالاس بولارسىلەر، ئۇمۇدلا بولىدىكەن ھەرگىز بەل قويىۋۋەتمەيمىز!......... ئابلاكام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى ـ: ئىنشائاللاھ، شۇنداق بولغاي!......ئابلاكام شۇنداق دەپلا ئالدىغا قاراپ توۋلىۋەتتى ـ: قاراڭلار تاغ!........ بىز ئالدىغا قارىغان بولساقمۇ ئەمما قولچىراقنىڭ يورۇقى چەكلىك بولغاچقا ئابلاكام دىگەن«تاغ»نى كۆرەلمەي بوينىمىزنى سوزۇشقا باشلىدۇق. شۇندىلا كىچىدە ئۇنىڭدەك ئىنىق كۆرەلمەيدىغىنىمىز يادىغا كىلىپ ـ: ۋوي راس، سىلەر ئىنىق كۆرەلمەيسىلەر!...خاتىرىدە دىيىلگەن تاغ ئالدىمىزدىكەن، قارىماققا يىقىنلاپ قالغاندەك قىلىمىز تىزرەك ماڭايلى!......دىگەچ قەدىمىنى تىزلەتتى. بىزمۇ ئابلاكامغا ئەگىشىپ ئۇ كۆرگەن تاغ تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىدۇق. ـ: ئەمدى ياخشى بولدى، بۇ جايدىن ئاخىرى قۇتۇلدىغان بولدۇق!...... ئابلاكام خۇشاللىقىدا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى، تۇرقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ـ: جەسەتلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرغانمىدۇيا، كۈزىتىۋىتىپ ئاندىن بارمىساق چاتاق چىقامۇ!......دىدى رۇسۇل سەل تەشۋىش ئىچىدە. بۇنى ئاڭلىغان نىجات ئۇنىڭغا ھۇجۇمغا ئۆتتى ـ: ھەئە، تەۋەككۇلچىلەر قوشونى قايانىدىن كىلەكى دەپ ئالدىڭغا پاياندار سىلىپ تۇرۇپتۇ!...چۈنكى ئارىمىزدا دىۋە پەرىدىن بىرسى بار ئەمەسمۇ، ئۇ ئالۋاستىلار بىلەن يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇقىدەك بولسىمۇ قانداشلىقىڭ بولغاندىكىن!................ ـ: ئاي...مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلىدىغانىغا رايىڭ بارمۇ سىنىڭ!...قورقۇپ ئاران تۇرىۋاتقاندا بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ!........دىدى رۇسۇل نىجاتنىڭ سۆزىگە قارىتا. نىجات يەنە ئىغىز ئاچتى ـ: جەسەتلەر ساقلاپ تۇرغانمىدۇ دىگەنىمۇ گەپمۇ؟ ...ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ماكانى بولغاندىكىن ساقلاپ تۇرىشى مۇقەررەردە!...تىخى بارغان چاغدا بىر مەيدان ۋەھشى جەڭ بولىشى مۇمكىن، نەچچىمىز ھايات قالىمىز، نەچچىمىز ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىمىز بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ بىزنى ساقلاپ تۇرغىنىغا كۆڭۈل بۆلمەي، ئۇلارنى قانداق يوقىتىمىز، ئىچىدىكى مۇرەككەپ يوللاردىن مىڭىپ ئالماس بىلەن قانلىق كىتاپنىڭ جايىنى قانداق تاپىمىز دىگەنگە بەكراق كۆڭۈل بۆلە!........... ـ: ئىشتىنىڭ قۇرۇپ بولدىمۇ!........ رۇسۇلنىڭ ئىختىيارسىزلا دىگەن سۆزى نىجاتنىڭ مىڭىسىنى قايىنىتىۋەتتى ـ: پىيىڭنى كىسىمە،

پېيىڭنى!..........نىجات شۈنداق دېگەچ قىلىچىنى قولىغا ئېلىۋالدى ـ : ئىشتىنىم قۇرامدۇ قۇرمامدۇ سىنىڭ نىمە كارىڭ ئۆلگۈر دېۋە!...نامەرت گۈيكەنسەن، شۇ گەپنىمۇ قايتا ـ قايتا يۈزۈمگە سېلىپ يۈرەمسە...سەن ئىشتىنىڭغا نەچچە قېتىم چىقىرۋەتكەندە مەن قايتا يۈزۈڭگە سىپ باققانما؟ ............... ـ : نەچچە قېتىم يۈزۈمگە سالدىڭغۇ!....... ـ : ئاپ!........ئۇ دېگەن ئۆتكەن ئىش، دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ھازىرقىنى دىيىشەيلى!...... ـ : بۇمۇ ئۆتۈپ بولدى، ئەڭ ياخشىسى بۇنىمۇ دىيىشمەيلى بولدى!......... ـ : خەپ كالامپاي دېۋە، ئالۋاستىلارغا تۇتۇلۇپ قالساڭ ھەرگىز قۇتقۇزماسمىنا!......... ـ : سەنمۇ تۇتۇلۇپ قالساڭ مەنمۇ قۇتقۇزماسمىنا!......... ـ : ھىلى بىكا جۇما مانى!......... نىجات شۈنداق دىگىنىچە رۇسۇلنى قوغلاپ ئەتراپىمىزنى ئىككى پىرقىرىتىۋەتتى. بىز بولساق بۇ ئىككىسىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ـ : بولدى چۈجە خورازلار، ئەمدى بولدى قىلىڭلار...ھازىر بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئۇرىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئەكسىچە تېخىمۇ ئۆم بولۇپ ئالۋاستىلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرىدىغان ۋاقىت!............دىدى ئابلاكام ئۇ ئىككىسىنى ئاجراتقاچ. نىجات ـ : قاراڭە ئاكا ما گۈينىڭ دەۋاتقان گېپىنى!...مۇشۇ كالامپاي دىۋىنىڭ دەددىدىن چوقۇم بىرەرسىمىز پالاكەتكە ئۇچرايمىز!...... ـ : ھاي ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، تىخى ۋاقتى كەلسە رۇسۇل باتۇرلۇق بىلەن بىزنى قۇتقۇزىۋالامدۇ تېخى!......... نىجات ئابلاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ رۇسۇلغا بويۇن سوزغاچ ئىغىز ئاچتى ـ : ئىشۇ دەلتىما؟ ......كۈپتەك ئۇسقىنى بىلەن ماڭىدىغان يولىمىزنى توسۇۋالمىسىلا بولىدىغۇ، خاتىرىدە دەپتىكەنغۇ تار يول كۆپ دەپ، ما گۈي يولنى توساپ قوياپ بىز قاچالماي ئالۋاستىلارغا تۇتۇلۇپ قالساق كۆرەڭ كارامەتنى!............... ـ : سەن نىم بىلىسە ئورۇق مايمۇن!...شۇ تاپتا ماۋۇلاردىن نۇمۇس قىلدىم بولمىسا قۇچقاچنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قوياتتىم!............ دىدى رۇسۇل. بۇنى ئاڭلاپ نىجات يەنە سەكرىدى ـ : كىمنى؟ ......... ـ : سېنى!...يەنە كىمنى بولاتتى!... ـ : نىمە؟ ......قوياپ بېرىڭلا ما دېۋىنىڭ بۈگۈن تاياق يىگىسى كىپ قاپتۇ!...مەكىلە دېۋە...ئاكاڭ دەرسىڭنى بىر بېرىپ قويمىسا بولمىغۇدەك!...گۈمپامغا قارا ھاييييييت!................. نىجات شۈنداق دىگىنىچە پۇتىنى كېرىپ بىر ھەركەتلەرنى قىلىپ قاراپ تۇراتتى. شۇندا ئۇنىڭ بىر پۇتىنى پۇتلىۋېتىشىم بىلەن تەڭ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى ـ : ۋايجان!.........نىمانداق قىلىسە قەھرىمان ئاداش؟ ...سەن جىم تۇپ تۇرە، ما گۈينىڭ بىر دەرسىنى بېرىۋالاي!............ شۇندا ئاچچىقىم تۇيىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭغا دوق قىلدىم ـ : ئەمدى بولدى قىلامسەنيا؟ ......بۇ يەردە پو ئېتىپ تۇرىدىغانغا ۋاقتىمىز شۇنچە كۆپ ئوخشىمامدۇ؟ ...بىز غۇ مەيلى، ما ئىككى ئاكاڭنى بولسىمۇ كۆزۈڭگە ئىلىپ قوي ئىنسان. بىز مەيەدە سىنىڭ قىلىقلىرىڭغا قاراپ تۇرۇپ بەرسەك«بولىدىغان ئىشكەن» دەپ تىخىمۇ سەكرىگىلى تۇردۇڭغۇ!...... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ سەل پەسكويغا چۈشتى ـ : ياق، ماڭنىڭ دىگەن گەپلىرى قوسقامنى كۆپۈپ!.............. مەن ئىغىز ئاچاي دىيىشىمگە ئابلاكام سۆزۈمنى تارتىۋالدى ـ : بولدى

قىلىشلار ئەمدى، كىچىكلىكتە قىلغان قىلىقىشلارنى توغرا چۈشىنىمىز...قەھرىمان دېگەندەك ھازىر ۋاقتى ئەمەس، بۇ جايدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن بۇنداق چاقچاقلارنى كۆپ قىلىشۋالىسىلەر تېخى. قانداق دېدىم؟ ............... ـ: شۇ، شۇ، ھەئە!...ئاچچىقىمدا ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىلى بولدى. مەندىن ئۆتۈپتۇ ھەممىڭلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن!...............دىدى نىجات قۇۋلۇق بىلەن ھىجىيىپ قويۇپ. نىملا دىگەن بىلەن ئۇنىڭ ھەييارلىقى دائىم ھەممىمىزنىڭ ئاچچىقىنى بىراقلا يوق قىلىۋىتەتتى. بىز جىدەلنى ئايرىپ بولۇپ يولىمىزنى داۋام قىلىۋاتقاندا يەنە تەقدىرنىڭ چاقچاق قىلىشىغا ئۇچرىدۇق. ـ: «ئاااااااااااااااااااااااااااااا!.........» غېنىنىڭ تۇيۇقسىز ئازاپلىق توۋلىشىدىن ھەممىمىز چۆچۈپ ئۇ تەرەپكە قارىدۇق. غېنى دولىسىنى تۇتىۋالغان بولۇپ ئۆزىنى بىز تەرەپكە ئاتتى، شۇندىلا ئەتراپىمىزنى يەنە بىر قوشۇن جەسەتلەرنىڭ قورشاپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتۇق، ئەمما كېچىكىپ ھېس قىلغان ئىدۇق. جەسەتلەر بىزگە يېقىنلىشىپ بولغان ئىدى، ھەم قانداقتۇر غەيرى بىر ئاۋازلاردا غىڭشىغىنىچە ئاستا ـ ئاستا بىزگە يېقىنلاپ كىلىۋاتاتتى. ئابلاكام ئەتراپقا تېزلىك بىلەن بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ۋارقىرىدى ـ: تېز يىغىلىڭلار، جەسەتلەر بەك كۆپكەن!...... ئابلاكامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ ھەممىمىز تېزلىكتە چەمبەر شەكلىدە يىغىلىپ قىلىچلىرىمىزنى چىڭ تۇتقان ھالدا يەنە بىر قېتىملىق چوڭ جەڭگە تەييارلاندۇق!..................

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب6 ـ قىسىم)

ھېچقايسىڭلار سەپتىن ئايرىلماڭلار!............... ئابلاكام بىزنى ھىمايە قىلغاچ ۋارقىرىدى. بىزمۇ دەرھاللا توپلىشىپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدۇق. بۇ قېتىمقى جەسەتلەر ئۇنچە ئاز ئەمەستەك قىلاتتى، ھەممىسى بىزگە تىكىلگىنىچە خىرىس قىلىپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى بىلەپ تۇرىشاتتى. ـ: بۇ قېتىم تۆگەشتۇقمۇ نىمە!...... دىدى نىجات ئۆز ـ ئۆزىگە. ھەممىمىزنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئەنسىزلىك جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى، نىمىشقىكىن قوللىرىمۇ ئىختىيارسىز تىترەپ ئۆزۈمگە بويسۇنمايتتى. شۇندا جەسەتلەر پوق قۇرتىدەك مىغىلداپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. جەسەتلەرنىڭ چاققان ھەركەتلىرى، ئۆتكۈر قورالى بولغان تىرناقلىرى بىزنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويدى، ھەر قېتىم تىرناقلىرى قىلىچىمىزغا ئۇرۇلغاندا چاراسلاپ ئاۋاز چىقىپ كېتەتتى. كەينى ـ كەينىدىن كىلىۋاتقان جەسەتلەرنىڭ توختىماي قىلغان زەربىسىدىن خېلىلا ھالسىراپ قالدۇق. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلار توپىمىزنى بۆسۈپ كىرىپ بىزنى تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلىۋەتتى، ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ بۆلىۋىتىشىنى توسۇيالمىدۇق. شۇنداقتىمۇ ھەمراھلىرىمىزنىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان جەسەتلەرگە ئۇنۇملۇك ھالدا تاقابىل تۇرۇپ ئۆز ـ ئارا ھەمدەمدە بولدۇق. شۇ تاپتا جەسەتلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتقىنىمىزغىمۇ يېرىم سائەتلەرچە بولۇپ قالغان ئىدى، بىراق ئۇلار ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. جەڭ ئارىلىقىدا ھەمراھلىرىمنىڭ پات ـ پات ئەنسىز توۋلاپ قويۇشلىرى مىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى.

ئۈلارغا قارىغىنىمدا بولسا ئوخشىمىغان ھالدا يارىلىنىپ، قان ئىچىدە تىز پۈكمەستىن بار كۈچى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۈلارغا قاراپ روھىم تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ غايىپتىن كۈچ ئالغاندەك بولۇپ قالدىم ھەمدە قىلىچىمنى ئوينىتىقىنىمچە جەسەتلەر توپىغا شۇڭغۇدۇم!......... ھازىر كىم قەيەردە، كىم يارىلاندى، كىم ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدى ھېچقايسىمىز بىلمەيتتۇق، جەسەتلەر بىزنى بىردىن ئىككىدىن قورشاۋغا ئېلىۋالغان بولۇپ زەردە بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. ـ: سىلەر قەيەردە!............... دىدىم مەن جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقاچ. شۇندا بىرسىنىڭ بىر يەردىن، يەنە بىرسىنىڭ يەنە بىر يەردىن ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. ـ: نىجات قېنىسەن؟ ............ نىجات ئاڭلىدىڭمۇ، جاۋاپ بەر!.........نىجات!............ مەن شۇنچە ۋارقىرىغان بولسامىمۇ ئەمما ئۇنىڭدىن سادا كەلمىدى. بىر چاغدا سىڭلىمكامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ـ: ئابلاجان قېنى سىلە؟ ................. سىڭلىمكام قايتا ـ قايتا توۋلىغان بولسىمۇ ئابلاكامدىن قايتۇرما جاۋاپ كەلمىدى. مەن يەنە ۋارقىرىدىم ـ: سىڭلىمكا، ئابلاكام بىلەن نىجات يوقاپ كەتتى!...ئاۋۋال بىز بىر ـ بىرىمىزنى تېپىۋالايلى ئۇنىڭدىن كېيىن ئابلاكام بىلەن نىجاتنى تاپايلى!..................... ـ: بولىدۇ، ئەمىسە ھەممىڭلار قولچىراقنى ئاسمانغا تۇتۇپ بەلگە قىلىڭلار شۇ بويىچە يىغىلايلى!......... مەن سىڭلىمكامنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ قولچىراقنى ئاسمانغا يورۇتقاچ جەسەتلەر بىلەن تىركىشىشكە باشلىدىم، شۇ پەيتتە ئاسمانغا ئەتراپتىنمۇ يورۇق چۈشۈشكە باشلىدى. دېمەك ئۇلار مەندىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. مەن بىر تەرەپتىن جەسەتلەرگە تاقابىل تۇرغاچ بىر تەرەپتىن يورۇق چۈشكەن جايغا قاراپ چېكىنىشكە باشلىدىم. بۇ چاغدا نىجات بىزدىن خېلىلا يىراق جايغا كېتىپ بولغان ئىدى. ئەمدى گەپنى نىجاتتىن ئاڭلايلى!.......... نىجات سەپتىن بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن بىزنى تاپالماي ئۆز خائىشى بويىچە چېكىنىشكە باشلىدى، بىراق ئۇ قېچىۋاتقاندا بىر نەچچە جەسەت ئۇنى قوغلاشقا باشلىدى، نىجات بولسا ئۆزىگە يېتىشىپ كەلگەن جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىپ يوقاتقاندىن كېيىن بىزنى تاپالماي ئالدىغا كەلگەن يول بويىچە قېچىشقا باشلىدى. ئۇ خېلى قاچقاندىن كېيىن قوغلاپ كەلگەن جەسەتلەرنىڭ يوقلىقىنى بايقاپ ئازراق خاتىرجەم بولۇپ توختاپ بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ ئەتراپنى كۆزىتىپ بىزنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىراق بىزدىن يىراقلاپ كەتكەن بولغاچقا ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ ئاڭقىرالماي بىر مەھەل تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ پەيتتە ئەتراپىدىن چىرقىراق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكىنىچە يەنە قېچىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ئالدى تەرەپتىكى يۇلغۇننىڭ ئارىسىدىن بىر جەسەت ئېتىلىپلا چىقتى. جەسەت تۇيۇقسىزلا چىققاچقا نىجات ئۆزىنى توختىتىۋالالماي ئۇنىڭغا قاتتىق ئۇسسۇپ ئىككىلىسى تەڭلا ئارقىغا يىقىلىپ كەتتى. نىجات بېشىنى بىر سىيلىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا ئالدىدىلا بىر جەسەت مەس ئادەمدەك ئەلەڭشىپ يۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن نىجات ھودۇقۇپ ئەتراپىدىن بايا قاتتىق سوقۇلغاندا قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن قولچىرىقىنى ئالدىدە ئەتراپتىن قىلىچىنى ئىزدەشكە باشلىدى، قېرىشقاندەك قىلىچى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھودۇقۇپ تۇرغاندا

www.iptihar.net

جەسەت سەل ئېسىگە كېلىپ ئۇ تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا كېلىشكە باشلىدى. ـ: يېقىن كەلمە!......يوقال، نېرى يوقال.........ۋايجىيان!...... نىجات شۇنداق دىگىنىچە كەينىگە چېكىنىۋاتقاچ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپلا يىقىلىپ چۈشتى، بىراق ئۇ قورقۇنچتا يەرنى تىپىچەكلەپ يۈرۈپ كەينىگە داجىۋاتاتتى. شۇندا جەسەتمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىپ بولدى. ھايات ـ مامات قىل ئۈستىدە قالغاندا نىجات ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن يەكمۇ ـ يەك قۇرۇق قول ھالدا بىر مەيدان قانلىق جەڭگە چۈشمەكچى بولۇپ تەييارلاندى ئەمما يەنىلا قورقۇپ تۇراتتى. دەل شۇ پەيىتتە جەسەت بىلەن نىجاتنىڭ ئارىلىقى بىر مېتىرچىلا قالغان بولۇپ ئۆيلىمىغان يەردىن جەسەت قەدىمىنى توختىتىپ يەردىن بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ قاراشقا باشلىدى. ـ: شېشخىلىم!........... نىجات شۇنداق دىگىنىچە ئىتتىك يانچۇقىنى تۇتتى. ئەسلىدە بايا نىجات كەينىگە يىقىلىپ چۈشكەندە شېشخال ئۇنىڭ يانچۇقىدىن يېنىپ قالغان بولۇپ، جەسەت ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەچكىمىكى ئالاھىدە كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى. شۇ پەيىتتە نىجات پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاستا قاچاي دەۋاتقاندا جەسەتنىڭ خىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ توختاپ قالدى. جەسەت بولسا شېشخالنى نىجاتقا تەڭلىگىنىچە قاراپ تۇراتتى. شۇندا نىجات ھودۇقۇپ كېكەچلەپ كەتتى ـ: بۇ...بۇ...بۇ!......شېشخال...شېشخالچۇ، ھېلىقى ماندا قىلىپ ئېتىپ ئوينايدىغان!........... ئۇ شۇنداق دىگەچ مەيدىسىگە«پاق!...»قىدە بىرنى قويۇپلا يۆتۈلۈپ كەتتى. ھودۇقۇپ كەتكەچكىمىكى ئۆزىمۇ تۇيماستىنلا مەيدىسىگە قاتتىق ئۇرىۋېتىپ قېقىلىپ كەتكەن ئىدى. جەسەتمۇ چۆچۈپ كېتىپ كەينىگە داجىپ نىجاتقا خىرىس قىلىپ قويدى. ـ: قوقما، قوقما!......مەن...مەن...ئانى قانداق ئوينايدۇ كۆرسىتىپ قويدۇم، ھاياجانلانما ھە!........... نىجات جەسەتنى تىنىچلاندۇرغاچ ئەتراپتىن قىلچىنى تېپىۋىلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىپ ئەتراپقا قاراتتى. بىراق قېرىشقاندەك قىلچىنى تاپالمايۋاتاتتى، شۇ تاپتا نىجات كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچسىلا جەسەتنىڭمۇ قوغلاپ كېلىشى مۇقەررەر ئىدى، شۇڭا ئۇ بەدبەشىرە بۇ ئالۋاستىدىن يىرگىنىپ يۈرىكى سېلىپ تۇرسىمۇ ئامال بار ئۇنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەركىتىنى تېخىمۇ سىلىقلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. شۇندا جەسەتمۇ سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ياغاق قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ مەيدىسىگە مۇشلىغاچ ـ: ھۆھا!ھۆھا!ھۆھا!...........دېيىشكە باشلىدى، جەسەتنىڭ ئاۋازى بوم چىققاچقا خۇددى ماسلا بولۇپ قالغان كانايدەك غەيرىلا چىقاتتى. نىجات بولسا ئۇنىڭ ھەركەتلىرىنى كۆرۈپ بىر مەھەل ساراڭدەك قاراپلا قالدى. جەسەت بولسا ھەر بىر قېتىم مەيدىسىگە ئۇرغاندا ئۆتكۈر تىرناقلىرى گۆشلىرى ساڭگىلاپ قالغان كۆكرىكىگە«گاچ...گاچ!...»قىلىپ سانجىلاتتى، ئەمما جەسەتتە بۇنىڭغا بىسپەتەن ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى. نىجات ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ـ: ساراڭمۇ نىمە بۇ، ئۆزىنىڭ بەدىنىگە ئۆزى تىرنىقىنى سانجىپ يۈرىدىغۇ!...يەنە تېخى ھېچنىمە بولمىغاندەك تۇرۇشلىرىنى قارا بۇنىڭ!.............. شۇندا جەسەت ھەركىتىنى توختىتىپ نىجاتقا ئىشارەت قىلدى. نىجات ـ: نىمە دەيسەن؟ ......ۋاي ئاللا، نىملەرنى

دەۋاتقانسەن...گېپىڭنىڭ بىرنى چۈشەنگەن بولسام ئۆلەي!..........دىدى جەسەتكە ھاڭۋاققىنىچە. جەسەت بولسا ھۆركىرەپ بىر قانداق ئىشارەتلەرنى قىلىۋاتاتتى. ـ: يېقىن كەلمە!...مەن...مەن گۇمپا ئۆگەنگەن...كىلىپلا قالساڭ پەشۋايىمدىن قىچىپ قۇتۇلالمايسەن!............ نىجات جەسەتنىڭ ئۆزى تەرەپكە كىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھودۇققىنىچە بىر پۇتىنى جەسەتكە تەڭلەپ تۇراتتى. بىراق جەسەتنىڭ شىپشخالنى ئۆزىگە تەڭلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ پۇتىنى چۈشۈرۈپ جەسەتنىڭ ھەركىتىگە سەپ سېلىپ قارىدى. دەرۋەقە جەسەت نىجاتقا شىپشخالنى تەڭلەۋاتقان بولۇپ مەيدىسىگە ئۇرغاننىڭ ھەركىتىنى چىقىرىۋاتاتتى. شۇندىلا نىجات ئۇنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىپ ئىختىيارسىزلا كۈلۈپ تاشلىدى. ـ: ھوي مەخلۇق، بۇنى مەيدىسىگە ئۇرمايدۇ...قارا ھە بۇ تۆتتال شىپشخالنى قولۇڭغا ئېلىپ يەرگە ئاتىسەن ئۈستىدىكى سانلار قاتار ياكى جۈپ بولۇپ قالسا ئۇتتۇڭ دىگەن گەپ، ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ قالسىغۇ باي بوپ كەتتىڭ دەيلى!......... نىجات شۇنداق دىگەچ شىپشخالنى جەسەتنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا شىپشخالنىڭ ئۈستىدىكى چېكىتلەرنى كۆرسىتىۋاتاتتى، شۇ تاپتا بۇ قىمارۋاز ئۆزىنىڭ كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى، جەسەتنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنمۇ ئۇنۇتقان ئىدى. ـ: كۆردۈڭمۇ، بۇنىۋاغۇ سەن بىر قېتىم ئاتىسەن مەن بىر قېتىم ئاتىمەن. قايسىمىز ئاتقاندا يۇقارقىدەك ئەھۋاللار بوپ قالسا يا سەن ئۇتىسەن ياكى مەن ئۇتىمەن!......ئەگەر بۇنداق چۈشمەي قالسا ئېتىۋېرىمىز........ نىجات شۇندا بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ سەت چىرايغا قاراپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى ـ: مەن كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەن ھۇي!.........ساراڭ بوپ قاپتىمەن، ساراڭ!........... نىجات چاچراپ قوپۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئالدىغا يەنە قاراپلا چۆچۈپ كەينىگە داجىدى ـ: ۋايىجاااااان!......خىيالىم بولۇپ قالسىدى دېسەم ماۋۇ يەنە ئوسمىناخۇندەك ھىجىيىپ قاراپ تۇرىدىغۇ ماڭا!...بۇنىڭدىن قانداق قۇتىلامە ئەمدى............... نىجات ئۆزىگە شۇنداق سۆزلىگەچ شىپشخالنى جەسەتكە تەڭلىدى ـ: مە.....بۇنى ئېلىپ ئەمدى كەتكىن ھە!......گەپ ئاڭلا، بۇ ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە بۇنى باشقا جەسەتلەرگە كۆرسەتسەڭ سېنى ھازىرلا پادىشاھ قىلىپ سايلىۋىتىدۇ مانا!......گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ بېرىپ سىناپ باققىنە، جەسەتلەر ئاۋۇ تەرەپتىمىكى!............ ئۇ شۇنداق دىگەچ قولىدا ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر يەرنى كۆرسەتتى. جەسەت بولسا ئېغىر تىنغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. نىجات ئۇنى ئالدىيالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي ئامالسىز شىپشخالنى يەنە تارتىۋېلىپ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇردى ھەمدە جەسەتكە ـ: ئوتىرە مەيدە، مانى ئاتىمىز ئەگەر ئۇتتۇرىۋەتسەڭ بولدى قىلىپ قايتىپ كېتىسەن چۈشەندىڭمۇ؟ .........دىدى، بىراق جەسەتنىڭ ئىپادىسىز قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ تىرىكىپ كەتتى ـ: ئاھ خۇدا، كالىكەنغۇ مۇنۇ!..........ئەتتىگەننىڭزى بىر مۇنچە ۋالاقلىسام ئىپادىسىز قاراپ تۇرغىنى تۇرغان!........ جەسەتكە قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمىگەن نىجات ئاخىرى يانچۇقىدىن كىچىك قاتلانما پىچىقىنى چىقاردى ـ: مانى كۆردۈڭمۇ؟

ئۈتتۈرۈۋەتسەم بۇنى ساڭا بېرىمەن، ئۈتتۈۋالسام ماڭا چېقىلماي قايتىپ كېتىسەن...ئەمدى چۈشەندىڭمۇ گومۇش!............. شۇندا جەسەت قولىنى بەدىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ بىر نەرسىلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، بۇنى كۆرگەن نىجاتنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ قۇشۇۋەتكىلى قىل قالدى ـ : ھۆ!...........بۇ تەلۋە ئالۋاستى يۈرەك، بۆرەكلىرىنى دوغا تىكمەكچىمىدى تېخى!.......... شۇندا جەسەت بەدىنىنىڭ ئىچىدىن ئىچ باغرى ئارىلاش بىر نەرسىنى ئېلىپ نىجاتقا تەڭلىدى. ـ : نېرى تارت ئۇ بىر نىمەڭنى!......دەپ تۇرسام راسلا ئىچ باغرىنى ئاپتىغۇ ماۋۇ.....ئەستا، ئەستا!...بۇ ساراڭدىن قانداق قۇتۇلامە ئەمدى!.............. نىجات چۆچۈپ كەينىگە داجىغاچ سۆزلەپ كەتتى، شۇ تۇرقىدا جەسەت بىلەن يەنە بىردەم تۇرسىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. جەسەت بولسا قولىدىكى نەرسىگە يۆگىشىۋالغان ئىچ باغرىنى ئاجرىتىۋېتىپ نىجاتقا قايتىدىن تەڭلىدى، نىجات بولسا سەل گۇمانسىراپ ئۇ نەرسىگە قاراپلا كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى. چۈنكى كۆز ئالدىدا چوكىغا ئوخشاش ئۇزۇنراق كەلگەن، توم بىر نەرسە سېرىق رەڭدە پارقىراپ تۇراتتى. شۇندا نىجات ئۇنى چاققانلىق بىلەن قولىغا ئېلىپ يەرگە بىر مىلىۋەتكەندىن كېيىن پاكىز سۈرتىۋېتىپ قايتىدىن قارىدى. دەرۋەقە قولىدا تۇرغىنى ئاچقۇچقا ئوخشاپراق كېتىدىغان سېرىق رەڭلىك نەرسە ئىدى. ئۇ ھاياجاندا چىشلەپ باقاي دېدىيۇ توختاپ قالدى، چۈنكى جەسەت ئۇنى بايا ئىچ باغرىلىرىنى كولاپ يۈرۈپ ئالمىغانمىتى؟ .........لېكىن قانداقلا قارىسا بۇ ساپ ئالتۇن بولۇپ مۇشۇنداق قاراڭغۇدىمۇ سېرىق رەڭدە پارقىراپ تۇراتتى. نىجات كۆزىگە ئىشەنمەستىن قولىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۇيان ـ بۇيان چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى، شۇندا جەسەت ھۆركىرەپ ئالتۇن ئاچقۇچنى نىجاتنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ يېنىغا قويدى. دېمەك ئۇ نىجات بىلەن بىر مەيدان تاۋۇكاغا چۈشمەكچى ئىدى. نىجاتمۇ ئۇنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىپ شىشخالنى ئالدىدە ئۇنىڭغا قارىتىۋېتىپ«گۈپ!»پىدە ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرگە ئاتتى ـ : ئاپلا كەلمىدى ما قىتىم!...ھە ئەمدى سەن ئاتە!............... جەسەت بولسا ئاۋاق قوللىرى بىلەن شىشخالنى ئاران تەستە توپا ئارىلاش يەردىن تېرىپ ئېلىپ نىجاتنى دوراپ«يەر»گە ئاتتى. بىراق جەسەتنىڭ بۇ ھەركىتىنى ئېتىش دىمەستىن چۆرۈش دېسەك توغرا بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاتقان شىشخىلى ئۇلاردىن نەچچە مېتىر يىراققا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. نىجات جەسەتكە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ شىشخالنى ئېلىپ جەسەتنىڭ يېنىغا يېنىپ كەلدى. ھازىر نىجاتنىڭ كاللىسىدا«قېچىش» ئەمەس بەلكى«ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۇتۇش»دىگەن خىيال ئۇستۇن ئورۇنغا ئۆتۈپ بولغان ئىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە«ئېتىپ»، «چۆرۈپ»دېگەندەك قىلىپ ئولتۇراتتى، نىجات شىشخالنى ئېتىپ بولۇپ پات ـ پات ئۆزىنىڭ تەلىيىنىڭ كاجلىقىغا ئېچىنىپ قاقشاپ قوياتتى، كۆزلىرى ھامان جەسەتنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئالتۇن ئاچقۇچتا ئىدى. نىجات بۇ قېتىم شىشخالغا«سۇف»لەپ قويۇپ بىر ئېتىۋىدى ئىككى جۈپ چۈشتى، بۇنى كۆرگەن نىجات سەكرەپ كەتتى ـ : ۋاھ، قارا مەن ئۇتتۇم ئەمدى ئالتۇن مېنىڭ بولدى!............نىجات شۇنداق دەپ ئالتۇنغا قولىنى

ئۈزىتىشىغا توساتتىن«قىمارۋاز»جەسەتنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپلا نىجاتنىڭ ئالدىغا دومۇلاپ چۈشتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن نىجات ۋارقىرىغىنىچە كەينىگە بىرنى موللاق ئېتىپ كەتتى. ھەمدە تېزلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ قولچىرىغىنى تىترىگەن قوللىرىدا چىڭ تۇتۇپ ئالدىغا يورۇتۇپ يەنە ۋارقىراپ تاشلىدى«ئاااااااااااا، قۇتقۇزۇڭلار ئالۋاست!......»شۇندا نامەلۇم بىر گەۋدە چەبدەسلىك بىلەن كېلىپ نىجاتنىڭ ئىغىزىنى تۇتىۋالدى، نىجاتنىڭ ئىغىزىنى تۇتىۋالغان بۇ گەۋدە قارىماققا ئالۋاستىدەك قىلاتتى. شۇندا ئۇنىڭدىن سادا كەلدى ـ: ئۈششششششش!...ئاۋازىڭنى چىقارما، مەن ئابلاكاڭ!......... شۇندا نىجات ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ يەنە سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى. بىراق قانداقلا قارىسا ئۇ ئابلا ئاكىغا ئوخشىمايتتى، كۆز ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ تېرىلىرى سۆڭەككە چاپلىشىپ ئۇنى ئالۋاستىغىلا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. نىجات ھودۇقۇپ ئۇنىڭدىن قايتا سورىدى ـ: ئابلاكام؟ ......سىز راسلا ئابلاكاما، ئەمىسە نىمىشقا بۇنداق بولۇپ كەتتىڭىز!............ ـ: مەندىن كۆپ گەپ سورىما، ئۆزگۆرىدىغىنىمغا ئاز قالدىم شۇڭا شۇنداق......ئېيتە سەن قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ ...... ئابلاكام سۆزلىگەندە ئاۋازى بىرخىل بوغۇق چىقاتتى. نىجات دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردى ـ: مەن...مەن!......توپتىن ئايرىلىپ قېلىپ ماڭغان يولۇمدىن ئېزىپ قالدىم، شۇ چاغدا بۇ جەسەتكە ئۇچراپ قالغان!......... ـ: بولدى، ئارتۇق ۋاقتىم قالمىدى!...ئېسىمنى يوقاتقىچە سېنى ئېلىپ سېلىماخۇنلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويمىسام بولمايدۇ!..............ئابلاكام شۇنداق دىگىنىچە نىجاتنىڭ قولىدىن تارتتى، بىراق نىجات توختىۋىلىپ ئابلاكامنىڭ قولىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ جەسەتنىڭ يېنىغا يۈگۈردى، ھەمدە يەردىكى ئالتۇن ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سېلىپ ئابلاكام تەرەپكە يېنىپ كەلدى. ئابلاكام ئۇنىڭ ھەركىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى ـ: ئېلىۋالغىنىڭ نېمە ئۇ؟ ......... ـ: قاراڭ ئابلاكا، مەن ئۇ ئالۋاستىدىن بۇنى ئۇتىۋالغاندا سىز ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۈزىۋەتتىڭىز، ئۆزىغۇ يۇۋاش كاساپەتكەن!................ ـ: ساراڭمۇسەن!...ئالۋاستىنىڭ يۇۋاش بولغىنىنى نەدە كۆرگەنتىڭ؟ ......... ـ: بايا ئۇ ماڭا چېقىلمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئوينىدۇق!......... ـ: چۈشۈڭدە شۇنداق بولغان ئوخشايدۇ، جىق گەپ قىلماي تېز ماڭايلى!............. ئابلاكام شۇنداق دىگىنىچە نىجاتنىڭ سۆزىگىمۇ پەرۋا قىلماستىن قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئۇنى قوغدىغان ئاساستا بىزنى ئىزدەپ قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇدى!..............................

ئەك ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب7 ـ قىسىم)

سېلىمكا قېنىسىز؟ ............. مەن ھەمراھلىرىمنىڭ چىراق يورۇقى بويىچە چېكىنىۋاتقاچ سېلىمكامنى توۋلىدىم. ـ: مانا مەن!......ئالۋاستىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئامال بار ئۆزۈڭلارغا دىققەت قىلىڭلار!...... سېلىمكام شۇنداق توۋلىغاچ ئاۋازىم چىققان تەرەپكە باشلىدى. شۇندىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئەتراپىنى نۇرغۇن جەسەتلەر قورشاپ ئالغان

سىلىمكامنى غۇۋا كۆرۈپ قالدىم. ـ: سىلىمكا مەن يان تەرىپىڭىزدىلا!.....ئامال قىلىپ ئەزالىرىمىزنى يىغىۋالايلى!........... ـ: بولىدۇ!.......... سىلىمكام شۇنداق دېگەچ مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. نەچچە سىكۇنتتىن كېيىن سىلىمكامنىڭ قاتتىق نەرە تارتىشى بىلەن تەڭ ماڭا يېقىنلا جايدىكى ئۈچ ـ تۆت جەسەتنىڭ كالىلىسى بىراقلا ئۈزۈلۈپ يەرگە يېقىلدى ھەمدە سىلىمكام كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. سىلىمكامنىڭ بەدەنلىرى قانغا مىلەنگەن بولۇپ ئۈچىسىدا قىپ قالغان ئاسما مايكىسىمۇ يىرتىلىپ كەيگۈسىزلا بولۇپ كەتكەن ئىدى. ـ: قولۇڭنى ماڭا بەر!......... سىلىمكامنىڭ توۋلىشى بىلەن تەڭ ئېسىمگە كېلىپ ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم......... ـ: كەينىڭگە دىققەت قىل!........... تۇيۇقسىز توۋلاشتىن ھېچنىمنى ئاڭقىرالماي تۇرغىنىمدا سىلىمكام مىنى كۆچەپ ئۆزى تەرەپكە تارتىۋېتىپلا ئالدىغا ئېتىلدى. ـ: «ئاااااااااااااااا!......» سىلىمكامنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ نىمە ئىشلىقىنى بىلگىنىمدە بولسا بىر جەسەتنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى سىلىمكامنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپ بولغان ئىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ غەزىپىم تېشىپ، قېنىم قىززىدىدە زەردە بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ جەسەتنىڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلىدىم، سىلىمكام بولسا ھالسىزلىنىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇندا تېخىمۇ غەزەپلىنىپ كۆزلىرىمگە قان تولغان ھالدا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان جەسەتلەرگە تاشلاندىم. مەن ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا سىلىمكام زەئىپ ئاۋازدا ـ: تېز قاچ، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن!...تېزدىن باشقا ئەزالارنى يىغىپ دەرھال ئالۋاستى ئۆڭكۈردىكى ئالماس بىلەن قانلىق كىتاپنىڭ ئورنىنى تېپىڭلار، بۇ ھالدا جەسەتلەرنى قىرىپ تۈگىتىپ بولالمىغۇدەكمىز!...بۇلارغا مەن تاقابىل تۇراي، سىلەر تېزدىن خارابىيلىقنىڭ سىېھرىنى يوق قىلىڭلار تېز!..........دېگەچ ئاستا ـ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ خەنجىرنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. بىراق كۆكرىكىدىن قان چىقىۋاتقاچقا شۇنچە مەدەت قىلسىمۇ پۇت ـ قولى بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ـ: بولمايدۇ!......دىدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن ـ: نىمە كۆرسەك تەڭ كۆرىمىز، سىز بىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ شۇنچە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ كەلگەن تۇرسىڭىز ئەمدىلىكتە كەلگەندە مەن سىزنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ قويامدىم؟ ......بۇنى ئۇخلاپ چۈشىڭىزدىمۇ ئويلىماڭ، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن سىزنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايمەن!......... مەن شۇنداق دەپ سىلىمكامنى يۆلىۋالغاچ جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىپ ئاستا ـ ئاستا باشقا ھەمراھلار تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدىم. ـ: قەھرىمان قېنى سىلەر!......... رۇسۇل بىلەن غېنىنىڭ تەڭلا توۋلىغان ئاۋازىدىن خۇددى يۈتتۈرۈپ قويغان بىر نەرسەمنى تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم ـ: مانا بىز، قولچىراقنى ئاسمانغا يورۇتاي يورۇقنى كۆرسەڭلا دەرھال بىز تەرەپكە كېلىڭلار، سىلىمكام يارىلاندى!......... ـ: بولىدۇ، توختا بىز ھازىرلا بارىمىز!.............. بىز ئازدىن كېيىن ئەتراپىمدىكى جەسەتلەرنىڭ سانى ئازلاشقا باشلىدى، شۇندىلا رۇسۇل بىلەن غېنىنىڭمۇ بىر بۆلۈك جەسەتنى ئۆزىگە تارتىپ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ـ: قەھرىمان، سىلىمكامنى دەرھال خالىي جايغا يۆتكە. بىز

ئەتراپىڭدىكى جەسەتلەرنى ئۆزىمىزگە تارتقاچ تۇرايلى، خاتىرجەم بول سېنى ھىمايە قىلىمىز!............... مەن غېنىنىڭ سۆزى بىلەن تەك جەسەتلەرنى يىقىن كەلتۇرمەي سىيلىمكامنى يۆلەپ كەينىمگە چېكىنىشكە باشلىدىم، غېنىلار بولسا بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان جەسەتلەرنى ئۆزىگە تارتىپ كۈچ ئىپلىشىۋاتاتتى. شۇندا مەن، بىزگە ئەگىشىپ كەلگەن بىر نەچچە جەسەتنى تازىلاپ سىيلىمكامنى خالىي بىر جايدا ئولتۇرغۇزدۇم ـ: سىيلىمكا قانداقراق؟ ......... ـ: ھېچقىسى...يوق، ئازراق ئاغرىۋاتىدۇ شۇ!........... مەن سىيلىمكامنىڭ يارىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، ئۇنىڭ كۆكرىكىدە مېغىز چوڭلۇقىدا نەچچە تۆشۈك تىشىلىپ قالغان بولۇپ، ھەتتا بىلەر بىلىنمەس قان سىرغىپ تۇراتتى. شۇندا چاققانلىق بىلەن كۆينىكىمنىڭ يېڭىنى يىرتىپلا ئۇنىڭ كۆرىكىنى تىڭىشقا باشلىدىم. ـ: ئابلاجان بىلەن نىجاتچۇ؟ ......... سىيلىمكامنىڭ تۇرۇپلا سورىغان سوئالىدىن دەرھال ئابلاكام بىلەن نىجات يادىمغا كەلدى ـ: توغرا، ئابلاكام بىلەن نىجاتنى تېخىچە تاپالمىدۇق، تېخى ئابلىكىم بىلەن ئەنىۋەرنىڭمۇ خەۋرى كەلمەيۋاتىدۇ. رۇسۇل بىلەن غېنىمۇ بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئالۋاستىلارنى ئۆزىگە تارتىپ جەك قىلىپ قالدى!......... ـ: ئۇنداقتا بۇ يەرگە نىمىگە كىلىۋالدۇق، دەرھال ئۇلارنىڭ قېشىغا بارايلى!......... دىدى سىيلىمكام قوپۇشقا ئۇرۇنۇپ. شۇندا سىيلىمكامنى تۇتىۋالدىم ـ: مىدىرلىماڭ!...يارىڭىز ئېغىر، بارغان بىلەنمۇ جەسەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايسىز. شۇڭا ئاۋۋال سەل ئارام ئېلىۋىلىڭ قالغان ئىشنى كېيىن بىرنىمە دىيىشەيلى، ياكى بولمىسا سىز مۇشۇ جايدا ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، مەن بېرىپ غېنىلارغا ھەمدەمدە بولاي. جەسەتلەرنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن قالغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ ئاندىن ئالۋاستى ئۆڭكۈرىگە كىرەيلى بولامدۇ؟ ... سىيلىمكام سۆزۈمگە قوشۇلمىدى ـ: بولمايدۇ، مەن ھېچنىمە بولمىدىم...ئالۋاستىلار بىلەن يەنە جەك قىلالايمەن، تېزدىن بېرىپ ئەزالىرىمىزنى تېپىۋالايلى، ئۇلارغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن!...... ئۇ شۇنداق دېگەچ خەنجىرىگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. سىيلىمكامغا شۇنچە چۈشەندۇرگەن بولساممۇ ھېچ گەپ يەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئاخىرى ئامالسىز سىيلىمكام بىلەن بىللە غېنى بىلەن رۇسۇل تەرەپكە ماڭدۇق. بىز بارغاندا ئۇلار جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدا قورشىلىپ قالغان بولۇپ جېنىنىڭ بېرىچە قارشىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ سىيلىمكام ئۆزىنىڭ يارىلانغىنىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن خەنجىرىنى ئويناتقىنىچە جەسەتلەر توپىغا ئېتىلدى، مەنمۇ سىيلىمكامغا ئەگىشىپ جەسەتلەر توپىنى بېسىپ كىردىم. ـ: قانداقراق، ئىككىڭلارغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ............ ـ: ياق، ئازىراق يارىلاندۇق...لېكىن چوڭ مەسىلە يوق!...سەن سىيلىمكامنى يەنە ئېلىپ يىنىپ كەپسەنغۇ، ئۇنى بىخەتەر جايغا يۆتكەپ كەت دېمىگەنمىدىم؟ ...... دىدى غېنى ئاچچىقلاپ. مەن جاۋابەن ـ: شۇ سىيلىمكام ئۇنىماي تۇرىۋالدى، گەپكە كىرگۈزەلمەي ئاخىرى كەينىدىن بىللە يىنىپ كەلدىم!.........دىدىم. غېنى جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقاچ ماڭا بىردەم تاپا ـ تەنە قىلىپ قويۇپ ئىغىز ئاچتى ـ: بۇنداق ئېلىشىۋەرسەك ھەممىمىز ئۆلۈپ كەتكۈدەكمىز،

ياخشىسى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ بىرەر جايدا دالدىلىنىۋالايلى، ئالۋاستىلارنىڭ سانى سەل ئازايغاندا قەدەم ـ قەدەمدىن ئۇلارنى يوقىتىپ ماڭساق ياخشىراق بولارمىكىن!......... ـ: شۇنداق قىلساقمۇ مەيلى، لېكىن ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش ئابلاكام بىلەن نىجاتنى تېززەك تېپىۋالساق بولاتتى. ئەنىۋەر بىلەن ئابلىكىممۇ يوقاپ كەتتى، قەيەرلەردە يۈرگىنى نامەلۇم!................ غېنى سۆزۈمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ـ: نېمە دەيسەن، ئابلىكىم بىلەن ئەنىۋەرمۇ يوق دېدىڭما؟ ......... ـ: شۇنداق، بايا جەسەتلەر بىزنى بۆلۈۋەتكەندە يېقىنلا جايدىن ئاۋازى چىققاندەك قىلىۋاتقان لېكىن بۇلار بىلەن ئېلىشىپ بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىمۇ يوقىتىپ قويدۇم!............. ـ: ئەستا!...ئۇلار قەيەرگە كەتكەندۇ ئەمدى!...بولدى ياخشىسى ھازىر سىلىمكامنى ياخشى قوغداپ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقايلى، ئۇنىڭدىن كېيى ئۇلارنىمۇ بىر يەرلەردىن تاپارمىز!............. ـ: بۆسۈپ چىقالمايدىغاندەك قىلىمىز، قاراڭلار ئۇياققا!...... رەسۇلنىڭ ئىختىيارسىزلا دېگەن سۆزىدىن ھەيران بولۇپ ئۇ دېگەن تەرەپكە قارىدۇق، دېگەندەك يەنە بىر توپ قارا گەۋدە بىز تەرەپكە ئۈچقاندەك كېلىۋاتاتتى. ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز قۇلاق تۈۋۈمدىن بىر نەرسە«ۋىڭ!»قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ـ: قەھرىمان نېمە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسەن، ئۇلار نېمە بولسا كارىڭ بولمىسۇن، ھازىر ئۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل!...... غېنى شۇنداق دېگەچ ماڭا ئېتىلىپ كەلگەن بىر جەسەتنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، جەسەتنىڭ قولى بولسا قۇلاق تۈۋۈمدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا يەنە بىر قېتىملىق چوڭ خەتەر بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. كۆڭلۈمدە ئابلاكام بىلەن نىجاتنىڭ تېززەك كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. شۇندا قارا گەۋدىلەرمۇ بىزگە بارا ـ بارا يېقىنلىشىپ كەلگىنىدە ئۇلارنى سەل ئىلغا قىلالىدىم ھەمدە قاراپلا ۋارقىراپ كەتتىم ـ: ئەنىۋەر!................... دەرۋەقە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىكىسى ئەنىۋەر بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاچ ۋارقىرايتتى ـ: بىزگە ياردەم قىلىڭلار، جەسەتلەر ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ!...... شۇ تاپتا ئۆزىمىزنى ئاران قوغداۋاتقاندا ئەنىۋەرنىڭ يەنە بىرتوپ جەسەتنى بىز تەرەپكە باشلاپ كېلىشى مېڭەمنى قايىنىتىۋەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكىسى ئابلىكىم بولۇپ پات ـ پات كەينىگە قىلىچ ئۇرغاچ بىز تەرەپكە چېكىنىپ كېلىۋاتقان ئىدى، شۇندا ئەھۋالنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ سىلىمكامنى جەسەتلەر شالاڭراق جايغا يۆتكەپ كەلدىم. ـ: نېمىش قىلىۋاتىسەن، مەندىن ئەنسىرىمە مەن يەنە جەڭ قىلالايمەن!...سىلىمكاڭنى ئۇنداق بوش چاغلاپ قالما، تېنىنقىملا بولىدىكەن نەچچە مىڭ جەسەتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن!......... سىلىمكام شۇنداق دەپلا مېنى ئارقىغا تارتىپ جەسەتلەرنى يېرىپلا چىقىپ ئەنىۋەر بىلەن ئابلىكىمنى قوغلاپ كېلىۋاتقان جەسەتلەرگە ئېتىلدى. ـ: سىلىمكا ئۇنداق قىلماڭ!........... ئاخىرقى دېگەن سۆزلىرىم ھاۋادا لەيلەپ قالغان ئىدى. سىلىمكام سۆزلىرىمگە پەرۋامۇ قىلماستىن جەسەتلەر بىلەن قاتتىق جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. سىلىمكامنىڭ تۇرقىدىن قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى، مەن

ئۆنىڭغا بىرەر خەتەر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ كەينىدىنلا ئۇ تەرەپكە ئېتىلدىم. جەڭ قايتىدىن بىر قەپەس باشلىنىپ ئەتراپنى قىيا ـ چىيا قاپلاشقا باشلىدى. لېكىن مەن ئابلاكام بىلەن نىجاتتىن باشقا ھەمراھلىرىمىزنى تېپىۋالغانغا خۇش ئىدىم. كۆڭلۈمدە«ئامال قىلىپ بۇلاردىن قۇتۇلۇۋالساقلا، ئابلاكام بىلەن نىجاتنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىمىز»دەپ ئويلايتتىم. بىراق جەسەتلەر بىزگە قۇتۇلىدىغان پۇرسەتنى بەرمەيۋاتاتتى، شۇ تاپتا بىز پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن جەسەتلەردىن قوغدالغاچ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايتتۇق. جەڭ خېلى داۋاملاشقاندىن كېيىن مېنىڭ قىلىچنى كۆتۈرگىدەكمۇ ماغدۇرۇم قالمىدى، ئالدىدا جەسەتلەرنى پارچىلاپ ھارمىغان قىلىچىم ئەمدى بولسا ئۇلارنى«سىيلاپ»ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن يىراقلاردىن ئاڭلانغان غۇۋا ئاۋاز ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغۇچى پەرىشتىدەك ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى. -: ئۇلارنى كۆردۈم، قارا ئاۋۇ يەردىكەن تېز بارايلى!............ بۇ ئاۋاز دەل ئابلاكامنىڭ ئاۋازى ئىدى. شۇندا ئۇ تەرەپتىن يەنە ئاۋاز كەلدى -: قەھرىمان بىز كەلدۇق، يېقىلىپ قالماي تۇر!........ بىردەمدىن كېيىنلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر ئىش يۈز بەردى، يەنى بىر جەسەت چاقماقتەك كېلىپ بىزنى قورشىۋالغان جەسەتتىن يەتتە سەككىزنى قوشۇپلا تۆت ـ بەش مېتىر يىراقلىققا ئۈچۈپ كەتتى، جەسەتلەر بولسا بىز بىلەن ئېلىشىشتىن توختاپ ھەيران قالغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار قارىغان تەرەپتە بولسا گەۋدىلىك كەلگەن بىر«جەسەت»نىجات بىلەن تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپلا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى قىل قالدىم ـ: نىجات يېنىڭغا دىققەت قىل!.............. ـ: ۋوي، نىمە دەپ يۈرىسە...بۇ ئابلاكام!.......... ـ: نىمە؟ ............ نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ھەيرانلىق بىلەن قاراپلا قالدۇق. شۇندا جەسەتلەرمۇ بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ ئابلاكام تەرەپكە مېڭىشقا باشلىدى. جەسەتلەر قارىماققا ئىككىلىنىپ قالغان بولۇپ، ئابلاكامنىڭ ئەتراپىدا ھەيرانلىق بىلەن، پات ـ پات خىرىس قىلىپ قويۇپ تۇراتتى. شۇندا ئابلاكام نىجاتقا قاراپ ـ: تېز ئۇلارنىڭ قېشىغا قايت!...مېنىڭ ۋاقتىم كۆپ قالمىدى، كۈچۈممۇ ئويلىغىنىمدىن ھالقىپ بوپتۇ. دېمەك ئەڭ بولغاندىمۇ نەچچە مىنۇتلا ۋاقتىم قاپتۇ، سىنى تونۇيالمىغۇدەك بولۇپ قالغۇچە ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويدۇم، ئەمدى ئەنسىرىشىم يوق........دىگەچ بىزگە قارىدى ـ: تېزدىن بۇيەردىن ئايرىلىپ ئالۋاستى ئۆڭكۈرنى تېپىڭلار، بۇلارغا ئۆزۈم تاقابىل تۇرىمەن!........... شۇندا سىڭلىمكامنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى ـ: ئابلاجان، قانداق بولۇپ كەتكىنىڭلار بۇ؟ ...ياق...سىلىنى تاشلاپ قويمايمىز، بىللە ئېلىپ كېتىمىز. بۇلارغا تەڭ تاقابىل تۇرايلى ماقۇل دەڭلا!.......... ـ: جاھىللىق قىلماڭلا سىڭلىماخۇن، ھېچقايسىڭلارنى تونۇيالماس بولۇپ كەتكۈچە دەرھال كېتىڭلار، ئەمدى ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن كارى يوق، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ بولدۇم. ۋاقىت قالمىدى، ھامىنى ئۆزگۈرۈپ قالسام سىلىنىڭ قولۇڭلاردا ئۆلۈشنى داۋاملىق دەپ كىلىۋاتقان ئىدىم، خۇدا سىلىنى تەڭقىسلىقتا قويماي دەپ ماڭا بۇ ئارقىلىق ئۆلۈشنى بەرگەن

ئوخشايدۇ!......ئەمدى ھېچقانداق پۇشايمىنىممۇ يوق، ئارزۇ قىلىدىغىنىم پەقەت سىلەرنىڭ ساق سالامەت چىقىپ كېتىشىڭلارلا خالاس......بولدى ۋاقىت قالمىدى تېز مېڭىلار!......... ـ : ياق بولمايدۇ، سىلىنى تاشلاپ قويمايمىز!......... ـ : تېز مېڭىڭلار دەۋاتىمەن!............ بۇ قېتىم ئابلاكامنىڭ ئاۋازى شۇنداق قورقۇنۇچلۇق بولۇپ، كۆزلىرىمۇ بىلەر بىلىنمەس قىزىللىقتا تولغان ئىدى. ئابلاكام شۇنداق دېگەچ خەنجىرىگە تىرىنىپ تۇرۇپ يەرگە ئېڭىشىپ قالدى. بىز ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىپ كەينىمىزگە ئاستا چېكىنىشكە باشلىدۇق. شۇندا بىردەم جىمجىت تۇرۇپ كەتكەن ئابلاكام چارچاپ تۇرۇپلا جەسەتتىن بىرنى تۇتىۋېلىپ كۆتۈرۈپ يەرگە كوچەپ ئاتتى، شۇندىلا بايىدىن بېرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇشقان جەسەتلەر تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئابلاكامغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ھازىر ھۆركىرەۋاتقان ئاۋازلارنىڭ ئابلاكامدىن ياكى جەسەتلەردىن چىققانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى ئەمما جەسەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىنلا ئابلاكامنىڭ ھايات قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدۇق. بىز ئاراپ ئىچىدە ئۇنىز ياش تۆككىنىمىزچە ئۆزىمىزنىڭ نىجاتكارى بولغان ئابلاكامنىڭ ھاياتى بەدىلىگە جەسەتلەر توپىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئالۋاستى ئۆڭكۈرنى تېپىش ئۈچۈن قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇدۇق.........................

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب8 ـ قىسىم)

سىلىمكا قانداقراق تۇرىسىز؟ ...... دېدىم مەن كېتىۋاتقاچ سىلىمكامغا قاراپ. ئۇ كۆكرىكىنى سىلاپ قويۇپ ـ : چوڭ چاتاق يوق!...ئىسىڭدىمۇ مەن ئەينى چاغدا چوڭ بوغما يىلاننىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ پۇتۇمنىڭ لوق گۆشى تىشىلىپ كەتكەن، شۇنىڭغا چىدىغان يەردە بۇ قانچىلىك ئىشتى دېيسەن!...... ـ : لىكىن بۇ كۆكرىكىڭىز تۇرسا، قانداقمۇ پۇتىڭىز بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن!...يەنە كېلىپ ئالدىمىزدا قانداق خەتەرلەرنىڭ بىزنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز، بۇنداق شارائىتتا ئالۋاستىلار بىلەنمۇ جەڭ قىلىشىمىز تەسكە چۈشەرمىكىن...ئابلاكام بولسىغۇ ياخشى بولاتتى!............ ئەڭ ئاخىرقى گەپنى دەپ بولۇپ بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىر نىغا كەپلىشىپ قالدى، «دىمىگەن بولسامچۇ!»دەپ ئۇيلاپمۇ ئۆلگۈردۇم، چۈنكى سىلىمكام سۆزۈمنى ئاڭلاپلا ناھايىتى ئازاپلىنىپ كەتتى، ھەتتا كۆزىدىن ئىككى تامچە ياشنىڭ سىرغىپ چۈشىۋاتقانلىقىنىمۇ سېزىپ قالدىم. شۇندا نىجات دەررۇ گەپنى يۆتكەپ مىنى يىنىغا تارتتى ـ : ئاداش نەدىبى گەپلەرنى قىلماي مانىڭغا قارىغىنە!........ ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ قولىغا قاراپلا قېتىپ قالدىم. چۈنكى ئۇنى قولىدا سىرىق رەڭدە ۋالىلداپ تۇرغان بىر ئاچقۇچنى كۆرگەن ئىدىم. ـ : بۇ...بۇنى نەدىن تاپتىڭ؟ ......... ـ : ھا ھا، دىيسەم ئىشەنمەيسەن!...بۇنىۋاغۇ بىر جەسەت ئالۋاستىدىن ئۇتىۋالدىم!............ ـ : چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟ ...دېدىم مەن ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرىدە قاراپ. نىجات بولسا چىكىلداپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ـ : چىك ئاي ئاداش!........مۇشۇنداق چاغدىمۇ ساڭا چاقچاق قىلامدىم. راس دەۋاتىمەن، بۇنىۋاغۇ بىر جەسەت ئالۋاستى بىلەن شىشخال ئويناپ ئۇتىۋالدىم. قارا مانا، ساپ

ئالتۇن دىگىنە!............ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى، بىر جەسەت قانداقمۇ شىپشىخال ئويىنيالىسۇن!... ـ: ھەي مايمۇن، چاقچاق قىلماي دىگىنە زادى نەدىن تاپتىڭ بۇنى؟ ......... ـ: ئەستاخپۇرۇللا!...مەن ساڭا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىۋاتامدىم يا؟ ......بۇنى ئالۋاستىدىن ئۇتتۇۋالدىم دەۋاتىمەن!......... نىجاتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ناھايىتى ئۇرغۇلۇق چىقىۋاتاتتى، ئۇ يەنە ـ: ئادەمنى قەسەم قىلىشقا مەجبۇرلىمىغىنە، باشتىلا دىگەنتىمغۇ زادى...سەن سۆزلىرىمگە ئىشەنمەيسەن، شۇ بۇنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئادەمگە غەيرى تۇيىلىدۇ شۇنداقمۇ؟ ...مەنمۇ دەل تۇنجى قېتىم ئۇ جەسەت بىلەن تاۋاكاغا چۈشكەندە ئىشەنمەيلا قالغانتىم، كىيىن بۇنى ئۇتتۇۋالغاندا ئابلاكام نەدىن پەيدا بولدىكىن ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزىۋەتتى.........ھەي!......يەنە بىردەم كەلمىگەن بولسا ئۇ جەسەتنى دىۋانىلا قىلىپ قوياتتىمدە!....................دىگەچ ئۇھسىنىپ قويدى. ئۇنىڭغا قاراپ سەل بىنورمال ھېس قىلىپ سورىدىم ـ: ساراڭ بوپ قالمىغانسەن؟ ...ئىشقىلىپ قانداقلا قارىسام سەن سەل بىنورمال!.........بايا جەسەتلەرنىڭ بىزگە قانچىلىك ۋەھشىيلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ، ھەتتا ئابلاكامۇ ئۇلارنىڭ قولىدا!.................... سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمەي قالدىم. نىجات ھەرقانچە قىلىپمۇ سۆزىگە ئىشەندۈرەلمىگەندىن كېيىن ـ: قانداقلا دېسەم ئىشەنمەيسەن، بولدى دىمىگەن بولاي!.........ئابلاكامنىڭ ئىشىغا كەلسەك ئۇ ئۆزگۈرۈپ بولدى، ئەمدى بىزنى تونىيالمايدۇ. بىز ئۇنى قۇتۇلدۇرىۋالغان شارائىتتىمۇ يەنىلا ئۆزىمىز ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايمىز...بايا كۆرگەنسەن بىر جەسەتنى بالىسىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ يەتتە سەككىز جەسەت بىلەن قوشۇپ ئۇچۇرىۋەتكىنىنى!...بىزنى شۇنداق قىلىپ قالسا نىم بولماقچى، ھەممىمىز ئۆلىمىز شۇ. مەنمۇ بەك قايغۇردۇم ئەمما ئابلاكامنىڭ قاراپ تۇرۇپ بىزگە قەست قىلىشىدىن، ئالۋاستىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمۇ!...بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ھەقىقىي«ئابلا ئاكا»بولۇپ مەڭگۈ ياد ئىتىلىدۇ، بۇنىچۇ قەھرىمانلارچە ئۆلۈش دەيمىز!.......... گەرچە نىجاتنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق بولسىمۇ لىكىن يەنىلا يۈرىكىم ناھايىتى ئازاپلىنىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ھالدا بىر ئۇھسىنىپ قويۇپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. ـ: قاراڭلار تاغنى تېپىپتۇق!........... سىڭلىمكام ئالدى تەرەپكە قولچىراقنى يورۇتقاچ ۋارقىرىدى. دەرۋەقە تەخمىنەن بىردىن بىرەر كىلومىتىر يىراقلىقتا تاغنىڭ سىيماسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بىراق ئۇ جاي بىز ئىزدىگەن جاي شۇمۇ ياكى ئەمەسمۇ بىلمەيتتۇق. ھەم شۇ بولغاندىمۇ يەنە قانداق خەتەرلەرنىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقى نامەلۇم ئىدى. ـ: سىڭلىمكا، ئۇ راستىنلا بىز ئىزدەۋاتقان تاغ شۇمىدۇ؟ ......... دىدىم مەن گۇمان نەزىرىدە ئالدىغا قارىغاچ. سىڭلىمكام ماڭا قاراپ قويۇپ ـ: شۇ بولسۇن ياكى ئەمەس بولسۇن بىز ئاۋۋال بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىمىز كېرەك!......لىكىن بەك يىقىن بىرىۋالماي، ئاۋۋال ئەتراپىنى كۈزىتەيلى ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتەيلى. نىملا دىگەن بىلەن ئۇ يەر ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى ئەمەسمۇ، شۇڭا ئالدىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك!...يەنە كېلىپ

ئابلاجان ئۆز جېنى بەدىلىگە بىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان، ئەمدى بولسا سىلەرنى قوغداش مىنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى، شۇڭا ئابلاجاننىڭ بەدەل تۆلىشى بىكارغا كەتسە بولمايدۇ، جېنىمنى تىكىپ بولسىمۇ سىلەرنى بۇ نەس باسقان خارابىيلىقتىن چوقۇم سالامەت چىقىرىۋېتىمەن!........... سېلىمكامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەچچە جۈملە سۆزى يۈرىكىمنى تىترىتىۋەتتى. ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنىمۇ خۇددى ئابلاكامدەك ئۆز ھاياتى بەدىلىگە بىزنى قۇتۇلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەندەك قىلاتتى. ـ: نېمە دەۋاتىسىز سېلىمكا، چىقىرىۋېتىمەن ئەمەس بىللە چىقىپ كېتىمىز دەڭ!......ئەگەر سىزگە بىرەر ئىش بولۇپ قالىدىغان بولسا مەنمۇ جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!...ئەڭ ياخشى ھىمايىچىمىز، نىجاتچىمىز بولغان ئېسىل خىسلەتلىك ئابلاكامدىن ئايرىلىپ قالدۇق، ئەمدى سىزدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن، يەنە كېلىپ مېھرىبانىم ئانامغا قانداق جاۋاپ قىلىمەن!............. سۆزلەۋاتقىچە بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم بولغاي ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ ئېڭىكىمدە تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا سۆزۈمنى ئاڭلاپ ھەممىسى جىمجىتلا بولۇپ قېلىشقان ئىدى. سېلىمكامۇ گەپ قىلماي يولىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقاچ چوڭ بىرنى تىنىۋېلىپ ـ: بولدى ئارتۇقنى سۆزلەشمەيلى، تاغقىمۇ يېتىپ كەلەيلا دەپ قاپتۇق، ئاۋۋال مەلۇم دائىرىدىن ئۆڭكۈرنى بىر كۆزىتەيلى بىخەتەر بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆڭكۈرگە ھۇجۇم قىلايلى!..............دىدى. بىز ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ تاغقا يېقىنلاپ قالغاندا قەدىمىمىزنى توختىتىپ ھۇشيارلىق بىلەن كۈزىتىشكە باشلىدۇق. دەرۋەقە ئالدىمىزدا ئۈچ تاغ بار بولۇپ ئوتتۇرىسىدىكىدە ئىلغا قىلغىلى بولغۇدەك چوڭ ئۆڭكۈردىن بىرسى تۇراتتى، ئەتراپ تېخى قاراڭغۇ بولغاچقا دەماللىق تاغنىڭ ئەتراپىدا بىرەر خەتەرنىڭ بار يوقلىقىنى بىلەلمىدۇق. بىز شۇ ھالدا قۇرۇپ قالغىلى تۇرغان تىكەنگۈللەر بىلەن يۇلغۇنلارنى ئۆزىمىزگە دالدا قىلغان ئاساستا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئەتراپىمىزنىمۇ ياخشى تەكشۈرۈشكە باشلىدۇق. ـ: دىققەت قىلىڭلار، بىز يوشۇرۇنغان يۇلغۇنلار جەسەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشى يوشۇرۇنۇش ئورنى...يەنە كېلىپ كېچىدىمۇ نورمال كۆرەلەيدىغان ئابلا پالۋان ئەمدى يوق، ھازىردىن باشلاپ ئۆز كۈچىمىزگە تايانمىساق بولمايدۇ. شۇڭا ھوشيارلىقنى بەك ئۆستۈرۈڭلار، پات ـ پات ئەتراپىنىمۇ كۈزىتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!...........دىدى سېلىمكام. بىزمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئەتراپىمىزنىمۇ چالا قويماي تەكشۈرۈپ چىقتۇق. ھەرھالدا ئەتراپىمىز ھازىرچە بىخەتەر ئىدى، لىكىن ھېلىغىچە يەنە نىمە ئىشلارنىڭ يۈز بىرىدىغانلىقى يەنىلا بىزگە نامەلۇم ئىدى. مەن سېلىمكامنىڭ پات ـ پات كۆكرىكىنى تۇتۇپ قويىشىدىن يارىسىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، شۇندىلا ئەتراپىمدىكى ھەمراھلىرىمنىڭ شەخسەن ئۆزۈمنىڭ يارىسىنىڭمۇ بىرخىل يېقىمسىز ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ـ: ھازىرچە ئەتراپ بىخەتەر ئىكەن، مۇشۇ پۇرسەتتە يارىلىرىمىزنى تېڭىۋالايلى، ئاندىن سەل ماغدۇرغا كەلگەندە ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلارمىز!...... دىدىم مەن. شۇندىلا ھەمراھلىرىم ئۆزلىرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆلگۈردى. ـ: توۋا!......سەن دېمىگەن بولساڭ بۇ

جىددىيچىلىكتە ئۆزۈمنىڭ يارىلانغىنىمنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ!........ دىدى غېنى مۇرىسىنى سىلىغاچ، ئۇنىڭغىچە باشقىلارمۇ يارىلىرىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ يارىلىرىدىكى قېتىپ قالغان قانلارنى تازىلاشقا باشلىدى. ـ: بايىدىن بېرى ئاغرىق ھېس قىلمايۋاتاتتىم، سەن دىگەنىڭزى ئەجەپ ئاغرىپ كىتىۋاتىدا!........... دىدى رۇسۇل بېقىنىدىكى يارىسىنى چىڭ بېسىۋالغاچ ـ: كاساپەت!......ئالۋاستىنىڭ تىرنىقى تېرەمنى يىرتىۋېتىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى چوڭراق ئەمەسكەن بولمىسا ئىچ باغرىم تۆكۈلۈپ قالاركەن!........... رۇسۇلنىڭ ۋايساپ ئېيتقان سۆزى نىجاتنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى ـ: ۋاي سەن قوسقۇڭنىڭ تويغىنىنى تۇتۇپ بېقىپ بىلىدىغان نىمە تۇرساڭ يارىلانغىنىڭنى قانداق بىلەتتىڭ دېۋە!......ئەگەر سەن دېگەندەك راسلا قورساق قىسمىڭغىراق ھۇجۇم قىلغان بولسا ئەخلەت تۇڭىدىن تۆكۈلگەندەك بىر دۆۋە ئەخلەت تۆكۈلەتتى سېنىڭ قورسۇقۇڭدىن!............ نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ رۇسۇل يەنە تېرىكتى ـ: ھۇ دۈشمەن، ماڭا بىرەر ئىش بولسا خۇش بولامتىڭ!...ھېلىمۇ جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا بىزنى تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كەتتىڭ قورقۇنچاق مايمۇن!............ ـ: نىمە؟ ...مەن قاچمىدىم، جەسەتلەر ھۇجۇم قىلىپ بىزنى بۆلىۋەتتى. شۇ چاغدا قارىسام ئەتراپىمدا سىلەر يوق، تاپالماي بىر يەرلەرگە چېكىنىۋىرىپتىمەن، بىر چاغدا قارىسام ئەمەسلا بىر يەرلەردە يۈرىمەن جىمجىتلىقى ئۇ يەرنىڭ ئادەمنى تېخىمۇ سۈر باستۇرۇپ......بىر ۋاقتا ئالدىمغا بىر جەسەت چىقىپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ كەتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن.........ھەي ئىشقىلىپ دەپ كەلسەم گەپ بەك جىق، يەنە كېلىپ دىسەممۇ بەرىبىر سىلەر ئىشەنمەيسىلەر!........... دىدى نىجات ماڭا قاراپ قويۇپ. دىمىسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، قانداقسىگە بىر جەسەت ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئوينىاپ ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۇتتۇرىۋەتسۇن!...بەلكىم ئۇنى تېپىۋالغان بولسا كېرەك دەپمۇ ئويلىدىم. شۇندا نىجاتنىڭ سۆزى خىيالىمنى بۇزدى ـ: نىمىلا دىگەن بىلەن سەنمۇ خېلىلا باتۇرلۇق قىلدىڭ جۇما رۇسۇل، ئەسلى چۈشەنسەڭ مەن ساڭا ئىچىم كۆيەپ تېرىكتۈرۈپ قويىمەن، ئەمما چىن كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم سىلەر مېنىڭ جان ـ جىگەر ھەمراھلىرىم، ھېچقايسىڭلاردىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن!...... ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىدىن چىققان ئىدى، بىز مەنۇن بولۇشقان ھالدا بىر ـ بىرىمىزنى ئاتەشلىك مېھرىمىز بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىۋالدۇق. ئارىدىن نىجات يەنە قىززىقچىلىقنى باشلىدى ـ: ئادىشوي، قۇچاقلاپ قويغانغا قوساق تويمايدۇ!...ھامىمام يېقىپ بەرگەن توقاچلىرىڭنى چىقارمامسەن قورساق تارتىشىپ كەتتى شۇ تاپتا!............ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز كۈلۈپ كېتىشتۇق. ـ: سەندىن ئايلانسۇن ئاداش، ھازىرلا ئالاي ھە...مەززە قىلىپ بىر يەۋالغىنە!...........دىدىم مەن سومكامنى ئاختۇرغاچ. بىز ئولىشىپ ئولتۇرۇپ كىچىككىنە قالغان ئەڭ ئاخىرقى«ھاياتلىق ئۇمۈدى»مىزنى مەززە قىلىپ يىگەچ ئارام ئېلىپ خېلى ماغدۇرغا كېلىۋالدۇق. ـ: تېخىچە بىرەر شەپە يوققۇ!...... دىدى سېلىمكام سەل بىنورمال ھېس قىلىپ ـ: بۇ ئۆلارنىڭ ئۆۋسى

تۇرۇۋقلۇقمۇ ئەتراپىدا بىرەر ئالۋاستىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغۇ، بۇنداق جىمجىت بولسا سەل خەتەرلىكمۇ قانداق!............ ـ: بەلكىم ھەممىسى سىرتتقا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، تاك سۇزۇلۇشكە يېقىن ھەممىسى قايتىپ كېلەرمىكىن دەيمەن...بولسا بىزمۇ ئۆڭكۆر يوقاپ كەتكىچە كىرىۋالساق بولاتتى بولمىسا ئەتىگە قېپ قالساق يەنە نىمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ بۇنىسى نامەلۇم!...يەنە كېلىپ ھازىر تېزرەك كىرىۋالمىساق جەسەتلەرنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىغا ئودۇل كېلىپ قېلىپ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرارمىزمىكىن!......... دىدىم مەن ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ. سىلىمكامۇ پىكرىمنى قۇۋۋەتلەپ قويدى ـ: قەھرىمانىنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق، بەلكىم ئۇلار تاك سۇزۇلۇشكە يېقىن ئۇۋىسىغا قايتىدۇ، ئۇنداق بولغاندا ئالۋاستىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇقەررەر، شۇڭا ھازىر ئۆڭكۆرگە كىرىۋېلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى!................ سىلىمكام بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ـ: بولىدۇ، ھازىرمۇ خېلى ماغدۇرغا كېلىۋالدۇق، ئۇنداقتا سەزدۇرمەي ئۆڭكۆرگە كىرىۋالايلى. لېكىن مەن يەنىلا سىلەردىن چوڭ شۇڭا بىلىدىغىنىم سىلەردىن كۆپ، ئامال بار بەك دىققەت قىلىڭلار. ئەسلى بۇنچىۋالا جىمجىت بولۇپ كېتىشى ناھايىتى بىنورمال ھەم بەك خەتەرلىك ئىدى، تاك سۇزۇلۇپ كەتسىلا دېگەندەك ئۆڭكۆر يوقاپ كېتىدۇ شۇڭا مەنمۇ تەۋەككۇل قىلىشنى توغرا تاپتىم. نېمە كۆرسەك قەتئىي بوشاشماستىن ئالۋاستىلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىۋېتىش ئۇچۇن تىرىشايلى!......بۇنىڭغا غەيرىتىڭلار بارمۇ؟ ............... ـ: بار!................
ـ: ئۇنداقتا ياخشى، سەپتىن چۇشۇپ قالمىغان ئاساستا ماڭا ئەگىشىڭلار، ئامال بار بەك كۆزگە چېلىقماي يوشۇرۇنۇپراق مېڭلار!................ سىلىمكام شۇنداق دېگەچ ئەتراپنى بىر قۇر كۈزىتىۋېتىپ خەنجىرىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئاستا تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، بىزمۇ ھەم سىلىمكامغا ئەگىشىپ ئالۋاستى ئۆڭكۆرىگە قاراپ ماڭدۇق..............

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب9 ـ قىسىم)

بىز ئالۋاستى ئۆڭكۆرگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدۇق، دېگەندەك ئۆڭكۆر ئەتراپىدا ھېچقانداق تىۋىشمۇ يوق ئىدى. ـ: بۇيەر راسلا بەك جىمجىتكەنغۇ؟ ...... دىدى نىجات ئەتراپقا نەزەر سالغاچ. سىلىمكام ـ: توغرا، مىنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىممۇ دەل مۇشۇ ئىش...ئالۋاستى ئۆڭكۆرى تۇرۇۋقلۇق بىرەر جەسەتنىڭ ھەرىكەت قىلغىنىنىمۇ كۆرگىلى بولمىغىنىدىن قارىغاندا بىرەر خەتەر باردەك قىلىدۇ، ئامال بار ئالدىراپ كەتمەڭلار!.........دېگەچ قەدىمىنى يەنىمۇ ئاستىلاتتى. بىزمۇ سىلىمكامغا ئورتاقلىشىپ قەدەملىرىمىزنى ئاستىلاتقاندىن كېيىن ئۆڭكۆر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتۇق. تاغنىڭ شەكلى بىر مەخلۇققا ئوخشاپراق كېتىدىغان بولۇپ، ئۆڭكۆر خۇددى ئۇ مەخلۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغىنىغا ئوخشايتتى. ـ: بۇ جاينى ئالۋاستى ئۆڭكۆرى دېيىشى بىكار ئەمەسكەن جۇمۇ، قاراڭلار تاغنىڭ تۇرقىمۇ شۇنداق قورقۇنۇچلۇقكەن. خۇددى غايەت زور بىر مەخلۇقنىڭ تاش قاتمىسىدەكلا!............دىدى غېنى تاغقا قاراپ قويۇپ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ نىجات سۆز

قاتتى ـ: شۇنى دىگىنە، قاراشقا ئادەمنى دەم تارتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندەكلا كۆرۈنىدىكەن. شۇ تاپتا ئىچىگە كىرىشتىنمۇ سەل قورقۇۋاتىمەن جۇمۇ!........... ـ: يوقىلاڭ گەپ قىلمىغىنە، ئىچىگە كىرمەي قۇتۇلالايدىغان ئىش بولسا شۇنچە جاپا تارتىپ مۇشۇ جايغا كېلىپ ساراڭمۇ بىز!...بۇ چاقىقا ئاللىبۇرۇن چىقىپ كېتىپ ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ بولماتتۇق!......... دىدىم مەن. نىجات يەنە ـ: شۇ شۇ، ئەگەر بۇنچىلىك ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىدىغىنىنى بىلگەن بولساق باشتىلا كىرمەستۇق بۇ جايغا...مەنمۇ ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ يۈرۈپ خوتۇنمۇ ئېلىپ بولار ئىدىم!...........دەپ قويدى. شۇ پەيتتە سىلىمكامنىڭ ئالدىمىزنى توسۇشى بىلەن جىممىدە بولۇپ ئالدىغا قارىدۇق. ـ: بىرەر ئىش بولمىغاندۇ سىلىمكا؟ ...دىدىم مەن بوش ئاۋازدا. سىلىمكام ـ: ياق، ئۆڭكۈر ئىچىدە خەتەر بار يوقلىقىنى كۈزىتىۋاتىمەن. شۇنچە يېقىنلاپ قالدۇق ئەمما بىرەر جەسەتنىڭ ھەرىكەت قىلغىنىنى كۆرمىدىم، شۇڭا كۆڭلۈم بىرخىل شۇملۇقنى ھېس قىلىۋاتىدۇ. ئادەتتە بۇنداق جىمىپ كېتىشى نورمال ئەمەس!........سىلىمكام شۇنداق دىگەچ بىزگە ـ: سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن يەنىمۇ يېقىنراق بېرىپ ئەتراپنى ئوبدانراق كۈزىتىپ باقاي!......دەپ ئالدىغا ماڭدى. مەن ئەنسىرەپ دەرھال سىلىمكامنى تۇتىۋالدىم ـ: بولمايدۇ سىلىمكا، سىزنىڭ يارىڭىز ئېغىر تۇرسا يالغۇز بېرىپ بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز!........... سىلىمكام كۈلۈپ قويۇپ ـ: ئەنسىرىمە، سىلىمكاڭ ئۇنچە ئاجىز ئەمەس...بۇنچىلىك يارىلانغانغا ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشالمايدىغان ئىش يوق، ياكى بىرەر خەتەرگە ئۇچراپ قالسا سىلەرنى قاتتىق ۋارقىراپ تۇۋلاي، تېزدىن يىتىپ كەلسەڭلارلا بولىدۇ ئەمەسمۇ!.....دىگەچ يەنە يولىنى داۋام قىلدى. ـ: بىراق!............... سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن ئابلاكام بىزدىن يىراقلاپ بولغان ئىدى. كۆڭلۈم ئەنسىزلىنىپ سىلىمكامدىن خاتىرجەم بولالماي ئۇنىڭ كەينىدىن چاندۇرماي ئىز قوغلاپ ماڭدىم. ـ: ھەي نەگە بارسەن ياغاچ قۇلاق!..........دىدى نىجات جىددىيلىشىپ ـ: سىلىمكام كەلگۈچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى، ھېلى سەنمۇ كەتسەڭ تېپىشالماي ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىمايلى يەنە!........... ـ: ئەنسىرىمە، ئەتراپقا دىققەت قىلىپ ماڭىمەن. سىلىمكامنى يالغۇز كەتكۈزىۋەتسەم بولماس!..........مەن شۇنداق دېگەچ يولىمنى داۋام قىلىپ سىلىمكامنىڭ كەينىدىن يوشۇرۇنچە ئەگەشتىم. سىلىمكام مېنىڭ كەينىگە چۈشكىنىمنى بايقىماستىن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ دېگۈدەك ئۆڭكۈرگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغاچ ئۆڭكۈرگە يېقىنلىشىپ قالغانسېرى يۈرۈكۈم جىددىي سوقۇشقا باشلىدى، قولۇممۇ بىلەر بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى. سىلىمكام شۇ ئارىدا بىر يۇلغۇننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ دالدىلانغاچ ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىنى تەپسىلىي كۈزىتىشكە باشلىدى، مەن سەل جىددىيلىشىپ قولچىراقنى ئېلىپ يورۇتتۇم، ئەمما بۇزۇلۇ قالدىمۇ ياكى باتارىيەسى تۈگىدىمۇ يېقىلمايۋاتاتتى. مەن سەل تېرىكىپ قولچىراقنى سىلكىشكە باشلىدىم، لىكىن يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى. شۇندا سومكامنى

ئاۋايلاپ پەسكە ئېلىپ ئىچىنى ئاختۇرۇپ يۇرۇپ باتارىيەنى تاپتىمدە خۇشال بولۇپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەپ قويدۇم ـ : ئەمدىغۇ يېقىلارسەن!............ ـ : بۇ يەردە نىمىش قىلىۋاتىسەن؟ ...... « ـ : ئاااااا!.........» تۇيۇقسىزلا ئارقامدىن ئاڭلانغان ئاۋاز بىلەن تەك قورقۇپ ۋارقىراپ كىتىپ قولچىراق قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. ـ : ئۇششششششش!...ئادەمگە ئىش تېپىپ بەرگۈچە ئۇلار بىلەن تۇرۇپ تۇرساك بولمامدۇ نىمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن دەيمە!.......... سىڭلىمكام ئېغىزىمنى تۇتىۋالغاچ كايىۋاتاتتى. ـ : كەچۈرۈك سىڭلىمكا، شۇ مەن سىزدىن ئەنسىرەپ!............... شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا كۆڭلۈم بىر ئىشنى سىزىپ چاقماق تېزلىكىدە بايا سىڭلىمكام يوشۇرۇنغان جايغا قارىدىم......بىراق سىڭلىمكام راسلا يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىردەمدىلا قېشىمغا كىلىپ بولغىنىغا پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە سىڭلىمكام ھەيران بولۇپ سورىدى ـ : نىمە جىندىن ئۈركۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئالاقزادە بولۇپ كېتىسەن، ماڭە قايتىپ كېتىمىز!........ ـ : ياق، بايا ئاۋۇ يەردە تۇراتتىڭىز قانداق بولۇپ شۇنچە تېز يېنىمغا كىلىپ بولدىڭىزكى شۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتىمەن!............ سىڭلىمكام كۈلۈپ كەتتى ـ : ھە.....ئۆڭكۈر ئىچىنى كۈزەتسەم ھېچقانداق شەپە يوق، شۇڭا سىلەرنى ئېلىپ كىلەي دەپ ماڭغان. قارىسام قاراڭغۇدا سەن ھەرىكەت قىلىۋېتىپتىكەنسەن مىنى بايقىمىدىڭ، مەنمۇ تېخى جەسەت بولسا تازلىۋېتەي دەپ يېقىنراق كەلسەم سەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپسەن!........... سىڭلىمكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قىپىدىن چىقىپ كەتكىنى تاسلا قالدى. ئەگەر مەن ئىكەنلىكىمنى بىلمەي، جەسەت ئوخشايدۇ دەپلا بىر چاپقان بولسا رەھمەتلىك بولۇپ كېتەركەنمەن!...خۇداغا شۈكرى، رىسقىم بار ئوخشايدۇ...... ـ : ماڭە، ھاڭۋېقىپ تۇرماي ئۇلارنىڭ قېشىغا بارايلى!......... سىڭلىمكام شۇنداق دىگەچ قولۇمدىن تارتتى. ـ : توختاك، سومكامنى ئېلىۋالاي!...... مەن شۇنداق دەپ سومكامنى ئېلىپ سىڭلىمكام بىلەن ھەمراھلىرىمنىڭ قېشىغا ماڭدىم. بىز بارغاندا بولسا نىجات ئەتراپىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى، بىزنى كۆرۈپلا گەپنى توختىتىپ سورىدى ـ : ھە، قانداق بولدى. ئۆڭكۈر ئىچى بىخەتەرمىكەنيا؟ ............ ـ : بىخەتەركەن!...دىدى سىڭلىمكام سەل تاپا ئارىلاش ـ : قانداق گەپ بۇ بەشىڭلار تۇرۇپ قەھرىمانىنى توسىۋالماي قاراپ تۇردۇڭلارما، مەن تېخى بايا ئۇنى جەسەت ئوخشايدۇ دەپ تاس قاپتىمەن چېپىۋەتكىلى!........ ـ : ئوھ، شۇنداقمۇ ئىش بولدىما!.....بىز ئۇنى توسۇساقمۇ گېپىمىزنى ئاڭلىماستىن كەينىڭىزدىن كەتتى شۇ، يا ئۇنىڭغا قاتتىقراق گەپ قىغىلى بولمىغان!............دىدى نىجات ماڭا قاراپ قويۇپ. ـ : بولدى، ئەمدى بۇنداق ئىشنى قىلماڭلار...توپ بۆلۈنۈپ كەتسىلا چوك ئاۋارىچىلىككە قالىمىز شۇڭا بىر ـ بىرىڭلارغا ھېزى بولۇڭلار، بۇندىن كېيىن ھېچقايسىڭلارنىڭ ئۆز خائىشىڭلار بويىچە توپتىن ئايرىلىشىڭلارغا بولمايدۇ چۈشەندىڭلارمۇ؟ ...بولۇپمۇ سەن ياغاچ قۇلاق!.............دىدى سىڭلىمكام مىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. مەنمۇ سەل خىجىل بولغان ھالدا ـ : ماقۇل!...... دىگەننى ئارانلا دىيەلىدىم، قالغانلار بولسا ماڭا قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى.

سىلىمكام بىزنى ئۆڭكۈر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، ھەر بىر قەدىمىدە ھۇشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ ماڭاتتى. بىز شۇ ھالدا مېڭىپ تاغنىڭ ئەتراپىغا قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن يۇلغۇنلارنىڭ ئارقىسىغا كىلىۋالدۇق، ئەمدىكى قەدەمدە تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ ئۆڭكۈرگە كىرسەكلا بولاتتى. لىكىن نىمىشقىدۇر ھەممىمىزنىڭ چىرايىنى بىرخىل ئەنسىزلىك قاپلىغان بولۇپ خۇددى ئىچىگە كىرسەكلا چىقالمايدىغاندەك بىرخىل تۇيغۇدا ئىدۇق، شۇنداقتىمۇ ئىچىگە كىرمىسەك زادى بولمايدىغان بولغاچقا ئۆزىمىزدىكى قورقۇنچلىرىمىزنى يوقىتىپ باتۇر بولۇشقا تىرىشاتتۇق. شۇ ھالدا ھەممىمىز بىر قولىمىزدا قولچىراقنى يەنە بىر قولىمىزدا قىلىچلىرىمىزنى چىڭ تۇتۇشقان ھالدا ئالدىمىزدىكى غايەت زور چوڭ بىر قىيتىملىق قانلىق جەڭ، ھەم ئەڭ ئاخىرقى قىيتىملىق چوڭ جەڭگە تەييارلىق قىلدۇق. بۇ قىيتىملىق جەڭ ئالدىدىكىلەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ غەلبە قىلساق چىقالايتۇق، مەغلۇپ بولۇپ قالساق جەسەتلىرىمىز مەڭگۈگە مۇشۇ جايدا قالاتتى. بۇ ھەممىمىزگە ئايان بولغاچقا ئۆز-ئارا رازىلىق ئېلىشىۋالغاندىن كېيىن قولچىراقلىرىمىزنىڭ باتارىيەسىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرىۋېلىپ ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ كەلدۇق. ئۆڭكۈر سىرتتىنمۇ قاراڭغۇ بولۇپ قولچىراقنىڭ يورۇقى بولمىسا ھەتتا سۇركىشىپ مېڭىۋاتقان ھەمراھلىرىمىزنىمۇ كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىدى. ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپلا بىرىنچى ئىشىمىز ئەتراپقا چالا قويماي قولچىراق يورىتىش بولدى. لىكىن ئىچىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا قالدۇق. چۈنكى خاتىرىدە دىيىلگەن بۇ چوڭ زال جەسەتلەرنىڭ پارچىللىرى بىلەن تولغان ئىدى. بۇلارنىڭ قانچىلىك ئادەملەرنىڭ جەسىدى ئىكەنلىكىنىمۇ پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەس، شۇ تاپتا بۇ جاي«سۆڭەك يىغىش ئورنى»غىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ بىرخىل ئاچچىق سېسىق پۇراق دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. -: بۇ ئادەملەرنىڭ جەسىدىمۇيا ئالۋاستىلارنىڭ پارچىللىرىمۇ؟ ...نىمانداق كۆپ جەسەتلەر بۇ، شۇ تاپتا كۆرۈپلا پۇت - قولۇم بوشىشىپ كېتىۋاتىدۇ!......... دىدى نىجات بۇرنىنى ئېتىۋالغاچ. شۇ تاپتا ئۇلا ئەمەس بىزنىڭمۇ پۇت - قولىمىز بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆڭكۈرگە كىرىپلا بۇ ھالنى كۆرىشىمىز جاسارىتىمىزنى بىر بالداق تۆۋەنلىتىپ قويدى، ئەلۋەتتە بۇنچە كۆپ كىشىلەر سۆڭەك دۆۋىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن يەردە بۇ يەتتىمىز نىمە بولماقچى!.........يەنە كېلىپ خاتىرىدە دىيىلگىنى راسلا بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ئەسكەرلىك غايەت زور جەسەتلەر قوشۇنى بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ دىگەن سۆز، يەنە ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانى بولغان ئالۋاستى شاھمۇ بار......... شۇلارنى ئويلاۋېتىپ دەررۇ قانلىق كىتاپ ئېسىمگە كېلىپ توۋلاپ سالدىم -: راس قانلىق كىتاپچۇ؟ ................. جىمجىتلىقتا تۇيۇقسىز ۋارقىرىشىمدىن چۆچۈگەن ھەمراھلىرىم جىددىيلىشىپ ماڭا قاراشتى. -: ساراڭمۇسەن، تۇيۇقسىزلا مەمەت ساراڭدەك توۋلاپ كىرە - كىرمەيلا يۈرىكىمىز چىقىپ ئۆلسۇن دەمسەنيا!.............. نىجات بەك قورقۇپ كەتكەچكىمىكى ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى. -: ئۇششششش!...ئاۋازىڭلارنى پەسەيتىڭلار، نىمىش بولدى شۇنچە ۋارقىراپ كەتكۇدەك!...... سىلىمكاممۇ ئىشنى ئاڭقىرالماي سورىدى. مەن

ئۆزۈمنى سەل بىسۇلىپ ئۇلارغا ــ : ئەينى چاغدا ئابلاكام قانلىق كىتاپنى قوينىغا سېلىۋالغان، ئۇ كىتاپ ئالۋاستى شاھنى يوقىتىدىغان بىردىنبىر مۇھىم نەرسە ئىدى. ئەمدى ئۇ كىتاپ بولمىسا ئالۋاستى شاھنى قانداق بەند قىلىمىز؟ ......دىدىم. شۇندىلا قانلىق كىتاپ ھەممىسىنىڭ يادىغا كەلدى. سىلىمكام ــ : توغرا!......ئۇ كىتاپ بولمىسا ئالۋاستى شاھنى يوقاتقىلى بولمايدۇ، لىكىن ئابلاجان جەسەتلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغان چاغدا!...............شۇندا سىلىمكام بىر نەرسە يادىغا كەلگەندەك گىپىنى ئۆزگەرتتى ــ : ھۆي توختاڭلار!........ئەينى چاغدا ئابلاجان كىيىمنى يىرتىپ گۈلخان يېقىپ ئالۋاستىلارنى قاچۇرمىغانمىتى؟ ......ئۇنداق بولغاندا قوينىغا سېلىۋالغان قانلىق كىتاپ چۇشۇپ قالامدۇ!.................. بىز ھەيرانلىقتا سىلىمكامغا قارىدۇق ــ : ئۇنداقتا سىز شۇ چاغدا قانلىق كىتاپ چۇشۇپ قالغان دىمەكچىمۇ؟ ............ ــ : بىلمەيمەن، ئۇ چاغدا ئەھۋال جىددىي بولغاچقا دىققەت قىلماپتىكەنمەن، ھىچقايسىڭلار دىققەت قىلمىغانما؟ ...............دىدى سىلىمكام جاۋابەن. بىزمۇ تەڭلا بىشىمىزنى چايقىدۇق. شۇندا سىلىمكام جىددىيلەشتى ــ : ھەيييييي!......ما دۆتلىكىمىزنى!......شۇ چاغدا ئابلاجانمۇ جىددىيچىلىكتە كىتاپنىڭ چۇشۇپ قالغىنىنى بايقىمىغان ئوخشىمامدۇ، سىلەردە سومكا بولغاندىكىن بىرەرسىڭلار سىلىۋالساڭلار نىمە بولاتتى دەيمە...ئەمدى قايتىپ بىرىپ كىتاپنى ئىزدەپ تىپىپ كەلگۈچە ئۆڭكۈر يوقاپ كىتىدۇ، بىر نەسچىلىك بولدىغۇ بۇ!............... ــ : ياكى كەينىمىزگە يىنىپ كىتاپنى تىپىپ قاراڭغۇ چۇشكەندە قايتا كىلىمىزمىيا؟ ............ ــ : ياكى بولمىسا بىرەيلەن بىرىپلا تىپىپ ئەكىلەمدۇقىيا!............ بىز ئۆزىمىز ئويلىغان ئامالارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتۇق، ئەمما سىلىمكام ھىچقايسىسىغا قوشۇلمىدى ــ : بولمايدۇ، بىر كۈن ئۇزاق تۇرساق خەتەرمۇ شۇنچە چوڭىيىپ كىتىدۇ، يەنە كىلىپ جەسەتلەر بىزنى ئاللىقاچان بايقاپ بولدى، ئەمدى قانداقلا بولسا ھۇجۇم قىلمىساق يەنە بىر قاراڭغۇ چۇشكىچە نىمە ئىشلار يۈز بىرىدۇ، بۇ جايغا قايتا كىلەلەمدۇق يوق بۇنىسىنى بىلمەيمىز!...... ــ : ئەمىسە قانداق قىلىمىز، ئالۋاستى شاھقا قاراپ تۇرۇپ يەم بولۇپ بىرەمدۇق؟ ......... غىنىنىڭ ئەنسىرەپ دىگەن سۆزىگە سىلىمكام جاۋاپ قايتۇردى ــ : ياق ئۇنداق قىلمايمىز!......سىلىمكام كۆزلىرى نۇرلانغان ھالدا سۆزلەۋاتاتتى ــ : بىز ئاۋۋال بۇ جاينى سىھىرلەپ قويغان ئالماس گۆھەرنىڭ ئورنىنى تاپايلى، ئالماسنى ئورنىغا سىلىۋەتسەكلا خارابىلىقنىڭ سىھرى يىشىلىپ چىقىش ئىغىزى ئىچىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بىز ئۆڭكۈردىن قىچىپ چىقىپ قانلىق كىتاپنى ئىزدەيلى، ئۇ ۋاقىتتا مەنچىمۇ تاڭ ئىتىپ بولىدۇ، يورۇقتا ئاسان تاپىمىز ئەمەسمۇ!...ئاندىن ئالۋاستى شاھنى قايتىدىن بەند قىلىۋىتىپ بۇندىن كىيىن ھىچقانداق ئادەم تاپالمايدىغان بىر جايغا كۆمىۋەتمەمدۇق!.................. ــ : توغرا!...بۇ ئامال بولىدىغاندەك قىلىدۇ!.........دىدى نىجات ھاياجانلىنىپ، لىكىن بىردەمدىلا چىرايى يەنە تۇتۇلدى ــ : بىراق تاڭ ئاتقاندا ئۆڭكۈر يوقاپ كىتىدىغان تۇرسا قانداق قىچىپ چىقىمىز...يەنىلا ئالۋاستىلارنىڭ چاڭگىلىغا تۇتۇلمايمىزمۇ؟ ...... ــ : ئۇنداق بولمايدۇ،

سىپەھر يېپشىلسىلا مەنچە ئۆڭكۈرمۇ سىپەھرنى يوقىتىپ يوقاپ كەتمەيدۇ، ئۇ چاغدا بىز دەرھال قېچىپ قۇتۇلىمىز، جەسەتلەر بولسا يوروۇقتىن قورقىدۇ شۇڭا بىزنى تۇتالمايدۇ بۇ بىز ئۈچۈن پۇرسەت...ئاندىن كىتاپنى تېپىپ ئالۋاستى شاھنى بەند قىلىۋەتسەكلا ھەممە ئىش ئورنىغا چۈشىدۇ!......... بۇنى ئاڭلاپ نىجات يەنە گۇمان بىلەن سورىدى ـ: ئەگەر ئالماسنى ئورنىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆڭكۈر يەنىلا يوقاپ كەتسىچۇ؟ ...پۈتۈن سىپەھر شۇنىڭ بىلەن يېپشىلىدۇ دەپ كاپالەتلىك قىلالامسىز؟ ............ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سىلىمكامۇ بىردەم جىمىپ كەتتى ئاندىن ـ: مەنمۇ بىلمەيمەن، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم كىرىشىم تۇرسا!...يەنە كېلىپ كۈندىلىك خاتىرىدە بۇ توغرۇلۇق ئېنىق چۈشەنچە بېرىلمەپتۇ، يازغۇچىمۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پەرەز قىلغىنىنىلا يازغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كېسىپ ئېيتىش سەل تەسرەك، ئەمما بىزنىڭ قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن!.....چۈنكى ئەترىتىمىزنىڭ نامى نىمە ئىدى؟ .........دەپ سورىدى. شۇندا ھەممىمىزنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ بىرلىكتە جاۋاپ بەردۇق ـ: تەۋەككۇلچىلەر!.........   ـ: توغرا، بىز تەۋەككۇلچىلەرمىز!شۇڭا بۇ ئىشقىمۇ تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك، گېپىمنى قوللايدىغانلار بامۇ؟ ...... مەن سىلىمكامنىڭ سىزى تۈگىشىگىلا قولۇمنى كۆتۈردۈم، چۈنكى سىلىمكام تاغاملا ئەمەس بەلكى مەھەللىنىڭ بىر پالۋىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى خاتا يولغا باشلىمايتتى. ماڭا ئەگىشىپ قالغانلارمۇ قولىنى كۆتۈرۈشتى، شۇندا سىلىمكام كۈلۈپ قويۇپ ـ: ئەمىسە ياخشى، بۇ يەردىمۇ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدۇق جەسەتلەر بايقاپ قېلىپ ھۇجۇم قىلمىسۇن دەرھال ئاتلىنايلى!..............دىدى. دەل شۇ ئارىدا بىر نەرسىنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، لىكىن ئۆڭكۈردە ئەكس سادا چىققاچقا ئاۋازنىڭ ئىچىدىن ياكى سىرتىدىن چىققانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقىغان ھالدا جەسەت پارچىلىرىغا دەسسەپ تېز ـ تېز مېڭىپ ئىچكىرىلەپ يۈرۈپ كەتتۇق.........

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب10قىسىم)

ھوي قاراڭلار، مايەدە پۈتۈنلىرىمۇ باركەن!............. دىدى نىجات يەردىكى جەسەتلەردىن بىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. بىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يەرگە قارىدۇق. دەرۋەقە بىر پۈتۈن جەسەت، جەسەت پارچىللىرىنىڭ ئاستىدا ئىنكاسسىز ياتاتتى.  ـ: قاراڭلار بۇ يەرلەردىمۇ باركەن، خېلى كۆپتەك قىلامدۇ نىمە؟ ...... دىدى غېنىمۇ قولچىراقنى پەسكە يوروۇتقاچ. بۇلارنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىپ قالدۇق، ئالۋاستىلار قانداقسىگە ئادەمنى پارچىلىمايلا يېيىشنى ئۆگىنىۋالغاندۇ؟ .........شۇندا كاللام يورۇپ كەتتى ـ: بىلدىم، ئۇلار ئالۋاستى شاھ روھنى سۈمۈرىۋالغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن!.........خاتىرىدە دىيىلگەندە ئالۋاستى شاھ روھنى سۈمۈرىۋالغاندا مۇشۇنداق قۇرۇق ئۇستىخانلا قالىدىكەنغۇ، دىمەك بۇ پۈتۈن جەسەتلەر ئالۋاستى شاھنىڭ قۇربانلىقى، پارچىللانغانلىرى بولسا ئەسكەر جەسەتلەرنىڭ قۇربانلىقى بولۇشى مۇمكىن!............. سۆزۈمنى ئاڭلاپ نىجات ئېغىز ئاچتى ـ: ۋۇي، كاللاڭ ئالامەت ئىشلەپ قويىدىغۇ سىنىڭ!...پەرىزىڭ توغرا، بۇلار چوقۇم ئاشۇ ئالۋاستى شاھنىڭ قۇربانلىقلىرى. ئۇ

ئالۋاستى بەك ۋەھشىيمۇ قانداق، ھەتتا ئىچ باغرى، كۆز دەيدىغان نەرسىنىڭ ھېچنىمىسىنى قويماي سۈمۈرىۋالىدىلىنا؟ ......بىر قېتىمدىلا بىر ئادەمنى ئىستىمال قىلىپ بولسا بىر كۈندە ئۈچ ئادەمنىڭ جېنى يوق دىگەن گەپ، ئۇنداق ھېساپلىغىلى تۇرساق ھازىرغا كەلگۈچە قانچە ئادەمنىڭ روھىنى سۈمۈرۈپ بولغاندۇ ئۇ قانخور ھە!............... ـ: ماڭەۋا، بىر قېتىمدا بىر ئادەم دەيدا!...بىر قېتىمدا بىر ئادەم ئەمەس بەلكىم ما يەتتەيلەننىمۇ بىر قېتىمدا ئىستىنال قىلىپ بولار...ئالۋاستىلارغا ياخشى قارىمىغان ئوخشىمامسەن، ھېچقايسىسىنىڭ ئاشقازان ئەمەس ھەتتا تۇتۇپ بىرەر ئەزاسىنىمۇ تاپالمايسەن، شۇلار جېنىدا تۇتىۋالغان ھەربىر ئادەمنى شۇ پەيتتىنىڭ ئۆزىدىلا پارە ـ پارە قىلىپ يەپ بولىدۇ بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ ............ دىدى رۇسۇل. شۇندا نىجات يەردە ياتقان جەسەتنى ئاستا تېپىپ باقتى، ئۇنىڭ ھەركىتىدىن چۆچۈگەن غېنى ـ: ھۇي نىمانداق قىلىسەن، ئەگەر ئۇ جەسەت ئالۋاستى بولۇپ قالسا ئويغۇنۇپ كېتىپ ئىش تېرىمىسۇن، يەنىلا جىم ياتقىلى قوي!............دىدى دەرھاللا. نىجات ـ: ماڭغىنەۋە نەدىبى ئاقماس گەپلەرنى قىلماي، ئۇلار جەسەت ئالۋاستى بولسا بۇ چاقچا بىزنى بوش قويۇپ بېرەرمىتى؟ ...بۇ چاقچا بىزنىڭ كىرىشىمىز بىلەنلا بىزگە ھۇجۇم قىلىپ جەڭنى باشلاپ بولمايتىمۇ...قارا مانا ئۇلاردا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىسا يا!............ دېگىنىچە جەسەتنى قاتتىقراق تېپىپ قويدى.   ـ: راسلا تەلۋىكەنسەن، ساڭا ئارتۇق گەپ قىلغان ئادەم ساراڭكەن!...بولدى قانداق قىلغۇڭ كەلسە شۇنداق قىل............ ئىككىسى گەپ تەگىشىۋاتقاندا سېلىمكام ئېغىز ئاچتى ـ: بولدى گەپنى كېيىن قىلىشىۋالايلى، ئاۋۋال مەخپىي قەبرىستانلىقتا تۇتىشىدىغان يولنى تېپىپ ئۇيەرگە كىرەيلى قالغان ئىشلار تۇرۇپ تۇرسۇن!......... بىز سېلىمكامنىڭ سۆزى بىلەن جىمىقىشىپ چوڭ زالدىن داۋاملىق ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. خاتىرىدە دېيىلگەن مەخلۇقنىڭ چوڭ تاش ھەيكىلى ھېلىھەم بار بولۇپ بەزى جايلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى.   ـ: خاتىرىدە ھەيكەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يول دەپتىكەن، شۇ جايغا بارايلى!......دېدى سېلىمكام يۆلىنىشنى ئۆزگەرتىپ. بىزمۇ سېلىمكامغا ئەگەشكەچ پات ـ پات كەينىمىزگە قاراپ قويياتتۇق. بىز ھەيكەلنىڭ ئوڭ بۇلۇڭىغىراق بارغاندا راسلا كىچىك كىرىش ئېغىزىدىن ئىككىسى بار ئىدى.   ـ: ۋۇي، ئىككى كىرىش ئېغىزى باركەنغۇ، قايسىسى شۇ بولغىيتى!............ نىجات شۇنداق دېگەچ بېشىنى قاشلاپ قاراپ تۇراتتى.  ـ: مەيلى قايسىلا بولسۇن ئوخشاشلا مەخپىي ئۆيگە تۇتىشىدىغان يول بولۇشى مۇمكىن، كىرىۋېرەيلى!............ دىدى سېلىمكام. بىزمۇ قوشۇلۇپ چەتتىكى يولدىن مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغىنىمىزدا نىجات بىر ۋارقىراپلا ئېغىزىنى تۇتىۋالدى ـ: ئاااااااااااااوۋپ!............ ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئارقىمىزغا قارىدۇق.  ـ: ساراڭمۇ سەن، نىمە ۋارقىراۋېرىسەن دەيمە!...ئۇھ... غېنى شۇنداق دىگىنىچە يۈرىكىنى تۇتۇپ تۇراتتى. نىجات بولسا گەپمۇ قىلماستىن قولچىراقنى بىر نۇقتىغا تۇتۇپ قولىدا ئۇ جاينى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىز شۇنچە قاراپمۇ ئۇنىڭ نىمنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي

ھەيرانلىقتا تۇراتتۇق، ئەتراپتىمۇ بىرەر ئالاھىدە نەرسە باردەكمۇ قىلمايتتى. مەن نەچچە رەت ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يۆلىنىشى بويىچە قاراپمۇ ھېچنىمىنى بايقىيالماي ئاخىرى تىت ـ تىت بولۇپ ئۇنىڭدىن ـ : ھېي قويۇپ بەرسە ھېچكىمگە گەپ بەرمەي ۋاتىلدايسەن، ئەمدى تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالغاندەك نىمە قولۇڭدا بىر يەرلەرنى كۆرسۈتۈپ يۈرىسە؟ ...ما قولىڭنى تارتىپ گەپ قىلغىنە بى!.......... دەپ سورىغاچ قولىنى ئىغىزىدىن ئاجرىتىۋەتتىم. نىجات دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ـ : ئا...ئاۋۇ جايدىكى......ئاۋۇ جەسەتكە...قاراڭلا!......... بىز يەنە ئۆرۈلۈپ ئۇ تەرەپكە قارىدۇق. ـ : چىك ئاي، ئۇ تەرەپتە جەسەت كۆپكەن قايسىنى دەۋاتىسەن!...... ـ : ئاۋۇچۇ...ئۆلتۈرغاننى دەي...دەيمە!......... شۇندىلا بىر جەسەتنىڭ تاش ھەيكەلگە يۆلەنگەن ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ـ : چىك ئاي، شۇنىڭغىمۇ ساراڭدەك ۋارقىراپ كېتەمسەن!...ناھايىتى ھەيكەلگە يۆلىنىپ ئۆلۈپ قالغان جەسەتكەنغۇ شۇ!......... سۆزۈمنى ئاڭلاپ نىجات جىددىيلىشىپ سۆزلەپ كەتتى ـ : ياق، ياق...مەن بايا بۇ تەرەپكە كەلگۈچە ھەيكەلنى تەپسىلىي كۆزىتىپ كەلگەن ئۇ چاغدا ھەيكەلگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىرەر جەسەتنى بايقىمىغانتىم، ھازىر قارىسام ئۇ جەسەت ھەيكەلگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ!...... نىجاتنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ھەممىمىز سەل تەشۋىشكە چۈشۈپ جىددىي ھالەتكە ئۆتتۇق. ـ : چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟ ......... دىدى سىپىلمكام جىددىيلىشىپ. نىجات ـ : ياق چاقچاق قىلمىدىم، راسلا بايا ئۇ جايدا جەسەت كۆرمىگەن!......... شۇندا سىپىلمكام خەنجىرىنى تەڭلىگىنىچە جەسەت تەرەپكە قاراپ ئاستا قەدەم ئىلىشقا باشلىدى. بىز جىمجىت تۇرغاچقا يەردە دۈۋلىنىپ ياتقان جەسەتلەرنىڭ پارچىلىرىغا ھەربىر دەسسىگەندە«قاراس!...»، «غىرچ!...»قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ـ : سىپىلمكا ئېھتىيات قىلىڭ!.......... دىدىم مەن بوش ئاۋازدا، سەل جىددىيلىشىپ. سىپىلمكام كىتىۋاتقاچ جاۋاپ قايتۇردى ـ : ئەنسىرىمە، دىققەت قىلىمەن!......... سىپىلمكام ھۇشيارلىق بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ جەسەتكە يېقىنلاپ كەلدى، ئاندىن قەدىمىنى توختىتىپ خەنجىرىدە جەسەتنى نوقۇپ باقتى، ئەمما جەسەتتە ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى. سىپىلمكام يەنە ئىشەنچ قىلالماي چىڭراق نوقۇپ بېقىۋىدى جەسەتتىن يەنە ئىنكاس كەلمىدى، شۇندا ھەممىمىز خاتىرجەم بولۇپ ئۇنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىگە بولغان گۇمانىمىز يوقاپ كەتتى. ـ : ئۆلۈككەنغۇ شۇ...سەنمۇزە ئادەمنى جىددىيلەشتۈرۈپ قىلغان ئىشىڭنى قارا!......... دىدى سىپىلمكام كەينىگە يېنىۋاتقاچ. نىجاتمۇ ئوڭايسىزلىنىپ ـ : بايا خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن!......... دەپ چىچىنى سىلاپ قويدى. ئەمما سىكونت ئىچىدە يۈز بەرگەن ناھايىتى خەتەرلىك ۋەقەدىن چۆچۈپ ۋارقىراپ كەتتىم ـ : سىپىلمكا ئارقىڭىزغا دىققەت قىلىڭ!............... سىپىلمكام گېپىمنىڭ ئورامىدىنلا نىمە ئىشلىقىنى چۈشىنىپ بولدى بولغاي خەنجىرىنى شىلتىغىنىچە كەينىگە ئۆرۈلدى............... ئەسلى بايىقى جەسەت راسلا ئالۋاستى بولۇپ سىپىلمكام كەينىگە ئۆرۈلۈپ نىجاتقا گەپ قىلىۋاتقاندا چىرقىرىغاندىن ئۇنىڭغا ئېتىلىپلا قوپقان ئىدى، مەن ئۇنى

كۆرۈپ قېلىپ چۆچۈپ ۋارقىرىغان ئىدىم. ئالۋاستىنىڭ ھەركىتىدىن سىلىمكامنىڭ ھەركىتى چاققانراق كېلىپ قالغاچقا جەسەت ئىككى پارچە بولۇپ سىلىمكامنىڭ ئالدىغىلا چۈشتى. ـ: ئانناڭنى!...تېخى ئۆلگەن بولۇۋېلىشنىمۇ ئۆگىنىۋېپتۇ دېسە!............. دېدى سىلىمكام جەسەتكە يەنە ئىككى ـ ئۈچ خەنجەر ئۇرىۋېتىپ ـ: تېز كېلىڭلار، يەردە ياتقان پۈتۈن جەسەتلەرنىڭ ھەممىسىنى چېپىۋېتەيلى!...بولمىسا يەنە ئۆلگەن بولىۋالغانلىرى كېيىن ئىشلىرىمىزغا كاشال بولىدۇ!...... بىز دەرھال ئەتراپىمىزدىكى پۈتۈن جەسەتلەرگە قىلىچ ئۇرۇشقا باشلىدۇق، دېگەندەك بەزىللىرىگە قىلىچ ئۇرىشىمىزغىلا سەت چىرقىراپ جىم بولۇپ قېلىشتى، بەزىللىرى ئۆزىنى ئاشكارلاپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ـ: مەن بۇ جاينىڭ جىمجىتلىقىدىنلا بىر خەتەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم!......... دېدى سىلىمكام جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقاچ. شۇ تاپتا يەردە دۈۋلىشىپ ياتقان جەسەتلەرنىڭ قايسىنىڭ ئالۋاستى، قايسىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئۆلگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، جەسەتلەر تۇيۇقسىزلا چاچراپ تۇرۇپ تۇچمۇ ـ تۇچتىن بىزگە ھۇجۇم باشلىدى. گاھىلىرى ئۆڭكۈرنى كۆتۈرىۋەتكىدەك ناھايىتى سەت چىرقىرايتتى، گاھىللىرى غالجىرلارچە بىزگە ئېتىلىپ كېلەتتى. ـ: سىلىمكام ئۇلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاچ يەنە ۋارقىرىدى ـ: تېز مەخپىي يولغا مېڭىڭلار، ئالۋاستىلار يەنە قوشۇن چاقىرىۋاتىدۇ. سىرىتتىكى جەسەتلەر كېلىپلا قالسا ئىشىمىز چاتاق بولىدۇ!............. بىزنىڭ كۆڭىمىزنى تېخىمۇ ئەندىشە قاپلاشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن جەسەتلەر بىلەن ئېلىشقاچ بىر تەرەپتىن مەخپىي يول تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدۇق. ـ: سىلىمكا، ئىچىدىمۇ ئالۋاستىلار ساقلاپ تۇرغان بولسا قانداق قىلىمىز؟ ......... دېدى نىجات تەشۋىشلىنىپ. سىلىمكام ـ: شۇنداق بولۇپ قالسا ئېلىشماي ئامال يوق، قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر سېھرنى چوقۇم يوق قىلمىساق بولمايدۇ...قالغىنى ئىرادەڭلارغا باغلىق!......... شۇندا ھەممىمىز قايتىدىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھېچنىمىنى ئويلىماستىن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن مەخپىي يول ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق. ئارىدا جەسەتلەر خېلىلا تازىلانغان بولۇپ ھازىر بولسا ئانچە چوڭ خەتەرمۇ يوق ئىدى. ئالدىراپ مەخپىي يولغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا قاراڭغۇلۇقتىن ناھايىتى بەدبەشىرە بىر جەسەت ماڭا ئېتىلىپلا چىقتى. ـ: «ئاااااااااااااااا!...» مەن ۋارقىراپلا ئارقامغا داجىپ جەسەتلەر دۈۋىسىگە يىقىلىپ چۈشتۈم، يەردىمۇ ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان جەسەت پارچىللىرى ھەممە يەرنى قاپلىغاچقا شۈبھىلىنىپ دەرھاللا ئورنۇمدىن تۇرىۋالدىم. ئۈنىڭغىچە ئېتىلىپ چىققان جەسەتنى ئابلىكىم بىر تەرەپ قىلىپ بولغان ئىدى. ـ: قارىغاندا ئىچىمۇ ئانچە بىخەتەر ئەمەستەك قىلىدۇ، ئامال بار دىققەت قىلىپ مېڭىڭلار!......... دېدى سىلىمكام. ھەمراھلىرىمىمۇ يېنىمغا كېلىپ مەندىن ئەھۋال سورىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا ھېچ ئىش بولمىغىنىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇشتى. ئەمدىكى مەسىلە بىز بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى تاللاپ مېڭىشىمىز كېرەك، قايسى ئەڭ بىخەتەر ھەم ئەڭ تېز سۈرەتتە مەخپىي قەبرىستانلىققا تۇتىشىدۇ؟ ......... بىز تېڭىرقاپ تۇرغاندا سىرىتتىن، بىز خارابىلىقتا

كىرگەندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئاڭلاپمۇ باقمىغان ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق ھەم غەيرى بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ــ: بۇ نىمە ئەمدى؟ ........... دىدى نىجات چۆچۈگەن ھالدا. سىلىمكام ــ: مەيلى نىمە بولسۇن، ئىشقىلىپ ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس!......بولۇشلار مەخپىي يولنى تېزرەك تېپىۋالايلى، ئەھۋالدىن قارىغاندا يەنە بىر ئاۋارىچىلىككە يولۇقىدىغاندەك قىلىمىز!.......... دىدى يوچۇن ئاۋازنى ئىشىتىشقاچ قەدىمىنى تېزلىتىپ. بىزمۇ سىلىمكامغا ئەگىشىپ تېز قەدەملەر بىلەن مەخپىي قەبرىستانلىقنى ئىزدەپ قاراڭغۇلۇقتا كىرىپ كەتتۇق................

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ــ باب 11 ــ قىسىم)

بۇ مەخپىي يول قاراڭغۇ بولۇپلا قالماستىن يانمۇيان تۇرغاندا بىر قېتىمدا ئىككى ئادەممۇ ئاران پاتقۇدەك دەرىجىدە تار ئىدى. ــ: يوق، «تار يەردە گۆش يىگۈچە كەڭ يەردە مۇش يە!»دىگەندەك نىمانداق تار يول بۇ!........... دىدى نىجات ماڭا ياندىشىپ قىستىلىپ كېتىۋاتقاچ. ــ: مۇشۇنداق تار قىلىپ قويىمىغان بولسا مەخپىي يول بولاتتىمۇ، يەنە كېلىپ تاغنى كولاپ مۇشۇنداق يول ھاسىل قىلىشمۇ ئاسان گەپ ئەمەستە!......... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ ــ: توغرا، توغرا...لېكىنزە بىلگۈچە يولنى ئىتتىۋىتىپلا قۇتۇلماي نىمىشقا مەخپىي يول قويۇپ قويىدۇ دەيمە، شۇنداق قىلغان بولسا بىزمۇ بۇنچە قىينىلىپ يۈرمەيتۇق بۇيەدە!.........دەپ قويدى. بىز شۇ ھالدا ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەردۇق، بەزىدە پات ــ پات غەيرى ئاۋازلار چىقىپ بىزنى چۆچۈتۈپ قوياتتى. ــ: گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ بىخۇدلۇق قىلماڭلار ھە!...بىز ھازىر ناھايىتى خەتەرلىك ھالەتتە تۇرىۋاتىمىز، كىچىككىنە سەۋەنلىكىمىز جېنىمىزنى ئېلىشى مۇمكىن!......... دىدى سىلىمكام كەينىگە ئۆرۈلۈپ. ــ: بىلدۇق سىلىمكا، ئەنسىرىمەڭ ھۇشيار مېڭىۋاتىمىز!........... بىز شۇنداق دەپ سىلىمكامنى خاتىرجەم قىلدۇق. بۇ تار يول ماڭغانسېرى ئۆزىراپ كېتىۋاتاتتى، ئەگىمە يوللارمۇ كۆپ بولۇپ بىز خاتىرىدە دىيىلگىنى بويىچە داۋاملىق ھالدا ئوڭ تەرەپتىكى يولنى بويلاپ مېڭىۋەردۇق لېكىن مەخپىي قەبرىستانلىقنىڭ كىرىش ئېغىزىنى ھېچ تاپالمايۋاتاتتۇق. ــ: ھېلىقى پىرافېسسور خاتىرىگە قەستەن خاتا يېزىپ بىزنىمۇ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەس ھە!......... دىدى نىجات سەل گۇمان قىلىپ. مەن سۆز قىتىپ قويدۇم ــ: ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، ھازىرغىچە كۆرگەن ھەممە جايلىرىمىز دىگۈدەك خاتىرىدە دىيىلگىنى بىلەن ئوخشاش چىقتىغۇ!......ئەگەر ئۇ يالغاننى قېتىپ يازغان بولسا بۇ تاغ ئۆڭكۈرىنى تاپالايتۇقمۇ!...... ــ: ئۇغۇ شۇ، لېكىن ئاخىرىغا كەلگەندە يالغان سۆزلەپ قويغان بولسچۇ؟ ............... نىجاتنىڭ بىمەنە سۆزىنى ئاڭلاپ سەل تېرىكتىم ــ: قالايمىقان گەپ قىلماي ھۇشيارراق ماڭە، ھېلى باكا جەسەتكە يەم بولسەن!......شۇ تاپتا ئۇ خاتىرىگە ئىشەنمەي نىمە ئامالىمىز بار بىزيا بۇرۇن بىرەر قېتىم بۇنداق ئىشنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىساق!......... ــ: تېرىكمىگىنە ساقام، تېرىكمىگىنە!.........مەنمۇ شۇ بىخەتەرلىكىمىزنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتىمەنغۇ، يامان گەپ قىلمىسام يا!............. ئۇنىڭدىن كېيىن نىجاتمۇ ئارتۇق سۆزلىمەي يولنى داۋام قىلدى. بىز ئالدىمىزغا ئۇچرىغانلىكى

www.iptihar.net

بۆلۈنمە يولنىڭ ئۇڭ تەرەپتىكىسى بىلەن ماڭغان بولساقمۇ ئەمما مەخپىي كىرىش ئېغىزىنى تېخىچە تاپالمايۋاتاتتۇق، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تىخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدۇق. چۈنكى كىرىش ئېغىزىنى تاپالمىساق تاڭ ئېتىپ كەتسىلا ئۆڭكۈر ئېغىزى يوقاپ كېتىپ بىز ئىچىگە قاپسىلىپ قالاتتۇق، بۇ چاغدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس ئىدى. شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تېزرەك مەخپىي كىرىش ئېغىزىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن قەدىمىمىزنى تېزلىتىشكە باشلىدۇق. ـ: توختاڭلا، كەينىدىن شەپە ئاڭلىنىۋاتامدۇ قانداق؟ ...... كەينىمىزدە مېڭىۋاتقان ئابلىكىمنىڭ ئەنسىز ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەممىمىز قەدىمىمىزنى توختىتىپ جىممىدە بولۇپ ئارقا تەرىپىمىزگە نەزەر سالدۇق. ـ: نىم دەيدىغانسەن، راسلا شۇنداق بولۇپ قالسا بىز قاپسىلىپ قالمايمىزمۇ!.....قەبرىستانلىقتا ئالۋاستىلار يوق دەپ قايسىمىز كېسىپ ئېيتالايمىز، بايا تېخى كىرىۋاتقىچە ئىچىدىن چىققان بىر جەسەتنى يوقاتقىنىمىز يادىڭلاردا باردۇ؟ ......ئەگەر شۇنداقلا بولۇپ قالسا بىز بۇ تارچۇق يولدا يا ئۇلار بىلەن ئېلىشالماي، يا قاچالماي ۋەھشىيلەرچە ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ!............ ـ: قالايمىقان سۆزلىمەي جىم تۇر!........... دىدى سىلىمكام نىجاتنى جىمىقتۇرۇپ. بىز قولچىراقنى تۇتقىنىمىزچە جايىمىزدا جىممىدە تۇرۇپ ئەتراپتىكى ئاۋازلارنى تىڭشاشقا باشلىدۇق. ئەتراپ بىردىنلا جىمجىتلىققا تولغان بولۇپ بىر مەھەل ھېچنىمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى، بىراق يۈرەك سوقۇشىمىز ئۆزىمىزگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خېلى ئۇزۇن جىم تۇرىۋالغاندىن كېيىن خەتەر يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ سەل ئەركىن بولۇشتۇق. شۇندا نىجات ـ: ئۇھھھھھھھا!...خۇداغا شۈكرى، ھەر ھالدا بىرەر خەتەر باردەك قىلمايدۇ!......... دىدى چوڭ بىر تىنىۋېلىپ. بىزمۇ يىقىن ئەتراپتا شەپە بولمىغاندىن كېيىن بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ يىنىك نەپەس ئېلىۋېلىپ يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. دەل شۇ پەيىتتە توساتتىن چوڭ زال تەرەپتە ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپلا كەينىدىن بىر نەرسىلەرنىڭ غالجىرلارچە بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان تالاش ـ تارتىشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قارىماققا جەسەتلەر ئۆز ـ ئارا تۇتۇشۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ـ: ئەمدى قانداق قىلىمىز!......... دىدىم مەن جىددىيلىشىپ سىلىمكامغا. سىلىمكام بولسا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلىنىۋەتكەندىن كېيىن ئىغىز ئاچتى ـ: تېز ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرەيلى، جەسەتلەر ئۆز ـ ئارا توقۇنۇشۇپ قالغاندەك قىلىدۇ ئۇلارنىڭ جېڭى ئاخىرلاشقىچە بىز مەخپىي يولنى تېپىپ بولامىز بەلكىم!.............. ھەممىمىز سىلىمكامنىڭ دىگىنى بويىچە تېزلىكتە ئىچكىرىلەپ يۈگۈرۈشكە باشلىدۇق. يول يەنە ئۇڭ تەرەپكە ۋە ئۇدۇل تەرەپكە بۆلۈنگەن ئىدى، بىز يەنىلا ئۇڭ تەرەپتىكى يولنى تاللاپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىز ماڭغان يولمۇ ئوخشاشلا نەچچە يولغا بۆلۈنگەن بولۇپ خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى قىل ـ قان تومۇرلارغىلا ئوخشايتتى، كىرگەنسېرى يول شۇنچە ئىچكىرىلەپ باراتتى. ـ: روسلارنىڭ بۇ مەخپىي ئۆڭكۈرنى بىر كۈندە ئاران تاپقىنى بىكار ئەمەسكەندە!......... دىدى سىلىمكام قايمۇققان ھالدا ـ: نىمانچە كۆپ بۆلۈنمە يوللار بۇ، كىرگەنسېرى ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتىدىغۇ!............. ـ: شۇنى دەڭە سىلىمكا، مۇشۇ

تاپتا كەينىمىزگە يانساقمۇ بايا كەلگەن يولۇمنى تاپالمايمەن!............ دىدى نىجات سىلىمكامنىڭ سۆزىنى قوللاپ. سىلىمكام يەنە ــ: مەيلى نىملا بولسۇن ئالدىمىزغا قاراپ مىڭشۇرەيلى، چوقۇم كىرىش ئېغىزىغا يېقىنلاپ قالدۇق بەل قويۇۋۇەتمەيلى!.........دىدى. بىزمۇ قوشۇلۇپ داۋاملىق ھالدا يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن كەينىمىزدىن ئاڭلانغان غەيرى ئاۋازلار بارا ـ بارا پەسلەپ يوقاپ كەتتى، بىز بۇنىڭدىن«غەلبە قىلغۇچى»نىڭ ئارقىمىزدىن كېلىشۋاتقانلىقىنى ياكى سىرىتقا چىلەتكەنلىكىنى بىلەلمەي يەنە ئەندىشىگە چۈشتۇق. مەن جىددىيلىشىپ سىلىمكامغا دىدىم ــ: سىلىمكا، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى. بەلكىم جەسەتلەر ئۆڭكۈرگە يېنىپ كىرىدىغان ۋاقتى بولغان بولۇشى مۇمكىن، داۋاملىق مىڭشۇرەمدۇق ياكى بىرەر جاينى تېپىپ يوشۇرىنىۋالامدۇق؟ ............ سىلىمكام كەسكىن قىلىپلا ئېيتتى ــ: داۋاملىق مىڭشۇرىمىز، كەينىمىزگە يېنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ!......... ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يەنە ئارتۇق گەپ قىلالماي«بۇيرۇق»قا بىنائەن داۋاملىق ھالدا ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. لېكىن ئىچكىرلىگەنسېرى كۆڭلۈمگە بىر ئەندىشە چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. خىيالىمدا ئۇنىڭ ئەسكەرلىك ئالۋاستى قوشۇن ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى تەڭلىگىنىچە شۇنداق بەدبەشىرە تەلەتتە كۆز ئالدىمدا نامايان بولىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولسا بىز يەتتەيلەن ئىلاجىسىز ھالدا قورشاۋ ئىچىدە بىرەر «قۇتقۇزغۇچى»نىڭ بىزنى قۇتقۇزىشىنى تىلەپ بىچارىلەرچە قاراپ تۇراتتۇق............... ــ: قانداق گەپ بۇ، ئاخىرى يوق يولكەنغۇ!............... سىلىمكامنىڭ جىددىي تەلەپپۇزدا دىگەن سۆزىدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم ــ: نىمە؟ ......ئۇنداقتا بايىدىن بېرى ماڭغان يولىمىزنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىپتۇدە!.................. نىجاتمۇ سىلىمكامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مەن بىلەن تەڭ قاقشاپ قويدى ــ: مەن بايا دىمىدىممۇ!......ئۇ قېرى روس بىزنى ئالداپ خالتا كوچىغا باشلاپ قويۇپتۇ، ئەمدى بىز ئۆلىدىغان بولدۇقتە...ۋاي ئانامەي مەن تېخى توي قىممىغانتىم!........... نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلكىلىرىم قىستاپ كەتتى ــ: ۋاي تېخى!......ئېشەك ئۆلسە بىر يەلىرى غېجەك تارتىپتۇ دەپ، مايەردە قاپسىلىپ قالغۇلىۋاتساق سەن يەنە خوتۇنىنىڭ غېمىدىما!............ ــ: ۋاي ئاداش ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خوتۇن ئېلىش ئوغۇل بالىغا پەرىزمىش!...پەرىزنى ئادا قىلمايلا كېتىپ قالسام ئۇ دۇنيادا قانداق جاۋاپ بېرىمەن!...... ــ: شۇم ئېغىز، يوقىلاڭ گەپ قىلماي قىلىچىڭنى قولۇڭغا ئاله......... نىجات سۆزۈمنى بۆلۈپلا قىلىچىنى كۆرسەتتى ــ: مانا قىلىچىم قولامدىغۇ!............. ــ: ھە، ئۇنداق بولسا قولۇڭدا يۈك قىلىپ كۆتۈرۈپ يۈرمەي ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىل!...ھېلىتىن ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ بولساڭ ھايات چىقىپ كېتىشتىن ئۈمىد بولاتتىمۇ!............ نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىرەر نەرسىنى چۈشەندىمۇ بىشىنى لىڭشىتىپ قويدى ــ: توغرا دەيسەن!ئۆز ھاياتىم ئۆز قولۇمدا، يەنى مۇشۇ خەنجەردە...مەن ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىپ ھايات چىقىپ كىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن!.......... ئۇ سۆزلەۋاتقاندا خۇددى غايىۋى چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندەك مەغرۇر

كېرىلىپ قويدى. دىمىسىمىغۇ ھازىرقى ئىشىمىزمۇ بەك كىچىك ئىش ئەمەس ئەمدى!...... ـ: ۋاقىت قىس، تېز كەينىمىزگە يانايلى!........... دىدى سېلىمكام گەپنى تارتىۋىلىپ. بىزمۇ تارچۇقتا پوملىشىپ يۈرۈپ دېگۈدەك ئارقىمىزغا چېكىندۇق ھەم كەلگەن يۆلىنىش بويىچە كەينىمىزگە قاراپ يۈگۈردۇق. ـ: قالاڭلار، بايا بىز قايرىلىپ كەلگەن ئېغىزغا كەپتۇق!........... دىدى ئابلىكىم يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگەن ھالدا. دېگەندەك ئالدىمىزدا ئوڭغا، سولغا بۆلۈنگەن يول ئېغىزى تۇراتتى. ـ: يەنە ئوڭغا مېڭىڭلار!............... دىدى سېلىمكام ئارتۇقنى ئويلىمايلا. بىز يول ئېغىزىغا كېلىپ تۇرىشىمىزغا سول تەرەپتىكى يولدىن توپا رەڭ جەسەتتىن بىرسى ئېتىلىپلا ئالدىمىزغا چىقتى...... ـ: ئايجان!............... رۇسۇل ئەمەسلا بىرخىل زىل ئاۋازدا توۋلاپلا تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغىچە بىزمۇ چۆچۈپ كەينىمىزگە داجىپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ پۇتلىرىغا دەسسىشىپمۇ ئۆلگۈردۇق. شۇ ئارىدا سېلىمكامنىڭ خەنجىرى قۇلاقلىرىمىزنىڭ يېنىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ جەسەتنىڭ بېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا سانجىلغان باراۋەردە تامغا مىقلاپ قويدى. سېلىمكامنىڭ بۇ مەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممىمىز ئېغىزىمىزنى ئېچىپلا قالغان ئىدۇق. سېلىمكام بىزنى قىستاپ يۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ خەنجىرىنى جەسەتنىڭ بېشىدىن زەردە بىلەن تارتتىدە چاقماق تېزلىكىدە يەرگە يىقىلىۋاتقان جەسەتنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېپ تاشلىدى ھەمدە بىزگە قاراپ قويۇپ ـ: ياخشىسى سەپنىڭ ئالدىدا يەنىلا ئۆزۈم ماڭسام بولغۇدەك!.........دېگىنىچە خەنجىرىنى دولىسىغا ئارتىپ مەغرۇر قەدەملەر بىلەن يولىنى داۋام قىلدى. شۇ تاپتا سېلىمكاممۇ كۆزۈمگە خۇددى«مەرھۇم»ئابلاكامغا ئوخشاش ئالۋاستى ئۇۋۇچىسىدەك كۆرۈنۈپ كىتىۋاتاتتى. مەن مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈپ قويۇپ بىرخىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بىلەن سېلىمكامغا ئەگىشىپ مېڭىشقا باشلىدىم...لىكىن بۇ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۇزاققا بارمىغان ئىدى. بىردىنلا ئەتراپىمىزنى جەسەتلەرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازلىرى قاپلاشقا باشلىدى، شۇ تاپتا نۇرغۇنلىغان جەسەتلەرنىڭ ئاۋازى بىرىكىپ خۇددى بىرتوپ ھەرىلەرنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. سېلىمكاممۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپلا جىددىي تۈسكە كىرىپ ئەتراپنى كۈزىتىشكە باشلىدى. ـ: بۇ ئاۋاز قاياقتىن چىقىۋاتىدۇ زادى، قايسى تەرەپنى تىڭشىسام شۇ تەرەپتىن چىقىۋاتىدىغۇ!......... نىجات شۇنداق دېگەچ پىرقىراۋاتاتتى. ـ: ھەي بىردەم جىم تۇرغىنە، سىنى كۆرۈپ مىنىڭمۇ بېشىم قىيىپ كىتىۋاتىدۇ!......... دىدىم مەن. شۇندا نىجات چۆرگىلەشتىن توختاپ ئۇياق ـ بۇياققا ئالاقىزادىلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى. ھەممىمىز ۋەھىمىگە چۈشۈپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كېتىشتۇق. غېنى جىددىيلىشىپ سېلىمكامغا قارىدى ـ: سېلىمكا قانداق قىلىمىز، ئۇلار بىزنى قورشىۋالسىلا بۇ تار يولدا ھېچقايسىمىز قېچىپ قۇتۇلالمايمىز!............ سېلىمكام بىردەم ئاۋازلارنى تىڭشىغاندىن كېيىن ئىغىز ئاچتى ـ: قارىغاندا تاك ئېتىشقا باشلىغاندەك قىلىدۇ، جەسەتلەر يورۇقتىن قېچىپ ئۆڭكۈرگە يېنىپ كىرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر راسلا شۇنداق بولسا ئۇلار مەخپىي قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭىدۇ دېگەن

گەپ!........مۇنداق قىلايلى، بىز ئاۋۋال كەينىمىزگە يېنىپ ھېلىقى ئايىقى يوق يولغا يوشۇرۇنىۋالايلى، مېنىڭچە ئالۋاستىلار ئۇ جايغا ھەرگىز كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۆلۈكلەرنىڭ ئۆيى قەبرىستانلىق. ...شۇڭا بۇ بىزگە ياخشى پۇرسەت!...ئۇنىڭدىن كېيىن جەسەتلەر بىزنى بايقىماستىن مەخپىي قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭىدۇ شۇ چاغدا بىز ئۆلۈكلەرنىڭ ماڭغان يۆلىنىشى بويىچە كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ ئۇ جاينى ئاسانلا تېپىۋالىمىز!................ ـ: ئۇنداق قىلالمىساق-چۇ!........ دىدى ئەنۋەر زەئىپ ئاۋازدا. بىز ئەجەپلىنىپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قارىدۇق. شۇندا ئۇ يەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى ـ: مېنىڭچە جەسەتلەر قەبرىستانلىقنى ئەمەس بەلكى بۇ قان ئىزنى بويلاپ كەلدىمىكىن!................ شۇندىلا بىز ئەنۋەرنىڭ بېقىنىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتۇق. مەن جىددىيلىشىپ سورىدىم ـ: ۋۇي، بىقىنىڭدىن قان ئېقىۋاتىدىغۇ، زادى نىمە ئىش بولدى!........ ئەنۋەر بېقىنىنى چىڭ تۇتىۋالغان بولۇپ قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ يارىلانغىنىنىغىمۇ دىققەت قىلمىغان ئىدۇق. شۇندا ئەنۋەر جاۋاپ بەردى ـ: بايا زالدا ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا بىرسى جىممىدە يېتىپ تىكەن كۆرمەي باشقىسى بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، توساتتىنلا ئېتىلىپ قوپۇپ مىنى يارىلاندۇردى........ ـ: ئىش چاتاق!......دىدى سېلىمكام ھودۇقۇپ ـ: ئۇنداقتا ئالۋاستىلار ئاللىبۇرۇن بىزنىڭ ئىزىمىزغا چۈشۈپ بوپتۇ، دېمەك ئۆلار تېزلا يىتىپ كېلىشى مۇمكىن...ھازىر كەينىمىزگە يانساق ئىنتايىن خەتەرلىك، تېز مەن بىلەن مېڭىلار ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرەيلى چوقۇم مەخپىي ئېغىزنى تاپالايمىز...قەھرىمان، سەن نىجات بىلەن يېنىك يارىلانغانلارنى ئېلىپ كەينىدە ماڭ. ئەنۋەر بىلەن بىر قەدەر ئېغىرراق يارىلانغانلار ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، ئامال بار ياراڭلارنى چىڭ تۇتىۋېلىڭلار قان كۆپ چىقىپ كەتمىسۇن!........... سېلىمكامنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ كەلگەن يولىمىز تەرەپتىن ئالۋاستىلارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ـ: تېز بولۇڭلار، تېز!............. سېلىمكامنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ بىز ئۇيپۇر ـ تويپۇر سېپىمىزنى ئۆزگەرتىپ ئېغىرراق يارىلانغانلارنى ھىمايە قىلغان ھالدا ئالدىمىزغا قاراپ قېچىشقا باشلىدۇق. مەن نىجات بىلەن پات ـ پات ئارقىمىزغا تەشۋىش ئىچىدە قاراپ قويۇپ ئالدىمىزغا يۈگۈرەيتتۇق. بىرئازدىن كېيىن سېلىمكامنىڭ ھايانجانلانغان ھالدا دىگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى ـ: مانا، ئادەمنىڭ باش ئىسكىلىتلىرىدا قوپۇرۇلغان تامنى تاپتىم!.....مەخپىي كىرىش ئېغىزنى ئاخىرى تاپتۇق، تېز ماڭا ئەگىشىڭلار!............................

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب12 ـ قىسىم)

مەن سېلىمكامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتىم، گەرچە قەبرىستانلىقمۇ بىخەتەر ئەمەس بولغىنى بىلەن ئەمما ھېچ بولمىسا بۇ تار يولدىن قۇتۇلۇپ كەڭ قەبرىستانلىققا چىقاتتۇق، بۇنداق بولغاندا ئۆزىمىزنى قوغداشقا ئازىراق بولسىمۇ پايدىسى تېگەتتى. بىز دەرھال مەخپىي يولغا كىرىپ ئادەم باش ئىسكىلىتلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان تامنى ھەقىقىي ئۆز كۆزىمىز

بىلەن كۆردۇق. بۇ تۇيتىن خاتىرىدە ئۇقۇغان بىلەن ئوخشىمايتتى، بەلكى خاتىرىدە دىيىلگىنىدىنمۇ بەكرەك قورقۇنۇچلۇق ئىدى. ھەربىر باش ئىسكىلىتىنىڭ چىراي تۇرقى ھەرخىل بولۇپ ئادەمنىڭ تىنىنى شۈركەندۈرەتتى. بەزىللىرىنىڭ تىخى كۆز قارچۇقىمۇ بار بولۇپ ئادەمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ قوللىرىم تىترەپ قولچىراقنى تاشلىۋەتكىنى قىل قالدىم. قورقۇپ كەتكەچكە تىزرەك ئۆتۈپ كىتەي دەپ مىڭىۋاتقىنىمدا ئەنۋەر بىقىنىنى مۇجىغىنىچە ھاسىراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ـ: تىز قوپە ئەنۋەر، چىدىۋەتكىن ئازلا قالدى. ئالماسنى جايىغا سىلىۋەتسەكلا بۇ قاباھەتلەردىن بىراقلا قۇتۇلىمىز!............. ئەنۋەر دەماللىققا جاۋاپ بىرەلمەي ھاسىراپ ئولتۇرۇپ قالدى ـ: مە...مەن بىلەن......كارىڭلار بولمىسۇن...ھۇھا!........ ئۇنى كۆرگەن نىجات قوپال قىلىپلا ـ: دۈمبەڭگە تاشپاقىنىڭ قىپىدەك ئىغىر سومكىنى ئارتىۋىلىپ قىرى ئادەمدەك ھاسىرىماي ئىلىۋەتە ما بىرمەڭنى!............دىگىنىچە ئەنۋەرنىڭ سومكىسىنى ئىلىپ تاشلىۋەتتى ـ: ھازىر باغۇ جان ھەممىدىن مۇھىم، جىنىڭنى ساقلاپ قالساڭلا ئۇنداق سومكا دىگەندىن كۈرمىڭنى تىپىۋالالايسەن!............. نىجات شۇنداق دىگىنىچە ئەنۋەرنى يۆلەپ ئىلىپ مىڭىۋاتاتتى. ـ: قەھرىمان ئاداش، سەنمۇ ئىلىۋەتە دۈمبەڭدىكىنى!...ھىلى ماغدۇرۇڭ قالماي ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ...... ـ: ياق!...بۇ سومكام بولمىسا بولمايدۇ، ھەممە مۇھىم نەرسىلەر مۇشۇ سومكىدا...مەيلى مەن بەرداشلىق بىرەلەيمەن!......... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى ـ: ئۇنداقتا مەيلى، ئاۋۋال تىزرەك قەبرىستانلىقتا بىرىۋالايلى!......... بىز ئازىراق ماڭغاندىن كىيىن ناھايىتى كەڭ كەتكەن چوڭ بىر قەبرىستانلىققا چىقىپ قىلىپ يۈگۈرۈشتىن توختاپ ھاڭۋاققىنىمىزچە تۇرۇپلا قالدۇق. چۈنكى ھەممىمىز بۇنداق چوڭ قەبرىستانلىقنى تىخى بىرىنچى قىتىم كۆرىشىمىز ئىدى. ـ: خاتىرىدە دىيىلگىنى ھەقىقەتەن راسكەن!......دىدى سىلىمكام ئالدىغا نەزەر سالغاچ. ئالدى تەرەپ راسلا پەشتاقسىمان سىلىنغان بولۇپ ھەربىر پەشتاقتا بىر رەت قەبرە بار ئىدى، قەبرىلەر بارغانسىرى ئىگىزلەپ قولچىراقنىڭ نۇرىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا ئەڭ ئۈستىدە چوڭراق ياسالغان يالغۇز تاش ئۆيىنى غۇۋا ئىلغا قىلدۇق. دىمەك ئۇ جاي ئالۋاستى شاھىنىڭ قەبرىسى ئىدى. قەبرىستانلىقنىڭ ئىچى ئىغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ ھەر قەدەمدە تاش پارچىللىرى، چوڭ ـ چوڭ داڭگاللار پۈتىلىشىپ تۇراتتى. قەبرىلەرنىڭمۇ ھەممىسى ئوچۇق بولۇپ ئەينى چاغدا ئالۋاستى ئەسكەرلەر ئويغانغاندا قەبرىنى بۇزۇپ چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ـ: بۇ جايدا بىرەرمۇ ئالۋاستى كۆرگىلى بولمايدىغۇ، ھەممىسى سىرتتا چىقىپ كەتمىگەن بولغىيتى ھە!...........دىدى غىنى سەل تەشۋىشلىنىپ ئەتراپقا قارىغاچ. سىلىمكام ـ: مەيلى قانداقلا بولسۇن ئىھتىيات قىلىڭلار. بىز ھازىر ئالۋاستىلارنىڭ ماكانىدا، جەسەتلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىمايمىز دەپ ئىيتالمايمىز!...ھازىر تىزدىن ئۈستىگە چىقىپ ئالماسنىڭ ئورنىنى تاپايلى!.........دىگىنىچە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بىزمۇ دەرھاللا كەينىمىزگە ھودۇقۇپ قاراپ

قويۇپ سىلىمكامغا ئەگەشتۇق. بۇ ۋاقىتتا كەينىمىزدىن چىقىۋاتقان جەسەتلەرنىڭ ئاۋازلىرىمۇ بىزگە بارغانسېرى يېقىنلا جايدا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دېمەك ئۇلار كىلىپ بولغان ئىدى......... بىز مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە جېنىمىزنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ داۋاملىق ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق، بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ باشقا ئامال بولمىسا كېرەك!......... شۇنداق قىلىپ يەردىكى تاش دۆۋىلىرىگە پۇتلىشىپ يۈرۈپ قەبرىستانلىقنىڭ ئۈستى تەرەپكە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدۇق، چىقىۋاتقاچ قەبرىلەرنىڭ ئىچىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قوياتتۇق. «قورققانغا قوش كۆرۈنەر»دېگەندەك قەبرىنىڭ ئىچى ھەم چۇڭقۇر ھەم قاراڭغۇ بولغاچقا ئىچىدە بىرەر ئالۋاستىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىنىق پەرق قىلغىلى بولمايتتى. بۇنداق بولغانسېرى خۇددى قاراڭغۇلۇقتىن بىرەر جەسەت ئېتىلىپ چىقىپلا تارتىپ ئەكىرىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىپ يۈرۈكۈم تىخىمۇ تىز سوقۇپ كېتەتتى. شۇنداق ئەنسىزلىكتە كېتىۋاتقىنىمدا قۇلاقنى يارغۇدەك غوڭشىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر تۈركۈم جەسەتلەر قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى، قاراڭغۇلۇقتا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەچكىمىكىن كۆزىمىزمۇ تەبىيلا كۆنۈپ قالغاچقا مەلۇم شەئىيلەرنى خېلى ئېنىق كۆرەلەيتتىم، شۇنداقتىمۇ قولچىراق بولمىسا جىق ئىشلىرىمىز توسالغۇغا ئۇچرايتتى. ـ: سىلىمكا ئۇلار كەلدى!........... مىنىڭ تولۇقلىشىم بىلەن تەڭ ھەممىسى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كىرىش ئېغىزى تەرەپكە قارىدى. سىلىمكام چۆچۈپ ـ: تېز مېڭىلار، ئۇلار ئىشىمىزغا توسالغۇ بولغۇچە ئارىلىقتا ئالماسنى جايىغا قويۇپ قويايلى!...............دىگەچ بىزنى ئۈستىگە تارتىشقا باشلىدى. بىراق ئالۋاستىلار تۆت پۇتلاپ مېڭىۋاتامدىكىن تىزلا بىزگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ـ: قەھرىمان ئالماس سەندىمۇ؟ ...... دىدى سىلىمكام ئالدىراپلا. مەن ـ: ھەئە مەندە، سومكامدا ساقلاۋاتىمەن!............ ـ: ئۇنداقتا سەن ئالدىدا مېڭىۋەر، قارىغاندا ئۇلار بىز چىقىپ بولغۇچە يېتىشىپ بولىدىغاندەك قىلىدۇ...بىز ئۇلارنى توسۇپ تۇرايلى سەن تېزدىن ئالماسنى جايىغا قويۇپ قوي!........... مەن سىلىمكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ئۈستىگە چىقىشقا باشلىدىم. تېخى ئىككى پەشتاق ئۆرلىشىمگە تۆۋەن تەرەپتىن قىيا ـ چىيا ئاڭلىنىپ كەتتى، ئارقامغا قارىغىنىمدا بولسا جەڭ باشلىنىپ بولغان ئىدى. ھەمراھلىرىم ئالۋاستىلارنى توسۇپ، چىقىشقا ئۇرۇنىۋاتقان جەسەتلەرنى ئۇدۇللۇق تازىلاۋاتاتتى، ئەمما ئۇلار قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدۇ بۇنىسى نامەلۇم، چۈنكى كىرىۋاتقان جەسەتلەرنىڭ سانىنىمۇ ھېساپلاش تەس ئىدى. ـ: سىلىمكا ئېھتىيات قىلىڭلار!......... مەن ئۇلارغا ۋارقىرىدىم، سىلىمكام جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقاچ جاۋاپ قايتۇردى ـ: بىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، تېزدىن بېرىپ ئالماسنى جايىغا سال!.............. ـ: ماقۇل!...... مەن شۇنداق دەپلا كەينىمگە ئۆرۈلۈشۈمگە غايىپتىن كەلگەن بىر جەسەتنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى كۆكرۈكۈمنى يىنىك سىرۈپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئىش تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە چۆچۈپ كېتىپ ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي ـ: ۋوي، ۋوي، ۋوي!.........ۋايجان!......دىگىنىمچە كەينىمگە موللاق ئېتىپ

كەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى ئامان قالدىم، ئەمما ئىنجىقلاپ يۆرۈپ ئاران ئىككى پەشتاق ئۆرلىگەندە يەنە كەينىمگە يېنىپ چۈشۈشىم بەك هار كەلدى. مەن ئۆمۈلەپ ئورنۇمدىن تۇرغاندا بولسا جەسەت ماشا ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. بايىقى ئاچچىقىمنى بىراقلا چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن مەنمۇ ئۇنىڭغا تاشلاندىم........ جەسەت كاللىسىنىڭ ئۈستى تەرەپتىن دومۇلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن سېلىمكام مەندىن ئەنسىرەپ سورىدى ـ: ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ..........
مەن مەغرۇر هالدا«ھېچ ئىش يوق!...»دېمەكچى ئىدىم ئەمما دېيەلمەي قالدىم، چۈنكى ئۈستى تەرەپتىكى ئالۋاستى شاھنىڭ قەبرىسىنىڭ ئىچىدىنمۇ بىر تۈركۈم جەسەت مەن تەرەپكە تاشلىنىپ كېلىۋاتاتتى. شۇندا ئاۋازىم تىترەپ چىقىپ كەتتى ـ: ھېچ...ئىش بولمىدى...ئەمما بولماقچى!............... سۆزۈمنى ئاڭقىرالمىغان سېلىمكام ھەيرانلىقتا ماڭا قاراپ سوئال نەزىرىدە سورىدى ـ: نىم دېيسە؟ ........... شۇئان سېلىمكامۇ ئۈستى تەرەپتىن كېلىۋاتقان جەسەتلەرنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى ـ: چاتاق بولدىغۇ، ئۈستى تەرەپتىكى جەسەتلەرمۇ ھۇجۇم باشلاپتۇ. قەھرىمان ئۇلارغا يالغۇز تەڭ كېلەلمەيدۇ، تېزدىن ئۇنىڭ قېشىغا چىقايلى!................ ھەمراھلىرىم سېلىمكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا پەستىكى جەسەتلەر بىلەن تىركەشكەچ ئۈستىگە ئۆرلەشكە باشلىدى. شۇ تاپتا بىز پۈتۈنلەي مۇھاسىرىدە قالغان ئىدۇق، جەسەتلەرنىڭ پەيلى بىر ـ بىرىدىن يامان بولۇپ بىزدەك«بۇسۇپ كىرگۈچى»لەرنى بوش قويىۋېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ـ: ئائاااااااااااااااااااا!!............... غىڭشىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ بىر جەسەت ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ پەس تەرەپكە سۆرەۋاتاتتى، شۇندا نىجات چاققانلىق بىلەن يەردىن بىر تاش پارچىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆچەپ ئېتتىشىغا جەسەتنىڭ قولى ئاجراپ كەينىگە داجىغىنىچە بەش ـ ئالتە جەسەت بىلەن بىراقلا يومىلاقلىشىپ كەينىگە دومۇلاپ كەتتى. ـ: ۋوي، بۇ ئامالمۇ بوپ قالامدۇ نىمە!.....ئۇلارغا قىلىچ بىلەن تاقابىل تۇرغىچە تاش ئاتايلى، خېلى ياخشى بولىدىكەن!................ نىجات شۇنداق دېگەچ غىڭشىنى تارتىۋېلىپ قولىغا يەنە ئىككى ئۈچتەك تاشنى ئېلىۋېلىپ ئالۋاستىلارغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى ـ: ئۆلسە ئەبلەخلەر!...ئاكاڭ قارىغاينىڭ كارامىتىنى بىلىشمىگەن ئوخشايسەن، سەنلەرگە ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويااي!............ نىجات توختىماي يەرگە ئېڭىشىپ يۆرۈپ تاش تېرىپ جەسەتلەرگە ئېتىۋاتاتتى، بۇنىڭ دەماللىقتا ئۈنۈمى بولۇپ بىر قېتىمدا نەچچىلىگەن ئالۋاستىلارنى كەينىگە موللاق ئاتقۇزىۋەتكەن بولسىمۇ بىراق زەربىگە ئۇچرىغان جەسەتلەر مەس ئادەمدەك ئەلەڭشىپ قوپۇپ بېشىنى سىلكىۋېتىپ تېخىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن ئېتىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمدى بولسا نىجاتنىڭ بۇ ئامالىمۇ كارغا كەلمەي قالدى، ئۇنىڭغىچە سېلىمكام مىنىڭ يېنىمغا چىقىپ ئۈستى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان جەسەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا باشلىدى. ـ: سېلىمكا جەسەتلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى، ئەھۋالدىن قارىغاندا تېزلا بىزنى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ!............... دېدى غىڭشى ھودۇقۇپ. سېلىمكام ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە ناھايىتى كەمسۆز ئابلىكىم ئېغىز ئاچتى ـ: سىلەر تېزدىن

ئۆستىگە چىقىپ كېتىڭلار، پەستىن چىقىۋاتقان جەسەتلەرنى مەن توسۇپ تۇراي!..........
ـ: بولمايدۇ، سەن بۇنى ئويۇن دەپ قىلىۋاتامسەن؟ ......پەستىكى ئالۋاستىلارنىڭ سانىنىمۇ بىلگىلى بولمايۋاتسا ئۆزۈڭ يالغۇز قانداق تاقابىل تۇرالايسەن!.........دىدى سىلىمكام جىددىيلىشىپ ـ: ھەممىمىز بىرلىكتە قارشى تۇرايلى، سىلەرمۇ دىققەت قىلىپ ئۆستىگە چىكىنىپ چىقىڭلار!......... شۇندا ئابلىكىم نجات، غىينلارنى ئۆستىگە ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى ـ: سىلەر چىققاچ تۇرۇڭلار مەن كەينىڭلاردىنلا چىقىمەن، قىلىچىڭنى ماڭا بەر!.............. ئابلىكىم شۇنداق دەپلا غىينىنىڭ قولىدىكى قىلىچنى تارتىۋىلىپ پەستىن تۇركۈملەپ چىقىۋاتقان جەسەتلەرگە قارشى جەڭگە ئۆتتى. ـ: ئابلىكىم قايتىپ كەل خەتەرلىك!................ سىلىمكام شۇنچە ۋارقىرىغان بولسىمۇ ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن قوش قىلىچنى ئوينىتقىنىچە جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. شۇندا سىلىمكام جىددىي ھالدا ماڭا ـ: تېز بېرىپ ئابلىكىمنى ئېلىپ كەل، ئۇنىڭ قارامىلىقى ناھايىتى خەتەرلىك!.................دىدى. مەن تېزلىكتە پەسكە چۈشۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئۆستىگە تارتقاچ ئېيتتىم ـ: ئابلىكىم ھازىر تەلۋىلىك قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ۋەزىيەت بەك جىددىي تېزدىن مەن بىلەن ماڭ!........... ئۇ ئىككى قىلىچنى جۈپلەپ ئوڭدىن سولغا بىرلا شىلتىپ ئالدىنقى رەتتە ئۆستىگە يامىشىشقا ئۇرىنىۋاتقان جەسەتلەردىن بىر تۈركۈمنى كەينىگە دومۇلىتىۋىتىپ ماڭا قارىدى ـ: سەن تېخىچە تۇرىسەنغۇ!...تېز ئالماسنىڭ جايىنى تاپ، ھازىر تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس!......... ـ: بولمايدۇ...ئۆستى تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن، ھەممىمىز بىرلىكتە چىقمىساق ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشىمنى خالامسەن؟ ...........دىدىم مەن ئەتەي ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن. ئابلىكىممۇ جىمىپ قالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى ـ: بولىدۇ، ئەمىسە بىللە چېكىنەيلى...ئاۋۋال سەن ماڭ!...... مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەينىمگە ئۆرۈلىشىمگە ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى. چۆچۈپ كەينىمگە قارىغىنىمدا بولسا بىر جەسەتنىڭ تىرناقلىرى ئۇنىڭ يوتىسىدىن قامالاپ بولغان ئىدى. ئاغرىق ئازابىدىن بولسا كېرەك ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ـ: ئابلىكىم!.................. مەن ۋارقىراپلا ئىنكاس قايتۇراي دەپ بولغۇچە ئۇ سۆرىلىپ جەسەتلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. مەن شۇئان ۋارقىرىغاندىن جەسەتلەرگە ئېتىلدىم، ئۇنىڭغىچە قالغانلارمۇ ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئوقتەك بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. مەن جەسەتلەرنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇنى ھېلىھەم سۆرەپ كىتىۋاتقان جەسەتكە قىلىچ ئۇردۇم، ئابلىكىممۇ مەلۇم بىر جەسەتلەرنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىۋالغان بولۇپ جەسەتلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. بىراق غايىپتىن كەلگەن كۈچنىڭ تەسىرىدىنمىكىن ئالۋاستىلار ئۇنىڭغا چېقىلىپ بولغىچە يەردىن ئابلىكىمنىڭ قىلىچىنى چاققانلىق بىلەن ئېلىپ قوش قىلىچتا نەچچە جەسەتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ بولغان ئىدىم. ئۇنىڭغىچە سىلىمكامۇ تېزلىكتە

كېلىپ ماشا ھەمدەمدە بولدى، نىجات بولسا جەسەتلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ ئابلىكىمنىڭ ئىككى قولىدىن تارتقىنىچە ئۈستى تەرەپكە تارتىۋالدى. ــ: نىمانداق خەتەرلىك، گەپ ئاڭلىساڭ بولمامدۇ دەيمە!...تېز ئابلىكىمنى ئۈستىگە ئەپچىققاچ تۇرۇڭلار، بۇلارغا بىرەر ئامال قىلمىساق ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىلەردەك قۇتراپ كەتكىلى تۇردى!..................
سىلىمكام شۇنداق دىگىنىچە ئاسما مايكىسىنى سېلىپلا نىجاتقا چۆرىدى ــ: تېز بۇنىڭغا ئوت ياقە!............... نىجات مايكىغا ئوت يېقىۋاتقاچ ــ: كىيمىمىزنى مۇشۇنداق كۆيدۈرىۋەرسەك قۇتۇلۇپ چىققۇچە يالىڭاچلىنىپ قالامدۇق نىمە!......... دەپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئۇ مايكىنىڭ بىر ئۇچىغا ئوت يېقىپ سىلىمكامغا بەردى ــ: مانا ئېلىڭ!......... سىلىمكام چاققانلىق بىلەن گۈرگىرەپ كۆيىۋاتقان مايكىنى خەنجىرىگە يۆگەپلا پەستىكى جەسەتلەرگە شىلتىدى. دەرۋەقە بۇنىڭ ئۈنۈمى بولۇپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان جەسەتلەر ھۆركىرەشكىنىچە كەينىگە داجىشقا باشلىدى. ــ: تېز، بۇ پۇرسەتتە ئۈستىگە چىقىپ رۇسۇللارغا ياردەملىشىپ ئۈستىدىكى جەسەتلەرنى تازىلىۋېتەيلى!......... بىز ئۈستىگە چىقىشقا باشلىدۇق، ئوتتىن ھۈركىگەن جەسەتلەرمۇ ئۇياق ــ بۇياق مېڭىپ بىقىپ مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ بىزگە ئەگىشىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا يارىلانغانلاردىن ئەھۋال سوراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇلارنى ھىمايە قىلغان ھالدا ئۈستى تەرەپكە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدۇق. ــ: نىجات، يەنە لاتا تېپىپ ئوت ياق!............ ــ: نىمە؟ ............... نىجات سىلىمكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇۋلاپ كەتتى. ئاندىن ــ: نىمىگە ئوت ياقىمەن؟ ......دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى. سىلىمكام ــ: نىمە بولسا مەيلى، ئىشقىلىپ ئۇزاق كۆيىدىغان، ئاسان ئۆچۈپ قالمايدىغان نەرسىگە ياق!............ نىجات جىددىيلىشىپ ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى ــ: توختاڭ ھە، ئويلىنىپ باقاي!......... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ئىشتىنىنىڭ بېغىنى يېشىۋېتىپ دەرھال توختاپ قالدى ــ: بۇنداق قىلسام كالتە ئىشتان بىلەن قالامدىمەن، بۇ ئامال بولمايدىكەن باشقا ئامال تاپاي!................. ئۇ شۇنداق دىگىنىچە ئەتراپقا قولچىراق يورۇتۇشقا باشلىدى. بىز بولساق ئۈستىدىكى جەسەتلەرنى تازىلاش بىلەن ئالدىراش، سىلىمكام بولسا پەستىكى جەسەتلەرنى يېقىن كەلتۈرمەي نىجاتنى ئالدىرىتىۋاتاتتى ــ: نىمىش قىلىۋاتىسەن تېز بول، بۇ ئۆچەيلا دەپ قالدى!................ ــ: ئامال تاپتىم!.........ئۇ شۇنداق دىگىنىچە تام تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا قانداق ئامال تاپقانلىقىمۇ بىزگە نامەلۇم ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كىرسىنغا چىلانغان مەشئەلدىن بىرنى كۆتۈرۈپ كەلدى ــ: مانا ئېلىپ كەلدىم، سىلىمكا قولىڭىزدىكىنى ماڭا بېرىڭ!............ نىجات يۈگۈرۈپ كېلىپ سىلىمكامنىڭ قولىدا كۆيىۋاتقان ئوتنى ئېلىپلا مەشئەلگە يېقىپ جەسەتلەرگە كۆچەپ ئاتتى. دىگەندەك مەشئەلدىكى كىرسىن جەسەتنىڭ ئۈستىگە چېچىلىشى بىلەن تەڭ«گۈپ»پىدىلا ئوت ئېلىپ كەتتى، جەسەتلەر بولسا چىرقىرىغىنىچە ئۆزىنى تەرەپ ــ تەرەپكە ئاتقىنىچە كۆيىۋاتاتتى. كىرسىن چاچرىغان نەچچە جەسەت بىراقلا ئوت ئېلىپ كۆيگىنىچە ئوك ــ تەتۈر

يۈگۈرۈشكە باشلىدى، قالغان جەسەتلەرمۇ ئۆڭكۈرنى بىر ئالغۇدەك چىرقىراپ ئۆزىنى ئۇتتىن قاچۇراتتى. بىز نىجاتنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئوقۇشۇپ ئۇلارنىڭ تېزىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ داۋاملىق ئۈستىگە قاراپ چىقىشقا باشلىدۇق. شۇ تاپتا ئابلىكىم يارىسىنىڭ ئاغرىقىدا ئورنىدىن تۇرالماي قالغان ئىدى، بىز ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئىلىپ ماڭدۇق. ـ: ئۈستىگىمۇ يېتەيلا دەپ قاپتۇق غەيرەت قىلىۋىتىڭلار پالۋانلىرىم، غەلبە قىلىشىمىز سىلەرنىڭ ئىرادەڭلارغا باغلىق بولۇپ قالدى!.................. سېلىمكام جەسەتلەرنى تازىلاپ يول ئاچقاچ بىزگە ئىلھام بېرىۋاتاتتى. بىزمۇ ھەم غەلبىمىز ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۈستىگە قاراپ چىقىشقا باشلىدۇق..................................

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب13 ـ قىسىم)

ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان جەسەتلەر بىر قۇر تازىلىنىپ ئالدىراشلىق بىلەن ئۈستىگىمۇ چىقىپ بولدۇق .بىر ئېغىزلا چوڭ قىلىپ سېلىنغان ئالۋاستى شاھنىڭ قەبرىسىگە كىرىپ كەلگىنىمىزدە بولسا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاش قەبرە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى .قەبرىنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ ئالۋاستى شاھ كۆرۈنمەيتتى، ئەلۋەتتە بۇ بىزگىمۇ ئايان. چۈنكى ئالۋاستى شاھ سىرتتىكى ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭدىن ئاران قۇتۇلۇپ تاغنى ئىزدەپ تاپقان ئىدۇق. خاتىرىدە دېيىلگىنىدەك بىز كىرگەن ئىشىككە ئۇدۇللاپلا ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىگىمۇ ئىشىك ئېچىلغان بولۇپ بۇ دەل ئالماس گۆھەر قويۇلغان چوڭ زالغا تۇتىشىدىغان ئىشىك ئىدى. شۇنچە بەدەللەرنى تۆلەپ ئاخىرى بۇ جايغا ھايات كېلەلىگىنىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز ناھايىتى خۇشال بولغان ئىدۇق. ئىچىمدە ـ: «شۇ تاپتا بۇنى ئابلاكامۇ كۆرگەن بولسا نىمىدىگەن ياخشى بولاتتى ھە!......» دەپ ئويلاپ كۆزۈمدە ياش لىغىرلىدى. ـ:ئاخىرى كەلدۇق، بۇيەرگىچە كېلەلىشىمىزنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن!............ دىدى سېلىمكام ھاياجانلانغان ھالدا ـ: تېز بېرىپ ئالماسنى جايىغا قويىۋېتەيلى، كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان جەسەتلەر چىقىپ قالمىسۇن يەنە!........... ـ:غېنى ئەھۋالىڭ قانداقراق؟!.........دىدىم مەن ئۇنىڭغا، غېنى يارىسىنى بېسىپ قويۇپ جاۋاپ قايتۇردى ـ:ھېچقىسى يوق، ئۆزۈم ماڭالايمەن ئەنسىرىمە!......... ـ:ئۇنداقتا نىجات سەن ئەنىۋەرنى يۆلە، مەن رۇسۇل بىلەن بىللە ئابلىكىمنى يۆلەي!... ـ:بولىدۇ!......... نىجات شۇنداق دىگىنىچە ئەنىۋەرنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى. مەن رۇسۇل بىلەن بىللە ئابلىكىمنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ ماڭدۇق، ئىشىكتىن كىرگەندە كۆز ئالدىمىزدا يەنە بىر چوڭ زال نامايان بولدى، زال يۇمۇلاق شەكىلدە ياسالغان بولۇپ قاپ ئوتتۇرىسىغا سۇپا چىقىرىلىپ ئوتتۇرىسىدا «T» شەكىللىك بىر تاش ساندۇق بار ئىدى. زال جەمئىي ئالتە ئىشىككە تۇتاشقان بولۇپ قالغان بەش ئىشىكنىڭ يەنە قەيەرلەرگە تۇتىشىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ـ: نىمانداق سۈرلۈك جاي بۇ!... مۇمكىن بولسا ئالماسنى تېزرەك جايىغا قويىۋېتىپ چىقىپ كېتەيلى،ماڭا بىر شۇملۇقتىن بېشارەت بولىۋاتىدۇ!......دىدى نىجات ئەتراپقا قارىغاچ شۈبھىلىنىپ. دەل شۇ پەيتتە مەن قولچىراقنى ئەتراپقا يورۇتىۋاتقاچ بىر نەرسىنىڭ تېز سۈرئەتتە

يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ـ: ئاۋۇ نىمە؟........ مىنىڭ ئەنسىز تووۇلىشىم بىلەن تەڭ ھەممىسى ھودۇقۇپ ئۇ تەرەپكە قولچىراق يورۇتتى.

ـ: ھىچنىمە يوقققۇ؟...... ـ :ياق مەن بايا راسلا كۆردۇم،بىر نەرسە تىز سۇرەتتە ئۇ ئىغىزدىن كىرىپ كەتتى! ئۇلار يەنە بىر قىتىم قارىۋەتكەندىن كىيىن نىجا ئىغىز ئاچتى ـ: بەلكىم ئارىلىق يىراق بولغاچقا قولچىراقتىن چۈشكەن سايىسىدا شۇنداق كۆرۈپ قالغانسەن... جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئارقىمىزدا قالغان تۇرسا بۇ جايدا نىمىش قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىلىك ئالماي بەرگەن جاۋابىدىن سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ لىكىن گەپ ـ سۆز قىلمىدىم. ئەمما ئۇ تەرەپكە يوشۇرۇن ھالدا زەن سىلىۋاتاتتىم. نىجات ئالدىراپ كەتتى بولغاي ئالدىغا مىڭىشى بىلەن تەڭ سىلىمكام ئۇنى توسىۋالدى ـ: توختا، بۇيەرنىڭ ئىشىكلىرى كۆپكەن بەلكىم خەتەر بار بولۇشى مۇمكىن!......... ـ :ئۇنداق بولسا بىرىپ تەكشۈرۈپ باقامدۇقىيا.........دىدى نىجات سىلىمكامغا قاراپ. سىلىمكام ـ: مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، ئەگەر بۇ بىر قىلتاق بولسا ھەممىمىز بىراقلا تۈگىشىمىز...... بىز باشقا ئىشىكلەرگە بىرىپ تەكشۈرۈپ باقايلى، ئۇنىڭغىچە قەھرىمان ئالماسنى جايىغا قويۇپ قويسۇن!...... دىگەچ بىزنى تۆرگە بۆلدى

ـ: غىنى سەن ئەنۋەر بىلەن ئابلىكىمنى ئىلىپ مۇشۇ جايدا تۇرۇپ تۇر، قالغانلىرىمىز ئىشىكلەرنى تەكشۈرۈپ كىلەيلى... قەھرىمان سەن ئالماسنى جايىغا قويۇشقا مەسئۇل بول!...... راس ئالماسنى ئىلىۋالدىڭمۇ؟... ـ:ھەئە!...... مەن شۇنداق دىگەچ سومكامنى پەسكە قويۇپ ئىچىدىن ئالماسنى تىپىپ ئالدىم ـ: مانا!.........ئالماس قولۇمدا يالىلداپ تۇراتتى. ـ: ئەمىسە ياخشى، كۆزەتكىچە دىققەت قىلىڭلار بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن!........ بىز ماقۇل بولۇپ ئۆز «ۋەزىپە» لىرىمىز ئۈچۈن ئاتلاندۇق.ئەمدى ئىككى قەدەم ئىلىشىمىزغا يەر لىغىرلاشقا باشلىدى. ـ: نىمە كارامەت بۇ؟!...قاپقان قۇرۇپ قويىمىغان بولغىيتى ھە، ئەمدى قەدەم ئىلىشىمىزغىلا يەر تەۋرەپ كىتىۋاتىدىغۇ!........... نىجات شۇنداق دىگىنىچە قەدىمىنى توختىتىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. سىلىمكام بىرەر ئىشنى چۈشەنگەندەك بىزنى «ئۈش!» لەپ قۇلىقىنى يەرگە يىقىپ بىردەم تۇرغاندىن كىيىن ۋارقىرىدى ـ: تىز بولۇڭلار، مەلۇم بىر توپ بىزگە يىقىنلاپ كىلىۋېتىپتۇ!...... ھەممىڭلار جەڭ ھالىتىگە ئۆتۈڭلار، قەھرىمان سەن تىزدىن ئالماسنى جايىغا سال!.........سىلىمكامنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز جىددىيلىشىپ ئۆپۆر ـ تۆپۈر بولۇشۇپ كەتتۇق. مەن تىزلىكتە تاش ساندۇقنىڭ قىشىغا قاراپ يۈگۈردۈم، سىلىمكام بولسا جىددىي ھالدا بىزنى ئورۇنلاشتۇرىۋاتقاچ سۆزلەۋاتاتتى ـ: ئىغىر يارىلانمىغانلار بىردىن ئىشىككە مەسئۇل بولۇڭلار، مەن بۇ ئىشىككە مەسئۇل بولاي تىز!......... ئۇ شۇنداق دىگىنىچە بىز كىرگەن ئىشىككە مىختەك قادالغان ھالدا خەنجىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. قالغانلارمۇ ئۆز جايىنى تىپىشىپ قولچىراقنى كىرىش ئىغىزلىرىغا قاراتقىنىچە قاراڭغۇلۇقتىن نىملەرنىڭ چىقىشىغا قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئازدىن كىيىنلا گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار بىزگە ئىنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، يەنە ئالۋاستىلارنىڭ

ھۆركىرگەن ئاۋازلىرىمۇ بار ئىدى. مەن ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تاش ساندۇقنىڭ يېنىغا كېلىشىمگە ئالۋاستىلار ئىشىككە سوقۇلغىنىچە تەرەپ ـ تەرەپتىن كىرىشكە باشلىدى. ـ : چاتاق بولدى ئۇلار بەك كۆپكەن!......... نىجاتنىڭ ئەنسىز توۋلىشى بىلەن تەڭ ئۇ تەرەپكە قارىدىم. دېگەندەك بىر تۈركۈم جەسەتلەر نىجات تەرەپتىكى ئىككى ئىشىكتىن تەڭ بۆسۈپ كىرىپ ئۇ تەرەپكە ئېتىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئىككى تەرەپتىن قورشاپ كەلگەن جەسەتلەر نىجاتنى بىردەمدىلا قۇرۇق سۆڭەككە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى ئېنىق ئىدى. ئۇمۇ چۆچۈگىنىچە قايسى تەرەپتىن كەلگىنىگە تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ كەينىگە داجىدى. ـ :سەن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرگەنلىرىگە تاقابىل تۇر!.........دىدىم مەن يەنە بىر تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرىۋاتقان جەسەتلەرگە ئېتىلغاچ. نىجاتمۇ دەررۇ ئېسىگە كېلىپ كىرىۋاتقان جەسەتلەرنى چېپىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە بۇ چوڭ زالدا قانلىق ئۇرۇش باشلىنىپ ھەمراھلىرىمنىڭ ھەممىسى يارىلانغىنىغىمۇ قارىماستىن جەڭ باشلاپ بولغان ئىدى. جەڭنىڭ جىددىيلىكىدە كىملەرنىڭ ئېچىنىشلىق توۋلاۋاتقانلىقى، كىملەرنىڭ ۋارقىراپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقانلىقى ھېچ قۇلۇقىمغا كىرمەيتتى. پەقەت ئالدىمدىكى ئىشىكتىن ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان جەسەتلەرنى چېپىش بىلەن بەند ئىدىم. ـ : قەھرىمان سىڭنى توۋلاۋاتىمەن ئاڭلىمىدىڭمۇ!...... سېلىمكامنىڭ ناھايىتى ئۈنلۈك ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاراپلا ـ : نىمە دەيسىز؟!......دىگەن سۆزنى ئارانلا قىلىپ يەنە جەسەتلەر بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتىم. ـ : سەن نىمە ئۇ جايدا يۈرسەن، تېز بېرىپ ئالماسنى جايىغا سال!......... ـ : نىجات ئىككى تەرەپتىن كەلگەن جەسەتلەر بىلەن كۈچ ئېلىشىپ بولالمايدۇ، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولۇۋاتىمەن! ...... سېلىمكام سۆزۈمنى ئاڭلاپ يەنە ۋارقىرىدى ـ : كارىڭ بولمىسۇن، بەربىر ئۆلتۈرۈپ تۈگۈتۈپ بولالمايسەن!... كۆرمىدىڭمۇ ئايىقى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان جەسەتلەرنى، بۇ تەرەپنى مەن توسۇپ تۇراي ئۇ تەرەپكە رۇسۇل بېرىپ تۇرسۇن سەن تېزدىن ئالماسنى جايىغا سېلىۋەت!...... ـ : بولىدۇ،ھازىرلا باراي!.........ئۇنىڭغىچە رۇسۇلمۇ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ مەن تەرەپكە يېتىپ كەلدى ـ : بولدى سەن تېز بېرىپ مۇھىم ۋەزىپەڭنى بېجىر، بۇ غالجىرلارغا ئۆزۈم بار!.........مەن ماقۇل بولۇپ كەينىمگە چېكىنىپ تاش ساندۇق تەرەپكە يۈگۈرگەچ ئالماسنى يانچۇقۇمدىن ئالدىم. ـ : ۋايجان!...ھۇ ئەبلەخ تېخى مىنى يارىلاندۇرغىدەك بولدۇڭما؟... ساڭا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!.........نىجاتنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قولچىراقنى ئۇنىڭغا يورۇتتۇم. ئۇ شۇنداق ۋارقىرىغىنىچە تىخىمۇ قېنى قىزىپ جەسەتلەرنى قىرىشقا باشلىدى ـ : كېلىشە، قانچىلىك يارىلاندۇرىشالايسەن قېنى!......... ـ : نىجات دىققەت قىل خەتەرلىك!...... ـ : سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن مەن ناھايىتى ياخشى، تېز ئالماسنى جايىغا سېلىۋەت!............. نىجات ئۆزىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئۆزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. شۇندا قالغان ھەمراھلىرىمغا نەزەر سالدىم، ئۇلارنىڭمۇ جېنى ئارانلا قالغان بولۇپ پۈتۈن ماغدۇرىنى يىغىپ

جەسەتلەرنى توسۇپ تۇرىۋاتقان ئىدى. ئەتراپتىكى بىر نەچچە ئىشىكنى ھېساپقا ئالمىغاندا قالغان ئىشىكتىن تۇركۈملەپ كىرىۋاتقان جەسەتلەرنىڭ سانىنىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇ تاپتا ئېغىر يارىلانغان ھالدا قانغا مىلىنىپ تۇرۇپ تىز پۈكمەستىن يەنە جەسەتلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان ھەمراھلىرىمغا قاراپ ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى.بۇلارنىڭ ھەقىقەت بولماستىن بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى، چۆچۈپلا ئويغىنىپ كەتسەم ھەممە ئىشنىڭ ئاخىرلىشىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت بولۇپ دەل ھازىرنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ئىدى. ـ: قەھرىمان نىمىش قىلىۋاتىسەن، تېز ئالماس گۆھەرنىڭ ئىز ئورنىنى تېپىپ جايىغا سال!...........سېلىمكامنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ئېسىمگە كېلىپ ئۇلارغا قارىدىم. ـ: مەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدىم، ھەممە ئۈمۈدىمىز سەندىلا قالدى ئاداش!......غېنى بىر تەرەپتىن تەلمۈرۈپ توۋلاۋاتاتتى، ھەتتا ئابلىكىمنىڭ بىر پۈتى يۇكۈنۈپ قالغان ھالەتتە پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ جەسەتلەر بىلەن تىركىشىۋاتاتتى. جەسەتلەر بىردىنلا قولۇمدىكى ئالماسنى كۆرۈپ ھۇجۇمنى ماڭا قارىتىشقا باشلىدى. ـ: چاتاق بولدى، ئالۋاستىلار قەھرىمانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىۋاتىدۇ!.........دەپ ۋارقىرىدى نىجات ئەندىكىپ. سېلىمكامۇ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى ـ: تېز قەھرىماننى ھىمايە قىلىڭلار، جەسەتلەر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالمىسۇن!......ھەمراھلىرىم ماڭا تاشلىنىپ كېلىۋاتقان جەسەتلەرنى ئۆتكۈزمەي مېنى قوغداشقا باشلىدى. مەن بولسام ئالدىراپ تېنەپ تاش ساندۇقنى قارىدىم...

ـ: «نىمە ئىش بۇ!... خاتىرىدە بۇنى ئاچىدىغان توغۇرلۇق دېيىلمەپتىكەنغۇ!......» دىدىم ئىچىمدە. چۈنكى تاش ساندۇقنىڭ ئېغىزى ئېتىكلىك تۇراتتى. شۇ تاپتا قۇتراپ كەتكەن جەسەتلەر غەزەپ بىلەن ھۆركىرىگەن ھالدا مىنى نىشان قىلىپ ئېتىلىپ كىلىۋاتاتتى، ھەمراھلىرىم بولسا ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ماڭا يېقىن كەلگىلى قويمىدى. مەن قوللىرىم تىترىگەن ھالدا تاش ساندۇقنىڭ ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدىم ـ: ئەستا،مۇشۇ يەرلەردە بولۇشى كېرەكتىغۇ!.........توساتتىن بارمىقىم ئاستى تەرەپتىكى بىر تۆشۈككە كىرىپ قالدى، مەن دەرھال قولچىراقنى ئۇ جايغا تۇتۇپ زەن سېلىپ قارىدىم، دىگەندەك بۇ تۆشۈك مەلۇم بىر شەكىلدە لاھىيلەنگەن بولۇپ بىر ئاچقۇچنىڭ ئورنى ئىدى. شۇندا دەررۇ يادىمغا يېتىپ نىجاتقا ۋارقىرىدىم ـ: نىجات ھېلىقى ئالتۇن ئاچقۇچنى ماڭا ئېتىپ بەر!............ ئۇ جەسەتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقاچ توۋلىدى ـ: نىمە نېمە؟...... ياق ياق بولمايدۇ، مەن ئۇنى ھېلىقى ئىسكىلىت ئالۋاستىدىن تاۋكا ئويناپ ئۇتىۋالغان، ئۆلسەممۇ بۇنى ھەرگىز بەرمەيمەن!......ـ: ساراڭ بولدۇڭمۇ، ھازىر ھاياتىڭ مۇھىممۇ ياكى ئۇ ئالتۇنمۇ؟... ۋاقىت قالمىدى ئۇنى تېز ماڭا بەر!.....نىجات قىيمىغان ھالدا ئالتۇن ئاچقۇچنى ماڭا قارىتىپ ئاتتى. مەن ئاچقۇچنى تۇتىۋېلىپ تۆشۈككە سېلىپلا بۇرىدىم ـ: «ئىلاھىم مۇشۇ شۇ بولسىدى!...» ئاچقۇچ تولغىنىشى بىلەن تەڭ تاش ساندۇقنىڭ ئېغىزى ناھايىتى قاتتىق نەرە تارتقىنىچە گۈركىرەپ ئېچىلدى. ساندۇقنىڭ ئوتتۇرى ئويۇلغان بولۇپ قولۇمدىكى ئالماس نەق كەلگۈدەك قىلىپ لاھىيلەنگەن

ئىدى. گەرچە خەتەر ئىچىدە تۇرساممۇ ئەمما بۇنداق سىرلىق قۇرۇلۇشلارنى قىلغان ئۈستىلارغا قايىل بولماي تۇرالمىدىم...... ـ :قەھرىمان دىققەت قىل!.....نىجاتنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ چۆچۈپ قارىغىنىمدا بىر جەسەت مەن تەرەپكە ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ پەيلىدىن ئۆزۈمنىڭ ھايات قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولغان ئىدىم... دەل شۇ پەيتتە جەسەتتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن بىر قولۇمدا تاش ساندۇقنا تىرىنىپ تۇرۇپ كەينىمگە شۇنداق ئېگىلدىمكى ئۆمرۈمدە بۇنداق ئېگىلەلەيدىغانلىقىمنى تونجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭغىچە قولۇمدىكى ئالماس ئىز ئورنىغا جېپسىلىنىپلا ناھايىتى كىچىك بىر نۇر تاراتتى، نۇرنىڭ كىچىكلىكىدىن ئەتراپ ئاپئاق بولۇپ ھېچنىمىنى كۆرەلمەيدىغان دەرىجىدە بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇندا بەدىنىمگە ئاچچىق بىر سىزىم تاراپ كەينىمگە يىقىلدىم. ئەتراپىمدا ھەمراھلىرىمنىڭ مېنى تووۋلاشلىرى، مەلۇم نەرسىلەرنىڭ خىرىلداپ تۇرغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى......

ئەڭ ئاخىرقى جەڭ(7 ـ باب15 ـ قىسىم)

شۇندا جەسەت مېنى ئۆزىگە تارتىپ ئېغىزىنى ئېچىشقا تەمشەلدى، دېمەك ئۇ مېنىڭ روھىمنى سۈمۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. ـ : «ياق، بۇنداق بولسا ھەرگىز بولمايدۇ!... چوقۇم بىرەر ئامال قىلىشىم كېرەك، بۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسەم ھەرگىز بولمايدۇ!......» ئىچىمدە شۇنداق دەيتتىم ئەمما گېلىم بوغۇقلۇق بولغاچقا سىلىمكاملاردىنمۇ ياردەم سورىيالمىدىم. ـ :ھۆۋۆۋۆۋ!...... توساتتىن قەبرىستانلىق تەرەپتىكى ئىشىكتىن ئۆكۈرنى تىترەتكۈدەك ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئالۋاستى شاھ ئاۋازنى ئاڭلاپلا مېنى يەنە ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭغىچە قولۇمدىكى تاش بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا كۈچەپ بىرنى سالدىم. زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئالۋاستى شاھ مېنى چۆرۈۋېتىپ چىرايىنى تۇتقان ھالدا چىرقىراشقا باشلىدى. مەن بۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپلا ۋارقىرىۋەتتىم ـ :ئا..... ئابلاكا!........... شۇ تاپتا بۇ ئىشلارنىڭ ئوڭۇم ياكى چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپلا قالغان ئىدىم. ئىشىكتىن كىرىۋاتقىنى راسلا ئابلاكام ئىدى، بىراق بىز تونۇيدىغان، بىزنى تونۇيدىغان ئابلاكام ئەمەس بەلكى ئالۋاستىغا ئۆزگەرگەن، ئۆزگەرگەندىمۇ ئىنتايىن ۋەھشى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئالۋاستى ئابلاكام ئىدى. ئۇنىڭ جەسەتلەردىن پەرقى يوق بولۇپ كۆزلىرى قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن، تىخى ئۇزۇن ھەم ناھايىتى ئۆتكۈر تىرناقلىرىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەن ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پەملەپ سىلىمكاملار تەرەپكە ماڭغاچ ۋارقىرىدىم ـ : دىققەت قىلىڭلار، ئابلاكام ھاياتكەن ئەمما ئۆزگىرىپ بوپتۇ سىلەرگە زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ!........... مەن شۇ گەپنى قىلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردۈم. ئۇنىڭغىچە «ئالۋاستى» ئابلاكام ھۆركىرىگىنىچە سىلىمكاملار تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى، شۇ تاپتا بىز بولايلى ياكى ئالۋاستىلار بولسۇن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى، كېتىۋاتقاچ ئالدىغا ئۇچرىغان ھەممىسىنى قارا قويۇق پارچىلاپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق

مېڭىپ سىلىمكاملارغا يېقىنلاپ قالدى، بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىۋالسىلا ھەمراھلىرىمنىڭ جېنى ئامان قالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن كەينىمگە قارىدىم، ئالۋاستى شاھ ئەمدىلەتىن ئازراق ئېسىگە كېلىۋاتقان بولۇپ ھۆركىرىگىنىچە بېشىنى چايقاپ تۇراتتى. دەرھال كۆڭلۈمگە بىر ئىشنى پۈكۈپ قولۇمغا تاشتىن بىرنى ئالدىمدە ئابلاكامغا قارىتىپ كۈچەپ ئاتتىم... دېگەندەك تاش نەق ئۇنىڭ چېكىسىگىلا تېگىپ دىققىتى ماڭا مەركەزلەشتى. ھەمدە غەزەپ بىلەن نەرە تارتقىنىچە مەن تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى، مىنىڭ مەقسىدىمۇ دەل مۇشۇ بولغاچقا ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇردۇم ـ: كېلە!... قېنى كەممەمسەن!...... مىنى تۇتە! ......... مەن شۇنداق ۋارقىرىغانسېرى ئۇ سۈرىتىنى تېزلىتىشكە باشلىدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن سىلىمكاملار ئىشنى بۇزدى........... ـ:سىلىمكا يېقىن كەلمەڭ تېز كېتىڭ!.......... مەن شۇنچە ۋارقىرىغان بولسامۇ سىلىمكام گېپىمگە كىرمەستىن مەن تەرەپكە كېلىۋاتقان «ئالۋاستى» ئابلاكامغا ئېسىلىۋالدى ـ:ئابلاجان بۇ مەن سىلىم!........ ئېسىڭلىگە كېلىڭلا، ئۇنداق قىلماڭلا خۇش بولۇپ كېتەي!............. بىراق ئابلاكامنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ھازىر ئۇنىڭغا ھېچقانداق گەپ تەسىر قىلمايتتى. ئۇ سىلىمكامنى كۈچىمەيلا بىر سىلكىپ نەچچە مېتىر نېرىغا دومىلىتىۋېتىپ داۋاملىق ھالدا مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ـ:«ياخشى، ياخشى!... كېلىڭە، تېخىمۇ يېقىن!......» كۆڭلۈمدە شۇنداق دېگەچ تەييارلىق ھالەتكە ئۆتتۈم. ئابلاكام ماڭا ئازلا قالغاندا پۈتۈن كۈچى بىلەن ماڭا ئېتىلدى......... ـ:قەھرىمان!.............. سىلىمكام بارلىق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ كەتكەن ئىدى. مەن بولسام ھايات ماماتلىق شۇ دەقىقىدە ئابلاكامنىڭ ئېتىلىشى بىلەن تەڭ ئۆزۈمنى يان تەرەپكە كۈچەپ ئاتتىم. ئۇنىڭغىچە ئېسىگە كېلىپ ماڭا ئېتىلغان ئالۋاستى شاھ بىلەن ئابلاكام تەڭلا كېلىپ بىر بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى. ئەمدى بولسا جەڭ بىز بىلەن ئالۋاستىلار ئوتتۇرىسىدا ئەمەس بەلكى ئابلاكام بىلەن ئالۋاستى شاھ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتاتتى. ئىككىلىسى بىر ـ بىرىدىن كۈچلۈك بولۇپ كۈچ جەھەتتە تەڭ چىقىپمۇ قالىدىغاندەك قىلاتتى. مەن بۇ پۇرسەتتە غېنىنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ:ئاداش كۆزۈڭنى ئاچە!...... ئادەمنى بۇنچە قورقۇتمىغىن، ئىشىنىمەن... چوقۇم ساڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ!........... كۆزلىرىمدىن ياش تاراملايتتى، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى توختىماي سىيلايتىم ـ:سىلىمكا ماڭا ياردەم قىلىڭ!...... سىلىمكام دەرھال نىجات بىلەن بىللە قېشىمغا كىلىپ غېنىنى يۆلەپ ئابلىكىملەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ ماڭدى. ئابلاكام بىلەن ئالۋاستى شاھ ھېلىھەم قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقان بولۇپ ئابلاكام ئۇنىڭ ئېڭىكىنى ئىككى قولىدا كېرىۋالغان ئىدى، ئالۋاستى شاھ بولسا ھۆركىرىگىنىچە ئابلاكامنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئوت شارى ئېتىشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى. شۇنداق تۇرۇپلا بىرخىل غايىۋى كۈچ مىنى ئابلاكامغا ياردەم قىلىشقا كۈشكۈرتىشكە باشلىدى. ئۆزۈمنى شۇنچە تارتىشقا ئۇرۇنساممۇ پۇتلىرىم ئىختىيارسىز ماڭالمىدىم. ياردەم بېرەي دېسەممۇ نىمە قىلىپ بېرىشىم كېرەكلىكىنى بىلمەيتتىم... شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ جېڭىگە ئارىلىشىپلا قالسام

يەنجىلىپ كېتىشىم ئېنىق ئىدى، شۇڭا يېقىن بارماي ئەتراپتىن قىلىچنى ئىزدەشكە باشلىدىم. لېكىن نەگىلا قارىسام تاشلا ئۇچرايتتى ئاخىرى ۋاقىت ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن يەردىن تاش تېرىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئالۋاستى شاھقا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدىم. ئەمما قېرىشقاندەك ئاتقان تاشلىرىمدىن نەچچىسى ئابلاكامنىڭ بېشىغا تېگىپ كەتتى. ئۇ ھۆركىرەپ قويۇپ يەنە ئالۋاستى شاھ بىلەن ئېلىشاتتى، بەلكىم پاختا ئاتقاندەك ھېس قىلغان بولسا كېرەك!........ خېلى قاتتىق جەڭدىن كېيىن ئالۋاستى شاھ بارغانسېرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىدى، ئۇ تەرەپتە بولسا سېلىمكام كارنىيى يىرتىلغىدەك توۋلاپ مىنى چاقىراتتى. دەل شۇ پەيتتە ئابلاكامنىڭ بەلبېغى يىرتىلىپ مىنىڭ يېنىمغىلا چۈشتى، ئەجەپلىنەرلىكى بەلباغنىڭ ئارىسىدا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قېلىپ ۋارقىراپ كەتتىم ـ :قانلىق كىتاپ!.........سېلىمكا قانلىق كىتاپ ئابلاكامنىڭ بەلبېغىدىكەن!......... مەندىن خاتىرجەم بولالمىغان سېلىمكام مەن تەرەپكە كېلىۋاتقاچ سۆزۈمنى ئاڭلاپلا ھەيران قالدى ـ : نېمە، قانلىق كىتاپ؟!......سېلىمكام يۈگۈرۈپ كېلىپ مەن ئەمدىلا يەردىن ئالغان كىتاپنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ قارىدى.

ـ :راسلا شۇكەنغۇ!...... سېلىمكام خۇشاللىقىدا ئابلاكامنى قانداق مەدھىيلەشنى بىلمەيلا قالغان ئىدى ـ :بەك ياخشى بولدى، بۇنى قانداق قىلىدىغان بولغىيتۇق... ئىچىدىكى ئەپسۇننى ئوقۇمتۇقيا؟!... يا بۇ خەتلەرنى تونۇمسا ئادەم، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى!......... بىز ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ئابلاكام ئالۋاستى شاھنىڭ قولىدا خۇددى قۇچقاچتەك تولغاشقىنىچە قولىدىن ئاجراشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى، بىزنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى ئابلاكامنىڭ تېرىلىرى ئەسلىگە كېلەيلا دەپ قالغان بولۇپ ئەمدىكى ۋارقىرىغان ئاۋازىمۇ نورمال ئىدى. دېمەك ئابلاكام ئەسلىگە كېلىۋاتقان ئىدى. ـ :سېلىمكا تېز بىر ئامال قىلىڭ ئابلاكام ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ، ئەمدى ئالۋاستى شاھ بىلەن كۈچ ئېلىشالمايدۇ!........... شۇندا سېلىمكام چاققانلىق بىلەن يېنىدىن قەتئىي ئايرىمايدىغان ياقۇت كۆزلۈك پىچىقىنى چىقىرىپ ئالۋاستى شاھنىڭ قولىنى چاپتى.......... بۇ ھۇجۇم ھەرھالدا ئۈنۈمنى كۆرسىتىپ ئالۋاستى شاھ قاتتىق ھۆركىرىگىنىچە ئابلاكامنى يىراققا ئېتىۋەتتى، بىراق ئەمدى بالاغا سېلىمكام قالغان ئىدى. ئالۋاستى شاھى سېلىمكامنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن غەزەپلىنىپ ئۇنىڭغا ئوت شارى ئاتتى، سېلىمكامۇ ئۆزىنى يانغا ئېتىۋېلىپ بىر قېتىملىق خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان بولدى، ئەمما ئورنىدىن تۇرىشىغىلا ئالۋاستى شاھنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى سېلىمكامنىڭ مۈرىسىدىن تېشىپ چىقىپ كەتتى. ئاغرىقتا چىدىمىغان سېلىمكام ۋارقىراپ كىتىۋاتاتتى، شۇندا كاللامغا ھېچ ئىش كەلمەي ئالۋاستى شاھنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە بارمىقىمنى پاتۇرۇپ تۇرىۋالدىم، نېمىشقىكىن قولۇم كۆيۈشۈك كېتىۋاتاتتى. ئالۋاستى شاھ غەزەپ بىلەن ھۆركىرىگىنىچە سېلىمكامنى تاشلاپلا قاتتىق سىلكىندى، مەنمۇ سىلكىنىشنىڭ زەربىسىدە ئالدىمغا موللاق ئېتىپ چۈشتۈم. ئۆزۈمنى رۇسلاپ بولغىچە بىر قول مۈرەمدىن تارتىپلا ئارقامغا يەنە بىر موللاق ئاتقۇزىۋەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن زەربىنىڭ تەسىرىدە باشلىرىم قېيىپ

مەس ئادەمدەك ئەلەڭشىپ يۈرۈپ ئېسىمنى يىغىپ قارىغىنىمدا ئابلاكام قانلىق كىتاپنى تۇتقىنىچە ئالۋاستى شاھقا ئېتىلىپ كېتىۋاتقان ئىدى. مەن گەپ قىلاي دەپ بولغىچە ئابلاكام ئېتىلىپ بىرىپلا ئالۋاستى شاھقا كىتاپنى تاشلىغىنىچە چىڭ قۇچاقلىۋالدى. شۇ دەملەردە كۆز ئالدىمىزدا شۇنداق بىر مەنزىرە نامايان بولدىكى، ئابلاكام بىلەن ئالۋاستى شاھنىڭ ئارىسىدا چاقماق چېقىلىۋاتاتتى، شۇندىمۇ ئابلاكام ئۇنى پەقەتلا قويىۋەتمىدى. ئالۋاستى شاھ بولسا ناھايىتى سەت چىرقىرىغىنىچە ئابلاكام بىلەن قېتىلىپ ئۆزىنى ھەر يانغا ئۇراتتى. مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن بىردىنلا قاتتىق يەر تەۋرەپ ئۈستىدىن تاشلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. ـ:تېز، دوسلىرىڭنىڭ قېشىغا بارايلى ئەھۋال خەتەرلىكتەك تۇرىدۇ!........... سىڭلىمكام قولۇمدىن تارتقاچ ۋارقىرىدى. بىراق مەن ئۇلارغا تىكىلىپ قالغان بولۇپ شۇ تاپتا قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتىم. بىردىنلا ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن ئىس ئۆرلەشكە باشلىدى، ئالۋاستى شاھ بولسا توختىماستىن چىرقىرايتتى، ئۆڭكۈرنىڭ تەۋرىنىشى تېخىمۇ ئېغىرلاپ ئەمدى بولسا چوڭراق تاشلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. بىز ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پەملەپ تېز سۈرەتتە كەينىمىزگە چېكىنىپ ھەمراھلىرىمنىڭ قېشىغا كەلدۇق، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن ئارانلا قالغان بولۇپ ئەنسۆەر ھوشىغا كېلىپ ئىڭراپ ياتاتتى، لىكىن غېنى ھېلىغىچە ھۇشسىز ئىدى. ـ:تېزدىن ئېغىر يارىلانغانلارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتەيلى... كېلىڭلار ماڭا ياردەملىشىڭلار!......... سىڭلىمكام شۇنداق دېگىنىچە بىزنى ئېلىپ بۇ جايدىن ئايرىلىشقا تەييارلاندى، ئەمما توساتتىن ئارقىغا قاراپ چۆچۈپ بىزگە بۇيرۇق قىلدى ـ:سىلەر تېزدىن چىقىپ كەتكەچ تۇرۇڭلار، مەن كەينىڭلاردىنلا چىقىمەن!........ ـ:بىراق سىڭلىمكا............ ـ:مەن تېز چىقىپ كېتىڭلار دەۋاتىمەن ۋاقىت قالمىدى! ........... سىڭلىمكام سۆزۈمنى يېرىپلا كەسكىن قىلىپ ئېيتتى. مەنمۇ ئامالسىز ھەمراھلىرىمنى يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ سىرىتقا قاراپ ماڭدىم، شۇ تاپتا ھەممە يېرىم بىرسى چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ جىددىيچىلىكتە ئاغرىقلىرىمغىمۇ پەرۋا قىلمىغان ئىدىم. توساتتىن ئابلاكام ئېچىنىشلىق ۋارقىراپلا خېلى يىراق جايغا ئۇچۇپ چۈشتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدە ھايات قالغانلىقىغىمۇ ئىشەنچ قىلىش تەس ئىدى. ـ:سىڭلىمكا ئابلاكام ئۇ!............ ـ:مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن ھېچنىمە بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن سىرىتقا قاراپ قېچىڭلار!.......... سىڭلىمكام شۇنداق دەپلا مېنى چىڭ بىر قۇچاقلىۋالدى، بۇنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنىمۇ ھەم بىلمەيتتىم. ئاخىرى سىڭلىمكامنىڭ دىگىنى بويىچە بۇ جايدىن ئايرىلىپ قەبرىستانلىق تەرەپكە چىقتۇق، سىڭلىمكام بولسا ئابلاكام تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى...... بىز قەبرىستانلىقتا چىققاندا بولسا ئۈيەر بۇيەرلەردە ھېلىھەم جەسەتلەر بار بولۇپ ئۆزىنى تامغا ئۇرغىنىچە چىرقىراپ قارا تۇمانغا ئايلىنىپ يوقاپ كېتىۋاتاتتى. ـ:خۇدا ئۆزەڭ با، بۇ نېمە كارامەت ئەمدى!........... دىدى نىجات ھەيران بولۇپ. بىز شۇ ھالدا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن سىرىتقا قاراپ ماڭدۇق، سىلكىنىش بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى،

ئۈنىڭغا ئەگىشىپ تاش تۈۋرۈكلەرمۇ چاك ئېلىشقا باشلىدى. بىز يىقىلىپ قوپۇپ يۈرۈپ قەبرىستانلىقتىن ئايرىلىپ مەخپىي يولدىن ئۆڭكۈر سىرتىغا قاراپ قېچىشقا باشلىدۇق. ـ :ئاااا!......مەن بولالمىدىم سىلەر كېتىۋېرىڭلار!.........ئابلىكىم شۇنداق دېگىنىچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ـ : بەكلا قانسىراپ كەتتىم، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، شۇ تاپتا باشلىرىمۇ قېيىپ كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتىدۇ!...سىلەر تېز مېڭلار، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن!.........

ـ :بولمايدۇ، سېنى تاشلاپ قويۇپ قانداق كېتەلەيمىز. بىر غەيرەت قىلىۋەتكىن كېلەيلا دەپ قالدۇق!......... قەيەردىن كەلگەن كۈچكىن مەن شۇنداق دەپلا غېنىنى دولۇمغا ئېلىپ بىر قولۇمدا ئابلىكىمنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدىم ـ :تېزماڭ، ئەگەر سەن ماڭمىساڭ بىزمۇ سەن بىلەن تەڭ ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن!......... گېپىم ئۈنىڭغا تەسىر قىلدىمۇ قانداق كۈچەپ ئورنىدىن تۇرۇپ پۈتىنى سۆرىگىنىچە بىز بىلەن ماڭدى. ئاخىرى مەخپىي يولدىن ئايرىلىپ ئۆڭكۈر ئېغىزىدىكى زالغا يېتىپ كەلدۇق. يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرىدىنمىكىن ئالۋاستىنىڭ ھەيكىلى گۈمۈرۈلۈپ چۈشلەن ئىدى، مەن كىتىۋاتقاچ مەلۇم ئىستەكلەردە پات ـ پات كەينىمگە قاراپ قوياتتىم بىراق سېلىمكامنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. كەينىمگە ياناي دېدىمىۇ ئېغىر يارىلانغان بۇ ھەمراھلىرىمنى كۆزدە تۇتۇپ چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ بولغان بولۇپ خۇددى چاڭقىغان ئادەم سۇغا تەشنا بولغاندەك يورۇقلۇققا شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ كەتكەن ئىدىم. ـ :ئازلا قالدۇق غەيرەت قىلايلى!...... مەن يورۇقلۇققا چىقىپلا ناھايىتى ئەركىن بىر نەپەس ئېلىۋالدىم، ئىچىمدە ئەمدى بۇ نەس باسقۇر قاراڭغۇلۇقتىن مەڭگۈلۈك خوشلاشقىنىمدىن قىن ـ قىنىمغا پاتماي خۇشال بولاتتىم. بىز ئۆڭكۈردىن يېنىپ چىقىپ خېلى يىراققا بىرىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىمىزنى بىراقلا تاشلىدۇق ......... توساتتىن چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئېلىۋاتقاچ تاغنىڭ يىمىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ـ : نېمە!......سېلىمكام تېخى ئىچىدە ئىدى!......... مەن جىددىيلىشىپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ يەنە ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم ـ : «بولمايدۇ، سېلىمكام ئۆلسە بولمايدۇ!......مەن ئۇنى ئېلىپ چىقىمەن چوقۇم ئېلىپ چىقىمەن!.........» مەن ئىچىمدە شۇنداق دېگەچ چىداپ تۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، شۇ تاپتىكى ھالىتىمدە ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىرسى كۆرسە قورقۇپ ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرى يارا، كىيىملىرىم قانغا بويىلىپ قىزىل رەڭلىك بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن شۇ ھالدا نەچچە ئون قەدەم ئېلىشىمغا تاغ پۈتۈنلەي يىمىرىلىپ ئەتراپنى توپا ـ تۇمان قاپلاشقا باشلىدى، ھەتتا بېسىم تەسىرىدىن بىز تۇرغان جايلارمۇ توپىنىڭ ئارىسىدا قالدى. ـ :سېلىمكا!........... مەن تىزلانغىنىمچە پۈتۈن ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتىم، ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردە سېلىمكامدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن، ئەمما مەن خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىش كۆز ئالدىمدىلا يۈز بەردى. شۇ تاپتا ئۈچ تاغدىن

ئوتتۇرىسىدىكىسى يىمىرىلىپ پەقەت ئىككى تاغلا قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلىمكام بىلەن ئابلاكام......... ئويلىغانسېرى بوغۇلاتتىم، كۆزلىرىمدە ياش لىغىرلاپ تۇرغاچقا ھەممە جاي تەك لىغىرلايتتى. شۇندا مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا ئىش بولۇپ كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. چۈنكى توپا ـ چاڭنىڭ ئارىسىدىن بەستىلىك بىر سايە بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. مەن يەنە ئىشەنچ قىلالماي ئۇ سايىنى تولۇق پەرق قىلغۇچە زەن سېلىپ قاراپ تۇردۇم، دېگەندەك ھايال ئۆتمەي سىلىمكام دولىسىغا ئابلاكامنى ئارتقىنىچە تومان ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى. شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىمنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم، نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي دىڭگوسلىغىنىمچە ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇم ـ :سىلىمكاااااا!........... قانداق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن خۇشاللىقتا يۈگۈرۈپ بېرىپلا شۇنچە بەستىلىك سىلىمكامنى ئابلاكام بىلەن قېتىپلا قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ بىرنى پىرقىرىتىۋەتتىم. ئەگەر كەيپىياتىم تۇراقلاشقاندا بۇ مۇمكىن بولماس بەلكىم............ ـ :ھىي، نىمە خوتۇن كىشىدەك ئېسەدەپ كىتىسەن!... سەن دىگەن بارغۇ ئەركەك، ئەركەكنىڭ قېنى ئاقسا ئاقسۇنكى...ئاخىرى؟!...... مەن بىردىنلا كۈلۈپ تاشلاپ ياشلىرىمنى سۈرتكەچ ئاخىرىنى چۈشۈردۈم ـ : ھەرگىز يېشى ئاقمىسۇن!...... ـ :ھە، مانا ئەمدى ھەقىقىي قەھرىمانغا ئوخشىدىڭ!... بۇ قاباھەتلەرمۇ ئاخىرى ئاياقلاشتى، يۈرە ئەمدى ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتەيلى!............ دىدى ئۇ مىنىڭ مۈرەمدىن يېتىلەپ. ـ :ئابلاكام ئۇ......ئۆلۈپ كەتتىما؟!............ ـ :ياق ئەمما تېززەك ماڭمىساق ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن، شۇڭا ھاردۇقنى كېيىن ئېلىپ دەرھال قايتايلى!......... بىز ئالەمچە خۇشاللىقلار ئىچىدە قورقۇنۇچلۇق قاباھەت بىلەن ئاخىرى خوشلىشىپ چىقىش ئىشىكىگە قاراپ يول ئالدۇق!........................

خاتىمە

بىز نىمجان بولۇپ قالغان ھالدا تەستە خارابىلىقنىڭ بېشىغا كەلدۇق، شۇندىلا ھېلىقى گىگانت ئىشىك كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. ـ :مۇشۇ ئىشىكنى تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى باشتىن ئۆتكۈزدۇق ھە!............ دەپ قويدى نىجات ئۇھسىنغان ھالدا پۇتلىرىنى سۆرەپ ماڭغاچ. شۇ تاپتا بىزدە ئالاھىدە خۇشال بولۇپ «دوممىمىزنى ئاسمانغا ئاتقۇدەك» ماجالمۇ قالمىغان ئىدى، قەدەملىرىمىز بارغانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىز شۇ ھالدا خارابىلىقتىن سىرتتقا چىقىپ جاڭگال تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، بىز خارابىلىقتىن تولۇق ئايرىلىپ چىققاندا جاڭگالدا ئوتتۇن تېرىۋاتقان بىرسى بىزنى كۆرۈپلا ۋارقىرىغىنىچە مەھەللە تەرەپكە كېتىپ قالدى، بەلكىم بىزنىڭ بۇ تۇرقىمىزنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. ھەم ئۇنى توۋلاپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرگىدەكمۇ ھالىمىز يوق ئىدى......... شۇ تاپتا ئابلاكام بىلەن غېنىنىڭ يارىسى ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ تىنىقىمۇ توختايلا دەپ قالغان ئىدى. بىز ئەنسىرەپ ئۆزىمىزنىڭ نىمە بولىشىمىزنى ئويلاشماستىن ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتۇق، شۇندا نىجاتلىق يولى بىزگە ئالدىنى قىلىپ كېلىشكە باشلىدى... يەنى ھېلىقى قېچىپ كەتكەن ئادەم مەھەللىدىكى

قاۋۇل كەلگەم بىر تۈركۈم كىشلەرنى باشلاپ بىزنى كۆرسەتكىنىچە ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ بىردىنلا ماغدۇرۇم ئۆزۈلۈپ يىقىلىپ قالدىم......قىززىق ھە؟!........بۇ ھېلىقى «چىۋىن تەگسە غىڭشىيسەن، كالتەك تەگسە جىم!» دېگەندەكلا بىر ئىش بولغان ئىدى. شۇنچە جايدىن غەيرەت قىلىپ يارىلانغىنىمغىمۇ قارىماي يىنىپ چىقىپ قۇتقۇزغىلى ئادەم كەلگەندە ئۆزۈمنى بىراقلا تاشلىغان ئىدىم. ئاتلىق كىشلەر بىردەمدە بىزنىڭ يىنىمىزغا كېلىپ ھەممىمىزنى ئاتقا مىندۈرگىنىچە مەھەللە تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ قاباھەت ئاياقلىشىپ ئاسايىشلىق بىزگە يار بولدى. مەھەللىدىكى داڭلىق تېۋىپلەر بىزلەرنى تۆجۈپىلەپ داۋالاش نەتىجىسىدە يارىلىرىمىز تېز ساقىيىشقا باشلىدى. ئاللاھەزەل ئون بەش كۈندىن كىيىن غېنى بىلەن ئابلاكامىمۇ مىدىرلىغۇدەك ھالغا كەلدى، بىزمۇ بۇنىڭدىن بەك خۇش ئىدۇق. تېۋىپ بىزگە كۈلۈپ قويۇپ ـ :ھەقىقەتەن جېنىڭلار تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن، مەن تېخى ئۇ ئىككەيلەننى ئۆلۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغان ئەمما ئەجرىم بىكار كەتمەپتۇ ئىككىلىسىلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى!...... دىدى مەمنۇنلۇق بىلەن. ـ :ياق، بۇ سىلىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالاشلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن بولدى... سىلى بولمىغان بولسىلا ئەجەل قۇشى يەنە نەچچىمىزنىڭ بېشىغا قوناتتى بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. رەھمەت سىلىگە!........... تىۋىپ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان سىلىمكامغا جاۋاپ قايتۇردى ـ :يوقسۇ، ئەۋۋىلى خۇدا، ئۇنىڭدىن قالسا مەن چارىسىنى قىلدىم خالاس!... يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭمۇ ھاياتقا بولغان تەلپۈنىشى ناھايىتى كۈچلۈككەن، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئامان قېلىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرىدىن بىرىدۇر!........... داۋالاشلار تۈگەپ تېۋىپ بىزلەرگە بىر تۈركۈم كېرەكلىك دورىلارنى تەييارلاپ بەرگەندىن كىيىن دۇئاغا قول كۆتۈرىۋىتىپ ئاسايىشلىق تىلەپ كېتىپ قالدى. بىز ئۆيدىكىلەرنى ئەنسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن سەللىمازا ساقىيىۋالغاندىن كىيىن ئاندىن قايتىشنى توغرا تېپىپ مۇشۇ جايدا يەنە يېرىم ئايچە تۇرۇپ قالدۇق، بۇ جەرياندا مەھەللىدىكى ئاقكۆڭۈل كىشلەر كۈندە بىزنى يوقلاپ ئەھۋال سوراپ تۇردى. بىزمۇ سىلىمكامنىڭ ئۆيدە خانىنىڭ كۈننى كۆرۈپ ياخشى كۈتۈندۇق.  مىنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى بەش يىل ئائىلە ـ قېرىنداشلىرىدىن، ئەل ـ مەھەلىدىن ئايرىلىپ يالغۇزلۇق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان پالۋان ئابلاكام ئاخىرى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەل ـ مەھەللە ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشۇپ كەتتى، ھەتتا بەزىلىرى بۇ ئىشقا ئۆلگۈرۈپ تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگە ئابلاكامدەك پالۋان ئادەم بولسۇن ئۈچۈن «ئابلا، ئابدۇللاھ، سىلىم» دىگەندەك ئىسىملارنى قويۇشۇپ ئابلاكام، سىلىمكاملارغا ئېغىزلاندۇرۇپمۇ ئۆلگۈرگەن ئىدى. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ بىزنىڭ يارىمىزمۇ خېلى ساقىيىپ قالدى. كىچىك يارىلىمىزغا دورا سۈرتۈش ئارقىلىق يېڭى تېرىلەر ئۆسۈپ بىلىنمىگۈدەك ھالدا ساقايدى، ئەمما چوڭ يارىلار بولسا بىزنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىمىزنىڭ شاھىدى بولۇپ

بەدەنلىرىمىزدە مەڭگۈلۈك ئۆنتۇلماس «تامغا» لارنى قالدۇرغان ئىدى. شۇندا قېرىنداشلىمىز بىلەن دىدارلىشىش ئىستىكى بىزنى تېزرەك ئۆز شەھرىمىز، ماكانىمىزغا قايتىشقا ئۈندەيتتى. بىز ھاياتىمىزدا ئۈنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان بۇ يېزىغا قىيمىغان ھالدا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆز شەھرىمىزگە قاراپ يول ئالدۇق، سىلىمكام، ئابلاكاملار بىزگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ ئۇزۇتۇپ قويدى!...........مەن ماشىنىدا كېتىۋاتقاچ سىلىمكام ماڭا يادىكار قىلىپ ھەدىيە قىلغان ياقۇت كۆزلۈك پىچاققا تويماي قارايتتىم، قولۇمدىكى بۇ پىچاققا قارىساملا باشتىن ئۆتكۈزگەن خەتەرلىك ھەم مەنىلىك كەچمىشلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلەتتى.
ـ :ھەجەپ بىر ئۈنتۇلما تەۋەككۈلچىلىك بولدى ھە!......... دىدى يېنىمدا ئولتۇرغان نىجات ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتتقا قارىغاچ. ـ :شۇنداق، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى چوڭ تەۋەككۈلچىلىك بولدى. بۇ قېتىملىق سەپەرگە چىققانلىقىڭغا پۇشايمىنىڭ بارمۇ؟!......... نىجات سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئىتتىك ماڭا قارىدى ـ :نىمە دەيدىغانسەن، خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم!...... ساڭا راستىمنى دىسەم قارا، بۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق پۇرسەت بولۇپ قالسا يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باققۇم بار!............... ـ :ماڭغىنەۋە، يوق گەپنى قىلماي!......... مەن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە مۇشتلاپ قويدۇم. ـ :ۋايجان، بوش ئۇرە!...يارام تېخى تولۇق ساقىيىپ بولالمىدى، ئاغرىۋاتسا ئۇرىۋاتقىنىنى بۇنىڭ!.........
ـ :ۋوي بۇ تاۋى نازۇكنى كۆرەي، ئىشۇ ھالىڭغا يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باققۇڭ بارما تېخى!............ ـ :ئۇنىمۇ دىدۇق، بۇنىمۇ دىدۇق... لىكىن راسلا بەك پەيزى سەپەر بولدى جۇمۇ!... ھەي راس بۇ ئۈنتۇلماس خەتەرلىك سەزگۈزەشتىلىرىمىزنى يېزىپ بىر خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇشنى ئويلاشمىدىڭمۇ؟!........... دىدى نىجات ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ تۇراتتى. ـ :توۋۋە دىگىنە، شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟!......... ـ :ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەجىبا بۇ كىملا كەلسە يولۇقىۋېرىدىغان ئىش دەپ ئويلامسەن؟... بۇ بارغۇ بىزگە نىسىپ بولغان تەۋەككۈلچىلىك بىلسەڭ!......... شۇڭا ئەلۋەتتە خاتىرىلەپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ، يەنە كېلىپ سىنىڭ قەلەم كۈچۈڭمۇ خېلى يۇقىرى پەچەت يېزىۋېتىدىغىنىڭغا ئىشىنىمەن!.........
ـ :بولىدۇ، ئۇنداقتا يېزىپ باقاي!...... ـ :ھە، ما ئىشىڭ جايىدا!...دىدى نىجات ماڭا ئىسىلىپ تۇرۇپ ـ :ئاۋۇ ھېلىقى مەن ئالۋاستى بىلەن قىمار ئوينىغان ۋاقىت بارغۇ، شۇنىمۇ ساڭا تەپسىلىي دەپ بېرىمەن چالا قويماي ياز جۇما شۇ ئىشنىمۇ!........... نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ رۇسۇل كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئېغىز ئاچتى ـ :سىيىپ قويغىنىنىمۇ ياز ماۋۇنىڭكى!.....ھېلىقى ياپۇنلۇق ساموراي‌دەك تۇرۇپ سىيىۋەتكەن ۋاقتى يادىڭدا باردۇ، شۇنى دەيمە!........... ـ :يوقىلە ساراڭ دېۋە، شۇنىمۇ يېزىپ يۈرسە يۈزۈمگە سەت ئەمەسمۇ. يېزىش توغرا كەلسە سېنىڭ جايلاپ سىيەلمەي قورقۇپ ئىشتىنىڭنى ھۆل قىغىنىڭنى يازسا ئاندىن قاملىشىدۇ!...........  ئارىمىزدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، بىز ئەڭ بېشىدا قانداق خۇشال ھالدا كەلگەن بولساق شۇنداق خۇشاللىق ھەم كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە ئەزىزانە شەھرىمىزگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق!.............